بسم الله الرحمن الرحيم

بۇ كىتابنى تەرجىمە قىلىش ۋە نەشرى قىلىشتا ماددىي ۋە مەنىۋىي جەھەتتىن ياردەمدە بولغان خەير سۆيەر قېرىندىشىمىزغا الله تائالادىن چەكسىز ئەجىر، رەھمەت، مەغپىرەت ۋە بەرىكەت تىلەيمىز.

# في ظلال القرآن

# قۇرئان سايىسىدا

## (بىرىنچى پارە)

ئاپتورى: شەھىد سەيىيد قۇتۇپ

تەرجىمە قىلغۇچى: كامىلجان قەشقەرىي

تەھرىرى: سابىرجان

تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى: ئابدۇلھەكىمخان مەخسۇم (تەكلىماكان)
دوكتۇر ئالىمجان بۇغدا
ئابدۇلخالىق ئابدۇلباقى

سۇتۇق بۇغراخان مائارىپ نەشرىياتى

2009- مارت - ئىستانبۇل

# كىرىش سۆز

بسم الله الرحمن الرحيم

(ئېيتقىنكى، پەرۋەردىگارىمنىڭ سۆزلىرىنى يېزىش ئۈچۈن، ئەگەر دېڭىز (سۈيى) سىيا بولۇپ كەتسە، پەرۋەردىگارىمنىڭ سۆزلىرى تۈگىمەي تۇرۇپ، دېڭىز (سۈيى) چوقۇم تۈگەپ كەتكەن بولاتتى، مۇبادا يەنە شۇنچىلىك دېڭىز (سۈيىنى) كەلتۈرسەكمۇ). سۈرە كەھف، 109- ئايەت.

بارلىق ھەمدۇ سانا كائىناتنىڭ ۋە بارلىق مەۋجۇداتنىڭ ياراتقۇچىسى ۋە مۇدەببىرى بولغان جانابى اللهقا خاستۇركى، ئۇ الله ئىنسانىيەتكە ياراتقان مىنۇتتىن باشلاپ پەيغەمبەرلەر ۋە كىتابلار ئارقىلىق ھىدايەت ۋە ھەقىقەت يولىنى كۆرسىتىپ بەردى. سالات ۋە سالام جانابى الله ئالەملەرگە رەھمەت قىلىپ ئەۋەتكەن، پەيغەمبەرلىك زەنجىرىنىڭ ئاخىرقى ھالقىسى ۋە ئىلاھىي رىسالەتنىڭ تۈگەنچىسى بولغان مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە بولسۇن.

قۇرئان كەرىم جانابى الله تائالانىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتىگە قىلغان ئەڭ چوڭ ئىنئامى، ئىلاھىي دەستۇر، بارلىق ئىنسانىيەتنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك بەخت ـ سائادەتكە يېتىشىنىڭ يېگانە مەنبەئىدۇر. ئىنسانىيەتنىڭ نىجات تېپىشى، مۇسۇلمانلارنىڭ ئىززەت ۋە شەرەپكە ئېرىششى قۇرئان كەرىمنىڭ ئىچىدە يەر ئالغان ھۆكۈم، پرىنسىپلارنى قانچىلىك چۈشىنىشى ۋە ھاياتىغا قانچىلىك تەتبىقلىشىغا باغلىقتۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ 23 يىللىق پەيغەمبەرلىك دەۋرىدە پەيدىنپەي نازىل بولغان قۇرئان كەرىمنى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاۋۋال ئۆز ھاياتىغا تەتبىق قىلغان ۋە ساھابىلارغا ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن ئۆگەتكەن. بۇنى ياشىغان ساھابىلار ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ھۆرمەتلىكى، ئۇلار ياشىغان دەۋر بولسا، "سائادەت ئەسرى" بولغاندۇر.

قىيامەت كۈنىگىچىلىك ئىلاھىي مۆجىزە بولغان قۇرئان كەرىم ھەر دەۋردە ئىنسانىيەتنىڭ بارلىق ئېھتىياجىغا جاۋاب بېرىپ كەلدى. ھەر دەۋردىكى ئىسلام ئالىملىرى دەۋرنىڭ تەقەززاسى بويىچە قۇرئان كەرىمنى چۈشىنىشكە تىرىشقان بولۇپ، بۇ ھەقتە نۇرغۇنلىغان ئەسەرلەرنى قەلەمگە ئالدى.

قولىمىزدىكى بۇ ئەسەر، دۇنيانى 600 يىل ئادالەت بىلەن باشقۇرغان ئوسمانىيلار ئىمپېراتورلۇقىنىڭ زەئىپلىشىشى بىلەن، 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا باش كۆتۈرۈشكە باشلىغان كاپىتالىزم ۋە سوتسىيالىزمدىن ئىبارەت ئىككى خىل ئىدىئولوگىيە لاگىرىنىڭ دۇنيانى، جۈملىدىن ئىسلام دۇنياسىنى مۇستەملىكە قىلغان بىر دەۋردە قەلەمگە ئېلىنغان بولۇپ، بۇ دەۋردە مۇسۇلمان دۆلەتلەرنىڭ بەزىلىرى ياۋروپا مودېلى كاپىتالىزمنى ئۆز دۆلەتلىرىدە تەتبىقلاش ئۈچۈن تىرىشىۋاتقان بولسا، بەزىلىرى سوۋىت ئىتتىپاقىنى ئۆزىگە مەدەتچى دەپ قارايتتى. مۇسۇلمانلار ئۆز ئېتىقادى بىلەن ماسلاشمايدىغان بىر سىستېما ئىچىدە باشسىز، پاناھسىز، چېچىلاڭغۇ ۋە گاڭگىراش ئىچىدە ئىدى. ئىقتىسادىي بوھرانغا دۇچ كەلگىنىگە قارىماي بىر تەرەپتىن مۇستەملىكىچىلەر بىلەن ئۇرۇش قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن مۇستەملىكە كۈچىنىڭ كۈشكۈرتىشى بىلەن ئۆز ئارا جەڭگى ـ جېدەل قىلىشاتتى. يەنى مۇسۇلمانلارنىڭ ئەھۋالى ھەقىقەتەن ئېچىنىشلىق بىر دەۋر ئىدى. مۇئەللىپ شېھىد سەييىد قۇتۇپنىڭ يۇرتى بولغان مىسىر بۇ جەھەتتە تېخىمۇ ئەۋجىگە چىققانىدى.

في ظلال القرآن (قۇرئان سايىسىدا) ناملىق تەپسىرنىڭ مۇئەللىپى شېھىد سەييىد قۇتۇپ بۇ دەۋرنىڭ ئىسسىق ـ سوغۇقلىرىنى بېشىدىن كەچۈرگەن زات ئىدى. زامانىدا مۇسۇلمانلارنى ماددي ۋە مەنىۋي مۇستەملىكىدىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن هارماي ـ تالماي كۆرەش قىلدى ۋە ئاخىرى تۈرمىگە تاشلاندى. بۇ ئەسەر مۇئەللىپنىڭ ئەنە شۇ ئازابلىق تۈرمە هاياتىدا قەلەمگە ئېلىندى. يەنى زالىملار سەييىد قۇتۇبنى قاماقتا ئېلىپ، ئاخىرى دارغا ئاسقان بولسىمۇ، سەييىد قۇتۇبنىڭ بۇ ئەسىرىنى نە قامىيالمىدى، نە ئۆلتۈرەلمىدى.

في ظلال القرآن (قۇرئان سايىسىدا) ناملىق بۇ تەپسىر، زامانىۋي دۇنيانىڭ ئىچىدە ئۆزىنىڭ شەخسىيىتى ۋە كىشىلىكىنى يوقىتىپ قويغان بىز مۇسۇلمانلار ئۈچۈن، مۇسۇلمان كىملىكىمىزنى قايتىدىن تىكلىۋېلىشىمىز ۋە مۇسۇلمانلىق ئىززەت ــ ئابرويىمىزنى قولغا كەلتۈرۈشىمىزدە ئىنتايىن چوڭ ئەهمىيەتكە ئىگە بىر ئەسەردۇر. ئەسەر يېزىلىپ، نەشىر قىلىنغاندىن بۇيان كەڭ مۇسۇلمانلار ئاممىسىنىڭ ئالقىشىغا ۋە نۇرغۇنلىغان كاتتا ئالىم ـ ئۆلىمالارنىڭ يۇقىرى باهاسىغا ئېرىشتى.

بۇ تەپسىر مەنە ۋە مەزمۇن جەهەتتىن تەڭداشسىز، ئەدەبىي قۇۋۋىتى بەكمۇ ئۈستۈن بولغانلىقى ئۈچۈن، تەرجىمە جەهەتتىن ئەدىبىي تەسۋىرلەش كۆچىگە ماهىر قېرىندىشىمىز مىركاملجان قەشقىرىي بۇ قىممەتلىك ۋەزىپىنى ئۆز ئۈستىگە ئالدى.

بۇ تەپسىرنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىشتا ئۇنىڭ ئوردۇچە تەرجىمىسى ئاساس قىلىنغان بولۇپ، تەرجىمە ئەسناسىدا ئەرەبچە ئەسلى نۇسخىسى ۋە

تۈركچە تەرجىمىسىدىنمۇ پايدىلىنىلدى. ھەمدە ئەسلىگە ئۇيغۇن بولۇشى ئۈچۈن، ئەرەبچە نۇسخىسىغا بىرمۇ بىر سېلىشتۇرۇپ كۆرۈلدى. ھەر تېمىنىڭ بېشىدىكى تولۇق زىكرى قىلىنغان ئايەتلەرنىڭ تەرجىمىسىگە مۇھەممەد سالىھ ھاجىمىنىڭ تەرجىمىسى ئەينەن بېرىلدى. تەپسىر قىلىش جەريانىدا ئايرىم ـ ئايرىم زىكرى قىلىنغان ئايەتلەر بولسا، مۇئەللىپ سەييىد قۇتۇپنىڭ شۇ ئايەت ھەققىدىكى تەپسىرىگە ئاساسەن قايتا تەرجىمە قىلىندى.

في ظلال القرآن (قۇرئان سايىسىدا) ناملىق تەپسىر، ئەدەبىي ۋە ئىلمىي جەھەتتىن ئىنتايىن يۇقىرى سەۋىيىدە بولغانلىقى ئۈچۈن، تەپسىرنى تولۇق تەرجىمە قىلىشتەك ئۇلۇغ ۋە شەرەپلىك خىزمەت ئۈچۈن بىر نەچچە يىل كۈچ سەرپ قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. جەمئىيىتىمىز بۇ پايدىلىق ئەسەر بىلەن خەلقىمىزنىڭ بۇرۇنراق يۈز كۆرۈشۈشى ئۈمىدىدە، سىناق نۇسخىسىنى پارە ـ پارە قىلىپ چىقىرىشنى مۇۋاپىق كۆردى. تەپسىرنىڭ ئاخىرقى ۋە تولۇق تەرجىمىسىنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك چىقىشى ئۈچۈن ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ كىتابنى ئوقۇش جەريانىدا ھېس قىلغان سەۋەنلىك ياكى باشقا جەھەتلەردىكى تەكلىپ ـ پىكىرلىرىنى بىزلەرگە سۇنۇشىنى چىن قەلبىمىزدىن ئۈمىد قىلىمىز.

ھۆرمەت بىلەن:

دوكتور/ ئالىمجان ئاتائۇللاھ (بۇغدا)

## مۇئەللىپ شەھىد سەييىد قۇتۇبنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى

ئىسلام دىنىنىڭ شەھىد ئارسلانى سەييىد قۇتۇب (ئاللاھ ئۇنىڭ ياتقان يېرىنى جەننەت قىلسۇن!) مۇسۇلمان ئۇممەتلىرى ئىچىدىكى ئۆز جىسمىنى مەشئەل ئورنىدا كۆيدۈرۈپ، زۇلمەتلىك دەۋرلەرگە چىراغ ياققان، ئىسلامنىڭ ئاڭ، ئىددىيە، قانۇن ـ تۈزۈم، نەزەرىيە گۈلىستانىنى ئۆز قانلىرى بىلەن سۇغارغان، ئۇلۇغۋار ئالىم، ئەزىمەتلەر قاتارىدا سانىلىدۇ.

ئۇ، 1906 ـ يىلى مىسىرنىڭ ئاسيۇت ئۆلكىسىدىكى موشا يېزىسىدا بىر دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن بولۇپ، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئارزۇسىغا بىنائەن كىچىكىدىلا قۇرئاننى تولۇق يادا ئېلىپ بولىدۇ. اللەنىڭ خاسىيەتلىك ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن قاھىرەنىڭ ھۇلۋان دېگەن يېرىگە پۈتۈن ئائىلىسى بىلەن بىرلىكتە كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىن، كۆڭۈلدىكىدەك ئوقۇش پۇرسىتىگە مۇيەسسەر بولىدۇ. 1929 ـ يىلى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى تاماملاپ، قاھىرەدىكى «دارۇلئۇلۇم» (ھازىرقى قاھىرە ئۇنىۋېرسىتېتى)غا قوبۇل قىلىنىدۇ. 1932 ـ يىلى، دارۇلئۇلۇمنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملىغاندىن كېيىن، بىر مەزگىل ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، ھۆكۈمەتنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن مائارىپ مىنىستىرلىكىدە بۆلۈم باشلىقى بولۇپ خىزمەت قىلىدۇ. ئۇ، مائارىپ مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن ئامېرىكىغا ئەۋەتىلىپ، ئىككى يىل بىلىم ئاشۇرۇپ كەلگەندىن كېيىن، 1945 ـ يىلى مىسىردىكى «مۇسۇلمان قېرىنداشلار تەشكىلاتى» غا ئەزا بولىدۇ. 1945 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى، پارتىيىنىڭ تەشۋىقات ئورنى ئۇنى «مۇسۇلمان قېرىنداشلار تەشكىلاتى گېزىتى» گە باش مۇھەررىر قىلىپ تەيىنلەيدۇ.

1954ـ يىلى، مىسىرنىڭ باش رەئىسى جامال ئابدۇناسىر «مۇسۇلمان قېرىنداشلار تەشكىلاتى»نى قانۇنسىز پارتىيە دەپ ئېلان قىلىپ، پارتىيە ئەزالىرىنى كەڭ كۆلەمدە تۇتقۇن قىلىشقا باشلايدۇ. بىر نەچچە ھەپتىلىك تۇتقۇن جەريانىدا قولغا ئېلىنغان پارتىيە ئەزالىرىنىڭ سانى 50 مىڭدىن ئېشىپ كېتىدۇ. شۇ قېتىمقى تۇتقۇن قىلىنغان ئەزىمەتلەر ئىچىدە ئىسلام دىنىنىڭ شەھىد ئارسلانى سەييىد قۇتۇبمۇ بار بولۇپ، ئۇنى ئۆيىدىن كېسەل ھالەتتە پىيادە ماڭغۇزۇپ ئېلىپ كېتىدۇ. ئۇ، يول بويى پارتىيە شۇئارى: «اللە ئەكبەر! ۋەلىللا ھىلھەمد!»نى توختىماي توۋلاپ ماڭىدۇ. ساقچىلار ئۇنى تۈرمىگە ئېلىپ كىرگەندىن كېيىن، قاتتىق قىيىن ـ قىستاققا ئېلىپ، ئىتلارغا تالىتىش،

رەھىمسىزلەرچە ئۇرۇپ، ئۇياق ـ بۇياققا سۆرەش، بېشىدىن ھېلى ئىسسىق، ھېلى سوغۇق سۇ قۇيۇش، كۈنىگە يەتتە ـ سەككىز سائەتكىچە ئۇزۇلدۇرمەي سوراق قىلىشتىن سىرت، ھەرخىل ئەخلاقسىز قىلىقلار، ھاقارەتلىك سۆزلەر بىلەن مەنىۋي زەربە بېرىش قاتارلىق رەزىل، ۋەھشىي ۋاستىلەرنى قوللىنىدۇ. ئۇ گەرچە جىسمانىي جەھەتتە بۇ ئازابلارغا بەرداشلىق بېرەلمەي، بىر نەچچە رەت ھوشىدىن كەتكەن بولسىمۇ، ھوشىغا كەلگەن ھامانلا: «ئاللاھ ئەكبەر! ۋەلىللا ھىلھەمد!»نى يەنىلا ئېغىزىدىن چۈشۈرمەيدۇ. 1955 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى، مىسىر خەلق سوت مەھكىمىسى ئۇنىڭغا 15 يىللىق قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلىدۇ.

1956ـ يىلى، مىسىرنىڭ باش رەئىسى جامال ئابدۇنناسىر تۈرمىگە ئادەم كىرگۈزۈپ، ئەگەر سەييىد قۇتۇب گېزىتتە ئېلان قىلغۇدەك ئىككى قۇر كەچۈرۈمنامە يېزىپ بەرسە، ئۇنى قويۇپ بېرىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. مۆئمىنلەرنىڭ ئۆلگىسى بولغان سەييىد قۇتۇب بۇنىڭغا قىلچە ئىككىلەنمەستىن: «بىر زۇلۇم قىلىنغۇچىغا: زالىمدىن كەچۈرۈم سورىغىن! ـ دەۋاتقانلارغا بەكمۇ ئەجەبلەنگۈم كېلىدۇ. ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئەگەر ئېغىزىمدىن چىققان بىر نەچچە جۈملە سۆز مېنى دار ئاستىدىن قۇتۇلدۇرۇپ ئالالىغان تەقدىردىمۇ، زالىمدىن ھەرگىز كەچۈرۈم سورىمايمەن. مەن ئاللاھنىڭ ئالدىغا ئاللاھمۇ مەندىن رازى ۋە مەنمۇ ئاللاھدىن رازى بولغان ھالدا بېرىشنى خالايمەن» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئۇنىڭدىن كەچۈرۈمنامە يېزىپ بېرىش قانچە ـ قانچە قېتىم تەلەپ قىلىنغان بولسىمۇ، ئۇ ھەر قېتىمدا: «ئەگەر مېنىڭ قاماققا ئېلىنىشىم ھەق بولغان بولسا، ئۇنداقتا مەن ھەققانىيەتنىڭ ھۆكمىگە پۈتۈنلەي رازى. ئەگەر ناھەق بولىدىكەن، مەن زالىملاردىن رەھىم ـ شەپقەت تىلەشتەك پەسكەشلىكنى قەتئىي قىلمايمەن» دەپ جاۋاب بېرىدۇ.

ھۆكۈمەت ھەر قانداق قىلىپمۇ كەچۈرۈمنامە يازدۇرالمىغاندىن كېيىن، جامال ئابدۇنناسىر ئۇنىڭ ئالدىغا كىرىپ، كەچۈرۈمنامە يېزىپ بەرسە، دۆلەتنىڭ مائارىپ مىنىستىرلىك ھوقۇقىنى بېرىدىغانلىقىنى پەش قىلغان بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا قەتئىيلىك بىلەن: «مىسىرنىڭ مائارىپ تۈزۈمىنى ئىسلام قانۇنىغا ئۇيغۇنلاشتۇرۇش ھوقۇقى بولمىغان ئۇنداق قورچاق مىنىستىرلىكنىڭ كېرىكى يوق» دەپ جاۋاب قايتۇرىدۇ.

1954 ـ يىلىدىن 1964 ـ يىلىغىچە بولغان ئون يىلنى چىدىغۇسىز ئازاب ئىچىدە تۈرمىدە ئۆتكۈزگەن سەييىد قۇتۇب، 1964 ـ يىلى ئىراقنىڭ رەئىسى مەرھۇم ئابدۇسالام ئارىفنىڭ قاتتىق تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋېلىشى بىلەن ئامالسىز قويۇپ بېرىلىدۇ. بۇ چاغدا، سەييىد قۇتۇبنىڭ مۆئمىنلەر قەلبىنى لەرزىگە سېلىپ،

رەقىبلەر قەلبىگە نەشتەردەك سانجىلىدىغان ماقالىلىرى پۈتۈن دۇنيا ياشلىرىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ، دۇنيانىڭ ھەممىلا يېرىدە قول ـ قولغا تەگمەي ئوقۇلۇشقا باشلايدۇ. بۇنى كۆرگەن غەرب كاپىتالىزمچىلىرى بىلەن شەرق كوممۇنىزمچىلىرى ئۆزلىرىنى قويغۇدەك يەر تاپالماي قالىدۇ.

1965 ـ يىلى ئامېرىكا، رۇسىيە قاتارلىق زومىگەرلەرنىڭ سۇيىقەست پىلانلاپ، مىسىر ھۆكۈمىتىنى كۈشكۈرتىشى نەتىجىسىدە، سەييىد قۇتۇب قايتىدىن قولغا ئېلىنىدۇ ۋە تۈرمىدىكى قىيىن ـ قىستاق دەستىدىن قاتتىق كېسەل تارتىپ يېتىپ قالغانلىقىغا قارىماي، 1966 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى، ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىدۇ.

ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى ۋە بارلىق ئىقتىدارىنى ھەتتا ئىسسىق قېنىغا قەدەر اللەقا ئاتاپ، كۈپۈرلۈق، جۇملىدىن جاھالەتكە قارشى ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرى، شۇنداقلا، يېڭىلمەس، تىز پۈكمەس، پىداكار روھى تا بۈگۈنگە قەدەر پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرى قەلبىدە ئۆچمەس ئىزلارنى قالدۇرۇپ كەلمەكتە.

شەھىد سەييىد قۇتۇبنىڭ ھاياتى مۇنداق ئىككى دەۋرگە بۆلىنىدۇ:

1 ـ ئۆزىنى ئەدەبىياتقا ئاتىغۇەتكەن دەۋرلەر بولۇپ، گەرچە ئۇ: «ئەرەب ئەدەبىياتى ۋە ئوبزورچىلىق ئۇسۇللىرى»؛ «مەدەنىيەتنىڭ كەلگۈسىگە تەنقىدىي نەزەر»؛ «مەن كۆرگەن ئامېرىكا» (ئەدەبىي ئوبزور)؛ «سەھرا بالىسى»؛ «تىكەن»؛ «سېھىرلەنگەن شەھەر»؛ «قۇللار كارۋىنى» (شېئىرلار توپلىمى)؛ «نامەلۇم ساھىل» (شېئىرلار توپلىمى)... قاتارلىق داڭلىق ئەسەرلىرى بىلەن ئەرەب ئەدەبىياتىغا ئاجايىپ قىممەتلىك تۆھپىلەرنى قوشقان بولسىمۇ، يەنىلا بۇ دەۋرلەرنى ئەسلىگەنلىرىدە، «جاھىلىيەتتە ئۆتكەن دەۋرلىرىم» دەپ ئېچىنىپ تىلغا ئالىدۇ.

2 ـ «مۇسۇلمان قېرىنداشلار تەشكىلاتى»گە ئەزا بولغاندىن كېيىنكى ھىدايەتنىڭ نۇرىغا چۆمۈلگەن دەۋرلىرى بولۇپ، بۇ جەرياندا ئۇ ئىسلامنى ئاساسلىق تېمىسى قىلىپ: «قۇرئاننىڭ سايىسىدا» (ئالتە توملۇق تەپسىر)؛ «پەيغەمبەرلەر ھەققىدە قىسسە»؛ «شائىرلارنىڭ ئەسلى ۋەزىپىسى»؛ «ئىسلامدىكى ئىجتىمائىي ئادالەت»؛ «قۇرئاندىكى قىيامەت مەنزىرىسى»؛ «قۇرئاننىڭ تەسۋىرلەش سەنئىتى»؛ «ئىسلام ۋە كاپىتالىزم ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش»؛ «دۇنيا تىنچلىقى ۋە ئىسلام دىنى»؛ «ئىسلام دىنىدىكى جەمئىيەت ئەھۋالى»؛ «ئىسلامىي ماقالىلار»؛ «يول بۇ يەردە»؛ «ئىسلامنىڭ پارلاق ئىستىقبالى».... قاتارلىق قىممەتلىك ئەسەرلەرنى ياراتقان. ئۇنىڭ مۆئمىنلەرگە لەززەت، زوق ۋە ئىشەنچ بېغىشلايدىغان؛ رەقىبلەرگە بولسا، ھەر بىر ھەرپلىرى چىدىغۇسىز ئەلەم ۋە ساقايماس جاراھەتلەرنى ئېلىپ كېلىدىغان، دوستلارغا ھەسەلدىن شېرىن، دۈشمەنلەرگە شەمشەردىن ئۆتكۈر بۇ

ئۆلمەس ئەسەرلىرى پۈتۈن ئىسلام دۇنياسىدا ھېلىھەممۇ قولدىن ـ قولغا ئۆتۈپ، ئاجايىپ ئەتىۋارلىنىپ كەلمەكتە.

«قۇرئاننىڭ سايىسىدا» ناملىق بۇ تەپسىر، ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ئارىسىدا ئالەمشۇمۇل شۆھرەتكە ئىگە، ھەجىمى ئەڭ كاتتا نادىر ئەسىرى بولۇپ، شەھىد سەييىد قۇتۇب ئۇنىڭ ئاخىرقى ئۈچ تومىنى ئون نەچچە يىل داۋام قىلغان قىيىن ـ قىستاقلارغا ۋە چىدىغۇسىز زۇلۇم ـ سىتەملەرگە پەرۋا قىلماستىن، تۈرمە ئىچىدە يېزىپ پۈتكۈزگەن.

قىسقىسى، بارلىق ئەسەرلىرىدە: «ئىسلامنى قوبۇل قىلساڭ، پۈتۈنى بىلەن قوبۇل قىل، ياكى بولمايدۇ، پۈتۈنلەي رەت قىل» دېگەن مەردانە قاراشنى ئىلگىرى سۈرگەن ۋە شۇ تېمىدا نۇرغۇن ماقالىلارنى يازغان بۇ ئۇلۇغ ئالىمنىڭ «ئىسلامىي ماقالىلار» ناملىق كىتابىدىن قەلەم ۋە پىكىر ئىگىلىرى ھەققىدە توختىلىپ، «شەكسىزكى قەلەمكەشلەر ئاجايىپ كاتتا ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرالايدۇ. بىراق بۇنىڭ شەرتى شۇكى، ئۆز پىكرىنى ھاياتى كۈچكە ئىگە قىلىش يولىدا بارلىقىنى قۇربان قىلىشى... ئاققۇزغان قېنى ۋە جېنى ئارقىلىقلا ئۆز پىكرىگە چىن مەنە بېرىشى... "ھەق" بىلگەن پىكرىنىڭ "ھەق" ئىكەنلىكىنى قىلچە ئەيمەنمەي يۇرمەستىن، مەردانىلەرچە ئوتتۇرىغا قويۇپ، زورۇر تېپىلغاندا، شۇنىڭ ئۈچۈن بويىنىنى قىلىچقا تۇتۇپ بېرىشتىن قەتئىي يانماسلىقى لازىم» دېگەن مەڭگۈلۈك سۆزلىرىنى كۆرىۋالالايمىز.

ئىسلامنىڭ شەھىد ئارسلانى، پروفېسسور سەييىد قۇتۇب دەل مانا بۇ سۆزىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئىسلام ئىدىيولوگىيەسىنى قوغداش يولىدا خۇشاللىق بىلەن جانىنى قۇربان قىلدى.

اللەتىن ئۇنىڭغا چەكسىز پەزىل ـ رەھمەت ۋە بارلىق ئوقۇرمەنلەرگە خۇددى شەھىد سەييىد قۇتۇبقا بەرگەندەك تىز پۈكمەس ئىرادە، يېڭىلمەس روھ ئاتا قىلىشىنى تىلەيمەن. الله ھەممىمىزنى ئۇنىڭدەك پىداكار مۇجاھىد ئەزىمەتلەردىن قىلغاي ـ ئامىن!

كامىلجان قەشقەرىي

2008 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى، ئىستانبۇل

# مۇقەددىمە

## قۇرئاننىڭ سايىسىدا

قۇرئاننىڭ سايىسىدا ھايات كەچۈرۈش ئەڭ ئۇلۇغ بىر نېئمەت. ئۇنىڭ ھالاۋىتىنى تېتىپ باققان كىشىلەرلا ھەقىقىي قىممىتىنى بىلىدۇ، ئۇ ئىنسان ھاياتىنى شان ـ شەۋكەت، بەرىكەت ھەم گۈزەللىككە چۆمدۈرىدۇ.

ئاللاھقا ھەمدۇ ـ سانالار بولسۇنكى، ئۇ مېنى شۇنچە زامان قۇرئاننىڭ سايىسىدا ھايات كەچۈرۈشكە سازاۋەر قىلدى. ئۇنىڭدا مەن ھاياتىمدا ھېچ تېتىپ باقمىغان نېمەتلەرنى تېتىپ ياشىدىم. ھاياتنى يۈكسەلتىدىغان، ئۇنى بەرىكەت ھەم گۈزەللىككە چۆمدۈرىدىغان بۇ ئۇلۇغ نېمەتنىڭ تەمىنى دەل قۇرئاننىڭ سايىسىدا ھېس قىلدىم. مەن گويا بۇ روشەن قۇرئاننى ۋاستە قىلىپ، مەن بىلەن ھەمسۆھبەت بولۇۋاتقان ئاللاھۇ سۇبھانەھۇ ۋەتەئالانىڭ سۆزلىرىنى تىڭشىماقتا ئىدىم... مەن شۇنچە ئەرزىمەس، خەستە بىر بەندە گويا ئەشۇ تەڭداشسىز، بۈيۈك ئاللاھقا ھەمسۆھبەت بولۇشتەك كاتتا شەرەپكە ئېرىشمەكتە ئىدىم. ئاللاھنىڭ بۇ كاتتا مېھرىبانلىقىغا قارىمامدىغان؟! ئىنسان ئۆچۈن دۇنيادا بۇنىڭدىنمۇ چوڭ شەرەپ، بۇنىڭدىنمۇ يۈكسەك مەرتىۋە، كاتتا ماقام بولماس.

شۇنداق، مەن قۇرئاننىڭ سايىسىدا ھايات كەچۈرۈش جەريانىدا، ئاشۇ مۇقەددەس يۈكسەكلىك كۈرسىدا ئولتۇرۇپ، گويا يەر يۈزىدىكى جاھالەت كەلكۈنلىرىنىڭ دولقۇنلىرىغا نەزەر سالدىم. جاھالەت مۇرىتلىرىنىڭ پەسكەش تۈزۈتلىرىگە نەزەر سالدىم. مەن گويا جاھان كۆرگەن دانىشلاردەك، جاھالەت ئەھلىنىڭ چولتا تەپەككۇر، تەسەۋۋۇرلىرىغا، بالىلارچە قائىدە، ئەنئەنىلىرىگە نەزەر سالدىم. ئۇلارنىڭ گۆدەك بالىدەك سۆزلەپ تووۋلاشلىرىغا، بىمەنە ئويۇنلارنى ئويناشلىرىغا نەزەر سالدىم.

مەن ھەيران ئىدىم.... نېمە بولۇۋاتىدۇ بۇ ئىنسانلارغا؟ ئىنسان ھاياتىنى شان ـ شەۋكەت، بەرىكەت ھەم گۈزەللىككە چۆمدۈرۈش ئۈچۈن قىلىنىۋاتقان ئىلاھىي سادالارغا قۇلاق سالماستىن، ۋابا قاپلىغان پاتقاقلىقتا نېمانچە دومىلاپ يۈرىدىغاندۇ؟!.

مەن قۇرئاننىڭ سايىسىدا ھايات كەچۈرۈش جەريانىدا، ئىنسان ۋۇجۇدى ھەققىدە ئەڭ گۈزەل، مۇكەممەل بىر تەسەۋۋۇردىن ھۇزۇرلاندىم. شەرق ۋە غەربتىكى پۈتكۈل ئىنسانلار ئۆز تۇرمۇشلىرىغا ئاساس قىلىۋالغان جاھالەتلىك ھايات تەسەۋۋۇرلىرىنى ئۇنىڭغا سېلىشتۇرۇپ كۆردۈم. شۇ چاغدا، "ئىنسانىيەتنىڭ كۆز ئالدىدا شۇنچە گۈزەل ياپ ـ يېشىل سەيلىگاھلار، شۇنچە يۈكسەك ماقام، ئۆچمەس چىراغلار تۇرۇقلۇق يەنە نېمەدەپ شۇنچە زۇلمەتلىك قاراڭغۇلۇقتا، خار ـ زەبۇنلۇق، ئېزىتقۇلۇقتا ھايات كەچۈرىدىغاندۇ؟" دېگەنلەرنى ئويلىماي تۇرالمىدىم.

مەن قۇرئاننىڭ سايىسىدا ھايات كەچۈرۈش جەريانىدا، ئىنسانىيەتنىڭ ھەرىكەت - پائالىيىتى بىلەن كائىناتنىڭ ھەركەت - پائالىيىتى ئوتتۇرىسىدا تەقدىرنىڭ ئىرادىسى بىلەن نەقەدەر گۈزەل مۇناسىۋەتنىڭ ئورنىتىلغانلىقىنى، ھەر ئىككىلىسىنىڭ ئاللاھ تەرىپىدىن يارىتىلغانلىقى ۋە ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بىلەنلا ھەرىكەت قىلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدىم. ئەمما ئىنسانلار مانا بۇ تەبىئەت قانۇنىيىتىگە خىلاپلىق قىلىش تۈپەيلى ئازغۇنلۇقتا، ئازاپ ــ ئوقۇبەتكە دۇچار بولۇپ كەلمەكتە. ئىنسانىيەتنىڭ ساغلام تەبىئىتى بىلەن ئۇنى ئەتراپتىن مەھكەم قورشاپ تۇرغان خاتا تەلىمات ۋە بۇلغانغان مۇھىت ئوتتۇرىسىدا توختاۋسىز كۈرەش داۋام قىلماقتا. مەن ئۆز - ئۆزۈمدىن: «ئىنسانلارنىڭ قەدىمىنى بۇ جەھەننەم تەرەپكە قايسى مەلئۇن شەيتان سۆرەپ كېتىۋاتقاندۇ؟» دەپ سورايتتىم.

ئاھ! نېمە دېگەن ئاچچىق دەرتكە تولغان - ھە، بۇ قۇللارنىڭ ھالى؟!

مەن قۇرئاننىڭ سايىسىدا ھايات كەچۈرۈش جەريانىدا، كائىناتنىڭ سىرتقى شەكلىدىن نەچچە ھەسسە چوڭ ھەم پايانسىز ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ يەتتىم. ئۇنىڭ بىر ئۇلۇغ ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى، تۇرلۇك قاتلارغا بۆلۈنگەنلىكىنى، ئۇنىڭدا تاشقى ئالەملا ئەمەس، بەلكى بىر غەيبىي (كۆرۈنمەيدىغان) ئالەمنىڭمۇ مەۋجۇتلىقىنى، ئۇنىڭ دۇنيالا ئەمەس، بەلكى دۇنيا ھەم ئاخىرەت ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ يەتتىم. ئىنسان ھاياتىنىڭ سەپەر داۋامىدا يۈكسىلىدىغانلىقىنى، ئۆلۈم بۇ ھاياتلىق سەپىرىنىڭ ئاخىرقى مەنزىلى ئەمەس، بەلكى دەسلەپكى ھالقىلىق باسقۇچى ئىكەنلىكىنى، ئىنساننىڭ دۇنيادا ئېرىشكەنلىرى ئۇنىڭغا تېگىشلىك بولغاننىڭ ھەممىسى ئەمەس، بەلكى دەسلەپكى بىر ئۈلۈشى ئىكەنلىكىنى، ئىنسان بۇ دۇنيادا ئەجرىگە تولۇق ئېرىشەلمىگەندەك قىلسىمۇ، ئاخىرەتتە تولۇق بەدەلگە ئېرىشمەي قالمايدىغانلىقىنى، ئاخىرەتتە زۇلۇم قىلىنمايدىغانلىقىنى، ئىنسان ئەجرىنىڭ زايا بولمايدىغانلىقىنى ۋە كېمىيىپ قالمايدىغانلىقىنى كۆرۈپ يەتتىم.

دېمەك، ئىنساننىڭ ھاياتلىق سەپىرى مۇنداقلا بىر سەپەر ئەمەس، بەلكى ئاجايىپ جەزبىدار كائىناتنىڭ ھەمكارلىقى ۋە ھەمراھلىقىدا داۋاملىشىۋاتقان سەپەر بولۇپ، كائىناتنىڭ سەپەر نىشانىمۇ ھەر قانداق بىر مۆئمىن ئىخلاس ھەم دىيانەت بىلەن سېغىنىدىغان ئالەملەرنىڭ ئەشۇ بۈيۈك ياراتقۇچىسى ئاللاھ تەرەپكە مەركەزلەشكەن سىستېمىلىق سەپەر.

وَلِلّهِ يَسْجُدُ مَن فِي السمَاوَاتِ وَالأَرْضِ طَوْعًا وَكَرْهًا وَظِلالُهُم بِالْغُدُو وَالآصَال

{ئاسمان، زېمىندىكى بارچە شەيئىلەر ئىختىيارى ۋە ئىختىيارسىز ئىتائەت قىلىۋاتقىنى دەل ئاشۇ ئاللاھدۇر}.[1]

تُسَبحُ لَهُ السمَاوَاتُ السبْعُ وَالأَرْضُ وَمَن فِيهِن وَإِن من شَيْءٍ إِلا يُسَبحُ بِحَمْدَهِ

[1] سۈرە رەئد، 15 ــ ئايەت

*{ئۇنىڭ پاكلىقىغا يەتتە قات ئاسمانلىكى ۋە زېمىندىكى بارچە شەيئىلەر مەدھىيە ئوقۇيدۇ، ئۇنىڭغا مەدھىيە ئوقۇمايدىغان ھېچ شەيئى يوقتۇر}.*[1]

بۇ راھەت چەكسىزلىككە، بۇ پاكلىق ھەم سۆزۈكلۈككە قارىمامدىغان! گوياكى بۇلاق سۈيىدەك ئەشۇ ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مۇكەممەل ھاياتلىق تەسەۋۋۇرىدىن ئۇرغۇپ چىقىپ، قەلبلەرنى ئىشەنچ ھەم مۇھەببەتكە تولدۇرماقتا.

مەن قۇرئانىنىڭ سايىسىدا ھايات كەچۈرۈش جەريانىدا، ئىنسانلارنىڭ تەسەۋۋۇرىدا ئىلگىرىمۇ مەۋجۇت بولمىغان ھەم بۇندىن كېيىنمۇ تەسەۋۋۇر قىلالمايدىغان ئاجايىپ يۈكسەك مەرتىۋىنى (يەنى، ئىنسانىي كىشىلىك قىممەت قارىشىنى) ئىنسانلارغا بىرلا ئاللاھنىڭ ئاتا قىلغانلىقىنى بىلىپ يەتتىم. قۇرئانىنىڭ تەسەۋۋۇرى بويىچە، ئىنسان بۈيۈك ئاللاھنىڭ روھى پۈۋلەنگەن مەخلۇقتۇر.

**وَنَفَخْتُ فِيهِ مِن روحِي فَقَعُوا لَهُ سَاجِدِينَ**

*{مەن ئۆز روھىمدىن ئۇنىڭغا ئازغىنە پۈۋلىگەندىن كېيىن سىلەر ھەممىڭلار ئۇنىڭغا سەجدە قىلىڭلار}.*[2]

ئىنسان ئاللاھنىڭ زېمىندىكى خەلىپىسى (يەنى ئورۇنباسارى).

**وَإِذْ قَالَ رَبكَ لِلْمَلاَئِكَةِ إِني جَاعِلٌ فِي الأَرْضِ خَلِيفَةً**

*{ئۆز ۋاقتىدا پەرۋەردىگارىڭ پەرىشتىلەرگە: مەن زېمىندا خەلىپە ياراتماقچى، دېدى}.*[3]

ئىنسان كائىناتنىڭ ئامانەتكارى، پۈتكۈل كائىنات ئىنسان ئۈچۈنلا يارىتىلغان.

أَلَمْ تَرَ أَن اللهَ سَخرَ لَكُمْ مَا فِي الْأَرْضِ

*{اللهنىڭ يەر يۈزىدىكى نەرسىلەرنى سىلەرگە بويسۇندۇرۇپ بەرگەنلىكىنى كۆرمىدىڭمۇ؟}.*[4]

دېمەك، ئاللاھنىڭ مېھرىبانلارچە پۈۋلىگەن روھىنى ۋە ئاتا قىلغان ھىدايىتىنى ئىنسانلار ئۆز ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلىرى ئۈچۈن ئاساس قىلالىغاندىلا، ئاندىن ئىنسانىي قەدىر ــ قىممىتىنى ھەقىقىي يۈكسەلدۈرەلىگەن بولىدۇ. ئىنسانلارنىڭ مۇناسىۋەت قۇرۇلۇشى ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرۈش ئەقىدىسى ئۈستىگە قۇرۇلغاندىلا، ئاندىن ھەر قانداق بىر مۆئمىنىنىڭ نەزىرىيە - ئەقىدىسى دەل ئۇنىڭ ئائىلىسىگە، مىللىتى ھەم ۋەتىنىگە ئايلانغان بولىدۇ. شۇ چاغدىلا دىنى قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتى قان - قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتىدىنمۇ يۇقىرى ئورۇنغا ئۆتكەن بولىدۇ. روشەنكى، ئىنسانلارنىڭ ھەرقانداق مۇستەھكەم ئىجتىمائىي بىرلىكى ئەزەلدىن نەزەرىيە، ئەقىدىنى ئۆزىگە ئاساس قىلىپ كەلگەن. ھەرگىزمۇ ھايۋانلار كەبى ئېغىل، يايلاقنى، يەم ــ خەشەك، ئوتلاقنى ئاساس قىلغان ئەمەس.

---

[1] سورە بەنى ئىسرائىل، 44 ــ ئايەت

[2] سۈرە ھىجىر، 29 ــ ئايەت

[3] سۈرە بەقەرە، 30 ــ ئايەت

[4] سۈرە ھەج، 65 ــ ئايەت

قېنى ئەمدى بىز مۆئمىنلەرنىڭ نەسەپ، شەجەرىسىنىڭ نەقەدەر يۈكسەكلىكىكە، نەقەدەر ئۇزۇن تارىخقا ئىگە ئىكەنلىكىگە بىر نەزەر سېلىپ باقايلى! ئۇلار نەقەدەر ئۇلۇغ زاتلارنىڭ (يەنى نۇھ ئەلەيھىسسالام، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام، ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام، ئىسھاق ئەلەيھىسسالام، ياقۇپ ئەلەيھىسسالام، يۇسۇپ ئەلەيھىسسالام، مۇسا ئەلەيھىسسالام، ئىيسا ئەلەيھىسسالام ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالاملارنىڭ) ئەۋلاتلىرى ـ ھە؟!

**وَإِن هَذِهِ أُمَتُكُمْ أمةً وَاحِدَةً وَأَنا رَبكُمْ فَاتقُون**

*{مانا بۇ ئۈممىتىڭلار بىر ئۈممەتتۇر، شۇنداقلا مەن سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلارمەن، مەندىنلا قورقۇڭلار}*.[1]

مانا بۇ ئېسىل ئائىلە، مۆھتىرەم جامائەت ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ بارلىق ئېگىز ــ پەس داۋانلىرى ۋە يىراق ــ يېقىن بۇلۇڭلىرىغا ئۆچمەس ئىزلارنى قالدۇرۇپ كەلگەن. قۇرئان كەرىمنى مۇھاكىمە قىلىپ كۆرىدىغان بولساق، بۇ جامائەتنىڭ ھەر بىر ئەزاسىنىڭ ئوخشاشلا بىر خىل ۋەزىيەتكە قارشى كۈرەش قىلىپ كەلگەنلىكىنى كۆرىمىز. ھەممىلا يەردە ئوخشاشلا مەيدان، ئوخشاشلا پاجىئە، ئوخشاشلا بۆھران. گەرچە زامان ۋە ماكانلار ئالمىشىپ، تارىخ سەھنىسىدىن يېڭى ــ يېڭى مىللەتلەر ئورۇن ئېلىپ تۇرسىمۇ، ئۇلار ھەممىسى ئوخشاشلا بىر خىل رولنى ئوينىغان. بۇ ئۇلۇغۋار زاتلارنى ھەممىلا يەردە كىشىلەر جاھالەت، ئازغۇنلۇق، ھاۋايى ــ ھەۋەس، ئاسىيلىق، جەبىر ــ زۇلۇم، تەھدىت سېلىش، يۇرتلىرىدىن قوغلاپ چىقىرىش بىلەن قارشى ئالغان. ئەمما بۇ جامائەت ھەممىگە پەرۋاسىز ئۆز يولىنى داۋاملاشتۇرغان. ئۇلارنىڭ قەلب، ۋىجدانى قانائەتكە تولغان. ئاللاھنىڭ ھىمايىسى ۋە نۇسرىتىگە بولغان ئىشەنچتىن بىر مىنۇتمۇ ئايرىلمىغان. ئۇلارنىڭ قەدەملىرى سۇباتلىق. ئۇلاردا زەررىچىمۇ ئۈمىدسىزلىك يوق. ئۇلار ھەر دائىم، ھەر لەھزىدە، ئاللاھنىڭ تەخىداشسىز ھىمايىسىگە ۋە چىن ۋەدىسىگە قەتئىي ئىشەنگەن. بۇ ھەققانىيەت كارۋانلىرى ھەممىلا دەۋردە مۇنداق ئوخشاشلا بىر خىل تەھدىت ۋە قارشىلىققا دۇچ كەلگەن:

**وَقَالَ الذِينَ كَفَرُوا لِرُسُلِهِمْ لَنُخْرِجَنكُم منْ أَرْضِنَا أَوْ لَتَعُودُن فِي مِلتِنَا فَأَوْحَى إِلَيْهِمْ رَبهُمْ لَنُهْلِكَن الظالِمِينَ، وَلَنُسْكِنَنكُمُ الأَرْضَ مِن بَعْدِهِمْ ذَلِكَ لِمَنْ خَافَ مَقَامِي وَخَافَ وَعِيدِ**

*«ئاقىۋەت كۇففارلار ئۆز پەيغەمبەرلىرىگە ”ئەگەر بىزنىڭ دىنىمىزغا قايتمايدىكەنسىلەر، سىلەرنى زېمىنىمىزدىن قوغلاپ چىقىرىمىز“ دېيىشتى. ئاندىن ئاللاھ ئۇلارغا (يەنى، ئۆز پەيغەمبەرلىرىگە) ۋەھيى قىلىپ: ”بىز بۇ زالىملارنى ھالاك قىلىپ تاشلايمىز، ئاندىن ئۇلارنىڭ ئورنىغا سىلەرنى يەرلەشتۈرىمىز، بۇ دەل مېنىڭ ھۇزۇرۇمدىكى جاۋابكارلىقتىن ۋە مېنىڭ ئازابىمدىن قورقىدىغانلار ئۈچۈن قىلىنغان ئىنئامدۇر“ دېدى»*.[2]

[1] سۈرە مۆئمىنۇن، 52 ــ ئايەت

[2] سۈرە ئىبراھىم 13 ــ ۋە 14 ــ ئايەتلەر

ھەممىلا يەردە مۇشۇ بىر تەھدىت، ئوخشاش بىر ئىدىيە، ئوخشاش بىر ۋەقە، شۇنداقتىمۇ بۇنىڭغا قارشى يەنىلا ئەنە شۇ تەۋرەنمەس ئىشەنچ ۋە بۇ جامائەتكە قىلىنغان ئەنە شۇ چىن ۋەدە. ئۇلار بارلىق زۇلۇم، تەھدىتلەرگە پەرۋاسىز يولىغا راۋان، ھەممەيلەن ئوخشاشلا بىر نەتىجىگە ئىنتىزار.

************

مەن قۇرئاننىڭ سايىسىدا ھايات كەچۈرۈش جەريانىدا، كائىناتتا ئۇنداق قارىغۇلارچە تاسادىپىيلىققا زادىلا ئورۇن يوقلۇقىنى، دۇنيانىڭ تۇيۇقسىز، پىلانسىز ھالدا مۇنداقلا مەيدانغا كېلىپ قالمىغانلىقىنى تونۇپ يەتتىم.

**إِنَّا كُلَّ شَيْءٍ خَلَقْنَاهُ بِقَدَرٍ**

*{بىز ھەقىقەتەن ھەممە نەرسىنى ئۆلچەملىك قىلىپ ياراتتۇق}.*[1]

**خَلَقَ كُلَّ شَيْءٍ فَقَدَّرَهُ تَقْدِيرًا**

*{ئاللاھ ھەممە نەرسىنى ياراتتى، ئاندىن ئۇنىڭغا مۇناسىپ ئۆلچەمنى بەلگىلىدى}.*[2]

شەكسىزكى، ھەممە ئىشلار مەلۇم ھېكمەتلەر ئاساسىدا داۋام قىلماقتا. ئەمما بۇ ھېكمەتلەر قويۇق غايىب پەردىسىگە ئورالغان بولغاچقا، كۆپىنچە ھاللاردا بىزنىڭ تاش مايىل نەزەرلىرىمىزگە چېلىقماي قالىدۇ.

**فَعَسَى أَنْ تَكْرَهُوا شَيْئًا وَيَجْعَلَ اللَّهُ فِيهِ خَيْرًا كَثِيرًا**

*{سىلەر ياقتۇرمايدىغان بىر ئىشتا ئاللاھ نۇرغۇن ياخشىلىقلارنى ئورۇنلاشتۇرغان بولۇشى مۇمكىن}.*[3]

**وَعَسَى أَنْ تَكْرَهُوا شَيْئًا وَهُوَ خَيْرٌ لَكُمْ وَعَسَى أَنْ تُحِبُّوا شَيْئًا وَهُوَ شَرٌّ لَكُمْ وَاللَّهُ يَعْلَمُ وَأَنْتُمْ لَا تَعْلَمُونَ**

*{سىلەر بىرەر نەرسىنى ياقتۇرمىساڭلار كېرەك، ئەمما ئۇ سىلەر ئۈچۈن پايدىلىق بولۇشى مۇمكىن. سىلەر بىرەر نەرسىنى ياقتۇرساڭلار كېرەك، ئەمما ئۇ سىلەر ئۈچۈن زىيانلىق بولۇشى مۇمكىن. ئاللاھ بىلىدۇ، سىلەر بىلمەيسىلەر}.*[4]

ئەمدى بىز ئىنسانىيەت ھاياتىنىڭ داۋامىغا ئاساس سېلىنۋاتقان بۇ تونۇشلۇق سەۋەب دۇنياسىغا نەزەر سالىدىغان بولساق، ئۇنىڭمۇ بىر خىل ئەمەسلىكىنى كۆرىمىز. بۇ سەۋەبلەردىن بەزىدە كۈتۈلگەن نەتىجە قولغا كەلگىنى بىلەن، يەنە بەزىدە كەلمەيدۇ. ھەتتا بارچە كىشىلەر "مۇتلەق" دەپ قارىغان ئىشەنچلىك مەسىلىلەردىمۇ كۈتكەننىڭ ئەكسىچە

---

[1] سۈرە قەمەر، 49 ـ ئايەت

[2] سۈرە فۇرقان: 2 ـ ئايەت

[3] سۈرە نىسا، 19 ـ ئايەت

[4] سۈرە بەقەرە، 216ـ ئايەت

نەتىجە كېلىپ چىقىدۇ. چۈنكى بۇ مەسىلە ۋە سەۋەبلەر مەيدانىغا كېلىش ئالدىدا تۇرغان نەتىجىلەرگە توسقۇنلۇق قىلالمايدۇ. بۇ پەقەت ئاشۇ نەتىجىلەرنىڭ ياراتقۇچىسى، شۇنداقلا سەۋەب ھەم مەسىلىلەرنىڭمۇ پەيدا قىلغۇچىسى ئاللاھ تائالانىڭ مۇتلەق ئىرادىسىگە باغلىق بولىدۇ.

**لَا تَدْرِي لَعَلَّ اللَّهَ يُحْدِثُ بَعْدَ ذَٰلِكَ أَمْرًا**

{سىلەر بىلمەيسىلەر، ئاللاھ ئۇنىڭدىن كېيىن يېڭى بىر ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشى مۇمكىن}.[1]

**"وَمَا تَشَاؤُونَ إِلَّا أَن يَشَاءَ اللَّهُ**

{ئاللاھ خالىمىغۇچە، سىلەر ھېچ نەرسىنى خالىيالمايسىلەر}.[2]

شەكسىزكى، شەرىئەتنىڭ روھى بويىچە سەۋەبنى تەرك ئېتىشكە بولمايدۇ. چۈنكى مۇسۇلمانلار ئۇنى تاللاشقا ۋە سەۋەبكە ئېتىبار بېرىشكە تەيىنلەنگەن. ئەمما ئۇنىڭ تەسىرى ۋە نەتىجىسىگە يەكۈن چىقىرىش پۈتۈنلەي ئاللاھنىڭ كۈچ. قۇدرىتىگە مەنسۇپ. ئىنسانلارغا نىسبەتەن ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە ئادىللىقىدىن ھەمدە تەخداشسىز ئىلىم، ھېكمىتىدىن قانائەت ھاسىل قىلىش ئەڭ ئاقىلانە چارە. مانا بۇ ئارقىلىقلا ئازغۇنلۇق ۋەسۋەسىلىرىدىن نىجات تاپقىلى بولىدۇ.

**الشَّيْطَانُ يَعِدُكُمُ الْفَقْرَ وَيَأْمُرُكُم بِالْفَحْشَاءِ وَاللَّهُ يَعِدُكُم مَّغْفِرَةً مِّنْهُ وَفَضْلًا وَاللَّهُ وَاسِعٌ عَلِيمٌ**

{شەيتان سىلەرنى نامراتلىق بىلەن قورقۇتىدۇ، يامان ئىشلارنى قىلىشقا ئۈندەيدۇ. ئەمما ئاللاھ سىلەرنى مەغپىرەت ۋە پەزل ـ رەھمىتى بىلەن ئۈمىدلەندۈرىدۇ. ئاللاھ ئەڭ قولى ئوچۇق داناتۇر}.[3]

دەل مۇشۇ سەۋەبتىن، قۇرئاننىڭ سايىسىدا ھايات كەچۈرۈش جەريانىدا، كۆڭلۈم توق، نەپسىم خاتىرجەم، ۋىجدانىم مۇستەھكەم ئىدى. بارلىق ھادىسىلەردە ئاللاھنىڭ قۇدرەت كارامىتىنى كۆرۈۋاتقان ھالدا، ئاللاھنىڭ ئاسرىشى ۋە پاناھىدا ياشىدىم. ئاللاھنىڭ بارلىق سۈپەتلىرىنىڭ ئەجايىپلىقى ۋە ئەمەلىيلىكىنى تولۇق ھېس قىلىۋاتماقتا ئىدىم.

**أَمَّن يُجِيبُ الْمُضْطَرَّ إِذَا دَعَاهُ وَيَكْشِفُ السُّوءَ**

{بىچارىلەرنىڭ دۇئالىرىنى ئىجابەت قىلىدىغان، ئۇلارنىڭ قىيىنچىلىقلىرىنى دەپئى قىلىدىغان زات كىم؟}[4]

---

[1] سۈرە تالاق، 1 ــ ئايەت

[2] سۈرە ئىنسان، 30 ــ ئايەت

[3] سۈرە بەقەرە، 268 - ئايەت

[4] سۈرە نەمەل، 62 ــ ئايەت

**وَهُوَ الْقَاهِرُ فَوْقَ عِبَادِهِ وَهُوَ الْحَكِيمُ الْخَبِيرُ**

{ئۇ بەندىلىرى ئۈستىدە تولۇق كونتروللۇقى بولغان، ھەممىدىن خەۋەردار، دانادۇر}.[1]

**وَاللّهُ غَالِبٌ عَلَى أَمْرِهِ وَلَكِنَّ أَكْثَرَ النَّاسِ لاَ يَعْلَمُونَ**

{ئاللاھ خالىغان ئىشنى قىلىۋېرىدۇ، ئەمما نۇرغۇن كىشىلەر بۇنى بىلمەيدۇ}.[2]

**وَاعْلَمُواْ أَنَّ اللّهَ يَحُولُ بَيْنَ الْمَرْءِ وَقَلْبِهِ**

{بىلىپ قويۇڭلاركى، الله كىشى بىلەن ئۇنىڭ قەلبى ئارىسىدا توسالغۇ بولالايدۇ (يەنى كىشىنىڭ دىلىنى ئىگىسىنىڭ خاھىشى بويىچە ئەمەس، بەلكى ئۆز خاھىشى بويىچە تەسەررۇپ قىلىدۇ)}.[3]

**فَعَّالٌ لِّمَا يُرِيدُ** {نېمىنى خالىسا شۇنى قىلىدۇ}.[4]

**وَمَن يَتَّقِ اللَّهَ يَجْعَل لَّهُ مَخْرَجًا، وَيَرْزُقْهُ مِنْ حَيْثُ لَا يَحْتَسِبُ وَمَن يَتَوَكَّلْ عَلَى اللَّهِ فَهُوَ حَسْبُهُ إِنَّ اللَّهَ بَالِغُ أَمْرِهِ**

{كىمكى ئاللاھتىن قورقىدىكەن، ئاللاھ ئۇنىڭغا چىقىش يولى بېرىدۇ. ئۇنىڭغا ئۇ ئويلاپمۇ باقمىغان يەردىن رىزىق ئاتا قىلىدۇ. كىمكى ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىدىكەن، ئاللاھ ئۇنىڭ ئۈچۈن يېتەرلىك. ئاللاھ ئۆز ئىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرماي قويمايدۇ}.[5]

**مَا مِن دَآبَّةٍ إِلاَّ هُوَ آخِذٌ بِنَاصِيَتِهَا**

{شۈبھىسىزكى، كوكۇلىسى ئاللاھنىڭ قولىدا بولمايدىغان بىرمۇ جانلىق يوق}.[6]

**أَلَيْسَ اللَّهُ بِكَافٍ عَبْدَهُ وَيُخَوِّفُونَكَ بِالَّذِينَ مِن دُونِهِ**

{ئاللاھ بەندىسى ئۈچۈن يېتەرلىك ئەمەسمۇ؟ ئۇلار سېنى ئۇنىڭدىن باشقىسى بىلەن قورقىتىدۇ}.[7]

**وَمَن يُهِنِ اللَّهُ فَمَا لَهُ مِن مُّكْرِمٍ**

{ئاللاھ خار قىلغان كىشىنى ھېچ بىر ئەزىز قىلغۇچى بولمايدۇ}.[8]

**وَمَن يُضْلِلِ اللّهُ فَمَا لَهُ مِنْ هَادٍ**

{ئاللاھ ئازدۇرغان كىشىنى ھېچ بىر ھىدايەت قىلغۇچى بولمايدۇ}.[9]

شۇنىڭدىن مەلۇمكى، ئاللاھ ھەرگىزمۇ كائىناتنى قارىغۇ مېخانىزىمغا بېقىندى قىلىپ تاشلىۋەتكەن ئەمەس. بەلكى تەبىئەت قانۇنىنىڭ ئارقىسىدا بىر ھېكمەتلىك ئىرادە ۋە بىر مۇتلەق خاھىش كۈچلۈك رول ئوينىماقتا. ئاللاھ ئۇنىڭدا خالىغىنىنى پەيدا قىلىپ، يەنە خالىغىنىنى

---

1 سۈرە ئەنئام، 18 ـ ئايەت

2 سۈرە يۇسۇف، 21 ـ ئايەت

3 سۈرە ئەنفال، 24 ـ ئايەت

4 سۈرە ھۇد، 108 ـ ئايەت

5 سۈرە تالاق، 2 ـ ۋە 3 ـ ئايەتلەر

6 سۈرە ھۇد، 56 ـ ئايەت

7 سۈرە زۇمەر، 36 ـ ئايەت

8 سۈرە ھەج، 18 ـ ئايەت

9 سۈرە غافىر، 33 ـ ئايەت

يوقاتماقتا. پۈتۈنلەي ئاللاھنىڭ خاھىشى بويىچە مېڭىۋاتقان بۇ بارلىق ئىشلارنىڭ ئۆزىگە خاس قائىدە ـ قانۇنى بولۇپ، بىزگە نىسبەتەن قانداقتۇر ئالدىراقسانلىق قىلىش ياكى ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىغا مەسلىھەت، تەكلىپلەرنى سۇنۇپ يۈرۈش قەتئىي مۇناسىپ ئەمەس. چۈنكى قۇرئاننى چوڭقۇر مۇھاكىمە قىلىش ئارقىلىقلا بىز تونۇشۇپ چىقالايدىغان بۇ ئىسلام قانۇنى زېمىندا ياشاۋاتقان ئىنسانلار ئۈچۈنلا نازىل قىلىنغان بولۇپ، ئىنسانلارنىڭ بارلىق تەرەققىيات باسقۇچلىرىدا ۋە بارلىق ئىدىيۋى يۈكسىلىش مەيدانلىرىدا ئورتاق ئەمىلىي ئىجرا قىلىنىشنى مەقسەت قىلغان. ئۇنىڭدا ئىنساننىڭ تەبىئىتى، تالانت، ئىقتىدارلىرى ۋە تۈرلۈك ئاجىزلىقلىرى، شۇنداقلا بارلىق ئۆزگىرىشچان ھالەتلىرى ئەستايىدىل كۆزدە تۇتۇلغان. ئۇ ھەرگىزمۇ: «ئىنسانلارنىڭ يەر شارىدا ھېچ بىر ئالاھىدە مەرتىۋىسى يوق» دېمەيدۇ ۋە ياكى كىشىلىك ۋە ئىجتىمائىي  سالاھىيەتلەردە ياشاپ كېلىۋاتقان ھەر خىل رەڭ ۋە تەنگە ئىگە ئىنسانلارنىڭ قانداقتۇر بىرەر ئىرقىغا كەمسىتىش نەزىرى بىلەن قارىمايدۇ، ھەمدە يەنە فانتازىيىلىك غايىۋىي تەسەۋۋۇرلاردىن يىراق بۇ ئىسلام قانۇنى ئىنسانلارنى ئۆزىنىڭ ھەقىقى قەدىر ـ قىممىتى، تالانت، ئىقتىدارلىرى ۋە يارىلىشتىكى تۈپكى مەقسىدىدىنمۇ يۇقىرى ماقامغا كۆتۈرۈۋەتمەيدۇ. ئىسلام قانۇنى ئىنسان تەبىئىتىنىڭ ئاساسى قۇرۇلمىلىرىنى قانداقتۇر بىرەر قانۇنىيەتنىڭ زورىغا تايىنىپ: ”ئىختىرا قىلغىلى بولىدىغان ئۈستىقۇرۇلما خاراكتېرلىك نەرسە“ دەپ قارىمايدۇ ۋە ياكى قەلەمكەشلىككە تايىنىپ: ”ئىنسانلارنى ئۆز تەبىئىتىدىن ئايرىپ تاشلىغىلى بولىدۇ“ دەپمۇ قارىمايدۇ. بەلكى ”ئىنسانلار تەبىئىي تەلپۈنۈشلىرى ۋە تالانت، ئىقتىدارلىرى نۇقتىسىدىن ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ۋە ئۆزگىچە شەكىلگە ئىگە مۇتلەق ھەقىقەت“ دەپ قارايدۇ. ئىسلام قانۇنى پەقەت ئۇنىڭغا يېتەكچىلىك قىلىپ، ئۇنى يارىلىشىدىكى تۈپ مەقسەت ۋە مەجبۇرىيەتلىرىگە بىنائەن بەلگىلەنگەن يۈكسەك مەرتىۋىسىگە يەتكۈزىدۇ. بۇ قانۇن ئىنسان ۋۇجۇدىغا، تەبىئىتىگە ۋە بارلىق ئاساسى قۇرۇلمىلىرىغا ھۆرمەت قىلغان ھالدا ئىنسانلارنى ئۇدۇل پەرۋەردىگارى تەرەپكە ئېلىپ بارىدىغان توغرا يولغا يېتەكلەيدۇ.

قىسقىسى، ئىسلام قانۇنى تۈزىلىشىدىنلا زامان چەكسىزلىكىگە ئىگە قىلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭ قانچە ئۇزۇن زامان داۋام ئېتىشىنى ئىنسانلارنىڭ ياراتقۇچىسى ۋە قۇرئان كەرىمنىڭمۇ نازىل قىلغۇچىسى بولغان ئاللاھۇ تائالا پىششىق بىلىدۇ.  شۇڭلاشقا ئىسلام قانۇنى ئۆز مەنزىلىگە يېتىشتە ھەرگىز ئالدىراقسانلىق قىلمايدۇ ۋە ياكى يولسىزلىق بىلەن ئىش تۇتمايدۇ. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا چەكسىز ھايات ۋە كەڭ كەتكەن پائالىيەت مەيدانى تۇرۇپتۇ. قانداقتۇر بىرەر شەخسنىڭ چەكلىك ھاياتى ئۇنى چەكلەپ قويالمايدۇ. ۋە ياكى قانداقتۇر يامان بولۇشنى ئىستەيدىغان بىرەر دەرۋىشنىڭ: «كۆزلىگەن مۇرادىم ھاسىل بولماي تۇرۇپ ئۆلۈپ كېتەرمەنمۇ؟» دەيدىغان ئەندىشىلىرى ئۇنىڭ نورمال سۈرئىتىنى تېزلىتەلمەيدۇ.

كۆپ ھاللاردا دۇنيادىكى ئاز بولمىغان مۇتەپەككۇر، پەيلاسوپ، دىنى پېشىۋالار ھەممە ئىشنى ئۆز ھاياتلىقىدىلا پۈتكۈزىۋېلىشنىڭ كويىدا بولۇپ يۈرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار تەبىئەتنىڭ نورمال يولىدىن چىقىپ كېتىپ قالىدۇ، ئەسلىدە ئۇلاردا زور سەۋرچانلىقنى تەلەپ قىلىدىغان ئۇزۇن يولدا ماڭالىغۇدەك تەمكىنلىك بولمايدۇ. شۇڭا ئۇلار تاللىغان يولدا قالايمىقانچىلىق، ناھەق قان تۆكۈش، ئەخلاقنى دەپسەندە قىلىش، تۇرمۇشتىكى

خاتىرجەملىكنى بۇزۇش ھادىسىلىرى دائىم كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ. بۇنىڭ ئاقىۋىتى ئىنساننىڭ فىترىتى (يەنى ساغلام تەبىئىتى) بىلەن قارشىلىششى تۇپەيلى ئۆز ـــ ئۆزىنى ھالاك قىلىش بىلەن نەتىجىلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ نەزىرىيىلىرىمۇ ئىنسان تەبىئىتىنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچراپ، نامۇ ـــ نىشانلىرىغا قوشۇلۇپ يەر يۈزىدىن تامامەن سۈپۈرۈپ تاشلىنىدۇ. چۈنكى ئۇنداق خام نەزىرىيىلەر ھېچ قاچان ئىنساننىڭ فىترىتىگە (يەنى ساغلام تەبىئىتىگە) قارشى پۇت تىرەپ تۇرالمايدۇ. بۇلارغا سېلىشتۇرغاندا، ئىسلام قانۇنى ئىنساننىڭ تەبىئىتى بىلەن ھەمكارلىششى ئاساسىدا ئۆز يولىنى ناھايىتى تەمكىن، ئاستا داۋاملاشتۇرىدۇ. بەزى جايلاردا ئىنساننىڭ فىترىتىنى ئىلگىرى سۈرسە، يەنە بەزى جايلاردا ئۆزىنى ئىلگىرى سۈرۈپ فىترەتنى كەينىدە قالدۇرىدۇ، ئەگەر ـــ توقايلىققا دۇچ كەلگەندە، ئۇنى ئوڭشاشقا تىرىشىدۇ. چۈنكى ئىسلام قانۇنى بۇزۇپ ـ چېقىشنى ئەسلا ياقتۇرمايدۇ. ئۇ گويا يىراق كۆرەر دانىشمەندەك سەۋر قىلىپ كۈتىدۇ. كۆزلىگەن مەنزىلىگە بىرىنچى قېتىملىق تىرىشچانلىقتا يېتەلمىسە، ئىككىنچى قېتىملىقىدا، ياكى 10 قېتىملىق، 100 قېتىملىق، 1000 قېتىملىق تىرىشچانلىقىدا بولسىمۇ ھامان يەتمەي قويمايدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشىنىدۇ. چۈنكى زامان بەك ئۇزۇن، مەنزىلگە يېتىپ بارىدىغان يولمۇ ھەم يىراق. بۇنى خۇددى بىر كۆچەتنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە ئوخشىتىشقا بولىدۇ. كۆچەت قانچە ئۆسكەنسېرى ئۇنىڭ يىلتىزى زېمىندىن شۇنچە چوڭقۇر ئورۇن ئېلىپ ماڭىدۇ. ئاندىن ئۇنىڭ شاخلىرى ئاسمانغا قاراپ ئۆرلەش بىلەن بىرگە، ئەتراپقا كەڭ يېيىلىشقا باشلايدۇ، بىر ـــ بىرى بىلەن مەھكەم چىرمىشىپ، باھار ئۈمىدىنى كۈيلەيدۇ. خۇددى شۇنىڭدەك، ئىسلام قانۇنىنىڭ كۆچەتلىرىمۇ قەلبلەردە كۆكلەپ، ئاستا ـــ ئاستا يۈكسىلىشكە باشلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا قارار قىلىنىپ بولغان ئىش ۋۇجۇتقا چىقماي قالمايدۇ.

توغرا، بەزىدە كۆچەت قۇم ـ بورانلار ئارىسىدا كۆمۈلۈپ قالىدىغان، قۇرغاقچىلىق، كەلكۈن دېگەندەك ئاپەتلەرگە يولۇقۇپ قالىدىغان ياكى بىرەر رەھىمسىز شاخلىرىنى يىرىپ قويۇپ كېتىپ قالىدىغان ئەھۋاللارغىمۇ دۇچ كېلىپ قالىدۇ. ئەمما ھەر قانداق ئەقىللىق دېھقان كۆچەتنىڭ يىلتىزى سالامەت بولسىلا، يەنە قايتىدىن كۆكلەپ تاكامۇللىشىدىغانلىقىنى، بىر مەزگىلدىن كېيىنلا بارلىق ئاپەتلەر ئۈستىدىن غەلىبە قىلالايدىغانلىقىنى پىششىق بىلىدۇ. شۇڭلاشقا دېھقان بىكار قايغۇرۇپ يۈرمەيدۇ، ئالدىراقسانلىقمۇ قىلمايدۇ ياكى تەبىئەتنىڭ سۆيۈملۈك قانۇنىيىتىنى تاشلاپ، سۈنئىي قانۇنىيەتلەرنى ئىختىرا قىلىپ، شۇ ئارقىلىق كۆچەتنى يېتىشتۈرۈشنىڭ كويىدا بولۇپمۇ يۈرمەيدۇ. مانا بۇ، ئىسلام ھەرىكىتىنىڭ كائىناتتا مەڭگۈ داۋام ئېتىدىغان ئىلاھىي قانۇنى، مانا بۇ، ئاللاھنىڭ سۈننىتى.

وَلَن تَجِدَ لِسُنَّةِ اللهِ تَبْدِيلًا

{شەكسىزكى، ئاللاھنىڭ سۈننىتىدە ھەرگىز ئۆزگىرىش بولمايدۇ}.[1]

---

[1] سۈرە فەتھ، 23 ـــ ئايەت

ئىسلام قانۇنىنىڭ روھى بويىچە كائىناتنىڭ يارىتىلغانلىقى مۇتلەق بىر ھەقىقەت. ئۇ ھەرگىزمۇ مۇنداقلا بىر ھادىسە ياكى ئورۇنسىز، مەقسەتسىز تاسادىپىيلىقنىڭ ھوسۇلى ئەمەس. ”ھەق“ شۈبھىسىزكى، دەل ئاللاھنىڭ ۋۇجۇدىدۇر. باشقا بارلىق مەۋجۇتلۇق ئۇنىڭلا مەۋجۇتلىقىدىن ۋۇجۇت ئالغان.

**ذَلِكَ بِأَنَّ اللَّهَ هُوَ الْحَقُّ وَأَنَّ مَا يَدْعُونَ مِن دُونِهِ الْبَاطِلُ وَأَنَّ اللَّهَ هُوَ الْعَلِيُّ الْكَبِيرُ**

*{بۇلارنىڭ ھەممىسى شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئاللاھ ھەقتۇر، ئۇلارنىڭ ئاللاھنى قويۇپ، چاقىرىۋاتقانلىرى باتىلدۇر، ئاللاھ بۈيۈكتۇر، داناdۇر}.*[1]

دېمەك، ئاللاھ كائىناتنى ھەقىقەت ئۈستىگە ياراتقان بولۇپ، ئۇنىڭ مەخلۇقاتلارنى يارىتىشتا ناھەق قەتئىي ئارىلىشالمايدۇ.

**مَا خَلَقَ اللَّهُ ذَلِكَ إِلَّا بِالْحَقِّ**

*{ئاللاھ بۇلارنىڭ ھەممىنى ھەقىقەت ئۈستىگە ياراتقان}.*[2]

**رَبَّنَا مَا خَلَقْتَ هَذا بَاطِلاً سُبْحَانَكَ**

*{پەرۋەردىگارىمىز بۇلارنىڭ ھەممىسىنى سەن بىكار، مەقسەتسىز ياراتمىدىڭ، سەن پاكتۇرسەن}.*[3]

ھەقىقەت بىلەن ساداقەت كائىناتنىڭ ئاساسلىق يادروسى. ئەگەر كائىنات ئۇنىڭدىن قېيىپ كېتىدىكەن، ئۇ چاغدا ھالاكەتنىڭ باشلىنىشىدا شەك يوق.

**وَلَوِ اتَّبَعَ الْحَقُّ أَهْوَاءهُمْ لَفَسَدَتِ السَّمَاوَاتُ وَالْأَرْضُ وَمَن فِيهِنَّ**

*{ئەگەر ھەقىقەت ئۇلارنىڭ خاھىشى بويىچە ماڭغان بولسا، ئاسمان، زېمىندىكى بارلىق شەيئىلەرنىڭ ئىنتىزامى ئاستىن ــ ئۈستۈن بولۇپ كېتىكەن بولاتتى}.*[4]

**بَلْ نَقْذِفُ بِالْحَقِّ عَلَى الْبَاطِلِ فَيَدْمَغُهُ فَإِذَا هُوَ زَاهِقٌ**

*{ئەمما بىز ھەق بىلەن باتىلغا زەربە بېرىمىز، ئۇنىڭ بېشىنى شۇنداق يەنچىيمىزكى، ئۇ تامامەن يوقىلىدۇ.}*[5]

شۇڭلاشقا، گەرچە ھازىرقى ئەھۋاللار باشقىچە بولسىمۇ، باتىل يوقىلىپ، ھەقىقەت ھامان مەيدانغا چىقىشى لازىم. دۇنيا مەۋجۇتلا بولىدىكەن، خەيرى ــ ئېھسان، ياخشىلىق ھەم ساداقەتمۇ مۇتلەق ھەقىقەت سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىۋېرىشى لازىم. ئاللاھ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ :

**أَنزَلَ مِنَ السَّمَاء مَاء فَسَالَتْ أَوْدِيَةٌ بِقَدَرِهَا فَاحْتَمَلَ السَّيْلُ زَبَدًا رَّابِيًا وَمِمَّا يُوقِدُونَ عَلَيْهِ فِي النَّارِ ابْتِغَاء حِلْيَةٍ أَوْ مَتَاعٍ زَبَدٌ مِّثْلُهُ كَذَلِكَ يَضْرِبُ اللَّهُ الْحَقَّ وَالْبَاطِلَ فَأَمَّا الزَّبَدُ فَيَذْهَبُ جُفَاء وَأَمَّا مَا يَنفَعُ النَّاسَ فَيَمْكُثُ فِي الأَرْضِ كَذَلِكَ يَضْرِبُ اللَّهُ الأَمْثَالَ**

---

[1] سۈرە لوقمان، 30 ــ ئايەت

[2] سۈرە يۇنۇس، 5 ــ ئايەت

[3] سۈرە ئەل ئىمران، 191 ــ ئايەت

[4] سۈرە مۆئمىنۇن، 71 ــ ئايەت

[5] سۈرە ئەنبىيا، 18 ــ ئايەت

{ئاللاھ ئاسماندىن يامغۇر ياغدۇردى، بارلىق ئېرىق – ئۆستەڭلەر يېتىشىچە لىبمۇلىپ ئاقتى، كەلكۈن بولغاندا، كۆپۈكلەر سۇ ئۈستىگە لەيلەپ چىقتى، زىبۇ - زىننەت، ياكى ئەسۋابلارنى ياساش ئۈچۈن كىشىلەر ئوتتا ئېرىتىدىغان مېتاللاردىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش كۆپۈكلەر بولىدۇ، ئاللاھ ھەق بىلەن باتىلنى مۇشۇنداق مىساللار بىلەن يورىتىپ بېرىدۇ، كۆپۈك ئېقىپ تۈگەيدۇ، ئىنسانلارغا پايدىلىق نەرسە زېمىندا قېلىپ قالىدۇ، ئاللاھ مىساللارنى ئەنە شۇنداق بايان قىلىدۇ}.[1]

ئاللاھ يەنە مۇنداق دەيدۇ:

**أَلَمْ تَرَ كَيْفَ ضَرَبَ اللّهُ مَثَلاً كَلِمَةً طَيِّبَةً كَشَجَرةٍ طَيِّبَةٍ أَصْلُهَا ثَابِتٌ وَفَرْعُهَا فِي السَّمَاء ، تُؤْتِي أُكُلَهَا كُلَّ حِينٍ بِإِذْنِ رَبِّهَا،وَيَضْرِبُ اللّهُ الأَمْثَالَ لِلنَّاسِ لَعَلَّهُمْ يَتَذَكَّرُونَ ، وَمَثلُ كَلِمَةٍ خَبِيثَةٍ كَشَجَرَةٍ خَبِيثَةٍ اجْتُثَّتْ مِن فَوْقِ الأَرْضِ مَا لَهَا مِن قَرَارٍ ، يُثَبِّتُ اللّهُ الَّذِينَ آمَنُواْ بِالْقَوْلِ الثَّابِتِ فِي الْحَيَاةِ الدُّنْيَا وَفِي الآخِرَةِ وَيُضِلُّ اللّهُ الظَّالِمِينَ وَيَفْعَلُ اللّهُ مَا يَشَاء**

{ئاللاھنىڭ مۇنداق بىر تەمسىل كۆرسەتكەنلىكىنى كۆرمىدىڭمۇ؟ كەلىمە تەييىبە (يەنى، ھەققانىيەت سۆزى) يىلتىزى يەر ئاستىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالغان، شېخى ئاسمانغا تاقاشقان، پەرۋەردىگارىنىڭ ئىزنى بىلەن ۋاقتى – ۋاقتىدا مېۋە بېرىپ تۇرىدىغان ئېسىل دەرەخكە ئوخشايدۇ. ئاللاھ كىشىلەرگە ساۋاق بولسۇن ئۈچۈن، مۇشۇنداق مىساللارنى كەلتۈرىدۇ، يامان سۆز (يەنى كۇفۇر سۆزى، باتىل سۆز) زېمىندىن قومۇرۇپ تاشلانغان، ھېچقانداق قارارى يوق ناچار دەرەخكە ئوخشايدۇ، ئاللاھ مۆمىنلەرنى مۇستەھكەم ئىمان بىلەن دۇنيادا ۋە ئاخىرەتتە مەھكەم تۇرغۇزىدۇ، زالىملارنى گۇمراھ قىلىدۇ، ئاللاھ خالىغىنىنى قىلىدۇ}.[2]

بۇ تەسۋىرلەردىن ئۇرغۇپ چىقىۋاتقان قەلب راھەتى نېمە دېگەن ھۇزۇرلۇق - ھە؟! ھەق - ساداقەت، تەقۋالىقنىڭ بۇ تەۋرەنمەس ئىشەنچكە ۋە مىسلىسىز قانائەتكە قارىمامدىغان؟! مۇشۇ كىچىككىنە ھادىسە ئارقىلىق مەيدانغا كەلگەن كۈچ – قۇدرەت ۋە يۈكسەكلىكنىڭ جەۋھىرى مۆئمىنلەرنىڭ قەلبىگە قۇيۇلماقتا. مۆئمىنلەرنىڭ قەلبىگە گويا قانائەت ۋە مەمنۇنىيەتنىڭ بۇلىقى قېزىلماقتا.

************

مەن قۇرئاننىڭ سايىسىدا ھايات كەچۈرۈش جەريانىدا، شۇنداق مۇستەھكەم ئىشەنچكە ۋە شۇنداق بىر قەتئىي تونۇشقا ئىگە بولدۇمكى، زېمىندىكى ئىنسانلارنىڭ بەختىيارلىقى، تۈرمۇش پائالىيەتلىرىنىڭ پاك ھەم بەرىكەتلىك بولۇشى، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ياشاشنىڭ ئېھتىياجى بولغان ئەۋزەللىكلەر ۋە يۈكسىلىشلەرنى قولغا كەلتۈرۈش، بولۇپمۇ، كائىناتنىڭ تەبىئەت قانۇنى بىلەن ئىنسانلارنىڭ فىترىتى (يەنى ساغلام تەبىئىتى) ئوتتۇرىسىدىكى

---

[1] سۈرە رەئىد : 17 –ئايەت

[2] سۈرە ئىبراھىم، 24 – دىن 27 – ئايەتكىچە.

ماسلىششچانلىقنى ئىشقا ئاشۇرۇش قاتارلىق مۇھىم ئىشلارنىڭ ھەممىسى، ئىنسانىيەت يېڭى باشتىن ئاللاھقا مۇراجىئەت قىلىشنى باشلىغاندىلا ئاندىن ئىشقا ئاشىدۇ. قۇرئاننى ياخشى مۇلاھىزە قىلىش ئارقىلىق ئاللاھغا مۇراجىئەت قىلىشنىڭ پەقەت بىرلا قائىدىسى بارلىقنى، پەقەت بىرلا يول بىلەن ئاللاھقا يېتىپ بارغىلى بولىدىغانلىقنى، ئۇنىڭدىن باشقا ئىككىنچى بىر يولنىڭ زادى مەۋجۇت ئەمەسلىكىنى تونۇپ يەتكىلى بولىدۇ. ئۇ بولسىمۇ، ئاللاھ ئۆز كىتابىدا تەيىن قىلىپ بەرگەن ئىسلام قانۇنىغا بىنائەن ھايات كەچۈرۈشتۇر.

دېمەككى، پۈتكۈل ئىنسانىيەت ئۆز تۇرمۇشى ئۈچۈن دەل مۇشۇ كىتاپنى ھاكىم قىلىپ، تۇرمۇشتىكى چوڭ ـ كىچىك بارلىق مەسىلىلەرنى ئۇنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە بىر تەرەپ قىلىشى لازىم. ئەگەر ئۇنداق بولمايدىكەن، زېمىننى پىتنە - پاسات قاپلاپ، بەختسىزلىك ئىنسانلارنىڭ ئورتاق قىسمىتىگە ئايلىنىدۇ. نىجاسەت كەلكۈنلىرىنىڭ ئىچىدە قېلىپ، ئاللاھقا ئەمەس، ئۆز نەپسى - خاھىشىغا ئەگەشىدىغان جاھالەتنىڭ مەھكۇمىغا ئايلىنىشقا توغرا كېلىدۇ.

**فَإِن لمْ يَسْتَجِيبُوا لَكَ فَاعْلَمْ أنمَا يَتبِعُونَ أَهْوَاءهُمْ وَمَنْ أَضَل مِمن اتبَعَ هَوَاهُ بِغَيْرِ هُدًى منَ اللهِ إِن اللهَ لَا يَهْدِي الْقَوْمَ الظالِمِينَ**

*{ئەگەر ئۇلار تەلىپىڭنى ئورۇندىمىسا، بىلىپ قويغىنكى، ئۇلار پەقەت ئۆزلىرىنىڭ نەپسى خاھىشلىرىغىلا ئەگىشىدۇ. ئاللاھنىڭ ھىدايىتىنى قويۇپ ئۆز نەپسى خاھىشىغا ئەگەشكەن كىشىدىنمۇ ئازغۇن ئادەم بارمۇ؟ ئاللاھ ھەقىقەتەن زالىم قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ}.*[1]

ئاللاھنىڭ كىتابىنىڭ يوليورۇقىغا بىنائەن ئىش تۇتۇش قانداقتۇر مۇستەھەب ياكى ئىختىيارى ئەمەل بولماستىن، بەلكى ئىماننىڭ تۈپ ئاساسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇ بولمىسا، ئىمانمۇ بولمىغان بولىدۇ.

**وَمَا كَانَ لِمُؤْمِنٍ وَلَا مُؤْمِنَةٍ إِذَا قَضَى اللهُ وَرَسُولُهُ أَمْرًا أَن يَكُونَ لَهُمُ الْخِيَرَةُ مِنْ أَمْرِهِمْ**

*{ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ رەسۇلى قارار قىلىپ بولغان ئىشتا، ھەر قانداق بىر ئەر ياكى ئايال مۆمىننىڭ ئۆز ئىختىيارى بويىچە ئىش تۇتۇشقا ھەققى بولمايدۇ}.*[2]

**ثُم جَعَلْنَاكَ عَلَى شَرِيعَةٍ منَ الْأَمْرِ فَاتبِعْهَا وَلَا تَتبِعْ أَهْوَاء الذِينَ لَا يَعْلَمُونَ، إِنهُمْ لَن يُغْنُوا عَنكَ مِنَ اللهِ شَيئًا وإِن الظالِمِينَ بَعْضُهُمْ أَوْلِيَاء بَعْضٍ وَاللهُ وَلِي الْمُتقِينَ**

---

[1] سۈرە قەسەس، 50 ـ ئايەت

[2] سۈرە ئەھزاب، 36 ـ ئايەت

{ئاندىن بىز سېنى (ئى مۇھەممەد !) دىن ئىشىدا، روشەن بىر يولدا (شەرىئەت قانۇنىدا) تۇرغازدۇق، سەن ئاشۇ يولغا ئەگەشكىن، بىلمەيدىغانلارنىڭ نەپسى خاھىشىغا ئەگەشمىگىن، شۈبھىسىزكى، ئۇلار ئاللاھنىڭ ئازابىدىن ھېچ نەرسىنى سېنىدىن دەفئي قىلىشىپ بېرەلمەيدۇ. شەكسىزكى، زالىملارنىڭ ھەممىسى بىر ــ بىرىگە دوستتۇر، ئاللاھ تەقۋادارلارنىڭلا دوستىدۇر}.[1]

دېمەك، بۇ يالغۇز ئىسلام ئەقىدىسىگىلا ئەمەس، پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ بەخت ــ سائادىتىگىمۇ مۇناسىۋەتلىك زور ئىش. ئاللاھنىڭ مەخلۇقاتلىرىدىن ئىبارەت بۇ ئىنسانىيەت ئۆز فىترىتىنىڭ سىرىنى ئېچىشتا تاكى كائىناتنىڭ ياراتقۇچىسى بەخش ئەتكەن ئاچقۇچنى ئىشلەتمىگىچە ھەرگىز مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمايدۇ. ئىنسانلارنىڭ بارلىق دەرت ـ ئەلەم، ھەسرەتلىرىگە ئاللاھ ئاتا قىلغان مۇشۇ رېتسىپلا شىپا بولالايدۇ. شۇنىسى ئېنىقكى، ئاللاھۇ تائالا بارلىق تۈگۈنلەرنىڭ يېشىمىنى، بارلىق ئەلەملەرنىڭ شىپاسىنى دەل مانا بۇ ئىسلام قانۇنىغا مۇجەسسەملەشتۈرگەن.

**وَنُنَزِّلُ مِنَ الْقُرْآنِ مَا هُوَ شِفَاءٌ وَرَحْمَةٌ لِلْمُؤْمِنِينَ وَلَا يَزِيدُ الظَّالِمِينَ إِلَّا خَسَارًا**

{بىز قۇرئاندىن نازىل قىلىش بىلەن ئىمان ئېيتقۇچىلارغا شىپا ھەم رەھمەتنى نازىل قىلىۋاتىمىز، ئەمما زالىملار ئۇچۇن ئۇنىڭدا زىياننى ئاۋۇتۇشتىن باشقا ھېچ نەرسە بولمايدۇ}.[2]

**إِنَّ هَذَا الْقُرْآنَ يَهْدِي لِلَّتِي هِيَ أَقْوَمُ**

{شەكسىزكى، بۇ قۇرئان توپ ــ توغرا يولغا باشلايدۇ}.[3]

ئىنسانلارنىڭ ئەجەبلىنەرلىك يېرى شۇكى، ئاچالمىغان قۇلۇپنى قۇلۇپچىنىڭ يېنىغا ئېلىپ باراي دېمەيدۇ. كېسەللىكلەرگە مەسلىھەت ئېلىشتا، ھەتتا كېسەللىكنىڭمۇ ياراتقۇچىسى بولغان زاتقا مۇراجىئەت قىلاي دېمەيدۇ. ئۆزىنىڭ ئىنسانىي مەرتىۋىسى ۋە بەخت ــ سائادىتى قاتارلىق ئەھمىيەتلىك مەسىلىلەرگىمۇ كۆندىلىك تۇرمۇشتا ئىشلىتىلىدىغان ئېلېكتىر، ماشىنا، ئۈسكۈنىلەرگە تۇتقانچىلىك ئاددى، توغرا، تەبىئىي پوزىتسىيە تۇتاي دېمەيدۇ. ئومۇمەن كىشىلەر ماشىنا، زاپچاسلىرىنى رېمونت قىلدۇرۇش ئۇچۇن كارخانا ئېنژېنېرلىرى ئالدىغا ياكى شۇ ئۈسكۈنىنى ياسىغان ئۇستىنىڭ ئالدىغا يۈگرەيدۇ. ئەمما ئۆز نەپسىنى (يەنى مەنىۋىيتىنى) ئىسلاھ قىلىشتا شۇ ئاددى ئۇسۇلنى قوللىنىپ، نەپسىنى ياساپ چىققان كارخانىغا باراي دېمەيدۇ، ئاشۇنداق ئەھمىيەتلىك مەسىلىدىمۇ بارلىقنى ياراتقان زاتقا مۇراجىئەت قىلاي دېمەيدۇ، ھالبۇكى، بۇ ئۇلۇغ ئادەم مېخانىزمى شۇ قەدەر قىممەتلىك ۋە شۇ

---

[1] سۈرە جاسىيە، 18 ــ ۋە 19 ــ ئايەت

[2] سۈرە ئىسرا، 82 ــ ئايەت

[3] سۈرە ئىسرا : 9 ــ ئايەت

قەدەر نەپس، ئىنچىكە ئىكەنكى، ئۇنىڭ نازۇك ئىچكى تۇيغۇلىرىنى ئۇنى ياساپ چىققان زاتلا پىششىق بىلىدۇ.

ِإنُه عَلِيمٌ ِبذَاتِ الصدُورِ، أَلاَ يَعْلَمُ مَنْ خَلَقَ وَهُوَ اللطِيفُ الْخَبِيرُ

{ئاللاھ ھەقىقەتەن دىللاردىكى سىرلارنى بىلگۈچىدۇر. ئۇنى ياراتقان زات بىلمەمدۇ؟ ئۇ ھەممىنىڭ ئىنچىكە تەرەپلىرىنى بىلگۈچى، ھەممىدىن خەۋەردار زاتتۇر}.[1]

بۇ گاڭگىرىغان بىچارە، ئازغۇن ئىنسانىيەتنىڭ بەختسىزلىكى دەل ئەنە شۇ سەۋەبتىن باشلانغان. ئۇلارغا نىسبەتەن ھىدايەت ھەم بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشىشنىڭ بىرلا چارىسى بار. ئۇ بولسىمۇ، خۇددى ماشىنا، ئېلېكتىر ئۈسكۈنىلەرنى رېمونت قىلىش ئۈچۈن زاۋۇت ـ كارخانىغا ياكى ياسىغۇچى ئىنژېنېرنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بارغىنىغا ئوخشاش ئۆزىنىڭ ئىنسانىي تەبىئىتىنىمۇ دەل ئۇنى ياراتقان زاتنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىشتۇر.

ھەقىقەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئىسلام دىنىنىڭ ھاكىمىيەت ئورنىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش پۈتكۈل ئىنسانىيەت تارىخىغا نىسبەتەن تارىختىكى ئەڭ ئېغىر پاجىئە ۋە ئەڭ ئېغىر يوقۇتۇش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئىلگىرى ئىنسانىيەت دۇچ كەلگەن جىمىكى پاجىئەلەرگە سېلىشتۇرغاندا، تېخىمۇ چوڭ تالاپەتلىك ئاپەت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ھالبۇكى، پۈتكۈل دۇنيانىڭ ئىجتىمائىي تۈزۈملىرى نابۇت بولغان، ئىنسان ھاياتى گويا جەھەننەمگە ئايلانغان، ئىنسانىي قەدىر ـ قىممەت ۋە توغرا ھۆكۈمرانلىق كېپەنلەپ تاشلىنىپ، ئۇنىڭ ئورنىنى رەزىل، مۇستەبىت كۈچلەر ئىگەللەپ، ئىنسانلارغا تۈگىمەس ـ پۈتمەس جەبىر ـ زۇلۇملارنى سېلىۋاتقان بىر مەزگىلدە ئىسلام دىنى ئىنسانىيەتكە رەھبەرلىك قىلىش ۋەزىپىسىنى ئۆز قولىغا ئالغان ئىدى.

ظَهَرَ الْفَسَادُ ِفي الْبر وَالْبَحْرِ ِبمَا كَسَبَتْ أَيْدِي الناس

{دېڭىز ۋە قۇرۇقلۇقتا يۈز بېرىۋاتقان بۇ ئاپەتلەر كىشىلەرنىڭ ئۆز قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىندۇر}.[2]

ئىسلام دىنى مانا بۇ قۇرئان كەرىمنى ھاياتلىق دەستۇرى قىلىش ئاساسىدا پۈتۈن دۇنياغا يېتەكچىلىك قىلىش ۋەزىپىسىنى تاپشۇرۇپ ئالدى. قۇرئان ۋە ئۇنىڭ تەلىماتلىرىنى ئاساس قىلغان شەرىئەتكە (يەنى قانۇنغا) تايىنىپ، دۇنياغا يېڭىچە بىر ھاياتلىق تەسەۋۋۇرى بەخش ئەتتى. ئۇنىڭ نەتىجىسىدە، ئىنسانىيەت ئۆزىنىڭ تەبىئىي تۇغۇلۇشىغا ئوخشمايدىغان يېڭىچە بىر شەكىلدە قايتا دۇنياغا ئاپىرىدە بولغاندەك بولدى. قۇرئان كەرىم ئىنسانلارغا كائىنات ھەققىدە، ئىنسانىي قەدىر ـ قىممىتى ۋە ھاياتى ھەققىدە، شۇنداقلا بارلىق تۇرمۇش مەسىلىلىرىنى تەرتىپكە سېلىشى ھەققىدە ئۆزگىچە بىر تەسەۋۋۇر ئاتا قىلدى. ھەممە يەنە

[1] سۈرە مەلىك، 13 ـ 14 ـ ئايەتلەر

[2] سۈرە رۇم : 41 - ئايەت

ئاشۇ تەسەۋۋۇر ئاساسىدا بىر ئىجتىمائىي جەمئىيەتنىمۇ ئەمەلىي مەيدانغا كەلتۈرۈپ بەردى. قۇرئان كەرىم ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن ئىجتىمائىي جەمئىيەتنى ئىلگىرى ئىنسانلار غايىۋى تەسەۋۋۇرلىرىغىمۇ سىغدۇرالمايتى. ئەگەر ئاللاھنىڭ خاھىشى بولمىغان بولسا، ئىنسانلارغا نىسبەتەن ئۇنچە يۈكسەك، ئۇنچە گۈزەل، ئاددى ھەم ماسلىشىشچان، ئېلاستىكىلىققا ھەم مۇتىدىللىققا ئىگە، ھەققانىيەتچىل، ئامىباپ جەمئىيەتنى تەسەۋۋۇر قىلىش زادىلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئەمما ئاللاھۇ تائالا قۇرئاننىڭ سايىسىدا، قۇرئان شەرىئىتى ئاساسىدا، ئىسلام قانۇنى ئاستىدا ئەنە شۇنداق ئېسىل جەمئىيەتنى بارلىققا كەلتۈرۈپ بەردى. لېكىن مىڭ ئەپسۇس، ئەمدىلىكتە بىزنى ھالاكەتلىك مەغلۇبىيەت بىلەن بىر تارىخىي پاجىئە ئۆز قوينىغا ئالدى. جاھالەتنىڭ باشقىچە شەكىل بىلەن دۇنيانى قايتىدىن ئاياق ئاستى قىلىۋېلىشىغا پۇرسەت يارىتىش ئۈچۈن، ئىسلام دىنىنىڭ ھاكىمىيەت ئورنى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. ئۇنىڭ ئورنىنى ئىگەللىگەن جاھالەت بۈگۈنكى كۈندە ”ماددىزم“ نامى بىلەن مانا ئالدىمىزدا تۇرۇپتۇ. ئىنسانلارمۇ ماددىزمغا خۇددى گۆدەك بالىلار رەڭلىك ئويۇنچۇقلارغا، ھەر خىل پال – پۇل كىيىم – كېچەكلەرگە مەھلىيا بولغاندەك، كۈنسېرى شەيدا بولماقتا. بۈگۈنكى مۇشۇ كۈنلەردە ئىنسانىيەتنىڭ بىر قىسىم ئەڭ قەبىھ دۈشمەنلىرى ئارىمىزدا ھەر خىل ھىيلە – نەيرەڭ، سۇيىقەستلەر بىلەن شۇغۇللىنىپ يۈرمەكتە. ئۇلار بىر قولىدا ماددىزمنى، يەنە بىر قولىدا ئىسلام قانۇنىنى كۆتۈرىۋېلىپ، دۇنيا ئىنسانلىرىغا: «بۇ ئىككىسىنىڭ بىرىنىلا تاللاش كېرەك، ياكى ئىسلام قانۇنىنى تاللاش بەدىلىگە دۇنيادىكى ماددى تەرەققىيات ئاسايىشلىرىدىن مەھرۇم بولماق لازىم ۋە ياكى ماددى تەرەققىياتنىڭ سەمەرىلىرىنى تاللاش بەدىلىگە ئىسلامدىن ۋاز كەچمەك لازىم» دەپ جار سالماقتا. بۇ ئەسلىدە ئىسلام دىنىغا، جۈملىدىن بارلىق ئىنسانىيەتكە قارشى ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ئەڭ رەزىل سۇيىقەست بولۇپ، رېئاللىق دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە.

ئىسلام قانۇنى ھەرگىزمۇ ئىنسانلارنىڭ ماددى تەرەققىياتىغا قارشى ئەمەس، بەلكى ئۇ تەرەققىياتقا ھەيدەكچىلىك قىلىش بىلەن بىرگە، تەرەققىياتنىڭ يۈكسىلىشى ئۈچۈن بىر مەخسۇس يۆنىلىشنى بەلگىلەپ، شۇ ئارقىلىق ئىنسانىيەتنىڭ دۇنيادىكى خەلىپىلىكتىن ئىبارەت شەرەپلىك ۋەزىپىسىنى گۈزەل بىر ئۇسلۇبتا ئورۇنداپ كېتەلىشىگە ئاساس سالىدۇ.

ئىنسانلارنىڭ قەدرى – قىممىتى ئاللاھنىڭ خەلىپىلىك (يەنى نائىبلىق) مەرتىۋىسىنى ئاتا قىلىشى تۈپەيلىدىنلا باشقا بارلىق مەخلۇقلاردىن ئۈلۈغلانغان، ھەممە ئاشۇ ئۇلۇغ مەرتىۋىنىڭ مەسئۇلىيەتلىرىنى جايىدا ئورۇنداپ كېتەلىشىگە كېرەكلىك نۇرغۇنلىغان تالانت - ئىقتىدارلارنى ئاللاھ ئىنسان ۋۇجۇدىغا ئورۇنلاشتۇرغان. مەسئۇلىيەتنىڭ ئورۇندىلىشىغا ياردەمچى بولۇپ قىلىش ئۈچۈن، كائىنات قانۇنىيىتىنى چۈشىنىشكە ئاسان قىلىپ بەرگەن. ھەممە كائىنات بىلەن ئىنسانلارنىڭ يارىلىشىدا ئاللاھدا بىر تەخپۇخلۇقنى ئورنىتىپ، ئىنسانلارنىڭ دۇنيادا

ئۆزلۈكسىز روناق تېپىپ ياشاپ كېتەلىشى ۋە تۈرلۈك ئىش ــ ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىپ، يېڭىلىقلارنى مەيدانغا كەلتۈرەلىشىگە ئاساس سالغان. ئىنسانلارنىڭ بارلىق ھەرىكەت ـ پائالىيەتلىرى ئاللاھنىڭ خەلىپىسى بولۇش شەرتى دائىرىسىدە، ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى چىقىش قىلغان ئاساستا ئېلىپ بېرىلغاندىلا ئاندىن ئۇلار ياراتقان ھەر بىر ئىجادىيەت، ھەر بىر يېڭىلىق ئاللاھقا قىلىنغان ئىبادەت ۋە بەندىچىلىك بولۇپلا قالماستىن، يەنە ئاللاھنىڭ ئۇلۇغۋار ئىنئام ــ ئىكراملىرىغا تەشەككۇر بىلدۈرۈشنىڭ ۋاستىسىگىمۇ ئايلىنىدۇ. شۇنىسى ئېنىقكى، ئىسلام قانۇنىنى تارازىنىڭ بىر پەللىسىگە، ماددى تەرەققىياتنى بولسا، يەنە بىر پەللىسىگە قويۇۋاتقانلارنىڭ ھەممىسى گاڭگىراش ۋە تېڭىرقاش ئىلكىدىكى ئىنسانلارنىڭ يەڭلىرىگە يوشۇرۇنغان، ئەسلىدىنلا نىيىتى بۇزۇق، رەزىل يىلانلاردۇر. ھەر قانداق بىر گاڭگىرىغان ئىنسان بۇ گۇمراھلىق ۋە خار ــ زەبۇنلۇق ئارىسىدىن قۇتۇلۇپ چىقىش نىيىتىدە كۆيۈمچان ئاگاھلاندۇرغۇچىلارنىڭ شىپالىق نەسىھەتلىرىنى ئاڭلاپ، ئاللاھنىڭ رەھمىتى ئېتىكىدە خاتىرجەملىكنى تېپىشقا تەمشەلگەن ھامان، يەڭ ئىچىدىكى بۇ ئالۋاستى، يىلانلار ئۇنىڭ يولىنى توراشقا باشلايدۇ.

يەنە بىر قىسىم كىشىلەرمۇ باركى، گەرچە ئۇلارنىڭ ئىمان ـ ئىخلاسىنى تۆۋەن چاغلىغىلى بولمىسىمۇ، ئەمما ئۇلار مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنىڭ توغرا يولىنى تاپالمىغان، ئۇلارنىڭ نەزەرلىرى مەسىلىلەرنىڭ تەكتىگە شۇڭغىيالمىغان، تەبىئىي بايقاش ۋە ماددى تەرەققىياتنىڭ يالت ــ يۇلت چاقناشلىرى ئۇلارنىڭ كۆزلىرىنى خىرەلەشتۈرۈۋەتكەن. ئىنسانلارنىڭ ماددى دۇنيادىكى مىسلىسىز ئۇتۇقلىرى ئۇلارنى ئەيمەندۈرۈۋەتكەن. ھەيرانلىق ۋە ئەيمىنىش ئۇلارنىڭ تۇيغۇلىرىنىڭ ئاجرىماس قىسمىغا ئايلىنىپ كەتكەن. نەتىجىدە، ئۇلار تەبىئەت قانۇنى بىلەن ئىسلام قانۇنىنى بىر ــ بىرىدىن ئايرىپ قارىغان.

ئۇلار: «بۇ ئىككى خىل كۈچنىڭ ئىنسان ھاياتىدىكى تەسىرى بىلەن كائىناتتىكى تەسىرى بىر ــ بىرىدىن تامامەن پەرقلىنىدۇ. شۇڭلاشقا تەبىئەت قانۇنى ئۈچۈن بىر مەيدان، ئىسلام قانۇنى ئۈچۈن ئايرىم بىر مەيدان ھازىرلىنىشى لازىم. تەبىئەت قانۇنى ئىسلام قانۇنىنىڭ تەسىرىسىزمۇ ئۆز ۋەزىپىسىنى توغرا ئورۇنداپ كېتەلەيدۇ. ھەممىدە بەلگىلەنگەن نەتىجىنى قولغا كەلتۈرۈشكە كىشىلەرنىڭ مۇسۇلمان ياكى كاپىر بولۇشى، ئىسلام قانۇنىغا ئەگەشكەن ياكى خىلاپلىق قىلغان بولۇشى، تۇرمۇش مەسىلىلىرىدە ئاللاھنىڭ شەرىئىتى بويىچە ياكى باشقىلارنىڭ خاھىشى بويىچە ئىش تۇتقان بولۇشى ھېچ قانداق تەسىر كۆرسىتەلمەيدۇ» دېگەن تونۇشقا كەلگەن.

لېكىن بۇ ماھىيەتتە ناھايىتى خاتا كۆز قاراش بولۇپ، ئاللاھ بەلگىلىگەن ئىككى خىل قانۇنىيەتنى بىر ــ بىرىدىن ئايرىپ تاشلاشقا ئۇرۇنغانلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ھالبۇكى، بۇ ئىككى قانۇن ھەرگىزمۇ بىر ــ بىرىدىن ئايرىلالمايدۇ. ھەقىقەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئىسلام قانۇنى ئاللاھنىڭ كائىناتتىكى ئومۇمى قانۇنىيەت سىستېمىسىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمىدۇر. نەتىجە جەھەتتىمۇ ئىسلام قانۇنى بىلەن تەبىئەت قانۇنى بىر ــ بىرى بىلەن مەھكەم

گىرەلىشىپ كەتكەن. شۇڭلاشقا ھەر قانداق بىر مۆئمىننىڭ ئىدىيە، تەسەۋۋۇرى ۋە ھېس تۇيغۇلىرىدا بۇ ئىككى كۈچنىڭ بىر – بىرىدىن ئايرىلىپ قېلىشىغا ھېچ قانداق ئاساس يوق.

مانا بۇ، قۇرئاننىڭ سايىسىدا ھايات كەچۈرىۋاتقان مۇسۇلمانلارنىڭ قەلب، ئىدىيەلىرىدە قۇرئان كەرىم چوڭقۇر يىلتىز تارتقۇزۇۋاتقان توغرا ھاياتلىق تەسەۋۋۇرىدۇر.

قۇرئان كەرىم بۇ تەسەۋۋۇر ھەققىدە (يەنى، بۇ ئىككى كۈچنىڭ بىر – بىرىگە كۆرسىتىدىغان تەسىرى ھەققىدە) ئالاھىدە توختىلىدۇ ۋە سابىق ئىلاھىي كىتابلار ساھىبلىرىنىڭ يولسىزلىقى تۈپەيلىدىن ئاقىۋەتتە خارلىققا يۈزلەنگەنلىكىنى مىسال ئېلىپ مۇنداق دەيدۇ:

**وَلَوْ أن أَهْلَ الْكِتَابِ آمَنُواْ وَاتقَوْاْ لَكَفرْنَا عَنْهُمْ سَيئَاتِهِمْ وَلأدْخَلْنَاهُمْ جَناتِ النعِيمِ، وَلَوْ أنهُمْ أَقَامُواْ التوْرَاةَ وَالإِنجِيلَ وَمَا أُنزِلَ إِلَيهِم من ربهِمْ لأكَلُواْ مِن فَوْقِهِمْ وَمِن تَحْتِ أَرْجُلِهِم**

{ئەگەر ئەھلى كىتابلار (ئاسىيلىقنى تاشلاپ) ئىمان ئېيتقان بولسا، تەقۋالىقنى تاللىغان بولسا، بىز ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنى ئازلاپ، ئۇلارنى چوقۇم ناز- نېمەتلىك جەننەتكە كىرگۈزگەن بولاتتۇق. ئۇلار تەۋرات، ئىنجىلنى ۋە باشقا ئىلاھىي كىتابلارنى تۇرغۇزغان بولسا، ئۇلار ئۈچۈن رىزىقلار ئاسماندىن تۆكۈلۈپ، ئاياقلىرى ئاستىدىن قاينىاپ چىقىشقا باشلىغان بولاتتى}.[1]

قۇرئان كەرىم بۇ قاراشنى يەنىمۇ چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈش ئۈچۈن نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆز قەۋمىگە قىلغان ۋەدىسى ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

**فَقُلْتُ اسْتَغْفِرُوا رَبكُمْ إِنهُ كَانَ غَفارًا، يُرْسِلِ السمَاءَ عَلَيْكُم مدْرَارًا، وَيُمْدِدْكُمْ بِأَمْوَالٍ وَبَنِينَ وَيَجْعَل لكُمْ جَناتٍ وَيَجْعَل لكُمْ أَنْهَارًا**

{ئۇلارغا ئېيتتىم : پەرۋەردىگارىڭلاردىن مەغپىرەت تىلەڭلار، ئۇ ھەقىقەتەن مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر. ئۇ سىلەرگە مول يامغۇر ياغدۇرۇپ بېرىدۇ. سىلەرنىڭ ماللىرىڭلارنى ۋە پەرزەنتلىرىڭلارنى كۆپەيتىپ بېرىدۇ. سىلەرگە باغلارنى ئۈستۈرۈپ بېرىدۇ، ئۆستەڭلەرنى ئاقتۇرۇپ بېرىدۇ.}[2]

قۇرئان كەرىم يەنە ئىنسانلارنىڭ ۋاستىسى ئارقىلىق رويابقا چىقىرىۋاتقان بۇ تاشقى ھادىسات ئالەمى بىلەن ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدا ئاجايىپ گۈزەل بىر مۇناسىۋەتنى ئورنىتىپ، بۇ قاراشنى تېخىمۇ ئىلگىرى سۈرىدۇ.

**إِن اللّهَ لاَ يُغَيرُ مَا بِقَوْمٍ حَتى يُغَيرُواْ مَا بِأَنْفُسِهِمْ**

{ھەر قانداق بىر قەۋم ئالدى بىلەن ئۆز ھالىنى ئۆزگەرتمىگىچە ئاللاھ ئۇلارنىڭ ھالىنى ئۆزگەرتمەيدۇ.}[1]

---

[1] سۈرە مائىدە، 5 – ۋە 6 – ئايەتلەر.

[2] سۈرە نۇھ، 10 – دىن 12 – ئايەتكىچە.

كۆرۈپ تۇرۇپتىمىزكى، ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرۈش، ئىبادەتلەرنى توغرا ئادا قىلىش، ئاللاھنىڭ شەرىئىتى (يەنى قانۇنى)نى زېمىندا ئەمەلى يۈرگۈزۈش قاتارلىق ئىشلارنىڭ ھەممىسى ماھىيەتتە ئاللاھنىڭ ئالەم قانۇنىيىتىنى (يەنى تەبىئەت قانۇنىنى) ئىجرا قىلغانلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى ئۆز تەسرىنى كۆز ئالدىمىزدا روشەن ئەكس ئەتتۇرۇپ، بىزنىڭ نەزەرلىرىمىز ھەم تەجرىبىلىرىمىزدىن كېچە ــ كۈندۈز ئۆتۈپ تۇرىدىغان بۇ تەبىئەت قانۇنى قايسى بۆلاقتىن ئۇرغۇپ چىققان بولسا، ئىسلام قانۇنىمۇ دەل ئەنە شۇ بۆلاقتىن ئۇرغۇپ چىققان. ھەمدە خۇددى تەبىئەت قانۇنىغا ئوخشاشلا، ساناقسىز ئەجابى تەسىرلەرنى ئۇمۇ ئۆز قوينىغا ئالغان. ئەمما بەزى چاغلاردا بۇ بىر پۈتۈن سىستېمىغا سېلىنىۋاتقان ئاشۇ خىل بۆلگۈنچىلىككە قارىتا بىزنى خاتا تونۇشقا مۇپتىلا قىلىدىغان مەنزىرىلەرگىمۇ يولۇقۇپ قالىمىز، ئىسلام قانۇنىغا خىلاپلىق قىلىپ، پەقەتلا تەبىئەت قانۇنىغا ئەگىشىشمۇ غەلىبە قازىنىشقا كاپالەت بېرىۋاتقاندەك تۇيغۇ بېرىدۇ. شەكسىزكى، دەسلىۋىدە بۇ خىل بۆلگۈنچىلىكنىڭ تەسىرى ئالدىراپ كۆزىمىزگە چېلىقمىغىنى بىلەن، ئاقىۋەتتە چۇقۇم ئۆزىنى كۆرسەتمەي قالمايدۇ. بۇنىڭ ئەمەلي مىسالىنى دەل ئىسلام ئىجتىمائىي جەمئىيىتىمىزدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

مەسىلەن، ئىسلام قانۇنى تەبىئەت قانۇنى بىلەن تەڭ ئىلگىرى سۈرۈلگەن مەزگىللەردە جەمئىيىتىمىزمۇ ئوخشاشلا تەرەققى قىلغان ئىدى. بىراق بۇ ئىككى كۈچ ئوتتۇرىسىدا بۆلگۈنچىلىك پەيدا قىلىنغان كۈندىن تارتىپلا ئىسلام ئىجتىمائىي جەمئىيىتىمۇ چېكىنىشكە يۈزلەندى. ھەتتا تاكى بۈگۈنگە قەدەر بۇ ئىككى كۈچ ئوتتۇرىسىدىكى ئارىلىق قانچە ئۇزارغانسېرى ئىسلام جەمئىيىتىمىزمۇ شۇنچە زاۋاللىققا پېتىپ كېتىۋاتماقتا. ھالابۇكى بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە، بىزنىڭ چېكىنىشىمىز شۇ دەرىجىگە بېرىپ يەتتىكى، بىز مۇسۇلمانلار تەڭ بىرلا ۋاقىتتا ھەم ئىسلامىي قەدىر ــ قىممىتىمىزنى، ھەم تەبىئەت قانۇنىنىڭ ماددى تەرەققىياتىنى بىراقلا قولدىن بېرىپ قويدۇق.

ئەمدى غەرب مەدەنىيىتىگە نەزەر سالىدىغان بولساق، ئۇ گويا بىرلا قانىتىغا تايىنىپ كۆكتە پەرۋاز قىلىۋاتقان، يەنە بىر قانىتى ھەرىكەتسىز، يەرگە ساڭگىلىغان، ئۆزى ئاسماندا مۇئەللەق چولاق قۇشقا ئوخشايدۇ. غەرب مەدەنىيىتى ماددى ئىجادىيەت ساھاسىدە قانچە يۈكسەك پەللە ياراتقان بولسا، مەنىۋي مەدەنىيەت ۋە ئادىمىيلىك جەھەتتە شۇنچە چۈشكۈنلۈككە يولۇقتى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە، غەرب مەدەنىيىتىنىڭ ھەر بىر ئەزاسى مەنىۋى جەھەتتە چېچىلاڭغۇلۇق ۋە تۇراقسىزلىققا، خىلمۇ خىل روھىي، ئەخلاقىي ئىللەتلەرگە،

[1] سۈرە رەئىد، 11 ــ ئايەت

پسىخولوگىيىلىك ۋە نېرۋا خاراكتېرلىك كېسەللىكلەرگە گىرىپتار بولدى. بۇنى كۆرگەن پۇتكۇل غەرب مۇتەپەككۇرلىرى "ۋايجان!" دەۋەتمەي تۇرالمىدى.

كاشكى بۇ بەختسىز ئىنسانلار ئىسلام قانۇنى تەرەپكە بىر يۈزلىنىپ كۆرگەن بولسا، ئۆزىنىڭ نۆۋەتتىكى مەرەزلىرىگە شىپا تاپالىغان بولاتتى. چۈنكى ئاللاھ نازىل قىلغان بۇ قانۇن ئاللاھنىڭ كائىنات قانۇنىيىتىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى. بۇ قانۇنى ئىجرا قىلىشنىڭ ئىجابى تەسىرى كائىناتنىڭ ھەرىكەت پائالىيىتى بىلەن ئىنسانىيەتنىڭ ھەرىكەت پائالىيىتى ئوتتۇرىسىدا ئاجايىپ گۈزەل ھەمكارلىقنى پەيدا قىلىدۇ.

ئاللاھنىڭ قانۇنى دەل ئىماننىڭ سەمەرىسى ۋە نەتىجىسىدۇر. چۈنكى ئىمان ئۇنى تۇرغۇزۇشنىڭ ئاساسى. ئۇنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلىشى ئىسلام ئىجتىمائىي جەمئىيىتىنى تەشكىللەپ چىقىشنى مەقسەت قىلىدۇ. ئىسلام دىنىنىڭ بۇ پايانسىز كائىنات ھەققىدە ۋە ئۇنىڭدىكى ئىنسانلارنىڭ مەۋجۇتلىقى ھەققىدە ئوتتۇرىغا قويغان تەسەۋۋۇرى ئىنسانلارنىڭ قىممەت قارىشى ۋە ئەخلاق قارىشىغا يۈكسەكلىك، ۋىجدانىغا تەقۋالىق، ھېس - تۇيغۇلىرىغا پاكلىق، ئىش ـ ھەرىكەتلىرىگە مۇقىملىق بەخش ئېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، بىز ''ئىسلام قانۇنى'' ۋە ''تەبىئەت قانۇنى'' دەپ ئاتاۋاتقان بۇ بارلىق قانۇنلار ئوتتۇرىسىدا، جۈملىدىن ئاللاھنىڭ كائىناتتىكى سۈننەتلىرى ئوتتۇرىسىدا مۇكەممەل بىرلىك ۋە ھەمكارلىق ھاسىل بولىدۇ. ئەگەر ئىنسان كائىناتتىكى ئاساسى كۈچ دەپ قارىلىدىكەن، ئۇ چاغدا ئۇنىڭ ئىمانى (يەنى ئەقىدىسى، ئىدېئولوگىيىسى) ۋە ياخشى ئەمەللىرى، ئىبادەت ۋە باشقا پائالىيەتلىرىنىڭ ھەممىسى كائىناتقا ئىجابى تەسىرلەرنى كۆرسەتكۈچى تارماق كۈچلەر قاتارىدا سانىلىشى لازىم. بۇلار ھەرگىزمۇ ئاللاھنىڭ كائىناتنى ھەرىكەتكە سېلىۋاتقان سۈننەتلىرىدىن تاشقىرى ئەمەس. مانا بۇ كۈچلەر ئۆز ئارا ھەمكارلىشىپ، توغرا بىر شەكىلدە بىرلىككە كەلگەندە، ئاندىن ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ھەقىقى ماسلىششچانلىق ئىشقا ئاشىدۇ. ھەمدە ئۆزىنىڭ سەمەر باھارىنى مەيدانغا چىقىرىدۇ. ئەگەر ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىغا بۆلگۈنچىلىك سېلىنىدىكەن، ئۇ چاغدا كېلىپ چىقىدىغان قالايمىقانچىلىق ھەم گاڭگىراش نۇرغۇنلىغان ھالاكەتلىك نەتىجىلەرنى مەيدانغا كەلتۈرىدۇ. بارلىق ئىجتىمائىي تۈزۈملەر ئاستىن ـ ئۈستۈن بولۇپ، ئىنسانىيەت بەختسىزلىك ئاپەتلىرىگە دۇچار بولىدۇ.

ذَلِكَ بِأَنَّ اللّهَ لَمْ يَكُ مُغَيِّرًا نِّعْمَةً أَنْعَمَهَا عَلَى قَوْمٍ حَتَّى يُغَيِّرُواْ مَا بِأَنفُسِهِمْ

*{ئاللاھ ھەر قانداق بىر قەۋمگە ئاتا قىلغان نېمىتىنى تاكى ئۇلار ئۆز ھالىتىنى ئۆزگەرتمىگۈچە ھەرگىز ئۆزگەرتمەيدۇ.}*[1]

---

[1] سۈرە ئەنفال : 53 ـ ئايەت

دېمەك، ئالەمشۇمۇل ئىلاھىي سۈننەتلەر ئارقىلىق مەيدانغا كېلىدىغان تۈرلۈك ۋەقە، ھادىساتلار بىلەن ئىنسانىنىڭ ئىدىيە، ئەمەللىرى ئوتتۇرىسىدا ناھايىتى قويۇق، چوڭقۇر مۇناسىۋەت ئورنىتىلغان بولىدۇ. ئەگەر كىمكى بۇ مۇناسىۋەتنى بۇزماقچى بولىدىكەن، ئۇ دەل ئىلاھىي سۈننەتكە توسقۇنلۇق قىلماقچى بولۇۋاتقان، ئىنسانىيەتنىڭ دۈشمىنى بولۇپ سانىلىدۇ. كىشىلەرنى ھىدايەت نۇرى تەرەپكە كېلىشتىن توسۇۋاتقان بۇنداق ئىپلاسلارنى قوغلاپ بېرىپ، يول ئۈستىدىن ئىرغىتىپ تاشلاش پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ باش تارتىپ بولماس بۇرچى. شۇنداق قىلغاندىلا، ئىنسانلار ئۇدۇل پەرۋەردىگارى تەرەپكە بارىدىغان داغدام يولغا ئېرىشەلەيدۇ.

مانا بۇلار، بىر مەزگىل قۇرئاننىڭ سايىسىدا ھايات كەچۈرۈش جەريانىدا، قەلب لەۋھەمگە پۈتۈلگەن بىر نەچچە قۇر سۆزلەر. مەن ئۇنى قەغەز يۈزىگە كۆچۈرۈشتە: «بىرەرسىگە مەنپەئەتى تېگىپ قالار ياكى ھىدايەتكە سازاۋەر بولۇپ قېلىشىغا سەۋەبچى بولۇپ قالار» دېگەننىلا كۆزدە تۇتتۇم. ئەمىلىيەتتە، ئاللاھ خالىمىسا، قولۇمدىن ھېچ ئىش كەلمەيدۇ.

***********

# سۈرە فاتىھەگە بىر نەزەر

قىسقىچە يەتتە ئايەتتىن تەركىپ تاپقان بۇ كىچىك سۈرىنى ھەرقانداق مۇسۇلمان بىر سوتكىدا ئاز دېگەندە **17** قېتىم تەكرارلايدۇ. ئەگەر سۈننەت نامازلارنىمۇ ئوقۇسا، بۇ سان ھەسسىلەپ ئېشىپ كېتىدۇ، ناۋادا پەرز، سۈننەتلەردىن باشقا، نەفلە نامازلارنىمۇ ئوقۇيدىغان بولسا، ئۇ چاغدا بۇ سۈرىنى ساناقسىز قېتىم تەكرارلىغان بولىدۇ. بۇ سۈرە ئوقۇلمىغان ناماز ناماز بولمايدۇ. بۇخارى ۋە مۇسلىمنىڭ ئۇبادە ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلغان بىر ھەدىسىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «سۈرە فاتىھەنى ئوقۇمىغان كىشىنىڭ نامىزى ئىناۋەتسىز» دېگەنلىكى بايان قىلىنغان.

بۇ سۈرە ئىسلام ئەقىدىلىرىنىڭ تۈپ ئاساسلىرىنى، ئىسلام تەسەۋۋۇرىنىڭ ئومۇمىي پرىنسىپلىرىنى، ئىنساننىڭ ئاڭ، تۇيغۇ، قىزىقىشلىرىغا نىسبەتەن مۇھىم بولغان ئاساسلىق يوليورۇقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. دەل مۇشۇ ۋەجىدىن ئاللاھ تائالا نامازنىڭ ھەر بىر رەكئىتىدە ئۇنىڭ ئوقۇلۇشىنى مۇھىم قىلىپ بەلگىلىگەن، ھەمدە سۈرە فاتىھە ئوقۇلمىغان نامازنى ئىناۋەتسىز ھېسابلانغان.

بِسْمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحْمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

ٱلْحَمْدُ لِلَّهِ رَبِّ ٱلْعَٰلَمِينَ (٢) ٱلرَّحْمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ (٣) مَٰلِكِ يَوْمِ ٱلدِّينِ (٤) إِيَّاكَ نَعْبُدُ
وَإِيَّاكَ نَسْتَعِينُ (٥) ٱهْدِنَا ٱلصِّرَٰطَ ٱلْمُسْتَقِيمَ (٦) صِرَٰطَ ٱلَّذِينَ أَنْعَمْتَ عَلَيْهِمْ غَيْرِ
ٱلْمَغْضُوبِ عَلَيْهِمْ وَلَا ٱلضَّآلِّينَ (٧)

*ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن[1].*
*جىمى ھەمدۇ سانا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھقا خاستۇر. (2) ئاللاھ ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىباندۇر. (3) قىيامەت كۈنىنىڭ ئىگىسىدۇر. (4) (رەببىمىز) ساڭىلا ئىبادەت قىلىمىز ۋە سەندىنلا ياردەم تىلەيمىز. (5) بىزنى توغرا يولغا باشلىغىن. (6) غەزىپىڭگە يولۇققانلارنىڭ ۋە ئازغانلارنىڭ يولىغا ئەمەس، سەن ئىنئام قىلغانلارنىڭ يولىغا (باشلىغىن). (7)*

بۇ سۈرە ”بىسمىللاھ“ بىلەن باشلانغان بولۇپ، فىقھشۇناسلارنىڭ ئارىسىدا «”بىسمىللاھ“ مۇشۇ سۈرىنىڭ بىر ئايىتىمۇ ياكى ھەرقانداق سۈرە ئوقۇلىدىغان چاغدا بېشىدا ئوقۇلۇشى كېرەكلىك بولىدىغان پۈتۈن قۇرئان كەرىمنىڭ بىر ئايىتىمۇ؟» دېگەن مەسىلىدە ئوخشاش بولمىغان پىكىرلەر مەۋجۇت. ئەمما كۈچلۈك بولغىنى شۇكى، ”بىسمىللاھ“ سۈرە فاتىھەنىڭ بىر ئايىتى بولۇپ، شۇنى قوشقاندا سۈرە فاتىھەنىڭ ئايەت سانى جەمئىي يەتتە بولغان بولىدۇ.

قۇرئان كەرىمدە: «وَلَقَدْ آتَيْنَاكَ سَبْعًا مِنَ الْمَثَانِي وَالْقُرْآنَ الْعَظِيمَ» «بىز ساڭا قايتا ـ قايتا تەكرارلىنىپ تۇرىدىغان يەتتە ئايەتنى ۋە ئۇلۇغ قۇرئاننى ئاتا قىلدۇق»❶ دېيىلگەن بولۇپ، ئۇنىڭغا قارىتا، «بۇ ئايەتتە كۆزدە تۇتۇلغىنى سۈرە فاتىھەدۇر. چۈنكى ئۇنىڭ ئايەت سانى يەتتە ھەمدە نامازدا كۆپ تەكرارلىنىدىغانلىقى ئۈچۈن "مەسانى" دەپ ئاتالغان» دېگەن بىر قاراش مەۋجۇت.

«بىسمىللاھ» بىلەن باشلاش، ئاللاھ تائالا ۋەھيي ئەۋەتىشنى باشلىغان چاغدا «اقْرَأْ بِاسْمِ رَبِّكَ...» «ئوقۇ! يەرۋەردىگارىڭنىڭ ئىسمى بىلەن...»❷ دەپ، ئۆز پەيغەمبىرىگە ئۆگەتكەن ئەدەپلەرنىڭ بىرسى، شۇنداقلا خۇددى: «هُوَ الْأَوَّلُ وَالْآخِرُ وَالظَّاهِرُ وَالْبَاطِنُ» «ئەنە شۇ ئاللاھ ئەۋۋەلدۇر، ئاخىردۇر، ئاشكارىدۇر ۋە مەخپىيدۇر»❸ دېيىلگىنىدەك، ئىسلام تەسەۋۋۇرىغا ۋە ئاساسلىق ئەقىدىلىرىگە ئۇيغۇن ئەدەپلەرنىڭمۇ بىرسى. چۈنكى پەقەت ئاللاھ تائالا بەرھەق مەۋجۇتلۇق ۋە ھەقىقىي ۋۇجۇد ئىگىسى. باشقا پۈتۈن مەۋجۇداتلار ئۇنىڭدىن ۋۇجۇد ئالىدۇ، ھەممە نەرسىنىڭ باشلىنىشى ئۇنىڭدىنلا بولۇشى لازىم. شۇڭلاشقا مۇسۇلمانلار ھەرقانداق باشلىنىشنى ۋە ھەرقانداق بىر ھەرىكەتنى ئۇنىڭلا نامى بىلەن باشلايدۇ.

ئاللاھ تائالانىڭ ئەڭ دەسلەپ كەلگەن "رەھمان" ۋە "رەھىم" دېگەن بۇ ئىككى سۈپىتى رەھىم - شەپقەتنىڭ پۈتۈن مەنىلىرىنى ۋە بارلىق خاراكتېرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. خۇددى "رەھمان" دېگەن سۈپەت يالغۇز ئاللاھقىلا ئىشلىتىشكە خاس بولغاندەك، بۇ ئىككى سۈپەتنى بىرلەشتۈرۈپ ئىشلىتىشمۇ يەنىلا پەقەت ئاللاھقا خاس بولىدۇ. گەرچە بىرەر ئىنساننى "رەھىم" دەپ سۈپەتلىشىمىز جائىز بولسىمۇ، ئەمما "رەھمان" دەپ سۈپەتلىشىمىز ئىمانىي نۇقتىدىن قەتئىي جائىز ئەمەس. شۇڭلاشقا "رەھمان" ۋە "رەھىم" دېگەن بۇ ئىككى سۈپەتنى بىرلىكتە ئاللاھقىلا ئىشلىتىش لازىم.

ئەمدى «بۇ ئىككى سۆزدىن زادى قايسىسىنىڭ مەنىسى تېخىمۇ كەڭ؟» دېگەن مەسىلە ھەققىدىكى ئىختىلاپلىق قاراشلارغا كەلسەك، بىز بۇ "قۇرئاننىڭ سايىسىدا" ئۇنداق تالاش - تارتىشلارغا ئانچە قىزىقىپ يۈرمەيمىز. خۇلاسىلەپ شۇنى ئېيتىپ قويىمىزكى، بۇ ھەر ئىككى سۈپەت رەھىم - شەپقەت ۋە مېھرىبانلىقنىڭ پۈتۈن خۇسۇسىيەتلىرىنى ۋە بارچە مەنىۋىي كەڭلىكلىرىنى تەڭلا ئۆز قوينىغا ئالغان.

سۆزنى: "بىسمىللاھ" بىلەن باشلاش، ئاللاھنىڭ ئۇلۇغلىقىنى ۋە بىرلىكىنى ئىپادىلەش بىلەن بىرگە، ئىسلامىي ھايات تەسەۋۋۇرىنىڭ تۇنجى ئاساسى بولغىنىدەك، رەھىم - شەپقەتنىڭ پۈتۈن خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن پۈتۈن مەنىۋىي دائىرىسىنى "رەھمان" ۋە "رەھىم" دېگەن ئىككى سۈپەتنىڭ ئىچىگە مۇجەسسەملەشتۈرۈشمۇ ئىسلامىي ھايات تەسەۋۋۇرىنىڭ ئىككىنچى تۈپ ئاساسى بولۇپ، بۇ ئارقىلىق بەندە بىلەن خۇدا ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ ھەقىقىي خاراكتېرى ئىپادىلەنگەن بولىدۇ.

---

❶ سۈرە ھىجىر، 87 - ئايەت

❷ سۈرە ئەلەق، 1 - ئايەت

❸ سۈرە ھەدىد، 3 - ئايەت

## ھەمد

سۈرە ‹‹بىسمىللاھ›› بىلەن باشلانغاندىن كېيىن، ئەمدىلىكتە ئىنساننىڭ دىققىتى ئاللاھ تائالاغا مەركەزلىشىدۇ. «اَلْحَمْدُ لِلّٰهِ رَبِّ الْعَالَمِينَ» ‹‹جىمى ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھ غا خاستۇر›› دېگىنىچە، ئۇنى مەدھىيىلەپ، ئۇنىڭ پۈتۈن كائىنات ئۈستىدىكى ئالەمشۇمۇل رەبۇبىيىتىنى جاكارلاشقا باشلايدۇ.

ئاللاھنى مەدھىيىلەش، ئاللاھ تىلغا ئېلىنغان ھامان ھەرقانداق مۆمىننىڭ قەلبىدە مەۋج ئۇرۇشقا باشلايدىغان بىر تۇيغۇ بولۇپ، ئۇ مۆمىننىڭ قەلبىدە دائىم جۇش ئۇرۇپ تۇرىدۇ. چۈنكى ئىنساننىڭ مەۋجۇتلىقىنىڭ ئېپتىداسىمۇ ئاللاھنىڭ چەكسىز نېمەت، ئىكراملىرىدىن بىرسى بولۇپ، ئۇ مۆمىننىڭ قەلبىدە ئاللاھنىڭ ھەمدى - ساناسىغا بولغان ھېسسىياتنى ئۇرغۇتۇش رولىنى ئوينايدۇ.

ئاللاھنىڭ نېمەتلىرى ھەر بىر قەدەمدە ۋە ھەر بىر لەھزىدە ئۈزۈلمەستىن، ئارقىمۇ ئارقا كېلىپ تۇرماقتا، ئاللاھنىڭ پۈتۈن مەخلۇقاتلىرىنى، بولۇپمۇ پۈتۈن ئىنسانىيەتنى بەھرىمەن قىلماقتا. شۇڭلاشقا ھەرقانداق ئىشنى ئاللاھقا مەدھىيە ئوقۇش بىلەن باشلاش ۋە ھەمدى - سانا ئېيتىش بىلەن تاماملاش ئىسلامىي ھايات تەسەۋۋۇرىنىڭ ئەڭ مۇھىم ئاساسلىرىنىڭ بىرسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

«وَهُوَ اللّٰهُ لَا إِلٰهَ إِلَّا هُوَ لَهُ الْحَمْدُ فِي الْأُولٰى وَالْآخِرَةِ» ‹‹ئەنە شۇ ئاللاھدۇركى، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ مەبۇد بەرھەق يوقتۇر، دۇنيادىمۇ ۋە ئاخىرەتتىمۇ جىمى ھەمدۇسانا ئۇنىڭغا خاستۇر››.❶

ئاللاھ تائالانىڭ مۆمىن بەندىسىگە بولغان پەزلى، ئىكرامىغا قارىمامدىغان؟! بەندە ئېغىزىدا «اَلْحَمْدُ لِلّٰهِ» ‹‹جىمى مەدھىيە ئاللاھقا خاستۇر›› دېگەن ھامان ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ نامە - ئەمالىغا جىمى ياخشىلىقلاردىنمۇ ۋەزىنلىك بىر ياخشىلىق يازىدۇ. ئىبنى ماجەنىڭ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلغان بىر ھەدىسىدە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ‹‹ناۋادا بىر كىشى ئاللاھ تائالاغا مەدھىيە ئوقۇپ، **"يا رب لك الحَمْدُ كما ينبغي لجلال وجهك وعظيم سلطانك"** ‹‹ئى پەرۋەردىگارىم! ساڭا جامالىڭنىڭ ئۇلۇغلىقىغا يارىشا ۋە سەلتەنىتىڭنىڭ بۈيۈكلىكىگە يارىشا مەدھىيىلەر بولسۇن›› دېسە، پەرىشتىلەر قاتتىق ھەيرانلىقتا قېلىپ، بۇ ئىشنى زادى قانداق يېزىشنى بىلەلمەي قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاللاھنىڭ ئالدىغا بېرىپ: ‹‹ئى ئاللاھ! سېنىڭ

❶ سۈرە قەسەس، 70 - ئايەت

بەندەڭ شۇنداق بىر سۆزنى قىلدىكى، بىز زادى نېمە دەپ يېزىشنى بىلەلمەي قالدۇق“ دەيدۇ. ئاللاھ پەرىشتىلەردىن: ”بەندەم نېمە دېگەن ئىدى؟“ دەپ سورايدۇ. پەرىشتىلەر: ”ئى پەرۋەردىگارىم! ساڭا جامالىڭنىڭ ئۇلۇغلىقىغا يارىشا ۋە سەلتەنىتىڭنىڭ بۈيۈكلىكىگە يارىشا مەدھىيىلەر بولسۇن“ دېگەن ئىدى، - دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئاللاھ تائالا ئۇلارغا: ”بەندەم نېمە دېگەن بولسا، شۇ پېتى يېزىپ قويۇڭلار، قىيامەت كۈنى ئۇ مەن بىلەن كۆرۈشىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئەجرىنى مەن ئۆزەم بېرىمەن“ دەپ بۇيرۇيدۇ».

دېمەك، ئاللاھقا ھەمدۇ ئېيتىش بىلەن يۈزلىنىش، ئاللاھنى ئەسلىگەن ھامان ھەرقانداق مۆئمىننىڭ قەلبىدە جۇش ئۇرىدىغان تەبىئىي تۇيغۇدۇر.

بۇ ئايەتنىڭ **«رَب الْعَالَمِينَ»** «ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى» دېگەن ئاخىرقى قىسمىمۇ ئىسلامىي ھايات تەسەۋۋۇرىنىڭ ئەڭ ئاساسلىق قائىدىلىرىدىن بىرسى بولۇپ، ئاللاھ تائالانىڭ ئالەمشۇمۇل مۇتلەق رەبۇبىيىتى بولسا، ئىسلام ئەقىدىسىنىڭ ئەڭ تۈپكى ئاساسىدۇر. ”رەب“ دېگەن سۆزنىڭ لۇغەت مەنىسى، خوجايىن ۋە باشقۇرغۇچى دېگەننى بىلدۈرگەنگە ئوخشاش، تۈزەش ۋە تەربىيىلەش بىلەن شۇغۇللانغۇچىمۇ ئەرەب تىلىدا ”رەب“ دەپ ئاتىلىدۇ. ئاللاھنىڭ تۈزەش ھەم تەربىيىلەش يولىدىكى باشقۇرۇشى پۈتۈن جاھاننى ۋە پۈتۈن مەخلۇقاتلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. چۈنكى ئاللاھ تائالا مەخلۇقاتلارنى يارىتىپ بىكارچە تاشلاپ قويغان ئەمەس. بۇ پۈتۈن كائىناتنى پەقەت ئاللاھلا باشقۇرىۋاتماقتا ۋە تۈزەۋاتماقتا، ئۇنى كۆزىتىپ، ئىزچىل رىزىقلاندۇرماقتا، پۈتكۈل جاھاننىڭ ۋە مەخلۇقاتلارنىڭ پەرۋىش قىلىنىشى ئاللاھنىڭلا نازارىتى ئاستىدا ئېلىپ بېرىلماقتا. ياراتقۇچى بىلەن مەخلۇق ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقە، مۇناسىۋەت ھەر لەھزىدە، ھەر قانداق ئەھۋالدا ۋە ھەرقانداق چاغدا تىكلىنىپ تۇرماقتا ھەم داۋام قىلماقتا.

بۇ مۇكەممەل، ھەممىنى ئۆز قوينىغا ئالغان تەۋھىد ئەقىدىسىنىڭ ئىزاھلىنىشى ۋە ئايدىڭلىنىشى بىلەن، ئايدىڭلانماسلىقى سەۋەبىدىن ئوتتۇرىغا چىقىپ قالىدىغان چېچىلاڭغۇ پىكىرلەر ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى ئايرىپ بېرىدىغان نۇقتا دەل مۇتلەق رەبۇبىيەتتۇر. رەبۇبىيەتلا بۇ ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىنى كەسكىن ھالدا ئايرىپ بېرىدۇ. كۆپ ھاللاردا كىشىلەر ئاللاھنىڭ بىرلىكىنى ۋە كائىناتنىڭ ياراتقۇچىسى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىپ تۇرۇپمۇ، يەنىلا قانچىلىغان ئىلاھ، رەبلەرگە قايىل بولىدىغان، ئۇلارنى ھاياتلىقتا ”ھۆكۈمران“ دەپ قوبۇل قىلىدىغان ئىشلار بولۇپ تۇرىدۇ ۋە بولۇپ تۇرماقتا. گەرچە بۇ قارىماققا شۇنچە كۈلكىلىك بىر ئەقىدە بولسىمۇ، يەنىلا بەزى كىشىلەر ھازىرغىچە شۇ خىل ئەقىدىنى ساقلاپ كەلمەكتە. قۇرئان كەرىم بىر قىسىم مۇشرىكلارنىڭ ئۆز ئىلاھلىرى ۋە رەبلىرىگە بولغان ئەشۇ خىل ئەقىدىلىرى ھەققىدە توختىلىپ، ئۇلارنىڭ **«مَا نَعْبُدُهُمْ إِلا لِيُقَرِّبُونَا**

**إِلَى اللَّهِ زُلْفَى»** *«بىزنىڭ ئۇلارغا ئىبادەت قىلىشىمىز پەقەت بىزنى ئاللاھقا يېقىنلاشتۇرۇشى ئۈچۈندۇر»*[1] دېيىشىدىغانلىقىنى، ئەھلى كىتابلارنىڭمۇ **«اتَّخَذُوا أَحْبَارَهُمْ وَرُهْبَانَهُمْ أَرْبَابًا مِنْ دُونِ اللَّهِ»** *«ئۇلار ئۆلىمالىرىنى ۋە راھىبلىرىنى ئاللاھدىن باشقا پەرۋەردىگار قىلىۋالغان»*[2] لىقىنى بايان قىلىپ بېرىدۇ.

قۇرئان نازىل بولۇۋاتقان زامانلاردىكى ئەرەب مۇشرىكلىرى بۈيۈك ئىلاھلىرى بىلەن بىرلىكتە كىچىك رەبلەرنىڭمۇ مەۋجۇتلۇقىغا قايىل ئىدى، ئۇلارنىڭ قارىشىچە، كىچىك رەبلەرمۇ بۈيۈك ئىلاھلار بىلەن خۇدالىق ئىشلىرىنى بىرلىكتە ئېلىپ باراتتى.

قىسقىسى، ئاللاھنىڭ ئالەمشۇمۇل رەبۇبىيىتىنى پۈتكۈل جاھان ئۈچۈن ئامىباپ، مۇكەممەل، ھەممىنى ئۆز قوينىغا ئالغان بۇنداق بىر شەكىلدە بايان قىلىشتىن مەقسەت، ئىسلامنىڭ نەزەرىيىۋىي بىر پۈتۈنلىكى بىلەن جاھىلىيەتنىڭ چېچىلاڭغۇ پىكىرلىرى ئوتتۇرىسىدا ئېنىق بىر چېگرا سىزىقى تارتىش ۋە بۇ ئارقىلىق پۈتۈن كائىناتنىڭ شۇنداقلا پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ بىرلا ئاللاھ تەرەپكە يۈزلىنىشىنى، ئۇنىڭلا ھاكىمۇتلەقلىقىنى قوبۇل قىلىشىنى ھەمدە بويۇنلىرىدىكى خىلمۇخىل ئەربابلار (يەنى خىلمۇخىل ئىلاھلار)نىڭ قۇللۇق تاقاقلىرىنى سۇندۇرۇپ تاشلاپ، ئۆزلىرى باشتىنلا مۇبتىلا بولۇپ كېلىۋاتقان پىكرىي ۋە ئىدىيىۋىي چېچىلاڭغۇلۇقلاردىن نىجاتلىق ھاسىل قىلىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىن ئىبارەتتۇر. مۇشۇنداق قىلغاندىلا، ئىنساننىڭ ۋىجدانى ئاللاھ تائالانىڭ دائىملىق نازارىتى ئاستىدا، شۇنداقلا ھېچ بىر زامان ئۈزۈلۈپ قالمايدىغان، ئەبەدىل ئەبەدكىچە تىكلىنىپ ھەم داۋام قىلىپ تۇرىدىغان مۇتلەق رەبۇبىيىتىنىڭ سايىسى ئاستىدا تولۇق قانائەت تاپىدۇ.

شۇنى ئەستە تۇتۇش كېرەككى، بۇ قانداقتۇر ئارىستوتىل ئوتتۇرىغا قويغان تەسەۋۋۇردىكىدەك رەبۇبىيەت ئەمەس. ئۇ: «ئاللاھ كائىناتنى يارىتىپ مۇنداقلا تاشلاپ قويغان، ئۇششاق ـ چۈششەك نەرسىلەرنى ئويلاپ نېمە كەپتۇ؟ ئاللاھنىڭ ئويلايدىغىنى ئۆز زاتىدىن باشقا نەرسە ئەمەس» دەيدۇ. مانا بۇ ”ئۇلۇغ پەيلاسوپ“ دەپ تونۇلغان، پەلسەپەسى ”قەتئىي ھەقىقەت“ دەپ قوبۇل قىلىنىدىغان، ئەقلى ”ئەقىلنىڭ كامالىتى“ دەپ ئېتىراپ قىلىنىدىغان كىشىنىڭ ئېغىزىدىن چىققان سۆزلەر.

ئىسلام تەلىماتى تېخى ئەمدىلا باشلانغان ئەشۇ مەزگىللەردە دۇنيادا ئەقىدە، ئېتىقاد، پىكىر، تەسەۋۋۇر، پەلسەپە، خۇراپاتلار دۆۋىلىشىپ كەتكەن بولۇپ، ھەق بىلەن باتىلنىڭ پەرقى يوق ئىدى. ياخشى بىلەن يامان ئايرىلمايتتى. خۇراپاتلار دىنىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىپ قالغان، ئېتىقاد ۋە پەلسەپە قالاقلىق بىلەن خۇراپىيلىقنىڭ يىغىندىسى بولۇپ قالغان، ئىنساننىڭ ئاڭ، ۋىجدانى ئەنە شۇنداق قالاق ئۆرپ ـ ئادەتلەرنىڭ قاتمۇ-قات ئاستىدا قېلىپ، ئىشەنچتىن مەھرۇم، شەك ـ گۇمانلارنىڭ قاراڭغۇلۇقلىرىدا تېڭىرقاشتا قېلىپ قالغان ئىدى.

---

[1] سۈرە زۇمەر، **3** ـ ئايەت

[2] سۈرە تەۋبە، **31** ـ ئايەت

نە كۆڭۈل ئاراملىقى يوق، نە توغرا يولنى كۆرسىتىدىغان نۇردىن دېرەك يوق، بۇ گاڭگىراش... بۇ سەرسانلىق... ئەسلىدە شۇ چاغدىكى كىشىلەرنىڭ ئىلاھقا بولغان خاتا تەسەۋۋۇرىدىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى. ئالەملەرنىڭ ئىلاھىنىڭ سۈپەتلىرى، ئۇنىڭ مەخلۇق بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى قاتارلىق مەسىلىلەر، بولۇپمۇ ئىنسان بىلەن ئىلاھ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ خاراكتېرى ھەمدە شۇ چاغدىكى پۈتۈن ئەقىدىلەر يۇقىرىقىدەك جاھالەت زۇلمىتىگە ۋە گۇمراھلىقلارغا يەم بولۇپ بولغان ئىدى.

شۇنىسى ئېنىقكى، ئىنساننىڭ ئۆز پەرۋەردىگارى ۋە ئۇنىڭ سۈپەتلىرى ھەققىدە بىر مۇقىم تەسەۋۋۇرغا ئىگە بولالىشى، شۇنداقلا ئەينى چاغدىكى گۇمراھلىق، سەرسانلىق، قالاقلىق ۋە خۇراپاتلىقنىڭ ئېغىر يۈكلىرىدىن قۇتۇلالىشى، مۇقىملىق ۋە خاتىرجەملىكنى قولغا كەلتۈرەلىشى، ئالدى بىلەن ئۆز ۋىجدانىنى كائىنات ھەققىدە، ئۆز ۋۇجۇدى ھەققىدە ھەمدە ئۆزى ئۇچۇن بەلگىلەنگەن بىر تۇرمۇش تۈزۈمى ھەققىدە تولۇق قانائەتلەندۈرمەي تۇرۇپ قەتئىي مۇمكىن ئەمەس. (شۇڭا ھەممىدىن ئىلگىرى ئىلاھقا بولغان تەسەۋۋۇرنىڭ ئىسلاھ قىلىنىشى ۋە يۇقىرىقى باتىل نەزىرىيىلەردىن نىجاتلىق تېپىشى ئىنتايىن مۇھىم).

ئىنسان ئۇ خىل پىكرىي چۇشكۈنلۈكنىڭ دۆڭ - چۇڭقۇرلىرىنى تولۇق بىلىپ يەتمەي تۇرۇپ، ھەمدە ئىسلام كەلگەن دەۋرلەردە ئىنسانلارنىڭ ئىددىيسىنى خاتا ئەقىدە، خاتا تەسەۋۋۇر، باتىل پەلسەپە، ناچار ئۆرپ - ئادەتلەرنىڭ نەقەدەر ئېغىر چىرماپ كەتكەنلىكىنى بىلمەي تۇرۇپ، بۇ ئەقىدە پاكلاشنىڭ ۋە بۇ ئەمىنلىكنىڭ قانچىلىك مۇھىملىقىنى ھېس قىلالمايدۇ. بىز بۇ يەردە شۇ ھەقتە يۈزەكى ئىشارە قىلىپلا ئۆتتۇق. ئەمما تەپسىلاتى ھەققىدە، قۇرئان ئەشۇ خىل تەسەۋۋۇرلار ھەققىدە توختالغان جايدا توختىلىپ ئۆتىمىز.

مانا بۇ ۋەجىدىن ئىسلام ھەممىدىن ئىلگىرى ئىسلام ئەقىدىلىرى ۋە ئىسلامنىڭ ئاساسى تەسەۋۋۇرلىرى ھەققىدە تەپسىلى توختالغان ھەمدە ئاللاھنىڭ زاتى، سۈپەتلىرىنى، ئۇنىڭ مەخلۇقاتلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى، شۇنداقلا مەخلۇقاتلارنىڭ ئۇ-ۆز ياراتقۇچىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ خاراكتېرلىرىنى قەتئىي ئىشەنچ ئاساسىدا ئېنىق مۇئەييەنلەشتۈرۈپ بەرگەن. دەل مۇشۇ سەۋەبتىن ئىسلامىي ھايات تەسەۋۋۇرىنىڭ ئاساسى خالىس، مۇكەممەل، ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، شېرىكچىلىكتىن پۈتۈنلەي پاك تەۋھىد ئەقىدىسى بولۇپ چىققان. ئىسلامنىڭ تەلىماتلىرىدا تەۋھىد ئىزچىل تۈردە ئايدىڭلاشتۇرۇپ بېرىلگەن. ئۇ ھەقتە پەيدا بولۇش ئىمكانى بولغان پۈتۈن شەك - شۈبھىلەر بىتچىت قىلىپ تاشلانغان. مۆئمىننىڭ بىرەر شەك - شوبھىگە مۇبتىلا بولماسلىقى ئۇچۇن تەۋھىد ئەقىدىسىنى ئىنتايىن ساپ، پاك ۋە روشەن بىر شەكىلدە مۆئمىن قەلبىگە سىڭدۈرگەن. ئاللاھنىڭ سۈپەتلىرى ۋە مۇتلەق رەبۇبىيەت سۈپىتى ھەققىدە ئىنتايىن كەسكىن، روشەن تەلىماتلارنى بەرگەن. چۈنكى خاتا پەلسەپە، ئاساسسىز نەزەرىيەلەرنىڭ ئىنتايىن كۆپ قىسمى مۇشرىكانە جاھالەت ۋە

خۇراپاتلاردىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، ئاللاھنىڭ سۈپەتلىرى ھەققىدە كىشىلەرنىڭ ئاڭ، ئىدىيەسىگە دەل ئەشۇ خاتا پەلسەپەلەر سىڭىپ كەتكەن ئىدى. ئىنسانىيەتنىڭ ۋىجدانىغا ۋە ئىنسانىي پائالىيەت ئەندىزىگە دەل ئەشۇ خىل تەسەۋۋۇرلار ئېغىر دەرىجىدە تەسىر يەتكۈزمەكتە ئىدى.

قۇرئاننىڭ ساناقسىز ئايەتلىرىدە بايان قىلىنغان ئاللاھنىڭ زاتى، سۈپەتلىرىنى، مەخلۇقاتلارنىڭ ئۇنىڭ بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ خاراكتېرىنى كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسىگە سىڭدۇرۇش ئۈچۈن ئىسلام كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقلارنى يۈزەكى مۇلاھىزە قىلىپ كۆرگەن كىشىلەر ناۋادا ئالدى بىلەن ئىنسانىيەتنىڭ ۋىجدانىنى ئېغىر بېسىم ئاستىغا ئېلىۋالغان باتىل پەلسەپىلەر بىلەن مۇشرىكانە نەزىرىيىلەرنى، شۇنداقلا پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ ئەنە شۇ نەزىرىيىلەر قوينىدا ئېزىقىپ يۈرىۋاتقانلىقىنى ئەستايىدىل مۇلاھىزە قىلمايدىكەن، قۇرئان كەرىمنىڭ مەزكۇر كۈرەشلىرىنى، ئەقىدە ھەققىدىكى تەكرار بايانلىرىنى، قايتىلانغان تەكىت ۋە چۈشەندۈرۈشلىرىنىڭ ھەقىقىتىنى ھەرگىز چۈشىنىپ يېتەلمەيدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە، قانداقلا كىشى ئەگەر قۇرئان نازىل بولۇۋاتقان دەۋردە ئەۋج ئالغان باتىل ئەقىدە، نەزەرىيەلەرنى چوڭقۇر مۇھاكىمە قىلىدىغانلا بولسا، ئىسلامنىڭ مەزكۇر تىرىشچانلىقلىرىنىڭ ھەقىقىتى، ئەھمىيىتى ۋە مۇھىملىقى ئۇنىڭغا ئوپ - ئوچۇق ئايدىڭلاشماي قالمايدۇ. ئۇ تەۋھىد ئەقىدىسىنىڭ ئىنساننىڭ ۋىجدانىي ئازاتلىقىدا زادى قانداق رول ئوينىغانلىقىنى چۈشىنىپ يېتەلەيدۇ. چۈنكى ئىنسان شۇ ئارقىلىقلا جاھالەت، خۇراپاتلىقلاردىن ۋە دەقيانۇسچە كۆپ ئىلاھلىق تەسەۋۋۇرلاردىن نىجاتلىققا ئېرىشكەن ئىدى.

قىسقىسى، ئىنسان ئالدى بىلەن ئەينى چاغدا دۇنيادا دەۋر سۈرۈۋاتقان باتىل تەسەۋۋۇرلارغا، خۇراپى ئەقىدە، ئەنئەنىلەرگە ياخشى قاراپ چىقمىغۇچە تەۋھىد ئەقىدىسىنىڭ گۈزەللىكىنى، مۇكەممەللىكىنى، ماسلىشىشچانلىقىنى، ئۇنىڭدا ئىپادىلەنگەن ھەقىقەتنىڭ ئاددىي - ساددا ھەم رېئاللىقىنى چۈشىنىپ يېتەلمەيدۇ. بولۇپمۇ، ئاللاھنىڭ ھەق زاتى، ئۇنىڭ دۇنيا بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ خاراكتېرى قاتارلىقلار ئالدى بىلەن مەزكۇر باتىل پىكىرلەرنى چوڭقۇر مۇھاكىمە قىلغاندىن كېيىن ئاندىن مەلۇم بولىدۇ. ئىسلام ھاياتلىق نەزەرىيەسىنىڭ ئەسلىدە بىر نېئمەت ئىكەنلىكى، قەلب، ئىدىيە (ھەر ئىككىلىسى) ئۈچۈن رەھمەت ئىكەنلىكى، ئۇنىڭ ئاددىي - ساددا ھەم گۈزەللىكىنىڭ ئىلاھى ئىنئام ئىكەنلىكى، ئۇنىڭ ئىنسان تەبىئىتى بىلەن بولغان ماسلىشىشچانلىقىنىڭ، ئەقىلگە ئۇيغۇنلىقىنىڭ، ئىنساننىڭ زېھنىگە يېقىنلىقى، تونۇشلۇقى، مۆتىدىل تەخپۇخلۇققا ئىگە ئىكەنلىكىنىڭ دەل ئاللاھ تائالانىڭ ئۆز بەندىلىرىگە قىلغان ئالاھىدە رەھمىتى ئىكەنلىكى ئايدىڭلىشىدۇ.

«ٱلرَّحۡمَـٰنِ ٱلرَّحِيمِ» «ئاللاھ ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىباندۇر» دېگەن بۇ ئىككى سۈپەت سۈرىنىڭ ئوتتۇرىدا بىر مۇستەقىل ئايەت تۈسىنى ئالغان بولۇپ، رەھىم - شەپقەتنىڭ بارلىق

مەنىلىرىنى، خاراكتېرلىرىنى ۋە پۈتۈن دائىرىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. بۇ يەردە قايتا تەكرارلىنىشتا، ئاللاھنىڭ ئالەمشۇمۇل رەبۇبىيەت سۈپەتلىرىنىڭ ئىنتايىن گەۋدىلىك تەرىپىنى نامايەن قىلىش ھەمدە يارىتقۇچى بىلەن مەخلۇقنىڭ، ئاللاھ بىلەن بەندىلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقە، مۇناسىۋەتنى تېخىمۇ كۈچەيتىش مەقسەت قىلىنغان. بۇ مۇناسىۋەت ئۆز خاراكتېرى نۇقتىسىدىن دەل رەھىم ـ شەپقەت مۇناسىۋىتى بولۇپ، ئۇ مۆئمىن قەلبىنى ئاللاھ تائالاغا ھەمدى ـ سەنا ئېيتىشقا ئۈندەيدۇ. بۇ دەل قەلب راھىتى ئۈستىگە قۇرۇلىدىغان، ئۇنىڭ يېپلىرى مۇھەببەتلىك يۈرەكلەرگە بېرىپ چېتىلىدىغان مۇناسىۋەتتۇر. شۇڭلاشقا **«الْحَمْدُ لِلَّهِ»** «*جىمى مەدھىيە ئاللاھقا خاستۇر*» دېگەنلىك، ئىنسان تەبىئىتىنىڭ ئاللاھنىڭ چەكسىز رەھىم ـ شەپقىتىگە جاۋابەن ياڭراتقان ساداسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئىسلامنىڭ ئىلاھ ۋە پەرۋەردىگار ھەققىدە ئوتتۇرىغا قويغان تەسەۋۋۇرى يۇنان پەلسەپىسى ئوتتۇرىغا قويغان "ئولىمپىك ئىلاھلار" تەسەۋۋۇرىغا قەتئىي ئوخشىمايدۇ. يۇنانلىقلارنىڭ تەسەۋۋۇرىغا ئاساسەن مەيلى تىنچلىق ياكى ئۇرۇش، ھەرقانداق پەيتتە تاش يۈرەك ئىلاھلار ئىنسانىنىڭ پېيىدىلا بولىدۇ. خۇددى بىر دۈشمەنگە ئوخشاش ئۆز بەندىلىرىنى پايلاپ يۈرىدۇ. ئىسلامدىكى ھەر ئىككى ئالەمنىڭ ئىلاھى بولسا، خۇددى ئىنجىلنىڭ قەدىمكى ئەھدىنامىسىدا رىۋايەت قىلىنغان ئەپسانىلەردىكىگە ئوخشاش ئىنسانغا ئۆچ ئېلىش مۇئامىلىسى تۇتمايدۇ. ئىنجىلنىڭ "سفرى تەكۋىن" (بىنا قىلىش) بۆلىمىنىڭ **11** ـ بابىدىكى بابىل شەھىرى ھەققىدە رىۋايەت قىلىنغان ھېكايە بۇنىڭ تىپىك مىسالى بولالايدۇ[1].

«مَـٰلِكِ يَوۡمِ ٱلدِّينِ» «*ھېساب كۈنىنىڭ ئىگىسىدۇر*» ـ بۇ ئايەتتە ئىسلامنىڭ پۈتۈن ئىنسانىيەت ھاياتىغا ئىنتايىن چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتىدىغان ئەڭ ئاساسىي پرىنسىپال ئەقىدىسى بايان قىلىنغان. بۇ يەردىكى " ئىگىسىدۇر" دېگەن سۆز ئىگىدارچىلىق ۋە ئىشغالىيەتنىڭ، باشقۇرۇش ۋە ھۆكۈمرانلىقنىڭ ئەڭ يۇكسەك دەرىجىسىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ.

---

[1] ئىنجىلدا مۇنداق دېيىلگەن: «پۈتۈن يەر يۈزىدە بىرلا تىل بولۇپ، ئىنسانلار بىرلا تىلدا سۆزلىشەتتى. ئۇلار شەرق تەرەپكە سەپەر قىلىپ كېتىۋاتقاندا "شەنئار" دېگەن رايوندا بىر مەيدان ئۇچرىدى ۋە شۇ يەردە ئولتۇراقلىشىپ قالدى. ئۇلار ئۆزئارا مەسلىھەتلىشىپ: "كېلىڭلار! كېسەك قۇيۇپ، ئوتتا راسا پىشۇرايلى" دېيىشتى. شۇنداق قىلىپ، شېغىل ئورنىغا لاي، تاش ئورنىغا خىش بولدى. ئاندىن ئۇلار: "كېلىڭلار! ئۆزىمىز ئۈچۈن بىر شەھەر ۋە چوققىسى ئاسمانغا تاقىشىدىغان بىر مۇنار ياسايلى، يەر يۈزىدە چېچىلىپ كەتمەسلىكىمىز ئۈچۈن ئۇنىڭدا ئۆزىمىزنىڭ نامىنى تىكلەيلى" دېيىشتى. خۇداۋەند ئادەم باللىرى ياساۋاتقان بۇ شەھەر بىلەن مۇنارنى كۆرۈش ئۈچۈن يەرگە چۈشتى ۋە: "قاراڭلار! بۇ كىشىلەر ئۆزىمۇ بىر ئىكەن، ھەممىسىنىڭ تىلىمۇ بىر ئىكەن، ئۇلار بۇ ئىشنى قىلىۋاتقان بولسا، ئەمدى ئىرادە قىلغان ھېچبىر ئىشنى قالدۇرۇپ قويمايدىغان بولىدۇ. شۇڭا كېلىڭلار بىز ئۇ يەرگە بېرىپ، ئۇلارنىڭ تىلىنى ئوخشىماس قىلىۋېتەيلى، ئۇلار بىر ـ بىرىنىڭ سۆزىنى چۈشىنەلمەي قالسۇن" دېدى. شۇنداق قىلىپ، خۇداۋەند ئۇ يەردىن ئۇلارنى پۈتۈن دۇنياغا تارقىتىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۇ شەھەرنى ياساشتىن توسۇلۇپ قالدى. شۇڭلاشقا ئۇ شەھەرنىڭ ئىسمى "بابىل" بولدى. چۈنكى خۇداۋەند ئۇ يەردە پۈتۈن يەر يۈزىنىڭ تىلىنى ئوخشاشمايدىغان قىلىپ قويۇپ، ئۇلارنى يەر يۈزىگە تارقىتىۋەتكەن ئىدى»

**«يَوْمِ الدين»** «*ھېساب كۈنى*»نىڭ مەنىسى قىيامەتتىكى ھېساب كۈننى بىلدۈرىدۇ. شۇنىمۇ ئەستە تۇتۇش كېرەككى، قۇرئان نازىل بولۇۋاتقان چاغدا شۇنداق بىر قىسىم كىشىلەرمۇ بار بولۇپ، گەرچە ئۇلار ئاللاھنى "ئىلاھ" دەپ ئېتىراپ قىلىپ، ئاللاھنىڭ ياراتقۇچىلىق سۈپىتىگىمۇ ئىشىنىپ: «بۇ دۇنيانى پەقەت ئاللاھ تائالالا يوقتىن بار قىلغان» دېسىمۇ، بىراق ھېساب كۈنىگە ۋە ھېساب ـ كىتاب ئېلىنىدىغانلىقىغا ئىشەنمەيتتى. بۇ خىل كىشىلەرگە قارىتا قۇرئان كەرىمنىڭ بىر ئايىتىدە: **«وَلَئِن سَأَلْتَهُم مَنْ خَلَقَ السمَاوَاتِ وَالْأَرْضَ لَيَقُولُن اللهُ»** «*ئەگەر ئۇلاردىن: "ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى كىم ياراتقان؟" دەپ سورىساڭ، شۈبھىسىزكى، ئۇلار: "ئاللاھ ياراتقان" دەيدۇ*»[1] دېيىلگەن بولسا، يەنە بىر ئايىتىدە: **«بَلْ عَجِبُوا أَن جَاءَهُمْ مُنذِرٌ مِنْهُمْ فَقَالَ الْكَافِرُونَ هَذَا شَيْءٌ عَجِيبٌ. أَئِذَا مِتْنَا وَكُنا تُرَابًا ذَلِكَ رَجْعٌ بَعِيدٌ»** «*بەلكى ئۇلار ئۆز ئىچىدىن ئۇلارغا بىر ئاگاھلاندۇرغۇچى كەلگەنلىكىدىن ئەجەبلەندى، ئاندىن كاپىرلار ئېيتتى: "بۇ ئەجەب غەلىتە ئىشتۇركى، بىز ئۆلۈپ توپا بولۇپ كەتكەندىن كېيىن (تىرىلىپ قايتا قوپامدۇق؟)، بۇنداق قايتىش ئەقىلدىن يىراقتۇر"*»[2] دېيىلگەن.

ئاخىرەتكە ئىمان كەلتۈرۈش ئىسلامنىڭ ئەڭ مۇھىم ئەقىدىلىرىنىڭ بىرسى بولۇپ، بۇ دۇنيادىن كېيىن ئاخىرەت ئالەمىدىكى جاۋابكارلىق تۇيغۇسىنى كىشىلەرنىڭ قەلب، مېڭىسىدە پەيدا قىلىشتا ئۇ ھەقىقەتمۇ ئىنتايىن يۇقىرى قىممەتكە ئىگە. بۇ ئەقىدىگە ساھىپ ھەرقانداق كىشى دۇنيالىق ئېھتىياجلىرىنى قامداش بىلەنلا بولۇپ كەتمەيدۇ، بەلكى بۇ ئەقىدىگە ئىمان كەلتۈرگەندىن كېيىن، دۇنيالىق ئېھتىياج، زۆرۈرىيەتلەردىن ئىنتايىن يۇكسەك ماقامدا تۇرۇپ، پىكىر يۈرگۈزۈشكە باشلايدۇ. بۇ قىسقا، چەكلىك ھاياتىدىكى ياخشى ئەمەللىرى دۇنيانىڭ تار، بەلگىلىك مۇكاپاتلىرى بىلەن تولۇق مۇكاپاتلىنامدۇ ـ يوق؟ بولارنى غەم قىلىپ يۈرمەيدۇ. بەلكى پۈتۈن ياخشىلىقلىرىدا ۋە ئاللاھ يولىدا ئېلىپ بارغان بارلىق كۈرەشلىرىدە ئۇنىڭ مەقسىتى ئاللاھنىڭ رازىلىقىدىنلا ئىبارەت بولىدۇ. ئۇ ئەمەللىرىنىڭ بەدىلىنى پەقەت ئاللاھ تائالادىنلا تىلەيدۇ. ئەجرى مەيلى مۇشۇ دۇنيادا ياكى ئاخىرەتتە بېرىلسۇن، ئۇ پۈتۈنلەي كۆڭلى توق تۇرۇۋېرىدۇ. ئۇ ئىشەنچىنى ساداقەت ۋە ھەققانىيەتكە باغلايدۇ. ھەق ئۈستىدە قەتئىي تۇرۇپ، ئىشەنچ بايلىقىغا، قەلب ۋە نەزەرنىڭ كەڭلىكىگە، ھەممىدە ئېسىل ئەخلاقلارغا ساھىپ بولىدۇ. دېمەك، بۇ پرىنسىپال ئەقىدە، ئىنساننىڭ ئۆز ھەۋىسىگە ۋە نەپسانىي خاھىشلىرىغا قۇل بولۇپ قالغانلىقىنى ياكى ئادىمىيلىككە يارىشا ئازاتلىقتا ۋە ئەركىنلىكتە ئىگە بولالىغانلىقىنى ئۆلچەيدىغان سۈپەت ئۆلچىمىدۇر. بۇ ئارقىلىق دۇنيادا دۇنيالىق قىممەت قاراشنىڭ، جاھىلىيەتنىڭ ۋە ماددىزىم تەسەۋۋۇرلىرىنىڭ يۇقىرى ئورۇنغا ئۆتكەنلىكىنى ۋەياكى رەببانىي قىممەت قارىشىنىڭ ۋە ئىسلام نەزەرىيەسىنىڭ جاھىلىيەت مەنتىقىسى ئۈستىدىن غالىپ كەلگەنلىكىنى ئايرىغىلى بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن

---

[1] سۈرە زۇمەر 38 ـ ئايەت

[2] سۈرە قاف، 2 ـ ۋە 3 ـ ئايەت

بىرگە، بۇ پرىنسىپال ئەقىدە ئارقىلىق يەنە ئاللاھ تائالا ئۆز بەندىلىرى ئۈچۈن ياقتۇرۇپ تەيىن قىلىپ بەرگەن يۈكسەك ماقامنىڭ يولى بىلەن ناقىس، بۇلغانغان، ئاسىيلىقنىڭ يوللىرى ئوتتۇرىسىدا بىر ئىمتىيازلىق چېگرا سىزىقى تارتىلىدۇ.

بۇ پرىنسىپال ئەقىدە ئىنسانلارنىڭ قەلب، مېڭىسىدىن تولۇق ئۆرۈن ئالمىغۇچە، كىشىلەر «دۇنيالىق مەنپەئەت، مۇكاپاتلار ھەرگىزمۇ ئىنساننىڭ ئاخىرقى مۇكەممەل نەسىۋىسى ئەمەس» دېگەن ئاڭغا كەلمىگۈچە، بۇ چەكلىك ھاياتقا ئىگە ئىنسانلار «كېلىش ئالدىدا تۇرغان يەنە بىر ھاياتمۇ مەۋجۇت، ئەشۇ كەلگۈسى ئالەم ۋە كەلگۈسى ھايات ئۈچۈن ئەمگەك قىلىش، قۇربانلىق بېرىش، ھەقنى ھىمايە قىلىپ، ياخشىلىققا ھەمدەم بولۇش ئىنساننىڭ ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىسى. بۇنىڭ ھەممىسى ئۈچۈن ئاخىرەتتە ئەجىرگە ئېرىشىدۇ» دېگەن ئىشەنچنى تىكلىمىگۈچە، ئىنسانلارنىڭ ھاياتى ھەرگىزمۇ ئىسلامنىڭ ھاياتلىق تۈزۈمىگە بىنائەن مۇستەھكەملىنەلمەيدۇ.

ئاخىرەت ئەقىدىسىگە ئىشەنگۈچى بىلەن ئۇنى ئىنكار قىلغۇچىنىڭ ئاڭ، ئەخلاق، پىكىر، ئەمەللىرى قەتئىي باراۋەر بولالمايدۇ. شۇڭا بۇ ھەر ئىككى پىرقە ئاللاھنىڭ ئايرىم - ئايرىم مەخلۇقات تۈرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ھەر ئىككىسىنىڭ ئايرىم دەرىجىسى بولۇپ، نە ئۇلارنىڭ دۇنيادىكى ئەمەل تەرزى ئوخشاش بولمايدۇ، نە ئاخىرەتتە ئوخشاش ھاسىلاتقا ھەقلىق بولمايدۇ. شۇڭا بۇ ئەقىدە ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى روشەن پەرق ۋە ئىمتىيازنىڭ سەۋەبكارىدۇر.

## ئىبادەت

«إِيَّاكَ نَعْبُدُ وَإِيَّاكَ نَسْتَعِينُ» «سائىلا ئىبادەت قىلىمىز ۋە سەندىنلا ياردەم تىلەيمىز»

بۇمۇ، ئىسلامنىڭ ئەڭ ئاساسلىق ئەقىدىلىرىدىن بىرسى، شۇنداقلا ئىلگىرى تىلغا ئېلىنغان ئەقىدىلەرنىڭ مەنتىقىي نەتىجىسى.

«ئاللاھدىن باشقىسى نە ئىبادەتكە، نە بەندىچىلىككە، نە مەدەت تىلەشكە لايىق ئەمەس» دېگەن بۇ ئەقىدىمۇ ھەق بىلەن باتىلنىڭ ئايرىلىش نۇقتىسى بولۇپ، بۇ ئارقىلىقلا خىلمۇخىل قۇللۇقلاردىن مۇكەممەل ئازات بولۇشنىڭ نېمىلىكىنى، ئىنساننىڭ ئىنسانغا قۇل بولۇشنىڭ ھەقىقى خاراكتېرىنى بىلىپ يەتكىلى بولىدۇ. بۇ ئاساس ئەسلىدە: «ئىنسان تولۇق ئازات بولۇشى لازىم» دېگەن ئۇمومىيۈزلۈك جاكار بولۇپ، قالاقلىق ۋە خۇراپاتلىقلارغا ئەگىشىشتىن، خاتا ئۆرپ - ئادەتلەرگە بويسۇنۇشتىن، باتىل قانۇن - تۈزۈملەرگە ئىتائەت قىلىشتىن ئازات بولۇشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. پەقەت بىرلا ئاللاھقا بەندىچىلىك قىلغاندا ۋە پەقەت ئاللاھتىنلا ياردەم تىلىگەندە، ئىنساننىڭ ۋىجدانى باشقا ئىنسانلارنىڭ قۇللۇق زەنجىرىدىن، شۇنداقلا جاھىلىيەت ئىجتىمائىي تۈزۈملىرىنىڭ ۋە ئۆرپ - ئادەتلىرىنىڭ

كىشەنلىرىدىن نىجاتلىققا ئېرىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە، ھەرخىل خۇراپاتلارنىڭ، قالاق ئېتىقادىي تەسەۋۋۇرلارنىڭ ئاسارىتىنىدىنمۇ ھۆرلۈككە چىقىدۇ.

بۇ يەردە تەبىئەتنىڭ كۈچى بىلەن ئىنسانىنىڭ كۈچ - قۇۋۋىتى ھەققىدىكى مۇسۇلماننىڭ نۇقتىئىنەزىرىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ ئۆتۈشىمىز لازىم.

مۇسۇلماننىڭ نۇقتىئىنەزى بويىچە، ئىنساننىڭ كۈچ - قۇۋۋىتى مۇنداق ئىككى تۈرگە بۆلىنىدۇ؛ بىرىنچىسى، ھىدايەت ۋە سىراتەل مۇستەقىم (يەنى، ئۇدۇل، توغرا يول) ئۈستىدە قولغا كەلگەن ۋە ئىسلامنىڭ تۈرمۇش تۈزۈمىگە بويسۇنغان بولىدۇ. مۇسۇلمان ياخشىلىق، ئىسلاھات، ھەققانىيەت ئىشلىرىدا ئۇنى ئۆزىگە ياردەمچى قىلىشنى ئىنسانىي بۇرچى قاتارىدا كۆرىدۇ. ئىككىنچىسى، جاھىلىيەت كۈچى بولۇپ، توغرا يولدىن ئازغان بولىدۇ. ئىسلامنىڭ قانۇن - تۈزۈمىگە بويسۇنمايدۇ. مۇسۇلمان ئۇنداق كۈچكە قارشى تۇرىدۇ، ئۇنىڭغا قارشى جەڭ قىلىدۇ، ئۇنى يوقىتىپ تاشلاپ، ئورنىغا توغرا كۈچنى تىكلەش كۈرىشى ئۈچۈن ھەسسە قوشىدۇ.

ئەستە تۇتۇڭلاركى، ھېچ بىر مۇسۇلمان جاھىلىيەت كۈچىنىڭ تاشقى قىياپىتى ۋە دەبدەبىلىرىگە قاراپ غەم قىلىپ يۈرمەسلىكى لازىم. چۈنكى مۇسۇلماننىڭ كۈچ - قۇۋۋىتىنىڭ ئەسلى مەنبەسى ئاللاھ تائالانىڭ زاتىدىنلا ئىبارەتتۇر. جاھىلىيەت بولسا، ئىنسانغا ئۇزۇلدۇرمەي، مۇقىم، مەڭگۈلۈك كۈچ بەخش ئېتىپ تۇرىدىغان بۇ ئەسلى مەنبەدىن مەھرۇم بولغان بولىدۇ. بۇ خۇددى سېپىتىمىدىن ئاجرىغان يۇلتۇز (گەرچە ئۇنىڭ ھەجمى ھەرقانچە چوڭ بولسىمۇ) ئۆزۈنغا بارمايلا ئۆچۈپ قالغىنىغا، نۇرىنى ۋە ھارارىتىنى دەرھال يوقاتقىنىغا ئوخشايدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە، ئۆزىنىڭ يورۇقلۇق ۋە كۈچ - قۇۋۋەت مەنبەسىدىن ئايرىلمىغان كىچىك زەررە جىسىمدا ئىزچىل تۇردە يورۇقلۇق بىلەن ھارارەت ھاسىل قىلىپ كېتىۋېرىدۇ. بۇ ئىش خۇددى: «كَم مِّن فِئَةٍ قَلِيلَةٍ غَلَبَتۡ فِئَةً كَثِيرَةَۢ بِإِذۡنِ ٱللَّهِ» «دائىم دېگۈدەك ئازغىنە بىر جامائە ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن كۆپ جامائەنىڭ ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ كەلگەن»[1] دېگەنگە ئوخشايدۇ.

ئەمدى تەبىئەت كۈچىگە كەلسەك، مۆئمىنىنىڭ تەبىئەت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى تەھدىت ھېس قىلىش ۋە دۈشمەنلىشىش مۇناسىۋىتى ئەمەس، بەلكى ئىلىم - مەرىپەت ئاساسىدىكى دوستلۇق ۋە ھەمكارلىق مۇناسىۋىتىدىن ئىبارەت بولىدۇ. چۈنكى ھەر ئىككىلىسىنىڭ كۈچى بىرلا مەنبە ۋە بىرلا ئىرادىدىن مەيدانغا كەلگەن. يەنى، ھەر ئىككىلىسى پەرۋەردىگارنىڭ ئىرادىسىگە ئىتائەتمەن، ھەر ئىككىلىسى كائىناتنىڭ ياراتقۇچىسىنىڭ ئىرادىسى ئالدىدا مەھكۇمدۇر. ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا مۇكەممەل ھەمكارلىق ۋە ماسلىششچانلىق بار بولۇپ، بىرلىكتە، تەڭ ھەرىكەت قىلىدۇ، شۇنداقلا ھەرىكەت نىشانىمۇ بىر نۇقتىغا مەركەزلەشكەن بولىدۇ.

---

[1] (سۈرە بەقەرە، 249 - ئايەت)

ھەرقانداق مۇسۇلماننىڭ ئەقىدىسى ۋە ھاياتلىق نەزەرىيىسى: «ئاللاھ تائالا بۇ كائىناتنى مۆئمىنلەرنىڭ ئۇنىڭغا دوست، ھەمراھ، ھەمكار بولۇشى ئۈچۈن ياراتقان. مۆئمىن كائىنات ئۈستىدە تەپەككۇر قىلىپ، ئۇنىڭ بىلەن تونۇشۇپ، ئۇنىڭغا ھەمكارلىشىپ، كائىنات بىلەن بىرلىكتە ئۆز پەرۋەردىگارى تەرەپكە يۈزلەنگەن چاغدىلا ئاندىن بۇ دوستلۇقنىڭ ھەققىنى ئادا قىلغان بولىدۇ» دەپ تەلىم بېرىدۇ.

توغرا، بەزى چاغلاردا تەبىئەت كۈچلىرىدىن ئىنسانغا زىيان - زەخمەت يېتىدىغان ئىشلارمۇ يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. لېكىن بۇنىڭ سەۋەبى ئىنساننىڭ ئۇنى چۈشىنىشتە خاتالاشقانلىقى، ئۇ ھەقتە چوڭقۇر تەپەككۇر قىلمىغانلىقى ھەمدە پۈتۈن كائىناتنى ماخدۇرىۋاتقان ھەقىقىي ئەسلى كۈچنى بىلەلمىگەنلىكىدىن ئىبارەتتۇر.

رىم جاھالىتىنىڭ ۋارىسلىرى بولغان غەربلىكلەردە تەبىئەت كۈچىنى قوللىنىشقا نىسبەتەن ”تەبىئەتنى بويسۇندۇرۇش“ دېگەن سۆزنى ئىشلىتىش مودىغا ئايلىنىپ قالدى. بۇنداق ئاتاشنىڭ ئۆزىلا كائىناتنىڭ رەببىدىن غەرب جاھالىتىنىڭ مۇناسىۋىتى پۈتۈنلەي ئۈزۈلۈپ بولغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ئالاقىسى بۇ كائىناتنىڭ ئاللاھقا ھەر دائىم ”لەببەيلىك“ ئېيتىپ تۇرىۋاتقان ئەسلى روھىدىن كېسىلگەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

”رەھمان ۋە رەھىم“ (يەنى ئىنتايىن شەپقەتلىك، مېھرىبان) ئاللاھقا مەھكەم باغلانغان، شۇنداقلا ھەردائىم ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىغا تەسبىھ ئېيتىپ، ئىتائەتتە بولۇۋاتقان بۇ كائىنات بىلەن قەلبى تۇتاشقان مۇسۇلمانغا كەلسەك، ئۇ كائىنات بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنىڭ كائىناتقا ھۆكۈمرانلىق قىلىشتىن باشقىمۇ خاراكتېرى مەۋجۇت ئىكەنلىكىگە قەتئىي ئىشىنىدۇ. يەنە شۇنىڭغىمۇ پۇختا ئىمان ئېيتقان بولىدۇكى، كائىناتنى ۋە ئۇنىڭدىكى پۈتۈن كۈچ - قۇۋۋەتلەرنى پەقەت ئاللاھ تائالا ياراتقان، بۇ بارلىق قۇۋۋەتلەرنىڭ ئۆز دائىرىسى ئىچىدە ئۆز مەقسىتىنى ئاللاھ ياقتۇرغان شەكىلدە ئىشقا ئاشۇرالىشى ئۈچۈن مەخسۇس قانۇن بەلگىلەپ بەرگەن. ئاللاھ كائىناتنى پەقەت ئىنسان ئۈچۈنلا يارىتىپ، ئاندىن ئۇنىڭ قائىدە - قانۇنلىرىنى ئىنساننىڭ چۈشىنەلىشى، سىرلىرىنى يېشەلىشى ئۈچۈن ئاسان قىلىپ بەرگەن. شۇڭا مۇسۇلمان قانداقلا بىر سىرنى يېشىپ چىقسا، ئالدى بىلەن ئاللاھقا شۈكرى ئېيتىشى ۋاجىپ. چۈنكى ئاللاھ ئۇنىڭغا كائىناتنى بويسۇندۇرۇپ بەرگەن. ۋەھالەنكى، ئىنساننىڭ ئۆزى ھەرگىزمۇ كائىناتنى يېڭىشكە ياكى بويسۇندۇرۇشقا قادىر ئەمەس ئىدى.

أَلَمْ تَرَ أَنَّ اللَّهَ سَخَّرَ لَكُمْ مَا فِي الْأَرْضِ

*{ئاللاھنىڭ يەر يۈزىدىكى نەرسىلەرنى سىلەرگە بويسۇندۇرۇپ بەرگەنلىكىنى كۆرمىدىڭمۇ؟}.*[1]

مانا بۇ تەسەۋۋۇرنىڭ نەتىجىسىدە، مۆئمىننىڭ تەبىئەت كۈچى ھەققىدىكى ھېس - تۇيغۇلىرى خىلمۇخىل خۇراپاتلاردىن پاك بولىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن تەبىئەت كۈچى ئوتتۇرىسىدا ۋەھىمە، تەھدىتلەرنىڭ پەردىسى توسالغۇ بولمايدۇ. ئۇ پەقەت بىرلا ئاللاھقا ئىمان ئېيتىدۇ، پەقەت بىرلا ئاللاھنىڭ بەندىچىلىكىنى قىلىدۇ. پەقەت بىرلا پەرۋەردىگاردىن ياردەم تىلەيدۇ.

[1] سۈرە ھەج، 65 – ئايەت

تەبىئىي قۇۋۋەتلەرگە كەلسەك، ئۇنىڭ كائىناتقا بولغان تونۇشىغا ئاساسەن ئۇمۇ ئاللاھنىڭ مەخلۇقاتلىرىنىڭ بىر قىسمى ھېسابلىنىدۇ. ئىنسان ئۇنىڭغا قىزىقىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزىدۇ، ئۇنىڭ سىرلىرىنى يېشىشكە تىرىشىدۇ. ئۇنىڭغا جاۋابەن تەبىئەتنىڭ كۈچ - قۇۋۋەتلىرىمۇ ھەمكارلىقتا بولىدۇ، ئۇنىڭ ئالدىدا ئۆزىنىڭ سىرلىرىنى ئايان قىلىپ، تىنچ، شەپقەتلىك، سادىق دوست بولغان ھالدا بىرلىكتە ھايات كەچۈرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇھۇد تېغىغا تىكىلگەن ھالدا: «مانا بۇ تاغ بىزنى سۆيىدۇ، بىزمۇ ئۇنى سۆيىمىز» دەپ نېمە دېگەن گۈزەل ئېيتقان - ھە؟! بۇ سۆز مۆئمىنلەرنىڭ بىرىنچىسى بولغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەلبىدە تەبىئەتنىڭ قاتمال شەكلىدىن ئىبارەت بىر تاغقا نىسبەتەن نەقەدەر ئالى قىممەت ۋە چوڭقۇر مۇھەببەتنىڭ مەۋجۇتلىقىنى ھەمدە ئۇنىڭغا قارىتا نەقەدەر قىزىقىش بارلىقىدىن ئىبارەت ھەقىقەتنى ئايان قىلىپ بەرمەكتە.

ئىسلام تەسەۋۋۇرىنىڭ بۇ نۇقتىلىق ئاساسلىرى ئايدىڭلاشقاندىن كېيىن، مۇسۇلمان ئىبادەت قىلىش ۋە ياردەم تىلەشتە پەقەت ئاللاھ تائالاغىلا يۈزلىنىدۇ. ئۇنى ئەمەلىيەتكە تەتبىقلاپ، يېلىنىپ يالۋۇرۇش بىلەن ئاللاھ تائالاغا دۇئا قىلىدۇ. دۇئا قىلغاندىمۇ، بۇ سۈرىنىڭ ئاساسلىق مەزمۇن مۇھىتىغا ۋە ئومۇمىي خاراكتېرىگە ماسلاشقان ئەڭ مۇھىم دۇئانى تىلەيدۇ.

«ٱهۡدِنَا ٱلصِّرَٰطَ ٱلۡمُسۡتَقِيمَ. صِرَٰطَ ٱلَّذِينَ أَنۡعَمۡتَ عَلَيۡهِمۡ غَيۡرِ ٱلۡمَغۡضُوبِ عَلَيۡهِمۡ وَلَا ٱلضَّآلِّينَ» «بىزگە توغرا يولنى كۆرسەتكىن، سەن ئىنئام قىلغانلارنىڭ يولىنى، غەزىپىڭگە يولۇققانلارنىڭ ۋە ئازغانلارنىڭ يولىنى ئەمەس»

«بىزگە توغرا يولنى كۆرسەتكىن» دېگەنلىك؛ «كۆزلىگەن مەنزىلگە ئۇدۇللا يەتكۈزىدىغان يولنى چۈشىنىشكە نېسىپ قىلغىن، ئۇنى چۈشەنگەندىن كېيىن، شۇ يولدا مېڭىشتا مۇستەھكەم قىلغىن» دېگەنلىك بولىدۇ. چۈنكى ھەقنى تونۇش ۋە ئۇنىڭدا مەھكەم تۇرۇش ئەسلىدە ئاللاھنىڭ رەھمەت - شەپقىتىنىڭ ۋە يېتەكچىلىكىنىڭ سەمەرىسى بولۇپ، شۇ ھەقتە ئاللاھ تائالاغا مۇراجىئەت قىلىشمۇ، تەۋھىد ئەقىدىسىنىڭ سەمەرىسىدۇر. شۇڭلاشقا، مۆئمىن قانداقلا ئىشتا ئاللاھتىن ياردەم ۋە غەلىبە تەلەپ قىلىدىكەن، ئۆز دۇئاسىدا توغرا يولدا مېڭىشقا مۇۋەپپەق قىلىشنى تىلىشى ئىنتايىن مۇھىم ۋە ئىنتايىن ئۇلۇغ تىلەك ھېسابلىنىدۇ. دەرھەقىقەت، ئىنساننىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەختىيار بولالىشى ئۇنىڭ توغرا يولدا مېڭىشقا مۇۋەپپەق قىلىنىشى بىلەنلا باغلىنىشلىق بولۇپ، توغرا يولغا يېتىش بولسا، كائىناتنىڭ ھەرىكىتى بىلەن ئۇنىڭ ئىچىدىكى كىچىككىنە ئىنساننىڭ ھەرىكىتى ئوتتۇرىسىدا تەڭپۇڭلۇق ۋە ماسلىشىشچانلىق پەيدا قىلىۋاتقان شۇنداقلا ھەر ئىككىلىسىنى ئالەملەرنىڭ پەرەۋەردىگارى تەرەپكە يۈزلەندۈرىۋاتقان ئىلاھىي سىرغا يەتكۈزىدۇ.

ئاندىن ئايەتتە ئۇ يولنىڭ ھەقىقىتى بايان قىلىنىپ: «*ئۇ سەن ئىنئام قىلغانلارنىڭ يولى، غەزىپىڭگە يولۇققانلارنىڭ ۋە ئازغانلارنىڭ يولى ئەمەس*» دېيىلىدۇ. يەنى؛ تەقدىرىگە ئاللاھنىڭ ئىنئامى يېزىلغان كىشىلەرنىڭ يولى. ھەرگىزمۇ ھەق يولنى بىلىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭدىن باش تارتقان ياكى باشتىنلا ھەق يولنى بىلىشتىن مەھرۇم قالغان، شۇڭا ھىدايەت تاپالمىغان كىشىلەرنىڭ يولى ئەمەس. بەلكى سائادەتمەن، ھەققە يېتىپ بارغۇچىلارنىڭ يولى، ـ دېيىلىدۇ.

دېمەككى، نامازدا كۆپ تەكرارلىنىدىغان بۇ قىسقا سۈرە ئوقۇلمىغان ناماز ناماز بولمايدۇ. سۈرە فاتىھە قىسقىلىقىغا قارىماستىن، ئىسلامىي ھاياتلىق نەزەرىيىسىنىڭ ئىنتايىن مۇھىم پرىنسىپال ئەقىدىلىرىنى، شۇنداقلا ئىسلام ھاياتلىق تەسەۋۋۇرىدىن ئۇرغۇپ چىققان ئىدىيەۋىي يېتەكچىلىكنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

سەھىھ مۇسلىمنىڭ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان ھەدىس قۇددۇسىدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ ئېيتىدۇكى، ''مەن نامازنى بەندەم بىلەن مېنىڭ ئارامدا، يېرىمىنى بەندەم ئۈچۈن، يېرىمىنى ئۆزەم ئۈچۈن تولۇق تەقسىم قىلدىم. بەندەمگە تەلەپ قىلغىنىنىڭ ھەممىسى بولىدۇ'' بەندە: "ٱلۡحَمۡدُ لِلَّهِ رَبِّ ٱلۡعَٰلَمِينَ" دېسە، ئاللاھ تائالا: ''بەندەم مېنى ماختاپ، مەدھىيەلىدى'' دەيدۇ. بەندە: "ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ" دېسە، ئاللاھ تائالا: ''بەندەم ماڭا سانا ئېيتتى'' دەيدۇ. بەندە: "إِيَّاكَ نَعۡبُدُ وَإِيَّاكَ نَسۡتَعِينُ" دېگەندە، ئاللاھ تائالا: ''بۇ مەن بىلەن بەندەمنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئىشتۇر. بەندەم نېمىنى تىلىسە شۇ بېرىلىدۇ'' دەيدۇ. ئاندىن بەندە: "ٱهۡدِنَا ٱلصِّرَٰطَ ٱلۡمُسۡتَقِيمَ صِرَٰطَ ٱلَّذِينَ أَنۡعَمۡتَ عَلَيۡهِمۡ غَيۡرِ ٱلۡمَغۡضُوبِ عَلَيۡهِمۡ وَلَا ٱلضَّآلِّينَ" دېگەندە بولسا، ئاللاھ تائالا: ''بۇ پەقەتلا بەندەم ئۈچۈندۇر ۋە ئۇنىڭغا تىلىگىنى بېرىلىدۇ'' دەيدۇ»

بۇ سۈرىنى ھەر كۈنى ناماز ئوقۇش جەريانىدا ئاز دېگەندە **17** قېتىم تەكرارلاشنىڭ مۇسۇلمانغا پەرز قىلىنىشىدا، شۇنداقلا باشقا قوشۇمچە نەپلىلەرنى ئوقۇش بىلەن تەكرارلىنىشىنىڭ ھەسسىلەپ ئاشىدىغانلىقىدا كۆزدە تۇتۇلغان سىر، ھېكمەتلەر مانا بۇ تەپسىر ۋە بايانلار ئارقىلىق ئويئوچۇق ئوتتۇرىغا چىققان بولىدۇ.

************

# سۈرە بەقەرەگە بىر نەزەر

سۈرە بەقەرە ھىجرەتتىن كېيىنلا نازىل بولۇشقا باشلانغان سۈرىلەرنىڭ بىرسى بولۇپ، قۇرئان كەرىمدىكى ئەڭ ئۇزۇن سۈرە ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئايەتلىرى باشتىن ئاخىر بىر - بىرىگە ئۇلۇشۇپ نازىل بولمىغان، بەلكى باشقا سۈرىلەرنىڭ ئايەتلىرى بىلەنمۇ قوشۇلۇپ بۆلۈك - بۆلۈك نازىل قىلىنغان. بىز سۈرە بەقەرە بىلەن بىرلىكتە مەدىنىدە نازىل بولغان باشقا ئۇزۇن سۈرىلەرنىڭ بەزى ئايەتلىرىنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبلىرى ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزۈپ كۆرىدىغان بولساق، (گەرچە نازىل بولۇش سەۋەبى قەتئىي ئىسپات ھېسابلانمىسىمۇ) بارلىق سۈرىلەرنىڭ ئايەتلىرىنىڭ بىر - بىرىگە ئۇلىشۇپ بىراقلا نازىل بولمىغانلىقىنى بىلىپ يېتىمىز.

كۆپ ھاللاردا بىر سۈرە نازىل بولۇشقا باشلاپ، ئەمدى ئۇنىڭ دەسلەپكى ئايەتلىرى نازىل بولۇۋاتقان، ئەمما تېخى ئاياقلاشمىغان بىر پەيتتە، ئىككىنچى بىر سۈرە نازىل بولۇشقا باشلايتتى. شۇڭا سۈرىلەرنىڭ نازىل بولغان ۋاقتى ئۇنىڭ بارلىق ئايەتلىرىگە كۆرە ئەمەس، بەلكى دەسلەپكى ئايەتلىرىنىڭ نازىل بولۇش ۋاقتىغا ئاساسەن مۇئەييەنلەشتۈرۈلىدۇ. مەسىلەن: سۈرە بەقەرەنىڭ جازانە ھەققىدىكى ئايەتلىرى قۇرئاننىڭ ئەڭ ئاخىرقى نازىل بولۇش دەۋرىگە توغرا كېلىدۇ. لېكىن شۇنداقتىمۇ سۈرە بەقەرە مەدىنىدە نازىل بولغان دەسلەپكى سۈرىلەر قاتارىدىن سانىلىدۇ.

قۇرئان ئايەتلىرىنىڭ تەرتىپى ۋە سۈرىلەر شەكلىدە جەملىنىشى بىۋاستە ئاللاھ تائالانىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە بولغان. ئىمام تىرمىزى ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق نەقىل قىلىدۇ:

مەن ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا:

- سىلەر سۈرە ئەنفال بىلەن سۈرە تەۋبىنى بىر - بىرىگە ئۇلاپ قويۇپسىلەر. ۋەھالەنكى ئەنفال ''مەسانى''[1] سۈرىلەردىن، تەۋبە ''مەئىن''[2] سۈرىلەردىن ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ ئىككى سۈرىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ''بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم'' دېگەن قۇرنىمۇ يازماپسىلەر، ئاندىن ئۇنى يەتتە ''تەۋال''[3] سۈرىلەرنىڭ قاتارىغا كىرگۈزۈپ قويۇپسىلەر. مەن بۇنىڭ سەۋەبىنى پەقەت بىلەلمىدىم، - دېدىم. ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ جاۋاب بېرىپ:

---

[1] سۈرە شۇئەرادىن سۈرە فەتىھكىچە بولغان سۈرىلەر، يەنى ئايەتلىرى 100 دىن كەم بولغان ھەمدە ھېكايىلەر قايتا تەكرارلىنىدىغان سۈرىلەر ''مەسانى'' دەپ ئاتىلىدۇ (تەرجىماندىن)

[2] سۈرە يۇنۇستىن سۈرە فۇرقانغىچە بولغان سۈرىلەر، يەنى ئايەتلىرى 100 ئەتراپىدا بولغان سۈرىلەر ''مەئىن'' دەپ ئاتىلىدۇ. (تەرجىماندىن)

[3] سۈرە بەقەرەدىن سۈرە تەۋبىگىچە بولغان سۈرىلەر ''تەۋال'' دەپ ئاتىلىدۇ.

- ئەسلىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بىرلا ۋاقىتتا بىر قانچىلىغان سۈرىلەرنىڭ ئايەتلىرى نازىل بولاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىرەر يېڭى ئايەت نازىل بولغان ھامان كاتىپلىرىدىن بىرسىنى چاقىرىپ، ''بۇ ئايەتنى پالانى سۈرىگە قوشۇپ يېزىڭلار'' دەپ بۇيرۇيتتى. سۈرە ئەنفال مەدىنە دەۋرىنىڭ دەسلىپىدە نازىل بولغان ئايەتلەردىن؛ سۈرە تەۋبە بولسا، ئاخىرقى دەۋرلەردە نازىل بولغان ئايەتلەردىن تەشكىللەنگەن. ئەمما بۇ ھەر ئىككى سۈرىنىڭ مەزمۇنى ئۆز - ئارا ئوخشىشىپ كېتىدىغان بولغاچقا، مەن: ''بەلكىم سۈرە ئەنفالنىڭ بىر قىسمى بولسا كېرەك'' دېگەن ئويدا ئىدىم. دەل شۇ جەرياندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولۇپ كېتىپ قالغانلىقى ئۈچۈن: ''سۈرە تەۋبە، سۈرە ئەنفالنىڭ بىر قىسمىمۇ ياكى ئەمەسمۇ؟'' دېگەن مەسىلىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بېرىش شارائىتى بولماي قالدى. مۇشۇ سەۋەبتىن بۇ ئىككى سۈرىنى بىر - بىرىگە ئۇلاپ قويدۇم ۋە ئوتتۇرىغا ''بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم''نى يازماي، يەتتە ''تەۋال'' سۈرىلەرنىڭ قاتارىغا كىرگۈزدۈم، - دېدى.

بۇ رىۋايەت شۇنى ئوچۇق كۆرستىپ تۇرۇپتۇكى، ئايەتلەرنىڭ سۈرىلەر شەكلىدە تەرتىپكە سېلىنىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىۋاستە يوليورۇقىغا بىنائەن پۈتۈپ چىققان.

ئىمام مۇسلىم ۋە بۇخارىنىڭ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن نەقىل قىلغان ھەدىسىدە بايان قىلىنىشىچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام باشقىلارغا ياخشىلىق قىلىشتا ناھايىتى كەڭ قورساق ئىدى، بولۇپمۇ مۇبارەك رامىزان كېلىپ جىبرئىل ئەلەيھىسسالام بىلەن كۆرۈشكەندە، تېخىمۇ ساخاۋەتلىك بولۇپ كېتەتتى. جىبرئىل ئەلەيھىسسالام رامىزان ئېيىنىڭ ھەر كېچىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن كۆرىشىپ تۇراتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا قۇرئان كەرىمنى ئوقۇپ بېرەتتى (يەنە بىر رىۋايەتتە: ''فيدارسه القرآن'' يەنى، ئىككىيلەن قۇرئاننى ئۆز - ئارا ئوقۇپ ئۆگۈنۈش ئېلىپ باراتتى'' دېگەن سۆز ئىشلىتىلگەن). رامىزاندا جىبرئىل ئەلەيھىسسالام بىلەن كۆرۈشكەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساخاۋەتكارلىقى يامغۇر بۆلۈتلىرىدىنمۇ بەك ئېشىپ كېتەتتى.

بۇ ھەدىسلەردە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ جىبرئىل ئەلەيھىسسالامغا پۈتۈن قۇرئاننى ئوقۇپ بېرىدىغانلىقى، جىبرئىل ئەلەيھىسسالامنىڭمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا پۈتۈن قۇرئاننى ئوقۇپ ئاڭلىتىدىغانلىقى كەسكىن ھالدا ئىسپاتلىنىدۇ. دېمەك، شۇنىسى مەلۇمكى، قۇرئان كەرىمنىڭ بارلىق سۈرىلىرى ئەزەلدىنلا رەتلەكلىك ئىدى.

---

بۆلاردىن باشقا يەنە سۈرە ھۇجىراتتىن تاكى قۇرئاننىڭ ئاخىرغىچە بولغان سۈرىلەرنىڭ ھەممىسى (يەنى ئايەتلىرىنىڭ ئاخىرقى سۆزى ئاھاڭداش بولغان سۈرىلەر) ''مۇفەسسەل'' دەپ ئاتىلىدۇ ھەمدە بۇمۇ مۇنداق ئۈچ تۈرگە بۆلىنىدۇ. بىرىنچىسى، سۈرە ھۇجىراتتىن سۈرە ئىنشىقاققىچە بولغان سۈرىلەر بولۇپ، ''تەۋال'' ياكى ''تەۋال مۇپەسسەل'' (ئۇزۇن) دەپ ئاتىلىدۇ. ئىككىنچىسى، سۈرە بۇرۇجدىن سۈرە بەييىنەگىچە بولغان سۈرىلەر بولۇپ، ''ئەۋست مۇفەسسەل'' (ئوتتۇرانجى) دەپ ئاتىلىدۇ. ئۈچىنچىسى، سۈرە بۇرۇجدىن سۈرە ناسقىچە بولغان سۈرىلەر بولۇپ، ''قىسار مۇفەسسەل'' (قىسقىچە) دەپ ئاتىلىدۇ (تەرجىماندىن).

قۇرئاننىڭ سايىسىدا ياشاپ، ئۇنىڭ ئۈستىدە تەپەككۇر يۈرگۈزىدىغان ھەرقانداق كىشى شۇنى كۆرۈپ يېتىدۇكى، قۇرئاننىڭ ھەر بىر سۈرىسى مۇستەقىل ئوبرازغا، ئايرىم روھ، جانلىق كىشىلىك ئوبرازغا ئىگە. مۆئمىن قەلبىگە شۇ قەدەر تونۇشلۇق بولىدۇكى، گويا ھايات ياشاۋاتقان، روشەن، ئايرىم خۇسۇسىيەتكە ئىگە بىر ئىنسان ئۇنىڭ بىلەن ھەمسۆھبەت بولۇۋاتقاندەك تۇيۇلىدۇ. ھەربىر سۈرىنىڭ بىر مەركىزى مەزمۇنى ياكى بىرقانچە مەزمۇنى بولۇپ، ھەممىسى بىرلا دائىرىنى چۆگىلەۋاتقان بولىدۇ ھەمدە ھەربىر سۈرىنىڭ ئايرىم، مۇستەقىل مۇھىتى بولۇپ، ئۇ پۈتۈن مەزمۇنى ئۆز قوينىغا ئالغان بولىدۇ. سۈرىدىكى ئوخشاش بولمىغان مەزمۇنلار بىلەن ئۇنىڭ ئومۇمىي مۇھىتى ئارىسىدا مۇكەممەل ماسلىششچانلىق پەيدا بولۇشى ئۈچۈن، ئەشۇ ئوخشاش بولمىغان مەزمۇنلار ھەققىدە بەلگىلىك نۇقتىدىن سۆز قىلىنىدۇ. سۈرىدە يەنە ئۆتكۈر تەسىرچان، ئۆزگىچە بىر ئاھاڭدارلىقمۇ مەۋجۇت. ئۇ پۈتۈن سۈرە بويى بىر خىل رىتىمدا بولىدۇ. بەزى جايلاردىكى رىتىم ئۆزگىرىشى مەزمۇن ئۆزگىرىشى سەۋەبىدىن مەيدانغا كەلگەن بولىدۇ. قۇرئان كەرىمنىڭ پۈتۈن سۈرىلىرىدە مانا مۇشۇنداق خۇسۇسىيەتلەر مەۋجۇت بولۇپ، سۈرە بەقەرەگە ئوخشاش ئەڭ ئۇزۇن سۈرىلەرمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس.

سۈرە بەقەرە بىرقانچىلىغان مەزمۇنلاردىن تەركىپ تاپقان بولۇپ، بۇ مەزمۇنلارنىڭ ھەممىسى ئىككى پاراللېل، ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىك سىزىقتىن تەركىپ تاپقان بىرلا دائىرىنى چۆرىدەيدۇ. بىر تەرەپتە، بەنى ئىسرائىل قەۋمىنىڭ ئىسلام دەۋىتىگە قارىتا مەدىنىدە قانداق مەيدان تۇتۇپ كەلگەنلىكى، قانداق قارشى چىققانلىقى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قانداق ئەزىيەتلەرنى يەتكۈزگەنلىكى، دەۋەت ئاساسىدا مەيدانغا چىققان مۇسۇلمانلار جامائىتىگە قارشى قانداق سۇيقەستلەردە بولغانلىقى، شۇنىڭدەك، بەنى ئىسرائىل قەۋمى تۇتقان مەيداننىڭ باشقا تەپسىلاتلىرى ۋە ھەرقايسى ھالقىلىرى، مەسىلەن، يەھۇدىيلار بىلەن مۇناپىقلارنىڭ تىل بىرىكتۈرۈشلىرى، مۇشرىكلار بىلەن بولغان ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىرى... قاتارلىقلار سۈرەتلەپ بېرىلسە؛ يەنە بىر تەرەپتە، ئەمدى بەنى ئىسرائىل قەۋمىنىڭ خەلىپىلىك ۋەزىپىسى ئۈچۈن پۈتۈنلەي لاياقەتسىز ئورۇنغا چۈشۈپ قالغانلىقى، ئۇلارنىڭ ئاللاھ تائالاغا بەرگەن ئەھدى - پەيمانلىرىنى بىر - بىرلەپ بۇزۇپ، ئىسلام ھەرىكىتىنىڭ دەسلەپكى يېتەكچىسى ھەزرىتى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بىلەن بولغان باغلىنىشلىقنى پۈتۈنلەي يوقاتقانلىقى ئېلان قىلىنىدۇ. ئاندىن مۆئمىنلەرگىمۇ ئالاھىدە ئەسكەرتىش بېرىپ، بەنى ئىسرائىل قەۋمىنىڭ لاياقەتسىز ھالغا چۈشۈپ قىلىشىغا سەۋەب بولغان مەزكۇر خاتالىقلاردىن قاتتىق ساقلىنىش كېرەكلىكى تەكىتلىنىدۇ. ئۇنىڭدا يەنە ئىسلام جامائىتىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچتا (ئەشۇ ئامانەتدارلىق ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان ھالدا) قانداق مەيدان

تۇتقانلىقى، قانداق سىياسەت يولغا قويغانلىقى، دىننى تىكلەش، دىننى تەشۋىق قىلىش، زېمىننىڭ خەلىپىلىكىنى ئۈستىگە ئېلىش قاتارلىق بۇ ئۇلۇغۋار ئېغىر مەسئۇلىيەتلەرنى ئادا قىلىش ئۈچۈن زادى نېمىشقا مەيدانغا چىققانلىقى ئېيتىپ بېرىلىدۇ.

قىسقىسى سۈرە بەقەرەنىڭ پۈتۈن مەزمۇنلىرى مانا شۇ ئىككى پاراللېل سىزىقنى بويلاپ ماڭىدۇ. (ئىنشائاللاھ) ئالدىمىزدىكى جايلاردا بۇ ھەقتە تەپسىلى توختىلىپ ئۆتىمىز.

بۇ يەردە پەقەت بىر تەرەپتىن، سۈرە بىلەن ئۇنىڭ مەزمۇنلىرى ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىشنى توغرا تونۇش ئۈچۈن، يەنە بىر تەرەپتىن، مەدىنىنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدە ئىسلام دەۋىتىنىڭ زادى قانداق سۇرئەتتە كېتىۋاتقانلىقىنى ۋە ئىسلام جامائىتى ئېلىپ بېرىۋاتقان كۈرەشلەرنى، شۇنداقلا دۇچ كېلىۋاتقان مەسىلىلەرنى ياخشى بىلىپ يېتىش ئۈچۈن مۇشۇ سۈرە نازىل بولغان ئەينى چاغدىكى ئەمەلىي ۋەزىيەت ھەققىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتۈش لازىم.

شۇنىمۇ دائىم نەزەردە تۇتۇش كېرەككى، بۇ، ئومۇملۇق نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئىسلام دەۋىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچى جامائەت ئازراقلا پەرقلىق شەكىلدە ھەربىر دەۋردە ئوخشاشلا دۇچ كېلىپ تۇرغان ئەمەلى ۋەزىيەت بولۇپ، مەدىنىدە ئىسلام دەۋىتىنىڭ دۈشمەنلىرى قانداق رولنى ئوينىغان بولسا، ھازىرغىچە بولغان تارىختىكى ئىسلام دۈشمەنلىرىمۇ دائىم يەنە شۇنداق رولنى ئويناپ كەلگەن. ئىسلامنىڭ دوستلىرىمۇ ئوخشاشلا خۇددى دەسلەپكى دەۋر ئىسلام پىداكارلىرىدەك ئىخلاسمەن بولۇپ كەلگەن. شۇنداق قىلىپ، قۇرئان كەرىمنىڭ يوليورۇقلىرى ئىسلام دەۋىتىنىڭ مەڭگۈلۈك دەستۇرىغا ئايلانغان بولۇپ، ئۇنىڭدىكى ئايەتلەردە ھەرقانداق زامان ۋە ھەرقانداق ۋەزىيەت ئۈچۈن جانلىق روشەن كۆرسەتمىلەر ئۆچرايدۇ، بۇ ئايەتلەر ئىسلام ئۈممىتىگە نىسبەتەن بەئەينى بىر مەشئەل. ئۇ ھەرخىل شەكىللىك، ئەمما ئوخشاش تەبىئەتلىك دۈشمەنلەرگە تاقابىل تۇرمىسا بولمايدىغان ئۈممەتنىڭ مۇشكۈل سەپەر يولىنى يورۇتۇپ بېرىدۇ. قۇرئان كەرىمنىڭ پۈتۈن ئايەتلىرىدىكى مانا شۇنداق خۇسۇسىيەتلەر ئۇنىڭ مۆجىزىۋي خاراكتېرلىرىنى نامايەن قىلىپ كەلمەكتە.

***********

# ھىجرەت

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشى كەسكىن پىلان ۋە ئەتراپلىق تەلىماتقا بىنائەن ئەمەلىيلەشكەن. ھىجرەت قىلىش قارار قىلىنغان مەزگىلنىڭ ئۆزىلا ھىجرەتنى چوقۇم، قەتئىي ھالدا قىلمىسا بولمايدىغان مەجبۇرىيەتكە ئايلاندۇرغان ئىدى. چۈنكى ئاللاھ تائالانىڭ ئىسلام ھەرىكىتىنى داۋاملاشتۇرۇشتا كۆزدە تۇتقان مەقسىتىگە نىسبەتەن ھىجرەت قىلىش ئىنتايىن مۇھىم ئىدى. بولۇپمۇ، خەدىچە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بىلەن ئەبۇ تالىبنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، قۇرەيش خەلقىنىڭ ئىسلام دەۋىتىگە قارىتا قاتتىق مۇئامىلىدە بولۇشى تۈپەيلىدىن مەككىدە ئىسلام دەۋىتى بىر ئاز تۇرغۇن ھالەتكە كېلىپ قالغان ئىدى. گەرچە شۇنچە قاتتىق زۇلۇم - سىتەملەرگە قارىماي بەزى كىشىلەر ئىسلامغا كىرىۋاتقان بولسىمۇ، قۇرەيشنىڭ قاتتىق مۇئامىلىسى ۋە ئىسلامغا قارشى مۇشتۇمزورلۇقى سەۋەبىدىن مەككە ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلاردا ئىسلام تەشۋىقاتىنىڭ تارقىلىشى توختاپ قالغان بولۇپ، مەككە سىرتىدىكى باشقا ئەرەب قەبىلىلىرى ئىسلام دەۋىتىگە قارىتا ئېھتىياتچانلىق بىلەن ”ساقلاپ كۆرۈش“ پوزىتسىيىسى تۇتماقتا ئىدى. ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇنىڭ يېقىن تۇغقانلىرى ئەبۇ لەھەب، ئەمر ئىبنى ھىشام، ئەبۇ سۇفيانلار ئوتتۇرىسىدا داۋاملىشىۋاتقان كۈرەشنىڭ نەتىجىسىنى كۈتۈشمەكتە ئىدى. چۈنكى ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېقىن تۇغقانلىرى بولۇپ، ئادەتتە ئەرەب قەبىلە ئەنئەنىلىرىدە جەمەتپەرۋەرلىككە قاتتىق ئەھمىيەت بېرىلەتتى. ئومۇم خەلق ئاساسەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جەمەتىنىڭ ئالدى بىلەن ئىسلامنى قوبۇل قىلىشىنى ئۈمىد قىلىشاتتى. شۇڭا ئۇلارنىڭ دۈشمەنچە مۇئامىلىسى ئالدىدا باشقا ئادەتتىكى ئەرەبلەرنىڭ ئىسلامنى قوبۇل قىلىشتىن ئىككىلىنىشى تۇرغانلا گەپ ئىدى. يەنە كېلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ جەمەتى كەبىنىڭ مۇتىۋەللىسى بولغاچقا پۈتۈن ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ دىن ۋە ئېتىقاد ئۆلگىسى بولۇشقا لاياقەتلىك ھېسابلىناتتى.

مۇشۇ سەۋەبتىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىنىڭ سىرتىدىن ئىسلامغا مەركەز، ئەقىدە - نەزەرىيەسىگە بوشلۇق، ئىسلام ھەرىكىتىنىڭ تىنچلىقى ۋە ئەركىنلىكىگە كاپالەت بولالايدىغان، جۇملىدىن، مەككىدىكى تۇرغۇن ھالەتتىن قۇتۇلۇپ، كىشىلەرنى ئىسلامغا ئەركىن دەۋەت قىلغىلى بولىدىغان ھەمدە دەۋەتنى قوبۇل قىلغانلارمۇ دۈشمەنلەرنىڭ ئازاب - ئوقۇبەت، ئازار - كۈلپەتلىرىگە دۇچار بولمايدىغان بىر رايون ھەققىدە ئىزدىنىۋاتاتتى. مەنچە، ھىجرەت قىلىشنىڭ بارلىق سەۋەبلىرى ئىچىدە ئەڭ مۇھىمى مۇشۇ بولسا كېرەك.

يەسرىبنى❶ ئىسلام ھەرىكىتىنىڭ مەركىزى قىلىشتىن ئىلگىرى، باشقا بىر قانچە رايونلارمۇ ئويلىشىلغان ئىدى. ھەممىدىن ئىلگىرى مۇسۇلمانلارنىڭ خىلى كۆپ قىسمى قېتىلغان ھەبەشىستان ھىجرىتى يۈز بەردى. بۇ ھەقتە: «مۇسۇلمانلار جىسمانىي قىيىن - قىستاقلاردىن قۇتۇلۇش ئۈچۈنلا ھىجرەت قىلغان ئىدى» دېيىش توغرا ئەمەس. چۈنكى پاكىتلار بۇنى رەت قىلىدۇ. ناۋادا، راستىنلا جىسمانىي ئەزىيەتلەردىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ھىجرەت قىلىنغان بولسا ئىدى، ئۇ چاغدا مۇسۇلمانلار ئارىسىدىكى مەككىدە ئىززەت - ئابروينى، جان ۋە مېلىنى قوغداشقا ئىمكانى بولمىغان كىشىلەرلا ھىجرەت قىلغان بولاتتى. بىراق ھىجرەتكە ئاتلانغانلار دەل بۇنىڭ ئەكسىچە ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ ئېغىر زۇلۇم - سېتەملەرگە دۇچار بولىۋاتقان ساھابىلەر، مەسىلەن، ئاجىز ياكى قۇل ساھابىلەر يوق بولۇپ، ھىجرەتكە ئاتلانغانلارنىڭ ھەممىسى ئائىلە - جەمەتلىك، ئابروي - ئىناۋەتلىك كىشىلەر ئىدى. ئۇلارغا جەمەتى تۇرغان يەردە، باشقا ھەرقانداق بىرسى ئەزىيەت يەتكۈزۈشكە جۈرئەت قىلالمايتتى. چۈنكى قەبىلىۋازلىق قاپلاپ كەتكەن ئۇ خىل جەمئىيەتتە ھەممەيلەن ئۆزىنىڭ مۇسۇلمان تۇغقانلىرىنىمۇ ھىمايە قىلىشاتتى. يەنە كېلىپ، مۇھاجىرلارنىڭ كۆپ قىسمى قۇرەيش قەبىلىسىدىن ئىدى. مەسىلەن، جەئفەر ئىبنى ئەبۇ تالىب (ئەينى چاغدا ئەبۇ تالىب بىلەن بىرلىكتە باشقا ھاشىمىي جەمەتىگە تەۋە نۇرغۇن ياشلارمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ھىمايە قىلماقتا ئىدى)، زۇبەير ئىبنى ئاۋام، ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەۋف، مەخزۇمىي قەبىلىسىدىن ئەبۇ سەلەمە، ئۇمەۋىلەردىن ئوسمان ئىبنى ئەففان قاتارلىقلار بار ئىدى. شۇنىڭدەك مەككىنىڭ يۇقىرى تەبىقىلىرىدىن بولغان ئايال ساھابىلەرمۇ ھىجرەت قىلغان ئىدى. ۋەھالەنكى، ئۇلارغا بىرەر ئەزىيەت يېتىپ قېلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

ھىجرەتنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشىدە يەنە باشقا سەۋەبلەرنىڭمۇ بولۇشى ئېھتىمالدىن يىراق ئەمەس. مەسىلەن: ھۆرمەتكە سازاۋەر، ئېسىلزادە كىشىلەر قۇرەيشنىڭ ئەزىيەتلىرىدىن جاق تويۇپ، ئۆز ئېتىقاد، ئەقىدىسىنى قوغداپ قېلىش ئۈچۈنلا ئەزىز ۋەتىنىنى ۋە يېقىن - يورۇقلىرىنى تاشلاپ جاھىلىيەتتىن قېچىشقا باشلاش ئارقىلىق، قۇرەيشنىڭ يۇقىرى تەبىقە جەمەتلىرى ئىچىدە باشقىچە بىر ئىزتىراب، داۋالغۇش پەيدا قىلىشنى كۆزدە تۇتقان بولۇشى مۇمكىن. شۇنىسى ئېنىقكى، ئەرەب خەلقىنىڭكىدەك ئۇنداق تەرەپۋاز، جەمەتپەرەس بىر جەمئىيەتتە مۇسۇلمانلارنىڭ بۇنداق بىر قەدەمنى ئېلىشى چوقۇم چوڭ تەسىر قوزغىماي قالمايتتى. يەنە كېلىپ، ھېلىھەممۇ جاھىلىيەتنىڭ ئەڭ كاتتا بايراقدارى بولغان، شۇنداقلا

❶ مەدىنىنىڭ قەدىمقى ئىسمى

ئىسلام ئەقىدىسىگە ۋە دەۋەتچىسىگە قارشى كۆتىرىلگەن پىتنىلەردە ئىنتايىن مۇھىم رول ئويناۋاتقان ئەبۇ سوفيانىنىڭ قىزى ئۇممۇ ھەبىبە رەزىيەللاھۇ ئەنھامۇ بۇ ھىجرەتكە قېتىلغان ئىدى.

بىراق بۇ سەۋەبلەرنى ”توغرا“ دەپ ئېتىراپ قىلغان تەقدىردىمۇ، يەنىلا ھەبەشىستانغا ھىجرەت قىلىشنىڭ ئىسلام ھەرىكىتىگە ئازات بىر مەركەز تېپىش تىرىشچانلىقىنىڭ ھالقىسى ئىكەنلىكىنى، شۇنداقلا ئىسلام ھەرىكىتىنىڭ داۋامى ئۈچۈن تىنچ ۋە ئەركىن مۇھىت يارىتىش مەقسەت قىلىنغانلىقىنى رەت قىلغىلى بولمايدۇ. بۇ نۇقتىنى ھەبەشىستاننىڭ پادىشاھى نەجاشىنىڭ ئىسلامنى قوبۇل قىلغانلىقى، ئەمما پوپلاردىن ئېھتىيات قىلىپ، ئىماننى ئاشكارا جاكارلىمىغانلىقى ھەققىدە نەقىل قىلىنغان سەھىھ ھەدىسلەر تېخىمۇ كۈچلەندۈرۈپ بېرىدۇ.

تەرجىمىھال كىتابلاردىن مەلۇمكى، ھىجرەتتىن ئىلگىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تائىفقا بارغان بولۇپ، بۇنىڭدىكى مەقسەتمۇ ئىسلام دەۋىتى ئۈچۈن ئازات ھەم تىنچ مەركەز تېپىشتىن ئىبارەت ئىدى. ئەمما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ تىرىشچانلىقى ئۇتۇقسىز ئېرىشەلمىدى، سەقىف قەبىلىسىنىڭ كاتىۋاشلىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى تاش - توقماق بىلەن كۈتىۋالدى. نادان، كىچىك باللارنى كۈشكۈرتۈپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تاش ئاتقۇزدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇبارەك پۇتى يارىلىنىپ، ئامالسىز رەبىئەنىڭ ئۇتبە ۋە شەيبە ئىسىملىك ئوغۇللىرىنىڭ بېغىدا پاناھلىنىشقا مەجبۇر بولدى. بۇ باغدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇبارەك ئېغىزىدىن ناھايىتىمۇ چوڭقۇر ئىخلاس بىلەن چىققان دۇئا ھەققانىيەت دەۋەتچىلىرىگە نىسبەتەن ئۆلگىلىك ساۋاق بولۇپ قالغۇسى! شۇ چاغدا ئۇ مۇنۇ دۇئانى قىلغان ئىدى:

«ئى ئاللاھ! مەن ئاجىزلىقىمدىن، چارىسىزلىقىمدىن ۋە بۇلارنىڭ ئالدىدىكى كۈچسىزلىكىمدىن ساڭىلا نالە قىلىمەن. ئى رەھىملىكلەرنىڭ ئەڭ رەھىملىكى! سەنىلا مېنىڭ ۋە پۈتۈن ئاجىزلارنىڭ پەرۋەردىگارىسەن. سەن مېنى زادى كىمگە تاپشۇرىۋاتىسەن؟ ئەجىبا مېنىڭ ئىشىمنى دۈشمەنلەرنىڭ قولىغا ياكى ماڭا قوپاللىق بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغان باشقا بىرىنىڭ قولىغا تاشلاپ قويدۇڭمۇ؟ سەن مەندىن غەزەپلەنمىگەنلا بولساڭ، ھەممە نەرسىگە پەرۋايىم پەلەك. لېكىن ماڭا نىسبەتەن سېنىڭ رەھمىتىڭ ئىنتايىن كەڭ. مەن جامالىڭنىڭ نۇرى بىلەن غەزىپىڭدىن ۋە ئازابىڭدىن پاناھلىق تىلەيمەن. جامالىڭنىڭ نۇرى زۇلمەتلەرنى يورۇتقان، دىن ۋە دۇنيانىڭ ئىشلىرى ئۇنىڭ بىلەن تۈزۈلىدۇ. مەن سېنى شات قىلغانغا قەدەر رازىلىقىڭنى تەلەپ قىلىمەن. سەندىن باشقا ھېچبىر كۈچ - قۇدرەت مەنبەسى يوق (ئامىن!)».

شۇنىڭدىن كېيىن، ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋە ئىسلام دەۋىتىگە كۆتۈلمىگەن يەردىن ئىشىك ئېچىپ بەردى. ئەقەبە مەيدانىدا تۈنجى بەيئەت بولۇپ، كېيىنكى يىلى ئىككىنچى بەيئەتمۇ مەيدانغا كەلدى. بۇ بەيئەتلەر بىزنىڭ نۆۋەتتىكى تېمىمىز بولغان "مەدىنىنىڭ ئىسلام تارىخى" بىلەن چوڭقۇر مۇناسىۋەتلىك بولغاچقا بۇ ھەقتە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىشىمىز ئىنتايىن مۇھىم.

ھىجرەتتىن ئىككى يىل ئىلگىرى، ھاجىلارغا ئىسلامنى تەشۋىق قىلىش جەريانىدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خەزرەج قەبىلىسىنىڭ بىرقانچە ئادىمى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. ئەسلىدە ئاللاھ تائالانىڭ چاقىرىقىنى پۈتۈن دۇنياغا يېيىش ئۈچۈن؛ ھەج مەزگىلىدە كىشىلەرنى چاقىرىپ، ھەر بىر قەبىلىگە ئىسلامنى قوبۇل قىلىش ۋە ئۆزىنى ھىمايە قىلىش تەلىپىنى قويۇش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئادىتى بولۇپ، ئۇلارغىمۇ شۇ تەلەپنى قويدى.

مەدىنە ئەتراپىدا يەھۇدىيلارمۇ ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، مەدىنە خەلقى ئۇلارنىڭ: «بىر ئاخىر زامان پەيغەمبىرى كېلىدۇ، ئۇنى ھىمايە قىلىپ رەھبەرلىكى ئاستىدا پۈتۈن ئەرەبلەردىن غالىپ كېلىمىز» دەيدىغانلىقىنى ھەمدە دۈشمەنگە قارشى تۇرۇشتا ئاخىر زامان پەيغەمبىرىنىڭ قوللىشىغا ۋە ھىمايىسىگە ئېرىشىپ، ئۇنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ غەلىبە قىلىشىنى دائىم دۇئالىرىدا تىلەپ تۇرىدىغانلىقىنى كۆپ ئاڭلاپ تۇراتتى. شۇڭا خەزرەج قەبىلىسىنىڭ ۋەكىللىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋىتىنى ئاڭلاپ، ئۆزئارىلىرىدا: «ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، يەھۇدىيلار بىزنى قورقۇتىدىغان ھېلىقى پەيغەمبەر دەل مۇشۇ كىشى ئىكەن، ئۇنىڭغا بىز ئۇلاردىن بالدۇرراق ئىمان ئېيتىۋالايلى» دەپ مەسلىھەتلەشتى ـ دە، ئىسلام دەۋىتىنى قوبۇل قىلدى. ئاندىن ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: «بىزنىڭ پۈتۈن خەلقىمىز مەدىنىدە تۇرىدۇ. ھازىر ئۇلار ئارىسىدا باشقا ھېچ بىر قەۋمدە كۆرۈلمىگەن ئىچكى ئۇرۇش، ئۆچ ـ ئاداۋەتلەر داۋام قىلماقتا. ئاللاھ تائالانىڭ سىلى ئارقىلىق ئارىمىزدىكى بۇ ئاداۋەتلەرنى تۈگىتىشىنى تىلەيمىز» دەپ ئۈمىدلىرىنى ئىزھار قىلدى. ئۇلار مەدىنىگە قايتىپ بېرىپ، بۇ ۋەقەنى پۈتۈن مەدىنە خەلقىگە ئاڭلاتتى. ھەممەيلەن ئىنتايىن خۇشال بولۇپ، ئىسلامنى قوبۇل قىلىش قارارىغا كېلىشتى. ئىككىنچى يىلى، ئەۋس ۋە خەزرەج قەبىلىسىدىن بىر توپ كىشى ھەج ئۈچۈن مەككىگە كېلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن كۆرۈشۈپ ئىسلامغا كىردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى تېخىمۇ ياخشى تەربىيىلەش ئۈچۈن بىر قانچىلىغان تەبلىغچى ئۇستازلارنى ئۇلارغا قوشۇپ بەردى. ئۈچىنچى يىلى ئەۋس ۋە خەزرەج قەبىلىسىدىن چوڭ بىر ۋەكىللەر ھەيئىتى كېلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئەھدە تۈزدى. بۇ ئەھدىگە ھەزرىتى ئابباس

رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ قاتناشقان بولۇپ، ئۇنىڭ ئەك مۇھىم ماددىلىرىدىن بىرسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى خۇددى ئۆزىنىڭ جان، مېلىنى قوغدىغاندەك قوغداش ئىدى. بۇ ئەھدىلىشىش ”چوڭ ئەقەبە بەيئىتى“ دەپ ئاتالدى. مۇھەممەد ئىبنى كەئىب قەرەزىدىن نەقىل قىلىنىشچە، ئابدۇللاھ ئىبنى رەۋاھە شۇ چاغدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: «ئاللاھ ئۈچۈن ۋە ئۆزلىرى ئۈچۈن خالىغان شەرتنى قوشۇۋالسىلا» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «ئاللاھ ئۈچۈن شەرت شۇكى، سىلەر پەقەت ئۇنىڭغىلا بەندىچىلىك قىلىڭلار، ئاللاھقا ھېچبىر نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەڭلار. ئۆزەم ئۈچۈن شەرت شۇكى، سىلەر مېنى جان - مېلىڭلارنى قوغدىغاندەك بىجانىدىل قوغداڭلار» دەپ جاۋاب بەردى. ئابدۇللاھ ئىبنى راۋاھە: «بىزگە بۇنىڭ نېمە ئەجرى بار؟» دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «جەننەت!» دېگەندە، ھەممەيلەن بىردەك «بۇ ناھايىتى مەنپەئەتلىك سودا بولدى. بىز نە بۇنىڭدىن يانمايمىز، نە يانغىلىمۇ قويمايمىز» دېيىشتى.

شۇنداق قىلىپ، مۇسۇلمانلار جىددى كۆچ چىقىرىش ئارقىلىق مەدىنىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى قولغا ئالدى ۋە ئىسلام دىنى ئىنتايىن تېز يېيىلىشقا باشلىدى. بىرەر ئەزاسى مۇسۇلمان بولمىغان بىرمۇ ئائىلە قالمىدى. مەككىدىكى مۇسۇلمانلارمۇ ھىجرەت قىلىپ مەدىنىگە كېلىشكە باشلىدى. ئۇلار پۈتۈن بايلىقىنى ھەق يولغا پىدا قىلىۋېتىپ، ئۆيلىرىدىن پەقەت ئىمان بايلىقىنىلا كۆتۈرۈپ چىققتى. مەدىنىنى ئۇلاردىن ئىلگىرى ئىسلام دىيارى قىلىپ بولغان ۋە ئىمانلىرىدا قەتئىي سۇباتلىق كۆرسەتكەن مەدىنىلىك مۇسۇلمان قېرىنداشلار مۇھاجىرلارغا شۇ قەدەر يېقىن قېرىنداشچە مۇئامىلىدە بولدىكى، پۈتۈن ئىنسانىيەت تارىخىدىن ئۇنىڭ مىسالىنى ئۇچراتقىلى بولمايتتى. ئاخىرىدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن بىرلىكتە ھىجرەت قىلىپ، مەدىنىگە كەلگەن كۈننىڭ ئۆزىدىلا بۇ يېڭى مەركەزدە ئىسلام ھاكىمىيىتى رەسمى تىكلەندى. ئىسلامنىڭ ئەشۇ ئىلگىرىكى جاپالىق باسقۇچلىرىدا مەدىنىگە ھىجرەت قىلغان ھەمدە باشتىنلا ئۇلارنى ھىمايە قىلىپ ياردەمچى بولۇشقا مەدىنىدە ئىنتىزار بولۇپ ئولتۇرغان ھەر ئىككى توپ بىرلىكتە قۇرئاننىڭ بىرقانچىلىغان يېرىدە ئىشارە قىلىنغان ئۇلۇغۋار ئىسلام جامائىتىنى شەكىللەندۈردى. سۈرە بەقەرەنىڭ بېشىدىلا ئىماننىڭ ئاساسلىرى بايان قىلىنغان بولۇپ، قارىماققا بۇ سۈپەتلەر گەرچە راستچىل مۆئمىنلەرنىڭ ھەممىسىگە قارىتىلغاندەك قىلسىمۇ، ئەمما بۇ سۈپەتلەرنىڭ ئەك ئالدىنقى ئەمەلىي ئۈلگىلىرى دەل ئەشۇ ئەينى چاغدا مەدىنىگە توپلانغان مۇسۇلمانلار ئىدى.

الٓمٓ ﴿١﴾ ذَٰلِكَ ٱلۡكِتَٰبُ لَا رَيۡبَۛ فِيهِۛ هُدٗى لِّلۡمُتَّقِينَ ﴿٢﴾ ٱلَّذِينَ يُؤۡمِنُونَ بِٱلۡغَيۡبِ وَيُقِيمُونَ
ٱلصَّلَوٰةَ وَمِمَّا رَزَقۡنَٰهُمۡ يُنفِقُونَ ﴿٣﴾ وَٱلَّذِينَ يُؤۡمِنُونَ بِمَآ أُنزِلَ إِلَيۡكَ وَمَآ أُنزِلَ مِن قَبۡلِكَ وَبِٱلۡأٓخِرَةِ
هُمۡ يُوقِنُونَ ﴿٤﴾ أُوْلَٰٓئِكَ عَلَىٰ هُدٗى مِّن رَّبِّهِمۡۖ وَأُوْلَٰٓئِكَ هُمُ ٱلۡمُفۡلِحُونَ ﴿٥﴾

*«ئەلىف، لام، مىم. بۇ ئاللاھنىڭ كىتابى، بۇنىڭدا ھېچ شەك يوقتۇر. تەقۋادارلار ئۈچۈن ھىدايەتتۇر. ئۇلار غەيبكە ئىمان كەلتۈرىدۇ، نامازنى بەرپا قىلىدۇ (يەنى ئادا قىلىدۇ)، بىز بەرگەن رىزىقتىن (ئاللاھ يولىغا) سەرپ قىلىدۇ، ساڭا نازىل قىلىنغان كىتابقا (يەنى قۇرئانغا)، سەندىن ئىلگىرىكى نازىل قىلىنغان كىتابلارغا ئىمان كەلتۈرىدۇ ۋە ئاخىرەتكە ئىشىنىدۇ. ئەنە شۇلار پەرۋەردىگارىنىڭ توغرا يولىدا بولغۇچىلاردۇر، ئەنە شۇلار بەختكە ئېرىشكۈچىلەردۇر».*

مۆئمىنلەرنىڭ بۇ سۈپەتلىرى بايان قىلىنغاندىن كېيىن، كۇپپارلارنىڭ سۈپەتلىرىمۇ ئۆلچىملا بايان قىلىنىدۇ. گەرچە ئومۇملۇق نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇ سۈپەتلەرمۇ بارلىق كۇپپارلارغا قارىتىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ دەسلەپكى قاراتما ئوبيېكتى ئەينى چاغدا ئىسلامنىڭ يولىغا توسالغۇ بولغان مەككىدىكى ۋە مەدىنىدىكى، شۇنداقلا ئەشۇ شارائىتتىكى كۇپپارلار ئىدى. ئاللاھ تائالا ئۇلار توغرۇلۇق مۇنداق دەيدۇ:

«إِنَّ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ سَوَآءٌ عَلَيۡهِمۡ ءَأَنذَرۡتَهُمۡ أَمۡ لَمۡ تُنذِرۡهُمۡ لَا يُؤۡمِنُونَ ﴿٦﴾ خَتَمَ ٱللَّهُ عَلَىٰ
قُلُوبِهِمۡ وَعَلَىٰ سَمۡعِهِمۡۖ وَعَلَىٰٓ أَبۡصَٰرِهِمۡ غِشَٰوَةٞۖ وَلَهُمۡ عَذَابٌ عَظِيمٞ ﴿٧﴾»

*«شۈبھىسىزكى، (يۇقىرىقى ئىشلارنى) ئىنكار قىلغانلارنى ئاگاھلاندۇرامسەن، ياكى ئاگاھلاندۇرمامسەن، بەربىر، ئۇلار ئىمان ئېيتمايدۇ. ئاللاھ ئۇلارنىڭ دىللىرىنى ۋە قۇلاقلىرىنى پېچەتلىۋەتكەن. ئۇلارنىڭ كۆزلىرى پەردىلەنگەن. ئۇلار قاتتىق ئازابقا ھەقلىقتۇر».*

************

## مۇناپىقلار

مەدىنىدە بۇ ئىككى پىرقىدىن باشقا مۇناپىقلاردىن ئىبارەت ئۈچىنچى بىر پىرقىمۇ مەۋجۇت بولۇپ، بۇ پىرقە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ، ھىجرەت تاماملانغاندىن كېيىن، شەرت ـ شارائىت نەتىجىسىدە ئۆزلىكىدىن مەيدانغا كەلگەن ئىدى. مەككىدىكى مەزگىللەردە بولسا، مۇناپىقلار پىرقىسى قەتئىي مەۋجۇت ئەمەس ئىدى. چۈنكى مەككىدىكى چاغلاردا ئىسلامنىڭ نە ماددىي كۈچى، نە ھۆكۈمەت كۈچى ۋە ياكى بىرەر ئارقا تىرىكى ۋەياكى بىرەر كۈچلۈك مىللەتتىن ياردەمچىسى يوق ئىدى. شۇڭا قۇرەيشلەرنىڭ ئۇلاردىن قورقۇپ، مۇناپىقلىق يولىنى تۇتۇشى ھاجەتسىز ئىدى. بەلكى مۇسۇلمانلار ئىنتايىن

ئاجىز ئەھۋالدا بولۇپ، ئىسلام دەۋىتى تۈرلۈك خېيىم - خەتەرلەر ئىچىدە قالغان ئىدى. ئۇ چاغلاردا ئىسلامنىڭ سېپىگە قوشۇلۇشقا جۈرئەت قىلالىغانلارنىڭ ھەممىسى (ئۇنى دەپ) ھەرقانداق ئەزىيەتكە چىداشلىق بېرەلەيدىغان، ھەممە نەرسىسىنى (ئۇنىڭ ئۈچۈن) پىدا قىلىشقا تەييار تۇرالايدىغان، ئىنتايىن ئىخلاسمەن كىشىلەردىنلا ئىبارەت ئىدى. يەسرىبتە (يەنى تۇنجى كۈندىن تارتىپلا پەيغەمبەرنىڭ شەھىرى دەپ ئاتالغان مەدىنىدە) بولسا، ئەھۋال باشقىچە ئۆزگەرگەن بولۇپ، ئىسلام ھەممە ئادەم ئېتىراپ قىلغان ۋە ھېيىقىدىغان بىر كۈچكە ئايلىنىپ بولغان ئىدى. بولۇپمۇ، بەدر ئۇرۇشىدىكى ئۇلۇغۋار غەلىبىدىن كېيىن ھەر مۇتەكەببىر كاتتىۋاشلارمۇ ئىسلامنىڭ ئالدىدا باش ئېگىشكە باشلىغان ئىدى. مۇناپىقلىق يولىنى تۇتۇشقا مەجبۇر بولغانلار بولسا، مەدىنە كاتتىۋاشلىرىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئائىلە - جەمەتى ياكى قەبىلىسى ئىسلامغا كىرىپ بولغان، شۇڭا ئۇلارمۇ ئۆزىنىڭ سابىق ئورنىنى ساقلاپ قىلىش، شۇنداقلا بىر قىسىم مەقسەتلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۆرىنىشتە ئىسلامغا كىرىۋالغانلار ئىدى. ئۇنداقلارنىڭ ئارىسىدا ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي ئىبنى سەلۇل بىرىنچى ئورۇندا تۇراتتى. چۈنكى ئۇنىڭ قەۋمى مۇسۇلمانلار مەدىنىگە كېلىشتىن ئىلگىرى ئۇنى ئۆزلىرىگە پادىشاھ قىلىش مەسلىھەتىنى قىلىشقان، ھەتتا بۇ مەسلىھەتنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئاتاپ تاج ۋە بوينىغا ئاسىدىغان گىلاپكا تەييارلاشقان ئىدى.

سۈرە بەقەرەنىڭ باش قىسمىدا ئەشۇ خىل مۇناپىقلار توغرۇلۇق توختىلىنىغان بولۇپ، ئۇنىڭدىكى نۇرغۇنلىغان ئايەتلەرنىڭ دەل ۋەزىيەت ئالدىدا چارىسىز مۇسۇلمان بولۇۋالغان، ھېلىھەممۇ كىشىلەرگە رەھبەر بولۇش چۈشىنى كۆرۈپ يۈرىۋاتقان، ئومۇم خەلققە مۇتەكەببىرلىك قىلىپ، ‘‘ھاماقەت’’ دەپ باھا بېرىپ كېلىۋاتقان ئەشۇ خىل كاتتىلارغا قارىتىلغانلىقىنى بەزى جۈملىلەردىن بىلىۋالغىلى بولىدۇ. ئاللاھ تائالا ئۇلار توغرۇلۇق مۇنداق دەيدۇ:

وَمِنَ ٱلنَّاسِ مَن يَقُولُ ءَامَنَّا بِٱللَّهِ وَبِٱلْيَوْمِ ٱلْأَخِرِ وَمَا هُم بِمُؤْمِنِينَ ﴿٨﴾ يُخَـٰدِعُونَ ٱللَّهَ
وَٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَمَا يَخْدَعُونَ إِلَّآ أَنفُسَهُمْ وَمَا يَشْعُرُونَ ﴿٩﴾ فِى قُلُوبِهِم مَّرَضٌ فَزَادَهُمُ ٱللَّهُ
مَرَضًا ۖ وَلَهُمْ عَذَابٌ أَلِيمٌۢ بِمَا كَانُواْ يَكْذِبُونَ ﴿١٠﴾ وَإِذَا قِيلَ لَهُمْ لَا تُفْسِدُواْ فِى ٱلْأَرْضِ قَالُوٓاْ
إِنَّمَا نَحْنُ مُصْلِحُونَ ﴿١١﴾ أَلَآ إِنَّهُمْ هُمُ ٱلْمُفْسِدُونَ وَلَـٰكِن لَّا يَشْعُرُونَ ﴿١٢﴾ وَإِذَا قِيلَ لَهُمْ
ءَامِنُواْ كَمَآ ءَامَنَ ٱلنَّاسُ قَالُوٓاْ أَنُؤْمِنُ كَمَآ ءَامَنَ ٱلسُّفَهَآءُ ۗ أَلَآ إِنَّهُمْ هُمُ ٱلسُّفَهَآءُ وَلَـٰكِن لَّا
يَعْلَمُونَ ﴿١٣﴾ وَإِذَا لَقُواْ ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ قَالُوٓاْ ءَامَنَّا وَإِذَا خَلَوْاْ إِلَىٰ شَيَـٰطِينِهِمْ قَالُوٓاْ إِنَّا مَعَكُمْ إِنَّمَا

نَحْنُ مُسْتَهْزِءُونَ ﴿١٤﴾ ٱللَّهُ يَسْتَهْزِئُ بِهِمْ وَيَمُدُّهُمْ فِى طُغْيَـٰنِهِمْ يَعْمَهُونَ ﴿١٥﴾ أُو۟لَـٰٓئِكَ ٱلَّذِينَ ٱشْتَرَوُا۟
ٱلضَّلَـٰلَةَ بِٱلْهُدَىٰ فَمَا رَبِحَت تِّجَـٰرَتُهُمْ وَمَا كَانُوا۟ مُهْتَدِينَ ﴿١٦﴾ مَثَلُهُمْ كَمَثَلِ ٱلَّذِى ٱسْتَوْقَدَ
نَارًا فَلَمَّآ أَضَآءَتْ مَا حَوْلَهُۥ ذَهَبَ ٱللَّهُ بِنُورِهِمْ وَتَرَكَهُمْ فِى ظُلُمَـٰتٍ لَّا يُبْصِرُونَ ﴿١٧﴾ صُمٌّۢ بُكْمٌ
عُمْىٌ فَهُمْ لَا يَرْجِعُونَ ﴿١٨﴾ أَوْ كَصَيِّبٍ مِّنَ ٱلسَّمَآءِ فِيهِ ظُلُمَـٰتٌ وَرَعْدٌ وَبَرْقٌ يَجْعَلُونَ أَصَـٰبِعَهُمْ فِىٓ
ءَاذَانِهِم مِّنَ ٱلصَّوَٰعِقِ حَذَرَ ٱلْمَوْتِ ۚ وَٱللَّهُ مُحِيطٌۢ بِٱلْكَـٰفِرِينَ ﴿١٩﴾ يَكَادُ ٱلْبَرْقُ يَخْطَفُ أَبْصَـٰرَهُمْ ۖ
كُلَّمَآ أَضَآءَ لَهُم مَّشَوْا۟ فِيهِ وَإِذَآ أَظْلَمَ عَلَيْهِمْ قَامُوا۟ ۚ وَلَوْ شَآءَ ٱللَّهُ لَذَهَبَ بِسَمْعِهِمْ وَأَبْصَـٰرِهِمْ ۚ
إِنَّ ٱللَّهَ عَلَىٰ كُلِّ شَىْءٍ قَدِيرٌ ﴿٢٠﴾

يەنە شۇنداق بەزى كىشىلەرمۇ باركى، ئۇلار «بىز ئاللاھغا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتتۇق» دەيدۇ. ھالبۇكى، ھەقىقەتتە ئۇلار مۆئمىنلەر ئەمەس. ئۇلار ئاللاھنى ۋە مۆئمىنلەرنى ئالدىماقچى بولىدۇ، لېكىن ماھىيەتتە ئۆزلىرىنىلا ئالدايدۇ ۋە بۇنى تۇيمايدۇ. ئۇلارنىڭ دىللىرىدا كېسەل بار، ئاللاھ ئۇلارنىڭ شۇ كېسەللىنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتتى؛ يالغان سۆزلىگەنلىكلىرى ئۈچۈن ئۇلار قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ.

ئۇلارغا: «يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلماڭلار» دېيىلسە، «بىز ئىسلاھ قىلغۇچىلارمىز» دەيدۇ. بىلىڭلاركى، ئۇلار ھەقىقەتەن بۇزغۇنچىلاردۇر، لېكىن بۇنى ئۆزلىرى تۇيمايدۇ. ئۇلارغا: «ئىمان ئېيتقان كىشىلەردەك سىلەرمۇ ئىمان ئېيتىڭلار» دېيىلسە، «بىز ئىمان ئېيتقان ئەخمەقلەرگە ئوخشاش ئىمان ئېيتامدۇق؟» دەيدۇ. بىلىڭلاركى، ھەقىقەتتە ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىلا ئەخمەقلەردۇر، لېكىن بۇنى ئۇلار بىلمەيدۇ.

ئۇلار ئىمان ئەھلى بىلەن ئۇچراشقىنىدا: «بىز ئىمان ئېيتتۇق» دېيىشىدۇ، يالغۇز جايدا شاياتۇنلىرى بىلەن تېپىشقانلىرىدا بولسا: «ئەسلىدە بىز سىلەر بىلەن بىللىمىز، بىز پەقەت ئۇلارنى مەسخىرە قىلىۋاتىمىز» دەيدۇ. ئاللاھ ئۇلارنى مەسخىرە قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ ئارغامچىسىنى قويۇپ بېرىدۇ، ئۇلار ئازغۇنلىقلىرى ئىچىدە قارىغۇلاردەك تېڭىرقاپ يۈرىشىدۇ. ئەنە شۇلار ھىدايەتنى بېرىپ، گۇمراھلىقنى سېتىۋالدى. بۇ سودا ئۇلارئۈچۈن پايدىلىق ئەمەس، ئۇلار ھەرگىز توغرا يولدا ئەمەس. ئۇلارنىڭ مىسالى خۇددى ئوت ياققان كىشىلەرگە ئوخشايدۇكى، ئوت ئۇلارنىڭ ئەتراپىنى يورۇتقاندا، ئاللاھ ئۇلارنىڭ كۆرۈش قۇۋۋىتىنى (كۆز نۇرىنى) يوقىتىۋەتتى. ئۇلارنى قاراڭغۇلۇقتا ھېچنەرسىنى كۆرەلمەس ھالدا قالدۇردى. ئۇلار گاستۇر، گاچىدۇر، كوردۇر. شۇڭا ئۇلار (گۇمراھلىقتىن) قايتمايدۇ. ياكى ئۇلارنىڭ مىسالى زۇلمەتلىك، گۈلدۈرماملىق ۋە چاقماقلىق قاتتىق يامغۇردا قالغان، گويا چاقماق چاققان ئاۋازنى ئاڭلاپ، ئۆلۈپ كېتىشتىن قورقۇپ، قۇلاقلىرىنى بارماقلىرى بىلەن ئېتىۋالغان كىشىلەرگە ئوخشايدۇ. ئاللاھ كافىرلارنى ھەممە تەرەپتىن قورشاپ تۇرغۇچىدۇر. چاقماق چاققاندا ئۇلار كۆز نۇرىدىن ئايرىلىپ قالغىلى تاس قالىدۇ. ئۇلار چاقماق يورۇقىدا مېڭىۋالىدۇ، قاراڭغۇلۇق قاپلىغاندا تۇرۇپ قالىدۇ. ئاللاھ خالىسا ئىدى، ئۇلارنى ئاڭلاش ۋە كۆرۈش قۇۋۋىتىدىن ئەلۋەتتە مەھرۇم قىلاتتى. ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەر نەرسىگە قادىردۇر.

قەلبى كىسەل مۇناپىقلارغا بېرىلگەن بۇ شىددەتلىك زەربە جەريانىدا ئۇلارنىڭ ”شاياتۇنلىرى“ تەرەپكىمۇ ئىشارەت قىلىنغان بولۇپ، بۇ سۈرىنىڭ سۆز ۋە مەزمۇن تەرتىپىدىن، شۇنداقلا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئېسىل تەرجىمىھالىدىن ”شەياتۇنلىرى“ دېگەن سۆزنىڭ يەھۇدىيلارغا قارىتىلغانلىقى بىلىنىپ تۇرىدۇ. چۈنكى بۇ سۈرىدە ئۇلارنىڭ ئەمەلىي خاراكتېرى ئىنتايىن قاتتىق تەنقىد قىلىنغان. يەھۇدىيلارنىڭ ئىسلام دەۋىتىگە تۇتقان پوزىتسىيەسىنى تۆۋەندىكىچە خۇلاسىلەشكە بولىدۇ.

مەدىنىدە ئىسلام ھەرىكىتى بىلەن قارشىلاشقان تۇنجى پىرقە يەھۇدىيلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىشىدە بىرقانچە تۈرلۈك سەۋەبلەر بار ئىدى. يەھۇدىيلار ئەھلى كىتاب بولغانلىقى يۈزىسىدىن ئەۋس ۋە خەزرەجگە ئوخشاش ساۋاتسىز قەۋملەرنىڭ ئالدىدا ئالاھىدە ئۈستۈن ئورۇندا تۇراتتى. ئەرەب مۇشرىكلىرى گەرچە يەھۇدى ئېتىقادىغا ئانچە قىزىقىپ كەتمىسىمۇ، ئەمما ئۇلارنى ساماۋىي كىتابقا ئىگە بولغانلىقى يۈزىسىدىن ئىلىمدە ۋە كەسكىن ھۆكۈملەردە ئۆزلىرىدىن ئۈستۈن كۆرەتتى. يەھۇدىيلار ئەۋس بىلەن خەزرەج ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشنى ئۇلغايتىشتا ئىنتايىن كۈچلۈك رول ئوينىغان بولۇپ، بۇ ئارقىلىق ئۈستىلىق بىلەن تۇپىلاڭدىن مەنپەئەتلىنىپ كەلمەكتە ئىدى. بىراق ئىسلامنىڭ كېلىشى بىلەن تەڭلا ئۇلارنىڭ يۇقىرىقى مەنپەئەتلىرى پۈتۈنلەي زەربىگە ئۇچرىدى. ئىسلام سابىق كىتابلارنى تەستىقلايدىغان ۋە توغرا تەلىماتلىرىنى مۇھاپىزەت قىلىدىغان بىر كىتابنى ئېلىپ كەلگەن ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، يەھۇدىيلار تۇزاق قۇرۇپ، تۇپىلاڭدىن توغاچ ئوغرىلاپ مەنپەئەتلىنىپ كېلىۋاتقان ئەۋس بىلەن خەزرەج قەبىلىسى ئارىسىدىكى كەسكىن توقۇنۇشلارنىمۇ ئىسلام يوققا چىقىرىپ تاشلىدى. دائىم بىر - بىرى بىلەن كاناي سىقىشىپ يۈرىيدىغان ئەۋس ۋە خەزرەج قەبىلىسى ئىسلامغا كىرگەندىن كېيىن، باشقىدىن قۇچاقلىشىپ، مۇھاجىرلارغا بىرلىكتە ياردەم قىلغانلىقى ئۈچۈن ”ئەۋس“ ۋە ”خەزرەج“ ئەمەس، بەلكى ”ئەنسارلار“ دەپ ئاتىلىشقا باشلىدى. ئىسلام دىنى شۇنىڭدەك پۈتۈن تارقاق كۈچلەرنى بىرلەشتۈرۈپ، بارلىق ئەزالىرى ئىتتىپاق يېڭى بىر ئىسلام ئىجتىمائىي جەمئىيىتىنى ھازىرلاپ چىققان ئىدىكى، گويا ئۇلار بىرلا جىسىمنىڭ خىلمۇخىل ئەزالىرىغا ئوخشايتتى. ئىنسانىيەت تارىخى ئۇنىڭ مىسالىنى نە ئۇنىڭدىن ئىلگىرى كۆرستەلمىگەن ئىدى، نە ئۇنىڭدىن كېيىن كۆرستەلمەيتتى.

**********

## يەھۇدىيلار

يەھۇدىيلار ئۆزلىرىگە ساناقسىز پەيغەمبەرلەرنىڭ كەلگەنلىكى ۋە بىر قانچىلىغان ساماۋىي كىتابلارغا ئىگە بولغانلىقى سەۋەبىدىن، ئۆزلىرىنى ئاللاھنىڭ تاللانغان، ھوقوقلۇق مىللىتى دەپ ئويلىشاتتى. ئۇلار ئاخىرقى زامان پەيغەمبىرىنىڭمۇ ئۆز ئىچىدىن چىقىشىنى

ئۈمىد قىلاتتى ۋە تەقەززالىق بىلەن كۈتۈشمەكتە ئىدى. لېكىن ئاخىر زامان پەيغەمبىرى ئەرەپلەرنىڭ ئارىسىدىن چىققاندا، يەھۇدىيلار: «بەلكىم بۇ يېڭى پەيغەمبەر ئۆز دەۋتىنى ئەرەبلەر ئارىسىدىلا چەكلىك قىلىپ، بىزگىچە كېڭەيتمەسلىكى مۇمكىن» دەپ ئويلاشقا باشلىدى. بىراق ئۇنىڭ ھەممىدىن ئىلگىرى ئەھلى كىتابلارنى ئاللاھنىڭ ئاخىرقى كىتابى تەرەپكە چاقىرىۋاتقانلىقىنى، بۇنىڭغا قارىتا: «ئەرەبلەرگە سېلىشتۇرغاندا، ئەھلى كىتابلار كۆپرەك بىلىملىك بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ دەۋەتكە ئۇلاردىن ئىلگىرى قېتىلىشى لازىم» دەپ دەلىل كەلتۈرىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن يەھۇدىيلارنىڭ مۇتەكەببىر نەپسى ئۇلارنى ئىتائەتسىزلىككە ئۈندىدى. ئۇلار ئىسلام دەۋىتىنى ئۆزىگە قىلىنغان ئاھانەت ۋە ئېتىقادىغا قىلىنغان ھۇجۇم دەپ چۈشىنىشكە باشلىدى.

ئەمدىلىكتە يەھۇدىيلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قارشى ئاداۋەتكە ۋە قاتتىق ھەسەتخۇورلۇققا مۇبتىلا بولۇشقان ئىدى. بۇنىڭ بىرىنچى سەۋەبى، ئاللاھ تائالانىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى پەيغەمبەرلىككە تاللىغانلىقى ۋە ئۇنىڭغا ھەتتا يەھۇدىيلارمۇ ھەق ئىكەنلىكىدىن قىلچە شۈبھىلەنمەيدىغان بىر كىتابنى ئاتا قىلغانلىقى بولغان بولسا، ئىككىنچى سەۋەبى پەيغەمبەرلىك ئايان بولۇش بىلەن بىرگە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ چاقماق تېزلىكىدە ئۇتۇق قازىنىپ مېڭىۋاتقانلىقى ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا يەنە ھەسەتخورلۇق، ئۆچ - ئاداۋەت، ئىسلام ھەرىكىتىگە قارشى ئەڭ رەزىل ۋاستىلارنىمۇ قورال ئورنىدا ئىشلىتىشتىن يالتايماسلىق قاتارلىقلارنىڭ يەنە بىر سەۋەبى، يەھۇدىيلارنىڭ بۇنداق يېڭى ۋەزىيەتتە يا جەمئىيەت بىلەن پۈتۈنلەي سىڭىشىپ كېتىشكە ۋە ياكى جەمئىيەتتىن كېسىلىپ قېلىشقا توغرا كېلىدىغانلىقىنى، ئەگەر كېسىلىپ قالسا، ئۆزلىرىنىڭ پىكري يېتەكچىلىكىنى ۋە تىجارەت، ئۆسۈم سودىسى قاتارلىق ئىقتىسادىي مەنپەئەتلىرىنى قولدىن كەتكۈزۈپ قويۇشقا توغرا كېلىدىغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلىشقانلىقى ئىدى. ئەمما ھېچ بىر يەھۇدى بۇ ئىككى ئىشنى ئۆزىگە تەڭلا سىڭدۈرەلمەيتتى.

مانا بۇلار، يەھۇدىيلارنىڭ مەدىنىدە ئىسلام ھەرىكىتىگە قارشى قاتتىق پوزىتسىيە تۇتىشىنىڭ سەۋەبلىرى بولۇپ، ئۇنىڭ تەپسىلاتلىرى سۈرە بەقەرەدە ۋە باشقا سۈرىلەردە بايان قىلىنغان. بىز بۇ يەردە شۇنىڭغا ئىشارەت قىلىدىغان بىر قانچە ئايەتلەرنىلا نەقىل كەلتۈرۈپ ئۆتىمىز.

قۇرئان كەرىم بەنى ئىسرائىل ھەققىدە بىر نەرسە دېيىشتىن ئىلگىرى ئۇلارغا مۇنداق سۆزلەر بىلەن ئىدا قىلىپ، ئىمانغا دەۋەت قىلىدۇ.

يَـٰبَنِيٓ إِسۡرَٰٓءِيلَ ٱذۡكُرُواْ نِعۡمَتِيَ ٱلَّتِيٓ أَنۡعَمۡتُ عَلَيۡكُمۡ وَأَوۡفُواْ بِعَهۡدِيٓ أُوفِ بِعَهۡدِكُمۡ وَإِيَّـٰيَ

فَٱرۡهَبُونِ ﴿٤٠﴾ وَءَامِنُواْ بِمَآ أَنزَلۡتُ مُصَدِّقٗا لِّمَا مَعَكُمۡ وَلَا تَكُونُوٓاْ أَوَّلَ كَافِرِۭ بِهِۦۖ وَلَا تَشۡتَرُواْ

بِـَٔايَٰتِي ثَمَنًا قَلِيلًا وَإِيَّٰيَ فَٱتَّقُونِ ﴿٤١﴾ وَلَا تَلۡبِسُواْ ٱلۡحَقَّ بِٱلۡبَٰطِلِ وَتَكۡتُمُواْ ٱلۡحَقَّ وَأَنتُمۡ تَعۡلَمُونَ ﴿٤٢﴾ وَأَقِيمُواْ ٱلصَّلَوٰةَ وَءَاتُواْ ٱلزَّكَوٰةَ وَٱرۡكَعُواْ مَعَ ٱلرَّٰكِعِينَ ﴿٤٣﴾

«ئى بەنى ئىسرائىل! مەن سىلەرگە ئاتا قىلغان نېمەتلىرىمنى ئەسلەڭلار، ماڭا بەرگەن ئەھدىڭلارغا ۋاپا قىلىڭلاركى، مەنمۇ سىلەرگە قىلغان ۋەدەمگە ۋاپا قىلىمەن، مەندىنلا قورقۇڭلار. مەن نازىل قىلغان كىتابقا (يەنى قۇرئانغا) ئىمان كەلتۈرۈڭلار، ئۇ سىلەردە بۇرۇندىنلا بار بولغان كىتابنى تەستىق قىلغۇچىدۇر. شۇڭا بىرىنچى بولۇپ قۇرئاننى ئىنكار قىلغۇچى بولماڭلار، ئايەتلىرىمنى ئەرزان باھادا ساتماڭلار، مېنىڭ غەزىپىمدىن قورقۇڭلار، ھەقنى باتىل بىلەن يۆگەپ، گۇمانلىق قىلىپ قويماڭلار ۋە بىلىپ تۇرۇپ، ھەقنى يوشۇرۇشقا تىرىشماڭلار. نامازنى بەرپا قىلىڭلار، زاكات بېرىڭلار، مېنىڭ ئالدىمدا ئېگىلگۈچىلەر بىلەن سىلەرمۇ بىرلىكتە ئېگىلىڭلار. باشقىلارنى ياخشىلىق يولىنى تاللاشقا بۇيرۇپ ئۆزەڭلارنى ئۇنتۇمسىلەر؟ ھالبۇكى، سىلەر كىتاب (يەنى تەۋرات)نى ئوقۇپ تۇرىسىلەر ـ يۇ، ئەقلىڭلارنى ئىشقا سالمامسىلەر؟»[1]

**يەنە بىر جايدا ئۇلارنىڭ تۇتقان پوزىتسىيە ۋە ئەمەل تەرزىنىڭ تەپسىلاتى ھەققىدە توختىلىپ، بەنى ئىسرائىل قەۋمىنىڭ مۇسا ئەلەيھىسسالامغا قانداق مۇئامىلە قىلغانلىقى، ئاللاھنىڭ ئىنئاملىرىغا قانداق كۇپۇرلۇق قىلغانلىقى، ئاللاھنىڭ كىتابىغا ۋە شەرىئىتىگە قانداق رىئايە قىلمىغانلىقى، ئاللاھقا قىلغان ۋەدىسىنى قانداقلارچە قايتا - قايتا بۇزغانلىقى تەپسىلى ئېيتىپ بېرىلگەندىن كېيىن، قۇرئان كەرىم مۇسۇلمانلارغا ئالاھىدە ئاگاھلاندۇرۇش بېرىپ مۇنداق دەيدۇ:**

أَفَتَطۡمَعُونَ أَن يُؤۡمِنُواْ لَكُمۡ وَقَدۡ كَانَ فَرِيقٞ مِّنۡهُمۡ يَسۡمَعُونَ كَلَٰمَ ٱللَّهِ ثُمَّ يُحَرِّفُونَهُۥ مِنۢ بَعۡدِ مَا عَقَلُوهُ وَهُمۡ يَعۡلَمُونَ ﴿٧٥﴾ وَإِذَا لَقُواْ ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ قَالُوٓاْ ءَامَنَّا وَإِذَا خَلَا بَعۡضُهُمۡ إِلَىٰ بَعۡضٖ قَالُوٓاْ أَتُحَدِّثُونَهُم بِمَا فَتَحَ ٱللَّهُ عَلَيۡكُمۡ لِيُحَآجُّوكُم بِهِۦ عِندَ رَبِّكُمۡۚ أَفَلَا تَعۡقِلُونَ ﴿٧٦﴾

ئى مۇسۇلمانلار! ئەمەلىيەتتە دەۋىتىڭلارغا بۇلارنىڭ (يەنى يەھۇدىيلارنىڭ) ئىمان ئېيتىشىنى ئۈمىد قىلامسىلەر؟ ھالبۇكى ئۇلاردىن بىر گۇرۇھ ئادەملەر (ئادىتى بويىچە) ئاللاھنىڭ كالامىنى ئاڭلاپ ياخشى چۈشەنگەندىن كېيىن، ئۇنى بىلىپ تۇرۇپ ئۆزگەرتىۋەتتى. ئۇلار (مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئىمان كەلتۈرگەن) مۆئمىنلەر بىلەن ئۇچراشقانلىرىدا: «بىزمۇ ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتىمىز» دەيدۇ. بىر- بىرى بىلەن يالغۇز جايدا تېپىشقانلىرىدا: «ئەخمەقمۇ سىلەر؟ ئاللاھنىڭ سىلەرگە ئاشكارىلىغانلىرىنى پەرۋەردىگارىڭلار ئالدىدا (ئاخىرەتتە) ئۆزەڭلارغا قارشى پاكىت بولسۇن دەپ، ئۇلارغا سۆزلەپ بېرەمسىلەر؟» دەيدۇ.[2]

---

[1] سۈرە بەقەرە، **40** - تىن **44** - ئايەتكىچە

[2] سۈرە بەقەرە، **75** - ۋە **76** - ئايەتلىرى

وَقَالُواْ لَن تَمَسَّنَا ٱلنَّارُ إِلَّآ أَيَّامًا مَّعْدُودَةً ۚ قُلْ أَتَّخَذْتُمْ عِندَ ٱللَّهِ عَهْدًا فَلَن يُخْلِفَ ٱللَّهُ عَهْدَهُۥٓ ۖ أَمْ تَقُولُونَ عَلَى ٱللَّهِ مَا لَا تَعْلَمُونَ ﴿٨٠﴾

ئۇلار: «دوزاخ ئوتى بىزگە يېقىنمۇ كەلمەيدۇ، جازا بېرىلگەندىمۇ، پەقەت بىر قانچە كۈنلۈككىلا بولىدۇ» دەيدۇ. ئۇلاردىن سورىغىنكى، «سىلەر ئاللاھدىن (قانداقتۇر) ئۇ خىلاپلىق قىلمايدىغان بىرەر ۋەدە ئالغانمۇ؟ ياكى ئۆزەڭلار بىلمەيدىغاننى ئاللاھ نامىدىن دەۋاتامسىلەر؟»❸

وَلَمَّا جَآءَهُمْ كِتَٰبٌ مِّنْ عِندِ ٱللَّهِ مُصَدِّقٌ لِّمَا مَعَهُمْ وَكَانُواْ مِن قَبْلُ يَسْتَفْتِحُونَ عَلَى ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ فَلَمَّا جَآءَهُم مَّا عَرَفُواْ كَفَرُواْ بِهِۦ ۚ فَلَعْنَةُ ٱللَّهِ عَلَى ٱلْكَٰفِرِينَ ﴿٨٩﴾

ئەمدى ئۇلارغا ئاللاھ تەرىپىدىن بىر كىتاب (يەنى قۇرئان) كەلگەندە، ئۇنىڭغا قانداق مۇئامىلە قىلىۋاتىدۇ؟ ھالبۇكى، ئۇ (قۇرئان) ئۇلاردىكى كىتابنى تەستىقلايدىغان تۇرسا، ھەتتا قۇرئان كېلىشتىن ئىلگىرى ئۇلار كافىرلارغا قارشى ئۆزلىرىگە غەلىبە، نۇسرەت ئۈچۈن دۇئا قىلىپ كەلگەن تۇرسا، ئەمما ئۇلار بىلىدىغان ئەشۇ نەرسە (يەنى قۇرئان) كەلگەن چاغدا، ئۇنى تونۇپ يېتىپمۇ، ئىنكار قىلىشتى. ئاللاھنىڭ لەنىتى ئەشۇ ئىنكارچىلارغا بولسۇن.❹

وَإِذَا قِيلَ لَهُمْ ءَامِنُواْ بِمَآ أَنزَلَ ٱللَّهُ قَالُواْ نُؤْمِنُ بِمَآ أُنزِلَ عَلَيْنَا وَيَكْفُرُونَ بِمَا وَرَآءَهُۥ وَهُوَ ٱلْحَقُّ مُصَدِّقًا لِّمَا مَعَهُمْ ۗ... ﴿٩١﴾

ئۇلارغا: «ئاللاھ نازىل قىلغان (قۇرئان)غا ئىمان كەلتۈرۈڭلار» دېيىلسە، ئۇلار: «ئۆزىمىزگە (يەنى بەنى ئىسرائىل قەۋمىگە) نازىل قىلىنغان كىتابقىلا ئىمان كەلتۈرىمىز» دەيدۇ. ئۇ (قەۋم) دائىرىسىنىڭ سىرتىدا كەلگەن كىتابقا ئىشەنمەيدۇ. ھالبۇكى ئۇ (قۇرئان) ھەقتۇر، ئۇلارنىڭ ئىلگىرىكى تەلىماتلىرىنى تەستىق قىلغۇچىدۇر...❺

وَلَمَّا جَآءَهُمْ رَسُولٌ مِّنْ عِندِ ٱللَّهِ مُصَدِّقٌ لِّمَا مَعَهُمْ نَبَذَ فَرِيقٌ مِّنَ ٱلَّذِينَ أُوتُواْ ٱلْكِتَٰبَ كِتَٰبَ ٱللَّهِ وَرَآءَ ظُهُورِهِمْ كَأَنَّهُمْ لَا يَعْلَمُونَ ﴿١٠١﴾

ئۇلارغا ئاللاھ تەرىپىدىن قوللىرىدىكى كىتابنى تەستىقلايدىغان ۋە قۇۋۋەتلەيدىغان بىر پەيغەمبەر (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) كەلگەندە، بۇ ئەھلى كىتابلاردىن بىر گۇرۇھ كىشىلەر خۇددى ھېچ نەرسە بىلمەيدىغاندەك، ئاللاھنىڭ كىتابىنى ئارقىغا چۆرۈپ قويۇشتى.❻

---

❸ سۈرە بەقەرە، 80 - ئايەت

❹ سۈرە بەقەرە، 89 - ئايەت

❺ سۈرە بەقەرە، 91 - ئايەت

❻ سۈرە بەقەرە، 101 - ئايەت

مَّا يَوَدُّ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ مِنْ أَهْلِ ٱلْكِتَـٰبِ وَلَا ٱلْمُشْرِكِينَ أَن يُنَزَّلَ عَلَيْكُم مِّنْ خَيْرٍ مِّن رَّبِّكُمْ ۗ ... ﴿١٠٥﴾

*ھەقىقانىيەت دەۋىتىنى قوبۇل قىلىشنى ئىنكار قىلغان بۇ كىشىلەر مەيلى ئەھلى كىتاب بولسۇن ياكى مۇشرىكلاردىن بولسۇن، ھەممىسى پەرۋەردىگارىڭلار تەرىپىدىن سىلەرگە بىرەر ياخشىلىقنىڭ نازىل بولۇشىنى ھەرگىز ياقتۇرمايدۇ...❼*

وَدَّ كَثِيرٌ مِّنْ أَهْلِ ٱلْكِتَـٰبِ لَوْ يَرُدُّونَكُم مِّنۢ بَعْدِ إِيمَـٰنِكُمْ كُفَّارًا حَسَدًا مِّنْ عِندِ أَنفُسِهِم مِّنۢ بَعْدِ مَا تَبَيَّنَ لَهُمُ ٱلْحَقُّ ۖ ... ﴿١٠٩﴾

*ئەھلى كىتاب ئىچىدىكى نۇرغۇن كىشىلەر ھەرنېمە قىلىپ، سىلەرنى ئىمانىڭلاردىن قايتۇرۇپ، كۇپۇرلۇققا قايتۇرۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ. گەرچە ھەق ئۇلارغا ئايان بولۇپ بولغان بولسىمۇ، ھەسەت قىلىش يۈزىسىدىن سىلەرگە نىسبەتەن شۇنداق خاھىشتا بولىدۇ...❽*

وَقَالُواْ لَن يَدْخُلَ ٱلْجَنَّةَ إِلَّا مَن كَانَ هُودًا أَوْ نَصَـٰرَىٰ ۗ تِلْكَ أَمَانِيُّهُمْ ۗ ... ﴿١١١﴾

*ئۇلار: «يەھۇدىي بولمىغان ئادەم ھەرگىزمۇ جەننەتكە كىرمەيدۇ، (ناسارالارنىڭ قارىشى بويىچە) ناسارا بولمىغان ئادەم ھەرگىزمۇ جەننەتكە كىرمەيدۇ» دېيىشىدۇ. بۇ، ئۇلارنىڭ قۇرۇق ئارزۇسىدۇر...❾*

وَلَن تَرْضَىٰ عَنكَ ٱلْيَهُودُ وَلَا ٱلنَّصَـٰرَىٰ حَتَّىٰ تَتَّبِعَ مِلَّتَهُمْ ۗ ... ﴿١٢٠﴾

*سەن يەھۇدىيلار ۋە ناسارالارنىڭ يولىدا ماڭمىغۇچە ئۇلار سەندىن ھەرگىزمۇ رازى بولمايدۇ...❿*

بۇلارنىڭ ھەممىسى، قۇرئان كەرىمنىڭ ھاياتى كۈچكە تولغان شۇنداق نۇرلۇق مۆجىزىلىرى ئىكەنكى، ئەينى چاغدا قۇرئان كەرىم يەھۇدىيلارنى قانداق سۈپەتلىگەن بولسا، ھازىرقى دەۋرىمىزگە قەدەر ئۇ سۈپەتلەر يەھۇدىيلاردا شۇ پېتى داۋام قىلىپ كەلمەكتە. ئۇلارنىڭ مەيلى ئىسلامدىن ئىلگىرىكى ياكى كېيىنكى ۋەھەتتا ھازىرغىچە بولغان ھەربىر نەسلىمۇ شۇ سۈپەتلەردىن ئايرىلماي كەلمەكتە. قۇرئان كەرىم ئۇلارغا گويا يەسرىپ يەھۇدىلىرى مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدە ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى پەيغەمبەرلەرنىڭ دەۋرلىرىدە ئەمەلىي ياشاۋاتقاندەك خىتاب قىلىدۇ. چۈنكى يارىتىلغان كۈندىن باشلاپلا

---

❼ سۈرە بەقەرە، 105 - ئايەت

❽ سۈرە بەقەرە، 109 - ئايەت

❾ سۈرە بەقەرە، 111 - ئايەت

❿ سۈرە بەقەرە، 120 - ئايەت

يەھۇدىيلارنىڭ تەبىئىتىمۇ شۇ، خاراكتېرىمۇ شۇ، ئەمەل تەرزىمۇ شۇ ۋە ھەق ـ ناھەقكە تۇتقان پوزىتسىيىسىمۇ يەنە شۇ بولۇپ كەلگەن.

دەل مۇشۇ سەۋەبتىن، قۇرئان كەرىمدە مۇسا ئەلەيھىسسالام دەۋرىدىكى يەھۇدىيلارغا قىلىنغان خىتابلار ئۆز نۆۋىتىدە يەنە مەدىنە يەھۇدىيلىرىغىمۇ قارىتىلغان بولىدۇ ۋە بۇ جەرياندا خىتابنىڭ ئۆزلۈكسىز ھالدا مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دەۋرى ئارىسىدىكى ئىسرائىل ئەۋلادلىرى تەرەپكە بۇرۇلۇۋاتقانلىقىنىمۇ كۆرىۋالغىلى بولىدۇ. شۇڭا قۇرئان كەرىمنىڭ بۇ ئۆلمەس ھۆكۈملىرى بۈگۈنكى كۈندىمۇ مۇسۇلمانلار بىلەن يەھۇدىيلارنىڭ مەيدانىنى ۋە بىر ـ بىرىگە بولغان مۇناسىۋىتىنى ئايان قىلىپ بەرمەكتە ھەمدە: «يەھۇدىيلار ئىسلام دەۋىتىگە ۋە ئىسلام ئۈممىتىگە قارشى بۇندىن ئەسىرلەر ئىلگىرى قانداق پوزىتسىيەدە بولغان بولسا، ھازىرمۇ يەنە شۇنداق پوزىتسىيەدە بولماقتا ۋە بۇندىن كېيىنمۇ يەنە شۇنداق پۇزىتسىيەدە بولىدۇ» دەپ ئېنىق ئېيتىپ بەرمەكتە. قۇرئاننىڭ بۇ ئايەتلىرى ئەينى چاغدىمۇ مۇسۇلمانلارغا نىسبەتەن مەڭگۈلۈك ئەسكەرتىش سالاھىيىتىگە ئىگە ئىدى، بۈگۈنكى كۈندىمۇ يەنە ئەسكەرتىش بىرىپ، «ئىسلام دۈشمەنلىرى بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىزغا ئىلگىرى قانداق پوزىتسىيە تۇتقان بولسا، ھازىرمۇ يەنە شۇنداق سىياسەت ئىشلىتىپ كەلمەكتە. بۈگۈنمۇ ئۇلار خۇددى يەسرىپتىكىگە ئوخشاش ھىلە ـ نەيرەڭلەرنى داۋاملاشتۇرماقتا. ئۇلار ھەربىر دەۋردە ئەنە شۇنداق خىلمۇخىل يوللار بىلەن ئىسلامغا قارشى ئۇرۇش قىلىپ كەلگەن. بۇ بارلىق ئۇرۇشلارنىڭ ماھىيىتى پەقەتلا بىر، ئۇ بولسىمۇ ''ئىسلامغا دۈشمەنلىك قىلىش''تىن ئىبارەتتۇر» دېمەكتە.

دېمەك، يەھۇدىيلار تارىختىن بۇيان بۇ ئېتىقادىي ئامانەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالماي، ئاخىرىدا ئۇنىڭغا دۈشمەنلىك پوزىتسىيىسى تۇتۇشنى تاللىۋالغان بىر چاغدا، بۇ سۈرە يەھۇدىيلارنىڭ خاراكتېرىنى بايان قىلىپ، مۇسۇلمانلارنى ئۇلارنىڭ سۇيىقەستلىرىدىن ئاگاھلاندۇرۇش بىلەن بىرگە، ئىسلام جامائىتىنى تەشكىللەپ چىقىشنىڭ، شۇنداقلا ئىسلام ئېتىقادىنىڭ دۇنيادىكى ئامانەتدارلىقىنى ئورۇنداش ئۈچۈن تەربىيە ئېلىپ بېرىشنىڭ يوللىرىنىمۇ ئېيتىپ بەرگەن.

خۇددى بىز ئىلگىرى ئېيتىپ ئۆتكەندەك، بۇ سۈرىنىڭ باش قىسمى ھىجرەتتىن كېيىنكى ئىسلام ھەرىكىتىگە قارىتا ئوخشاش بولمىغان پوزىتسىيەدىكى پىرقىلەرنى تىلغا ئېلىش بىلەن باشلانغان. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ''شاياتۇنلار پىرقىسى'' دەل يەھۇدىيلارغا قارىتىلغان ئالاھىدە ئىشارە بولۇپ، ئۇنىڭ تەپسىلاتى كېيىنرەك تولۇق تىلغا ئېلىنىدۇ.

سۈرىنىڭ بېشىدا تىلغا ئېلىنغان پىرقىلەرنىڭ خاراكتېرى تارىختىن بۇيان ئىسلام دەۋىتىگە نىسبەتەن ئوخشاش بىر خىللا داۋاملىشىپ كەلمەكتە.

ئاندىن سۈرىنىڭ پۈتۈن مەزمۇنى كۆپ خىللىقىغا قارىماي، ئۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىككى يولدىن مەيدانغا كەلگەن مەخسۇس خاراكتېر، ئوبرازى بىلەن بىرلا جەھەت ۋە بىرلا دائىرە ئەتراپىدا سەير قىلىدۇ.

سۈرە بەقەرەدە تەقۋادارلار، كاپىرلار ۋە مۇناپىقلاردىن ئىبارەت ئۈچ پىرقە تىلغا ئېلىنىش بىلەن بىرگە، ”شاياتۇن يەھۇدىيلار“ تەرەپكىمۇ ئىشارە قىلىپ ئۆتۈلگەندىن كېيىن، پۈتۈن ئىنسانلار يەقەت ئاللاھقىلا بەندىچىلىك قىلىشقا ۋە ئاللاھ نازىل قىلغان كىتابقا ئىمان كەلتۈرۈشكە دەۋەت قىلىنىدۇ. كاپىرلارغا بولسا، ناۋادا بۇ كىتابنىڭ ھەق ئىكەنلىكىدىن گۇمانلانسا، شۇنىڭغا ئوخشاش بىر سۈرە كەلتۈرۈپ بېقىش ھەققىدە جەڭ ئېلان قىلىنىدۇ. كاپىرلار دوزاقتىن قورقۇتۇلۇپ، مۇسۇلمانلارغا جەننەت بىلەن خۇشخەۋەر بېرىلىدۇ. ئاندىن كاپىرلار تەپەككۇر قىلىشقا چاقىرىلىپ، ئۇلارنىڭ كۇپۇرلۇقىغا ئەجەپلەنگەن ھالدا رەددىيە بېرىلىدۇ.

كَيْفَ تَكْفُرُونَ بِٱللَّهِ وَكُنتُمْ أَمْوَٰتًا فَأَحْيَٰكُمْ ۖ ثُمَّ يُمِيتُكُمْ ثُمَّ يُحْيِيكُمْ ثُمَّ إِلَيْهِ تُرْجَعُونَ ﴿٢٨﴾ هُوَ ٱلَّذِى خَلَقَ لَكُم مَّا فِى ٱلْأَرْضِ جَمِيعًا ثُمَّ ٱسْتَوَىٰٓ إِلَى ٱلسَّمَآءِ فَسَوَّىٰهُنَّ سَبْعَ سَمَٰوَٰتٍ ۚ وَهُوَ بِكُلِّ شَىْءٍ عَلِيمٌ ﴿٢٩﴾

*ئاللاھنى قانداقمۇ ئىنكار قىلىسىلەركى، جانسىز ئىدىڭلار، ئاللاھ سىلەرگە جان بەردى، ھەمدە كېيىن يەنە ئاللاھ جېنىڭلارنى ئالىدۇ، ئاندىن ئاللاھ قايتىدىن يەنە تىرىلدۈرىدۇ، ئاندىن ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر. ئەنە شۇ ئاللاھ يەر يۈزىدىكى ھەممە نەرسىنى سىلەر ئۈچۈن ياراتتى، ئاندىن ئاسمانتى يارىتىشقا يۈزلىنىپ، ئۇنى قۇسۇرسىز يەتتە ئاسمان قىلىپ تاماملىدى. ئاللاھ ھەر نەرسىنى بىلگۈچىدۇر.*[1]

زېمىندىكى پۈتۈن مەۋجۇتلۇقلارنىڭ ئىنسانلار ئۈچۈن يارىتىلغانلىقىدىن ئىبارەت ھەقىقەت تەرەپكە ئىشارە قىلىنغاندىن كېيىن، ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ زېمىنغا خەلىپە قىلىنغانلىقى ھەققىدە سۆز باشلىنىدۇ. قىسسە: «وَإِذْ قَالَ رَبُّكَ لِلْمَلَٰٓئِكَةِ إِنِّى جَاعِلٌ فِى ٱلْأَرْضِ خَلِيفَةً ۖ» *«شۇنداق بىر چاغنى ئەسلىگىن، ئۆز ۋاقتىدا پەرۋەردىگارىڭ پەرىشتىلەرگە: ”مەن يەر يۈزىدە خەلىپە يارىتىمەن“ دېدى»*[1] دېيىش بىلەن باشلىنىپ، ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلەن شەيتان ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن كۈرەش ۋە ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ زېمىنغا چۈشىشى، شۇنداقلا زېمىندىكى خەلىپىلىكنىڭ (ماھىيەتتە ئىمان دەۋرىنىڭ) باشلىنىشى تەپسىلى بايان قىلىنىدۇ.

قُلْنَا ٱهْبِطُوا۟ مِنْهَا جَمِيعًا ۖ فَإِمَّا يَأْتِيَنَّكُم مِّنِّى هُدًى فَمَن تَبِعَ هُدَاىَ فَلَا خَوْفٌ عَلَيْهِمْ وَلَا هُمْ يَحْزَنُونَ ﴿٣٨﴾ وَٱلَّذِينَ كَفَرُوا۟ وَكَذَّبُوا۟ بِـَٔايَٰتِنَآ أُو۟لَٰٓئِكَ أَصْحَٰبُ ٱلنَّارِ ۖ هُمْ فِيهَا خَٰلِدُونَ ﴿٣٩﴾

[1] سۈرە بەقەرە، 28 - ۋە 29 - ئايەت

[1] سۈرە بەقەرە، 30 - ئايەت

*بىز ئۇلارغا دېدۇق: «ھەممىڭلار بۇ يەردىن چۈشۈڭلار، سىلەرگە مەن تەرەپتىن بىر ھىدايەت (يوليورۇق) كېلىدۇ، كىملەركى ئۇنىڭغا ئەگىشىدىكەن، ئۇلارغا ھېچ قانداق قورقۇنچ ۋە غەم- قايغۇ بولمايدۇ. ھەمدە كىملەركى ئۇنى قوبۇل قىلىشتىن ئىنكار قىلىدىكەن ۋە بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى چېتكە قاقىدىكەن، ئۇلار ئوتقا تاشلىنىدىغان (ئەھلى دوزاخ)لاردۇر. ئۇلار دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ»*[2]

ئاندىن بەنى ئىسرائىل قەۋمىنىڭ تارىخى ھەققىدە ئۇزۇن مۇلاھىزە باشلىنىدۇ (ئۇ ھەقتىكى بىرقانچە ئايەتنى ئىلگىرى نەقىل قىلىپ ئۆتتۇق). بۇ تەنقىدىي مۇلاھىزىلەر جەريانىدا ئۇلارنى ئىسلام ئېتىقادىنى قوبۇل قىلىشقا چاقىرىدۇ، ئۇلارنىڭ قولىدىكى كىتابتىمۇ تەستىقلىنىۋاتقان قۇرئان كەرىمگە ئىمان كەلتۈرۈشكە دەۋەت قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە، ئۇلارنىڭ مۇسا ئەلەيھىسسالام دەۋرىدە قانداق خاتالىقلارنى ئۆتكۈزگەنلىكى، قانداقلارچە توغرا يولدىن ئېزىپ، ھەق بىلەن باتىلنى ئارىلاشتۇرۇپ قويغانلىقىنى ئەسلىتىدۇ.

بەنى ئىسرائىل ھەققىدىكى مۇلاھىزىلەر بىرىنچى پارىنىڭ ئاخىرىغىچە يېيىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدىن يەھۇدىيلارنىڭ ئىسلام دىنىغا ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن قۇرئان كەرىمگە قانداق مۇئامىلە قىلغانلىقى مەلۇم بولىدۇ. ئۇلار ئىسلامغا بىرىنچى بولۇپ قارشى چىقىدۇ. ھەق بىلەن ناھەقنى ئارىلاشتۇرىدۇ، باشقىلارغا ئىمان ئېيتىش مەسلىھەتى بېرىپ، ئۆزلىرىنى ئونتۇپ قالىدۇ. ئۇلار ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى تىڭشاپ، ياخشى چۈشىنىپ يەتكەن تۇرۇقلۇق ئۇنىڭغا خاتا مەنە بېرىپ، تەتۈر ئىغۋاگەرچىلىك قىلىدۇ. دەسلەپتە ئىمان ئېيتقاندەك كۆرۈنۈپ، ئاندىن كۇپۇرلۇق قىلىپ، مۇئمىنلەرنى ئالدىماقچى بولىدۇ. ئۆزئارا ئۇچراشقانلىرىدا بولسا: «دىققەت! مۇھەممەد (سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم) ھەققىدە ئالدىنقى كىتابلاردا بايان قىلىنغان مەخپىي سۆزلەرنى ھەرگىز مۇسۇلمانلارغا ئاشكارىلاپ سالماڭلار!» دېگىنىچە ئۆزلىرى يوشۇرۇپ كېلىۋاتقان مەخپىيەتلىكنى بىر - بىرىگە ئالاھىدە تەكىتلىشىدۇ. ئۇلار ھەتتا بىر ئاماللار بىلەن مۇسۇلمانلارنى كاپىر قىلىشقا تىرىشىپمۇ باققان ئىدى.

خۇددى خىرىستىئانلار ئۆزلىرىنى دۇنيادىكى ئەڭ ھىدايەت تاپقان كىشىلەر سانىغاندەك، بەنى ئىسرائىلمۇ «دۇنيادا پەقەت يەھۇدىيلارلا ھىدايەت ئەھلىدۇر» دەپ دەۋا قىلىشاتتى. ئۇلارنىڭ سۆزى بويىچە بولغاندا، ئاللاھنىڭ ئاخىرقى يوليورۇقلىرىنى جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇلارغا ئەمەس، بەلكى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە يەتكۈزگەنلىكى سەۋەبىدىنلا ئۇلار جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامغا دۈشمەن ئىدى. ئۇلار مۇسۇلمانلارنىڭ ھەرقانداق بىر غەلىبىسىگە چىداپ تۇرالمايتى ۋە ھالاك بولۇشىنى كۈتىشەتتى. ئاللاھنىڭ ۋەھيىلىرى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەھكاملىرى ئۈستىدە گۇمان پەيدا قىلىش ئۈچۈن، ھەردائىم توختىماي تىرىشاتتى. قىبلە ئۆزگەرگەن پەيتتە ئۇلار تېرىغان پىتنە - ئىغۋاگەرچىلىكنىڭ ھەددى - ھېسابى يوق ئىدى. مۇناپىقلار بىلەن

[2] سۈرە بەقەرە، 38 - ۋە 39 - ئايەت

مۇناسىۋەت باغلاپ، دائىم ئۇلارغا يېتەكچىلىك قىلاتتى، مۇشرىكلارنىمۇ ئاشكارا رىغبەتلەندۈرۈپ تۇراتتى.

دەل مۇشۇ سەۋەبتىن، ئۇلارنىڭ خاراكتېرى بۇ سۈرىدە ئىنتايىن قاتتىق تەنقىد قىلىنغان. باشقا سۈرىلەردە بولسا، ئەشۇنداق ئىشلارنى قىلغانلىقى، ئۇلارنىڭ مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ھەمدە ئۇنىڭدىن كېيىنكى پەيغەمبەرلەرگە ۋە ئۇلارنىڭ شەرىئەتلىرىگىمۇ نەسىللەردىن بىرى شۇنداق بىر خىللا پوزىتسىيە تۇتۇپ كېلىۋاتقانلىقى ئەسلىتىلگەن. قۇرئان كەرىم يەھۇدىيلارغا مەيلى قايسى زامان ۋە قايسى ماكاندا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، گويا ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئوخشاشلا بىر پىرقىدەك خىتاب قىلىدۇ. چۈنكى ئۇلار قەتئىي ئۆزگەرمەيدىغان بىرلا مىجەز، تەبىئەتكە ئىگە.

بۇ ئۇزۇن تەنقىدنىڭ ئاخىرىدا مۇسۇلمانلارنىڭ: ”بەنى ئىسرائىل قەۋمى ئىمان ئېيتىپ قالارمىكى“ دېگەن ئۈمىدتە بولماسلىقى كېرەكلىكى، چۈنكى ئۇلارنىڭ شەخسىيەتچى، مەنپەئەتپەرەس ئىدېئولوگىيىسى بىلەن ئىپلاس تەبىئىتىنىڭ ئىمان ئېيتىش يولىغا توسالغۇ بولىدىغانلىقى ئېيتىپ بېرىلگەن. بۇ خىتاب، ئۇلارنىڭ يالغۇز ئۆزىنىلا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋارىسلىرى بولغانلىقى ئۈچۈن ھىدايەتكە ئىگە دەپ داۋا قىلىشلىرىغا قاتتىق رەددىيە بېرىش بىلەن تاماملىنىدۇ. ھەمدە «ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەقىقىي ۋارىسلىرى ئۇنىڭ سۈننىتىگە تولۇق ئەمەل قىلىپ، ئۇنىڭ ئۆز پەرۋەردىگارىغا قىلغان ئەھدىسىگە رىئايە قىلىپ كەلگەن كىشىلەردۇر. ئەمدىلىكتە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋارىسلىقى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ۋە ئۇنىڭغا ئەگەشكەن مۆئمىنلەرگە ئۆتتى. چۈنكى يەھۇدىيلار توغرا يولدىن چىقىپ، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىنى ئۆزگەرتىۋەتتى. شۇڭا ئۇلار ئىسلام ئېتىقادىغا ئامانەتدار بولۇش ۋە زېمىندا ئاللاھنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە خەلىپىلىك ۋەزىپىسىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىش لاياقىتىنى يوقىتىپ بولدى. بۇ مەسئۇلىيەتنى ئەمدىلىكتە مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋە ئۇنىڭ مۆئمىن ئەگەشكۈچىلىرى ئۆز ئۈستىگە ئالدى. مۇسۇلمانلارنىڭ ئوتتۇرىغا چىققانلىقى دەل ئىبراھىم ۋە ئىسمائىل ئەلەيھىسسالاملارنىڭ كەبىنىڭ تېمىنى قوپۇرىۋاتقان چاغدا قىلغان دۇئاسىنىڭ مەقبۇل بولغانلىقىنىڭ مۇجەسسەم ئىپادىسىدۇر. ئەينى چاغدا ئۇلار ئۆز دۇئالىرىدا:

رَبَّنَا وَٱجۡعَلۡنَا مُسۡلِمَيۡنِ لَكَ وَمِن ذُرِّيَّتِنَآ أُمَّةٗ مُّسۡلِمَةٗ لَّكَ وَأَرِنَا مَنَاسِكَنَا وَتُبۡ عَلَيۡنَآۖ إِنَّكَ
أَنتَ ٱلتَّوَّابُ ٱلرَّحِيمُ ﴿١٢٨﴾ رَبَّنَا وَٱبۡعَثۡ فِيهِمۡ رَسُولٗا مِّنۡهُمۡ يَتۡلُواْ عَلَيۡهِمۡ ءَايَٰتِكَ وَيُعَلِّمُهُمُ ٱلۡكِتَٰبَ
وَٱلۡحِكۡمَةَ وَيُزَكِّيهِمۡۚ إِنَّكَ أَنتَ ٱلۡعَزِيزُ ٱلۡحَكِيمُ ﴿١٢٩﴾

*«ئى پەرۋەردىگارىمىز! ئىككىمىزنى ئۆزۈڭگە ئىتائەتمەن قىلغىن، بىزنىڭ ئەۋلادلىرىمىزدىنمۇ ئۆزۈڭگە مۇسۇلمان (ئىتائەتمەن) ئۈممەت چىقارغىن، بىزگە ھەججىمىزنىڭ قائىدىلىرىنى بىلدۈرگىن، يېتەرسىزلىكلىرىمىزنى ئەپۇ قىلغىن،*

*جۈنكى سەن تەۋبىنى ناھايىتى قوبۇل قىلغۇچىسەن، ناھايىتى مېھرىبانسەن. ئى پەرۋەردىگارىمىز! ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ئايەتلىرىڭنى ئۇلارغا تىلاۋەت قىلىپ بېرىدىغان، كىتاب ۋە ھېكمەتنى تەلىم بېرىدىغان، ئۇلارنىڭ ھاياتىنى پاكلايدىغان بىر پەيغەمبەر ئەۋەتكىن، سەن ھەقىقەتەن قۇدرەتلىك، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىسەن»*[1] دەپ تىلىگەن ئىدى.

مۇشۇ يەردىن باشلاپ سۈرىنىڭ خىتابلىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىغا توپلانغان مۇسۇلمانلار جامائەتىگە بۇرىلىدۇ. يەر يۈزىدە ئاللاھنىڭ دەۋىتىنى كەڭ تارقىتىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىپ ئوتتۇرىغا چىققان بۇ جامائەتنىڭ ھاياتلىق دەستۇرىنىڭ تۈپ ئاساسلىرى سۆزلەپ بېرىلىدۇ ھەمدە بۇ جامائەتكە خاس ئۆزگىچە سالاھىيەت ئاتا قىلىپ، ئەمەلىي ھاياتىنى، نەزەرىيە ۋە چۈشەنچىسىنى باشقىلارنىڭكىگە ئوخشىمايدىغان شەكىلدە رەتكە سېلىپ بېرىدۇ.

مۇسۇلمانلارنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى قىبلە ئۆزگىرىشىدىن باشلاپ بايان قىلىنىدۇ. مۇسۇلمانلارنىڭ يۈز كەلتۈرىدىغان يېڭى قىبلىسى ئىبراھىم ۋە ئىسمائىل ئەلەيھىسسالاملار تەرىپىدىن ئاللاھنىڭ مەخسۇس بۇيرۇقى بويىچە بىنا قىلىنغان ھەرەم مەسجىدى بولۇپ بەلگىلەپ بېرىلىدۇ. چۈنكى كىشىلەرنىڭ پەقەت بىرلا ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشى ئۈچۈن ئاللاھ ئۆزى ئىبراھىم ۋە ئىسمائىل ئەلەيھىسسالاملارنى ھەرەمنى بىنا قىلىشقا ۋە ئۇنى پاك تۇتۇشقا بۇيرىغان ئىدى. پەيغەمبىرىمىز سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمۇ گەرچە قىبلىنىڭ ئۆزگىرىشىنى شۇنچە ئارزۇ قىلىۋاتقان بولسىمۇ، يەنىلا ئۇنى ئىزھار قىلالمايۋاتاتتى. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

«قَدۡ نَرَىٰ تَقَلُّبَ وَجۡهِكَ فِي ٱلسَّمَآءِۖ فَلَنُوَلِّيَنَّكَ قِبۡلَةٗ تَرۡضَىٰهَاۚ فَوَلِّ وَجۡهَكَ شَطۡرَ ٱلۡمَسۡجِدِ ٱلۡحَرَامِۚ وَحَيۡثُ مَا كُنتُمۡ فَوَلُّواْ وُجُوهَكُمۡ شَطۡرَهُۥۗ ﴿١٤٤﴾»

*«بىز سېنىڭ بۇ قايتا- قايتا ئاسمانغا بېقىشلىرىڭنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمىز. ئەمدى سېنى جوقۇم سەن ياقتۇرىدىغان قىبلىگە يۈزلەندۈرىمىز. (ناماردا) يۈزۈڭنى مەسجىدى ھەرام تەرەپكە قىلغىن. (ئى مۇئمىنلەر!) ئەمدى قەيەردە بولماڭلار، (نامازدا) يۈزۈڭلارنى مەسجىدى ھەرام تەرەپكە قىلىڭلار»*[1]

ئاندىن سۈرىدە، بۇ جامائەت ئەمەل قىلىدىغان ئىسلامىي ھايات تۈزۈمىنىڭ تەپسىلاتى، تۇرمۇش نەزرىيىسى، ئىبادەت ئۇسۇللىرى، مۇئامىلە، ئالاقە - مۇناسىۋەتلىرى بايان قىلىپ بېرىلىدۇ. ئۇلارغا يەنە: «ھەق يولىدا جان بەرگەنلەرنى ھەرگىز ئۆلۈك دەپ قالماڭلار، ئۇلار مەڭگۇ ھاياتتۇر» دەپ ئالاھىدە تەكىتلىنىش بىلەن بىرگە، ئاللاھ يولىدا دۇچ كېلىدىغان خېيىم - خەتەر، جان ۋە مالنىڭ زىيانغا ئۇچرىشى، ئېتىز ۋە تېرىلغۇلارنىڭ نابۇت بولۇشى

---

[1] سۈرە بەرقەرە، 128 - ۋە 129 - ئايەتلەر

[1] سۈرە بەقەرە، 144 - ئايەت

دېگەندەك مۇسىبەتلەرنىڭ مۇسىبەت ئەمەس، بەلكى سىناق ئىكەنلىكى، ھەققانىيەت دەۋەتچىلىرىنىڭ بۇ سىناقلارغا ھەردائىم ئۇچراپ تۇرىدىغانلىقى ئېيتىپ بېرىلىدۇ. ئۇلارغا ئاللاھىدە نەسىھەت قىلىپ: «ھەق بىلەن باتىل ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشتە شەيتان سىلەرنى يوقسۇزلىقتىن قورقۇتۇپ، ھاياسىزلىققا ۋە شەھۋانىيەتكە ئۈندەيدۇ. ئاللاھ بولسا سىلەرگە فەزل رەھمىتىنى ۋە ئەپۇ - مەغپىرىتىنى ۋەدە قىلىدۇ. ئاللاھ مۆئمىنلەرنىڭ باشپاناھى ۋە مەدەتكارىدۇر. ئۇلارنى زۇلمەتلەردىن يورۇقلۇققا چىقىرىدۇ. كاپىرلارنىڭ باشپاناھى بولسا، ئۇلارنى يورۇقلۇقتىن چىقىرىپ زۇلمەتكە تاشلايدىغان ''تاغۇت'' (يەنى ئاسىي)لاردۇر» دېيىلىدۇ. بۇنىڭ ئارقىدىن يېمەك - ئىچمەكنىڭ ھالال - ھاراملىقى ھەققىدىكى ئەھكاملار بېرىلىش بىلەن بىرگە، ياخشىنىڭ ماھىيىتىمۇ ئېيتىپ بېرىلىپ، پەقەت تاشقى قىياپىتىگە قاراپلا ياخشى ياكى يامان دەپ باھا بەرمەسلىك لازىملىقى چۈشەندۈرۈلىدۇ. ئارقىدىن يەنە قان قىساسى، ۋەسىيەت، روزا، جىھاد، ھەج، نىكاھ ۋە تالاق... قاتارلىقلارنىڭ ئەھكاملىرى ئېيتىپ بېرىلىدۇ. ئىسلام ئائىلە تۈزۈمى ئىنتايىن ئىنچىكە سىستېمىلىق ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ ھەمدە ئىقتىسادىي تۈزۈمگە ئالاقىدار جازانە، ئۆسۈم، زاكات، سودا - تىجارەت قاتارلىقلارنىڭ ئەھكاملىرى بايان قىلىپ بېرىلىدۇ.

بۇ بارلىق تېمىلار ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتۈش جەريانىدا ئۇرۇن ۋە شارائىتقا بىنائەن مۇسا ئەلەيھىسسالامدىن كېيىنكى بەنى ئىسرائىل پەيغەمبەرلىرىنىڭ ئەھۋالى تەرەپكىمۇ ئىشارەت قىلىنىدۇ ۋە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ھاياتىنىڭ مەلۇم قىسمىمۇ بايان قىلىنىدۇ. بىرىنچى پارىدىن كېيىن، پۈتۈن سۈرىنىڭ خىتاب يۆنىلىشى مەخسۇس ئىسلام جامائىتى تەرەپكىلا بۇرىلىدۇ. ئۇلارنى ئاللاھنىڭ شەرىئىتى بويىچە يەر يۈزىدە خەلىپىلىك تۈزۈمىنى بەرپا قىلىشقا ۋە ئېتىقاد ئامانىتىنى ئۈستىگە ئېلىشقا ھازىرلاپ، باشقا بارلىق ئۈممەتلەردىن پەرقلىق ھالغا كەلتۈرۈش كۆزدە تۇتىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ، بۇ ئۈممەت كائىنات بىلەن كائىناتنىڭ رەببى (يەنى مۇسۇلمانلارنى شۇنداق ئۇلۇغ خىزمەت ئۈچۈن تاللىغان ئاللاھ) ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىش ھەققىدە باشقىلاردىن پەرقلىق ئۆزگىچە بىر نۇقتىئىنەزەرگە ئىگە بولغان بولىدۇ.

كۆرىمىزكى، سۈرە ئاخىرىدا سۆز باش تەرەپتىكى مەۋزۇلارغا يۆتكىلىپ، ئىمانىي تەسەۋۋۇرنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بېرىلىدۇ. ئىسلام ئۈممىتىنىڭ بارلىق پەيغەمبەرلەرگە، پۈتۈن ساماۋىي كىتابلارغا، پەيغەمبەر ئېيتىپ بەرگەن بارلىق غەيبلەرگە ئىمان كەلتۈرىدىغانلىقى ھەمدە پەيغەمبەرلەرنىڭ تەلىماتىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭغا جان، دىلى بىلەن رىئايە قىلىدىغانلىقى سۆزلەپ بېرىلىدۇ.

«ءَامَنَ ٱلرَّسُولُ بِمَآ أُنزِلَ إِلَيۡهِ مِن رَّبِّهِۦ وَٱلۡمُؤۡمِنُونَۚ كُلٌّ ءَامَنَ بِٱللَّهِ وَمَلَٰٓئِكَتِهِۦ وَكُتُبِهِۦ
وَرُسُلِهِۦ لَا نُفَرِّقُ بَيۡنَ أَحَدٖ مِّن رُّسُلِهِۦۚ وَقَالُواْ سَمِعۡنَا وَأَطَعۡنَاۖ غُفۡرَانَكَ رَبَّنَا وَإِلَيۡكَ ٱلۡمَصِيرُ
٢٨٥ لَا يُكَلِّفُ ٱللَّهُ نَفۡسًا إِلَّا وُسۡعَهَاۚ لَهَا مَا كَسَبَتۡ وَعَلَيۡهَا مَا ٱكۡتَسَبَتۡۗ رَبَّنَا لَا تُؤَاخِذۡنَآ إِن

نَّسِينَآ أَوۡ أَخۡطَأۡنَاۚ رَبَّنَا وَلَا تَحۡمِلۡ عَلَيۡنَآ إِصۡرٗا كَمَا حَمَلۡتَهُۥ عَلَى ٱلَّذِينَ مِن قَبۡلِنَاۚ رَبَّنَا وَلَا تُحَمِّلۡنَا مَا لَا طَاقَةَ لَنَا بِهِۦۖ وَٱعۡفُ عَنَّا وَٱغۡفِرۡ لَنَا وَٱرۡحَمۡنَآۚ أَنتَ مَوۡلَىٰنَا فَٱنصُرۡنَا عَلَى ٱلۡقَوۡمِ ٱلۡكَٰفِرِينَ ﴿٢٨٦﴾»

*پەيغەمبەر پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن ئۇنىڭغا نازىل قىلىنغان ھىدايەتكە (يوليورۇققا) ئىمان كەلتۈردى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھقا ۋە ئاللاھنىڭ پەرىشتىلىرىگە، كىتابلىرىغا ۋە پەيغەمبەرلىرىگە ئىمان كەلتۈردى. ئۇلار: «بىز ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلىرىنى بىر ـ بىرىدىن ئايرىۋەتمەيمىز. بىز ھۆكمىڭنى ئاڭلىدۇق ۋە ئىتائەتنى قوبۇل قىلدۇق، پەرۋەردىگارىمىز! مەغفىرىتىڭنى تىلەيمىز، ئاخىرى بىز سېنىڭ دەرگاھىڭغا قايتىمىز» دەيدۇ. ئاللاھ ھېچكىمگە تاقىتى يەتمەيدىغان مەسئۇلىيەت ئارتمايدۇ. ھەركىشىنىڭ قىلغان ياخشى ئەمەلىنىڭ سەمەرىسى ئۆزىگە، يامانلىقىنىڭ ۋابالىمۇ ئۆزىگە. (ئى ئىمان ئېيتقۇچىلار سىلەر دۇئانى مۇنداق قىلىڭلار)*

*«پەرۋەردىگارىمىز! ئەگەر بىز ئۇنتۇساق ياكى خاتالاشساق، بىزنى جاۋابكارلىققا تارتمىغىن. پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە بىزدىن ئىلگىرىكىلەرگە يۈكلىگەندەك ئېغىر مەسئۇلىيەت يۈكى يۈكلىمىگىن، پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە كۆتىرىشكە تاقىتىمىز يەتمەيدىغان يۈكنى يۈكلىمىگىن، بىزنى كەچۈرگىن، بىزنى مەغفىرەت قىلغىن، بىزگە رەھىم قىلغىن، سەن بىزنىڭ ئىگىمىزسەن، كافىرلارغا قارشى بىزگە ياردەم قىلغىن»*[1]

**شۇنداق قىلىپ، سۈرىنىڭ بېشىدىن تارتىپ ئاخىرىغىچە ئىنتايىن تولۇق بىردەكلىكنىڭ مەۋجۇتلىقىنى ھەمدە پۈتۈن مەزمۇنلىرىنىڭ مۆئمىنلەرنىڭ ئەشۇ مۇھىم ئىككى سۈپىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقىنى كۆرىۋالغىلى بولىدۇ.**

*************

[1] سۈرە بەقەرە، **285 -** ۋە **286 -** ئايەتلەر

## 1 - دىن 29 - گىچە بولغان ئايەتلەرنىڭ شەرھىسى

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

الٓمٓ ﴿١﴾ ذَٰلِكَ ٱلۡكِتَٰبُ لَا رَيۡبَۛ فِيهِۛ هُدٗى لِّلۡمُتَّقِينَ ﴿٢﴾ ٱلَّذِينَ يُؤۡمِنُونَ بِٱلۡغَيۡبِ وَيُقِيمُونَ
ٱلصَّلَوٰةَ وَمِمَّا رَزَقۡنَٰهُمۡ يُنفِقُونَ ﴿٣﴾ وَٱلَّذِينَ يُؤۡمِنُونَ بِمَآ أُنزِلَ إِلَيۡكَ وَمَآ أُنزِلَ مِن قَبۡلِكَ وَبِٱلۡأٓخِرَةِ
هُمۡ يُوقِنُونَ ﴿٤﴾ أُوْلَٰٓئِكَ عَلَىٰ هُدٗى مِّن رَّبِّهِمۡۖ وَأُوْلَٰٓئِكَ هُمُ ٱلۡمُفۡلِحُونَ ﴿٥﴾ إِنَّ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ
سَوَآءٌ عَلَيۡهِمۡ ءَأَنذَرۡتَهُمۡ أَمۡ لَمۡ تُنذِرۡهُمۡ لَا يُؤۡمِنُونَ ﴿٦﴾ خَتَمَ ٱللَّهُ عَلَىٰ قُلُوبِهِمۡ وَعَلَىٰ سَمۡعِهِمۡۖ
وَعَلَىٰٓ أَبۡصَٰرِهِمۡ غِشَٰوَةٞۖ وَلَهُمۡ عَذَابٌ عَظِيمٞ ﴿٧﴾ وَمِنَ ٱلنَّاسِ مَن يَقُولُ ءَامَنَّا بِٱللَّهِ وَبِٱلۡيَوۡمِ
ٱلۡأٓخِرِ وَمَا هُم بِمُؤۡمِنِينَ ﴿٨﴾ يُخَٰدِعُونَ ٱللَّهَ وَٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَمَا يَخۡدَعُونَ إِلَّآ أَنفُسَهُمۡ وَمَا
يَشۡعُرُونَ ﴿٩﴾ فِي قُلُوبِهِم مَّرَضٞ فَزَادَهُمُ ٱللَّهُ مَرَضٗاۖ وَلَهُمۡ عَذَابٌ أَلِيمُۢ بِمَا كَانُواْ يَكۡذِبُونَ ﴿١٠﴾ وَإِذَا
قِيلَ لَهُمۡ لَا تُفۡسِدُواْ فِي ٱلۡأَرۡضِ قَالُوٓاْ إِنَّمَا نَحۡنُ مُصۡلِحُونَ ﴿١١﴾ أَلَآ إِنَّهُمۡ هُمُ ٱلۡمُفۡسِدُونَ
وَلَٰكِن لَّا يَشۡعُرُونَ ﴿١٢﴾ وَإِذَا قِيلَ لَهُمۡ ءَامِنُواْ كَمَآ ءَامَنَ ٱلنَّاسُ قَالُوٓاْ أَنُؤۡمِنُ كَمَآ ءَامَنَ ٱلسُّفَهَآءُۗ
أَلَآ إِنَّهُمۡ هُمُ ٱلسُّفَهَآءُ وَلَٰكِن لَّا يَعۡلَمُونَ ﴿١٣﴾ وَإِذَا لَقُواْ ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ قَالُوٓاْ ءَامَنَّا وَإِذَا خَلَوۡاْ إِلَىٰ
شَيَٰطِينِهِمۡ قَالُوٓاْ إِنَّا مَعَكُمۡ إِنَّمَا نَحۡنُ مُسۡتَهۡزِءُونَ ﴿١٤﴾ ٱللَّهُ يَسۡتَهۡزِئُ بِهِمۡ وَيَمُدُّهُمۡ فِي طُغۡيَٰنِهِمۡ
يَعۡمَهُونَ ﴿١٥﴾ أُوْلَٰٓئِكَ ٱلَّذِينَ ٱشۡتَرَوُاْ ٱلضَّلَٰلَةَ بِٱلۡهُدَىٰ فَمَا رَبِحَت تِّجَٰرَتُهُمۡ وَمَا كَانُواْ مُهۡتَدِينَ
﴿١٦﴾ مَثَلُهُمۡ كَمَثَلِ ٱلَّذِي ٱسۡتَوۡقَدَ نَارٗا فَلَمَّآ أَضَآءَتۡ مَا حَوۡلَهُۥ ذَهَبَ ٱللَّهُ بِنُورِهِمۡ وَتَرَكَهُمۡ فِي
ظُلُمَٰتٖ لَّا يُبۡصِرُونَ ﴿١٧﴾ صُمُّۢ بُكۡمٌ عُمۡيٞ فَهُمۡ لَا يَرۡجِعُونَ ﴿١٨﴾ أَوۡ كَصَيِّبٖ مِّنَ ٱلسَّمَآءِ فِيهِ ظُلُمَٰتٞ
وَرَعۡدٞ وَبَرۡقٞ يَجۡعَلُونَ أَصَٰبِعَهُمۡ فِيٓ ءَاذَانِهِم مِّنَ ٱلصَّوَٰعِقِ حَذَرَ ٱلۡمَوۡتِۚ وَٱللَّهُ مُحِيطُۢ بِٱلۡكَٰفِرِينَ ﴿١٩﴾
يَكَادُ ٱلۡبَرۡقُ يَخۡطَفُ أَبۡصَٰرَهُمۡۖ كُلَّمَآ أَضَآءَ لَهُم مَّشَوۡاْ فِيهِ وَإِذَآ أَظۡلَمَ عَلَيۡهِمۡ قَامُواْۚ وَلَوۡ شَآءَ ٱللَّهُ
لَذَهَبَ بِسَمۡعِهِمۡ وَأَبۡصَٰرِهِمۡۚ إِنَّ ٱللَّهَ عَلَىٰ كُلِّ شَيۡءٖ قَدِيرٞ ﴿٢٠﴾ يَٰٓأَيُّهَا ٱلنَّاسُ ٱعۡبُدُواْ رَبَّكُمُ

ٱلَّذِى خَلَقَكُمْ وَٱلَّذِينَ مِن قَبْلِكُمْ لَعَلَّكُمْ تَتَّقُونَ ﴿٢١﴾ ٱلَّذِى جَعَلَ لَكُمُ ٱلْأَرْضَ فِرَٰشًا وَٱلسَّمَآءَ
بِنَآءً وَأَنزَلَ مِنَ ٱلسَّمَآءِ مَآءً فَأَخْرَجَ بِهِۦ مِنَ ٱلثَّمَرَٰتِ رِزْقًا لَّكُمْ ۖ فَلَا تَجْعَلُوا۟ لِلَّهِ أَندَادًا وَأَنتُمْ
تَعْلَمُونَ ﴿٢٢﴾ وَإِن كُنتُمْ فِى رَيْبٍ مِّمَّا نَزَّلْنَا عَلَىٰ عَبْدِنَا فَأْتُوا۟ بِسُورَةٍ مِّن مِّثْلِهِۦ وَٱدْعُوا۟
شُهَدَآءَكُم مِّن دُونِ ٱللَّهِ إِن كُنتُمْ صَٰدِقِينَ ﴿٢٣﴾ فَإِن لَّمْ تَفْعَلُوا۟ وَلَن تَفْعَلُوا۟ فَٱتَّقُوا۟ ٱلنَّارَ ٱلَّتِى
وَقُودُهَا ٱلنَّاسُ وَٱلْحِجَارَةُ ۖ أُعِدَّتْ لِلْكَٰفِرِينَ ﴿٢٤﴾ وَبَشِّرِ ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ وَعَمِلُوا۟ ٱلصَّٰلِحَٰتِ أَنَّ
لَهُمْ جَنَّٰتٍ تَجْرِى مِن تَحْتِهَا ٱلْأَنْهَٰرُ ۖ كُلَّمَا رُزِقُوا۟ مِنْهَا مِن ثَمَرَةٍ رِّزْقًا ۙ قَالُوا۟ هَٰذَا ٱلَّذِى رُزِقْنَا
مِن قَبْلُ ۖ وَأُتُوا۟ بِهِۦ مُتَشَٰبِهًا ۖ وَلَهُمْ فِيهَآ أَزْوَٰجٌ مُّطَهَّرَةٌ ۖ وَهُمْ فِيهَا خَٰلِدُونَ ﴿٢٥﴾ ۞ إِنَّ ٱللَّهَ لَا
يَسْتَحْىِۦٓ أَن يَضْرِبَ مَثَلًا مَّا بَعُوضَةً فَمَا فَوْقَهَا ۚ فَأَمَّا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ فَيَعْلَمُونَ أَنَّهُ ٱلْحَقُّ مِن
رَّبِّهِمْ ۖ وَأَمَّا ٱلَّذِينَ كَفَرُوا۟ فَيَقُولُونَ مَاذَآ أَرَادَ ٱللَّهُ بِهَٰذَا مَثَلًا ۘ يُضِلُّ بِهِۦ كَثِيرًا وَيَهْدِى
بِهِۦ كَثِيرًا ۚ وَمَا يُضِلُّ بِهِۦٓ إِلَّا ٱلْفَٰسِقِينَ ﴿٢٦﴾ ٱلَّذِينَ يَنقُضُونَ عَهْدَ ٱللَّهِ مِنۢ بَعْدِ مِيثَٰقِهِۦ
وَيَقْطَعُونَ مَآ أَمَرَ ٱللَّهُ بِهِۦٓ أَن يُوصَلَ وَيُفْسِدُونَ فِى ٱلْأَرْضِ ۚ أُو۟لَٰٓئِكَ هُمُ ٱلْخَٰسِرُونَ ﴿٢٧﴾
كَيْفَ تَكْفُرُونَ بِٱللَّهِ وَكُنتُمْ أَمْوَٰتًا فَأَحْيَٰكُمْ ۖ ثُمَّ يُمِيتُكُمْ ثُمَّ يُحْيِيكُمْ ثُمَّ إِلَيْهِ تُرْجَعُونَ
﴿٢٨﴾ هُوَ ٱلَّذِى خَلَقَ لَكُم مَّا فِى ٱلْأَرْضِ جَمِيعًا ثُمَّ ٱسْتَوَىٰٓ إِلَى ٱلسَّمَآءِ فَسَوَّىٰهُنَّ سَبْعَ
سَمَٰوَٰتٍ ۚ وَهُوَ بِكُلِّ شَىْءٍ عَلِيمٌ ﴿٢٩﴾

### ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھ نىڭ ئىسمى بىلەن (باشلايمەن)

ئەلىف، لام، مىم. (1) بۇ كىتابتا (يەنى قۇرئاندا) ھېچ شەك يوق، (ئۇ) تەقۋادارلارغا يېتەكچىدۇر. (2) ئۇلار غەيبكە ئىشىنىدۇ، نامازنى ئادا قىلىدۇ، ئۇلار بىز بەرگەن مال ـ مۈلۈكتىن (خۇدا يولىغا) سەرپ قىلىدۇ. (3) ئۇلار ساڭا نازىل قىلىنغان كىتابقا، سەندىن ئىلگىرىكى (پەيغەمبەرلەرگە) نازىل قىلىنغان كىتابلارغا ئىشىنىدۇ ۋە ئاخىرەتكە شەكسىز ئىشىنىدۇ. (4) ئەنە شۇلار پەرۋەردىگارىنىڭ توغرا يولىدا بولغۇچىلاردۇر، ئەنە شۇلار بەختكە ئېرىشكۈچىلەردۇر. (5) شۈبھىسىزكى، كاپىرلارنى ئاگاھلاندۇرامسەن، ئاگاھلاندۇرمامسەن، بەرىبىر، ئۇلار ئىمان ئېيتمايدۇ. (6) ئاللاھ ئۇلارنىڭ دىللىرىنى ۋە قۇلاقلىرىنى پېچەتلىۋەتكەن (ئىماننىڭ نۇرى كىرمەيدۇ)، ئۇلارنىڭ كۆزلىرى پەردىلەنگەن (ھەقىقەتنى كۆرمەيدۇ)، ئۇلار (ئاخىرەتتە) قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ. (7) كىشىلەر ئارىسىدا ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەندۇق

دېگۈچىلەر بار، ھەقىقەتەن ئۇلار ئىشەنمەيدۇ (يەنى ئاغزىدا ئىشىنىدۇ دېگىنى بىلەن، كۆڭلىدە ئىشەنمەيدۇ). (8) ئۇلار ئاللاھنى ۋە مۆئمىنلەرنى ئالدىماقچى بولىدۇ، ھەقىقەتەن ئۇلار تۇيماستىن ئۆزلىرىنىلا ئالدايدۇ. (9) ئۇلارنىڭ دىللىرىدا كېسەل (يەنى مۇناپىقلىق ۋە شەكلىنىش) بار، ئاللاھ ئۇلارنىڭ كېسىلىنى كۈچەيتىۋەتتى؛ يالغان سۆزلىگەنلىكلىرى (يەنى يالغاندىن ئىماننى دەۋا قىلغانلىقلىرى ۋە ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى مەسخىرە قىلغانلىقلىرى) ئۈچۈن ئۇلار قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ. (10) ئۇلارغا: «يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلماڭلار» دېيىلسە، «بىز ئىسلاھ قىلغۇچىلارمىز» دەيدۇ. (11) بىلىڭلاركى، ئۇلار ھەقىقەتەن بۇزغۇنچىلاردۇر، لېكىن بۇنى ئۆزلىرى تۇيمايدۇ. (12) ئۇلارغا (يەنى مۇناپىقلارغا): «ئىمان ئېيتقان كىشىلەردەك (يەنى ساھابىلاردەك چىن كۆڭلۈڭلار بىلەن) ئىمان ئېيتىڭلار» دېيىلسە، «بىز ئىمان ئېيتقان ئەخمەقلەرگە ئوخشاش ئىمان ئېيتامدۇق؟» دەيدۇ. بىلىڭلاركى، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىلا ئەخمەقلەر، لېكىن (بۇنى) ئۇلار تۇيمايدۇ. (13) ئۇلار مۆئمىنلەر بىلەن ئۇچراشقىنىدا: «بىز ئىمان ئېيتتۇق» دېيىشىدۇ، شاياتۇنلىرى، (يەنى مۇناپىق كاتتىباشلىرى) بىلەن يالغۇز جايدا تېپىشقاندا بولسا: «بىز ھەقىقەتەن سىلەر بىلەن بىللىمىز، پەقەت (تىلىمىزنىڭ ئۇچىدىلا ئىمان ئېيتىپ قويۇپ) مۆئمىنلەرنى مەسخىرە قىلىمىز» دەيدۇ . (14) مەسخىرە قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن ئاللاھ ئۇلارنى جازالايدۇ، ئۇلارنى گۇمراھلىقلىرىدا قويۇپ بېرىدۇكى، ئۇلار تېڭىرقىغان ھالدا يۈرۈشىدۇ. (15) ئەنە شۇلار ھىدايەتنى بېرىپ، گۇمراھلىقنى ئالدى، شۇڭا سودىسى پايدا كەلتۈرمىدى، ئۇلار ھىدايەت تاپقۇچى بولمىدى. (16) ئۇلار گوياكى (كېچىدە ئىسسىنىش ۋە يورۇقلۇق ئېلىش ئۈچۈن) ئوت ياققان كىشىلەرگە ئوخشايدۇ، ئوت ئۇلارنىڭ ئەتراپىنى يورۇتقاندا، ئاللاھ ئۇلارنىڭ (ئوتىنىڭ) يورۇقىنى ئۆچۈرىۋەتتى، ئۇلارنى (ئەتراپتىكى ھېچ نەرسىنى) كۆرەلمەيدىغان قاراڭغۇلۇقتا قالدۇردى. (17) ئۇلار گاستۇر (يەنى گاس ئاڭلىمىغاندەك، ياخشىلىقنى ئاڭلىمايدۇ)، گاچىدۇر (يەنى گاچا سۆزلىيەلمىگەندەك، ياخشى ئىشنى سۆزلىيەلمەيدۇ)، كوردۇر (يەنى كور بولۇپ قالغاندەك، توغرا يولنى كۆرمەيدۇ)، شۇڭا ئۇلار گۇمراھلىقتىن قايتمايدۇ. (18) ياكى ئۇلار زۇلمەتلىك، گۈلدۈرمامىلىق ۋە چاقماقلىق قاتتىق يامغۇردا قالغان، گويا چاقماق سوقۇۋېتىپ ئۆلۈپ كېتىشتىن قورقۇپ، قۇلاقلىرىنى بارماقلىرى بىلەن ئېتىۋالغان كىشىلەرگە ئوخشايدۇ. ئاللاھ كاپىرلارنى (يەنى ئۇلارنىڭ ھەممە ئەھۋالىنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر. (19) چاقماق چاققاندا ئۇلار كۆز نۇرىدىن ئايرىلىپ قالغىلى تاس قالىدۇ. ئۇلار چاقماق يورۇقىدا مېڭىۋالىدۇ؛ قاراڭغۇلۇق قاپلىغاندا تۇرۇپ قالىدۇ. ئاللاھ خالىسا ئىدى، ئۇلارنى ئاڭلاش ۋە كۆرۈش قۇۋۋىتىدىن ئەلۋەتتە مەھرۇم قىلاتتى.

ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەر نەرسىگە قادىردۇر. (20) ئى ئىنسانلار! تەقۋادارلاردىن بولۇشۇڭلار ئۈچۈن، سىلەرنى ۋە سىلەردىن بۇرۇنقىلار (يەنى ئۆتكەنكى ئۈممەتلەر)نى ياراتقان پەرۋەردىگارىڭلارغا ئىبادەت قىلىڭلار. (21) ئاللاھ سىلەرگە زېمىننى تۆشەك ۋە ئاسماننى بىنا (يەنى يۇلتۇزلارنىڭ زىچلىقىدا بىناغا ئوخشاش) قىلىپ بەردى، بۇلۇتتىن يامغۇر ياغدۇرۇپ بەردى، سىلەرگە رىزىق بولۇش ئۈچۈن يامغۇر ئارقىلىق تۈرلۈك مېۋىلەرنى ئۆستۈرۈپ بەردى.

ئەمدى ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرمەڭلار، ھالبۇكى، سىلەر (ئاللاھنىڭ شېرىكى يوقلۇقىنى) بىلىپ تۇرىسىلەر. (22) بەندىمىز (مۇھەممەد)گە بىز نازىل قىلغان قۇرئاندىن شەكلەنسەڭلار، قۇرئانغا ئوخشاش بىرەر سۈرىنى مەيدانغا چىقىرىپ بېقىڭلار (قۇرئانغا تەئەررۇز قىلىشتا) ئاللاھدىن باشقا ياردەمچىڭلارنىڭ ھەممىسىنى (ياردەمگە) چاقىرىڭلار، (قۇرئان ئىنساننىڭ سۆزى دېگەن گېپىڭلاردا) راستچىل بولساڭلار. (23) ئەگەر مۇنداق قىلالمىساڭلار - ھەرگىزمۇ قىلالمايسىلەر- كاپىرلار ئۈچۈن تەييارلانغان، ئىنسان ۋە تاشلار يېقىلغۇ بولغان دوزاختىن ساقلىنىڭلار. (24) (ئى مۇھەممەد!) ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارغا ئۇلارنىڭ ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەر بىلەن خۇش خەۋەر بەرگىن، ئۇلار جەننەتنىڭ بىرەر مېۋىسىدىن رىزىقلاندۇرۇلغان چاغدا: «بۇنىڭ بىلەن بۇرۇن

(دۇنيادىمۇ) رىزىقلانغان ئىدۇق» دەيدۇ. ئۇلارغا كۆرۈنۈشى دۇنيانىڭ مېۋىلىرىگە ئوخشايدىغان، تەمى ئوخشىمايدىغان مېۋىلەر بېرىلىدۇ. جەننەتلەردە ئۇلارغا پاك جۈپتىلەر (يەنى ھۆرلەر) بېرىلىدۇ، ئۇلار جەننەتلەردە مەڭگۈ قالىدۇ. (25) ئاللاھ ھەقىقەتەن پاشا ۋە ئۇنىڭدىنمۇ كىچىك نەرسىلەرنى مىسال قىلىپ كەلتۈرۈشتىن تارتىنىپ قالمايدۇ، مۆئمىنلەر بولسا ئۇنى پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن نازىل بولغان ھەقىقەت دەپ بىلىدۇ؛ كاپىرلار بولسا: «ئاللاھ بۇ نەرسىلەرنى مىسال قىلىپ كەلتۈرۈشتىن نېمىنى ئىرادە قىلىدۇ؟» دەيدۇ. ئاللاھ بۇ مىسال بىلەن نۇرغۇن كىشىلەرنى (ئۇنى ئىنكار قىلغانلىقتىن) ئازدۇرىدۇ ۋە نۇرغۇن كىشىلەرنى (ئۇنى تەستىقلىغانلىقتىن) ھىدايەت قىلىدۇ؛ شۇ ئارقىلىق پەقەت پاسىقلارنىلا ئازدۇرىدۇ. (26) پاسىقلار ئاللاھ ۋەدە ئالغاندىن كېيىن ۋەدىسىنى بۇزىدۇ، ئاللاھ ئۇلاشقا بۇيرىغان شەيئىنى ئۈزۈپ قويىدۇ (يەنى سىلە- رەھىم قىلمايدۇ)، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىدۇ؛ ئەنە شۇلار زىيان تارتقۇچىلاردۇر. (27) ئاللاھنى قانداقمۇ ئىنكار قىلىسىلەركى، جانسىز ئىدىڭلار، ئاللاھ سىلەرگە جان بەردى (يەنى ئاتاڭلارنىڭ پۇشتىدا، ئاناڭلارنىڭ قارنىدا ئابىمەنى ئىدىڭلار)، كېيىن (ئەجىلىڭلار توشقاندا) ئاللاھ جېنىڭلارنى ئالىدۇ، ئاندىن كېيىن تىرىلدۈرىدۇ، ئاندىن كېيىن ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا (ھېساب بېرىش ئۈچۈن) قايتۇرۇلىسىلەر. (28) ئاللاھ يەريۈزىدىكى ھەممە نەرسىنى سىلەر(نىڭ پايدىلىنىشىڭلار) ئۈچۈن ياراتتى، ئاندىن ئاسماننى يارىتىشقا يۈزلىنىپ، ئۇنى قۇسۇرسىز يەتتە ئاسمان قىلىپ تاماملىدى. ئاللاھ ھەر نەرسىنى بىلگۈچىدۇر. (29)

بۇ كاتتا سۈرىنىڭ باشلىنىش قىسمى بولغان بۇ بۆلۈمدە، يەھۇدىيلاردىن باشقىمۇ ئىسلام ھەرىكىتىگە قارشى تۇرىۋاتقان مەدىنىدىكى پۈتۈن بۇزغۇنچى ئۇنسۇرلار بىلەن تونۇشۇپ چىقىمىز. ئۇنىڭدا يەھۇدىيلارغا قارىتا يېنىككىنە ئىشارە قىلىنغان بولۇپ، ئۇلارنى ''مۇناپىقلارنىڭ شاياتۇنلىرى'' دەپ ئاتىغانلىقنىڭ ئۆزىلا يەھۇدىيلارنىڭ نۇرغۇن خاراكتېرىنى ئىپادىلەپ بېرىش بىلەن بىرگە، ئۇلارنىڭ ئىسلام ھەرىكىتىگە قارشى زادى قانداق رول ئويناۋاتقانلىقىنىمۇ ئىپادىلەپ بېرىدۇ. بۇ يېنىك ئىشارە باشلانغۇچتا ئۇلارنىڭ خاراكتېرىنى ئىپادىلەپ بېرىشكە تامامەن يېتەرلىك. ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنىڭ تەپسىلاتى ھەققىدە كېيىنچە تەپسىلى توختىلىندۇ.

بۇ خۇسۇسىيەتلەرنى سۈرەتلەش جەريانىدا بىز قۇرئان كەرىمنىڭ تەبىر ۋە تەسۋىر ئۇسلۇبى بىلەنمۇ تونۇشۇپ چىقىمىز. تەسۋىرلەشكە نىسبەتەن سىزىق بىلەن رەڭلەرنىڭ ئورنىغا ئىنتايىن گۈزەل سۆزلەرنىڭ تاللانغانلىقىنى كۆرىمىز. ئۇلارنى ئوقۇش بىلەنلا ئەسلىدىكى مەنزىرە كۆز ئالدىمىزدا جىلۋىلىنىشكە باشلايدۇ. بۇ تەسۋىر بىلەن مەنزىرىلەر ناھايىتىمۇ تېز ھەرىكەتلەنگەن ھالدا گويا ھاياتى كۈچى ئۇرغۇپ تۇرغاندەك جانلىق كۆرۈنىدۇ.

سۈرىنىڭ بېشىدىلا ئۇقۇمى ئاددى، قىسقا ۋە ئاممىباپ، يېنىك سۆزلەر بىلەن ئىنسانلارنىڭ ئۈچ خىل تەبىقىسى ئۆزگىچە تەسۋىرلىنىدۇ. ھەر بىر تەبىقە ئاجايىپ چوڭ ساندىكى ھەر قايسى ئىنساني جەمئىيەت ۋە شەخسلەرنىڭ تىرىك ئۈلگىسى بولۇپ، ئۇلار شۇ دەرىجىدە ئەمەلىي ۋە ئىنتايىن رېئال كۆرىنىدۇكى، ھەر زامان ۋە ماكاندا قايتىمۇ قايتا ۋۇجۇتقا كېلىپ تۇرىدۇ. پۈتۈن ئىنسانىيەت ئەڭ دەسلەپ يارىتىلغان كۈندىن تاكى ھازىرغا

قەدەر بولغان ئۇزۇن تارىخى جەرياندا دەل ئەشۇ ئۈچ خىل تەبىقىگە ئايرىلىپ كەلمەكتە. مانا بۇ قۇرئاننىڭ مۆجىزىۋىلىكىنىڭ بىر مەخسۇس ئالامىتىدۇر.

بۇ قىسقىچە ساناقلىق جۈملىلەر ئارقىلىق مەزكۇر تەبىقىلەرنىڭ قىياپىتى ئىنساننىڭ ئىددىيە لەۋھىسىگە شۇ قەدەر مۇكەممەل بىر شەكىلدە نەقىش قىلىپ ئويۇۋېتىلىدۇكى، ئۇلار گويا ھايات، ھەرىكەتچان، تونۇش كىشىلىك ئوبرازدەك ئۆزىنىڭ رېئال قىياپىتى بىلەن ئىنساننىڭ كۆز ئالدىدىن مىخىپ ئۆتۈۋاتقان پىتى كۆرۈنىدۇ. بۇ ساددا، قىسقا جۈملىلەر شۇ قەدەر مۇناسىپ، قاملاشقان، ئاھاڭداش، مۇڭلۇق ئىكەنكى، ھەرقانداق ئۇزۇن كالام ۋە مۇپەسسەل بايانلارمۇ ئۇنىڭ كىچىككىنە بۇرجىكىگە تەڭ كېلەلمەيدۇ.

بۇ تەبىقىلەرنى تەسۋىرلەش تاماملانغاندىن كېيىن، قۇرئان كەرىم پۈتۈن ئىنسانلارنى بىرىنچى خىل تەبىقىدىن بولۇشقا چاقىرىدۇ. ھېچبىر شېرىكى ۋە ھېچقانداق تەڭدىشى بولمىغان بىردىنبىر ياراتقۇچى، بىردىنبىر رىزىقلاندۇرغۇچى بولغان بىرلا ئاللاھنىڭ قۇللۇق ۋە بەندىچىلىكىگە قايتىشقا دەۋەت قىلىدۇ. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەقىقىي پەيغەمبەرلىكىدىن ۋە ئۇنىڭغا نازىل قىلىنغان قۇرئان كەرىمدىن شەكلىنىۋاتقانلارغا: «قېنى شۇنىڭغا ئوخشاش بىر سۈرىنى مەيدانغا چىقىرىپ بېقىڭلار» دەپ جەڭ ئېلان قىلىدۇ. قۇرئاندىن يۈز ئۆرۈگەنلەرنى ئىنتايىن شىددەتلىك ۋە ناھايىتى قورقۇنچلۇق ئازاپقا تەييار بولۇشقا چاقىرىپ، مۆئمىنلەرگە بولسا، تۈگىمەس - پۈتمەس ئىنئام - ئىكراملار بىلەن خۇشخەۋەر بېرىش بىلەن بىرگە، ئۇنىڭ تەسۋىرىنى سۆز ئەينەكلىرىدە كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ئاندىن يەھۇدىيلار بىلەن مۇناپىقلارنىڭ: «قۇرئاندا شۇنچە ئۇششاق - چۈششەك نەرسىلەرمۇ مىسال كەلتۈرۈلىدىكەن، شۇڭا ئۇ ھەرگىزمۇ ئاللاھ تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان كىتاب ئەمەس» دەپ پىتنە قىلىپ يۈرۈشلىرىگە ھەمدە شۇنى دەستەك قىلىپ، كىشىلەرنى شەك - شۈبھىگە مۇبتىلا قىلىش بازىرىنى قىززىتىۋاتقانلىقىغا رەددىيە بېرىدۇ. ئۇلارغا بۇ ئۇششاق مىساللارنىڭ ئىنتايىن چوڭقۇر ھېكمەتكە تولغانلىقىنى، بىر تەرەپتە ئۇلار ئۇنى ئوقۇپ تېخىمۇ گۇمراھ بولسا، يەنە بىر تەرەپتە مۆئمىنلەر ئوقۇپ ئىمانى تېخىمۇ مۇستەھكەملىنىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىدۇ. ئاندىن ئۇلارنىڭ ئۆلتۈرگۈچى ۋە تىرىلدۈرگۈچى، ھەممىنى كۆرۈپ ھەم بىلىپ تۇرغۇچى، ياراتقۇچى ۋە ھەممىنى ئىدارە قىلغۇچى بولغان ئاللاھنى ئىنكار قىلىشلىرىغا قاتتىق رەددىيە بېرىپ، ئاللاھنىڭ پۈتۈن كائىناتنى ئىنسان ئۈچۈن ياراتقانلىقىنى، ئۇلارغا سان - ساناقسىز ئىنئام - ئىكراملارنى بەرگەنلىكىنى ھەمدە بۇ پايانسىز، كەڭ مۈلكىيەتنى ئاتا قىلىپ، ئىنسانلارنى ھوقوقلۇق خەلىپە قىلغانلىقىنى سۆزلەپ بېرىدۇ.

بۇ، بەقەرە سۈرىسىنىڭ بىرىنچى دەرسى بويلاپ ماڭىدىغان نۇقتىلىق تېمىلارنىڭ ئومۇمىي خۇلاسىسى بولۇپ، ئالدىمىزدا ئۇنىڭ تەپسىلاتى ھەققىدە ئەتراپلىق توختىلىپ ئۆتىمىز.

***********

سۈرە بەقەرە «ئەلىف، لام، مىم» دېگەن ئۈچ تاق ھەرپ بىلەن باشلىنىپ، ئارقىدىنلا ئاللاھنىڭ كىتابى ھەققىدە: «بۇ ئاللاھنىڭ كىتابىدۇر، ئۇنىڭدا ھېچ شەك يوق، تەقۋادارلار ئۈچۈن ھىدايەتتۇر» دەپ توختىلىدۇ. قۇرئان كەرىمنىڭ بۇنىڭدىن باشقا بەزى سۈرىلىرىمۇ شۇنداق تاق ھەرپلەر بىلەن باشلانغان بولۇپ، ئۆلىمالار ئۇنىڭ خىلمۇ خىل شەرھىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان. بىز شۇلارنىڭ ئىچىدىن تۆۋەندىكى قاراشنى تاللايمىز:

«بۇ ئارقىلىق: "قۇرئانمۇ مۇشۇ تاق ھەرپلەردىن پۈتۈپ چىققان" دەپ ئىشارە قىلىنماقتا. بۇ ھەرپلەر ھەممىگە تونۇشلۇق ھەم مەلۇملۇق بولۇپ، ئەرەبلەر ئۇنى ناھايىتى ئاسان ئىشلىتەلەيدۇ. ئەمما ئۇنىڭدىن پۈتۈپ چىققان بۇ قۇرئان كەرىم شۇ قەدەر مۆجىزىۋى سۈپەتكە ئىگە ئىكەنكى، ئۇنىڭغا ئوخشاش بىر كىتابنى ئەشۇ ھەرپلەر بىلەن يېزىپ چىقىش ھېچقاچان ئەرەبلەرنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ. شۇڭا بۇ كىتاب ئۇلارغا قايتا - قايتا دەۋەت ئېلان قىلىپ، ئەگەر قولىدىن كەلسە، شۇنىڭغا ئوخشاش بىر كىتابنى، ياكى ئۇنىڭ سۈرىلىرىدەك 10 سۈرىنى، ئۇمۇ بولمىسا، پەقەتلا بىر سۈرىنى مەيدانغا كەلتۈرۈپ بېقىشقا چاقىرغان. ئەمما ئۇلار بۇ دەۋەتكە جاۋاب قايتۇرۇشتىن ئاجىز كەلگەن».

قۇرئان كەرىمنىڭ ئاجايىپ مۆجىزىۋىلىكى بەئەينى كائىناتنىڭ مۆجىزىۋىلىكىگە ئوخشايدۇ. خۇددى ئاللاھنىڭ يارىتىشى بىلەن ئىنساننىڭ سەنئىتى ئوخشاش بولمىغاندەك، قۇرئان بىلەن ئىنساننىڭ سۆزىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. قېنى، بۇ تۇپراققا قاراپ باقايلى، ئۇ ھەممىمىزگە مەلۇملۇق بىرقانچە ئېلېمېنتتىن تەركىب تاپقان بىر زەررە. بىز ئۇنىڭ بىلەن خىش، تاۋاق، ياكى ھەيكەل ۋەياكى بەك بولغاندا بىرەر ماشىنا ياساپ چىقالايمىز. لېكىن ئاللاھ شۇنچە شانلىق بىر ياراتقۇچى ئىكەنكى، ئۇ زەررىلەرگە ھاياتلىق بەخش ئېتىدۇ. زەررىلەر بىردىنلا ھەرىكەتچان، جانلىق مەخلۇققا ئايلىنىپ، ئاللاھ تائالانىڭ "ھايات"تىن ئىبارەت سىرىنى ئۆز قوينىغا ئالغان ھالدا كۆز ئالدىمىزدا نامايەن بولىدۇ. بۇ "ھايات" ئىنساننىڭ كۈچ - قۇدرىتىدىن ۋە ئەقىل - ئىدراكىدىن تاشقىرى بىر سىر بولۇپ، بۇنىڭغا قۇرئان كەرىمنى مىسال قىلىشقا بولىدۇ. ئىنسانلار تاق ھەرپلەر بىلەن ۋە شۇلاردىن تۈزۈلگەن ئۇقۇملۇق جۈملىلەر بىلەن نەسىر ياكى شېئىر يېزىپ چىقالايدۇ. ئەمما ئاللاھ تائالا دەل شۇ ماددىلارنى ئىشلەتكەندە، قۇرئان كەرىم ۋە فۇرقانى ئەزىم پۈتۈپ چىقىدۇ. دېمەككى، ئاللاھنىڭ كالامى بىلەن ئىنساننىڭ سۆزى ئوتتۇرىسىدىكى پەرق، خۇددى جانسىز بىر ماددا بىلەن جانلىق بىر مەخلۇقنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پەرققە ئوخشايدۇ. ھەقىقىي ھايات بىلەن كۆرۈنۈشتىكى ھاياتنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پەرقمۇ دەل شۇنىڭدىن ئىبارەتتۇر.

«ذَٰلِكَ ٱلْكِتَٰبُ لَا رَيْبَ ۛ فِيهِ» «بۇ ئاللاھنىڭ كىتابى، بۇنىڭدا ھېچ شەك يوقتۇر»

سۈرە باشلىنىشىدىن تارتىپلا ئىشەنچ، ساداقەتنىڭ قەتئىي دەلىللىرىنى ئۆز قوينىغا ئالغان تۇرسا، ھەمدە ئەرەب ئەدىبلىرىمۇ ئۆز تىلىدىكى ھەممىگە مەلۇملۇق ئەشۇ ھەرپ ۋە

سۆزلۈكلەر بىلەن بۇنداق بىر كىتابنى مەيدانغا كەلتۈرۈشتىن ئاجىز كەلگەن تۇرسا، ئۇنىڭدا قانداقمۇ شەك - شۈبھە بولسۇن؟

«ذَٰلِكَ ٱلۡكِتَٰبُ لَا رَيۡبَۛ فِيهِۛ هُدٗى لِّلۡمُتَّقِينَ » «مانا ئۇ كىتاب، بۇنىڭدا ھېچ شەك يوقتۇر. تەقۋادارلار ئۈچۈن ھىدايەتتۇر»

بۇ كىتابنىڭ ھەقىقىتىمۇ، تەبىئىتىمۇ، ماھىيىتىمۇ ۋە مەۋجۇتلۇقىمۇ ھىدايەتتۇر. ئەمما ئۇ زادى كىمگە ھىدايەت؟ زادى كىمگە يول كۆرسەتكۈچ نۇر ۋە كۆيۈمچان رەھبەر؟... پەقەتلا تەقۋادارلارغا.

**********

## تەقۋا

بۇنىڭدىن پەقەت قەلبى ئاللاھقا بولغان قورقۇنچ بىلەن تولۇپ تاشقان كىشىلا مەنپەئەتلىنەلەيدۇ. تەقۋالىق بۇ كىتابقا ئىنساننىڭ قەلب دەرىزىلىرىنى ئاچىدۇ. تەقۋالىق بىرەر قىلبكە يەرلەشكەن چاغدىلا ئاندىن ئۆز رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرىدۇ. چۈنكى ھەرقانداق قەلبنى ئىمانغا مايىل قىلىدىغان نەرسە تەقۋالىق بولۇپ، ساداقەتنى ھەممىدىن ئىلگىرى ئېگىز كۆتىرىپ، ھەققانىيەتنىڭ ساداسىغا ''لەببەيك'' دېيىشكە تەييارلايدۇ.

قانداقلا كىشى قۇرئاندىن ھىدايەت تاپماقچى بولىدىكەن، ئۇنىڭ ئىخلاسمەن، ساغلام قەلب بىلەن قۇرئاننىڭ يېنىغا كېلىشى ئىنتايىن مۇھىم. ئۇنىڭ قەلبى ئاللاھقا بولغان قورقۇنچقا ۋە تەقۋادارلىققا تولغان بولۇشى، دائىم دىگۈدەك بىرەر يەردە ئازغۇنلۇققا پېتىپ قېلىشتىن، زالالەتكە بېرىلىپ قىلىشتىن ئەندىشە قىلىپ تۇرىۋاتقان بولۇشى لازىم. كىمكى قۇرئاننى ئەنە شۇنداق مۇلاھىزە قىلىدىكەن، قۇرئانمۇ ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ سىر - ئەسرالىرىنى ئېچىپ بېرىدۇ، ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ بەرىكەت نۇرىنى ياغدۇرىدۇ. شۇنداق قىلىپ، تەقۋادار، نازۇك، ھاياجانلىق، يۇمشاق قەلبكە مەرىپەتنىڭ شەربىتى قۇيۇلغان بولىدۇ. رىۋايەت قىلىنىشچە، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىر قېتىم ئۇبەي ئىبنى كەئب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن تەقۋالىقنىڭ مەنىسىنى سورىغان. ئۇ جاۋابەن: «سەن بىرەر تىكەن - چاتقال باسقان يولدىن ئۆتۈپ باققانمۇ؟» دەپ سورىغان، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ھەئە» دىگىنىدە، «ئۇ يولدىن قانداق قىلىپ ئۆتتىڭ؟» دەپ سورىغان. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «كىيىملىرىمنى ئاۋايلاپ، ئېھتىيات بىلەن مېڭىپ» دەپ جاۋاب بەرگەندە، ئۇبەي ئىبنى كەئب: «تەقۋالىق دىگەن دەل مۇشۇنداق بولىدۇ» دىگەن.

مانا بۇ تەقۋالىقنىڭ مەنىسى. سەگەك ۋىجدان، پاك تۇيغۇ، ئاللاھقا بولغان دائىملىق قورقۇنچ، ئىزچىل ئېھتىيات بىلەن ھاياتلىق يولىدىكى تىكەنلەردىن ساقلىنىشتۇر. بولۇپمۇ، نەپسى خاھىش، ھاۋايى - ھەۋەس، قورقۇنچ، تەھدىت، تاماخورلۇق، قۇرۇق ئارزۇ - ئۈمىد

قاتارلىقلارنىڭ تىكەنلىرى ھەممە ئەتراپىنى قاپلىغان يوللاردىن ساقلىنىشتۇر. ئىشقا ئاشۇرالمايدىغانلارغا باغلانغان ئۈمىدنىڭ، پايدا ياكى زىيان يەتكۈزەلمەيدىغانلارغا باغلانغان قورقۇنچنىڭ تىكەنلىرىگە تولغان يولدىن... خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش يەنە قانچە ئون تۈرلۈك تىكەن، توساقلارغا تولغان يولدىن ساقلىنىشتۇر...

ئاندىن ئايەت كەرىمەلەر يەنە تەقۋادارلارنىڭ سۈپەتلىرىنى بايان قىلىش بىلەن داۋام قىلىدۇ. بۇ سۈپەتلەر مەدىنىدىكى دەسلەپكى مۆئمىنلەرنىڭ سۈپەتلىرى بولۇپ، باشقا پۈتۈن دەۋرلەردىكى بارلىق ئىخلاسمەن مۇسۇلمانلارنىڭمۇ مۇئەييەن ئۆلچىمى بولۇپ كەلمەكتە.

«ٱلَّذِينَ يُؤۡمِنُونَ بِٱلۡغَيۡبِ وَيُقِيمُونَ ٱلصَّلَوٰةَ وَمِمَّا رَزَقۡنَٰهُمۡ يُنفِقُونَ. وَٱلَّذِينَ يُؤۡمِنُونَ بِمَآ أُنزِلَ إِلَيۡكَ وَمَآ أُنزِلَ مِن قَبۡلِكَ وَبِٱلۡأٓخِرَةِ هُمۡ يُوقِنُونَ» *«ئۇلار غەيبكە ئىمان كەلتۈرىدۇ، نامازنى بەرپا قىلىدۇ (يەنى، ئادا قىلىدۇ)، بىز بەرگەن رىزىقتىن سەرپ قىلىدۇ. ئۇلار ساڭا نازىل قىلغان كىتابقا (يەنى، قۇرئانغا)، سەندىن ئىلگىرىكى نازىل قىلىنغان كىتابلارغا ئىمان كەلتۈرىدۇ ۋە ئاخىرەتكە ئىشىنىدۇ»*

تەقۋادارلارنىڭ بىرىنچى خۇسۇسىيىتى شۇكى، ئۇلاردا پائالىيەتچان ئاڭ بىرلىكى بولىدۇ. ھەممەيلەننىڭ قەلبى غەيبكە بولغان ئىمان بىلەن تولغان بولىدۇ، ھەممەيلەن ئوخشاش پەرزنى ئادا قىلىدۇ، بارلىق پەيغەمبەرلەرگە ئىشىنىدۇ، قىيامەتتىكى جاۋابكارلىققا قەتئىي ئىمان كەلتۈرىدۇ. مانا بۇ پىكرىي بىرلىك ئىسلام ھاياتلىق نەزەرىيەسىنىڭ گەۋدىلىك خۇسۇسىيىتى بولۇپ، بۇ ئەقىدىنى قوبۇل قىلغان كىشىلەردە باشقىلارغا سىڭىشتۇرغاندا مۇكەممەل بىر ئىتتىپاقلىق بارلىققا كېلىدۇ. شۇڭا بۇ ئەقىدە پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ ھاياتلىق نەزەرىيىسى بولۇشى، بارلىق ئىنسانلارنىڭ ئۇنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭ سايىسى ئاستىدا تولۇق بىرلىشىپ، ھاياتلىق يولىنى بەلگىلىگەن ھالدا ھايات كەچۈرىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن پۈتۈن خەلقنىڭ نەزەرىيە، تۈيغۇلىرىغا، ئەمەلىي ھاياتىغا ۋە ئىجتىمائىي تۈزۈمىگە مانا بۇ ئەقىدە ھۆكۈمرانلىق قىلغان بولۇشى لازىم.

بىز تەقۋادارلارنىڭ بۇ مۇھىم، گەۋدىلىك خۇسۇسىيىتىنى تەپسىلى مۇلاھىزە قىلىپ، ھەربىر تەركىبىگە نەزەر سالىدىغان بولساق، بۇ بارلىق تەركىبلەرنىڭ پۈتۈن ئىنسانىيەت ھاياتىدىكى ھەممە ئېتىراپ قىلغان ئەڭ يۈكسەك قەدىر - قىممەتلەردىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ يېتىمىز.

«ٱلَّذِينَ يُؤۡمِنُونَ بِٱلۡغَيۡبِ» *«ئۇلار غەيبكە ئىمان كەلتۈرىدۇ»* شۇڭا تەقۋادارنىڭ روھى بىلەن پۈتۈن كائىناتنى ياراتقۇچى زاتنىڭ كۈچ - قۇدرىتى ئوتتۇرىسىدا ماددىي ياكى ھېسسىي ھېچبىر توسالغۇ بولمايدۇ. بۇ ماددىي دۇنيادىن تاشقىرى مەۋجۇت بولغان يۈكسەك ئالەم، كۈچ - قۇۋۋەت، ھەقىقەتلەر بىلەنمۇ ئۇنىڭ روھى ئارىسىدا ھېچبىر ماددىي ياكى ھېسسىي توسالغۇ قالمايدۇ.

دەرۋەقە، غەيبكە ئىمان كەلتۈرۈش، ئىنساننىڭ ھېسسىي بىلدۈرگەندىن باشقىنى بىلمەسلىكتەك ھايۋانلىق مەرتىۋىسىدىن يۈكسىلىش يولىدىكى بىرىنچى قەدىمىدۇر. ئىنسان غەيبكە ئىمان كەلتۈرۈش ماقامىغا يېتىپ كەلگەندىلا، كائىناتنىڭ بۇ چەكلىك دۇنيادىن ناھايىتىمۇ كاتتا ئىكەنلىكىنى بىلىپ يېتەلەيدىغان ئەڭ يۈكسەك ئىنسانىي ماقامىغا يەتكەن بولىدۇ. كائىناتنىڭ قانداقتۇر ھېسلارنىڭ (ياكى بىر قىسىم يېڭى ئەسۋاپ، ۋاستىلەرنىڭ) بىلىپ يەتكىنىدىن ئىبارەتلا ئەمەسلىكىنى، بەلكى تاشقى كۆرۈنۈشىدىن تېخىمۇ كاتتا، تېخىمۇ بۈيۈك بىر ئالەم ئىكەنلىكىنى بىلىپ يېتىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ”غەيبكە ئىمان ئېيتقۇچى“ ئىنساننىڭ تەسەۋۋۇر دۇنياسىدا، بۇ پۈتۈن كائىناتنىڭ ھەققىتى، بولۇپمۇ ئۆزىنىڭ ئىنسانىي مەۋجۇتلىقى، ئىنسان ۋۇجۇدىدىكى كۈچ - قۇۋۋەتلەر، كائىنات ۋە ئۇنىڭ ئارقىدا رول ئويناۋاتقان ھېكمەتلىك باشقۇرغۇچى قۇدرەت ھەققىدە چەكسىز ئۆزگىرىش، شۇنداقلا ھەممىنى ئۆز قوينىغا ئالغان زور ئىنقىلاب بەرپا بولىدۇ. يالغۇز تەسەۋۋۇر دۇنياسىدىلا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ زېمىندا قىلىدىغان ئىش، ئادەتلىرىدىمۇ كەڭ - كۆلەمدە ئۆزگىرىش بولىدۇ. شۇنىسى ئېنىقكى، ئۆزىنىڭ چەكلىك ھېسسىي دۇنياسى بىلەنلا بولۇپ ياشايدىغان ئادەمنىڭ ھاياتى بىلەن، ئۆزى چەكسىز كائىناتتا ياشاۋاتقان، كائىناتنى ئۇنىڭ كۆزلىرى ۋە دانا بەسىرىتى سەير قىلىۋاتقان، قەلب تەكتىدە ۋە تەسەۋۋۇر دۇنياسىدا بۇ پايانسىز، ئەزىم كائىناتنىڭ ياڭراق ساداسىنى ھەر دائىم ئاڭلاپ تۇرىۋاتقان كىشىنىڭ ھاياتى ھەرگىز بىر - بىرىگە ئوخشىمايدۇ. ئۇ ئۆز ئاقىۋىتىنىڭ، زامانىنىڭ ۋە ماكانىنىڭ چەك - چېگرىسى بۇ چەكلىك ئۆمرىدىكى ئەرزىمەس ئىدراكىدىن تاشقىرى ئىكەنلىكىنى پۇختا بىلىدۇ. ئىچكى ۋە تاشقى ئالەمنىڭ ئارقىسىدا بىر ئەزىم ھەقىقەتنىڭ رول ئويناۋاتقانلىقىنى، ئۇ بولسىمۇ ئىنساننىڭ تۇپ مەنبەسى، (يەنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرگۈچىسى) بولغان ئاللاھنىڭ زاتى ئىكەنلىكىنى، ئاللاھنىڭ زاتى بىزنىڭ نەزەر دائىرىمىزدىن ۋە ئەقىل - ئىدراك ئىقتىدارىمىزدىن تاشقىرى ئىكەنلىكىنى تولۇق بىلىدۇ.

مانا بۇ شەكىل ئارقىلىقلا ئىنساننىڭ چەكلىك پىكىر كۈچىنى چېچىلاڭغۇلۇقتىن ھەمدە يارىتىلىشىدا مەقسەت قىلىنمىغان ۋە بىزنىڭ پىكىر كۈچىمىزمۇ تەكتىگە يېتىپ بارالمايدىغان، ناۋادا پۈتۈن پىكرى كۈچىمىزنى ئەشۇ ئىشلار ئۈچۈن سەرپ قىلغان تەقدىردىمۇ بىزگە ھېچبىر دىنىي مەنپەئەتى بولمايدىغان كېرەكسىز ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولۇپ يۈرۈشتىن ساقلاپ قالغىلى بولىدۇ. شەكسىزكى، ئاللاھ ئېھسان قىلغان بۇ چەكلىك پىكىر كۈچى ئىنساننىڭ يەر يۈزىدە ئاللاھنىڭ خەلىپىسى بولۇش سالاھىيىتى بىلەن ئۆز ۋەزىپىسىنى ئورۇندىشى ئۈچۈن بېرىلگەن. ئىنسان پىكرىنىڭ ۋەزىپىسى يېقىن ۋە رېئال ھاياتنى تۈزەش، ھاياتنى تەپەككۇر قىلىش، ئۇنىڭغا چوڭقۇر ۋە ئەتراپلىق نەزەر تاشلاپ يەكۈنلەپ چىقىش، ھاياتنى تەرەققى قىلدۇرۇپ، تېخىمۇ گۈزەللەشتۈرۈشتىن ئىبارەتتۇر. ئەمما بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىنى روھانىي قۇۋۋەتنىڭ كائىنات بىلەن، شۇنداقلا كائىناتنىڭ ياراتقۇچىسى بىلەن بىۋاستە باغلىنىشلىق بولغان دەلىللىك يولى ئاساسىدا ئورۇندىشى لازىم؛ مەجھۇل غەيب

ئالەمنى بولسا، ئۆز ھالىغا قويۇپ قويۇش كېرەك، چۈنكى ئىنساننىڭ چەكلىك ئەقلى غەيب ئالەمنى بىلىپ يېتەلمەيدۇ. دۇنيا ھاياتى ۋە يەرشارى بىلەنلا چەكلىك بولغان ناقىس ئەقىل كۆچىگە تايىنىپ مەۋجۇدىيەت ئالەمىدىن تاشقىرى ئالەمنى ئىزدىمەكچى بولغان ھەممە بۇ ئىزدىنىشتە روھانىي ئىلھام ۋە روشەن بەسىرەتكە تايانمىغان، شۇنداقلا غەيب ئالەمنى ئىدراكتىن تاشقىرى بىلىپ، ئۆز ئورنىغا قويۇپ قويمىغان بۇ خىل كىشىلەرنىڭ پۈتۈن تىرىشچانلىقلىرى ھامان مەغلۇبىيەتكىلا دۇچار بولىدۇ. ئۇلارنىڭ تىرىشچانلىقلىرىنىڭ مەغلۇبىيەتكە دۇچار بولۇشى شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئۇلار شۇ ساھەدە ئىشقا يارىمايدىغان ھەممە شۇ ساھە ئۈچۈنمۇ يارىتىلمىغان كۆچنى شۇ ساھە ئۈچۈن ئىشلىتىۋاتقان بولىدۇ. پىكىر كۆچىنى خاتا جايغا قوللىنىپ، ئىسراپ قىلىۋاتقان بولىدۇ.

ئىنسان ئەقلىنىڭ مۇتلەق ۋە چەكسىز مەۋجۇدىيەتنى ئىدراك قىلىشتىن ئاجىز چەكلىك ئەقىل ئىكەنلىكى ئېتىراپ قىلىنغاندىن كېيىن، ئىنساننىڭ زېھنى شۇ مەنتىقىگە ھۆرمەت قىلىپ، ''مۇتلەق ۋە چەكسىز مەۋجۇدىيەتنى بىلىپ يېتىشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكى''دىن ئىبارەت ھەقىقەتنى قوبۇل قىلىشى كېرەك. شۇنى نەزەردە تۇتۇش كېرەككى، ئىنسان ئەقلىنىڭ مەجھۇل ئالەمنى بىلىپ يېتەلمىگەنلىكى قانداقتۇر غەيب ئالەمنىڭ مەۋجۇد ئەمەسلىكىگە دەلىل بولالمايدۇ. شۇڭا غەيب ئىشلارنى ئەقىل كۆچىدىن تاشقىرى بىر كۆچكە تاپشۇرۇشى ۋە بۇ ھەقتە كېرەكلىك مەلۇماتلارنى بولسا، ھەممىنى بىلگۈچى، ھەممىدىن خەۋەردار، ئاشكارا ۋە مەخپى ھەممىنى ئۆز قوينىغا ئالغان، ئۇنىڭغا نىسبەتەن رېئال ئالەم بىلەن غەيب ئالەمنىڭ ھېچپەرقى بولمىغان ئاللاھ تائالانىڭ ئىلمىدىن ھاسىل قىلىش لازىم.

مانا بۇ خىل نۇقتىئىنەزەر بىلەن ئەقىل مەنتىقىسىگە ھۆرمەت قىلغان كىشى دەل مۆئمىن بولۇپ، غەيبكە ئىمان كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت بۇ سۈپەت تەقۋادارلارنىڭ ئالدىنقى ئورۇندىكى سۈپەتلىرىنىڭ بىرسىدۇر.

غەيبكە ئىمان كەلتۈرۈش، ئىنساننىڭ ھايۋانلىق دەرىجىسىدىن يۈكسىلىشىدىكى ئايرىلىش نۇقتىسىدۇر. بىراق خۇددى ھەر بىر دەۋردىكىگە ئوخشاشلا زامانىمىزدىكى ماتېرىيالىستلارمۇ ئىنساننى كەينىگە ياندۇرۇشقا، قايتىدىن ھايۋانلىق دەرىجىسىگە پاتۇرۇشقا، ئۇبيېكتىپ سېزىمىدىن باشقا ھېچ نەرسە بولمىغان ھايۋانات دۇنياسىغا ئېلىپ بېرىشقا تىرىشىپ كەلمەكتە. ھەممە ئۇنى ''تەرەققىپەرۋەرلىك'' دەپ ئاتاشماقتا. ۋەھالەنكى، ئۇ تەرەققىپەرۋەرلىك ئەمەس، دەل ئەكسىچە قالاقلىقتۇر. ئاللاھ تائالا مۆئمىنلەرنى «غەيبكە ئىشىنىدۇ» دەپ سۈپەتلەش ئارقىلىق ئۇ خىل ئازغۇنلۇقتىن قۇتۇلدۇرغان. بۇ ئۇلۇغ نېمەتنى ئاتا قىلغان ئاللاھقا ھەمدى - سانالار بولسۇن! ھايۋانلىققا مەھلىيا بولۇپ كېلىۋاتقان قالاق ماتېرىيالىستلارغا لەنەتلەر بولسۇن!

«وَيُقِيمُونَ ٱلصَّلَوٰةَ» «نامازنى بەرپا قىلىدۇ (يەنى، ئادا قىلىدۇ)»

مۆئمىنلەر يالغۇز بىرلا ئاللاھقا ئىبادەت ۋە بەندىچىلىك قىلىدۇ؛ شۇنداق قىلىپ، ئىنسانلارنىڭ ۋە باشقا نەرسىلەرنىڭ قۇللۇقىدىن ئازاتلىققا، يۈكسەكلىككە چىققان بولىدۇ. ئۇلار چەكسىز كۈچ - قۇدرەتنىڭ ئىگىسىگىلا يۈزلەنگەن، ئۇلارنىڭ باشلىرى ئىنساننىڭ ئالدىدا ئەمەس، پەقەتلا ئاللاھنىڭ ئالدىدا (تەزىمگە) ئېگىلگەن بولىدۇ. قەلبلىرى ھەقىقىي مەنىدىن ئاللاھنىڭ ئالدىدا سەجدىدە تۇرىۋاتقان، كېچەيۇ - كۈندۈز ئاللاھ بىلەنلا باغلانغان بولىدۇ. ئۇلار ئۆز مۇناسىۋىتىنىڭ بىۋاستە ”ۋاجىبۇل ۋۇجۇد“ (كائىناتنى ياتقۇچى) بىلەن باغلانغانلىقىنى ھېس قىلىۋاتقان بولىدۇ.

ھەقىقىي مۆئمىن ھاياتى دۇنياغا ۋە ئۇنىڭ ئېھتىياجلىرىغا غەرق بولۇپ كەتمەيدۇ، بەلكى ھاياتنىڭ ئۇلۇغۋار غايىسىنى تېپىپ يەتكەن بولىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ پۈتۈن مەخلۇقاتلاردىن ئەۋزەل ھەم كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى، چۈنكى ئۇنىڭ باغلىنىشلىقى دۇنيادىكى پۈتۈن مەخلۇقاتلارنى ياراتقان زات بىلەن چېتىشلىق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىدۇ. مانا بۇ ئاڭ ئىنسان ۋىجدانىنىڭ كۈچ مەنبەسى بولۇپ، تەقۋالىق ۋە ياخشى بىلەن ياماننى ئايرىش تۇيغۇسىنىڭمۇ ئاساسىدۇر. بۇ ئاڭ ئىنساننىڭ شەخسىيىتىنى تەربىيىلەشتە ھەر دائىم ئەڭ مۇھىم ئامىل بولۇپ كەلگەن. ئۇنىڭ نەتىجىسىدە تەييارلىنىپ چىقىلغان شەخسىيەت چوقۇم ئىسلامىي پىكىر، ئىسلامىي ئاڭ، ئىسلامىي ئەمەل تەرزىگە ساھىپ بولغان بولىدۇ.

«وَمِمَّا رَزَقْنَـٰهُمْ يُنفِقُونَ» «بىز ئۇلارغا بەرگەن رىزىقتىن سەرپ قىلىدۇ»

ئۇلار قول ئىلكىدىكى بايلىقنى ئۆزى پەيدا قىلغان بولماستىن، بەلكى ئاللاھنىڭ ئاتا قىلغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. بۇ ئېتىراپ نەتىجىسىدە، ئىنسان قەلبى ئاللاھنىڭ ئاجىز بەندىلىرىگە ياخشىلىق ۋە ياردەم قىلىش، ئىنسانىي قېرىنداشلىق، ئىنسانىي دوستلۇق تۇيغۇسىغا تولىدۇ. بۇ ئېتىراپنىڭ قەدىر - قىممىتى ئىنساننىڭ نەپسى باشقىلارغا ياخشىلىق قىلىش ئارقىلىق شەخسىيەتچى ھەۋەسلەردىن پاكلانغان چاغدىلا ئاندىن ئايان بولىدۇ. ئۇنىڭ نەتىجىسى بىلەنلا ھەرقايسى ئىنسان تەبىقىلىرى ئارىسىدىكى سىنىپى كۈرەش ۋە زۇلۇم - سىتەملەرنىڭ ئورنىنى تەبىقىلەر ئارا ھەمكارلىق ئىگەللەيدۇ. بۇنداق بىر دۆلەت تەسەۋۋۇرىدا غېرىپ، مىسكىن، ئاجىزلار ئۆزلىرىنى گويا قەلب ۋە روھىيەت دۇنياسىدا ياشاۋاتقاندەك، دائىم گۈزەل يېقىملىق چىرايلار بىلەنلا ئۇچرىشىپ تۇرىۋاتقاندەك ھېس قىلىدۇ، زۇلۇم - سىتەمنىڭ چاڭگىلىدا ئەمەسلىكىدىن، شۇنداقلا يىرتقۇچ، قانخورلارغا دۇچ كەلمەيۋاتقانلىقىدىن كۆڭلى ئەمىن بولىدۇ.

”ئاللاھ يولىدا سەرپ قىلىش“ دېگەنلىك، زاكات، سەدىقە ۋە ياخشىلىق ئۈچۈن ياردەم قىلىنىدىغان باشقا بارلىق مال - مۈلۈكلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ”ئاللاھ يولىدا سەرپ قىلىش“ زاكاتنىڭ پەرزلىكىدىنمۇ ئىلگىرى ۋاجىب قىلىنغان بىر ئومۇمىي پرىنسىپ بولۇپ، زاكات ھەققىدىكى ئايەتلەر ئۇنىڭ مەخسۇس ئايرىم ماددىلىرىنىڭ شەكلىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ بېرىدۇ. فاتىمە بىنتى قەيس رەزىيەللاھۇ ئەنھا رىۋايەت قىلغان بىر

ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ان فى المال حقا سوى الزكاة» «مالدا مىسكىنلەرنىڭ زاكاتتىن باشقىمۇ ھەققى بار» دېگەن[1].

«وَٱلَّذِينَ يُؤۡمِنُونَ بِمَآ أُنزِلَ إِلَيۡكَ وَمَآ أُنزِلَ مِن قَبۡلِكَ» «ئۇلار ساڭا نازىل قىلىنغان كىتابقا (يەنى، قۇرئانغا)، سەندىن ئىلگىرىكى نازىل قىلىنغان كىتابلارغا ئىمان كەلتۈرىدۇ»

مانا بۇ سۈپەت ئىسلام ئۈممىتىنىڭ شان - شەرىپىدۇر. ئۇلار ئىلاھىي ئەقىدىلەرنىڭ ۋارىسىدۇر، ئىنسانىيەتنىڭ ئېپتىداسىدىن تارتىپ ئاخىرىغىچە داۋاملاشقان پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋارىسىدۇر. ئەقىدىلەرنىڭ، پەيغەمبەرلەرنىڭ مىراسىغا ئەمانەتدار، زېمىندىكى ئىمان كارۋانلىرىنىڭ ھەمناۋاسىدۇر.

مانا بۇ سۈپەت ئارقىلىقلا ئىسلام ئۈممىتىدە ئىنسانىي بىرلىك تۇيغۇسى پەيدا بولىدۇ. شۇنداق قىلىپ، پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ دىنى ۋە مەبۇدىمۇ بىر بولغان بولىدۇ ھەمدە ئاللاھ تەرەپتىن ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسى بىردەك ھەق ئۈستىدە بولغان بولىدۇ.

مانا بۇ سۈپەت سەۋەبىدىنلا باشقا دىنلارنىڭ ئىشەنگۈچىلىرىگە (ئەگەر توغرا يولدىلا بولىدىكەن) قارشى قارىغۇلارچە مۇتەئەسسىپلىكلەر يوقىلىدۇ. ھەرقايسى دەۋر ۋە زامانلاردا ئاللاھ تائالانىڭ پۈتۈن ئىنسانىيەتنى ھىدايەتكە باشلاش ۋە ئىسلاھ قىلىش ئۈچۈن مۇئەييەن ئورۇنلاشتۇرۇش ئېلىپ بارغانلىقىغا، نۇرغۇنلىغان پەيغەمبەرلەر ئارقىلىق ئىزچىل تۈردە بىرلا چاقىرىقنى ۋە بىرلا ھىدايەتنى ئىنسانلارغا يەتكۈزگەنلىكىگە ئىنساننىڭ كۆڭلى قانائەت تاپىدۇ.

مانا بۇ سۈپەتنىڭ نەتىجىسىدە، ئىنسان زامان ۋە ماكانلارنىڭ شۇنداقلا مۇھىت - ۋەزىيەتلەرنىڭ ئوخشىماسلىقىدىن قەتئىينەزەر، ھەق بىلەن ھىدايەتنىڭ بىرلا بولۇپ كەلگەنلىكىنى، ئۇ ھىدايەت نۇرىنىڭ گوياكى يۇلتۇزدەكلا توختىماي چاقناپ، قاراڭغۇلۇقتىكى ھەر بىر كىشىگە يول كۆرسىتىدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ يېتىدۇ.

«وَبِٱلۡأٓخِرَةِ هُمۡ يُوقِنُونَ» «ۋە ئاخىرەتكە ئىشىنىدۇ»

مانا بۇ، مۆئمىندىكى سۈپەتلەرنىڭ ئاخىرقى نۇقتىسى بولۇپ، دەل مۇشۇ يەردىن باشلاپ، دۇنيا تىرىكچىلىكىنىڭ مۇناسىۋىتى ئاخىرەتكە تۇتىشىدۇ، باشلىنىش ئاياغلىنىش بىلەن باغلىنىشىدۇ. ئەمەللەرنىڭ جازاسى ياكى مۇكاپاتى بولغان بولىدۇ. ئىنسان ئۆزىنىڭ بىكار يارىتىلمىغانلىقىنى ياكى دۇنياغا مۇتلەق ئەركىن تاشلاپ قويۇلغانمۇ ئەمەسلىكىنى، بەلكى قەلبىنىڭ ئەمىن تېپىشى، غەم - قايغۇدىن خالاس بولۇشى، شۇنداقلا ياخشى ئەمەللەرگە مايىل بولۇشى ئۈچۈن ئىنتايىن كاتتا بىر ئادالەت كۈنىنىڭ بەرپا بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ يېتىدۇ. ھەر ئىشنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ ناھايىتى مېھرىبان، رەھىم - شەپقەتلىك ئاللاھنىڭ

[1] تىرمىزى

ئادالەتكە سۇنۇلىدىغانلىقىغا، ئۇ يەردە ھەر بىركىشىگە ئىنتايىن ئادىل قارار چىقىرىلىدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ.

ئاخىرەتكە ئىشىنىش، ‘‘سەزگۈ’’نىڭ تار دائىرىسى ئىچىگە سولىنىپ ياشايدىغان كىشى بىلەن پايانسىز كائىناتنى ئەركىن يۇرۇپ كېتىۋاتقان كىشىنىڭ ئارىسىنى ئېنىق ئايرىپ بېرىدۇ. بىرىنچى خىل كىشىلەر: «ئىنسانىنىڭ ھاياتى يەر شارىدا ياشىغىنىدىن ئىبارەت بولىدۇ» دېگەن ئاڭدا بولسا؛ ئىككىنچى خىل كىشىلەر: «دۇنيا بىر ئىمتىھان مەيدانى بولۇپ، جازالىنىش ياكى مۇكاپاتلىنىشىنىڭ مۇقەددىمىسىدۇر. ھەقىقىي ھايات دېگەن بۇ قىسقا، چەكلىك دۇنيادىن كېيىن باشلىنىدۇ» دېگەن ئەقىدىگە ئىگە بولغان بولىدۇ.

خۇددى يۇقىرىدا مۇلاھىزە قىلغىنىمىزدەك، بۇ سۈپەتلەرنىڭ ھەممىسى ئىنسان ھاياتىغا ئىنتايىن قىممەتلىك تەسىرلەرنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا بۇلار مۆئمىنلەرنىڭ مەخسۇس سۈپەتلىرى بولۇپ بەلگىلەنگەن. بۇ سۈپەتلەرنىڭ ئارىسىدا بىر مەنتىقى مۇناسىۋەت مەۋجۇت بولۇپ، شۇ ۋەجىدىن ئۇلار ئۆز - ئارا بىرلىشىپ، ئاجايىپ باغلىنىشچان، مۇكەممەل بىرلىككە ئايلىنىدۇ.

مەسىلەن؛ تەقۋالىق، شۇنداق بىر ۋىجدانىي ھالەتكى، ئۇ مەخسۇس بىر خىل ئىنتىلىشنى ۋە ياخشى ئەمەللەرنى مەيدانغا كەلتۈرىدۇ. بۇ سۈپەت سەۋەبىدىن ئىنساننىڭ ئىچكى تۇيغۇلىرى ۋە ئەمەلىي ئىش - ھەرىكەت، مەشغۇلاتلىرى ئارىسىدا بىرلىك ھەم باغلىنىشچانلىق پەيدا بولىدۇ، ئىنسان ئىددىيە، ئەمەل قاتارلىق ھەر ئىككىلى نۇقتىدىن ئۆز پەرۋەردىگارىغا باغلىنىدۇ. ئۇنىڭ روھى شىپا تاپىدۇ. روھ بىلەن غەيب ۋە رېئال ئالەم ئارىسىدىكى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ھەممىنى ئالقىنىدا تۇتۇپ تۇرغان مۇتلەق زات ئارىسىدىكى پۈتۈن پەردىلەر قايرىلىپ كېتىدۇ. مەلۇم بىلەن مەجھۇلنىڭ ئارىسى ئۆزئارا بىرلىشىپ كېتىدۇ. ‘‘ئاخىرەتكە ئىشىنىش’’ روھ شىپا تاپقان ۋە زاھىر بىلەن باتىنىنىڭ ئارىسىدىكى توساقلار ئېچىلغان چاغدا ھەقىقەتنى يوشۇرىدىغان پەردىلەرنىڭ قايرىلغانلىقىنىڭ سەمەرىسى بولىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئىنساننىڭ روھى غەيب ئالەمگە باغلىنىپ ئەمىنلىك تاپىدۇ.

تەقۋالىق ۋە غەيبكە ئىشىنىش بىلەن بىرگە، ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشنىڭمۇ ئاللاھ ئۆزى بەلگىلەپ بەرگەن شەكلى (يەنى ئاللاھ بىلەن بەندىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئالاھىدە بىر باغلىنىشتىن ئىبارەت بولغان ناماز) بايان قىلىنىدۇ. ئارقىدىن: «ئاللاھنىڭ سىلەرگە بەرگەن ئىنئام - ئىكراملىرىغا شۈكرى قىلغان ھالدا ئۇنىڭ بىر قىسمىنى ئىنسانىي قېرىنداشلىقنى تۇرغۇزۇش ئۈچۈن سەرپ قىلىڭلار» دېيىلىدۇ. ئاندىن ئىمان كارۋانلىرىنىڭ ئۇزۇن تارىخى ھەققىدە پىكىر ھەم نەزەرنىڭ كەڭ بولۇشى تىلغا ئېلىنىدۇ. مۆئمىنىنىڭ قەلبىدە: «ھەر بىر مۆئمىن بىزنىڭ قېرىندىشىمىز، ھەر بىر پەيغەمبەر بىزنىڭ پەيغەمبىرىمىز، گەرچە ئۇلار ئىلگىرىكى زامانلاردا ئۆتكەن بولسىمۇ يەنىلا بىزنىڭ ئۇلار بىلەن پىكرىي يېقىنچىلىقىمىز بار» دېگەن ئاڭ تۇرغۇزىلىدۇ. ئاخىرىدا ئاخىرەتنىكى جاۋابكارلىققا بولغان پۇختا ئىمان تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، بۇ بارلىق سۈپەتلەر ئۆزئارا ئىنتايىن مەھكەم باغلىنىشلىق بولىدۇ.

مەدىنىدىكى مۇھاجىر، ئەنسارلار ۋە ”سابىقۇنەل ئەۋۋەلۇن“ (يەنى ئالدىنقى ئاۋانگارتلار)دىن تەشكىل تاپقان دەسلەپكى مۇسۇلمانلار جامائىتى دەل شۇنداق سۈپەتلەرگە ئىگە ئىدى، ئۇلار ئەشۇ سۈپەتلىرى بىلەن بىر ئۇلۇغ ھەقىقەتكە ئايلانغان بولۇپ، ئىماننىڭ ھەقىقىتى ئۇلارنىڭ ھاياتىغا مۇجەسسەملىشىپ، ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان ئىدى. شۇڭا ئاللاھ تائالا يەر يۈزىدىكى ئىنسانىيەت تارىخىدا مىسلى كۆرۈلمىگەن ئۇلۇغۋار تۆھپىلەرنى ئەشۇ جامائەتنىڭ قولى بىلەن ئىشقا ئاشۇردى. دەل مۇشۇ سەۋەبتىن ئۇلارغا: «أُولَٰئِكَ عَلَىٰ هُدًى مِّن رَّبِّهِمْ ۖ وَأُولَٰئِكَ هُمُ الْمُفْلِحُونَ» «ئەنە شۇلار پەرۋەردىگارىنىڭ توغرا يولىدا بولغۇچىلاردۇر، ئەنە شۇلار بەختكە ئېرىشكۈچىلەردۇر» دەپ باھا بېرىلگەن ئىدى. ئۇلار ئەنە شۇنداق ھىدايەت تېپىپ ئۇتۇق قازاندى. مانا بۇ، ھىدايەت بىلەن ئۇتۇقنىڭ مەڭگۈلۈك يولىدۇر. خالىغان كىشى ئۇنىڭدا يۈرۈشنى باشلىسا بولىدۇ.

ئەمدى بىزنىڭ ئالدىمىزغا ئىسلام دەۋىتىنى ئىنكار قىلغۇچىلارنىڭ تەسۋىرى ئۇچرايدۇ. بۇ تەسۋىردە، كۇپۇرلۇقنىڭ ماھىيىتىنى ئىچىگە ئالىدىغان، ھەرقانداق زامان ۋە ماكاندا، دۇنيانىڭ مەيلى قايسى جايىدا بولمىسۇن، دائىم رول ئېلىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ تۇرىدىغان بارلىق مۇھىم پىرقىلەر بايان قىلىنىدۇ.

«إِنَّ الَّذِينَ كَفَرُوا سَوَاءٌ عَلَيْهِمْ أَأَنذَرْتَهُمْ أَمْ لَمْ تُنذِرْهُمْ لَا يُؤْمِنُونَ ﴿٦﴾ خَتَمَ اللَّهُ عَلَىٰ قُلُوبِهِمْ وَعَلَىٰ سَمْعِهِمْ ۖ وَعَلَىٰ أَبْصَارِهِمْ غِشَاوَةٌ ۖ وَلَهُمْ عَذَابٌ عَظِيمٌ ﴿٧﴾» «شۈبھىسىزكى، (يۇقىرىقى ئىشلارنى) ئىنكار قىلغانلارنى ئاگاھلاندۇرامسەن، ياكى ئاگاھلاندۇرمامسەن، بەرىبىر، ئۇلار ئىمان ئېيتمايدۇ. ئاللاھ ئۇلارنىڭ دىللىرىنى ۋە قۇلاقلىرىنى پېچەتلىۋەتكەن. ئۇلارنىڭ كۆزلىرى پەردىلەنگەن. ئۇلار قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ»

مانا بۇ يەردە، تەقۋادارلار بىلەن كاپىرلارنىڭ تەسۋىرى رۇبىرو تۇرغاندەك كۆرۈنىدۇ. بۇ كىتاب تەقۋادارلار ئۈچۈن ھىدايەت ۋە بەسىرەت نۇرى بولىدۇ. ئەمما كاپىرلار شۇ ھالدا بولىدۇكى، ئۇلار مەيلى ئاگاھلاندۇرۇلسۇن ياكى ئاگاھلاندۇرۇلمىسۇن، بەرىبىر كۇپۇرلۇقتا چىڭ تۇرىدۇ. پەرۋەردىگارىنىڭ ھىدايىتى ئۈچۈن مۆمىنلەر قەلبىگە ئېچىلغان پۈتۈن دەرىزىلەر ئۇلارغا نىسبەتەن تاقالغان بولىدۇ. ئاللاھ بىلەن كائىنات، ئاشكارا بىلەن باتىن، رېئال ئالەم بىلەن غەيب ئالەم ئارىسىنى مەڭگۈ باغلاپ تۇرىدىغان پۈتۈن مۇناسىۋەتلەر مۆئمىنلەرگە ئوچۇق، ئەمما كاپىرلارغا يېپىق بولىدۇ. تەقۋادارلارنىڭ تەسۋىرىدىكى ئاللاھ بىلەن مەڭگۈ باغلىنىشلىق بولغان بارلىق مۇناسىۋەتلەر كاپىرلارنىڭ تەسۋىرىدە پۈتۈنلەي ئۈزۈلگەن بولىدۇ.

«خَتَمَ اللَّهُ عَلَىٰ قُلُوبِهِمْ وَعَلَىٰ سَمْعِهِمْ» «ئاللاھ ئۇلارنىڭ دىللىرىنى ۋە قۇلاقلىرىنى پېچەتلىۋەتكەن»
شۇڭا ئۇلارنىڭ ھەقىقەتكە ۋە رۇشدى - ھىدايەتكە ئېرىشىش، ھەقنىڭ ساداسىنى ئاڭلاش

لاياقىتى يوق، «وَعَلَىٰٓ أَبۡصَٰرِهِمۡ غِشَٰوَةٞۖ» «ئۇلارنىڭ كۆزلىرى پەردىلەنگەن» شۇڭا ھىدايەت نۇرىنى كۆرۈشتىن مەھرۇم. چۈنكى ئۇلار ئۆزلىرىگە ئۆزۈلمەي قىلىنغان ئەسكەرتىشلەرنى ناتوغرا پوزىتسىيەلىرى بىلەن چەتكە قاققان بولغاچقا ئاللاھ ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىغا دۇنيادىلا قاتتىق ئازاب بېرىپ، قەلبلىرىگە پېچەت ئۇرىۋەتكەن، كۆزلىرىنى پەردىلىگەن، قۇلاقلىرىنى بولسا، ھەققانىيەتنىڭ ساداسىغا نىسبەتەن گاس قىلىۋەتكەن. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلارغا ۋەز - نەسىھەت، تەبلىغ قىلغان بىلەن قىلمىغاننىڭ ھېچبىر پەرقى قالمىغان.

بۇ ئىنتايىن خۇنۇك، قاتمال، قوپال تەسۋىر بولۇپ، ئۇلارنىڭ قەلب، ئىددىيەسىنى قاپلىغان قارىلىق، چوڭقۇر قاراڭغۇلۇق، گاس، قارىغۇلارچە ئىش تۇتقانلىقى سەۋەبىدىن سىزىلىپ چىققانچە، كۆز ئالدىمىزدا نامايەن بولماقتا.

«وَلَهُمۡ عَذَابٌ عَظِيمٞ» «ئۇلار قاتتىق ئازابقا ھەقلىقتۇر»

چۈنكى بۇ ئۇلارنىڭ كاپىرانە ۋە دۈشمەنلەرچە قىلغان قىلمىشىنىڭ تەبىئىي ئاقىۋىتىدۇر. ئاگاھلاندۇرغۇچىنىڭ سۆزىگە ئۇنىمايدىغان كىشىلەرنى ئاگاھلاندۇرۇش بىلەن ئاگاھلاندۇرماسلىقنىڭ ھېچ پەرقى بولمايدۇ. ئاللاھنىڭ ئىلمىغا كۆرە، ئۇلار ئاخىرغىچە شۇ يولدا بولىدۇ. شۇڭا ئۇلار دەل ئەشۇ ئاقىۋەتكە ھەقلىق بولىدۇ.

***********

# بۇزغۇنچىلار

ئەمدىلىكتە سۆزنىڭ يۆنىلىشى ئۈچىنچى بىر پىرقىنىڭ تەسۋىرى تەرەپكە يۆتكىلىدۇ. بۇ تەسۋىر نە بىرىنچىسىگە ئوخشاش پاك ۋە سۈزۈك ئەمەس، نە ئىككىنچىسىگە ئوخشاش ئېنىق قاتمال، قاراڭغۇ ئەمەس بولۇپ، ئۇلارنى بەزىدە ھېس قىلغىلى بولسا، بەزىدە بولمايدۇ. ئۇلار بەزىدە كۆزگە چېلىقسا، بەزىدە چېلىقمايدۇ. بۇ دەل مۇناپىقلارنىڭ تەسۋىرىدۇر.

وَمِنَ ٱلنَّاسِ مَن يَقُولُ ءَامَنَّا بِٱللَّهِ وَبِٱلۡيَوۡمِ ٱلۡأٓخِرِ وَمَا هُم بِمُؤۡمِنِينَ ﴿٨﴾ يُخَٰدِعُونَ ٱللَّهَ
وَٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَمَا يَخۡدَعُونَ إِلَّآ أَنفُسَهُمۡ وَمَا يَشۡعُرُونَ ﴿٩﴾ فِي قُلُوبِهِم مَّرَضٞ فَزَادَهُمُ ٱللَّهُ
مَرَضٗاۖ وَلَهُمۡ عَذَابٌ أَلِيمُۢ بِمَا كَانُواْ يَكۡذِبُونَ ﴿١٠﴾ وَإِذَا قِيلَ لَهُمۡ لَا تُفۡسِدُواْ فِي ٱلۡأَرۡضِ قَالُوٓاْ
إِنَّمَا نَحۡنُ مُصۡلِحُونَ ﴿١١﴾ أَلَآ إِنَّهُمۡ هُمُ ٱلۡمُفۡسِدُونَ وَلَٰكِن لَّا يَشۡعُرُونَ ﴿١٢﴾ وَإِذَا قِيلَ لَهُمۡ
ءَامِنُواْ كَمَآ ءَامَنَ ٱلنَّاسُ قَالُوٓاْ أَنُؤۡمِنُ كَمَآ ءَامَنَ ٱلسُّفَهَآءُۗ أَلَآ إِنَّهُمۡ هُمُ ٱلسُّفَهَآءُ وَلَٰكِن لَّا

يَعْلَمُونَ ﴿١٣﴾ وَإِذَا لَقُوا۟ ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ قَالُوٓا۟ ءَامَنَّا وَإِذَا خَلَوْا۟ إِلَىٰ شَيَٰطِينِهِمْ قَالُوٓا۟ إِنَّا مَعَكُمْ إِنَّمَا
نَحْنُ مُسْتَهْزِءُونَ ﴿١٤﴾ ٱللَّهُ يَسْتَهْزِئُ بِهِمْ وَيَمُدُّهُمْ فِى طُغْيَٰنِهِمْ يَعْمَهُونَ ﴿١٥﴾ أُو۟لَٰٓئِكَ ٱلَّذِينَ ٱشْتَرَوُا۟
ٱلضَّلَٰلَةَ بِٱلْهُدَىٰ فَمَا رَبِحَت تِّجَٰرَتُهُمْ وَمَا كَانُوا۟ مُهْتَدِينَ ﴿١٦﴾

*يەنە شۇنداق بەزى كىشىلەرمۇ باركى، ئۇلار «بىز ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتتۇق» دەيدۇ. ھالبۇكى، ھەقىقەتتە ئۇلار مۆئمىنلەر ئەمەس[8]. ئۇلار ئاللاھنى ۋە مۆئمىنلەرنى ئالدىماقچى بولىدۇ، بىراق ماھىيەتتە ئۇلار ئۆزلىرىنىلا ئالدايدۇ ۋە بۇنى تۇيمايدۇ[9]. ئۇلارنىڭ دىللىرىدا كېسەللىك بار، ئاللاھ ئۇلارنىڭ شۇ كېسەللىكىنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتتى؛ يالغان سۆزلىگەنلىكلىرى ئۈچۈن ئۇلار قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ[10]. ئۇلارغا: «يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلماڭلار» دېيىلسە، «بىز ئىسلاھ قىلغۇچىلارمىز» دەيدۇ[11]. بىلىڭلاركى، ئۇلار ھەقىقەتەن بۇزغۇنچىلاردۇر، لېكىن بۇنى ئۆزلىرى تۇيمايدۇ[12]. ئۇلارغا: «ئىمان ئېيتقان كىشىلەردەك سىلەرمۇ ئىمان ئېيتىڭلار» دېيىلسە، «بىز ئىمان ئېيتقان ئەخمەقلەرگە ئوخشاش ئىمان ئېيتامدۇق؟» دەيدۇ. بىلىڭلاركى، ھەقىقەتتە ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىلا ئەخمەقلەردۇر، لېكىن بۇنى ئۇلار بىلمەيدۇ[13]. ئۇلار ئىمان ئەھلى بىلەن ئۇچراشقىنىدا: «بىز ئىمان ئېيتتۇق» دېيىشىدۇ، يالغۇز جايدا شاياتۇنلىرى بىلەن تېپىشقانلىرىدا بولسا: «ئەسلىدە بىز سىلەر بىلەن بىللىمىز، بىز پەقەت ئۇلارنى مەسخىرە قىلىۋاتىمىز» دەيدۇ[14]. ئاللاھ ئۇلارنى مەسخىرە قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ ئارغامچىسىنى قويۇپ بېرىدۇ، ئۇلار ئازغۇنلۇقلىرى ئىچىدە قارىغۇلاردەك تېڭىرقاپ يۈرىشىدۇ[15]. ئەنە شۇلار ھىدايەتنى بېرىپ، گۇمراھلىقنى سېتىۋالدى. بۇ سودا ئۇلار ئۈچۈن پايدىلىق بولمىدى، ئۇلار ھەرگىز توغرا يولدا ئەمەس[16]*

بۇ يەردە تەسۋىرلىنىۋاتقىنى ئەينى چاغدىكى مەدىنىنىڭ ئەمەلىي ۋەزىيىتى بولۇپ، ناۋادا بىز زامان ۋە ماكاننى بىر چەتكە قايرىپ قويغان ھالدا قارايدىغان بولساق، ئۇ خىلدىكى كىشىلەرنىڭ ھەربىر دەۋردە، ئىنسانىيەتنىڭ ھەر بىر نەسلىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغانلىقىنى كۆرىمىز. بۇنداق مۇناپىقلار ئۈستۈن مەرتىۋىلىك كىشىلەر ئارىسىدا كۆرۈلىدۇ، ئۇلار ھەق ساداقەتنى تولۇق قوبۇل قىلىپ، ئىمان ئېيتىشقا جۈرئەت قىلالمىغاندەك، ئوچۇق ئىنكار قىلىشقىمۇ جاسارەت قىلالمايدۇ. شۇ خىل ئەھۋالى بىلەن بىرلىكتە، ئۇلار كەڭ خەلق ئارىسىدا ئۆزىنىڭ يۇقىرى مەرتىۋە، سالاھىيەتلىك بولۇشىنى خالايدۇ. ئۆزىنى ئومۇمىي خەلقتىن بىلەرمەن، پاراسەتلىك ھېسابلايدىغان كېلىدۇ. شۇڭا بىز بۇ ئايەتلەرنى ھەرتۈردىكى تارىخىي مىساللاردىن ئازات پرىنسىپال ئايەت دەپ قارايمىز. چۈنكى ئۇ ھەر بىر دەۋردىكى مۇناپىقانە يول تۇتقان كىشىلەرنىڭ ھەممىسىگە ماس كېلىدۇ. قىسقىسى، بۇ ئايەتتە ھەر بىر دەۋر ئىنسانلىرىنىڭ ئارىسىدا مەۋجۇت بولغان، مەۋجۇت بولۇۋاتقان ۋە بولۇپ تۇرىدىغان بىر پسىخولوگىيىلىك تەسۋىر سۈرەتلەنگەن بولۇپ، بۇ خىل كىشىلەر ھەر دائىم ئاللاھقا ۋە قىيامەت كۈنىگە ئىمان ئېيتىدىغانلىقىنى (ۋە ئىسلامنىڭ خىزمەتچىسى ئىكەنلىكىنى) دەۋا قىلىشىدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئۇلارنىڭ قەلبى ئىمان بايلىقىدىن مەھرۇم بولىدۇ. ئۇلار ئوچۇق ھالدا مۇناپىقلىق يولىنى تۇتىدۇ، قورقۇنچاق كېلىدۇ، ئۆزىنىڭ مۆئمىنلەرگە بولغان ھەقىقىي كۆز قارىشىنى ئاشكارىلاشقا پېتىنالمايدۇ.

بۇنداق كىشىلەر ھەر دائىم ئۆزىنى ئىنتايىن ئەقىللىق، سىياسەتۋاز، مۇئامىلىگە ئۇستا، ھەرقانداق چاغدا ساددا مۆئمىنلەرنىڭ كۆزىنى بوياپ كېتەلەيدىغان ھېسابلايدۇ. قۇرئان كەرىم ئۇلارنىڭ يالغۇز مۆئمىنلەرنىلا ئەمەس، بەلكى ئاللاھنىمۇ ئالدىماقچى بولىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ: «يُخَٰدِعُونَ ٱللَّهَ وَٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ» «ئۇلار ئاللاھنى ۋە ئىمان ئېيتقانلارنى ئالدىماقچى بولىدۇ» دەيدۇ. بۇ ئايەتتە ۋە مۇشۇنىڭغا ئوخشىغان باشقا ئايەتلەردە ئىنتايىن كاتتا بىر ھەقىقەت ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. ئۇ بولسىمۇ، ئاللاھنىڭ ئۇلۇغ پەزل - رەھمىتى بىلەن قۇرئان كەرىمدە بۇ نۇقتىنىڭ تەكىتلەنگەن ھالدا قايتا - قايتا ئىپادىلەنگەنلىكى ھەمدە دەل شۇنىڭدا ئاللاھ بىلەن مۆئمىنلەرنىڭ ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ پىنھان سىرلىرى يېشىپ بېرىلگەنلىكى، يەنى ئاللاھنىڭ مۆمىنلەرنىڭ كۆرەش مەيدانىنى ئۆز مەيدانى ھېسابلايدىغانلىقى، ئۇلارنىڭ ئىشلىرى ۋە ۋەزىپەتلىرىنى ئۆز ئىشى كۆرىدىغانلىقى، مۆئمىنلەرنى ئۆزى بىلەن بىرگە قىلىپ، رەھمەت ئېتەكىگە ئالىدىغانلىقى، مۆئمىنلەرنىڭ دۈشمىنىنى ئۆزىگە دۈشمەن، مۆئمىنلەرگە قارشى قىلىنغان سۇيىقەستلەرنى ئۆزىگە قارشى قىلىنغان سۇيىقەست ھېسابلايدىغانلىقىدۇر. مانا بۇ، ئاللاھنىڭ ئاجايىپ شاھانە مېھىر - شەپقىتى ۋە ئاتا قىلغان ئىززەت - ھۆرمىتى بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن مۆئمىنىنىڭ مەرتىۋە - دەرىجىسى ئۆزىنىڭ ئەڭ يۇكسەك پەللىسىگە يەتكەن بولىدۇ ھەمدە يەنە ئاللاھقا ئىمان ئېيتىشنىڭ كائىناتتىكى ئەڭ بۈيۈك ھەقىقەت ئىكەنلىكى، ئۇ ئارقىلىق مۆئمىن قەلبىدىن قەتئىي ئىرادە ۋە خاتىرجەملىكنىڭ بۇلاقلىرى ئېتىلىپ چىقىدىغانلىقى ئىسپاتلانغان بولىدۇ. مۆئمىن شۇنى كۆرۈپ يېتىدۇكى، ھەرقانداق بىر مۆئمىنىنىڭ مۇشكىلات، قىيىنچىلىقلىرىنى ئاللاھ تائالا ئۆز قۇدرەت ئالقىنىغا ئالىدۇ. ئۇنىڭ كۆرىشى ئاللاھنىڭ كۆرىشىگە، ئۇنىڭ دۈشمىنى ئاللاھنىڭ دۈشمىنىگە ئايلىنىدۇ. ئاللاھ تائالا ئۇنى ئۆز سېپىگە قوشۇپ، مېھرى - شەپقىتىنىڭ قوينىغا ئالىدۇ. شۇنداق ئىكەن، ئىنسانلارنىڭ ۋە خەستە بەندىلەرنىڭ سۇيىقەستلىرى، ھىلە - نەيرەڭلىرى ۋە ئازار - كۈلپەتلىرى نېمىگە يارىسۇن، دەيسىز؟

بۇ ھەقىقەتنىڭ يەنە بىر يۈزىدە مۆئمىنلەرنى ئالدىماقچى بولغان، ئۇلارغا قارشى سۇيىقەست تۈزىشۋاتقان، ئازار - كۈلپەت يەتكۈزىۋاتقان مۇناپىقلارغا ئىنتايىن قاتتىق تەھدىتمۇ مەۋجۇت بولۇپ، ئۇلارغا؛ بۇ ئۇرۇشنىڭ يالغۇز مۆئمىنلەرگە قارشى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ماھىيەتتە ئاجايىپ كۈچ - قۇدرەتلىك، قەھرلىك ۋە جەبىرلىك ئاللاھقا قارشى ئېچىلىۋاتقان جەڭ ئىكەنلىكى، ئاللاھنىڭ دوستلىرى بىلەن ئۇرۇش قىلىپ، ماھىيەتتە ئاللاھقا قارشى ئۇرۇش قىلىۋاتقانلىقى، دەل مۇشۇنداق ئىپلاس قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن ئاللاھنىڭ قەھرى - غەزىپىگە تېگىشلىك بولىۋاتقانلىقى ئېيتىپ بېرىلگەن.

بۇ ھەقىقەتنىڭ مۇشۇ ھەر ئىككى يۈزىنى ئەستايىدىل ئويلىنىپ مۇلاھىزە قىلىش مۆئمىنلەرنىڭ ئۇستىدىكى پەرزدۇر. بۇ ئارقىلىق ئۇلار قەتئىي ئىرادە ۋە خاتىرجەملىكنى ھاسىل قىلىپ، توپتوغرا ئۆز مەنزىلى تەرەپكە ئىلگىرىلەيدۇ، ئالدامچىلارنىڭ، ھىلە -

نەيرەڭلىرىگە، سۇيىقەستچىلەرنىڭ سۇيىقەستلىرىگە، ئىپلاسلارنىڭ ئازار - كۈلپەتلىرىگە پىسەنت قىلمايدۇ.

بۇ يەردە يەنە مۆئمىنلەرنىڭ دۈشمەنلىرىمۇ بىرەر دەقىقە توختاپ، ئۆزىنىڭ زادى كىمگە قارشى ئۇرۇش ئېچىۋاتقانلىقىنى، زادى قانداق زاتنىڭ قەھرى - غەزىپىگە تېگىشلىك بولۇۋاتقانلىقىنى تونۇشۇپ ئويلىنىپ قويۇشى ھەمدە مۆئمىنلەرگە ئازار يەتكۈزۈپ، قانداق خەتەرنى ئۆزىگە چاقىرىۋاتقانلىقىدىن قورقۇپ تىترىشى لازىم.

ئەمدى بىز تېمىمىزنى ئۆز كۆڭلىدە مۆئمىنلەرنى ئالدىماقچى بولۇۋاتقان، ئۆزىنى ئاجايىپ ئەقىللىق، مۇئامىلىگە ئۇستا چاغلاپ، ئېغىزىدا: «بىز ئاللاھقا ۋە ئاخىرەتكە ئىمان ئېيتتۇق» دېيىشۋاتقان ھېلىقى مۇناپىقلار تەرەپكە (قايتىدىن) يۆتكەيمىز. بۇ يەردە، ئايەت ئاخىرىلىشىشتىن ئىلگىرىلا ئۇلارنىڭ قانداق قاتتىق مەسخىرىگە دۇچ كېلىۋاتقانلىقىنى ئالاھىدە مۇلاھىزە قىلىپ كۆرۈش لازىم.

«وَمَا يَخْدَعُونَ إِلَّآ أَنفُسَهُمْ وَمَا يَشْعُرُونَ» «ئىبراۋى ماھىيەتتە ئۆزلىرىنىلا ئالدايدۇ ۋە بۇنى تۇيمايدۇ»

يەنى، شۇ قەدەر غاپىل ئىكەنكى، ھەتتا ئۆز - ئۆزىنى ئالداۋاتقانلىقىنىمۇ تۇيمايدۇ، لېكىن ئاللاھ ئۇنىڭ پۈتۈن قىلمىشلىرىدىن خەۋەرداردۇر. مۆئمىنلەر بولسا، بىۋاستە ئاللاھنىڭ مۇھاپىزىتى ئاستىدا بولۇپ، ئۇلارنى بۇ پەسكەش ھىلە - نەيرەڭلەردىن ئاللاھ ئۆزى قوغدىماقتا. لىكىن بۇ گالۋاڭ مۇناپىق ئۆزىچە ئالدىنىپ يۈرمەكتە، ئۆزىنى ئۆزى رەزىل جىنايەتلەرگە مۇبتىلا قىلماقتا. مۇناپىقانە يول تۇتقانلىقىنى مەنپەئەتلىك سودا قىلغانلىق دەپ چۈشەنمەكتە.

توغرا، ئۇ بۇنىڭدىن خېلى يېتەرلىك مەنپەئەت ئالدى، مۆئمىنلەر جەمئىيىتىدە كۆپۈرلۈقنى ئاشكارا ئېلان قىلىشتەك قىيىن ئەھۋالدىن قۇتۇلۇپ قېلىپ، مۆئمىنلەر بىلەن بىرلىكتە بېخى جەمئىيەتنىڭ بىر قىسىم مەنپەئەتلىرىگە ئېرىشتى. ۋەھالەنكى، قەلبىدە يوشۇرىۋاتقان كۆپۈرلۈق ئۇنى ھالاكەت ئازگىلىغا سۆرەپ كېتىپ بارماقتا، ئۇنىڭ مۇناپىقلىقى ئۆز ھالاكىتىگە سەۋەب بولماقتا، شۇ سەۋەبتىن ئۇ ئىنتايىن ناچار بىر ئاقىۋەت تەرەپكە يۈرۈپ كېتىۋاتماقتا.

بۇ يەردە: «مۇناپىقلار نېمە ئۈچۈن ئۇنداق ھەرىكەتلەرنى قىلىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن مۇناپىقلىق يولى بىلەن مۆئمىنلەرنى ئالدىماقچى بولىدۇ؟» دېگەن سوئال سورىلىدۇ. بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى،

«فِى قُلُوبِهِم مَّرَضٌ» «ئۇلارنىڭ دىللىرىدا كېسەللىك بار» ئۇلارنىڭ قەلبىگە شۇ خۇي چاپلاشقان، ئىددىيىسىنى ئەشۇ ئاپەت باسقان، مانا بۇ ئىش، ئۇلارنى ھەقنىڭ توغرا يولىدا ماڭغىلى قويمىغان. شۇ سەۋەبتىن ئۇلار ئاللاھنىڭ قانۇنى بويىچە بۇ كېسەللىنىڭ تېخىمۇ ئاۋۇپ كېتىشىگە ھەقلىق بولغان. «فَزَادَهُمُ ٱللَّهُ مَرَضًا» «ئاللاھ ئۇلارنىڭ شۇ كېسەللىنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتتى»

شۇنىسى ئېنىقكى، كېسەللىك باشقا كېسەللىكلەرنىمۇ تۇغدۇ. ئازغۇنلۇق باشلىنىشتا ئادەتتىكىچە بولىدۇ، ئەمما يۇنىلىشى ۋە چېكى كېڭەيگەنسىرى ئۇنىڭ دائىرىسىمۇ كېڭىيىپ كېتىدۇ. بۇ ئاللاھنىڭ ھەممىلا يەردە ئوخشاش ئىجرا قىلىنىۋاتقان تەبىئەت قانۇنىدۇر. بۇ قانۇن ئىنساننىڭ ئوي، پىكىر، ئەمەل قاتارلىق ھەممە ئىشلىرىدا ۋە بارلىق ھالەتلىرىدە ئوخشاش ئىجرا قىلىنىدۇ. مۇناپىقلار شۇڭا مۇئەييەن ۋە ھەممىگە ئايان بىر ئاقىۋەتكە قاراپ كېتىۋاتقان بولىدۇ. ئۇ ئاقىۋەت دەل ئاللاھنى ۋە مۆئمىنلەرنى ئالدىماقچى بولغانلار ئۈچۈنلا بەلگىلەنگەن ئاقىۋەتتۇر.

«وَلَهُمۡ عَذَابٌ أَلِيمُۢ بِمَا كَانُواْ يَكۡذِبُونَ» «يالغان سۆزلىگەنلىكلىرى ئۈچۈن ئۇلار قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ».

بۇ ئۇلارنىڭ ئىككىنچى مۇھىم سۈپىتى بولۇپ، خۇسۇسەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھىجرەت قىلىپ كېلىشتىن ئىلگىرىكى ئۇلار ئۆز قەۋم، قەبىلىسى ئىچىدە باش بولغان كاتتىۋاشلار ئىدى. مىسال ئۈچۈن ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي ئىبنى سەلۇلنى كۆرستىشكە بولىدۇ. ئۇنىڭ خۇسۇسىيىتى شۇكى، ئۇ قورسىقىدا مۆمىنلەرگە ئىنتايىن قاتتىق غوم ساقلايتتى. قانداقلا پىتنە - پاسات تېرىسا، ھەر خىل باھانىلەرنى كۆرستىپ يۈرۈپ قىلمىشلىرىنىڭ جازاسىنى تارتىشتىن قۇتۇلۇپ قالاتتى ۋە ئىچىگە سىغماي كۆرەڭلەپ يۈرەتتى.

«وَإِذَا قِيلَ لَهُمۡ لَا تُفۡسِدُواْ فِي ٱلۡأَرۡضِ قَالُوٓاْ إِنَّمَا نَحۡنُ مُصۡلِحُونَ ۝ أَلَآ إِنَّهُمۡ هُمُ ٱلۡمُفۡسِدُونَ وَلَٰكِن لَّا يَشۡعُرُونَ» «ئۇلارغا: ”يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلماڭلار“ دېيىلسە، ”بىز ئىسلاھ قىلغۇچىلارمىز“ دەيدۇ. بىلىڭلاركى، ئۇلار ھەقىقەتەن بۇزغۇنچىلاردۇر، لېكىن بۇنى ئۆزلىرى تۇيمايدۇ»

ئۇلار يالغانچىلىق ۋە ئالدامچىلىق بىلەنلا قالماستىن، بەلكى مۆئمىنلەرنى ھاماقەت چاغلاپ: «بىز دېگەن ئىسلاھ قىلغۇچىلارمىز» دەپ دەۋا قىلىشاتتى. «يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلماڭلار» دەپ قىلىنغان نەسىھەتكە قارىتا: «بىز نەدە بۇزغۇنچىلىق قىلىپتۇق؟» دەپ ئۇدۇل جاۋاب قايتۇرماستىن، ئەكسىچە غەزەپلەنگەن ھالدا: «ئەسلى تۈزەتكۈچى دېگەن مانا بىز» دەپ جاۋاب قايتۇرىشاتتى.

ئىنسانلارنىڭ بۇ خىل تىپىنى ھەربىر دەۋردە كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. ئۇلار پاسات، بۇزغۇنچىلىقلارنىڭ ئەڭ ئەشەددىيسىنى بەرپا قىلىۋاتقان تۇرۇقلۇق: «بىز جەمئىيەتنى ئىسلاھ قىلىشنى خالايتتۇق» دەپ دەۋا قىلىشىدۇ. ئالىي پەزىلەت ۋە يۈكسەك قەدىر - قىممەت قالمىغان ھەرقانداق جەمئىيەتتە دەل مۇشۇ خىل كىشىلەر بارلىققا كېلىشكە باشلايدۇ. ئۇلار چىن ئىخلاس، مەنىۋىي پاكلىقتىن مەھرۇم بولىدۇ، ئىخلاس يوقالغان ھامان ئىنساننىڭ پسىخىكىسىدا بۇزۇلۇش بارلىققا كېلىپ، بارلىق ئالىي پەزىلەتلەر، قەدىرلىنىدىغان مەنىۋىيەتلەر، ياخشى بىلەن يامانىنىڭ قىممەت ئۆلچىمى ئۆزلۈكسىز تۈگىشىپ كېتىدۇ. قەلبىدە ئىخلاس، ئىمان قالمىغان كىشىلەر ئىددىيە، ئەمەللىرىدىكى بۇزۇقچىلىقنى ھەرگىز ھېس

قىلالمايدىغان بولىدۇ. ئۇلارنىڭ قەلب، ئىدىيىسىدىكى ياخشى بىلەن يامانىنىڭ قىممەت ئۆلچىمى ئىسلامنىڭ ھاياتلىق دەستۇرىغا ئەمەس، ئۆزلىرىنىڭ نەپسانىي خاھىشىغا بويسۇنغان بولىدۇ. شۇڭا ئۇلارنىڭ بۇ دەۋاسىغا ئىنتايىن قاتتىق، ئەمما ھەققانىي جاۋاب بېرىلىدۇ.

«أَلَآ إِنَّهُمۡ هُمُ ٱلۡمُفۡسِدُونَ وَلَٰكِن لَّا يَشۡعُرُونَ» «بىلىڭلاركى، ھەقىقەتەن ئۇلار بۇزغۇنچىلاردۇر، لېكىن بۇنى ئۆزلىرى تۇيمايدۇ».

ئۇلارنىڭ يەنە شۇنداقمۇ بىر خۇسۇسىيىتى باركى، ئۇلار ھەر دائىم مەغرۇرلۇققا، مۇتەكەببىرلىككە مۇبتىلا بولغان بولىدۇ. ئۆزلىرىنى كەڭ خەلقتىن يۇقىرى دەرىجىلىك ھېسابلىشىدۇ. كىشىلەرنىڭ قەلبىدە مەرتىۋە تىكلەشكە تىرىشىدۇ.

«وَإِذَا قِيلَ لَهُمۡ ءَامِنُواْ كَمَآ ءَامَنَ ٱلنَّاسُ قَالُوٓاْ أَنُؤۡمِنُ كَمَآ ءَامَنَ ٱلسُّفَهَآءُۗ أَلَآ إِنَّهُمۡ هُمُ ٱلسُّفَهَآءُ وَلَٰكِن لَّا يَعۡلَمُونَ» «ئۇلارغا: "ئىمان ئېيتقان كىشىلەردەك سىلەرمۇ ئىمان ئېيتىڭلار" دېيىلسە، "بىز ئىمان ئېيتقان ئەخمەقلەرگە ئوخشاش ئىمان ئېيتامدۇق؟" دەيدۇ. بىلىڭلاركى، ھەقىقەتەن ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىلا ئەخمەقلەردۇر، لېكىن بۇنى ئۇلار بىلمەيدۇ».

دەرھەقىقەت، مەدىنىدە مۇناپىقلار خالىس ئىمان ئېيتىشقا، ئۆز ئىمانىنى شەخسىي خاھىشلاردىن پاك تۇتۇشقا چاقىرىلدى. چۈنكى باشقا مۇسۇلمانلارنىڭ ھەممىسى ئۆز شەخسىيىتىنى تاشلاپ، ئىسلامغا بارلىقىنى بېغىشلىغان بولۇپ، ئاللاھنىڭ ئىتائىتىگە باش ئېگىپ، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە نىسبەتەن قەلب دېرىزىلىرىنى پۈتۈنلەي ئېچىۋەتكەن ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قانداق يوليورۇق بەرسە، ئۇنىڭغا چىن ئىخلاس بىلەن ئۆزلۈكسىز «لەببەيك» دەيتتى. شۇڭا مۇناپىقلارغىمۇ چاقىرىق قىلىپ، ئەشۇ مۆئمىنلەردەك ئىخلاس، قەتئىي ئىرادە بىلەن ئوچۇق كۆڭۈل، ئوچۇق پىكىرلىك بولۇپ، ئىمان ئېيتىشقا دەۋەت قىلىنماقتا ئىدى. ئەمما شۇنىسى ھەقىقەتكى، بۇ مەنىدىن مۇناپىقلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تولۇق ئىتائەت قىلىشقا ئۇنىمايتتى. ئۇلار ئۆزىنى ئىمتىيازلىق كىشىلەر سانايتتى. شۇڭا: «ئىتائەت قىلىش ۋە باش ئېگىش دېگەن بىز ئۈچۈن زۆرۈر نەرسە ئەمەس» دېيىشەتتى. دەل مۇشۇ ۋەجىدىن، ئۇلار مۆئمىنلەر ھەققىدە: «ئەجەبا بىز مۇشۇ ھاماقەتلەرگە ئوخشاش قارىغۇلارچە ئىتائەت قىلىپ يۈرەمدۇق؟» دېيىشەتتى. شۇڭلاشقا قۇرئان كەرىممۇ ئۇلارنىڭ ئۆز - ئۆزىگە بولغان بۇ باتىل قاراشلىرىغا قەتئىيلىك بىلەن قاتتىق رەددىيە بېرىپ: «بىلىپ قويۇڭلاركى، ئەسلى ھاماقەت ئۇلارنىڭ ئۆزى، ئەمما بۇنى بىلىشمەيدۇ» دېگەن ئىدى.

دەرھەقىقەت، ھاماقەتلەر قانداق چاغدا ئۆزىنىڭ ھاماقەتلىكىنى بىلىپ يېقىپتىكەن ياكى ئازغۇنلار ئۆزىنىڭ توغرا يولدىن ئازغانلىقىنى قاچان ھېس قىلىپ يېقىپتىكەن؟

بۇنىڭ ئارقىدىنلا مۇناپىقلارنىڭ ئاخىرقى سۈپىتى بايان قىلىنىپ، ئۇلارنىڭ نوقۇل يالغانچىلىق، ئالدامچىلىق، مۇسۇلمانلارنى كەمسىتىش، ئۆچمەنلىك ۋە دۈشمەنلىك قىلىش قاتارلىق قىلمىشلارغا مۇبتىلا بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئەشۇنداق ئىپلاس سۈپەتلىرى بىلەن بىرلىكتە جاسارەتسىز، قورقۇنچاق، پەسكەش، سۈيقەستچى، مەككار كېلىدىغانلىقىمۇ ئېيتىپ بېرىلىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ ھالى: «وَإِذَا لَقُواْ ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ قَالُوٓاْ ءَامَنَّا وَإِذَا خَلَوۡاْ إِلَىٰ شَيَٰطِينِهِمۡ قَالُوٓاْ إِنَّا مَعَكُمۡ إِنَّمَا نَحۡنُ مُسۡتَهۡزِءُونَ» «ئۇلار ئىمان ئەھلى بىلەن ئۇچراشقىنىدا: "بىز ئىمان ئېيتتۇق" دېيىشىدۇ، يالغۇز جايىدا شاياتۇنلىرى بىلەن تېپىشقانلىرىدا بولسا: "ئەسلىدە بىز سىلەر بىلەن بىللىمىز، بىز پەقەت ئۇلارنى مەسخىرە قىلىۋاتىمىز»" دەيدۇ» دەپ تىلغا ئېلىنىدۇ.

بەزىبىر شۇنداق كىشىلەرمۇ باركى، ئۇلار بۇ خىل پەسكەشلىكنى ھېكمەت ۋە كۈچ - قۇۋۋەت ھېسابلايدۇ. ھىلە - نەيرەڭ ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ئالىي پاراسەت ھەم سىياسەت سانىلىدۇ. ۋەھالەنكى، بۇ ئۆچىغا چىققان بىچارىلەرچە پەسكەشلىكنىڭ دەل ئۆزىدۇر. كۈچلۈك ۋە ھۆرمەتلىك ھەرقانداق كىشى بۇنداق ناچار، ئىپلاس مىجەزلىك بولمايدۇ، نە ئۇنىڭ ھىلە - نەيرەڭگە ھاجىتى چۈشمەيدۇ، نە يالغۇز يەردە غەيۋەتخورلۇق قىلىپ، تەنە، ھاقارەتلەر بىلەن قوساق كۆپىكىنى چىقىرىۋېلىشقا ئېھتىياجى بولمايدۇ.

مۇناپىقلار بولسا، مۇسۇلمانلارغا ئاشكارا قارشى تۇرۇشقا پېتىنالمايتتى، مۆئمىنلەر ئارىسىغا قېتىلىپ، ئۆزلىرىنى مۆئمىن كۆرسىتەتتى. بۇ ئارقىلىق مۆئمىنلەر تەرىپىدىن كېلىدىغان ئەزىيەتلەردىن ئۆزىنى ساقلاپ قالماقچى ھەمدە خاتىرجەم ھالدا مۆمىنلەرگە قارشى سۈيقەستنى داۋاملاشتۇرماقچى بولاتتى. ئۇلارنىڭ شاياتۇنلىرى يەھۇدىيلاردىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇلار يەھۇدىيلارنى ئۆزىگە تايانچ ۋە باشپاناھ قىلىشاتتى. يەھۇدىيلارمۇ ئىسلامنىڭ سېپىنى پارچىلاش ئۈچۈن ئەشۇنداق كىشىلەرنى قوللىناتتى. بۇ مۇناپىقلار شاياتۇنلىرى بىلەن يالغۇز جايىدا تېپىشقانلىرىدا بولسا: «ئەسلىدە بىز سىلەر بىلەن بىللىمىز، بىز پەقەت ئۇلارنى مەسخىرە قىلىۋاتىمىز» دېيىشەتتى. ئۇلارنىڭ ئېغىزىدا ئىمان، ئىسلامنى داۋا قىلىپ قويۇپ: «بۇ مۇسۇلمانلار بىزنىڭ زادى قانداقلىقىمىزنى نېمە بىلسۇن؟» دەپ ئويلاشلىرى ئەسلىدە مۇسۇلمانلارنى مەسخىرە قىلغانلىقلىرى ئىدى.

قۇرئان كەرىم ئۇلارنىڭ بۇ خىل مەككارانە سۆز ۋە ئەمەللىرىنى سۆزلەپ بېرىش بىلەن بىرگە، تاغ - تاشلارنىمۇ قورقۇنچتىن دىر - دىر تىترەتكۈدەك دەرىجىدە قاتتىق تەنقىد قىلىدۇ.

«ٱللَّهُ يَسۡتَهۡزِئُ بِهِمۡ وَيَمُدُّهُمۡ فِي طُغۡيَٰنِهِمۡ يَعۡمَهُونَ» «ئاللاھ ئۇلارنى مەسخىرە قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ ئازغامچىسىنى قويۇپ بېرىدۇ، ئۇلار ئازغۇنلۇقلىرى ئىچىدە قارىغۇلاردەك تېگىرقاپ يۈرىشىدۇ».

ئاسمان - زېمىننىڭ جاببارى ۋە قاھھارى بولغان زاتنىڭ مەسخىرىسىگە دۇچار بولغان كىشى نېمدېگەن ئىپلاس، نېمدېگەن بەدبەخت - ھە؟! ئاللاھ ئازغامچىسىنى قويۇپ بېرىۋاتقان

ۋە ئۇ قارىغۇدەك دەلدۈگۈنۈپ يۈرىۋاتقان... بۇنىڭدىنمۇ بەك ئازغۇنلۇق بولارمۇ؟ ئەگەر بىرەر ئەستايىدىل ئىنسان بۇ سۆزلەرنى ئويلىنىپ كۆرىدىغانلا بولسا، قورقۇنچتىن تىترەككە سالىدىغان بۇ تەسۋىر ئالدىدا سۆز - ھەركەتسىز قاتقان پېتى تۇرۇپلا قالىدۇ. بۇ ئاقىۋەتنىڭ قورقۇنچىسىدىن قەلبى دىر - دىر تىترەپ، بەدەنلىرى شۈركىنىپ كېتىدۇ.

بۇ مەككارلار شۇ پېتى ئۆز ھالىغا قويۇپ بېرىلگەن بولۇپ، نە ئۇلارنىڭ بىرەر توغرا يولغا يېتەكلىگۈچىسى، نە بىرەر غايىسى، نە بىرەر توغرا يولى بولمايدۇ. ئۇلار ئەشۇنداق سەرگەردانلىق ئىچىدە ئاللاھنىڭ قۇدرەتلىك چاڭگىلىنىڭ شىددەتلىك ئىسكەنجىسىدە بولىدۇ. خۇددى چاشقانغا ئوخشاش بىخۇدلۇق ئالىمىدە قاپقان ئۈستىدە سەكرەپ يۈرىۋاتقان بولىدۇ. مانا بۇ، ئۇلارنىڭ ئۆز خىيالىدا قىلىشىۋاتقان مەسخىرىلىرىگە سېلىشتۇرغىلى بولمايدىغان ئەڭ قورقۇنچلۇق ئاقىۋەتتۇر.

خۇددى بىز ئىلگىرى ئىشارە قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك، بۇ يەردە كۆپۈرلۈق بىلەن ئىسلام ئوتتۇرىسىدىكى جەڭدە، ئاللاھ تائالانىڭ مۆئمىنلەرگە باشپاناھ، ياردەمچى بولىدىغانلىقىدىن ئىبارەت بىر ھەقىقەت ئايان قىلىنماقتا. ئاللاھنىڭ بۇ باشپاناھلىقى ئاللاھنىڭ دوستلىرىغا ۋە ئىتائەتمەن بەندىلىرىگە نىسبەتەن قەلب تەسكىنلىكىنىڭ ئەڭ قىممەتلىك سەرمايىسى بولۇپ ھېسابلانسا، ئۆزىنىڭ ئاسىيلىقى ۋە ئازغۇنلىقىدا سەرگەردان، «ئاللاھ ئارغامچىمىزنى قويۇپ بېرىۋاتىدۇ» دەپ ئالدىنىشتا قالغان، غاپىل، نەپسانىيەتچى، پەسكەش دۈشمەنلەرگە نىسبەتەن يامان ئاقىۋەتنىڭ شىددەتلىك بايانى بولۇپ، ئۇنىڭدا: «بۇلار قارىغۇلارچە غەپلەتكە پېتىپ كېتىۋاتماقتا. ۋەھالەنكى، بۇلارنى ئەڭ يامان ئاقىۋەت كۈتىۋاتماقتا» دېيىلگەن بولىدۇ.

ئەمدى قۇرئان كەرىم ئاخىرقى بىر قانچە ئېغىز سۆز بىلەن بۇ ئەمەلى ئەھۋالنى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئۆز قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن تارتىۋاتقان زىيانلىرىنى بايان قىلىپ بېرىدۇ.

«أُوْلَـٰٓئِكَ ٱلَّذِينَ ٱشۡتَرَوُاْ ٱلضَّلَـٰلَةَ بِٱلۡهُدَىٰ فَمَا رَبِحَت تِّجَـٰرَتُهُمۡ وَمَا كَانُواْ مُهۡتَدِينَ» «ئەنە شۇلار ھىدايەتنى بېرىپ، گۇمراھلىقنى سېتىۋالدى. بۇ سودا ئۇلار ئۈچۈن مەنپەئەتلىك بولمىدى، ئۇلار ھەرگىز توغرا يولدا ئەمەس».

ناۋادا ئۇلار خالىغان بولسا، توغرا يولمۇ ئۇلارنىڭ يېنىدىلا مەۋجۇت ئىدى. ئۇلارغا ھىدايەتنىڭ دەرياسى ئاقتۇرۇپ بېرىلگەن ئىدى. ھىدايەت ئۇلارنىڭ ئالقىنىدىلا ئىدى. لېكىن ئۇلار ئۆز ئىختىيارى بىلەن ھىدايەتنى بېرىپ، زالالەتنى سېتىۋالدى. ئۇلارنىڭ ئاقىۋىتى ھاماقەت، غاپىل تىجارەتچىنىڭ ئاقىۋىتىگىلا ئوخشايدۇ، ئۇلارنىڭ سودىسى پايدا بەرمىدى، ھىدايەتمۇ قولدىن كەتتى. «فَمَا رَبِحَت تِّجَـٰرَتُهُمۡ وَمَا كَانُواْ مُهۡتَدِينَ» «بۇ سودا ئۇلار ئۈچۈن مەنپەئەتلىك بولمىدى، ئۇلار ھەرگىز توغرا يولدا ئەمەس».

كۆردىڭىزكى، ئىلگىرىكى ئايەتلەردە تەسۋىرلەپ بېرىلگەن ئۈچ خىل ئىنسانلار پىرقىسىنىڭ ئۈچىنچى تەسۋىرى سۈرەت لەۋھەسىدە خېلىلا كەڭ ھەم كۆپ ئورۇن ئىگەللىگەن بولۇپ، ئۇنىڭ كېيىنكى ئىككى تەسۋىرى باشقا ئىككى تەسۋىرگە سېلىشتۇرغاندا خىلمۇخىل، رەڭمۇ رەڭ كۆرۈنىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، دەسلەپكى ئىككى تەسۋىردىكى ئوبرازلارنىڭ ئۆز ئالدىغا مۇئەييەن يولى، ئېنىق قائىدىسى ۋە مەخسۇس يۆنىلىشى مەۋجۇت. بىرىنچى تەسۋىردە، توغرا يىكىرگە ئىگە بولغان ۋە توغرا يولدا ئۇدۇل كېتىپ بارغان كىشىنىڭ ئوبرازى كۆرۈنسە، ئىككىنچى تەسۋىردە كۆزى قارىغۇ، ھەيران، سەرگەردان ھالدا قاراڭغۇدا دەلدۈگۈنۈپ يۈرگەن بىر كىشىنىڭ ئوبرازى كۆرۈنىدۇ. بىراق ئۈچىنچى تەسۋىردە بولسا، پسىخىكىسى شۇ قەدەر مۇرەككەپ، قەلبى شۇ قەدەر كېسەل، پىكرى شۇ قەدەر چېچىلاڭغۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە، يەنە ئالاھىدە ئىزاھلاش كېرەك بولۇۋاتقان بىر كىشىنىڭ ئوبرازى تەسۋىرلەنگەن بولۇپ، بۇ تەسۋىردە ئۇنىڭ ھىلە - نەيرەڭلىك رەڭمۇ رەڭ شەخسىيىتىنىڭ ئەسلى قىياپىتىنى تېخىمۇ ئوچۇق كۆرسىتىپ بېرىش ئۈچۈن، يەنە بىرقانچىلىغان بوشلۇقلار خىلمۇ خىل رەڭلەر بىلەن تولدۇرۇلغان بولىدۇ.

بۇ پىرقە ھەققىدە ئۇزۇن توختىلىش بىلەن، بىر تەرەپتە مەدىنە مۇناپىقلىرىنىڭ ئىسلامنىڭ پىداكارلىرىغا ئازار - كۈلپەت يەتكۈزۈش، ئۇلارنىڭ ئىچىگە بۆلگۈنچىلىك سېلىش ئىشىدا قانداق رول ئوينىغانلىقى كۆز ئالدىمىزدا ئوچۇق نامايەن قىلىپ بېرىلگەن بولسا، يەنە بىر تەرەپتە ئىسلام جامائىتىنى ئالاھىدە ئاگاھلاندۇرۇلۇپ، جامائەتنىڭ ئىنتىزامچانلىقىغا نىسبەتەن بىر مۇناپىقنىڭمۇ نەقەدەر خەتەرلىك بولىدىغانلىقى، ئىسلام جامائىتى ئىچىدىكى مۇناپىقلارنىڭ پەردىسىنى يىرتىپ، مەخپىي سۇيىقەستلىرىنى ئېچىپ تاشلاشنىڭ نەقەدەر مۇھىملىقى ئېيتىپ بېرىلگەن. شۇڭا قۇرئان كەرىم بۇ پىرقىنىڭ رەڭگا - رەڭ مىجەز خاراكتېرىنى، ئىرادىسىنىڭ بوشاڭلىقىنى ھەممە دوملاپ يۈرشلىرىنى تېخىمۇ بەك ئايدىڭلاشتۇرۇپ، كۆز ئالدىمىزدا نامايەن قىلىپ بېرىش ئۈچۈن مىساللارنى كەلتۈرىدۇ.

«مَثَلُهُمۡ كَمَثَلِ ٱلَّذِي ٱسۡتَوۡقَدَ نَارٗا فَلَمَّآ أَضَآءَتۡ مَا حَوۡلَهُۥ ذَهَبَ ٱللَّهُ بِنُورِهِمۡ وَتَرَكَهُمۡ فِي ظُلُمَٰتٖ لَّا يُبۡصِرُونَ ۝ صُمُّۢ بُكۡمٌ عُمۡيٞ فَهُمۡ لَا يَرۡجِعُونَ »

*«ئۇلارنىڭ مىسالى خۇددى ئوت ياققان كىشىلەرگە ئوخشايدۇكى، ئوت ئۇلارنىڭ ئەتراپىنى يورۇتقاندا، ئاللاھ ئۇلارنىڭ كۆرۈش قۇۋۋىتىنى (كۆز نۇرىنى) يوقىتىدۇ. ئۇلارنى قاراڭغۇلۇقتا ھېچنەرسىنى كۆرەلمەس ھالدا قالدۇرىدۇ. ئۇلار گاستۇر، گاچىدۇر، كوردۇر، شۇڭا ئۇلار (گۇمراھلىقتىن) قايتمايدۇ».*

بۇنىڭدىن مەلۇمكى، ئۇلارنىڭ دەسلەپكى پوزىتسىيىسى قانداقتۇر ھىدايەتكە قارشى تۇرۇش ياكى قولىقىغا قولنى تىقىۋېلىش ۋە ياكى كۆزىنى چىڭ يۇمۇۋېلىش بولمىغان ئىدى. شۇنداقلا، خۇددى كاپىرلارغا ئوخشاش ئىسلام ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزۈپ بېقىشتىنمۇ ئۆزىنى

قاچۇرغان ئەمەس ئىدى. بەلكى ئۇلار ھىدايەتنى بېرىپ، ئازغۇنلۇقنى ئالغانلار بولۇپ، ئەستايىدىل ئويلىنىپ، ئەقىل ھوشى بىلەن شۇنداق قارارغا كېلىشكەنلەر ئىدى. ئۇلار ئوت يېقىپ ئەتراپىنىمۇ يورۇتتى. بىراق ئۆزلىرى ئەشۇ يورۇقلۇقنى ئىزدەۋاتقان تۇرۇقلۇق، ئۇنىڭدىن ھېچقانداق پايدا ئالمىدى. ئۇلار ئۆزى تەلەپ قىلىۋاتقان يورۇقلۇقنى تېپىپمۇ، ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرىگەن چاغدا، ئاللاھ شۇ قىلمىشى تۈپەيلىدىن ئۇلارنىڭ بەسىرەت نۇرىنى تارتىۋالدى. ئۇلارنى قاراڭغۇلۇقتا دەلدۈگۈنۈپ يۈرۈشكە تاشلاپ قويدى. چۈنكى ئۇلار دەل ئۆزى تەلەپ قىلىۋاتقان نەرسىدىن يۈز ئۆرىگەن ئىدى.

ئاللاھ ئىنسانغا سۆزنى ئاڭلىيالىشى، يورۇقلۇقنى كۆرەلىشى، ھىدايەت نۇرىدىن مەنپەئەتلىنەلىشى ئۈچۈن كۆز، قۇلاق ۋە ئېغىزنى ئاتا قىلغان. ئەمما ئۇ قۇلىقىنى ئىشقا سالمىغاچقا ''گاس''، ئېغىزىنى ئىشقا سالمىغاچقا ''گاچا''، كۆزىنى بىلەن كۆرۈشتىن توختىۋالغاچقا ''قارىغۇ'' دەپ ئاتالغان. ئېنىقكى، بۇنداق ئەھۋالدا كىشىنىڭ ھەققە قايتىپ كېلەلىشى، ھىدايەت يولى تەرەپكە بۇرىلالىشى ۋە ھەققانىيەتنىڭ نۇرىنى كۆرەلىشى قەتئىي مۇمكىن بولمايدۇ.

ئەمدىلىكتە، ئايەت كەرىمە باشقا بىر مىسال بىلەن ئۇلارنىڭ پىسخىك خاراكتېرىنى تەھلىل قىلىش ئارقىلىق ئىچكى ئىزتىرابلىرىنى، بىئاراملىقى، تەئەججۇپ ۋە قورقۇنچلىرىنى نامايەن قىلىپ بېرىدۇ.

«أَوْ كَصَيِّبٍ مِّنَ ٱلسَّمَآءِ فِيهِ ظُلُمَٰتٌ وَرَعْدٌ وَبَرْقٌ يَجْعَلُونَ أَصَٰبِعَهُمْ فِىٓ ءَاذَانِهِم مِّنَ ٱلصَّوَٰعِقِ حَذَرَ ٱلْمَوْتِ ۚ وَٱللَّهُ مُحِيطٌۢ بِٱلْكَٰفِرِينَ. يَكَادُ ٱلْبَرْقُ يَخْطَفُ أَبْصَٰرَهُمْ ۖ كُلَّمَآ أَضَآءَ لَهُم مَّشَوْا۟ فِيهِ وَإِذَآ أَظْلَمَ عَلَيْهِمْ قَامُوا۟ ۚ وَلَوْ شَآءَ ٱللَّهُ لَذَهَبَ بِسَمْعِهِمْ وَأَبْصَٰرِهِمْ ۚ إِنَّ ٱللَّهَ عَلَىٰ كُلِّ شَىْءٍ قَدِيرٌ»

*«ياكى ئۇلارنىڭ مىسالى زۇلمەتلىك، گۈلدۈرماملىق ۋە چاقماقلىق قاتتىق يامغۇردا قالغان، گويا چاقماق چاققان ئاۋازنى ئاڭلاپ، ئۆلۈپ كېتىشتىن قورقۇپ، قۇلاقلىرىنى بارماقلىرى بىلەن ئېتىۋالغان كىشىلەرگە ئوخشايدۇ. ئاللاھ كاپىرلارنى ھەممە تەرەپتىن قورشاپ تۇرغۇچىدۇر. چاقماق چاققاندا ئۇلار كۆز نۇرىدىن ئايرىلىپ قالغىلى تاس قالىدۇ. چاقماق يورۇقىدا مېڭىۋالىدۇ، قاراڭغۇلۇق قاپلىغاندا تۇرۇپ قالىدۇ. ئاللاھ خالىسا ئىدى، ئۇلارنى ئاڭلاش ۋە كۆرۈش قۇۋۋىتىدىن ئەلۋەتتە مەھرۇم قىلاتتى. ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەر نەرسىگە قادىردۇر».*

بۇ ئاجايىپ تەسۋىرگە قارىمامدىغان! يۈگۈرۈپ، چېپىش، ئىزتىراپ تەشۋىش، خارلىق ۋە ئازغۇنلۇق، قورقۇنچ ۋە ئەيمىنىش، ئاھۇ - پەريات، ھەيرانلىق ۋە پەرىشانلىق، ۋال - ۋۇل چاقناشلار، ۋاقىراش ۋە جاقىراش... قاتارلىقلارنىڭ خىلمۇخىل سۈرەتلىرى كۆزلەرنىڭ ئالدىدىن بىر - بىرىگە ئۇلۇشۇپ ئۆتۈپ تۇرىدۇ. ئاسماندىن شىددەتلىك يامغۇر يېغىۋاتقان، ئۇنىڭ بىلەن بىرگە، قاراڭغۇ كېچە، قاپقارا بۇلۇتلار، ئۆتكۈر چاقماقلار، قۇلاقنى يارغۇدەك گۈلدۈرماملار... بىر قىسىم كىشىلەر چاقماق يورۇقىدا ئازراق مېڭىشقا تىرىشىۋاتقان... بىردىنلا يەنە قاراڭغۇلۇق بېسىپ كېتىۋاتقان، ئۇ بىچارىلەر داڭ قېتىپلا تۇرغان، ھەيرانلىق ۋە

پەرىشانلىق ئىچىدە قالغان، زادى قاياققا مېڭىشنى بىلەلمەيۋاتقان، قورقۇنچتىن لاغىلداپ تىترەۋاتقان... چاقماق، گولدۇرماما ئاۋازىدىن جان چىقىپ كەتكەندەك قورقۇۋاتقان، شۇڭا قۇلىقىغا قولىنى مەھكەم تىقىۋېلىپ بارغان...

بۇ پۈتۈن مەنزىرىلەر شۇ قەدەر سۈزۈك ۋە ساپ تەسۋىرلەنگەنكى، شىددەتلىك يامغۇر، قاراڭغۇلۇق، گۇلدۇرماما، چاقماق... تەشۋىشكە ۋە پەرىشانلىققا چۆمگەن مۇساپىر قاتتىق قورققان ھالدا بىر قانچە قەدەم ئالدىغا مېڭىۋېلىشقا ئۇرۇنىۋاتقان، قاراڭغۇلۇق قاپلىشى بىلەنلا يەنە جايىدا توختاپ قېلىۋاتقان...

قۇرئان كەرىم بۇ تەسۋىرلەر بىلەن ئىجابىي تەسىر بېرىشنى خالايدۇ. مۇناپىقلارنىڭ ئىزتىراپ، بىئاراملىقلارغا، ھەيرانلىق ۋە پەرىشانلىقلارغا، گۇمراھلىق ۋە سەرسانچىلىقلارغا قانداق مۇپتىلا ئىكەنلىكىنى، ئۇياقتىن مۆئمىنلەر بىلەن ئۇچراشسا، بۇياقتىن شاياتۇنلىرى بىلەن پىچىرلىشىدىغانلىقىنى، بۇ ياقتىن ئىمانىنى ئىزھار قىلسا، لەھزە ئۆتمەي ئىنكار قىلىدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ھىدايەت نۇرىنى ئىزدەيدىغانلىقى، ئەمما ئەمەلىيەتتە ئازغۇنلۇق ۋە قاراڭغۇلۇق ئىچىدىلا تىمىسقىلاپ يۈرىدىغانلىقىنى نامايەن قىلىپ بېرىدۇ. بۇ ناھايىتىمۇ ئاشكارا تەسۋىرىي مىسال بولۇپ، مۇناپىقلارنىڭ مەخپىي پسخىك خاراكتېرىنىڭ ئەينىكى. ئۇ مۇناپىقلارنىڭ ھېس - تۇيغۇ دۇنياسىنى مۇجەسسەم بىر شەكىلدە ئايان قىلىپ بېرىدۇ.

بۇ دەل قۇرئان كەرىمنىڭ ئاجايىپ ئۆزگىچە بايان ئۇسلۇبىدۇر. قۇرئان مۇرەككەپ ئىددىيىۋىي ھالەتلەر بىلەن ئىچكى پسخىك خاراكتېرلەرنى ئۆزگىچە مەخسۇس ئۇسلۇبتا بايان قىلىپ، ئۇلارنىڭ جانلىق تەسۋىرىنى ئىنساننىڭ كۆز ئالدىدا مۇجەسسەم بىر شەكىلدە تۇرغۇزۇپ بېرىدۇ❶.

ئىنسانلارنىڭ مەزكۇر ئۈچ خىل تۈركۈمىنى تەسۋىرلەپ بەرگەندىن كېيىن، سۆزنىڭ ئەمدىكى يۆنىلىشى پۈتۈن ئىنسانىيەتنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىش تەرەپكە بۇرالماقتا. ئۇلارنى بۇ ئۈچ خىل تەسۋىرلەرنىڭ ئىچىدىن ياخشى، توغرا، پاك، خالىس، پائالىيەتچان، مەنپەئەتلىك، ھىدايەت تاپقان، ئۇتۇق قازانغان تەسۋىرنى، يەنى تەقۋادارلارنىڭ تەسۋىرىنى تاللاشقا چاقىرىپ مۇنداق دېيىلمەكتە:

«يَـٰٓأَيُّهَا ٱلنَّاسُ ٱعْبُدُوا۟ رَبَّكُمُ ٱلَّذِى خَلَقَكُمْ وَٱلَّذِينَ مِن قَبْلِكُمْ لَعَلَّكُمْ تَتَّقُونَ ﴿٢١﴾ ٱلَّذِى جَعَلَ لَكُمُ ٱلْأَرْضَ فِرَٰشًا وَٱلسَّمَآءَ بِنَآءً وَأَنزَلَ مِنَ ٱلسَّمَآءِ مَآءً فَأَخْرَجَ بِهِۦ مِنَ ٱلثَّمَرَٰتِ رِزْقًا لَّكُمْ ۖ فَلَا تَجْعَلُوا۟ لِلَّهِ أَندَادًا وَأَنتُمْ تَعْلَمُونَ»

❶ "التصوير الفنى فى القرآن" "قۇرئاننىڭ تەسۋىرلەش سەنئىتى" ناملىق كىتابىنىڭ "قۇرئاندىكى ھېسسىي تەمسىل ۋە تەھلىل" دېگەن بۆلىمىگە قارالسۇن (مۇئەللىپتىن).

*«ئى ئىنسانلار! سىلەرنى ۋە سىلەردىن بۇرۇنقىلارنى ياراتقان پەرۋەردىگارىڭلارغا ئىبادەت قىلىڭلار. شۇندىلا تەقۋادارلاردىن بولۇشىڭلار (يەنى نىجاتلىق تېپىشىڭلار) ئۈمىدلىك بولىدۇ. ئۇ شۇ ئاللاھ سىلەرگە زېمىننى تۆشەك ۋە ئاسماننى ئۆگزە قىلىپ بەردى، ئۈستىدىن يامغۇر ياغدۇرۇپ بەردى، شۇ ئارقىلىق سىلەرگە ھەرخىل مەھسۇلاتلارنى ئۆستۈرۈپ رىزىق يەتكۈزۈپ بەردى. دېمەك سىلەر بۇلارنى بىلىدىغان تۇرۇپ، ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرمەڭلار»*.

ئەمەلىيەتتە پۈتۈن ئىنسانلار ئۇلارنى ياراتقان ۋە ئۇلارنىڭ بارلىق ئاتا - بوۋىلىرىنى ياراتقان بىرلا پەرۋەردىگارنىڭ بەندىچىلىكىگە چاقىرىلماقتا؛ «ئاللاھ پۈتۈن كائىناتنىڭ تەنھا ياراتقۇچىسىدۇر؛ شۇڭا ئەنە شۇ ئاللاھلا بەندىچىلىكنى قىلىشقا ھەقلىقتۇر. ئاللاھقا بەندىچىلىك قىلىشنىڭ بىر مەخسۇس مەقستى بولۇپ، ئۇ ئارقىلىق ئىنسانلارنىڭ ئەشۇ مەقسەتكە يېتىپ بارالىشى ئۈمىد قىلىنىدۇ. ئۇ مەقسەت دەل: "لَعَلَّكُمْ تَتَّقُونَ" "*شۇندىلا تەقۋادارلاردىن بولۇشىڭلار ئۈمىدلىك بولىدۇ*" دېگەندىن ئىبارەتتۇر. يەنى، سىلەر ئاللاھقا يېقىملىق بولغان ھاياتلىق يولىنى تاللاڭلار، ئاللاھقا بەندىچىلىك قىلىدىغان، ئاللاھدىن قورقىدىغان، ئاللاھنىڭ ياراتقۇچىلىقى ۋە پەرۋەردىگارلىقىنىڭ ھەققىنى تولۇق ۋە توغرا ئادا قىلىدىغان، پەقەت بىرلا ياراتقۇچىغا (يەنى ھازىرقى ۋە ئىلگىرىكى بارلىق ئىنسانلارنىڭ ئەشۇ بىرلا ياراتقۇچىسىغا) ئىبادەت قىلىدىغانلارنىڭ تۇرمۇش يولىنى تاللاڭلار. ئەنە شۇ ئاللاھ ئاسماندىكى ۋە زېمىندىكى ۋاستىلەر بىلەن ئىنسانلارنى رىزىقلاندۇرۇشنى ئورۇنلاشتۇرغان. ئۇنىڭ ئىشىدا ئۆزىدىن باشقا ھېچ بىر تەڭدىشى ياكى شېرىكى يوق. "ٱلَّذِى جَعَلَ لَكُمُ ٱلْأَرْضَ فِرَٰشًا" "*ئۇ سىلەرگە زېمىننى تۆشەك قىلىپ بەرگەن*" دېيىلمەكتە.

بۇ تەبىردىن بىلىۋېلىشقا بولىدۇكى، ئاللاھ تائالا زېمىندا ئىنسانلارنىڭ ھاياتىنى ئاسانلاشتۇرۇپ بەرگەن. زېمىننى ئىنسانغا نىسبەتەن راھەتلىك ئارامگاھ، تۆشەككە ئوخشاش تىنچ قارارگاھ قىلىپ بەرگەن. بىراق ئىنسانلار ئۇزۇن مەزگىلگىچە زېمىندا تۇرىدىغان بولغاچقا، ئاسمان - زېمىننىڭ بۇ ئارامبەخشلىكى ئۇلارنىڭ ھېس - تۇيغۇلىرىدىن يوقاپ كېتىپ قالىدۇ. ئاللاھنىڭ ئىنسانلارنىڭ تۇرمۇش ۋاستىلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن بۇ زېمىندىكى پەسىللەرنى نەقەدەر مۇناسىپ، يېقىملىق قىلىپ بەرگەنلىكىنى، ئىنسانلارنىڭ راھىتى ۋە ئاسايىشى ئۈچۈن قانداق - قانداق ۋاستىلەرنى ھازىرلاپ بەرگەنلىكىنى، ناۋادا بۇ ۋاستىلەر يەر شارىدا بولمىسا، ئىنسان ھاياتىنىڭ ھەرگىزمۇ بۇنداق ئاسان، خاتىرجەم، يېقىملىق بولالمايدىغانلىقىنى ئۇنتۇپ كېتىدۇ. ئەگەر راستىنلا بۇ كائىناتنىڭ تەركىبىي ئامىللىرىدىن بىرەرسى يوق بولۇپ كېتىدىغانلا بولسا، يەر شارىنىڭ مۇھىتى شۇ دەرىجىدە ئۆزگىرىپ كېتىدۇكى، ئۇنىڭدا ئىنسانىيەتنىڭ يېتىلىشى قەتئىي مۇمكىن بولمايدۇ. مەسىلەن: ئوكسىگىننى مەيدانغا كەلتۈرگەن ماددىلاردىن بىرەرسى كەم بولۇپ قالىدىغانلا بولسا، ئىنسان ھاۋانىڭ ئىچىدە تۇرۇپمۇ نەپەس ئېلىشى مۇمكىن بولماي قالىدۇ، ھايات پۈتۈنلەي پالەچ ھالغا كېلىدۇ.

«وَٱلسَّمَآءَ بِنَآءً» «ئاسماننى ئۆگزە قىلىپ بەردى»

يەنى، ئاسماننى خۇددى ئۆگزىگە ئوخشاش مۇناسىپ ھەم پۇختا قىلىپ بەردى. زېمىندىكى ئىنسانلارنىڭ ھاياتى ۋە ھايات مەئىشەتلىرىنىڭ ھەممىسى ئاسمان بىلەن چوڭقۇر باغلىنىشلىق بولۇپ، ئاسمان ئۆزىنىڭ ھارارىتى، يورۇقلىقى، تەخپۇڭلىقى ۋە پۈتۈن سىستېمىسىنىڭ جەزبدارلىقى بىلەن ھاياتنىڭ تەبىئىي تۈۋرۈكىدۇر، زېمىندىكى ھاياتلىقنىڭ داۋاملىششىغا نىسبەتەن باشلانغۇچ ۋە تۈپ ئاساستۇر. شۇڭا قۇرئان كەرىمدە كائىناتنىڭ ياراتقۇچىسىنىڭ قۇدرىتى بايان قىلىنغان ۋە ئىنساننىڭ رىزىقلاندۇرغۇچىسىنىڭ نەقەدەر كاتتىلىقى تىلغا ئېلىنغان ھەرقانداق يەردە: «پۈتۈن مەخلۇقلار ۋە پۈتۈن ئىنسانلار پەقەت ئۇنىڭغىلا ئىبادەت قىلىشى پەرز» دېيىلىدۇ. بۇنداق چاغدا ئاللاھنىڭ ئېھسانلىرى: «وَأَنزَلَ مِنَ ٱلسَّمَآءِ مَآءً فَأَخْرَجَ بِهِۦ مِنَ ٱلثَّمَرَٰتِ رِزْقًا لَّكُمْ» «ئاسماندىن يامغۇر ياغدۇرۇپ بەردى، شۇ ئارقىلىق سىلەرگە ھەرخىل مەھسۇلاتلارنى ئۆستۈرۈپ رىزىق يەتكۈزۈپ بەردى» دەپ تىلغا ئېلىنىدۇ.

قۇرئاننىڭ نۇرغۇن جايلىرىدا ئاسماندىن يامغۇرنىڭ ياغدۇرۇلىشى ۋە ئۇ ئارقىلىق خىلمۇخىل مەھسۇلاتلارنىڭ پەيدا قىلىنىشى تىلغا ئېلىنىش ئارقىلىق ئاللاھنىڭ قۇدرىتى ۋە قىلغان ئىنئاملىرى تەسۋىرلەنگەن بولۇپ، تەبىئىي نۇقتىدىنمۇ ئاسماندىن يامغۇرنىڭ يېغىشى يەر يۈزىدىكى ھاياتلىقنىڭ ساقلىنىپ تۇرۇشىدىكى ئەڭ ئاساسلىق ئامىللارنىڭ بىرسى. زېمىندىكى خىلمۇخىل شەكىللىك ۋە خىلمۇخىل دەرىجىلىك جانلىقلارنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىمۇ دەل ئەشۇ سۇنىڭ بەرىكىتىدىن ئىبارەتتۇر. بۇ ھەقتە قۇرئان كەرىمدە: «وَجَعَلْنَا مِنَ ٱلْمَآءِ كُلَّ شَىْءٍ حَىٍّ» «بىز ھەممە نەرسىنى سۇ بىلەن ھايات قىلدۇق»[1] دېيىلگەن بولۇپ، بۇ سۇ بەزىدە يامغۇر شەكلىدە ئاسماندىن يېغىپ، ئېكىنزارلىقلارنى سۇغۇرسا، بەزىدە تاتلىق ئېرىق - ئۆستەڭ شەكلىدە ئاقىدۇ. بەزىدە زېمىننىڭ تومۇرلىرىغا سىڭىپ، قۇدۇق، كارىز شەكلىدە نامايەن بولسا، بەزىدە ھەر خىل ئەسۋاپلار بىلەن زېمىندىن تارتىپ چىقىرىلىپ، ئېتىز - ئېرىق ئېشلىرىغا ئىشلىتىلىدۇ. زېمىندا سۇنىڭ نەقەدەر مۇھىملىقى، شۇنداقلا خىلمۇخىل ھاياتلىقنىڭ ساقلىنىپ تۇرالىشىدا ئۇنىڭ نەقەدەر مۇھىم رول ئوينايدىغانلىقى ھەممە ئېتىراپ قىلغان شەك - شۈبھىسىز ھەقىقەتكى، ئۇ ھەقتە پەقەت ئىشارە قىلىپ قويۇشلا كۇپايە قىلىدۇ. بۇ يەردىكى مەقسەت، بىزنىڭ ياراتقۇچىمىز ۋە رىزىقلاندۇرغۇچىمىز بولغان ئاللاھنىڭ بۇ پۈتۈن نېمەتلەرنى ئاتا قىلغانلىقىنى ھەمدە ئەشۇ ئاللاھنىڭلا بىزنىڭ ئىبادەت قىلىشىمىزغا ھەقلىق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈشتىن ئىبارەتتۇر.

[1] سۈرە ئەنبىيا، 30 - ئايەت

مانا بۇ چاقىرىق بىلەن ئىسلامىي ھاياتلىق تەسەۋۋۇرىنىڭ مۇنداق ئىككى مۇھىم ئاساسى ئايدىڭلاشقان بولىدۇ.

**1** - بۇ پۈتۈن كائىناتنىڭ ياراتقۇچىسى پەقەت بىرلا بولۇپ، «الَّذِي خَلَقَكُمْ وَالَّذِينَ مِن قَبْلِكُمْ» «ئۇ سىلەرنى ۋە سىلەردىن ئىلگىرى ئۆتكەن ھەممىيلەتنى ياراتقان».

**2** - بۇ كائىنات بىرلا بولۇپ، ئۇنىڭ بىر پۈتۈنلۈكىدىن تارتىپ، ھەربىر تەركىبىي ئېلېمېنتلىرىغا قەدەر ھەممىنىڭ ئارىسىدا مۇكەممەل ماسلىششچانلىق مەۋجۇت. ئۇ ئىنسان ئۈچۈن ۋە ئىنسان ھاياتى ئۈچۈن ياردەمچى قىلىپ بەلگىلەنگەن.

«ٱلَّذِى جَعَلَ لَكُمُ ٱلۡأَرۡضَ فِرَٰشٗا وَٱلسَّمَآءَ بِنَآءٗ وَأَنزَلَ مِنَ ٱلسَّمَآءِ مَآءٗ فَأَخۡرَجَ بِهِۦ مِنَ ٱلثَّمَرَٰتِ رِزۡقٗا لَّكُمۡۖ» «ئەنە شۇ ئاللاھ سىلەرگە زېمىننى تۆشەك ۋە ئاسماننى ئۆگزە قىلىپ بەردى، ئۈستىدىن يامغۇر ياغدۇرۇپ بەردى، شۇ ئارقىلىق سىلەرگە ھەرخىل مەھسۇلاتلارنى ئۆستۈرۈپ رىزىق يەتكۈزۈپ بەردى».

زېمىن بىر تۆشەككە ئوخشاش سېلىنغان، ئۇنىڭ ئاسمىنى ئاللاھنىڭ قانۇنىغا مەھكەم باغلانغان، ئۇنىڭدىن سۇ ياغدۇرۇش ئارقىلىق ھەرخىل مەھسۇلاتلارنىڭ پەيدا بولۇشى زېمىندىكى مەخلۇقاتلارنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن ئورۇنلاشتۇرۇلغان. بۇلار زادى كىم ئۈچۈن؟ پەقەت ئىنسانلار ئۈچۈن ھەمدە بۇلارنىڭ ھەممىسى دەل كائىناتنىڭ قۇدرەتلىك ياراتقۇچىسى بولغان ئەشۇ شېرىكسىز ئاللاھنىڭ كارامىتىدۇر.

«فَلَا تَجۡعَلُواْ لِلَّهِ أَندَادٗا وَأَنتُمۡ تَعۡلَمُونَ» «دېمەك سىلەر بۇلارنى بىلىدىغان تۇرۇپ، ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرمەڭلار»

ئاللاھنىڭ ھەم سىلەرنى ۋە ھەم سىلەردىن ئىلگىرى ئۆتكەنلەرنى پەيدا قىلغانلىقىنى ناھايىتى ياخشى بىلىسىلەر. ئاللاھنىڭ سىلەرگە زېمىننى تۆشەك، ئاسماننى ئۆگزە قىلىپ بەرگەنلىكىنى، ئاسماندىن سۇ چۈشۈرۈپ بەرگەنلىكىنى، بۇ پۈتۈن ئىشلاردا نە ئۇنىڭ قولىغا قول بولىدىغان ھېچ بىر ھەمكارلاشقۇچىسى، نە ئۇنىڭ بىرەر ئىشىغا قارشى تۇرالايدىغان ھېچبىر تەڭدىشى بولمىغانلىقىنى پىششىق بىلىسىلەر. بۇنچە ئىشلارنى بىلگەندىن كېيىنمۇ ئۇنىڭغا شېرىك كەلتۈرۈش ئىنتايىن خاتا قىلمىشتۇر.

تەۋھىد ئەقىدىسىنى ساپ ھەم سۈزۈك ھالدا ئىددىيەلەرگە سىڭدۈرۈش ئۈچۈن قۇرئان كەرىم ھەردائىم قايتا - قايتا رەددىيە بېرىدىغان شېرىكچىلىك ھەمىشە بىلىنەرلىك بىر شەكىلدە، كىشىلەر چوقۇنۇپ كېلىۋاتقان بىرەر بۇت ياكى بىرەر شەخسنىڭ قىياپىتىدە بولىۋەرمەيدۇ، بەلكى ئۇنىڭدىن باشقىمۇ مەخپىي شەكىللەردە بولىدۇ. مەسىلەن: ئاللاھتىن باشقا بىرەرسىدىن ئۈمىد كۈتۈش، ئاللاھتىن باشقا بىرەرسىگە قارىتا قەلبىدە قورقۇنچ ساقلاشمۇ شېرىكچىلىك بولۇپ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە، ئاللاھتىن باشقا ھەرقانداق بىرىنى "پايدا ياكى مەنپەئەت يەتكۈزۈلەيدۇ" دەپ قاراشمۇ شېرىكچىلىك ھېسابلىنىدۇ. بۇ ھەقتە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دېگەن: «ئايەتتىكى "ئەنداد" دېگەن سۆز شۇنداق

مەخپى شېرىكچىلىكنى بىلدۈرىدۇكى، ئۇ گويا قاراڭغۇدا، قارا تاشنىڭ ئۈستىدە قارا چۈمۈلىنىڭ ئاستا مېڭىشى مەخپى بولغاندەك مەخپى بولىدۇ. بۇنىڭ مۇنداق بىرقانچە شەكلى بار، مەسىلەن، بىرەرسىنىڭ: ”ئى پالانچى! ئاللاھ بىلەن قەسەم ۋە جېنىم بىلەن قەسەم ياكى ئاللاھ بىلەن قەسەم ۋە سېنىڭ جېنىڭ بىلەن قەسەم“ دېيىشى، ۋە ياكى بىرەرسىنىڭ: ”ئەگەر تۈنۈگۈن كەچتە ئىت بولمىغان بولسا، ئوغرى مېلىمىزنى ئوغرىلىغان بولاتتى“ دېيىشى ۋە ياكى بىرسىنىڭ: ”ئەگەر ئۆيدە ئۆردەك بولمىغان بولسا، ئوغرى كىرگەن بولاتتى“ دېيىشى ۋە ياكى بىرسىنىڭ ئۆز دوستىغا: ”ئاللاھ خالىسا ۋە سەن خالىساڭ“ دېيىشى ۋە ياكى بىرسىنىڭ: ”ئاللاھ تائالا ۋە پالانچى بولمىغان بولسا“ دېيىشى... قاتارلىق سۆزلەرنىڭ ھەممىسى شېرىكتۇر» بۇنىڭدىن باشقا يەنە بىر ھەدىستە بىر كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: «ئاللاھ خالىسا ۋە ئۆزلىرى خالىسىلىرى» دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «اجعلتنى لله ندا؟» «سەن مېنى ئاللاھقا شېرىك قىلماقچىمۇ؟» دېگەن.

مانا بۇ سەلەف سالىھلارنىڭ مەخپى شېرىككە تۇتقان نۇقتىئىنەزىرى بولۇپ، ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش مەسىلىسىدە بىز ئالدى بىلەن قولىمىزنى قويىنىمىزغا سېلىپ، يۈرىكىمىزنى دەڭسەپ بېقىشىمىز لازىم. سەلەف سالىھلارنىڭ شېرىكچىلىككە بولغان قاتتىق سەزگۈرلىكى قايسى ھالدا ئىكەن؟ بىز زادى قايسى ھالدا ئىكەنمىز؟ بىز تەۋھىد ئەقىدىسىدىن ئىبارەت بۇ ئەزىم ھەققانىيەتتىن نېمىدېگەن يىراقلاپ كەتكەن - ھە؟!

***********

## جەڭ ئېلان قىلىش

يەھۇدىيلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىدىن گۇمانلىناتتى. مۇناپىقلارمۇ شەكلىنەتتى، مۇشرىكلارمۇ شۇنداق ئەھۋالدا ئىدى. قۇرئان بۇ يەردە ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى دوئىلغا چاقىرغان ھالدا بىر ھەل قىلغۇچ ئەمەلىي ساۋاقنى ئوتتۇرىغا قويۇپ: «قېنى مۇشۇ قۇرئانغا ئوخشاش بىر كىتابنى كەلتۈرۈپ باقامسىلەر» دەپ نىدا قىلىدۇ.

«وَإِن كُنتُمْ فِي رَيْبٍ مِّمَّا نَزَّلْنَا عَلَىٰ عَبْدِنَا فَأْتُوا بِسُورَةٍ مِّن مِّثْلِهِ وَادْعُوا شُهَدَاءَكُم مِّن دُونِ اللَّهِ إِن كُنتُمْ صَادِقِينَ» «ئەگەر بىز بەندىمىزگە چۈشۈرگەن كىتابنىڭ بىز تەرەپتىن ئىكەنلىكى ياكى ئەمەسلىكى ئۈستىدە شەكلىنىسەڭلار، قېنى ئۇنىڭغا ئوخشاش بىرەر سۈرىنى مەيدانغا چىقىرىپ بېقىڭلار، بارلىق

*يارەمچىگلارنى چاقىرىڭلار، ئاللاھدىن باشقا مېلى كەلدىن يارەم تىلىسىڭلار، تىلىڭلار. ئەگەر راستچىل بولساڭلار».*

بۇ جەڭ ئېلانى ئۆزگىچە بىر تەرزدە باشلانغان بولۇپ، ئاللاھ تائالانىڭ بۇ يەردە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بەندىلىك سۈپىتىنى تىلغا ئېلىپ؛ «*بىز ئۆز بەندىمىزگە نازىل قىلغان كىتابنىڭ بىز تەرىپتىن ئىكەنلىكى ياكى ئەمەسلىكى ئۈستىدە شەكلىنىسەڭلار، قېنى شۇنىڭغا ئوخشاش بىرەر كىتابنى مەيدانغا كەلتۈرۈپ بېقىڭلار*» دېگەنلىكى ئالاھىدە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى «بىزنىڭ بەندىمىز» دەپ ئاتاشتىن ئۆزئارا باغلىنىشچان بىر قانچە مۇھىم ئىشارىلەر ئوتتۇرىغا چىقىدۇ.

مەسىلەن: «بەندىمىز» دېيىش بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇلۇغ شان - شەرىپى تەرەپكە ئىشارە قىلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭدىن مەقسەت، ئاللاھقا بولغان بەندىچىلىك بىلەن قۇللۇقنىڭ ھەرقانداق كىشىگە نېسىپ قىلىنسا، پەخىرلىنىشكە تېگىشلىك يۈكسەك مەرتىۋە ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەشتۇر. ئىككىنچىدىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى «بەندىمىز ۋە قۇلىمىز» دېيىش ئارقىلىق ئاللاھ تائالانىڭ ھېچ بىر شېرىكى ۋە تەڭدىشى يوقلۇقى، ھەممەيلەننىڭ ئاللاھنىڭلا بەندىسى ۋە قۇللىرى ئىكەنلىكى تەرەپكىمۇ ئىشارە قىلىنغان بولۇپ، باشقىلارغۇ ئۇياقتا تۇرسۇن، ھەتتا ئەڭ يۈكسەك ماقامدا، يەنى ۋەھىي ماقامىدا بولغان پەيغەمبەرلەرنىڭمۇ ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە قۇللىرى ئىكەنلىكى، شۇنداقلا ئۆزىنىڭ ئاللاھقا بەندە ھەم قۇل بولالىغانلىقىدىن ئىبارەت بۇ ئالى مەرتىۋىسىدىن پەخىرلىنىدىغانلىقى ئىپادىلەنگەن.

بۇ دوئىل توغرۇلۇق سۆرىنىڭ دەسلىپىدە ئىشلىتىلگەن تاق ھەرپلەرگىمۇ بىر نەزەر سېلىش لازىم. ئۇنىڭدا: «بۇ كىتاب كىشىلەرمۇ ئىشلىتەلەيدىغان شۇ ھەرپلەردىن تۈزۈلگەن. ئەگەر ئۇلار بۇ كىتابنىڭ ئاللاھ تەرەپتىن ئىكەنلىكى ھەققىدە شەكلىنىدىغان بولسا، ئەنە ئۇ ھەرپلەر ئۇلارنىڭمۇ يېنىدا تۇرۇپتۇ. قېنى ئۇلار شۇ ھەرپلەر بىلەن ئەشۇنداق بىر كىتابنى تۈزۈپ چىقىپ باقمىسۇنمۇ؟ بۇ ئىشتا ئۇلارغا گۇۋاھلىق بېرەلەيدىغان ۋە يارەمچى بولالايدىغان مەيلى كىمنى چاقىرسا چاقىرسۇن. ئاللاھ تائالا بولسا، ئۆز بەندىسىنىڭ راستچىللىقى ھەققىدە گۇۋاھلىق بېرىدۇ» دېيىلگەن.

بۇ دوئىل قۇرئاندىن گۇمانلىنىدىغانلارغا جاكارلانغان بولۇپ، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتلىقىدىمۇ، ۋاپاتىدىن كېيىنمۇ، شۇنداقلا بىزنىڭ ھازىرقى دەۋرىمىزگە قەدەر ئوخشاشلا كۈچكە ئىگە بولۇپ كەلمەكتە. بۇ ھېچكىمنى جاۋاب قايتۇرالمىغان بىر روشەن پاكىتتۇر. مانا ھازىرمۇ ئىنسانلارنىڭ بۈگۈنگە قەدەر يېزىپ چىققان ئەدىبىي ئەسەرلىرى بىلەن قۇرئان كەرىمنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىنتايىن روشەن پەرق ساقلىنىپ كەلمەكتە ھەم تا قىيامەتكىچە ساقلىنىپ ماڭىدۇ ۋە ئاللاھنىڭ مۇنۇ سۆزىنى ئىسپاتلاپ كېتىۋېرىدۇ.

«فَإِن لَّمۡ تَفۡعَلُواْ وَلَن تَفۡعَلُواْ فَٱتَّقُواْ ٱلنَّارَ ٱلَّتِي وَقُودُهَا ٱلنَّاسُ وَٱلۡحِجَارَةُۖ أُعِدَّتۡ لِلۡكَٰفِرِينَ»

*«ناۋادا مۇنداق قىلالمىساڭلار ــــ ھەرگىزمۇ قىلالمايسىلەر ـ ئىنسان بىلەن تاشلار يېقىلغۇ بولىدىغان، ھەقنى ئىنكار قىلغۇچىلار ئۈچۈن تەييارلانغان ئەشۇ ئوتتىن قورقۇڭلار»*

بۇ دوئىل قانچە ئاجايىپ ھەقىقەت بولغان بولسا، ئۇنىڭغا قارىتا تا قىيامەتكىچە ھېچ كىشىنىڭ مەيدانغا چىقالماسلىقىمۇ ئۇنىڭدىن بەكرەك ئاجايىپ ھەقىقەتتۇر. ناۋادا ئۇنىڭغا ئوخشاش بىرەر كىتابنى مەيدانغا كەلتۈرۈش كۇپپارلارنىڭ قولىدىن كەلسە ئىدى، ئۇلار بىر دەقىقىمۇ تەخىر قىلمىغان بولاتتى. قۇرئان كەرىمنىڭ: «ئۇلار ھەرگىزمۇ بۇنداق كىتابنى مەيدانغا كەلتۈرەلمەيدۇ» دەپ ئوچۇق ئېيتىپ قويۇشى، شۇنداقلا دۈشمەنلەرنىڭمۇ قانچە ئەسىرلەردىن بېرى ئۇنداق قىلىشتىن ئاجىز كەلگەنلىكى ئوپئوچۇق بىر مۆجىزە بولۇپ، ئۇز نۆۋىتىدە يەنە قىلچە شەك - شۈبھىگە ئورۇن قالمىغان بولىدۇ. بۇ دۈشمەنلەر ئۈچۈن ئومۇمىيۈزلۈك جەڭ ئېلانى بولۇپ، ئۇلارغا نىسبەتەن مەيدان ئوچۇق ئىدى. ئەگەر ئۇلار قۇرئانغا ئوخشاش بىرەر كىتابنى مەيدانغا كەلتۈرۈپ قالالايدىغانلا بولسا، قۇرئاننىڭ مۆجىزىۋىيلىكى پۈتۈنلەي يوقالغان بولاتتى، بىراق ئۇنداق قىلالمىدى ۋە ھەرگىز قىلالمايدۇ. بۇ خىتاب دەسلىۋىدە شۇ ئەۋلات ئىنسانلارغا قىلىنغاندەك قىلسىمۇ، ئەمەلىيەتتە پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە جاكارلانغان دوئىلدۇر، شۇنداقلا قۇرئاننىڭ مۆجىزىۋىيلىكىنىڭ ۋە قەتئىي پاكىتلىقىنىڭ تارىخىي قارارىدۇر.

سۆز ۋە ئىپادە ئۇسلۇبلىرىغا ئاز - تولا زوقى بولغان، كائىنات ۋە مەۋجۇدىيەتكە دائىر ئىنسانىي تەسەۋۋۇرلاردىن ئاز - تولا خەۋىرى بار، ئىنسانىي تۈزۈلمە قانۇن - قائىدىلەر ھەققىدە ئاز - تولا بىر نەرسە بىلىدىغان ھەمدە ئىنسانلارنىڭ ئوتتۇرىغا چىقارغان ئىجتىمائىي جەمئىيىتى ۋە ئىجتىمائىي پىسخىكىسىنى ئاز - تولا چۈشىنىدىغان ھەرقانداق كىشى شۇنى شەكسىز ھالدا قوبۇل قىلىدۇكى، قۇرئان كەرىمنىڭ بۇ نۇقتىدا ئوتتۇرىغا قويغانلىرى ئىنسانلارنىڭ تۈزۈپ چىققانلىرىدىن پۈتۈنلەي پەرقلىقتۇر. بۇ ھەقتىكى جېدەل، گۇمانلار ياخشى بىلەن ياماننى ئايرىيالمايدىغان جاھالەتتىن ياكى مەلۇم شەخسىي مەنپەئەتنى دەپ ھەق بىلەن باتىلنى بىر - بىرىگە ئارىلاشتۇرۇپ قويۇشتىن كېلىپ چىققان بولىدۇ.

دەل مۇشۇ سەۋەبتىن بۇ جەڭ ئېلانىنى قوبۇل قىلىشتىن ئاجىز كەلگەن تۇرۇقلۇق، يەنىلا بۇ ئاشكارا ھەققەتنى ئېتىراپ قىلغىلى ئۇنىمىغانلار مۇنداق شىددەتلىك تەنقىد قىلىنىدۇ:

«فَٱتَّقُواْ ٱلنَّارَ ٱلَّتِي وَقُودُهَا ٱلنَّاسُ وَٱلۡحِجَارَةُۖ أُعِدَّتۡ لِلۡكَٰفِرِينَ» *«ئىنسان بىلەن تاشلار يېقىلغۇ بولىدىغان، ھەقنى ئىنكار قىلغۇچىلار ئۈچۈن تەييارلانغان ئەشۇ ئوتتىن قورقۇڭلار»*.

بۇ يەردە، ئىنسانلار نېمە ئۈچۈن شۇنچە قورقۇنچلۇق بىر شەكىلدە تاش بىلەن بىر قاتاردا قويۇلماقتا؟ چۈنكى ئۇ ئوت ھەقنى ئىنكار قىلغۇچىلار ئۈچۈنلا ھازىرلانغان. ئۇ ئىنكارچىلار

**سۈرىنىڭ بېشىدىلا.** *«ئاللاھ ئۇلارنىڭ دىللىرىنى ۋە قۇلاقلىرىنى پېچەتلىۋەتكەن، ئۇلارنىڭ كۆزلىرى پەردىلەنگەن»* **دەپ تىلغا ئېلىنغانلار بولۇپ، قۇرئان كەرىم دەل شۇلارغا بۇ جەننى ئېلان قىلغان ۋە ئۇلار ئەسىرلەردىن بېرى بۇ دوئىل ئالدىدا ئاجىز كەلگەن، ئەمما يەنىلا ھەقنى قوبۇل قىلغىلى ئۇنىمىغان. شۇڭلاشقا بۇنداق كىشىلەر تاشقى كۆرۈنۈشتە گەرچە ئىنسانغا ئوخشىسىمۇ، ماھىيەتتە تاش بىلەن پەرقى يوقتۇر. ئەمدىلىكتە بۇ تاش ئىنسانلار تاشلار بىلەن بىر يەرگە جەم قىلىنىپ، جەھەننەمگە تاشلىنىشىنىلا كۈتۈشى لازىم.**

**بۇ يەردە تاشنىڭ تىلغا ئېلىنىشى ئىنساننىڭ زېھنىگە بىر مەخسۇس ئۇقۇمنى سالىدۇ. يەنى، ئوتنىڭ نەقەدەر قورقۇنچلۇقى... تاشلارنى ئېرىتىۋاتقان ئەشۇ ئوتنىڭ ئىچىدىكى تاشلارنىڭ تەكتىدە ئىنسانلار توپىنىڭ ئېزىلىۋاتقانلىقى...**

**قېنى ئەمدى بۇ دەھشەتلىك مەنزىرىنىڭ ئۇدۇلىدا مۆئمىنلەرنى كۈتۈپ تۇرىۋاتقان ئىنئام - ئىكراملارغا قاراپ باقايلى!**

«وَبَشِّرِ ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَعَمِلُواْ ٱلصَّٰلِحَٰتِ أَنَّ لَهُمْ جَنَّٰتٍ تَجْرِى مِن تَحْتِهَا ٱلْأَنْهَٰرُ ۖ كُلَّمَا رُزِقُواْ مِنْهَا مِن ثَمَرَةٍ رِّزْقًا ۙ قَالُواْ هَٰذَا ٱلَّذِى رُزِقْنَا مِن قَبْلُ ۖ وَأُتُواْ بِهِۦ مُتَشَٰبِهًا ۖ وَلَهُمْ فِيهَآ أَزْوَٰجٌ مُّطَهَّرَةٌ ۖ وَهُمْ فِيهَا خَٰلِدُونَ» *«ئى پەيغەمبەر! بۇ كىتابقا ئىمان كەلتۈرگەن ۋە (شۇنىڭغا بىنائەن) ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارغا ئۇلارنىڭ ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان باغلار (يەنى جەننەتلەر) بىلەن خۇش خەۋەر بەرگىن، بۇ باغلاردىكى مېۋىلەرنىڭ شەكلى دۇنيادىكى مېۋىلەرگە ئوخشىشىپ كېتىدۇ. بۇ مېۋىلەردىن ئۇلارغا يېيىش ئۈچۈن بېرىلگەن چاغدا، ئۇلار: "مۇشۇنداق مېۋىلەر ئىلگىرى (دۇنيادىمۇ) بىزگە بېرىلگەنتى" دەيدۇ. جەننەتلەردە ئۇلارغا پاك جۈپتىلەر بولىدۇ، ئۇلار جەننەتلەردە مەڭگۈ قالىدۇ»*.

**بۇ رەڭمۇ رەڭ ئىنئام، ئىكراملار... ئىنساننىڭ نەزىرى شۇلارنىڭ ئىچىدىكى پاك جۈپتىلەرگە تىكىلگىنىچە قېتىپ قالغان... ئاھ! بۇرۇنقىغا ئوخشىشىپ كېتىدىغان بۇ خىلمۇ خىل مېۋىلەر... جەننەت ئەھلى ئۇ ھەقتە؛ «بەلكىم ئىلگىرىمۇ مۇشۇنداق مېۋىلەر بىلەن مېھمان قىلىنغان بولساق كېرەك» دەپ ئويلىشىپ قىلىۋاتقان... ياكى ئۇ مېۋىلەرنىڭ شەكلى دۇنيا ھاياتىدىكى مېۋىلەر بىلەن ئوخشاپ كېتىۋاتقان...**

**بۇ ئەسلىدە مۆمىنلەرگە قىلىنغان ئاجايىپ ئېسىل چاقچاق بولۇپ، ئۇلارغا قارىماققا شۇنداق ئوخشىشىپ كېتىدىغان، بىراق تېتىدىغاندا ھەيرانۇ - ھەس قالىدىغان، ھەر قېتىم تەمى باشقا، ئۆزگىچە لەززەت بېرىۋاتقان... قەدەم - قەدەمدە ئۇلار ئەشۇنداق يېڭى - يېڭى نەرسىلەرگە ئېرىشىۋاتقان... بىلىۋېلىشقا بولىدۇكى، ئۇلار ئاللاھنىڭ رازىلىقىنىڭ ھۇزۇربەخش مۇھىتىدا ياشاۋاتقان... ئاھ بۇ نېمىدېگەن ئېسىل چاقچاق - ھە؟! ھەرقېتىم قارىماققا ئوخشىشىپ كېتىدىغان مېۋىلەرنىڭ شەكلىدە يېپيېڭى نېمەتلەر ئاتا قىلىنىۋاتقان...**

**شەكىل - سۈرەت جەھەتتىكى بۇ ئوخشاشلىق، تەم ۋە خاراكتېر جەھەتتىكى خىلمۇ خىللىق ئاللاھنىڭ كائىناتنى يارىتىشتىكى ئىلغار سەنئىتىدۇر. شۇ ئارقىلىق كائىنات بىر**

ئەزىم ھەقىقەت بولۇپ كۆرۈنىدۇ. بۇ ئەزىم نۇقتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش ئۈچۈن بىز ئالدى بىلەن ئىنساننى مۇلاھىزە قىلىشىمىز لازىم.

قارىغىنكى، يارىتىلىش ئېتىبارى بىلەن بارلىق ئىنسانلار بىردۇر. باش ۋە باشقا جىسمانىي ئەزالىرىنىڭ ھەممىسى بىر خىل، ھەممىسى گۆش، تېرە، سۆڭەكلەردىن تەركىپ تاپقان، ھەممىگە ئىككى كۆز، ئىككى قۇلاق، بىر بۇرۇن، بىر ئېغىز، بىر تىل بېرىلگەن. ھەممەيلەن بىر تىرىك ھۈجەيرىدىن بارلىققا كەلتۈرۈلگەن. شەكىل ۋە ماددا جەھەتتە ھەممەيلەن ئوخشاش بولسىمۇ، ئەمما ئەخلاق، ئىقتىدار جەھەتتە، ئەقىل ۋە تالانت جەھەتتە شۇنچە چوڭ ئوخشىماسلىق مەۋجۇت. بەزىدە بىر ئىنسان بىلەن ئىككىنچى بىر ئىنساننىڭ ئوتتۇرىسىدا تاشقى كۆرۈنۈشتە شۇنچە ئوخشاشلىق مەۋجۇت تۇرۇپمۇ، يەنىلا ئاسمان - زېمىندىنمۇ بەك ئوخشىماسلىقلار ساقلانغان بولىدۇ.

ئىنسان ھەق تائالانىڭ مانا بۇ سەنئىتىنىڭ ئىنچىكىلىكى ئۈستىدە ئويلىنىپ كۆرىدىغانلا بولسا، بېشى قېيىپ كەتمەي تۇرالمايدۇ. قېنى ئويلىنىپ كۆرۈڭكى، مەخلۇقاتلارنىڭ بارلىق جىنس، تۈرلىرىنىڭ خىلمۇخىللىقى، ئوخشاش بولمىغان شەكىل، رەڭمۇرەڭ خۇسۇسىيەت، ئىقتىدار، ئالاھىدىلىكلەر ئارىسىدىكى پەرقلىنىشلەر... لېكىن بۇ بارلىق نەرسىلەرنىڭ ئىپتىداسى تەركىب قۇرۇلمىسى جەھەتتىن بىردەك بولغان بىر خىللا ھۈجەيرىدىن باشلانغان.

قىسقىسى، قېنى قايسى قارا كۆڭۈل بۇ ئاشكارا دەلىل، پاكىتلارنى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ، ئاللاھقا قىلىنىدىغان بەندىچىلىك ۋە قۇللۇقنى رەت قىلالىسۇن؟ قېنى كىم بۇ مۆجىزىۋىي دەلىللەر بىلەن روشەن ئىسپاتلار بار يەردە ئاللاھنىڭ زاتى - سۈپەتلىرىگە باشقىلارنى شېرىك قوشالىسۇن؟ ۋەھالەنكى، بۇ سان - ساناقسىز ئالامەتلەر ۋە ھەددى - ھېسابسىز دەلىل، پاكىتلار ئىنساننىڭ كۆزى ئالدىدا نامايەن بولىدۇ ۋە ئىنىق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. بۇلاردىن باشقا يەنە كۆزلەردىن مەخپىي، نەزەرلەردىن مەستۇر سان - ساناقسىز دەلىل - پاكىتلەرمۇ بار - ئەلۋەتتە.

**************

## ئىبرەتلىك مىساللار

«إِنَّ ٱللَّهَ لَا يَسْتَحْيِۦٓ أَن يَضْرِبَ مَثَلًا مَّا بَعُوضَةً فَمَا فَوْقَهَا ۚ فَأَمَّا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ فَيَعْلَمُونَ أَنَّهُ ٱلْحَقُّ مِن رَّبِّهِمْ ۖ وَأَمَّا ٱلَّذِينَ كَفَرُوا۟ فَيَقُولُونَ مَاذَآ أَرَادَ ٱللَّهُ بِهَٰذَا مَثَلًا ۘ يُضِلُّ بِهِۦ كَثِيرًا وَيَهْدِى بِهِۦ كَثِيرًا ۚ وَمَا يُضِلُّ بِهِۦٓ إِلَّا ٱلْفَٰسِقِينَ ٱلَّذِينَ يَنقُضُونَ عَهْدَ ٱللَّهِ مِنۢ بَعْدِ

مِيثَٰقِهِۦ وَيَقۡطَعُونَ مَآ أَمَرَ ٱللَّهُ بِهِۦٓ أَن يُوصَلَ وَيُفۡسِدُونَ فِي ٱلۡأَرۡضِۚ أُوْلَٰٓئِكَ هُمُ ٱلۡخَٰسِرُونَ» «ئاللاھ ھەقىقەتەن پاشا ۋە ئۇنىڭدىنمۇ ئەرزىمەس نەرسىلەرنى مىسال قىلىپ كەلتۈرۈشتىن تارتىنىپ قالمايدۇ، ھەقنى قوبۇل قىلىدىغان كىشىلەر بۇ مىساللارغا قاراپ، بۇنىڭ پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن كەلگەن ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ؛ ئىشەنمەيدىغان كىشىلەر بولسا: ''ئاللاھنىڭ بۇنداق مىساللار بىلەن نېمە ئىشى؟'' دەيدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئاللاھ بۇ مىسال بىلەن نۇرغۇن كىشىلەرنى ئازغۇنلۇققا مۇپتىلا قىلسا، يەنە نۇرغۇن كىشىلەرنى توغرا يولغا باشلايدۇ. ئازغۇنلۇققا پەقەت پاسىقلارنىلا مۇپتىلا قىلىدۇ. ئۇلار ئاللاھقا پۇختا ئەھدە بەرگەندىن كېيىن ئەھدىنى بۇزىدۇ، ئاللاھ نېمىنى ئۇلاشقا بۇيرىسا، شۇنى ئۈزۈپ تاشلايدۇ. ھەمدە يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىدۇ؛ ئەنە شۇلار زىيان تارتقۇچىلاردۇر».

بۇنىڭدىن ئىلگىرى سۈرىنىڭ باش قىسمىدا يەھۇدىيلار ۋە مۇشرىكلار بىلەن مۇناسىۋەت باغلىنىۋالغان مۇناپىقلار ئوت ياققان كىشىگە ياكى قاراڭغۇدا گۈلدۈرماما، چاقماقلارنىڭ ئارىسىدا قالغان ئادەمگە ئوخشىتىلغان ئىدى. بۇنىڭدىن ئىلگىرى مەككىدە نازىل بولغان باشقا سۈرىلەردىمۇ شۇنىڭدەك بىر قانچىلىغان تەمسىللىك ئوخشىتىشلار مەۋجۇت بولۇپ، مەدىنىدە ئومۇمەن دېگۈدەك ئوقۇلۇپ تۇراتتى. مەسىلەن: ئىلاھلىرىنىڭ پەرۋەردىگارىنى ئىنكار قىلغان كىشىنى ئۆمۈچۈككە ئوخشاتقان ھالدا: «كَمَثَلِ الْعَنْكَبُوتِ اتَّخَذَتْ بَيْتًا وَإِنَّ أَوْهَنَ الْبُيُوتِ لَبَيْتُ الْعَنْكَبُوتِ لَوْ كَانُوا يَعْلَمُونَ» «ئۇلارنىڭ مىسالى ئۆي ياسىغان ئۆمۈچۈككە ئوخشايدۇكى، ئۆيلەرنىڭ ئەڭ ئاجىزى ئۆمۈچۈكنىڭ ئۆيىدۇر، كاشكى بىلسە ئىدى»[1] دېيىلگەن. يەنە بىر يەردە ئۇلارنىڭ دۇئا تەلەپ قىلىدىغان شېرىك مەبۇتلىرىنىڭ بىچارە ھالىنى چۈشەندۈرۈپ: «إِنَّ الَّذِينَ تَدْعُونَ مِنْ دُونِ اللَّهِ لَنْ يَخْلُقُوا ذُبَابًا وَلَوِ اجْتَمَعُوا لَهُ وَإِنْ يَسْلُبْهُمُ الذُّبَابُ شَيْئًا لَا يَسْتَنْقِذُوهُ مِنْهُ ضَعُفَ الطَّالِبُ وَالْمَطْلُوبُ» «شۈبھىسىزكى، سىلەر ئاللاھنى قويۇپ چوقۇنۇۋاتقان بۇتلارنىڭ ھەممىسى يىغىلغان تەقدىردىمۇ بىر چىۋىننى يارىتالمايدۇ، بەلكى چىۋىن ئۇلاردىن بىرەر نەرسىنى ئېلىپ قاچسا، ئۇنىمۇ تارتىپ ئالالمايدۇ، مەدەت تىلىگۈچىلەرمۇ ۋە مەدەت تىلىنىۋاتقانلارمۇ ئاجىزدۇر»[2] دېيىلگەن.

بۇ ئايەتلەر ئېيتىپ بېرىدۇكى، مۇناپىقلار (يەھۇدىيلار بىلەن مۇشرىكلەرمۇ شۇلارنىڭ ئىچىدە) بۇ خىل مىساللارنى ۋە ئوخشىتىشلارنى سۇيىئىستېمال قىلىپ، قۇرئان كەرىمنىڭ ھەقلىقىگە قارىتا گۇمان پەيدا قىلىش ئۈچۈن قوللىناتتى. ئۇلارچە بولغاندا، ئاللاھ تائالا ئۇنداق كۆلكىلىك ئۇششاق نەرسىلەرنى مىسال كەلتۈرۈپ يۈرمەيتتى. ئاللاھنىڭ كالامىدا چىۋىن، ئۆمۈچۈكلەرگە ئوخشاش ئۇششاق نەرسىلەر تىلغا ئېلىنماسلىقى كېرەك ئىدى، بۇ ئېتىرازلار مەككە مۇشرىكلىرىنىڭ، شۇنداقلا مەدىنە مۇناپىقلىرىنىڭ تارقىتىپ يۈرگەن ھەر جەھەتتىكى شەك - شۈبھىلىرىنىڭ بىر قىسمى ئىدى.

[1] سۈرە ئەنكەبۇت، 41 - ئايەت

[2] سۈرە ھەج، 73 - ئايەت

شۇڭا بۇ ئايەت مەزكۇر شۇبھىلەرگە رەددىيە بېرىش ۋە ئاللاھنىڭ ئۇ خىل مىساللارنى كەلتۈرۈشتىكى كۆزدە تۇتقان ھېكمەتلىرىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بېرىش، ھەمدە كۇپپارلارنى ئۇلار دۇچ كېلىش ئالدىدا تۇرغان پالاكەتلەر بىلەن قورقۇتۇش، شۇنداقلا مۆئمىنلەرنىڭ ئىمانىنى بۇ مىساللار بىلەن تېخىمۇ كۈچەيتىپ، قەلبىگە تەسكىنلىك بېرىش ئۈچۈن نازىل قىلىنغان.

«إِنَّ ٱللَّهَ لَا يَسْتَحْيِۦٓ أَن يَضْرِبَ مَثَلًا مَّا بَعُوضَةً فَمَا فَوْقَهَا ۚ» «ئاللاھ ھەقىقەتەن پاشا ۋە ئۇنىڭدىنمۇ ئەرزىمەس نەرسىلەرنى مىسال قىلىپ كەلتۈرۈشتىن تارتىنىپ قالمايدۇ».

چۈنكى ئاللاھ ئۇششاق نەرسىلەرنىڭمۇ، بۈيۈك نەرسىلەرنىڭمۇ رەببىدۇر. پاشىنىڭمۇ، پىلنىڭمۇ ياراتقۇچىسىدۇر. پىلنىڭ يارىتىلىشى قانداق مۆجىزىۋىلىككە ئىگە بولسا، پاشىنىڭ يارىتىلىشىمۇ شۇنداق مۆجىزىۋىلىككە ئىگىدۇر. بۇ ئىنكار قىلىش مۇمكىن بولمايدىغان ھايات مۆجىزىسىدۇر. بىز ئىچكى ماھىيىتىنى بىلەلمەيۋاتقان بۇ مۆجىزىنىڭ ھەقىقىي سىرىنى ئاللاھتىن باشقا ھېچ كىشى بىلەلمەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، مىسال دېگەن پەقەتلا بىر ئىپادە ئۇسلۇبى بولۇپ، ئۇنىڭدىكى مەقسەت كۆزلىگەن مەزمۇننى تېخىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇپ چۈشەندۈرۈپ قويۇشتىن ئىبارەت بولىدۇ. مىسال كەلتۈرۈلگەن نەرسىنىڭ چوڭ ياكى كىچىك بولۇشىنىڭ ھېچ قانچە ئەھمىيىتى يوق. مىسال دېگەندە ھەرقانداق نەرسىنى تىلغا ئېلىش ئەيىپ ئەمەس. بەلكى ئاللاھ بۇ مىساللار ئارقىلىق كىشىلەرنى سىناپ، قەلبلەرنى تەكشۈرۈشنى خالايدۇ.

«فَأَمَّا ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ فَيَعْلَمُونَ أَنَّهُ ٱلْحَقُّ مِن رَّبِّهِمْ ۖ» «ھەقنى قوبۇل قىلىدىغان كىشىلەر بۇ مىساللارغا قاراپ، بۇنىڭ پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن كەلگەن ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ»

شۇنداق، ئۇلار ئۆز ئىمانى بىلەن ئاللاھتىن ئۇنىڭ ئەزىمىتىگە يارىشا ھىدايەت ئالىدۇ. مەزكۇر تەمسىللەردە قانداق ھېكمەتلەرنىڭ مەستۇر ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. ئۇلارنىڭ نۇرلۇق قەلبى، سەزگۈر روھى ۋە ئەقلى، ئىددىيەسى بۇ ھىدايەت ئۈچۈن ئېچىلغان بولىدۇ. ئاللاھ تەرەپتىن ئۇلارغا قانداقلا ھۆكۈم ۋە قانداقلا سۆز يەتكۈزۈلسە، ئۇنىڭ ھېكمىتىنى ياخشى بىلىپ يېتىدۇ.

«وَأَمَّا ٱلَّذِينَ كَفَرُوا۟ فَيَقُولُونَ مَاذَآ أَرَادَ ٱللَّهُ بِهَٰذَا مَثَلًا ۘ» «ئىنكار قىلىدىغان كىشىلەر بولسا: ”ئاللاھنىڭ بۇنداق مىساللار بىلەن نېمە ئىشى؟“ دەيدۇ».

بۇ دەل كۆزى ئاللاھنىڭ نۇرىنى ۋە ھېكمەتلىرىنى كۆرەلمەيدىغان، شۇنداقلا ئىلاھىي سۈننەتلەرنى، ئىلاھىي تۈزۈملەرنى چۈشەنمەيدىغان كىشىنىڭ سوئالىدۇر. بۇنداق سوئالنى سورايدىغان كىشىنىڭ قەلبىدە ئاللاھ تائالاغا ئېھتىرام بولمايدۇ، ئاللاھنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا ئىتائەتمەن بەندىلەر باققان نەزەردە باقمايدۇ. بۇنداق كىشىلەر بەزىدە ياقتۇرماسلىق ۋە

ئېتىراز بىلدۈرۈش يۈزىسىدىنلا شۇنداق سۆزلەرنى قىلسا، بەزىدە ئاللاھنىڭ شۇنداق دېگەنلىكىگە ئىشەنمىگەنلىكى يۈزىسىدىن شۇنداق سۆزلەرنى قىلىدۇ.

ئاللاھ تائالا تەقدىر ۋە تەدبىرىنىڭ ئىپادىسى بولغان بۇ مىساللاردىن كېيىن، ئۇلارنىڭ پوزىتسىيىسىگە تەنقىد ۋە تەنبىھ شەكلىدە جاۋاب بېرىدۇ.

«يُضِلُّ بِهِۦ كَثِيرًا وَيَهۡدِي بِهِۦ كَثِيرًاۚ وَمَا يُضِلُّ بِهِۦٓ إِلَّا ٱلۡفَٰسِقِينَ» «ئاللاھ بۇ مىسال بىلەن نۇرغۇن كىشىلەرنى ئازغۇنلۇققا مۇبتىلا قىلسا، يەنە نۇرغۇن كىشىلەرنى توغرا يولغا باشلايدۇ، ئازغۇنلۇققا پەقەت پاسىقلارنىلا مۇبتىلا قىلىدۇ»

مانا بۇ ئاللاھنىڭ تەبىئەت قانۇنىدۇركى، ئۇ ئارقىلىق ئىنسانلار سىناق، ئىمتىھانلارغا سېلىنىدۇ. بۇ سىناقلاردا ھەر بىر كىشى تەبىئىتىنىڭ تەقەززاسىغا ۋە ئىقتدارىغا بىنائەن ئەمەل يولى تۇتىدۇ. ھەر بىر كىشىنىڭ ئەمەلى ئۇنىڭ ياقتۇرۇپ تاللىغان ھايات يولى بويىچە بولىدۇ. گەرچە ئىمتىھان ئوخشاش بولسىمۇ، ھەرخىل تۈزۈملەرنى تاللىغان شەخسلەرگە بېرىدىغان تەسىرى ئوخشاش بولمايدۇ.

مەسىلەن: قىيىنچىلىق، مۇسىبەتلەرگىلا قاراپ بېقىڭ! مۇسۇلمان، پاسىق ھەممە كىشى مۇسىبەتلەرگە يولۇقۇپ تۇرىدۇ. ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە ۋە ھېكمىتىگە پۇختا ئىشىنىدىغان كىشى مۇسىبەتكە يولۇققاندا، تېخىمۇ تۆۋەنچىلىك بىلەن ئاللاھنىڭ ئالدىدا ئىلتىجادا بولىدۇ. بىراق پاسىق ۋە مۇناپىقلار بولسا، مۇسىبەتكە يولۇققان ھامان قەدەملىرى دەلدۈگۈنۈپ، ئاللاھ تائالادىن تېخىمۇ يىراقلىشىپ كېتىدۇ ۋە مۆئمىنلەر سېپىدىن چىقىپ كېتىدۇ. خۇددى شۇنىڭدەك، قېنى شات - خوراملىققىمۇ قاراپ بېقىڭ! كىشىلەر بۇ خىل سىناققىمۇ يولۇقۇپ تۇرىدۇ. مۆئمىن كىشى ئاللاھنىڭ ئىنئام - ئىكراملىرىغا قانچە كۆپ ئېرىشكەنسىرى، شۇنچە سەگەك بولۇپ كېتىدۇ، ئاللاھقا شۈكرى قىلىشتا ئىلگىرىدىنمۇ بەك ئەستايىدىل بولىدۇ. بىراق پاسىق ۋە مۇناپىقلار بولسا، ئىنئام - ئىكراملارغا سازاۋەر بولغان ھامان، ئۇنى بۇزۇۋشقا باشلايدۇ، كۆرەڭلەپ كېتىپ، گۇمراھلىق يولىنى تۇتىدۇ. شۇڭا ئاللاھنىڭ كەلتۈرگەن مىساللىرىدىن شۇ نەتىجە چىقىدۇكى، «يُضِلُّ بِهِۦ كَثِيرًا» «ئاللاھ بۇ مىسال بىلەن نۇرغۇن كىشىلەرنى ئازغۇنلۇققا مۇبتىلا قىلىدۇ». ئۇلار ئاللاھ تەرىپىدىن كەلگەن ھىدايەتنى جايىدا، توغرا قوبۇل قىلمايدىغان كىشىلەردىن ئىبارەت بولىدۇ. «وَيَهۡدِي بِهِۦ كَثِيرًا» «ئاللاھ ئۇنىڭ بىلەن نۇرغۇن كىشىلەرنى توغرا يولغىمۇ باشلايدۇ». ئۇلار ئاللاھنىڭ ھېكمەتلىرىنى بىلىدىغان كىشىلەردىن ئىبارەت بولىدۇ. «وَمَا يُضِلُّ بِهِۦٓ إِلَّا ٱلۡفَٰسِقِينَ» «ئازغۇنلۇققا پەقەت پاسىقلارنىلا مۇبتىلا قىلىدۇ». ئۇلارنىڭ قەلبىنى ئاللىبۇرۇن پاسىقلىق بېسىپ كەتكەن بولىدۇ. بۇنداقلار ھىدايەت ۋە ئىسلاھات يولىدىن چىقىپ كېتىدۇ. ئۇلارنىڭ نېسىۋىسى ئازغۇنلۇقلىرىنى تېخىمۇ ئاۋۇتۇشتىنلا ئىبارەت بولىدۇ.

خۇددى سۇرىنىڭ بېشىدا تەقۋادارلارنىڭ سۈپەتلىرى ھەققىدە تەپسىلى توختاپ ئۆتىلگەنگە ئوخشاش بۇ يەردىمۇ پاسىقلارنىڭ خۇسۇسىيىتى ھەققىدە خېلىلا تەپسىلى توختىلىنىدۇ. چۈنكى بۇ سۈرە ئەسىرلەردىن بېرى ئىنسانلارنىڭ ئارىسىدا كۆپ كۆرۈنۈپ كەلگەن بۇ پىرقىلەر ھەققىدە توختىلىپ داۋام قىلىدۇ.

«ٱلَّذِينَ يَنقُضُونَ عَهۡدَ ٱللَّهِ مِنۢ بَعۡدِ مِيثَٰقِهِۦ وَيَقۡطَعُونَ مَآ أَمَرَ ٱللَّهُ بِهِۦٓ أَن يُوصَلَ وَيُفۡسِدُونَ فِي ٱلۡأَرۡضِۚ أُوْلَٰٓئِكَ هُمُ ٱلۡخَٰسِرُونَ» «ئۇلار ئاللاھقا بۇختا ئەھدى بەرگەندىن كېيىن ئەھدىنى بۇزىدۇ، ئاللاھ نېمىنى ئۇلاشقا بۇيرىسا، شۇنى ئۈزۈپ تاشلايدۇ. ھەمدە يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىدۇ، ئەنە شۇلار زىيان تارتقۇچىلاردۇر».

بۇ يەردە: ئۇلار قايسى ئەھدىنى بۇزىدۇ؟ ئاللاھ ئۇلاشقا بۇيرىغان قايسى ئالاقىنى ئۈزىدۇ؟ ئۇلار تىرىيدىغان بۇزۇقچىلىقنىڭ ماھىيىتى ۋە خاراكتېرى نېمە؟... قاتارلىق مەسىلىلەر تەپسىلى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بېرىلمىگەن. چۈنكى بۇ يەردە پەقەت قائىدىگە بىنائەن شۇ خىل كىشىلەرنىڭ مىجەز - خاراكتېرىلا بايان قىلىنماقتا. ئۇلارنىڭ خاراكتېرىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، شەخسىيىتىنى ئايرىپ بېرىش مەقسەت قىلىنغان بولۇپ، قانداقتۇر بىرەر ھادىسە ياكى بىرەر مەخسۇس ۋەقەنى بايان قىلىش ئەمەس، بەلكى ئومۇمىي ۋەزىيەتنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بېرىش كۆزدە تۇتۇلماقتا. يەنى، ئۇنداق كىشىلەر بىلەن ئاللاھنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پۈتۈن ئەھدىلەرنىڭ ئۈزۈلگەنلىكىنى، ئاللاھ باغلاشقا بۇيرىغان ئىنسانىي رىشتە، مۇناسىۋەتلەرنىڭ ھەممىنى ئۈزۈپ تاشلىغانلىقىنى، مۇمكىنلا بولغان پۈتۈن بۇزۇقچىلىقلارنى تېرىپ يۈرگەنلىكىنى، ئەسلىدە بۇزۇقچىلىقنىڭ ئۇلارنىڭ تەبىئىتىدە مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى، شۇڭا ئۇلارنىڭ ھېچبىر ئەھدىگە ۋاپا، ھېچبىر مۇناسىۋەتكە رىئايە قىلمايدىغانلىقىنى ھەمدە ھەرقانداق بۇزۇقچىلىقتىنمۇ ئۆزىنى تارتمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ بەرمەكتە. ئۇلارنىڭ مىسالى خۇددى ھاياتلىق دەرىخىدىن ئۈزۈلۈپ چۈشكەن ۋە سېسىپ چىرىگەن مېۋىگە ئوخشايدۇ، ھايات ئۇلارنى نېرىغا چۆرىۋەتكەن، شۇ تۈپەيلى مۆئمىنلەرگە ھىدايەت بولغان مىساللار ئۇلارغا نىسبەتەن گۇمراھلىققا مۇبتىلا بولۇشنىڭ ۋاستىسى بولۇپ قالىدۇ، بۇنداق مىساللار ئۇلارنىڭ زالالەتكە چۈشۈشىنى تېزلەتسە، تەقۋادارلارنىڭ ھىدايىتىنى ئاشۇرىدۇ.

مەدىنە دەۋرىدە يەھۇدىيلار، مۇشرىكلەر ۋە مۇناپىقلار شەكلىدە ئوتتۇرىغا چىقىپ تۇرغان ھەمدە ئىسلامغا ئېغىر توسالغۇ بولۇپ كەلگەن بۇ تىپتىكى كىشىلەر بۈگۈنكى دەۋرىدىمۇ ئىسىم ۋە ئادرىسلىرىنى ئازراقلا ئۆزگەرتكەن شەكىلدە ئىسلام ھەرىكىتىنىڭ يولىغا ئوخشاشلا توسقۇن بولۇپ كەلمەكتە. قېنى ئۇلارنىڭ بۇزغۇنچىلىقلىرىنىڭ ئالامەتلىرىگە نەزەر سېلىڭ!

«ٱلَّذِينَ يَنقُضُونَ عَهۡدَ ٱللَّهِ مِنۢ بَعۡدِ مِيثَٰقِهِۦ» *«ئۇلار ئاللاھقا پۇختا ئەھدى بەرگەندىن كېيىن ئەھدىنى بۇزىدۇ»*

**ئاللاھ بىلەن بەندىلەر ئارىسىدىكى ئەھدە بىر قانچە تۈرلۈك بولىدۇ. بىرىنچىسى، ھەر بىر جانلىقنىڭ تەبىئىتىگە سىڭدۈرۈۋېتىلگەن ئىتائەت ئەھدىسى بولۇپ، ئۇنىڭغا ئاساسەن ھەر بىر جان ئىگىسىنىڭ ئۆز ياراتقۇچىسىنى تونۇشى ۋە ئۇنىڭغا بەندىچىلىك قىلىشى پەرز. ئىنسان تەبىئىتىدە ھەردائىم ئاللاھقا بولغان ئەقىدە تەشنالىقى مەۋجۇت. بىراق بەزىدە بۇ ساغلام تەبىئەت بۇزۇقچىلىققا ئۇچرىشى تۈپەيلى ئىنسان توغرا يولدىن چەتنەپ كېتىپ قالىدۇ ۋە ئاللاھقا باشقىلارنى شېرىك كەلتۈرۈشكە باشلايدۇ.**

**ئىككىنچىسى بولسا، ئالدىمىزدا بايان قىلىنىش ئالدىدا تۇرغان ئادەم ئالەيھىسسالام بىلەن ئاللاھ ئوتتۇرىسىدىكى خەلىپىلىك ئەھدىسىدۇر.**

«فَإِمَّا يَأْتِيَنَّكُم مِّنِّي هُدًى فَمَن تَبِعَ هُدَايَ فَلاَ خَوْفٌ عَلَيْهِمْ وَلاَ هُمْ يَحْزَنُونَ. وَالَّذِينَ كَفَرواْ وَكَذَّبُواْ بِآيَاتِنَا أُولَئِكَ أَصْحَابُ النَّارِ هُمْ فِيهَا خَالِدُونَ»

*«سىلەرگە مەن تەرەپتىن بىر ھىدايەت (يوليورۇق) كېلىدۇ، قانداق كىشىلەر ئۇنىڭغا ئەگىشىدىكەن، ئۇلارغا ھېچ قانداق قورقۇنچ ۋە غەم- قايغۇ بولمايدۇ. ھەمدە قانداق كىشىلەر ئۇنى قوبۇل قىلىشنى ئىنكار قىلىدىكەن ۋە بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى چەتكە قاقىدىكەن، ئۇلار ئوتقا تاشلىنىدىغان (ئەھلى دوزاخ)لاردۇر. ئۇلار ئۇ يەردە مەڭگۈ قالىدۇ»*

**بۇ ئەھدىنىڭ يەنە بىرى، ھەر قايسى پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئوخشاش بولمىغان قەۋملەردىن پەقەت بىرلا ئاللاھقا بەندىچىلىك قىلىش ھەمدە ئۇنىڭلا بەلگىلەپ بەرگەن ھاياتلىق دەستۇرىنى ۋە قانۇن - تۈزۈمىنى قوبۇل قىلىش ھەققىدە ئېلىنغان ئەھدە بولۇپ، پاسىقلار ئۇلارنىڭ ھەممىنى بۇزىدۇ. ئاللاھقا قىلغان ئەھدىسىنى بۇزغان ھەرقانداق كىشى باشقا ئەھدىلەرگە قىلچە پەرۋا قىلمايدىغان بولىدۇ. ئاللاھقا قىلغان ئەھدىسىدىن يۈز ئۆرۈشكە جاسارەت قىلالىغان كىشىنىڭ ۋۇجۇدىدا باشقا ئەھدىلەرگە نىسبەتەن قىلچە ئېھتىرام بولمايدۇ.**

«وَيَقۡطَعُونَ مَآ أَمَرَ ٱللَّهُ بِهِۦٓ أَن يُوصَلَ» *«ئاللاھ نېمىنى ئۇلاشقا بۇيرىغان بولسا، شۇنى ئۈزۈپ تاشلايدۇ»*.

**ئاللاھ تائالا نۇرغۇنلىغان رىشتە، مۇناسىۋەتلەرنى باغلاپ تۇرۇشقا بۇيرىغان. ئۇرۇق - تۇغقانلارغا سىلە - رەھىم قىلىشقا، پۈتۈن ئىنسانىيەت بىلەن قېرىنداشلىق ئالاقىسى ئورنىتىشقا، ھەر بىر ئىنساننى ئۆز قېرىندىشى ئورنىدا كۆرۈشكە ھۆكۈم قىلغان. بولۇپمۇ ئىمان ۋە ئەقىدە قېرىنداشلىقىنى تىكلەش بىرىنچى دەرىجىدە تەكىتلەنگەن. چۈنكى ئىمان، ئەقىدىسىز ئالاقە - مۇناسىۋەت ھەرگىز مۇستەھكەم بولالمايدۇ. ئەگەر ئاللاھ ئۇلاشقا بۇيرىغان بۇ رىشتە ئۈزۈلىدىكەن، باشقا پۈتۈن مۇناسىۋەتلەر تۈگىگەن بولىدۇ، زېمىندا پاساتچىلىق تۇغۇلۇپ، رەزىللىك ئەۋج ئېلىشقا باشلايدۇ.**

«وَيُفۡسِدُونَ فِي ٱلۡأَرۡضِ» *«ھەمدە يەر يۈزىدە بۇزۇقچىلىق قىلىدۇ»* يەر يۈزىدە پاسات تېرىشنىڭمۇ تۈرلىرى كۆپ. ئۇنىڭ ھەممىسى ئاللاھقا قىلغان ئەھدىنى بۇزۇش، باغلاشقا بۇيرۇلغان مۇناسىۋەتلەرنى ئۈزۈش ۋە ئاللاھنىڭ ئەمرىگە ئىتائەتسىزلىك قىلىش نەتىجىسىدە مەيدانغا كېلىدۇ. بۇ پۈتۈن بۇزۇقچىلىقلارنىڭ تۈپ مەنبەسى ئىنسان ھاياتىنىڭ ئىنتىزام، تەرتىپى ئۈچۈن ئاللاھ تائالا بەلگىلەپ بەرگەن قانۇن - تۈزۈمنى تاشلاشتىن ئىبارەتتۇر. نەتىجىسى رەزىللىك ۋە بۇزۇقچىلىق بولغان يوللارنىڭ ئايرىلىش نۇقتىسى دەل مۇشۇ يەردىن باشلىنىدۇ. ئەگەر دۇنيا ئىشلىرى ئىسلام قانۇنىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن ۋە ئىدارە قىلىشىدىن مەھرۇم قېلىپ، ئىنسان ھاياتى ئاللاھنىڭ شەرىئەت دائىرىسىدىن ئۇزاقلىشىدىكەن، ئۇنى ئىسلاھ قىلىش ھەرگىز مۇمكىن بولمايدۇ. چۈنكى شۇنداق بولغان ۋە ئاللاھ بىلەن ئىنسانلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مەھكەم ئالاقە تۈگىگەن ھەرقانداق چاغدا، دۇنيا رەزىللىك ۋە بۇزۇقچىلىقنىڭ قاينىمىغا غەرق بولۇپ كەلدى. ئىنساني ئەخلاق خارابلىشىپ، كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشى، ھاياتى ۋە ئىقتىسادى نابۇت بولۇپ كەلدى. قىسقىسى، ئاللاھ بىلەن ئىنسانلار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ ئۈزۈلۈشى دېگەنلىك، يەر يۈزىدىكى بارچە مەۋجۇتلۇقلار ۋە جانلىقلارنىڭ بۇزۇقچىلىققا پاتقانلىقى دېگەنلىك بولىدۇ. شۇڭلاشقا ئاللاھ تائالا بۇنداق پاساتچىلىقلارغا مۇبتىلا بولغان كىشىلەرنى گۇمراھلىققا پاتۇرسا، مۆمىنلەرگە ھىدايەت يولىنى نېسىپ قىلىدۇ.

**********

## ھايات ۋە ئۆلۈم

كۆپۈرلۈق ۋە پاسىقلىقنىڭ ئالامەتلىرى بىلەن نەتىجىلىرى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بېرىلگەندىن، كېيىن ئەمدىلىكتە خىتابنىڭ يۆنىلىشى بارلىق ئىنسانىيەت تەرەپكە بۇرۇلىدۇ. ئۇلارغا: «ھەممىنى ياراتقۇچى ۋە رىزىقلاندۇرغۇچى، ھەممىنى بىلگۈچى ۋە ئىدارە قىلغۇچى، ھاياتلىق ۋە ماماتلىقنىڭ بىردىنبىر خوجايىنى بولغان ئاللاھ تائالانى نېمە ئۈچۈن ئىنكار قىلىسىلەر؟» دەپ قاتتىق ئەسكەرتىش بېرىلىدۇ.

«كَيۡفَ تَكۡفُرُونَ بِٱللَّهِ وَكُنتُمۡ أَمۡوَٰتٗا فَأَحۡيَٰكُمۡۖ ثُمَّ يُمِيتُكُمۡ ثُمَّ يُحۡيِيكُمۡ ثُمَّ إِلَيۡهِ تُرۡجَعُونَ. هُوَ ٱلَّذِي خَلَقَ لَكُم مَّا فِي ٱلۡأَرۡضِ جَمِيعٗا ثُمَّ ٱسۡتَوَىٰٓ إِلَى ٱلسَّمَآءِ فَسَوَّىٰهُنَّ سَبۡعَ سَمَٰوَٰتٖۚ وَهُوَ بِكُلِّ شَيۡءٍ عَلِيمٞ» *«ئاللاھنى قانداقمۇ ئىنكار قىلىسىلەركى، جانسىز ئىدىڭلار، ئاللاھ*

سىلەرگە جان بەردى، ھەممە كىيىن يەنە ئاللاھ جېنىڭلارنى ئالىدۇ، ئاندىن ئاللاھ قايتىدىن يەنە تىرىلدۈرىدۇ، ئاندىن ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر. يەنە شۇ ئاللاھ يەر يۈزىدىكى ھەممە نەرسىنى سىلەر ئۈچۈن ياراتتى، ئاندىن ئاسماننى يارىتىشقا يۈزلىنىپ، ئۇنى قۇسۇرسىز يەتتە ئاسمان قىلىپ تاماملىدى. ئاللاھ ھەر نەرسىنى بىلگۈچىدۇر»

مانا مۇشۇنداق كۈچلۈك دەلىللەر مەۋجۇت تۇرغان يەردە، ئاللاھنى ئىنكار قىلىش كۇپۇر ھەم ئىنكارچىلىقنىڭ ئەڭ قەبىھ، ئەڭ رەزىل يولىدۇر. بۇنداق كۇپۇرلۇقنىڭ ھېچ بىر پاكىتى ياكى مەنتىقىسى بولمايدۇ. قۇرئان كەرىم بۇ يەردە شۇنداق بىر ھەقىقەتنى ئوتتۇرىغا قويىدۇكى، ئۇنىڭدا ئۇلارغا قىلچە قېچىش ئىمكانى قالدۇرمايدۇ، مەزكۇر ھەقىقەتنى ۋە ئۇنىڭ قەتئىي نەتىجىسىنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر قىلىپ قويىدۇ. قۇرئان ئۇلارنىڭ ئالدىغا ھاياتلىق كارۋىنىنىڭ ۋە ئۇنىڭ ئوخشاش بولمىغان ئەھۋاللىرىنىڭ تەسۋىرىنى قويۇپ، تۈززۈكرەك پىكىر يۈرگۈزۈپ بېقىشقا چاقىرىدۇ.

شۈبھىسىزكى، ئۇلار يوقلۇقتىكى چاغدا ئاللاھ ئۇلارغا ھاياتلىق بەخش ئەتتى. پەقەت ئاللاھلا ئۇلارنى ئۆلۈك ھالەتتىن ھايات ھالەتكە ئېلىپ كەلدى. بۇ شۇنداق قەتئىي ھەقىقەتكى، ئۇنى ئاللاھنىڭ قۇدرىتى ۋە يارىتىشىدىن باشقا نەرسە بىلەن ئىزاھلاش مۇمكىن ئەمەس.

ئۇلار ھايات، ئۇلارنىڭ جىسمىدا ھاياتلىق مەۋجۇت، ئەمما بۇ ھاياتنىڭ ياراتقۇچىسى زادى كىم؟ ھەرىكەتسىز ماددىلاردىكى بۇ ئارتۇق سۈپەتنى، يەنى ھاياتلىق سۈپىتىنى پەيدا قىلغان زادى كىم؟ شۈبھىسىزكى، ماددىلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۆلۈمنىڭ ماھىيىتى بىلەن ھايات ئۆز ئالدىغا ئايرىم، باشقا - باشقا نەرسە. ئۇنداقتا، بۇ ھايات زادى قەيەردىن كەلگەن؟

بۇ شۇنداق سوئالكى، ئەقىل بىلەن روھ ھەردائىم ئۇنىڭغا نىسبەتەن بىر قانائەتلىنەرلىك جاۋاب تېپىشنى خالايدۇ، ھېچبىر كىشىنىڭ بۇ سوئالغا پىسەنت قىلماي ئۆتۈپ كېتەلىشى مۇمكىن ئەمەس. ھەممە ماددى دۇنيادىن تاشقىرى بىرەر ياراتقۇچىنى ئېتىراپ قىلمىغان ھەرقانداق سۆز بىلەنمۇ ئىنساننى قانائەت تاپقۇزغىلى بولمايدۇ. قىسقىسى: «يەر يۈزىدە داۋاملىشىۋاتقان ھەممە خاراكتېرى جانسىز ماددىغا قەتئىي ئوخشىمايدىغان بۇ ”ھايات“ زادى قەيەردىن كەلگەن؟» دېگەن بۇ سوئالنىڭ قانائەتلىنەرلىك جاۋابى پەقەتلا بىر. ئۇ بولسىمۇ: «ئاللاھ تەرەپتىن ۋە ئاللاھنىڭ قۇدرەت كارامىتىدىن كەلگەن» دېيىش بولۇپ، بۇ جاۋابنى ھەممىلا ئادەم چۈشىنەلەيدۇ. ئەگەر قانداقلا كىشى بۇ جاۋابنى قوبۇل قىلمايدىكەن، ئۇنداقتا، بىز ئۇنىڭدىن سوراپ باقايلى، قېنى ئۇ بىزگە باشقا بىرەر قانائەتلىنەرلىك جاۋاب تېپىپ بېرەلەرمۇ؟

قۇرئان كەرىم بۇ يەردە دەل مۇشۇ ھەقىقەتنى كىشىلەرنىڭ ئالدىغا قويماقتا.

«كَيْفَ تَكْفُرُونَ بِٱللَّهِ وَكُنتُمْ أَمْوَٰتًا فَأَحْيَٰكُمْ » «ئاللاھنى قانداقمۇ ئىنكار قىلىسىلەركى، جانسىز ئىدىڭلار، ئاللاھ سىلەرگە جان بەردى» يەنى، سىلەرمۇ خۇددى ئەتراپىڭلاردا يېيىلىپ ياتقان ماددىلارغا ئوخشاش جانسىز ئىدىڭلار، ئاللاھ سىلەرنىڭ ۋۇجۇدۇڭلاردا جاننى پەيدا قىلىپ، سىلەرنى ھايات قىلدى. كىشى قانداقسىگە ئۆز ياراتقۇچىسىنى ئىنكار قىلالىسۇن؟

«ثُمَّ يُمِيتُكُمْ» «*ھەمدە كېيىن يەنە ئاللاھ جېنىڭلارنى ئالىدۇ*» بۇمۇ ھېچ كىشى ئىنكار قىلالمايدىغان بىر ھەقىقەت. چۈنكى جانلىقلارنىڭ ئۆلۈشى ھەر كۈنى كۆزگە چېلىقىپ تۇرىدىغان بىر ئىش. شۇڭا ئۆلۈم ھەرقانداق ئىنسانىنىڭ ئىددىيىسىدە مەۋجۇت بولۇپ، بۇ ھەقتە ھېچقانداق بەس - مۇنازىرىگە ئورۇن يوق.

«ثُمَّ يُحْيِيكُمْ» «*ئاندىن ئاللاھ سىلەرنى يەنە قايتىدىن تىرىلدۈرىدۇ*» مانا بۇ ئۇلار گۇمانلىنىدىغان ھەقىقەت بولۇپ، ئۇلار مۇشۇ ھەقتە بەس - مۇنازىرە قىلىشاتتى. ھازىرقى دەۋردە تۇرۇۋېمۇ ئەسىرلەر ئىلگىرىكى ئەشۇ جاھىلىيەت دەۋرىگە قايتىپ كەتكەن بىر قىسىم كاج تەبىئەتلىك كىشىلەر يەنە ئۇنىڭدىن گۇمانلانماقتا. ئەگەر ئىنسان ئۆزىنىڭ ئىلگىرى ھېچ نەرسە ئەمەس چاغدا يارىتىلغانلىقىنى ئويلىنىپ كۆرىدىغانلا بولسا، ئۆلۈمدىن كېيىنمۇ يەنە قايتا تىرىلدۈرۈلۈش مۇمكىنلىكىنى ھەرگىز ئەقىلدىن يىراق ساناپ قالمايدۇ. دېمەك، بۇ ھەرگىزمۇ چوقۇم رەت قىلىنىشى كېرەكلىك ئۇنچە غەلىتە ئەقىدە ئەمەس.

«ثُمَّ إِلَيْهِ تُرْجَعُونَ» «*ئاندىن ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر*» ئىلگىرى سىلەر قانداق يارىتىلغان بولساڭلار، ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا يەنە شۇنداق قايتۇرۇلىسىلەر. ئىلگىرى ئۇ سىلەرنى زېمىنغا قانداق يايغان بولسا، يەنە شۇ قۇدرەت بىلەن بىر يەرگە توپلىنىسىلەر. ئىلگىرى ئۆلۈم ئالەمدىن ھاياتلىق ئالەمگە قانداق كەلگەن بولساڭلار، ھەققىڭلاردا قارار چىقىرىشى ئۈچۈن ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا يەنە شۇنداق قايتىسىلەر...

بۇ ئىنتايىن قىسقا ئايەتتە، پۈتۈن ھاياتنىڭ تېزىملىك دەپتىرى كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە ئېچىلىپ يېپىلماقتا، ھەمدە ئاللاھنىڭ قۇدرەت ئىلكىدىكى ئىنسانىيەتنىڭ ھالى خۇددى چاقماقتەك لىپپىدە پارلىغان بىر تەسۋىر بىلەن بايان قىلىنماقتا.

ئاللاھ ئەڭ دەسلەپ ئىنسانغا ھاياتلىق بېرىپ زېمىنغا يايدۇ... ئاندىن ئىنسانغا تۇيۇقسىز ئۆلۈم كېلىپ، مەھشەرنىڭ مەنزىرىسى كۆرۈنۈشكە باشلايدۇ... ئۇنىڭدا ئىنسانلار خۇددى بىرىنچى قېتىم ھاياتقا ئېرىشكەندەك يەنە قايتا تىرىلىپ، ئاللاھنىڭ دەرگاھى تەرەپكە يول ئالىدۇ...

بۇ چاقماق تېزلىكىدىكى قىسقا باياندا ئاللاھنىڭ كامالى قۇدرىتى ئويپئوچۇق كۆرۈنىپ، ئىنسانىنىڭ ھېس - تۇيغۇلىرىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتمەكتە.

ئەمدىكى ماۋزۇ گويا بىرىنچى قېتىملىق پارلاشنىڭ تولۇقلىمىسى ئۈچۈن، يەنە بىر نۇر پارلاۋاتقاندەك داۋام قىلىدۇ.

«هُوَ ٱلَّذِى خَلَقَ لَكُم مَّا فِى ٱلْأَرْضِ جَمِيعًا ثُمَّ ٱسْتَوَىٰٓ إِلَى ٱلسَّمَآءِ فَسَوَّىٰهُنَّ سَبْعَ سَمَـٰوَٰتٍ ۚ وَهُوَ بِكُلِّ شَىْءٍ عَلِيمٌ» «ئەنە شۇ ئاللاھ يەر يۈزىدىكى ھەممە نەرسىنى سىلەر ئۈچۈن ياراتتى، ئاندىن ئاسماننى يارىتىشقا يۈزلىنىپ، ئۇنى (ئۆزئارا ئارىلىقتا) قۇسۇرسىز يەتتە ئاسمان قىلىپ تاماملىدى. ئاللاھ ھەر نەرسىنى بىلگۈچىدۇر».

مۇپەسسىرلەر ۋە مۇتەكەللىملەر (يەنى ئەقىدەشۇناسلار) زېمىن بىلەن ئاسماننىڭ زادى قايسىسى بالدۇر، قايسىسى كېيىن يارىتىلغانلىقى ھەققىدە ناھايىتى ئۇزۇن توختالغان بولۇپ، ھەم ئايەتتىكى ”بالدۇر“ - ”كېيىن“لىك ئۇستىدىمۇ ھەم ”الاستواء و التسوية“ دېگەن ئىپادىلەر ئۇستىدىمۇ نۇرغۇنلىغان قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئەمما بۇ جاناپلار ”بالدۇر“ - ”كېيىن“لىكنىڭ پەقەتلا ئىنسانىي ئاتالغۇ ئىكەنلىكىنى، ئاللاھ تائالاغا نىسبەتەن ئۇنىڭ ھېچ بىر مەنىسى يوقلۇقىنى ئۇنتۇپ قالىدۇ، ھەمدە ” الاستواء و التسوية“ دېگەن سۆزنىڭمۇ پەقەتلا ئىنسانىي ئىستىلاھ (يەنى ئاتالغۇ) بولۇپ، ئۇنىڭ چەكسىز ئاللاھنى ئىنساننىڭ چەكلىك نەزىرىگە يېقىنلاشتۇرۇپ تەسۋىرلەپ بېرىشتىن باشقا رولى يوقلۇقىنىمۇ ئۇنتۇپ قالىدۇ. قۇرئاندىكى بۇنداق مەخسۇس ئاتالغۇلارغا قارىتا ئىسلام ئۆلىمالىرى ئۇزۇندىن ئۇزۇن ئورۇنسىز توختىلىپ يۈرۈشتى. بۇنىڭدىكى سەۋەب، دەل يۇنان پەلسەپەسىنىڭ ۋە يەھۇدىيلار بىلەن خرىستىئانلارنىڭ ئايىغى چىقماس پۈچەك مۇنازىرىلىرىنىڭ ئۈممەتكە نىسبەتەن ئاپەتكە ئايلىنىپ قالغانلىقى ئىدى. بۇ پەلسەپە ۋە ئايىغى چىقماس مۇنازىرىلەر ئەرەب خەلقىنىڭ ساددا ئىدېئولوگىيەسىنى، جۈملىدىن مۇسۇلمانلارنىڭ پاك تەپەككۇرلىرىنى بۇلغىغانلىقى ئۈچۈن ئەشۇنداق ئۇزۇن توختىلىشلار مەيدانغا كەلگەن ئىدى. ئەمدىلىكتە بىزنىڭمۇ بۇ مۇسىبەتكە بىكاردىن - بىكار مۇبتىلا بولۇپ يۈرۈشىمىزنىڭ، شۇنداقلا مەنتىق ۋە كالامچىلىقنىڭ جېدەل - ماجىراسىغا كىرىپ، قۇرئاننىڭ ھۆسنى - جامالىغا تەسىر يەتكۈزۈپ يۈرۈشىمىزنىڭ قىلچە ھاجىتى يوق. شۇڭا بىز بۇنداق ياسالما تەبىر، تېرمىنلەردىن ئازات ھالدا: «پۈتۈن كائىناتنىڭ ئىنسان ئۈچۈن يارىتىلىشىدىكى ھەقىقەت زادى نېمە؟ بۇ ھەقىقەت بىلەن نېمە ئىزھار قىلىنماقتا؟ ئۇ نەزەردە تۇتۇلغاندا ئىنساننىڭ مەۋجۇتلۇقىدىكى مەقسەت زادى نېمە بولماقچى؟ ئىنساننىڭ زېمىندىكى ۋەزىپىسىچۇ؟ ئاللاھنىڭ نەزىرىدە ئىنسان قانچىلىك قەدىر - قىممەتكە ئىگە؟ ئىسلامنىڭ ھاياتلىق تەسەۋۋۇرى ۋە كائىنات تەسەۋۋۇرىدا ئىنسانغا زادى قانچىلىك ئېتىبار بېرىلگەن؟ ئىسلامنىڭ ئىجتىمائىي تۈزۈمىدە ئىنسانغا قانداق مەرتىۋە بېرىلگەن؟» قاتارلىق نۇقتىلارغىلا قاراپ چىقىشىمىز لازىم.

«هُوَ ٱلَّذِى خَلَقَ لَكُم مَّا فِى ٱلْأَرْضِ جَمِيعًا» «ئەنە شۇ ئاللاھ يەر يۈزىدىكى ھەممە نەرسىنى سىلەر ئۈچۈن ياراتتى» ئايەتتىكى «لَكُم» «سىلەر ئۈچۈن» دېگەن سۆز ئىنتايىن چوڭقۇر مەنىگە ئىگە بولۇپ، ئاللاھ تائالانىڭ ئىنسانلارنى ئۇلۇغ بىر مەقسەت ئۈچۈن ياراتقانلىقىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. ئۇ بولسىمۇ، ئاللاھنىڭ ئىنسانلارنى زېمىندا خەلىپە قىلىشنى، زېمىندىكى ھەممە

نەرسىگە خوجايىن ۋە كۈچلۈك رول ئوينايدىغان ھۆكۈمران قىلىشنى خالىغانلىقىدۇر. چۈنكى ئاللاھنىڭ بۇ پايانسىز كائىناتتىكى ئەڭ ئۈستۈن دەرىجىلىك مەخلۇق دەل ئىنساندۇر. ئۇ، بۇ پايانسىز مۈلۈكنىڭ تۈنجى ساھىبىدۇر. شۇڭا ئىنسان زېمىننىڭ مۇھىتىدا ۋە ئۇنىڭدىكى زور ئۆزگىرىشلەردە ئىنتايىن مۇھىم رولغا ئىگە. ئۇ ھەم دۇنيانىڭ ھەم دۇنيادىكى ماشىنا - ئۈسكىنىلەرنىڭ سەرداردۇر. ئۇ ھەرگىزمۇ خۇددى بۈگۈنكى ماددىزىم دۇنياسىدا ئىنسان ماشىنا - ئۈسكىنىلەرنىڭ ئالقىنىدا ئەسىر ھەم چارىسىز بولغانغا ئوخشاش، ماشىنا - ئۈسكىنىلەرنىڭ بىچارە قۇلى ئەمەس. يەنە قانداقتۇر ماشىنا - ئۈسكۈنىلەرنىڭ ئىنسان بىلەن ئىنسان ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقە - مۇناسىۋەتكە سالغان ئۆزگىرىشلىرىگىمۇ قۇل ئەمەس. بۈگۈنكى ماددىزىم تەسەۋۋۇرى ئىنساننى ۋە ئىنساننىڭ مەرتىۋە، رولىنى تۆۋەن كۆرمەكتە. پۈتۈن مەخلۇقلارنىڭ ئەڭ ئۈستۈنى ۋە مەۋجۇداتلارنىڭ سەردارى بولغان ئىنسانلارنى بۇ جانسىز، ھېسسىز ماشىنا - ئۈسكۈنىلەرنىڭ قۇلغا ئايلاندۇرۇپ قويماقتا. قۇرئاننىڭ روھىغا ئاساسەن ھېچبىر ماددىي قەدىر - قىممەت ئىنساننىڭ قەدىر - قىممىتىدىن ئۈستۈن تۇرالمايدۇ ۋە ئىنسان ئۇنىڭ ئالدىدا خار، تۆۋەن ئورۇنغا چۈشۈپ قالسا قەتئىي بولمايدۇ. نەتىجىسى ئىنساننىڭ ئىنسانىيلىكىنى تۆۋەن ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويىدىغان غايە، مەقسەتلەرنىڭ ھەممىسى مەيلى ئۇنىڭ بىلەن ھەرقانچە كاتتا ماددى مەنپەئەتلەر قولغا كەلگەن تەقدىردىمۇ، ئىنسان مەۋجۇتلۇقىنىڭ مەقسىتىگە خىلاپ ھەم ھاقارەتتۇر. شۇڭا ئىسلام تەسەۋۋۇرىغا كۆرە، ئىنساننىڭ شەرىپى ۋە ئۈستۈنلۈكى پۈتۈن قەدىر - قىممەتلەردىنىڭ ئەڭ بېشىدا تۇرىدۇ. ماددى قەدىر - قىممەتلەر بولسا، ئۇنىڭغا باش ئەگكەن ھالدا كېيىنكى ئورۇندا تۇرىدۇ.

بۇ يەردە، ئاللاھ تائالا تىلغا ئېلىنغانلىقى تەنقىد قىلىنىۋاتقان نېمەت، ئاللاھنىڭ ئىنسانلارنى يەر يۈزىدىكى بارچە نېمەتلەرگە سازاۋەر قىلغانلىقىلا ئەمەس، بەلكى ئىنساننى شۇلارنىڭ ھەممىگە خوجايىن ۋە باشقۇرغۇچى قىلغانلىقى، ھەمدە ئىنساننىڭ قەدىر - قىممىتىنى يەر يۈزىدىكى پۈتۈن قەدىر - قىممەتلەردىن ئۈستۈن قىلغانلىقى بولۇپ، بۇ يەردە تىلغا ئېلىنىۋاتقىنى دەل دۇنيانىڭ خوجىدارلىقىدىنمۇ ۋە يەر يۈزىدىكى مەۋجۇداتلاردىن مەنپەئەتلىنىشتىنمۇ ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدىغان ئىنساني شەرەپ ھەم ئىنساني ئۈستۈنلۈكتىن ئىبارەت بۈيۈك نېئمەتتۇر.

«ثُمَّ ٱسۡتَوَىٰٓ إِلَى ٱلسَّمَآءِ فَسَوَّىٰهُنَّ سَبۡعَ سَمَـٰوَٰتٍۚ» *«ئاندىن ئاسماننى يارىتىشقا يۈزلىنىپ، ئۇنى قۇسۇرسىز يەتتە ئاسمان قىلىپ تاماملىدى»*. بۇ يەردىكى: «ٱسۡتَوَىٰٓ إِلَى ٱلسَّمَآءِ» *«ئاسماننى يارىتىشقا يۈزلىنىپ»* دېگەن ئىبارىنىڭ ماھىيەتلىك جەريانىنى بىلىش مۇھىم ئەمەس، مۇھىمى ئۇنداق دېيىشتە زادى نېمىنىڭ مەقسەت قىلىنغانلىقىدۇر. ئۇنىڭدا پەقەت ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى بايان قىلىش مەقسەت قىلىنغان، يەنى ئاللاھنىڭ يارىتىش ۋە پەيدا قىلىشنى ئىرادە قىلغانلىقىنى

ئىپادىلەش مەقسەت قىلىنغان. خۇددى شۇنىڭدەك، يەتتە ئاسماننىڭ شەكلىنى، ھەقىقىتىنى ۋە تۆت ئەتراپىدىكى چەك - چېگرىلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ يۈرىشىمىزمۇ مۇھىم ئەمەس. بەلكى بىز پەقەت ئايەتنىڭ پرىنسىپال ئاممىباپ ئۇقۇمىنىلا بىلسەك كۇپايە. ئەسلىدە كاپىرلار كائىناتنىڭ ياراتقۇچىسىنى ۋە خەۋەر ئالغۇچىسىنى ئىنكار قىلىدىغان بولغاچقا، بۇ يەردە زېمىن - ئاسمانلارنىڭ ياراتقۇچىسىنىڭ ئاللاھ ئىكەنلىكىنى، ئەنە شۇ ئاللاھنىڭ زېمىندىكى پۈتۈن مەخلۇقلارنى ئىنسانغا بويسۇندۇرۇپ بەرگەنلىكىنى، ئىنسانلارنىڭ يەر شارىدا ئۆز ھاياتىنى ساقلاپ قالالىشىغا ئاسانلىق يارىتىپ بېرىش ئۈچۈن ئاسمانلارنىڭ ئىنتىزامىنىمۇ ئالاھىدە تەرتىپكە سالغانلىقىنى بايان قىلىپ بېرىش كۆزدە تۇتۇلماقتا.

«وَهُوَ بِكُلِّ شَيْءٍ عَلِيمٌ» «ئاللاھ ھەر نەرسىنى بىلگۈچىدۇر»

ئاللاھ ھەممىنىڭ ياراتقۇچىسى ۋە ھەممىنىڭ باشقۇرغۇچىسىدۇر. شۇڭا ئۇنىڭ ھەر نەرسىنى بىلىدىغانلىقى ئېنىق. بۇ ئىلاھىي ''بىلىش''نىڭ ھەممىنى قوينىغا ئېلىشى خۇددى پۈتۈن كائىناتنى باشقۇرۇشنىڭ ھەممىنى ئۆز قوينىغا ئېلىشىغا ئوخشاشلا كەڭ بولۇپ، ئۇ كائىناتنىڭ تەنھا، شېرىكسىز ياراتقۇچىسىغا ئىمان كەلتۈرۈشكە تۈرتكە بولىدۇ. بۇ ئارقىلىق ئىنسان شېرىكسىز، بىرلا ئاللاھنىڭ بەندىچىلىكى تەرەپكە يۈزلىنىدۇ ۋە نېمەتكە شۈكرى ئېيتىش بىلەن ئۆز رىزىقلاندۇرغۇچىسى ۋە نېئمەت ئاتا قىلغۇچىسى بولغان ئاللاھ تائالاغا بەندىچىلىك قىلىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن، بۇ سۈرىنىڭ قەلبلەرگە ئىماننى ھاكىم قىلىپ، ئىنسانلارنى تەقۋادار مۇئمىنلەر كارۋىنىغا قېتىلىشقا دەۋەت قىلغان بىرىنچى بۆلۈمى مۇشۇ يەردە ئاخىرلىشىدۇ.

**********

# 30 - دىن 39 - گىچە بولغان ئايەتلەرنىڭ شەرھىسى

وَإِذْ قَالَ رَبُّكَ لِلْمَلَٰٓئِكَةِ إِنِّي جَاعِلٌ فِي ٱلْأَرْضِ خَلِيفَةً ۖ قَالُوٓاْ أَتَجْعَلُ فِيهَا مَن يُفْسِدُ فِيهَا
وَيَسْفِكُ ٱلدِّمَآءَ وَنَحْنُ نُسَبِّحُ بِحَمْدِكَ وَنُقَدِّسُ لَكَ ۖ قَالَ إِنِّيٓ أَعْلَمُ مَا لَا تَعْلَمُونَ (٣٠) وَعَلَّمَ ءَادَمَ
ٱلْأَسْمَآءَ كُلَّهَا ثُمَّ عَرَضَهُمْ عَلَى ٱلْمَلَٰٓئِكَةِ فَقَالَ أَنۢبِـُٔونِي بِأَسْمَآءِ هَٰٓؤُلَآءِ إِن كُنتُمْ صَٰدِقِينَ (٣١)
قَالُواْ سُبْحَٰنَكَ لَا عِلْمَ لَنَآ إِلَّا مَا عَلَّمْتَنَآ ۖ إِنَّكَ أَنتَ ٱلْعَلِيمُ ٱلْحَكِيمُ (٣٢) قَالَ يَٰٓـَٔادَمُ أَنۢبِئْهُم
بِأَسْمَآئِهِمْ ۖ فَلَمَّآ أَنۢبَأَهُم بِأَسْمَآئِهِمْ قَالَ أَلَمْ أَقُل لَّكُمْ إِنِّيٓ أَعْلَمُ غَيْبَ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضِ وَأَعْلَمُ مَا
تُبْدُونَ وَمَا كُنتُمْ تَكْتُمُونَ (٣٣) وَإِذْ قُلْنَا لِلْمَلَٰٓئِكَةِ ٱسْجُدُواْ لِءَادَمَ فَسَجَدُوٓاْ إِلَّآ إِبْلِيسَ أَبَىٰ وَٱسْتَكْبَرَ
وَكَانَ مِنَ ٱلْكَٰفِرِينَ (٣٤) وَقُلْنَا يَٰٓـَٔادَمُ ٱسْكُنْ أَنتَ وَزَوْجُكَ ٱلْجَنَّةَ وَكُلَا مِنْهَا رَغَدًا حَيْثُ
شِئْتُمَا وَلَا تَقْرَبَا هَٰذِهِ ٱلشَّجَرَةَ فَتَكُونَا مِنَ ٱلظَّٰلِمِينَ (٣٥) فَأَزَلَّهُمَا ٱلشَّيْطَٰنُ عَنْهَا فَأَخْرَجَهُمَا
مِمَّا كَانَا فِيهِ ۖ وَقُلْنَا ٱهْبِطُواْ بَعْضُكُمْ لِبَعْضٍ عَدُوٌّ ۖ وَلَكُمْ فِي ٱلْأَرْضِ مُسْتَقَرٌّ وَمَتَٰعٌ إِلَىٰ حِينٍ (٣٦)
فَتَلَقَّىٰٓ ءَادَمُ مِن رَّبِّهِۦ كَلِمَٰتٍ فَتَابَ عَلَيْهِ ۚ إِنَّهُۥ هُوَ ٱلتَّوَّابُ ٱلرَّحِيمُ (٣٧) قُلْنَا ٱهْبِطُواْ مِنْهَا جَمِيعًا ۖ
فَإِمَّا يَأْتِيَنَّكُم مِّنِّي هُدًى فَمَن تَبِعَ هُدَايَ فَلَا خَوْفٌ عَلَيْهِمْ وَلَا هُمْ يَحْزَنُونَ (٣٨) وَٱلَّذِينَ كَفَرُواْ
وَكَذَّبُواْ بِـَٔايَٰتِنَآ أُوْلَٰٓئِكَ أَصْحَٰبُ ٱلنَّارِ ۖ هُمْ فِيهَا خَٰلِدُونَ (٣٩)

ئۆز ۋاقتىدا پەرۋەردىگارىڭ پەرىشتىلەرگە: «مەن يەر يۈزىدە خەلىپە (يەنى ئورۇنباسار) يارىتىمەن» دېدى. پەرىشتىلەر: «يەر يۈزىدە بۇزۇقچىلىق قىلىدىغان، قان تۆكىدىغان (شەخسنى) خەلىپە قىلامسەن؟ ھالبۇكى بىز بولساق سېنى پاك دەپ مەدھىيىلەيمىز، مۇقەددەس دەپ مەدھىيىلەيمىز» دېدى. ئاللاھ: «مەن ھەقىقەتەن سىلەر بىلمەيدىغان نەرسىلەرنى بىلىمەن» دېدى. (30) ئاللاھ بۈتۈن شەيئىلەرنىڭ ناملىرىنى ئادەمگە ئۆگەتتى، ئاندىن ئۇلارنى پەرىشتىلەرگە كۆرسىتىپ: «(خەلىپە بولۇشقا ئادەمگە قارىغاندا بىز ھەقلىق دەيدىغان قارىشىڭلاردا) راستچىل بولساڭلار، بۇ شەيئىلەرنىڭ ناملىرىنى ماڭا ئېيتىپ بېرىڭلار» دېدى. (31) پەرىشتىلەر: «سېنى (بۈتۈن كەمچىلىكلەردىن) پاك دەپ تونۇيمىز. بىز سەن بىلدۈرگەندىن باشقىنى بىلمەيمىز، ھەقىقەتەن سەن ھەممىنى بىلگۈچىدۇرسەن، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇرسەن» دېدى. (32) ئاللاھ: «ئى ئادەم! ئۇلارغا بۇ نەرسىلەرنىڭ ناملىرىنى ئېيتىپ بەرگىن» دېدى. ئادەم ئۇلارغا بۇ نەرسىلەرنىڭ ناملىرىنى ئېيتىپ بەرگەن چاغدا، ئاللاھ: «مەن سىلەرگە، ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى

*غەيبلىرىنى ھەقىقەتەن بىلىپ تۇرىمەن، دېمىگەنىدىم» دېدى. (33) ئۆز ۋاقتىدا پەرىشتىلەرگە: «ئادەمگە سەجدە قىلىڭلار» دېدۇق. ئىبلىستىن باشقا ھەممىسى سەجدە قىلدى، ئىبلىس (سەجدە قىلىشتىن) باش تارتتى، تەكەببۇرلۇق قىلدى، ئۇ كاپىرلاردىن بولۇپ كەتتى. (34) بىز (ئادەمگە): «ئى ئادەم! سەن خوتۇنۇڭ (يەنى ھەۋۋا) بىلەن جەننەتتە تۇرۇڭلار! جەننەتتىكى نەرسىلەردىن خالىغىنىڭلارچە كەڭتاشا يەپ- ئىچىڭلار، بۇ دەرەخكە يېقىنلاشماڭلار(يەنى مېۋىسىدىن يېمەڭلار)، بولمىسا (ئۆزەڭلارغا) زۇلۇم قىلغۇچىلاردىن بولۇپ قالىسىلەر» دېدۇق. (35) شەيتان ئۇ ئىككىسىنى تېيىلدۇردى (يەنى مەنئى قىلىنغان دەرەخنىڭ مېۋىسىنى يېگۈزۈپ خاتالاشتۇردى)، تۇرۇۋاتقان جەننەتتىن چىقاردى. (ئادەمگە، ھەۋۋاغا، ئىبلىسقا) «بىر- بىرىڭلار بىلەن ئۆچەكىشكەن ھالدا (جەننەتتىن يەر يۈزىگە) چۈشۈڭلار، يەر يۈزىدە ۋاقىتلىق (ئەجىلىڭلار توشقۇچە) يەرلىشىڭلار ۋە (نېمەتلەردىن) بەھرىمەن بولۇڭلار» دېدۇق .(36) ئادەم پەرۋەردىگارىدىن بىر قانچە سۆز تەلىم ئالدى (يەنى گۇناھىنىڭ كەچۈرۈلۈشى ئۈچۈن ئوقۇيدىغان دۇئا ئۇنىڭغا ئىلھام ئارقىلىق بىلدۈرۈلدى)، ئاللاھ ئۇنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلدى. ئاللاھ ھەقىقەتەن تەۋبىنى بەك قوبۇل قىلغۇچىدۇر (بەندىلىرىگە) ناھايىتى مېھرىباندۇر.(37) (ئۇلارغا) «ھەممىڭلار بۇ يەردىن چۈشۈڭلار، سىلەرگە مەن تەرەپتىن بىر يول كۆرسەتكۈچى (يەنى پەيغەمبەر) كېلىدۇ، يولۇمغا ئەگەشكەنلەرگە (ئاخىرەتتە) قورقۇنچ ۋە غەم- قايغۇ بولمايدۇ» دېدۇق.(38) كاپىرلار ۋە بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى ئىنكار قىلغانلار ئەھلى دوزاختۇر، ئۇلار دوزاختا مەڭگۈ قالىدۇ.(39).*

قۇرئان كەرىمدە ئوخشاش بولمىغان مەزمۇنلاردىكى قىسسىلەر بايان قىلىنىدۇ. قىسسىنىڭ بايان قىلىنىشىدىكى مەقسەت، مۇددىئانىڭ نېمىلىكى، قايسى سۆز ھالقىسىغا كېلىپ توختاۋاتقانلىقى، قانداق شەكىل، قانداق تەسۋىر، قانداق ئۇسلۇب بىلەن قىسسە بايان قىلىنىۋاتقانلىقى... قاتارلىقلارنى ئۇنىڭ ئورنى، شارائىتىنىڭ ئۆزىلا ئېيتىپ بېرىۋاتقان بولىدۇ. بۇنداق بايان ئۇسلۇبى ئارقىلىق روھ، پىكىر ۋە سەنئەت ئالىمىدە ماسلىششچانلىق پەيدا بولىدۇ، بىر تەرەپتىن سۆزنىڭ مەزمۇن جەھەتتىكى ھەققى ئادا بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن قىسسە بايان قىلىشتا كۆزدە تۇتۇلغان پسىخىكىلىق مەقسەت ئادا تاپقان ۋە بېرىلمەكچى بولغان تەسىر ئۆزىنى كۆرسەتكەن بولىدۇ.

قۇرئاننىڭ ئوخشاش بولمىغان يەرلىرىدە بىرلا قىسسىنىڭ خىلمۇ خىل شەكىللەر بىلەن تەكرارلىنىدىغانلىقىنى كۆرگەن بەزىلەر: «قۇرئان قىسسىلىرىدە تەكرارلىق كۆپ» دەپ ھېسابلىشىدۇ. بىراق چوڭقۇر نەزەر بىلەن مۇھاكىمە قىلىدىغانلا بولسا، شۇنى بىلىپ يېتەلەيدۇكى، بىرەر پۈتۈن قىسسە ياكى ئۇنىڭ مەلۇم قىسمى تەكرارلانغان ھەرقانداق يەردە، قىسسە ھەرگىزمۇ ئۆزىنىڭ ئالدىنقى شەكلى بويىچە بايان قىلىنمايدۇ. بەلكى تەكرارلانغان ھەممىلا يەردە قىسسىنىڭ ھەجمى، مەزمۇن باغلىنىشلىقى ۋە ئىپادىلەش ئۇسلۇبى پۈتۈنلەي باشقا - باشقا شەكىلدە بولىدۇ. تەكرارلانغانلا يەرنىڭ ھەممىسىدە يېڭى بىر سۆزنى قىلىۋېلىش كۆزدە تۇتۇلغان بولىدۇ. دېمەك، قۇرئان كەرىمدىكى قىسسىلەرنىڭ بايان قىلىنىشىدا ھېچ بىر تەكرارلىق مەۋجۇت ئەمەس.

يەنە بىر قىسىم كىشىلەر قۇرئان كەرىمدە بايان قىلىنغان بەزى ۋەقەلەرنى: «غەيرى ئەمەلىي ياكى ئىستىمال ئۇچۇنلا بايان قىلىنغان، يەنى، مەقسەتنى بايان قىلىش ياكى

سۆز گۈزەللىكىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن قوللىنىلغان» دەيدۇ. ۋەھالەنكى، تەبىئىتى ساغلام ھەرقانداق كىشى ناۋادا كۆزىنى يوغانراق ئېچىپ، قۇرئاننى مۇتالىئە قىلىدىغانلا بولسا، ھەممىلا يەردە مەزمۇنغا كۆرە بىرەر قىسسە ياكى قىسسىنىڭ مەلۇم بۆلىكى بايان قىلىنغانلىقىنى ھەمدە بايان شەكلى بىلەن ئىپادە ئۇسلۇبىنىڭمۇ ئۇرۇن ۋە شارائىتقا كۆرە پەرقلىق ئىكەنلىكىنى كۆرىۋالالايدۇ.

قۇرئان كەرىم بىر دەۋەت كىتابىدۇر. بىر ھاياتلىق تۈزۈمى ۋە ھاياتلىق تۈزۈمىنىڭ دەستۇرىدۇر. ئۇ ھەرگىزمۇ ئىشتىياققا تەسكىن بېرىدىغان ھېكايە ياكى تارىخ كىتابى ئەمەس. شۇڭا دىننى دەۋەت قىلىش جەريانىدا تاللانغان قىسسىلەر بايان قىلىنغان بولۇپ، قىسسىلەرنىڭ قانداق بايان ئۇسلۇبىدا ۋە قانچىلىك مىقداردا بولۇشى مەزمۇن داۋامىغا ۋە ئەمەلىي ۋەزىيەتكە كۆرە بەلگىلەنگەن. قىسسىلەرنى بايان قىلىشتا ئىپادە گۈزەللىكىنىڭ ئەڭ ئالى سەنئىتى نەزەردە تۇتۇلغان. ھېچبىر يەردە سۆزنى كۆچلەندۈرۈش ئۈچۈن ۋەقە ئاۋۇتۇپ قويۇلغان ئەمەس. بەلكى ۋەقە ھەممىلا يەردە باشقا بىر پەۋقۇلئاددە ئۇسلۇبتا بايان قىلىنغان. تەسىرىنىڭ كۈچلۈك بولۇشىدا ھەقىقەت بىلەن ئىپادە گۈزەللىكى ئاساس قىلىنغان.

ئەسلىدە، قۇرئان كەرىمدىكى قىسسىلەر ئىمان كارۋانلىرىنىڭ ئۈزۈن، ئۈزۈلمەس سەپەر ھېكايىسى ۋە سەرگۈزەشتلىرى بولۇپ، ئۇ دىن دەۋىتىنىڭ نەسىلدىن نەسىلگە سوزۇلغان ھەمدە كىشىلەرمۇ دەۋەتنى قوبۇل قىلىپ ماڭغان ئۇزۇن جەريانىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ قىسسىلەر بىر تەرەپتىن پەيغەمبەرلىك شەرىپىگە تاللانغان ئەشۇ ئۇلۇغ زاتلارنىڭ ئىمانىي كەيپىياتىنى ئېيتىپ بەرسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇلارنىڭ  ئۆز پەرۋەردىگارى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرىنىڭ خاراكتېرىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. بىز بۇ قىسسىلەر ئارقىلىقلا ئىلاھىي كەرەم كارۋانلىرىنىڭ ئەشۇ ئۇزۇن يولدا كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگىنىمىزدە، بۇ قىسسىلەر قەلبلەرنى نۇرغا، پاكلىققا ۋە ئىماندىن ئىبارەت ئەڭ قىممەتلىك نېمەتكە تولدۇرىدۇ، ئىماننىڭ كائىناتتىكى ئەھمىيىتىگە بولغان ھېس - تۇيغۇنى ئويغاتقان ھالدا ئالغا ئىلگىرىلەيدۇ. ئۇ ئىماننىڭ ھەقىقىي تۇيغۇسى بىلەن غەيرى ھەقىقىي تۇيغۇلارنىڭ ئارىسىنى پەرقلەندۈرۈپ، ئىنساننىڭ ئېڭىغا چوڭقۇر سىڭدۈرىدۇ. مانا شۇنىڭ ئۈچۈنلا كاتتا دەۋەت كىتابى بولغان قۇرئان كەرىمنىڭ خېلى كۆپ قىسمى ئەشۇنداق قىسسىلەردىن تەشكىل تاپقان.

************

## تۇنجى ئىنساننىڭ قىسسىسى

ئەمدى بىز بۇ ئىزاھنىڭ نۇرى ئاستىدا ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسىگە نەزەر سېلىپ چىقايلى! خۇددى يۇقىرىدا ئىپادىلەنگەندەك، ئەڭ دەسلەپ ئىنسانىي ھاياتلىق

كارۋىنى ئۈستىدىلا توختىلىنغان بولماستىن، بەلكى پۈتۈن كائىناتنىڭ ۋۇجۇتقا كېلىشى ھەققىدە توختىلىنغان. ئاندىن ئاللاھنىڭ ئىنسانغا قىلغان نېمەتلىرى تىلغا ئېلىنىپ، يەر شارى ۋە ئۇنىڭدىكى پۈتۈن نەرسىلەرنىڭ ئىنسان ئۈچۈنلا پەيدا قىلىنغانلىقى بايان قىلىنغان. مانا بۇ جەرياندا ئادەم ئەلەيھىسسالامغا زېمىننىڭ خەلىپىلىك مەرتىۋىسى ئاتا قىلىنغانلىقى ھەققىدىكى قىسسە باشلىنىدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلەن ئەھدى تۈزۈپ ئۇنىڭغا زېمىننىڭ ھوقۇقىنى شەرتلىك ھالدا تاپشۇرغانلىقى، ھەمدە خەلىپىلىك ۋەزىپىسىنى زىممىسىگە ئالالىشى ئۈچۈن كېرەكلىك مىقداردا ئىلىم ئاتا قىلغانلىقى بايان قىلىنىدۇ. ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ قىسسىسى كېيىنكى چاغدا ئاللاھ بىلەن بەنى ئىسرائىل قەۋمى ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلىدىغان خەلىپىلىك ئەھدىسىنىڭ مۇقەددىمىسى ئىدى. چۈنكى ئاللاھ تائالا ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن بەنى ئىسرائىل قەۋمىنى خەلىپىلىك ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلايدۇ. خەلىپىلىك مەرتىۋىسىنى بولسا، ئاللاھ بىلەن تۈزگەن ئەھدىسىگە ياخشى ئەمەل قىلىدىغان مۇسۇلمانلار ئۈممىتىگە تاپشۇرىدۇ. شۇنداق قىلىپ، بۇ قىسسە سۈرىنىڭ مەزمۇن ۋە سۆز تەرتىپىگە تولۇق ماسلاشقان بولىدۇ.

ئەمدى بىز بىر دەم بولسىمۇ، ئىنسانىيەتنىڭ باشلىنىش ئەھۋالىنى ئوقۇپ چىقىشىمىز ۋە ئۇنىڭ ئارقا كۆرۈنىشىدە نەقەدەر قىممەتلىك ھىدايەتلەرنىڭ يوشۇرۇنۇپ ياتقانلىقىنى كۆرۈپ بېقىشىمىز لازىم.

ئەمدى بىز يۈكسەك ئالەم سەھنىسىدە تۇرماقتىمىز، يۇقىرىدىن چاقناۋاتقان پارلاق نۇرلار ئارىسىدا بەسىرەت نۇرى ئارقىلىق ئىنسانىيەتنىڭ باشلىنىش ھېكايىسىنى سەھنىلەشكەن ھالدا كۆرۈشكە باشلاۋاتىمىز.

«وَإِذۡ قَالَ رَبُّكَ لِلۡمَلَٰٓئِكَةِ إِنِّي جَاعِلٞ فِي ٱلۡأَرۡضِ خَلِيفَةٗۖ » «*ئاندىن، شۇنداق بىر چاغنى تەسەۋۋۇر قىلىپ باققىنكى، ئۆز ۋاقتىدا پەرۋەردىگارىڭ پەرىشتىلەرگە: "مەن يەر يۈزىدە خەلىپە يارىتىمەن" دېدى*». مەلۇمكى، بۇ ھەق تائالانىڭ يۈكسەك ئالەمدە قىلغان ئىرادىسى بولۇپ، ئاللاھ تائالا زېمىننىڭ بارلىق ھوقۇقىنى بېرىش ئۈچۈن، كائىناتتا يارىتىش ئالدىدا تۇرغان بۇ يېڭى مەۋجۇتلۇق (يەنى ئىنسان)نى پەيدا قىلىشنى ئىرادە قىلىدۇ. بۇ ئىرادىگە كۆرە، ئىنسان زېمىندا ئەركىن قويۇپ بېرىلىدۇ، كائىناتنىڭ يارىتىلىشىدىكى مەقسەتنى، يوقتىن بار قىلىنىشىدىكى غايە، مۇددىئانى نامايەن قىلىش ھەم ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، زېمىننى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، ئۇنى تەرەققى قىلدۇرۇش، ئۇنىڭ ئاستىدىكى يوشۇرۇن بايلىقلارنى قېزىپ چىقىرىپ، كەڭ ۋاستىلەرنى تېپىپ چىقىش ۋە ئۇنى بويسۇندۇرۇپ ئىشقا سېلىش... قاتارلىق ۋەزىپىگە تەيىنلىنىدۇ. بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭ ھۆكمى بىلەن ئىنسانغا تاپشۇرۇلغان ئۇلۇغۋار ۋەزىپىنىڭ بىر قىسمى بولۇشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

ئىنساننىڭ خەلىپىلىككە تەيىنلەنگەنلىكىدىن شۇنى بىلىۋېلىشقا بولىدۇكى، ئاللاھ تائالا ئىنساندىن ئىبارەت بۇ يېڭى مەخلۇقنىڭ ۋۇجۇدىغا يوشۇرۇن قۇدرەت، تالانت - ئىقتىدارلارنى يەرلەشتۇرگەن بولۇپ، ئىنسان ئۇنىڭ بىلەن زېمىندىكى ھەر تۈرلۈك كۈچ - قۇۋۋەت، مەخپىي ئېنېرگىيە، خام ماتېرىيال، مەنپەئەتلىك ۋاسىتىلەرنى ئىشقا سالالايدۇ. شۇلارنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئاللاھنىڭ كۆتكەن مۇددىئاسىنى ئىشقا ئاشۇرالايدۇ.

بۇنىڭدىن يەنە شۇنىمۇ بىلىۋېلىشقا بولىدۇكى، كائىناتقا ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان قۇدرەت قانۇنى بىلەن ئىنسان ھەم ئىنساننىڭ كۈچ - قۇۋۋىتى ئۈستىدە يۈرگۈزىلىدىغان شەرىئەت قانۇنىدىن ئىبارەت بۇ ئىككى قانۇن ئارىسىدا ئۇرۇش - زىددىيەت چىقماسلىقى، شۇنداقلا ئىنساننىڭ كۈچ - قۇۋۋىتى بۇ بۈيۈك كائىناتنىڭ مۇنتىزىم چوققىلىرىغا ئۇرۇلۇپ، ۋەيران بولماسلىقى ئۈچۈن، ئۇلار ئوتتۇرىسىدا ئىنتايىن مۇكەممەل بىرلىك ۋە ھەمكارلىق ئورنىتىلغان.

بۇنىڭدىن يەنە شۇنىمۇ بىلىۋېلىشقا بولىدۇكى، بۇ پايانسىز ئالەم سىستېمىسىدا ئىنساننىڭ ماقام، مەرتىۋىسى ئىنتايىن ئۈستۈن بولۇپ، رەھىم - شەپقەتلىك ياراتقۇچىسى ئاللاھ تائالا بۇ يۈكسەك ماقامنى ئۆزى ياقتۇرۇپ ئىنسانغا ئاتا قىلغان. ئاھ! بۇ نېمىدېگەن كاتتا ماقام ھە!

بۇلارنىڭ ھەممىسى: «مەن يەر يۈزىدە خەلىپە ياراتىمەن» دېگەن ئۇلۇغ ئايەت ئۆز ئىچىگە ئالغان مەنىلەرنىڭ پەقەتلا بىر قىسمىدۇر. بولۇپمۇ، مانا بۈگۈن ماددى ۋە مەنىۋىي ھەر ئىككى كۆزىمىز بىلەن شۇنى ئوچۇق كۆرۈپ تۇرىۋېتىپتىمىزكى، ئاللاھ تائالانىڭ بۇ پايانسىز مۈلۈكتە ئىنساننى ئۆزىگە خەلىپە قىلىشتا كۆزدە تۇتقان ئۇلۇغ ئىرادىسى ئىنساننىڭ قولى ئارقىلىق ئىشقا ئاشۇرۇلماقتا.

«قَالُوٓاْ أَتَجۡعَلُ فِيهَا مَن يُفۡسِدُ فِيهَا وَيَسۡفِكُ ٱلدِّمَآءَ وَنَحۡنُ نُسَبِّحُ بِحَمۡدِكَ وَنُقَدِّسُ لَكَ ۖ »

«پەرىشتىلەر: ”يەر يۈزىنىڭ ئىنتىزامىنى بۇزىدىغان، قان تۆكىدىغان بىرسىنى خەلىپە قىلامسەن؟ ساڭا ھەمدۇ ـ سانا بىلەن تەسبىھ ئېيتىشنى ۋە سېنى ئۇلۇغلاشنى مانا بىز قىلىپ كېلىۋاتىمىز“ دېدى» پەرىشتىلەرنىڭ بۇ سۆزىدىن مەلۇمكى، ئۇلار ياكى شۇ چاغدىكى ئەمەلىي ئەھۋالغا قاراپ، كېلىش ئالدىدا تۇرغان مەخلۇققا (يەنى ئىنسانغا) قارىتا شۇ خىل قاراشقا كەلگەن ياكى يەر يۈزىدە ئىنسانلاردىن ئىلگىرى يەرلەشتۇرۇلگەن مەخلۇقلاردىن ئىگەللىگەن تەجرىبىلىرىگە ئاساسەن شۇ خىل سۆزلەرنى قىلغان، ياكى بەلكىم ئاللاھ تەرەپتىن بېرىلگەن ئالدىن كۆرۈش ئىقتىدارىغا تايىنىپ كېلىش ئالدىدا تۇرغان بۇ مەخلۇقنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلگەن بولۇشى مۇمكىن ۋەياكى يەر يۈزىدىكى ئىنسانىي ھاياتنىڭ تەققەززالىرىغا قاراپ، بۇ مەخلۇقنىڭ تەبىئىتىنى مۆلچەرلىگەن بولۇشىمۇ مۇمكىن. شۇڭا ئۇلار بۇ يېڭى مەخلۇقنىڭ يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق

قىلدىغانلىقىنى ۋە قان تۆكىدىغانلىقىنى بىلەتتى ياكى ھېچ بولمىغاندا شۇنداق بولۇش ئېھتىماللىقىنى ھېس قىلاتتى. ئۇلار ئۆزىنىڭ ساپ تەبىئىتى ۋە پاكلىقى سەۋەبىدىن مۇتلەق ياخشىلىقنىلا ۋە ھەر جەھەتتىكى تىنچ - ئامانلىقنىلا تەسەۋۋۇر قىلالايتتى. شۇڭا ئۇلار: «كائىناتنىڭ يارىتىلىشىدا ۋە ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈلىشىدە پەقەت ئاللاھقا ھەمدى - سانا بىلەن تەسبىھ ئېيتىش ۋە ئاللاھنى ئۇلۇغلاش مەقسەت قىلىنغان. بۇ ۋەزىپىنى پەرىشتىلەر تولۇق ئورۇنلىماقتا» دەپ چۈشىنەتتى. چۈنكى پەرىشتىلەر ھەردائىم ئاللاھقا ھەمدى - سانا ئېيتىش بىلەن ئۇنىڭ پاكلىقىنى بايان قىلىپ تۇراتتى، ھېچقاچان ئاللاھقا ئىتائەت ۋە بەندىچىلىك قىلىشتىن باش تارتمايتتى. بىراق يەر يۈزىنىڭ ئىچكى - تاشقى قۇرۇلمىسىدا ۋە ئۇنىڭ ئىچىگە ھاياتلىق كۆچىتىنىڭ تىكىلىشىدە رول ئويناۋاتقان ئىنتايىن چوڭقۇر، ئىنچىكە ھېكمەت، تەدبىرلەر ئۇلارغا مەخپىي ئىدى.

ئاللاھنىڭ ئىرادىسى شۇكى، ئىنسان خەلىپە بولۇپ، گەرچە بەزىدە بۇزۇقچىلىق تېرىيدىغان ۋە قان تۆكىدىغان ئىشلارنى سادىر قىلسىمۇ، يەنىلا ئاللاھنىڭ ئىرادىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۇچۇن زېمىننى بويسۇندۇرىدۇ، ئۆزگەرتىپ، تەرەققىي قىلدۇرىدۇ. ئاز بىر قىسىم بۇزۇقچىلىقلىرى بىلەن بىرلىكتە پۈتۈن كائىناتقا ئومۇمىيۈزلۈك ئورتاق بولغان ھەر كاتتا ياخشىلىقلارنى ئەۋج ئالدۇرىدۇ. يەنى، ئاللاھنىڭ بۇ پايانسىز كائىناتىدا تائەبەد ئۆسۈپ يېتىلىش، مەدەنىيەتنى ئىزچىل تۈردە تەرەققىي قىلدۇرۇش، توختىماي بۇزۇش ھەم قۇرۇش، توختىماي كۆرەش قىلىش، توختىماي ئىزدىنىش، داۋاملىق ئۆزگىرىش ۋە ئۆزگەرتىش ئارقىلىق ئەڭ كاتتا ياخشىلىقلارنى ھەم باياشاتلىقلارنى مەيدانغا كەلتۈرىدۇ.

شۇڭا پۈتۈن غەيب ئالەمنى بىلگۈچى ۋە ئۇنىڭغا ئىگە بولغۇچى ئاللاھ تائالا ئۇلارغا جاۋابەن: «قَالَ إِنِّيٓ أَعۡلَمُ مَا لَا تَعۡلَمُونَ» «*مەن ھەقىقەتەن سىلەر بىلمەيدىغان نەرسىلەرنى بىلىمەن*» دەيدۇ.

«وَعَلَّمَ ءَادَمَ ٱلۡأَسۡمَآءَ كُلَّهَا ثُمَّ عَرَضَهُمۡ عَلَى ٱلۡمَلَٰٓئِكَةِ فَقَالَ أَنۢبِـُٔونِي بِأَسۡمَآءِ هَٰٓؤُلَآءِ إِن كُنتُمۡ صَٰدِقِينَ ﴿٣١﴾ قَالُواْ سُبۡحَٰنَكَ لَا عِلۡمَ لَنَآ إِلَّا مَا عَلَّمۡتَنَآۖ إِنَّكَ أَنتَ ٱلۡعَلِيمُ ٱلۡحَكِيمُ ﴿٣٢﴾ قَالَ يَٰٓـَٔادَمُ أَنۢبِئۡهُم بِأَسۡمَآئِهِمۡۖ فَلَمَّآ أَنۢبَأَهُم بِأَسۡمَآئِهِمۡ قَالَ أَلَمۡ أَقُل لَّكُمۡ إِنِّيٓ أَعۡلَمُ غَيۡبَ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِ وَأَعۡلَمُ مَا تُبۡدُونَ وَمَا كُنتُمۡ تَكۡتُمُونَ ﴿٣٣﴾

*«ئاندىن ئاللاھ تائالا پۈتۈن شەيئىلەرنىڭناملىرىنى ئادەمگە ئۆگەتتى، ئاندىن ئۇلارنى پەرىشتىلەرگە كۆرسىتىپ: "ئەگەر بىرەر خەلىپە تېيىنلىسەم، ئىنتىزام بۇزۇلۇپ كېتىدۇ) دەيدىغان قارىشىڭلار توغرا بولىدىغان بولسا، قېنى بۇ شەيئىلەرنىڭ ناملىرىنى ئېيتىپ بېقىڭلار" دېدى. ئۇلار: "سېنىڭ زاتىڭلا (پۈتۈن كەمچىلىكلەردىن) پاكتۇر. بىز پەقەت سەن ئاتا قىلغان ئىلىمگىلا ئىگە، ھەقىقەتەن ھەممىنى بىلگۈچى ۋە جۇشەنگۈچى سەندىن باشقا بىرى يوقتۇر" دېدى.*

*ئاللاھ: ''ئى ئادەم! ئۇلارغا بۇ نەرسىلەرنىڭ ناملىرىنى ئېيتىپ بەرگىن'' دېدى. ئادەم ئۇلارغا بۇ نەرسىلەرنىڭ ناملىرىنى ئېيتىپ بەرگەن چاغدا، ئاللاھ: ''مەن سىلەرگە، ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى سىلەردىن مەخپىي ياكى ئاشكارا بۇتۇن ھەقىقەتلەرنى بىلىپ تۇرىمەن، سىلەرنىڭ يوشۇرغانلىرىڭلارنىمۇ ۋە ئاشكارا قىلغانلىرىڭلارنىمۇ بىلىپ تۇرىمەن، دېمىگەنىدىم'' دېدى››.*

مانا قاراڭ! شۇ تاپتا بىز تەپەككۇر كۆزىمىز بىلەن ئىنتايىن يۈكسەك ئالەمدىكى پارلاق نۇرلار ئارىسىدا بىر توپ پەرىشتىلەرنى كۆرىۋاتىمىز. مانا بىز بۇ يىغىلىشتا خەلىپىلىك مەرتىۋىسى ئاتا قىلىنغان بۇ يېڭى مەخلۇقنىڭ ۋۇجۇدىغا ئاللاھ ئورۇنلاشتۇرغان كاتتا ئىلاھىي سىرنىڭ بەزى مۇھىم قىسمىنى كۆرمەكتىمىز. بۇ سىر ئىنسانلارنىڭ ئۆز ئۇقۇملىرىنى ئىسىم قويۇپ ئىپادىلەش قابىلىيىتىگە ئىگە قىلىنغانلىقىدۇر. ئىنسانلار ئاتالغۇ ئارقىلىقلا ئۆز كۆڭلىدىكىنى ئىپادىلەيدۇ. ''ئاتالغۇ''نىڭ ئەسلى ماھىيىتى ئىنسانلارنىڭ ئېغىزىدىن چىققىدىغان ھەرخىل تەلەپپۇزدىن ئىبارەت بولۇپ، ئىنسان ئۇ ئارقىلىق كۆرگەن شەيئىلەرنى، شەخسلەرنى ۋە ھېس - تۇيغۇلارنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. مانا بۇ، ئىنساننىڭ يەر يۈزىدىكى ھاياتىنى قولايلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئاتا قىلىنغان ئەڭ مۇھىم ئىقتىدارنىڭ بىرسى. بۇنىڭ نەقەدەر ئەۋزەللىكىنى چۈشىنىش ئۈچۈن بىز: «ناۋادا ئىنساننىڭ ۋۇجۇدىدا شەيئىلەرگە ئىسىم قويۇش ۋە ئۇنى ئىشلىتىش ئىقتىدارى بولمىسا، بىر - بىرىنى چۈشىنىشتە ۋە ئۆزئارا ئالاقە قىلىشتا ئۇلار زادى قانداق قىيىنچىلىقلارغا يولۇققان بولاتتى - ھە!؟» دېگەننى ئازراق ئويلىنىپ بېقىشىمىز لازىم. ئەگەر شۇنداق بولۇپ قېلىپ، ئىنسان بىرەرسى بىلەن بىر نەرسە ھەققىدە ئالاقە قىلماقچى بولسا، چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن شۇ نەرسىنىڭ ئۆزىنى ئەكىلىپ كۆرسىتىشكە توغرا كېلىدىغان بولۇپ قالاتتى. ئەگەر بىرەر خورما دەرىخىگە ئالاقىدار مەسىلە بولسا، شۇ دەرەخنىڭ ئۆزى مەۋجۇت بولۇشى، ئەگەر بىرەر تاغ ياكى بىرەر جايغا ئالاقىدار مەسىلە بولسا، ھەممە ئادەم شۇ تاغقا ياكى شۇ جايغا بېرىشقا توغرا كېلىدىغان ۋە ياكى بىرەر كىشىگە ئالاقىدار مەسىلە بولسا، شۇ كىشىنىڭ ئۆزىنى ھازىر قىلىشقا توغرا كېلىدىغان بولۇپ قالاتتى. قېنى ئويلىنىپ بېقىڭ! ئۇنداقتا ھەممىنى قىيىنچىلىق بېسىۋالغان ۋە ياشاش ئىنتايىن مۇرەككەپلىشىپ كەتكەن بولمامدۇ؟ قىسقىسى، ناۋادا ئاللاھ تائالا ھەرنەرسىنى ۋە ھەر مەنە ئۇقۇمنى ئىسىم، ئاتالغۇ قويۇش بىلەن ئىپادىلەش مۇمكىنچىلىكىدىن ئىبارەت بۇ سىرنى ئاتا قىلمىغان بولسا ئىدى، ئىنسان ئىككى قەدەممۇ ئالغا ئىلگىرىلىيەلمىگەن بولاتتى.

پەرىشتىلەرگە كەلسەك، ئۇلارنىڭ بۇ قابىلىيەتكە ئېھتىياجى يوق، چۈنكى ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسى بۇنداق قابىلىيەتنى تەقەززا قىلمايدۇ. شۇڭا ئۇلارغا بۇنداق ئىقتىدار بېرىلمىگەن. ئاللاھ ئادەمگە بۇ سىرنى ئۆگىتىپ، پەرىشتىلەرنىڭ ئالدىغا شۇ نەرسىلەرنى قويغاندا، ئۇلار نەرسىلەرنىڭ ئىسمىنى ئاتىيالمىدى. ئۇلار ئوخشاش بولمىغان شەيئىلەرگە ۋە شەخسلەرگە ئىسىم قويۇپ، سۆز ئارقىلىق ئاسانلا چۈشەندۈرۈش مۇمكىنلىكىنى بىلمەيتتى. شۇڭا ئۇلار ئاللاھقا ھەمدۇ - سانا ئېيتىش بىلەن ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىنى ئېتىراپ قىلدى ۋە بىلىش

ئىقتىدارىنىڭ ئاللاھ ئۇلارغا ئاتا قىلغان ئىلىم دائىرىسى بىلەنلا چەكلىك ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. شۇنداق قىلىپ، ئاللاھ تائالا ئادەم ئەلەيھىسسالامنى ئۇلارغا تونۇتتى، نەتىجىدە ئۇلار ئاللاھنىڭ پايانسىز ئىلىم - ھېكمىتى تەرەپكە يېتەكلەنگەن بولدى.

«قَالَ أَلَمۡ أَقُل لَّكُمۡ إِنِّيٓ أَعۡلَمُ غَيۡبَ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِ وَأَعۡلَمُ مَا تُبۡدُونَ وَمَا كُنتُمۡ تَكۡتُمُونَ ﴿٣٣﴾ وَإِذۡ قُلۡنَا لِلۡمَلَٰٓئِكَةِ ٱسۡجُدُواْ لِأٓدَمَ فَسَجَدُوٓاْ...» «ئاللاھ: "مەن سىلەرگە، ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى سىلەردىن مەخپىي ياكى ئاشكارا بولغان ھەقىقەتلەرنى بىلىپ تۇرىمەن، سىلەرنىڭ يوشۇرغانلىرىڭلارنىمۇ ۋە ئاشكارا قىلغانلىرىڭلارنىمۇ بىلىپ تۇرىمەن، دېمىگەنىدىمۇ؟" دېدى. ئاندىن پەرىشتىلەرگە: "ئادەمگە سەجدە قىلىڭلار" دەپ ھۆكۈم قىلغان چېغىمىزدا، ھەممىيلەن سەجدە قىلدى».

مانا، يەر يۈزىدە بۈزغۈنچىلىق قىلىدىغان، قان تۆكىدىغان مەخلۇقنىڭ نەقەدەر ھۆرمەتلىنىدىغانلىقىغا قارىمامدىغان! مانا ئۇ پەرىشتىلەردىنمۇ ئۈستۈن ئورۇندا تۇرماقتا. بۇنىڭ سەۋەبى بىرىنچىدىن، ئاللاھنىڭ ئۇنىڭغا ئاللاھنى تونۇش سىرىنى ئاتا قىلغانلىقى، ئىككىنچىدىن، قايسى يولنى خالىسا، شۇنى تاللىيالايدىغان ئىرادە، ئىختىيارغا ئىگە مەخلۇق قىلغانلىقىدۇر. دېمەك، ئىنسان تەبىئىتىنىڭ قوش تەرەپلىمىلىكى، ئۆز يولىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش ئۈچۈن ئۆز ئىرادىسىنى ئىشلىتىش قۇدرىتى ۋە ئۆزىنىڭ كۈرەش، تىرىشچانلىقلىرى بىلەن ئىنسانىيەتنى ھىدايەتكە يېتەكلەش ۋەزىپىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش قۇدرىتى... قاتارلىقلار دەل ئەشۇ ئۇلۇغ مەرتىۋىنىڭ سىرلىرىدۇر.

ئاللاھنىڭ بۇ مۇقەددەس پەرمانىنى بەجا كەلتۈرۈش ئۈچۈن بارلىق پەرىشتىلەر ئادەمگە سەجدە قىلدۇ. «إِلَّآ إِبۡلِيسَ أَبَىٰ وَٱسۡتَكۡبَرَ وَكَانَ مِنَ ٱلۡكَٰفِرِينَ» «پەقەت ئىبلىس ئىنكار قىلدى. ئۇ تەكەببۇرلۇقتا يېرىلىپ، ئاسىيلاردىن بولۇپ كەتتى»

مانا بۇ يەردە، بۇ ئىبلاس مەخلۇق مۇجەسسەم بىر شەكىلدە نامايەن بولىدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ مۇقەددەس دەرگاھىدا تۇرۇپ، ئۇنىڭ پەرمانىغا ئاسىيلىق قىلىدۇ. پۈتۈن پەزىلەتلەر ئىگىسى ئاتا قىلىۋاتقان مەرتىۋىسىنى ئىنكار قىلىدۇ. بۇ ئىبلاس مەخلۇق بويۇنتاۋلىقتا چىڭ تۇرغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا نىسبەتەن ئەقىل - ئىدراكىنىڭ پۈتۈن دەرۋازىلىرى تاقىلىپ كېتىدۇ.

ئايەتنىڭ مەزمۇن تەرتىپىدىن مەلۇمكى، ئىبلىس پەرىشتىلەرنىڭ ئارىسىدا بولغىنى بىلەن، ئەمەلىيەتتە پەرىشتىلەردىن ئەمەس ئىدى. ناۋادا ئۇ پەرىشتىلەردىن بولغان بولسا، بويۇنتاۋلىق قىلىشقا جۈرئەتمۇ قىلمىغان بولاتتى. چۈنكى پەرىشتىلەرنىڭ بەلگىلىك

خۇسۇسىيىتى «لَّا يَعۡصُونَ ٱللَّهَ مَآ أَمَرَهُمۡ وَيَفۡعَلُونَ مَا يُؤۡمَرُونَ» «پەرىشتىلەر ئاللاھنىڭ بۇيرىقىدىن چىقمايدۇ، نېمىگە بۇيرۇلسا شۇنى ئىجرا قىلىدۇ»[1] دىن ئىبارەتتۇر.

بۇ يەردە، شەيتاننىڭ ئىستىسنائىي شەكىلدە «شەيتاندىن باشقا ھەممىيلەن سەجدە قىلدى» دەپ تىلغا ئېلىنىشىدىن، قارىماققا ئۇ پەرىشتىلەردىن بىرسىدەك بىلىنىدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئۇ پەرىشتىلەردىن ئەمەس، بەلكى پەرىشتىلەر بىلەن بىر يەردە تۇرىدىغان بولغاچقا، شۇنداق شەكىلدە تىلغا ئېلىنغان. ئەرەب تىلىدا: «جاء بنو فلان الا احمد» «پالانى قەۋمىنىڭ ھەممىسى كەلدى پەقەت ئەھمەدلا كەلمىدى» دەپمۇ ئىشلىتىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئەھمەد ئۇ قەۋمدىن بولمىغان بولىدۇ. قۇرئاننىڭ يەنە بىر يېرىدە بولسا، ئىنتايىن ئوچۇق قىلىپ، شەيتاننىڭ جىنلاردىن ئىكەنلىكى، جىنلارنىڭ ئوتتىن يارىتىلغانلىقى بايان قىلىنغان بولۇپ، مانا بۇنىڭدىن قەتئىي ھالدا بىلىنىشقا بولىدۇكى، شەيتان ھەرگىزمۇ پەرىشتىلەردىن ئەمەس ئىدى.

ئۇنىڭدىن كېيىن كۆز ئالدىمىزغا تۈگىمەس جەڭ مەيدانى كېلىدۇ، ئۇنىڭدا ئىبلىسنىڭ ۋەكىلى بولغان رەزىللىك بىلەن ئاللاھنىڭ زېمىنىدىكى خەلىپىسى بولغان ئىنسان ئوتتۇرىسىدا ئۈزۈلمەس جەڭ باشلىنىدۇ. بۇ ئۇرۇش ماھىيەتتە ئىنساننىڭ ئىددىيە ۋە قەلب، ۋىجدان مەيدانىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئۇنىڭدا پەقەت ئاللاھقا قىلغان ئەھدىسىگە مەھكەم ئېسىلىدىغان، پۇختا ئىرادىگە ئىگە كىشىلا ئۇتۇق قازىنالايدۇ. ئەكسىچە، ئىنسان ئۆز نەپسىگە بەندە بولۇپ ماڭغانسېرى، ئاللاھتىن يىراقلىشىپ كېتىشكە باشلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن، رەزىل كۈچلەرنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىۋېلىشىغا پۇرسەت يارىتىلغان بولىدۇ.

«وَقُلۡنَا يَـٰٓـَٔادَمُ ٱسۡكُنۡ أَنتَ وَزَوۡجُكَ ٱلۡجَنَّةَ وَكُلَا مِنۡهَا رَغَدًا حَيۡثُ شِئۡتُمَا وَلَا تَقۡرَبَا هَـٰذِهِ ٱلشَّجَرَةَ فَتَكُونَا مِنَ ٱلظَّـٰلِمِينَ ﴿٣٥﴾» «ئاندىن بىز ئادەمگە: "سەن ۋە خوتۇنۇڭ شىكىكىلار جەننەتتە تۇرۇڭلار! جەننەتتە خالىغىنىڭلاردىن كەڭتاشا يەپ-ئىچىڭلار، ئەمما بۇ دەرەخكە يېقىنلاشماڭلار، بولمىسا، زالىملاردىن بولۇپ قالىسىلەر" دېدۇق»

ئۇلارغا جەننەتنىڭ بىرلا دەرەختىن باشقا بارلىق مېۋىلىرى ھالال ھەم يوللۇق ئىدى. چەكلەنگىنى پەقەت ئەشۇ بىرلا دەرەخ ئىدى. بەلكىم ئۇ دەرەخ يەر يۈزىدە ئىنسان ئۇچۇن بەلگىلەنگەن چەكلىمىلەر تەرەپكە قىلىنىۋاتقان بىر ئىشارەت بولۇشىمۇ مۇمكىن. چۈنكى چەكسىز ۋە شەرتسىز ئەركىنلىك بولمايدۇ. ئۇنىڭسىز ئىرادىلىك ئىنسان بىلەن ئىرادىسىز ھايۋاننى ئايرىغىلىمۇ بولمايدۇ. ئىنساننى سىناشمۇ ئاللاھ تەرەپتىن بەلگىلەنگەن چەكلىمە ۋە

[1] سۈرە تەھرىم، 6 - ئايەت

رۇخسەتكە رىئايە قىلغان - قىلمىغانلىقىنى كۆرۈش بىلەنلا مۇمكىن بولىدۇ. ئىرادە ئەركىنلىكى شۇنداق بىر ھەقىقەتكى، ئۇ ھەقىقىي ئىنسان بىلەن پادىغا ئوخشاش ئوتلاپ يۈرۈشنىلا بىلىدىغان ئىنسان كەبى ھايۋانلارنى پەرقلەندۈرۈپ بېرىدۇ.

«فَأَزَلَّهُمَا ٱلشَّيۡطَٰنُ عَنۡهَا فَأَخۡرَجَهُمَا مِمَّا كَانَا فِيهِۖ » «ئاخىرى شەيتان ئۇ ئىككىسىنى تېيىلدۇردى، (ئۇشۇ دەرەخكە ترغىب قىلىش ئارقىلىق بىزنىڭ ھۆكمىمىزگە ئىتائەت قىلىشتىن يىراقلاشتۇردى) ۋە ئۇرۇۋاتقان ھالىتىدىن (جەننەتتىن) چىقارغۇزدى»... بۇ يەردىكى ئاجايىپ ئىپادە سەنئىتىگە قارىمامدىغان؟! «تېيىلدۇردى» دېگەن بىرلا سۆز ئەينى چاغدىكى پۈتۈن جەريانىنى سۈرەتلەپ بەرمەكتە. كۆز ئالدىمىزدىن گويا شەيتان ئۇلارنى ئىتتىرگەنچە جەننەتتىن چىقىرىۋەتمەكچى بولىۋاتقاندەك پاكى تۇيۇقسىز ئۇلارنىڭ مەزمۇت قەدەملىرىنى پۇتلاپ، يەرگە يىقىتىپ، تۆۋەنگە چۇشۇرىۋاتقاندەك مەنزىرىلەر ئۆتۈشكە باشلايدۇ.

بۇ يەردە، ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلەن شەيتان ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشنىڭ تۇنجى تەجرىبىسى مۇكەممەللىشىدۇ. ئادەم ئەلەيھىسسالام ئۆز ئەھدىسىنى ئۇنتۇپ قېلىپ، ئىبلىسنىڭ تېيىلدۇرۇشى ئالدىدا ئاجىز كېلىدۇ. ئاللاھنىڭ ھۆكمى ھەقىقەتكە ئايلىنىپ، ئىلاھىي تەقدىر مۇنداق جاكارلىنىدۇ:

«وَقُلۡنَا ٱهۡبِطُواْ بَعۡضُكُمۡ لِبَعۡضٍ عَدُوّٞۖ وَلَكُمۡ فِي ٱلۡأَرۡضِ مُسۡتَقَرّٞ وَمَتَٰعٌ إِلَىٰ حِينٖ ﴿٣٦﴾» «بىز ئۇلارغا ھۆكۈم قىلىپ: "ئەمدى بۇ يەردىن چۈشۈڭلار، سىلەر بىر ـ بىرىڭلارغا دۈشمەن بولىسىلەر، يەر يۈزىدە مەلۇم ۋاقىتقىچە تۇرىسىلەر ۋە نېمەتلىرىدىن بەھرىمەن بولىسىلەر" دېدۇق». مانا بۇ ئادەم بىلەن ئىبلىس ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشنىڭ بەلگىلەنگەن جايىدا، يەنى يەر يۈزىدە باشلىنىدىغانلىقىنىڭ ۋە تاكى قىيامەتكىچە داۋام قىلىدىغانلىقىنىڭ جاكاسى ئىدى.

ئادەم ئەلەيھىسسالام يىقىلغاندىن كېيىن ئۆزىنى رۇسلاپ، ئورنىدىن تۇرىدۇ. چۈنكى يىقىلغاندىن كېيىن ئورنىدىن تۇرۇش ئىنسانىي تەبىئەتنىڭ تەقەززاسىدۇر. ئەمدىلىكتە ئاللاھنىڭ رەھمىتى ئۇنى شەپقەت سايىسى ئاستىغا ئالىدۇ. ئالاھنىڭ رەھمەت ئېتىگىدىن پاناھلانغان ۋە ئالاھنىڭ بوسۇغىسىدا تىز چۆككەن ھەرقانداق كىشىنى بۇ پايانسىز رەھمەت مەڭگۈ ئۆز قوينىغا ئالىدۇ.

«فَتَلَقَّىٰٓ ءَادَمُ مِن رَّبِّهِۦ كَلِمَٰتٖ فَتَابَ عَلَيۡهِۚ إِنَّهُۥ هُوَ ٱلتَّوَّابُ ٱلرَّحِيمُ ﴿٣٧﴾» «ئادەم پەرۋەردىگارىدىن بىر قانچە سۆز تەلىم ئېلىپ، تەۋبە قىلدى. پەرۋەردىگارى ئۇنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلدى. چۈنكى ئۇ ھەقىقەتەن ناھايىتى تەۋبە قىلغۇچى ۋە رەھىم قىلغۇچىدۇر» بۇ، ئاللاھ تائالانىڭ ئادەم ۋە پۈتۈن ئادەم ئەۋلادلىرى بىلەن تۈزگەن ئەھدىسى ئىدى. سۆز تاماملاندى. ئادەم زېمىندا ئالاھنىڭ ھوقۇقلۇق ۋە ئەركىن ئىرادىلىك خەلىپىسى بولۇپ تەيىنلەندى، ئۇنىڭغا بەختىيارلىق ياكى ھالاكەت يولىنى تالاش ئىختىيارلىقى بېرىلدى.

«قُلْنَا ٱهْبِطُوا۟ مِنْهَا جَمِيعًا ۖ فَإِمَّا يَأْتِيَنَّكُم مِّنِّى هُدًى فَمَن تَبِعَ هُدَاىَ فَلَا خَوْفٌ عَلَيْهِمْ وَلَا هُمْ يَحْزَنُونَ ﴿٣٨﴾ وَٱلَّذِينَ كَفَرُوا۟ وَكَذَّبُوا۟ بِـَٔايَٰتِنَآ أُو۟لَٰٓئِكَ أَصْحَٰبُ ٱلنَّارِ ۖ هُمْ فِيهَا خَٰلِدُونَ ﴿٣٩﴾» «بىز ئۇلارغا دېدۇق: «ھەممىڭلار بۇ يەردىن چۈشۈڭلار، سىلەرگە مەن تەرەپتىن بىر ھىدايەت (يوليورۇق) كېلىدۇ، قانداقكى كىشىلەر ئۇنىڭغا ئەگىشىدىكەن، ئۇلارغا ھېچ قانداق قورقۇنچ ۋە غەم- قايغۇ بولمايدۇ. ھەمدە قانداقكى كىشىلەر ئۇنى قوبۇل قىلىشتىن ئىنكار قىلىدىكەن ۋە بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى چەتكە قاقىدىكەن، ئۇلار ئوتقا تاشلىنىدىغان (ئەھلى دوزاخ)لاردۇر. ئۇلار ئۇ يەردە مەڭگۈ قالىدۇ» مانا بۇ يەرگە كەلگەندە، مەڭگۈلۈك كۆرەش ئۆزىنىڭ ئەسلى مەيدانىغا، يەنى يەر يۈزىگە يۆتكىلىدۇ ۋە شۇ چاغدىن باشلىنىپ كەتكەنچە، بىر لەھزىمۇ توختىماي داۋام قىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئىنسانىيەت ئۆزىنىڭ باشلىنىشىدىلا ئەگەر زەپەر ۋە ئۇتۇقنى خالىسا، قانداق قولغا كەلتۈرگىنى بولىدىغانلىقى، ناۋادا خار - زەبۇنلۇقنى خالىسا، قانداق يولدا ماڭىدىغانلىقىنىڭ سىرىنى بىلىپ يېتىدۇ.

ئەمدى بىر دەملىك بولسىمۇ ئارقىغىزغا بۇرۇلۇپ، ئىنسانىيەتنىڭ باشلىنىشى ھەققىدىكى بۇ قىزىقارلىق ھېكايىنىڭ بەزى نۇقتىلىرىنى مۇلاھىزە قىلىپ بېقىڭ!

ئاللاھ تائالا پەرىشتىلەرگە خىتاب قىلىپ: «مەن زېمىندا خەلىپە يارىتىمەن» دەيدۇ. بۇنىڭدىن ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ دەسلىۋىدىنلا زېمىن ئۈچۈن يارىتىلغانلىقى مەلۇم بولىدۇ. شۇڭا بۇ يەردە «ئۇنداقتا، نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭغا جەننەت كۆرسىتىلدى؟ نېمە ئۈچۈن بىر دەرەخ ھارام قىلىنىپ، ئۇ ئارقىلىق ئازغۇنلۇققا مۇبتىلا قىلىندى ۋە زېمىنغا ھەيدەلدى؟ ۋەھالەنكى، ئەزەلدىنلا بەلگىلىنىپ بولغان پروگراممىغا ئاساسەن ئۇ ئەسلىدە زېمىندا خەلىپىلىك ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىشى ئۈچۈن يارىتىلغان ئەمەسمىدى؟!» دېگەن سوئال كېلىپ چىقىدۇ.

مەنچە، ئادەم ئەلەيھىسسالامنى زېمىننىڭ خەلىپىلىكىنى ماڭدۇرالايدىغان قىلىپ تەييارلاپ چىقىش ئۈچۈن، مۇشۇ تۈنجى تەجرىبە ئېلىپ بېرىلغان. شۇ ئارقىلىق ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىچكى قۇۋۋەتلىرى ئويغىتىلغان، خاتالىششىنى تەجرىبە قىلدۇرۇپ، ئۇنىڭ نەتىجىسىنى كۆرسەتكەن. ئاندىن نادامەت، خىجالەت، دۈشمەننى تونۇش ۋە ئاللاھنىڭ تىنچ پاناھلىقىغا ئۆتۈش قاتارلىقلارنىڭ يوللىرى ئۆگىتىلگەن.

چەكلەنگەن دەرەخنىڭ ھېكايىسى، شەيتاننىڭ ئۇنى يېگۈزۈش ئۈچۈن قىلغان ۋەسۋەسىلىرى، ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەھدىسىنى ئۇنتۇپ قالغاندىن كېيىن ھۇشىنى تېپىۋېلىشى، نادامەت، تەۋبە، ئىستىغپار... قاتارلىق بۇ خىل ھالەت ۋە ھادىساتلارنىڭ ھەممىسى، ھەر بىر ئىنسان ھەر دائىم باشتىن كەچۈرۈپ تۇرىدىغان ئىشلاردۇر. ئاللاھنىڭ رەھىم - شەپقىتى شۇنى تەقەززا قىلغانكى، ئىنساننى خەلىپىلىك دىيارىغا چۈشۈرۈشتىن ئىلگىرى ئۇنى شەيتان بىلەن بولغان ئۈزۈلمەس كۆرەشكە تەييارلاش ئۈچۈن (يۈز بېرىشى ھاياتنىڭ بىر قىسمى بولغان) پۈتۈن ۋەقەلەرنى تەجرىبە قىلدۇرغان ۋە بۇ

تەجرىبىلەرنىڭ ئۇنىڭغا نىسبەتەن نەسىھەت ھەم ئىبرەتلىك ئاچچىق ساۋاق بولۇپ قېلىشىنى كۆزدە تۇتقان.

ئەمدىلىكتە: «بۇ تەجرىبە زادى قەيەردە قىلدۇرۇلغان؟ ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلەن ھاۋا ئانا مەلۇم مۇددەت تۇرغان يەر زادى قايسى جەننەت ئىدى؟ پەرىشتە دېگەن قانداق نېمە؟ ئىبلىسچۇ؟ ئاللاھ ئۇلارغا قانداق شەكىلدە خىتاب قىلدى؟ ئۇلار قانداق ھالەتتە جاۋاب قايتۇردى؟» دېگەن سوئاللار پەيدا بولىدۇ.

قۇرئان كەرىمدە تىلغا ئېلىنغان مۇشۇنداق سۆزلەرنىڭ ھەممىسى ئەسلىدە پەقەت ئاللاھ ئۆزىلا بىلىدىغان سىر - ھېكمەتلەردىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەقىقىي خاراكتېرىنى ۋە ماھىيەتلىرىنى بىلىشنىڭ ئىنسانغا ھېچبىر مەنپەئەتى يوقلۇقىنى ھەممىدىن خەۋەردار ھېكمەتلىك ئاللاھ ياخشى بىلىدۇ. شۇڭا ئاللاھ ئىنسانلارغا ئۇلارنىڭ ھەقىقىي ماھىيەت، خاراكتېرىنى بىلىش ئىقتىدارى ئاتا قىلمىغان. ئىنسان ئۇلارنىڭ ماھىيىتىنىڭ تەكتىگە يېتەلمەيدۇ. چۈنكى ئاللاھ ئىنسانغا دۇنيادىكى خەلىپىلىكنى ماڭدۇرۇشقا كېتەرلىكلا ئىدراكنى ئاتا قىلغان. بۇ ئىدراكنى غەيبنىڭ ماھىيىتىنى بىلىشكە ئىشلەتكىلى بولمايدۇ ھەمدە خەلىپىلىكنى ئادا قىلىش ئۈچۈنمۇ غەيىبنىڭ ماھىيىتىنى بىلىپ يېتىشىمىزنىڭ ھېچقانداق ھاجىتى يوق. شۇنىڭدەك «ئاللاھ ئىنسانغا تەبىئەت قانۇنىنى قانچىلىك مىقداردا، قانداق بويسۇندۇرۇپ بەرگەن؟ كائىناتنىڭ سىرلىرىدىن زادى قانچىلىك ئىلىم بەرگەن؟ ئىنساننىڭ كۆزىگە چېلىقمايدىغان زادى قانچىلىك غەيب سىرلىرى بار؟...» قاتارلىق بۇ ئىشلار ھەققىدە مەلۇماتلىق بولۇپ كېتىشىنىڭمۇ ئىنسانغا ھېچ قانداق زۆرۈرىيىتى يوق. گەرچە ئىنسانغا شۇنچە نۇرغۇن كائىنات سىرلىرى ئاتا قىلىنغان بولسىمۇ، يەنىلا ئىنسان بىر ئازدىن كېيىن يۈز بېرىدىغان ھادىسە، ۋەقەلەردىن پۈتۈنلەي خەۋەرسىز. شۇنچە تەييار شارائىت، ئۈسكۈنىلەرگە ۋە شۇنچە كەڭ ئىلىم ۋاستىلىرىگە ئىگە بولغان تۇرۇپمۇ، بىرئازدىن كېيىن نېمىلەرنىڭ بولىدىغانلىقىنى قەتئىي بىلمەيدۇ. ھەتتا ئۇ شۇ تاپتا ئېلىۋاتقان نىنىقى ئاخىرقى نىنىق بولۇپ قالامدۇ - قانداق؟ كېيىنكى نىنىقنى ئالالامدۇ - يوق؟ بۇنىمۇ بىلمەيدۇ. مانا بۇلار، غەيب پەردىسىنىڭ ئارقىسىدا يوشۇرۇن ھەقىقەتلەرنىڭ ئاددىغىنە بىر مىسالى. قىسقارتىپ ئېيتقاندا، خەلىپىلىك ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن بۇ غەيب ئىشلىرىنىڭ ھېچ بىرىنى بىلىشنىڭ لازىمى يوق. بەلكى مەن شۇنىمۇ ئېيتىپ قويالايمەنكى، ناۋادا ئىنسانغا بەزى سىرلار ئېچىپ بېرىلىدىغان بولسا، ئۇنىڭ پائالىيەتچانلىقىغا ئەكسى تەسىر كۆرسىتىدۇ. بۇنداق سىر - ئەسرارلار قانچىلىغان خىل بولۇپ، ئۇلار قويۇق غەيب پەردىسىگە ئۇرالغان بولىدۇ، ئاللاھدىن باشقا ھېچ كىم ئۇلارنى بىلمەيدۇ. شۇڭا ئىنساننىڭ ئەقلى بۇ مەيدانغا ئۇشۇقچە ئۇرۇنۇپ يۈرمەسلىكى لازىم. چۈنكى ئۇنىڭدا بۇ مەيداندا كارغا كېلىدىغان ۋاستە، ئۈسكۈنىلەر يوق. قانداقلا كىشى بۇ مەيدانغا كۈچ سەرپ قىلىدىكەن، ئۇنىڭ پۈتۈن تىرىشچانلىقى مەغلۇپ بولىدۇ، نەتىجىسىز ۋە ئۈنۈمسىز بولۇپ چىقىدۇ.

دېمەك، ئىنساننىڭ ئەقلىگە غەيب ئالەمگە ئائىت ئىشلارنى بىلىش ئىقتىدارى بېرىلمىگەن بولغاچقا نوقۇل تەرسالىق قىلىش سەۋەبىدىنلا غەيب ھەقىقەتلىرىنى ئىنكار قىلىشقا ھەققى بولمايدۇ. چۈنكى ھەرقانداق نەرسىنى ئىنكار قىلىشتىن ئىلگىرى ئۇ ھەقتە تولۇق بىلىم بولۇش لازىم. ئەمما غەيبنى بىلىش نە ئىنسان ئەقلىنىڭ ئىشى ئەمەس، نە ئۇنىڭ تەبىئىتى ۋە پائالىيەت ئىمكانى دائىرىسىگە كىرمەيدۇ. ئىنساندا ئۇنى بىلىپ يېتەلەيدىغان ۋاستىمۇ يوق، شۇنداقلا ئەقلىنىڭ ئۇنى بىلىشكە ئېھتىياجىمۇ يوق، ئۇنى بىلىش قانداقتۇر ئىنسان ئەقلىنىڭ دىنىي ۋەزىپىسىمۇ ئەمەس.

كونىلىق بىلەن خۇراپىلىقنىڭ ئىنتايىن خەتەرلىك ھەم زىيانلىق ئىكەنلىكىنى ئەلبەتتە ئېتىراپ قىلىمىز. ئەمما بۇنىڭدىنمۇ خەتەرلىك ھەم زىيانلىق بولغىنى، ئىنساننىڭ بىلىش دائىرىسىدىن تاشقىرى مەجھۇللارنى ئىنكار قىلىشى ياكى چۈشىنىش قۇدرىتىگە ئىگە بولالمىغان ھەقىقەتلەرنى ئىمكانسىز دەپ قارىشىدۇر. ئەگەر بىز ئىلىم بىلەن ئىشەنچكە بۇنداق ئۆلچەمنى قويۇۋالىدىغان بولساق، بۇ بىر ھايۋانىي ئۆلچەم بولغان بولىدۇ. گويا ئىنسانىيەت سەزگۈگە تايىنىپلا ياشايدىغان، ھېسسىي دائىرىدىن ھالقىپ، مۇتلەق ۋۇجۇد ئالەمگە يۈكسىلەلمەيدىغان ھايۋانات مەۋقەسىگە چۈشۈپ قالغان بولىدۇ. شۇڭا ئەڭ ياخشىسى، بىز بۇ غەيب ئالەمنى ئۆز ئىگىسىگە تاپشۇرايلى. بىزگە پەقەت ھەم دۇنيادىكى كۈندىلىك ھاياتىمىزنىڭ ھەم ماددىي ۋە مەنىۋىي جەھەتتىكى تەربىيىلىنىشىمىزنىڭ ئېھتىياجى ئۈچۈن بىلدۈرۈلگەن بەلگىلىك غەيب ئىلىملا يېتەرلىكتۇر.

ئەمدى بۇ قىسىمنىڭ كائىنات ۋە ئىنسانىيەتكە دائىر بەزى ھەقىقەتلەر تەرەپكە قاراتقان، جۈملىدىن مەۋجۇدىيەت ئالەمنىڭ تەسەۋۋۇرى، ئۇلارنىڭ ئۆز - ئارا باغلىنىشلىقى، ئىنساننىڭ تەبىئىتى ۋە گۈزەللىك بىلەن رەزىللىك ئۆلچىمى قاتارلىقلار تەرەپكە قاراتقان ئىشارىلىرى ئۈستىدە توختىلىمىز. چۈنكى ئىنسانلارنىڭ ھىدايىتى ۋە مەنپەئەتى دەل مۇشۇ نۇقتىلاردا ساقلانغان.

قېنى، بۇ يەردە "قۇرئاننىڭ سايىسى"غا مۇناسىپ بىر شەكىلدە ئەشۇ ئىشارە، تەسەۋۋۇر ۋە ھەقىقەتلەرنى قىسقىچە مۇلاھىزە قىلىپ باقايلى!

**1** - بۇ قىسىمدىن ئايدىڭلىشىدىغان نۇقتا شۇكى، ئىسلام تەسەۋۋۇرى ئىنسانغا، شۇنداقلا ئىنساننىڭ كائىناتتىكى ئورنىغا، فونكسىيىسىگە، ئىنسانىي قەدىر - قىممەت ئۆلچىمىگە يۈكسەك مەرتىۋە ۋە قىممەت ئاتا قىلىدۇ ھەمدە يەنە ئىسلام تەسەۋۋۇرىنىڭ ئىنسان بىلەن ۋە ئىنساننىڭ ئاللاھقا بەرگەن ئەھدىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ خاراكتېرىنى ھەمدە ئىنساننىڭ زېمىنغا خەلىپە بولۇشىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بۇ ئەھدىنىڭ ماھىيىتىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ئۈستۈنكى ئالەمدە ئويۇشتۇرۇلغان ئىنساننى ئۇلۇغلاش يىغىلىشىدىكى ئەشۇ ئۇلۇغۋار جاكارنىڭ ئۆزىدىنلا ئىسلام تەسەۋۋۇرىغا ئاساسەن ئىنسانغا نەقەدەر يۇكسەك قىممەت بېرىلگەنلىكى ئۆزلىگىدىن ئايدىڭلىشىدۇ. يەنى، بىر مەخلۇقنىڭ ئاللاھنىڭ خەلىپىسى بولۇشتەك يۇكسەك شەرەپكە ئىگە بولغانلىقىنىڭ ئەڭ روشەن ئىزھارى، ئاللاھنىڭ تۇپراقتىن پۈتكەن ئەشۇ خەستە بەندىگە ئالى پەرىشتىلەرنى سەجدە قىلىشقا بۇيرۇۋاتقانلىقى بىلەن تولۇق ئىپادىلىنىدۇ. بۇ يىغىلىشتا ئىبلىس تەكەببۇرلۇق قىلغانلىقى ئۈچۈن قوغلاندى بولىدۇ. بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى باشتىن ئاخىر ئاللاھنىڭ نازارىتى ئاستىدا يۈز بېرىدۇ.

ئىنسان ھەققىدە مانا شۇنداق نۇقتىئىنەزەرگە ئىگە بولغاندىن كېيىن، ئىنساننىڭ بۇ تەسەۋۋۇرى پىكىر ئالىمى بىلەن ئەمەلىي دۇنياسىدا ئىنتايىن چوڭقۇر ئۇلۇغۋار تەسىرلەرنى كۆرسىتىدۇ.

ئۇنىڭدىن بىرىنچى بولۇپ بارلىققا كېلىدىغان تەسەۋۋۇر: «ئىنسان بۇ دۇنيانىڭ خوجايىنى، دۇنيامۇ ئىنسان ئۈچۈن ۋە كائىناتتىكى پۈتۈن نەرسىلەرمۇ ئىنسان ئۈچۈن يارىتىلغان، شۇڭا ئۇ ھەرقانداق ماددىي شەيئىدىن ئۈستۈن، ھۆرمەتلىك ھەم قىممەتلىك. ئىنسان دۇنيادىكى پۈتۈن ماددىي قىممەتلەردىن يۇكسەك ئورۇندا تۇرىشى لازىم. شۇڭلاشقا ھەرقانچە كاتتا ماددىي مەنپەئەت ۋە ھەرقانچە ئۇلۇغ تەرەققىياتلار ئالدىدا ئىنساننىڭ تۆۋەنگە چۈشۈپ قىلىشىغا، خارلىنىشىغا يول قويۇلمايدۇ. ھەرقانداق بىر تۈردىكى ماددىي تەتقىقات، ماددىي ئۇتۇق، ھەرقانداق ماددىي مەھسۇلات ياكى ماددىي مەھسۇلاتنىڭ ئېشىشى ۋە قولغا كېلىشى ئۈچۈن ئىنساننىڭ ئىنسانىي ئەخلاق تەركىبىي قىسمىنىڭ ھېچ بىرىنى نەزەردىن ساقىت قىلىشقا بولمايدۇ. چۈنكى پۈتۈن ماددىلار ۋە پۈتۈن ھۈنەر - سانائەتلەر پەقەت ئىنساننىڭ ئادىمىلىكىنى تەرەققى قىلدۇرۇش ئۈچۈن، شۇنداقلا ئىنسان ھاياتىنىڭ ئىنسانىي سالاھىيەتتە داۋام ئېتىشى ئۈچۈن يارىتىلغان. قانداقتۇر ئىنساننىڭ ماددىي ھاياتىنى دەپ ئىنسانىي قەدىر - قىممىتىنى ۋە ئىنسانىي ئەخلاق - كارامىتىنىڭ تەركىبىي قىسمىنى يوق قىلىشقا ياكى زايا قىلىۋېتىشكە قەتئىي يول قويۇلمايدۇ» دېگەندىن ئىبارەت بولىدۇ.

**2** - ئىنسان يەر شارىغا ئەڭ زور تەسىر كۆرسەتكۈچى كۈچتۇر. چۈنكى زېمىننىڭ رەڭگ-روينى ئۆزگەرتىدىغانمۇ ئىنسان... ئىنساننىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىغا چوڭقۇر باغلىنىش، مۇناسىۋەتلەرنى ئورنىتىدىغانمۇ ئىنسان... ھاياتلىق كارۋىنىنىڭ سەپەر يۆنىلىشىنى بەلگىلەپ بېرىدىغان قۇماندان ۋە يولباشچىمۇ يەنە شۇ ئىنسان... ماددىي مەھسۇلات ۋە ماددىي مەھسۇلاتلارنىڭ تەقسىمات قانۇنىنىڭ ھېچ بىرى ئىنسانغا رەھبەرلىك قىلىش سالاھىيىتىگە ئىگە ئەمەس. بىراق ئىنساننىڭ چۆلۆۋرى ماددىنىڭ قولىدا بولىدىغان ھەمدە ئىنسان خۇددى چارىسىز ھايۋاندەك ئۇنىڭ ئارقىدىن ئامالسىزلارچە ماڭىدىغان (خۇددى ھازىرقى بىر قىسىم پەيلاسوپلار تەسۋىرلەپ بېرىۋاتقاندەك ئۇلارنىڭ ئىنسانىي تەسەۋۋۇرىدا ئىنساننىڭ ھېچ بىر

سالاھىيتى بولمايدىغان) بۇنداق تۈزۈملەردە بولسا، ماشىنا - ئۈسكۈنىلەرنىڭ بارغانچە قەدىر - قىممىتى ئۆسۈپ، ئىنساننىڭ قەدىر - قىممىتى ئاياق - ئاستى بولۇشقا باشلايدۇ.

قۇرئان كەرىم ئىنساننى ئاللاھنىڭ زېمىندىكى خەلىپىسى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئۇنى كائىنات تۈزۈلمىسىگە ئەڭ ئاساسلىق تەسىر كۆرسەتكۈچى كۈچ، بىرىنچى بولۇپ چۈشىنىلىشى كېرەكلىك ئامىل دەپ قارايدۇ. ئىنساننىڭ يەر يۈزىدىكى خەلىپىلىكى ئوخشاش بولمىغان يوللاردىن ئاسمان، زېمىن، بۇلۇت، يامغۇر، قوياش، سەييارە، يۇلتۇز... قاتارلىقلار بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتلىكتۇر. دېمەككى، بۇ بارچە مەۋجۇتلۇقلارنىڭ يارىتىلىشىدا گېئومېترىك شەكىللىرى ۋە فونكسىيىسىدە، ئۇلارنىڭ يەر يۈزىدىكى ئىنسان ھاياتىغا مۇقىملىق يارىتىشى ھەمدە ئىنساننىڭ خەلىپىلىك مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلالىشىغا مەدەتكار بولۇشى كۆزدە تۇتۇلغان.

بۇنىڭ ئىنسانغا بېرىلگەن نەقەدەر يۈكسەك ماقام ئىكەنلىكىگە، شۇنداقلا ماتېرىيالىست ئېقىملار تەرىپىدىن ئۇنىڭغا تەيىن قىلىنغان ناچار، پەسكەش سالاھىيەتكە ھەمدە ئۇنىڭدىن بىر قەدەم بولسىمۇ يۈكسىلىشكە يول قويماسلىققا بىر قاراپ چىقىش لازىم.

شۈبھىسىزكى، ئىنسان ئۇچۇن تۈزۈپ چىقىلغان ھەرقانداق قانۇن - تۈزۈم، يا ئىسلامنىڭ نەزەرىيەسىگە ياكى ماددىزىمنىڭ نەزەرىيەسىگە ئۇيغۇن تۈزۈپ چىقىلىدۇ. ئۇنىڭ نەتىجىسىدە، ئىنساننىڭ يۈكسەك قەدىر - قىممىتى يا تېخىمۇ يۈكسىلىدۇ ياكى ئاياق ئاستى بولىدۇ. ئىنسان يا مەخلۇقاتلارنىڭ ئەڭ شەرەپلىكىگە ئايلىنىدۇ ياكى ئەرزىمەس ماشىنا - ئۈسكۈنىگە ئايلىنىدۇ. بۈگۈنكى ماددىزىم دۇنياسىنىڭ پەقەتلا ماددىي تەرەققىياتنى ۋە ماددىي مەھسۇلاتلارنىڭ ئېشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن ھەر تۈرلۈك ئىنساني شەرەپ ۋە ئىنساني ئازاتلىقنى، جۈملىدىن، ئىنساننىڭ ئىنسانىيلىقىنى دەپسەندە قىلىپ، ۋەيران قىلىۋاتقانلىقى دەل ماتېرىيالىست قانۇن - تۈزۈمنىڭ ئىنسان ۋە ئۇنىڭ دۇنيادىكى ئەھمىيىتى ھەققىدە تۈزۈپ چىققان نۇقتىئىنەزىرىنىڭ نەتىجىسىدۇر.

بىراق ماتېرىيالىزمنىڭ دەل ئەكسىچە، ئىنساننىڭ ھەقىقىتى ۋە يارىتىلىشىنىڭ مەقسىتى ھەققىدە ئىسلام دىنى ئوتتۇرىغا قويغان تەسەۋۋۇرنىڭ ئۆلچەم تارازىسىدا ئىنساني ئەدەپ - ئەخلاقنىڭ قەدىر - قىممىتى يۈكسىلىدۇ. ئەخلاقىي پەزىلەت ۋە ئۈستۈنلۈك ئىنتايىن ئەھمىيەتلىك ئورۇنغا ئۆتىدۇ. ئىنساننىڭ ھاياتىدا ئىمان، ياخشىلىق، ئىخلاس دېگەنگە ئوخشاش سۈپەتلەر مۇھىم ھېسابلىنىدىغان بولىدۇ. چۈنكى ئىسلام تەسەۋۋۇرىغا ئاساسەن ئىنساننىڭ زېمىندىكى خەلىپىلىك ۋەزىپىسى دەل ئەنە شۇ ئالىي قىممەتلىك خۇسۇسىيەتلەر بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك.

«فَإِمَّا يَأْتِيَنَّكُم مِّنِّى هُدًى فَمَن تَبِعَ هُدَاىَ فَلَا خَوْفٌ عَلَيْهِمْ وَلَا هُمْ يَحْزَنُونَ » «سىلەرگە مەن تەرەپتىن بىر ھىدايەت (يوليورۇق) كېلىدۇ، قانداق كىشىلەر ئۇنىڭغا ئەگىشىدىكەن، ئۇلارغا ھېچ قانداق قورقۇنچ ۋە غەم - قايغۇ بولمايدۇ» دېمەككى، مانا بۇ قەدىر - قىممەت پۈتۈن ماددىلارنىڭ قەدىر - قىممىتىدىن يۇكسەك ئورۇندا تۇرىدۇ. ئەمما شۇنىمۇ ئەستىن چىقارماسلىقىمىز لازىمكى، بۇ ماددىي قىممەتلەرنى ھاسىل قىلىشمۇ دەل زېمىندىكى خەلىپىلىكىمىزنىڭ مەقستى ئىچىگە كىرىدۇ. لېكىن ماددىي قىممەتلەر چوقۇم يۇكسەك روھىي ۋە ئەخلاقىي قىممەتلەرگە بويسۇنغان، ھەرگىزمۇ ئاساسىي مەقسەتكە ئايلىنىپ قالمىغان بولۇشى لازىم. مۇشۇ ۋەجىدىنلا ئىسلام دىنى ئىنساننىڭ ۋىجدانىنى شۇ قەدەر پاك ۋە ساپ، ئالىي ھايات كەچۈرۈشكە قايىل قىلىدۇكى، باشقا بارلىق ماتېرىيالىست نەزەرىيەلەر بولسا، مەنىۋىيەتنىڭ يۇكسەكلىكىگە كەمسىتىش نەزىرى بىلەن قارايدۇ، ماددا ئۈچۈن ئىنسانىي ئەدەپ - ئەخلاقنىمۇ قويماي قۇربان قىلىدۇ. بۇنىڭ ھەممىسى پەقەت تۇرمۇشنىڭ ئەيشى - ئىشرىتىنى ئاشۇرۇش، شۇنداقلا ھايۋانغا ئوخشاش قورساقخۇمارلىق ئۈچۈنلا بولىدۇ[1].

ئىسلامنىڭ تەسەۋۋۇرىدا ئىنساننىڭ نەقەدەر يۇكسەك ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى ئۇنىڭ ئىرادىلىك ۋە ئىختىيارلىق مەخلۇق قىلىنغانلىقىدىن بىلىۋېلىشقا بولىدۇ. ناۋادا ئىرادىلىك ھەم ئىختىيارلىق بولمىسا ئىدى، ئۇنىڭ ئاللاھ بىلەن تۈزگەن ئەھدىسىنىڭ نېمە سالاھىيتى بولسۇن؟ چۈنكى ئىختىيارلىقى بولغاچقىلا ئىنساننىڭ مەسئۇلىيىتى بولىدۇ، جازاغا ياكى مۇكاپاتقا ھەقلىق بولىدۇ. ئەگەر ئىنسان ئۆز ئىرادىسىدە پۇختا بولۇپ، نەپسى خاھىشلىرىنى كونترول قىلالىۋالايدىغان بولسا، پەرىشتىلەردىنمۇ يۇكسەك ماقام ھاسىل قىلالايدۇ، ھەمدە دوزىخ كېلىدىغان ھەربىر تەتۈرلۈكتىن ساقلىنىپ قالالايدۇ. ناۋادا ئۇنىڭ نەپسانىي خاھىشى ئىرادىسىدىن غالىپ كېلىپ، ھاياتىدا ھىدايەتنىڭ ئورنىنى زالالەت ئىگەللەپ كەتسە، ھەمدە ئاللاھقا بەرگەن ئەھدىسىنى ئۇنتۇپ كەتسە، ئۆزىنىڭ يۇكسەك ماقامىدىن يىقىلىپ، ئۆزى ئۈچۈن خارلىق ۋە ھالاكەتنى تەييار قىلغان بولىدۇ.

مانا بۇ يەردە، ئاللاھنىڭ باشقا مەرھەمەتلىرى بىلەن بىرگە، يەنە بىر تۈركۈم يېڭى مەرھەمىتىنى كۆرىمىز. ئۇ بولسىمۇ، بەختىيارلىق بىلەن بەختسىزلىكنىڭ، يۇكسەكلىك بىلەن چۈشكۈنلۈكنىڭ، ئىرادىلىك ئىنسان بىلەن ئىرادىسىز ھايۋاننىڭ ماڭىدىغان يولىنىڭ ئايرىلىش نۇقتىسىنى ئەسلىتىۋاتقانلىقىدۇر.

بۇ قىسسىدە تەسۋىرلەنگەن ۋەقەلەر جەريانىدا شەيتان بىلەن ئىنسان ئوتتۇرىسىدىكى جەڭنىڭ ماھىيىتى ئەسلىتىلگەن بولۇپ، بۇ جەڭ ئاللاھقا بېرىلگەن ئەھدە بىلەن شەيتاننىڭ

---

[1] تەپسىلى مۇلاھىزە ئۈچۈن مۇھەممەد قۇتۇبنىڭ ”داروش شۇرۇق نەشرىياتى“ تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «الانسان بين المادية والاسلام» «ئىنسان، ئىسلام بىلەن ماتېرىيالىزم ئارىسىدا» دېگەن كىتابىغا قارالسۇن.

پىتنىلىرى، ئىمان بىلەن كۇپىر، ھەق بىلەن باتىل، ھىدايەت بىلەن زالالەت ئارىسىدا داۋام قىلىدۇ. بۇ جەڭنىڭ مەيدانى دەل ئىنساننىڭ ئۆزى بولۇپ، غەلىبە قىلىدىغانمۇ ۋە مەغلۇپ بولىدىغانمۇ يەنىلا ئىنساننىڭ ئۆزىدۇر. مەنپەئەت ۋە زىياننىڭ بۇ قىززىق بازىرىمۇ ھەم دەل ئىنساننىڭ ۋىجدانىدىدۇر. شۇڭا ئاللاھ تائالا ئىنساننىڭ دائىم سەگەك تۇرۇشى كېرەكلىكىنى، چۈنكى ئىنسان ھەردائىم جەڭ مەيداندا بولۇپ، ئۇنىڭدا يا ھالاك بولىدىغانلىقى ياكى غەنىمەتلىك غالىپ بولىدىغانلىقىنى ئەسكەرتىدۇ.

بۇ قىسسىدە يەنە ئىسلامنىڭ خاتالىققا ۋە تەۋبە قىلىشقا بولغان قارىشىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇپ بېرىلىدۇ. گۇناھنىڭ سادىر بولۇشى كىشىلىك مەسىلە بولغانغا ئوخشاش، تەۋبىمۇ كىشىلىك مەسىلە ھېسابلىنىدۇ. بۇ قاراشنىڭ ھېچ قانداق تۇتۇق ياكى چىگىش تەرىپى يوق. ئىسلامدا چېركاۋ ئەھلىنىڭكىگە ئوخشاش: «ئىنسان تۇغۇلىشىدىنلا گۇناھكار تۇغۇلىدۇ. ئەيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ چارمىخقا مىخلىنىشى ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ گۇناھىنىڭ كاپارىتى ئۈچۈن بولغان» دېگەندەك، گۇناھنىڭ روھانىي كاپارەت تەسەۋۋۇرى يوق. چۈنكى بۇ ئىنتايىن خاتا تەسەۋۋۇر. ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ خاتالىششى كىشىلىك ئەمەل بولۇپ، ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇشنىڭ يولىمۇ كىشىلىك نادامەت ۋە تەۋبىدىن ئىبارەتتۇر. مانا بۇ، ئىنتايىن ساپ، چۈشىنىشلىك، رەشەن يول. ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلاتلىرىنىڭ ھەربىرى ئۆزىنىڭ قىلغان ئەمەلىگىلا مەسئۇل، ھەممەيلەنگە تەۋبىنىڭ دەرۋازىسى ئوخشاشلا ئوچۇق، شۇنچە ساپ، ساددا ۋە ئاسان.

قېنى، بۇ تەسەۋۋۇرنىڭ نەقەدەر روشەن، يېقىملىق ئىكەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ بېقىڭ! ھەر بىر كىشى ئۆز يۈكىنى ئۆزى كۆتۈرۈشى لازىم. بۇ تەسەۋۋۇر ئىنساننى ياخشىلىقنى ھاسىل قىلىش ئۈچۈن تىرىششقا ھازىر قىلىپ، مەيۈسلىك ۋە ئۈمىدسىزلىكتىن يىراقلاشتۇرىدۇ. چۈنكى «إِنَّ اللَّهَ هُوَ التَّوَّابُ الرَّحِيمُ» «ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچى ۋە ئىنتايىن رەھىم قىلغۇچىدۇر».

بۇ، ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسىدىكى ئىشارىلەرنىڭ كىچىككىنە بىر تەرىپى بولۇپ، بىز ''قۇرئاننىڭ سايىسىدا'' شۇنىڭ بىلەنلا كۇپايىلىنىپ تۇرىمىز. چۈنكى ئۇنىڭدىكى ئىشارىلەرنىڭ ئەشۇ كىچىككىنە تەرىپىدىلا بىباھا ھەقىقەتلەر بىلەن ساغلام تەسەۋۋۇرلارنىڭ قىممەتلىك خەزىنىلىرى ساقلانغان. شۇڭا بۇ قىسسىدە ئاجايىپ قىممەتلىك ئىشارىلەر بىلەن يولىيورۇقلارنىڭ تۈگىمەس - پۈتمەس بولىقى تېپىپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭدا ئىسلامنىڭ ئىجتىمائىي تەسەۋۋۇرى ۋە ئىجتىمائىي ئاساسلىرى مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن، ئۇلارنى ياخشىلىق، ئەخلاق - پەزىلەت قاتارلىق گۈزەللىكلەر بىلەن تېخىمۇ مۇستەھكەملىگەن. بىز مانا بۇ تەرىپىنى مۇلاھىزە قىلىدىغان بولساق، ئۇ بىزگە قۇرئاندىكى قىسسىلەرنىڭ زور ئەھمىيىتىنى ۋە مەقسىدىنى، شۇنداقلا بۇ قىسسىلەرنىڭ ئىسلام ئەقىدىسىنىڭ ئاساسلىرىنى قانداق كۈچەيتىپ بېرىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدۇرىدۇ. ھەمدە يەنە: «ئاللاھقا يۈزلىنىپ كېتىۋاتقان ۋە ئاللاھ

تەرەپكىلا قايتىدىغان بۇ كائىناتنى ئاللاھ ياراتقان. شۇڭا ئۇنىڭغا ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىكى ئۈستۈن ھۆكۈمرانلىق ھۆكۈمران بولۇشى لازىم» دېگەن توپ ئاساستىن ئىبارەت يۈكسەك قەدىر - قىممەتلەرنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بېرىدۇ.

دەرۋەقە، ئىنساننىڭ خەلىپە بولۇش كېلىشمى ئاللاھنىڭ ھىدايىتىنى ئۆزىگە ئاساس قىلغان. ئۇنىڭ ئەڭ مۇھىم شەرتى ئىنساننىڭ ئىسلام قانۇنىغا ئۇيغۇن ھايات كەچۈرىشىدۇر. بۇ كېلىشىمدىن كېيىنلا، ئىنسان بىر ئىرادىلىك مەخلۇق بولۇش سالاھىيىتى بىلەن گويا ئاچا يولنىڭ دوقمۇشىدا تۇرغان ھالغا كېلىدۇ. بىر تەرەپتە ئاللاھ ئۇنى چاقىرىۋاتقان ۋە ئۇ چاقىرىقنى ئاڭلاۋاتقان بولىدۇ، ئەگەر بىر قارارغا كەلسە، ئۇدۇل سىراتەل مۇستەقىمگە مېڭىپ كېتىدۇ. يەنە بىر تەرەپتە شەيتان ئۇنى چاقىرىۋاتقان بولىدۇ. ئەگەر ئۇ خالىسا، شەيتاننىڭ يولىغا مېڭىپ كېتىدۇ. پەقەت مۇشۇ ئىككىلا يول بولۇپ، باشقا ئۈچىنچى بىر يول ئەسلا مەۋجۇت ئەمەس. يا ئاللاھنىڭ يولى، يا شەيتاننىڭ... يا ھىدايەتنىڭ يولى ياكى زالالەتنىڭ... ياھەقنىڭ يولى يا باتىلنىڭ... يا غالىبىيەتنىڭ يولى يا مەغلۇبىيەتنىڭ... مانا بۇلار، قۇرئان كەرىم بىرىنچى قاتاردا ئوتتۇرىغا قويىدىغان ھەقىقەت بولۇپ، ئىنسانىيەت دۇنياسىدىكى پۈتۈن قانۇن - تۈزۈم، نەزەرىيە تەسەۋۋۇر ۋە ھاياتلىق يوللىرىنىڭ ھەممىسى دەل مانا مۇشۇ ھەقىقەت ئۈستىگە قۇرۇلغان.

***********

# 40 - دىن 74 - گىچە بولغان ئايەتلەرنىڭ شەرھىسى

يَٰبَنِيٓ إِسۡرَٰٓءِيلَ ٱذۡكُرُواْ نِعۡمَتِيَ ٱلَّتِيٓ أَنۡعَمۡتُ عَلَيۡكُمۡ وَأَوۡفُواْ بِعَهۡدِيٓ أُوفِ بِعَهۡدِكُمۡ وَإِيَّٰيَ
فَٱرۡهَبُونِ ﴿٤٠﴾ وَءَامِنُواْ بِمَآ أَنزَلۡتُ مُصَدِّقٗا لِّمَا مَعَكُمۡ وَلَا تَكُونُوٓاْ أَوَّلَ كَافِرِۭ بِهِۦۖ وَلَا تَشۡتَرُواْ
بِـَٔايَٰتِي ثَمَنٗا قَلِيلٗا وَإِيَّٰيَ فَٱتَّقُونِ ﴿٤١﴾ وَلَا تَلۡبِسُواْ ٱلۡحَقَّ بِٱلۡبَٰطِلِ وَتَكۡتُمُواْ ٱلۡحَقَّ وَأَنتُمۡ تَعۡلَمُونَ
﴿٤٢﴾ وَأَقِيمُواْ ٱلصَّلَوٰةَ وَءَاتُواْ ٱلزَّكَوٰةَ وَٱرۡكَعُواْ مَعَ ٱلرَّٰكِعِينَ ﴿٤٣﴾ ۞ أَتَأۡمُرُونَ ٱلنَّاسَ بِٱلۡبِرِّ وَتَنسَوۡنَ
أَنفُسَكُمۡ وَأَنتُمۡ تَتۡلُونَ ٱلۡكِتَٰبَۚ أَفَلَا تَعۡقِلُونَ ﴿٤٤﴾ وَٱسۡتَعِينُواْ بِٱلصَّبۡرِ وَٱلصَّلَوٰةِۚ وَإِنَّهَا لَكَبِيرَةٌ إِلَّا
عَلَى ٱلۡخَٰشِعِينَ ﴿٤٥﴾ ٱلَّذِينَ يَظُنُّونَ أَنَّهُم مُّلَٰقُواْ رَبِّهِمۡ وَأَنَّهُمۡ إِلَيۡهِ رَٰجِعُونَ ﴿٤٦﴾ يَٰبَنِيٓ إِسۡرَٰٓءِيلَ ٱذۡكُرُواْ
نِعۡمَتِيَ ٱلَّتِيٓ أَنۡعَمۡتُ عَلَيۡكُمۡ وَأَنِّي فَضَّلۡتُكُمۡ عَلَى ٱلۡعَٰلَمِينَ ﴿٤٧﴾ وَٱتَّقُواْ يَوۡمٗا لَّا تَجۡزِي نَفۡسٌ عَن
نَّفۡسٖ شَيۡـٔٗا وَلَا يُقۡبَلُ مِنۡهَا شَفَٰعَةٞ وَلَا يُؤۡخَذُ مِنۡهَا عَدۡلٞ وَلَا هُمۡ يُنصَرُونَ ﴿٤٨﴾ وَإِذۡ نَجَّيۡنَٰكُم مِّنۡ
ءَالِ فِرۡعَوۡنَ يَسُومُونَكُمۡ سُوٓءَ ٱلۡعَذَابِ يُذَبِّحُونَ أَبۡنَآءَكُمۡ وَيَسۡتَحۡيُونَ نِسَآءَكُمۡۚ وَفِي ذَٰلِكُم بَلَآءٞ
مِّن رَّبِّكُمۡ عَظِيمٞ ﴿٤٩﴾ وَإِذۡ فَرَقۡنَا بِكُمُ ٱلۡبَحۡرَ فَأَنجَيۡنَٰكُمۡ وَأَغۡرَقۡنَآ ءَالَ فِرۡعَوۡنَ وَأَنتُمۡ تَنظُرُونَ ﴿٥٠﴾
وَإِذۡ وَٰعَدۡنَا مُوسَىٰٓ أَرۡبَعِينَ لَيۡلَةٗ ثُمَّ ٱتَّخَذۡتُمُ ٱلۡعِجۡلَ مِنۢ بَعۡدِهِۦ وَأَنتُمۡ ظَٰلِمُونَ ﴿٥١﴾ ثُمَّ عَفَوۡنَا
عَنكُم مِّنۢ بَعۡدِ ذَٰلِكَ لَعَلَّكُمۡ تَشۡكُرُونَ ﴿٥٢﴾ وَإِذۡ ءَاتَيۡنَا مُوسَى ٱلۡكِتَٰبَ وَٱلۡفُرۡقَانَ لَعَلَّكُمۡ تَهۡتَدُونَ
﴿٥٣﴾ وَإِذۡ قَالَ مُوسَىٰ لِقَوۡمِهِۦ يَٰقَوۡمِ إِنَّكُمۡ ظَلَمۡتُمۡ أَنفُسَكُم بِٱتِّخَاذِكُمُ ٱلۡعِجۡلَ فَتُوبُوٓاْ إِلَىٰ
بَارِئِكُمۡ فَٱقۡتُلُوٓاْ أَنفُسَكُمۡ ذَٰلِكُمۡ خَيۡرٞ لَّكُمۡ عِندَ بَارِئِكُمۡ فَتَابَ عَلَيۡكُمۡۚ إِنَّهُۥ هُوَ ٱلتَّوَّابُ ٱلرَّحِيمُ
﴿٥٤﴾ وَإِذۡ قُلۡتُمۡ يَٰمُوسَىٰ لَن نُّؤۡمِنَ لَكَ حَتَّىٰ نَرَى ٱللَّهَ جَهۡرَةٗ فَأَخَذَتۡكُمُ ٱلصَّٰعِقَةُ وَأَنتُمۡ تَنظُرُونَ
﴿٥٥﴾ ثُمَّ بَعَثۡنَٰكُم مِّنۢ بَعۡدِ مَوۡتِكُمۡ لَعَلَّكُمۡ تَشۡكُرُونَ ﴿٥٦﴾ وَظَلَّلۡنَا عَلَيۡكُمُ ٱلۡغَمَامَ وَأَنزَلۡنَا
عَلَيۡكُمُ ٱلۡمَنَّ وَٱلسَّلۡوَىٰۖ كُلُواْ مِن طَيِّبَٰتِ مَا رَزَقۡنَٰكُمۡۖ وَمَا ظَلَمُونَا وَلَٰكِن كَانُوٓاْ أَنفُسَهُمۡ يَظۡلِمُونَ
﴿٥٧﴾ وَإِذۡ قُلۡنَا ٱدۡخُلُواْ هَٰذِهِ ٱلۡقَرۡيَةَ فَكُلُواْ مِنۡهَا حَيۡثُ شِئۡتُمۡ رَغَدٗا وَٱدۡخُلُواْ ٱلۡبَابَ سُجَّدٗا

وَقُولُواْ حِطَّةٞ نَّغۡفِرۡ لَكُمۡ خَطَٰيَٰكُمۡۚ وَسَنَزِيدُ ٱلۡمُحۡسِنِينَ ﴿٥٨﴾ فَبَدَّلَ ٱلَّذِينَ ظَلَمُواْ قَوۡلًا غَيۡرَ
ٱلَّذِي قِيلَ لَهُمۡ فَأَنزَلۡنَا عَلَى ٱلَّذِينَ ظَلَمُواْ رِجۡزٗا مِّنَ ٱلسَّمَآءِ بِمَا كَانُواْ يَفۡسُقُونَ ﴿٥٩﴾ ۞ وَإِذِ
ٱسۡتَسۡقَىٰ مُوسَىٰ لِقَوۡمِهِۦ فَقُلۡنَا ٱضۡرِب بِّعَصَاكَ ٱلۡحَجَرَۖ فَٱنفَجَرَتۡ مِنۡهُ ٱثۡنَتَا عَشۡرَةَ عَيۡنٗاۖ قَدۡ
عَلِمَ كُلُّ أُنَاسٖ مَّشۡرَبَهُمۡۖ كُلُواْ وَٱشۡرَبُواْ مِن رِّزۡقِ ٱللَّهِ وَلَا تَعۡثَوۡاْ فِي ٱلۡأَرۡضِ مُفۡسِدِينَ ﴿٦٠﴾
وَإِذۡ قُلۡتُمۡ يَٰمُوسَىٰ لَن نَّصۡبِرَ عَلَىٰ طَعَامٖ وَٰحِدٖ فَٱدۡعُ لَنَا رَبَّكَ يُخۡرِجۡ لَنَا مِمَّا تُنۢبِتُ ٱلۡأَرۡضُ مِنۢ
بَقۡلِهَا وَقِثَّآئِهَا وَفُومِهَا وَعَدَسِهَا وَبَصَلِهَاۖ قَالَ أَتَسۡتَبۡدِلُونَ ٱلَّذِي هُوَ أَدۡنَىٰ بِٱلَّذِي هُوَ
خَيۡرٌۚ ٱهۡبِطُواْ مِصۡرٗا فَإِنَّ لَكُم مَّا سَأَلۡتُمۡۗ وَضُرِبَتۡ عَلَيۡهِمُ ٱلذِّلَّةُ وَٱلۡمَسۡكَنَةُ وَبَآءُو بِغَضَبٖ
مِّنَ ٱللَّهِۗ ذَٰلِكَ بِأَنَّهُمۡ كَانُواْ يَكۡفُرُونَ بِـَٔايَٰتِ ٱللَّهِ وَيَقۡتُلُونَ ٱلنَّبِيِّـۧنَ بِغَيۡرِ ٱلۡحَقِّۗ ذَٰلِكَ بِمَا
عَصَواْ وَّكَانُواْ يَعۡتَدُونَ ﴿٦١﴾ إِنَّ ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَٱلَّذِينَ هَادُواْ وَٱلنَّصَٰرَىٰ وَٱلصَّٰبِـِٔينَ مَنۡ
ءَامَنَ بِٱللَّهِ وَٱلۡيَوۡمِ ٱلۡأٓخِرِ وَعَمِلَ صَٰلِحٗا فَلَهُمۡ أَجۡرُهُمۡ عِندَ رَبِّهِمۡ وَلَا خَوۡفٌ عَلَيۡهِمۡ وَلَا هُمۡ
يَحۡزَنُونَ ﴿٦٢﴾ وَإِذۡ أَخَذۡنَا مِيثَٰقَكُمۡ وَرَفَعۡنَا فَوۡقَكُمُ ٱلطُّورَ خُذُواْ مَآ ءَاتَيۡنَٰكُم بِقُوَّةٖ وَٱذۡكُرُواْ مَا
فِيهِ لَعَلَّكُمۡ تَتَّقُونَ ﴿٦٣﴾ ثُمَّ تَوَلَّيۡتُم مِّنۢ بَعۡدِ ذَٰلِكَۖ فَلَوۡلَا فَضۡلُ ٱللَّهِ عَلَيۡكُمۡ وَرَحۡمَتُهُۥ لَكُنتُم
مِّنَ ٱلۡخَٰسِرِينَ ﴿٦٤﴾ وَلَقَدۡ عَلِمۡتُمُ ٱلَّذِينَ ٱعۡتَدَوۡاْ مِنكُمۡ فِي ٱلسَّبۡتِ فَقُلۡنَا لَهُمۡ كُونُواْ قِرَدَةً خَٰسِـِٔينَ ﴿٦٥﴾
فَجَعَلۡنَٰهَا نَكَٰلٗا لِّمَا بَيۡنَ يَدَيۡهَا وَمَا خَلۡفَهَا وَمَوۡعِظَةٗ لِّلۡمُتَّقِينَ ﴿٦٦﴾ وَإِذۡ قَالَ مُوسَىٰ لِقَوۡمِهِۦٓ إِنَّ ٱللَّهَ
يَأۡمُرُكُمۡ أَن تَذۡبَحُواْ بَقَرَةٗۖ قَالُوٓاْ أَتَتَّخِذُنَا هُزُوٗاۖ قَالَ أَعُوذُ بِٱللَّهِ أَنۡ أَكُونَ مِنَ ٱلۡجَٰهِلِينَ ﴿٦٧﴾
قَالُواْ ٱدۡعُ لَنَا رَبَّكَ يُبَيِّن لَّنَا مَا هِيَۚ قَالَ إِنَّهُۥ يَقُولُ إِنَّهَا بَقَرَةٞ لَّا فَارِضٞ وَلَا بِكۡرٌ عَوَانُۢ بَيۡنَ
ذَٰلِكَۖ فَٱفۡعَلُواْ مَا تُؤۡمَرُونَ ﴿٦٨﴾ قَالُواْ ٱدۡعُ لَنَا رَبَّكَ يُبَيِّن لَّنَا مَا لَوۡنُهَاۚ قَالَ إِنَّهُۥ يَقُولُ إِنَّهَا
بَقَرَةٞ صَفۡرَآءُ فَاقِعٞ لَّوۡنُهَا تَسُرُّ ٱلنَّٰظِرِينَ ﴿٦٩﴾ قَالُواْ ٱدۡعُ لَنَا رَبَّكَ يُبَيِّن لَّنَا مَا هِيَ إِنَّ ٱلۡبَقَرَ
تَشَٰبَهَ عَلَيۡنَا وَإِنَّآ إِن شَآءَ ٱللَّهُ لَمُهۡتَدُونَ ﴿٧٠﴾ قَالَ إِنَّهُۥ يَقُولُ إِنَّهَا بَقَرَةٞ لَّا ذَلُولٞ تُثِيرُ ٱلۡأَرۡضَ وَلَا

تَسْقِى ٱلْحَرْثَ مُسَلَّمَةٌ لَّا شِيَةَ فِيهَا ۚ قَالُوا۟ ٱلْـَٔـٰنَ جِئْتَ بِٱلْحَقِّ ۚ فَذَبَحُوهَا وَمَا كَادُوا۟ يَفْعَلُونَ ﴿٧١﴾
وَإِذْ قَتَلْتُمْ نَفْسًا فَٱدَّٰرَْٰٔتُمْ فِيهَا ۖ وَٱللَّهُ مُخْرِجٌ مَّا كُنتُمْ تَكْتُمُونَ ﴿٧٢﴾ فَقُلْنَا ٱضْرِبُوهُ بِبَعْضِهَا ۚ كَذَٰلِكَ
يُحْىِ ٱللَّهُ ٱلْمَوْتَىٰ وَيُرِيكُمْ ءَايَـٰتِهِۦ لَعَلَّكُمْ تَعْقِلُونَ ﴿٧٣﴾ ثُمَّ قَسَتْ قُلُوبُكُم مِّنۢ بَعْدِ ذَٰلِكَ فَهِىَ
كَٱلْحِجَارَةِ أَوْ أَشَدُّ قَسْوَةً ۚ وَإِنَّ مِنَ ٱلْحِجَارَةِ لَمَا يَتَفَجَّرُ مِنْهُ ٱلْأَنْهَـٰرُ ۚ وَإِنَّ مِنْهَا لَمَا يَشَّقَّقُ فَيَخْرُجُ
مِنْهُ ٱلْمَآءُ ۚ وَإِنَّ مِنْهَا لَمَا يَهْبِطُ مِنْ خَشْيَةِ ٱللَّهِ ۗ وَمَا ٱللَّهُ بِغَـٰفِلٍ عَمَّا تَعْمَلُونَ ﴿٧٤﴾

ئى ئىسرائىل ئەۋلادى! مېنىڭ سىلەرگە بەرگەن نېمىتىمنى ياد ئېتىڭلار، ماڭا بەرگەن (ئىمان ئېيتىش ۋە تائەت-ئىبادەت قىلىش ھەققىدىكى) ۋەدەڭلارغا ۋاپا قىلىڭلار، مەنمۇ سىلەرگە قىلغان (ساۋاب بېرىش ھەققىدىكى) ۋەدەمگە ۋاپا قىلىمەن، مەندىنلا قورقۇڭلار. (40) مەن نازىل قىلغان تەۋراتنى تەستىق قىلغۇچى قۇرئانغا ئىمان كەلتۈرۈڭلار، قۇرئاننى بىرىنچى بولۇپ ئىنكار قىلغۇچى بولماڭلار، ئايەتلىرىمنى ئەرزان باھادا سېتىۋەتمەڭلار، ماڭىلا تەقۋادارلىق قىلىڭلار. (41) ھەقنى باتىلغا (يەنى ئاللاھ نازىل قىلغان ھەقىقەتنى ئۆزەڭلار ئويدۇرۇپ چىققان نەرسىگە) ئارىلاشتۇرماڭلار، ھەقنى بىلىپ تۇرۇپ يوشۇرماڭلار. (42) نامازنى ئادا قىلىڭلار، زاكاتنى بېرىڭلار، رۇكۇ قىلغۇچىلار بىلەن بىللە رۇكۇ قىلىڭلار. (43) كىشىلەرنى ياخشى ئىشقا بۇيرۇپ ئۆزەڭلارنى ئۇنتۇمسىلەر؟ ھالبۇكى، سىلەر كىتاب (يەنى تەۋرات)نى ئوقۇپ تۇرىسىلەر، چۈشەنمەمسىلەر. (44) سەۋر قىلىش، ناماز ئوقۇش ئارقىلىق (ئاللاھتىن) ياردەم تىلەڭلار. ناماز ئاللاھتىن قورققۇچىلار (يەنى كەمتەرلىك بىلەن ئاللاھقا بويسۇنغۇچىلار)دىن باشقىلارغا ھەقىقەتەن مۇشەققەتلىك ئىشتۇر. (45) ئاللاھتىن قورققۇچىلار پەرۋەردىگارىغا چوقۇم مۇلاقات بولىدىغانلىقىغا ۋە ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا چوقۇم قايتىپ بارىدىغانلىقىغا جەزمەن ئىشىنىدۇ. (46) ئى ئىسرائىل ئەۋلادى! سىلەرگە بەرگەن نېمىتىمنى ۋە سىلەرنى (بىر زامانلاردا) تامام جاھان ئەھلىدىن ئۈستۈن قىلغانلىقىمنى ياد ئېتىڭلار. (47) كىشى كىشىگە ئەسقاتمايدىغان، ھېچ كىشىنىڭ شاپائىتى قوبۇل قىلىنمايدىغان، ھېچ كىشىدىن فىدىيە ئېلىنمايدىغان، ئۇلار (يەنى كاپىرلار ۋە گۇناھكار بەندىلەر) ياردەمگە ئېرىشەلمەيدىغان كۈندىن قورقۇڭلار. (48) ئۆز ۋاقتىدا سىلەرنى قاتتىق قىيىنغان، ئوغۇللىرىڭلارنى بوغۇزلاپ، قىزلىرىڭلارنى (ئىشقا سېلىش ئۈچۈن) تىرىك قالدۇرغان پىرئەۋن گۇرۇھىدىن سىلەرنى قۇتقۇزدۇق. بۇ، پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ (ياخشى ئادەم بىلەن يامان ئادەمنى ئاجرىتىدىغان) چوڭ سىنىقى ئىدى. (49) ئۆز ۋاقتىدا دېڭىزنى يېرىپ سىلەرنى قۇتقۇزدۇق (يەنى دېڭىزنىڭ سۈيىنى ئوتتۇرىدىن بۆلۈپ، قۇرۇق يول ھاسىل قىلىپ، شۇ يەردىن سىلەرنى سالامەت ئۆتكۈزدۇق) ۋە پىرئەۋن گۇرۇھىنى كۆز ئالدىڭلاردا غەرق قىلدۇق. (50) ئۆز ۋاقتىدا مۇساغا قىرىق كېچە (كۈتكەندىن كېيىن تەۋراتنى نازىل قىلىشنى) ۋەدە قىلدۇق. ئۇ سىلەردىن ئايرىلغاندىن كېيىن، ئۆزەڭلارغا زۇلۇم قىلىپ موزايىنى مەبۇد قىلىۋالدىڭلار. (51) شۇنىڭدىن كېيىن، شۈكرى قىلسۇن دەپ، سىلەرنى ئەپۇ قىلدۇق. (52) ئۆز ۋاقتىدا سىلەرنى ھىدايەت تاپسۇن دەپ، مۇساغا ھەقنى باتىلدىن ئايرىغۇچى كىتابنى (يەنى تەۋراتنى) بەردۇق. (53) ئۆز ۋاقتىدا مۇسا ئۆز قەۋمىگە: «ئى قەۋمىم! سىلەر موزايىنى مەبۇد قىلىپ، ھەقىقەتەن ئۆزەڭلارغا زۇلۇم قىلدىڭلار، ياراتقۇچىڭلارغا تەۋبە قىلىڭلار، موزايغا چوقۇنمىغانلار چوقۇنغانلارنى ئۆلتۈرسۇن» دېدى، مۇنداق قىلىش ياراتقۇچىڭلارنىڭ دەرگاھىدا سىلەر ئۈچۈن ياخشىدۇر. ئاللاھ تەۋبەڭلارنى قوبۇل

قىلدى. ئاللاھ تەۋبىنى ھەقىقەتەن بەكمۇ قوبۇل قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر. (54) ئۆز ۋاقتىدا: «ئى مۇسا! ئاللاھنى ئوپئوچۇق كۆرمىگىچە ساڭا ھەرگىز ئىشەنمەيمىز» دېگەنلەر- دە، (سىلەرگە نازىل بولغان ئازابنى) كۆرۈپ تۇرغىنىڭلار ھالدا سىلەرنى چاقماق سوقتى. (55) ئاندىن كېيىن، سىلەرنى شۈكرى قىلسۇن، دەپ ئۆلگىنىڭلاردىن كېيىن قايتا تىرىلدۈردۇق. (56) سىلەرگە بۇلۇتنى سايىۋەن قىلىپ بەردۇق، سىلەرگە تەرەنجىبىن بىلەن بۆدۈنىنى چۈشۈرۈپ بەردۇق. (بىز سىلەرگە) «رىزىق قىلىپ بەرگەن پاك، شېرىن نەرسىلەردىن يەپ- ئىچىڭلار» (دېدۇق). ئۇلار (نېمەتلىرىمىزگە ناشۈكۈرلۈق قىلىش بىلەن) بىزگە ئەمەس، پەقەت ئۆزلىرىگىلا زۇلۇم قىلدى. (57) ئۆز ۋاقتىدا (مۇسا ئارقىلىق ئەجدادلىرىڭلارغا): «بۇ شەھەرگە (يەنى بەيتۇلمۇقەددەسكە) كىرىڭلار، ئۇيەردە خالىغىنىڭلارچە كەڭتاشا يەپ- ئىچىڭلار، (بەيتۇلمۇقەددەس) دەرۋازىسىدىن (شۈكرى قىلىش يۈزىسىدىن) سەجدە قىلغان ھالدا كىرىڭلار، (پەرۋەردىگارىمىز) گۇناھلىرىمىزنى كەچۈرگىن دەڭلار، گۇناھىڭلارنى مەغفىرەت قىلىمىز، ياخشىلارغا تېخىمۇ ئارتۇق ساۋاب بېرىمىز» دېدۇق. (58) زۇلۇم قىلغۇچىلار ئۆزلىرىگە سۆزلەنگەن سۆزنى باشقا سۆزگە ئۆزگەرتىۋەتتى، زۇلۇم قىلغۇچىلار يولدىن چىققانلىقلىرى (يەنى ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلغانلىقلىرى) ئۈچۈن، ئۇلارغا ئاسماندىن ئازاب چۈشۈردۇق. (59) ئۆز ۋاقتىدا، مۇسا ئۆز قەۋمى ئۈچۈن سۇ تەلەپ قىلغان ئىدى، بىز ئۇنىڭغا: «ھاساڭ بىلەن تاشنى ئۇرغىن» دېدۇق. تاشتىن ئون ئىككى بۇلاق ئېتىلىپ چىقتى، ھەممە ئادەم (يەنى قەبىلە) ئۆزىنىڭ سۇ ئىچىدىغان ئورنىنى بىلدى، (ئۇلارغا) «ئاللاھ بەرگەن رىزىقتىن يەڭلار ۋە ئىچىڭلار، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلماڭلار» (دېدۇق). (60) ئۆز ۋاقتىدا (سىنا چۆلىدە تەرەنجىبىن ۋە بۆدۈنە بىلەنلا ئوزۇقلىنىۋاتقىنىڭلاردا) سىلەر: «ئى مۇسا! بىر خىل يېمەكلىككە چىداپ تۇرالمايمىز، بىز ئۈچۈن پەرۋەردىگارىڭغا دۇئا قىلغىن، بىزگە زېمىننىڭ كۆكتاتلىرىدىن تەرخەمەك، سامساق، يېسىۋۇق ۋە پىيازلارنى ئۆستۈرۈپ بەرسۇن» دېگەنلەر، مۇسا: «سىلەر ياخشىنى ناچارغا تېگىشەمسىلەر؟ (يەنى پىياز، سامساق، كۆكتاتنى تەرەنجىبىن بىلەن بۆدۈنىدىن ئارتۇق كۆرەمسىلەر؟) بىرەر شەھەرگە كىرىڭلار، (شۇ يەردە) تىلىگىنىڭلار بار» دېدى. ئۇلار خارلىقتا، موھتاجلىقتا قالدى. ئاللاھنىڭ غەزىپىگە تېگىشلىك بولدى. بۇ ئۇلارنىڭ ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئىنكار قىلغانلىقلىرى، پەيغەمبەرلەرنى ناھەق ئۆلتۈرگەنلىكلىرى تۈپەيلىدىن بولدى. بۇ ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلغانلىقلىرى ۋە ھەددىدىن ئاشقانلىقلىرى تۈپەيلىدىن بولدى. (61) شۈبھىسىزكى، مۆئمىنلەر، يەھۇدىيلار، ناسارالار (ئارىسىدىن) ۋە پەرىشتىلەرگە، يۇلتۇزلارغا چوقۇنغۇچىلار ئارىسىدىن ئاللاھقا، ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرگەن ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار پەرۋەردىگارىنىڭ قېشىدا ئۆز ئەجرىدىن بەھرىمەن بولىدۇ. ئۇلارغا (ئاخىرەتتە) قورقۇنچ ۋە غەم- قايغۇ يوقتۇر. (62) ئۆز ۋاقتىدا، بىز سىلەردىن چىن ۋەدە ئالغان ۋە تۇر تېغىنى ئۈستۈڭلارغا تىكلەپ قويغان، سىلەرگە: «(دۇنيادا ھالاك بولۇشتىن، ئاخىرەتتە ئازابقا قېلىشتىن) ساقلىنىشىڭلار ئۈچۈن بىز بەرگەن كىتابنى مەھكەم تۇتۇڭلار (يەنى تەۋراتقا ئەمەل قىلىڭلار)، ئۇنىڭدىكى ئەھكاملارنى ئېسىڭلاردا ساقلاڭلار» (دېگەن ئىدۇق). (63) شۇنىڭدىن كېيىن (بەرگەن ۋەدەڭلاردىن) يۈز ئۆرۈدۈڭلار، سىلەرگە ئاللاھنىڭ پەزلى- مەرھەمىتى بولمىسا ئىدى، چوقۇم زىيان تارتقۇچىلاردىن بولاتتىڭلار. (64) ئاراڭلاردىكى شەنبە كۈنى (بېلىق تۇتماسلىق) توغرىسىدىكى شەرىئەت چەكلىمىسىدىن چىقىپ كەتكۈچىلەرنى (قانداق قىلىدىغانلىقىمىزنى)، ئەلۋەتتە بىلىسىلەر، بىز ئۇلارغا: «خار مايمۇن بولۇپ كېتىڭلار» دېدۇق. (65) ئۇنى (يەنى ئۇلارغا بېرىلگەن بۇ جازانى) زامانداشلىرى ۋە كېيىنكىلەر ئۈچۈن ئىبرەت، تەقۋادارلار ئۈچۈن ۋەز- نەسىھەت قىلدۇق. (66) ئۆز ۋاقتىدا، مۇسا ئۆز قەۋمىگە: «ئاللاھ ھەقىقەتەن سىلەرنى بىر كالا بوغۇزلاشقا بۇيرۇيدۇ» دېگەن ئىدى. ئۇلار: « بىزنى مەسخىرە قىلىۋاتامسەن؟» دېدى. مۇسا: « جاھىللاردىن (يەنى مەسخىرە قىلغۇچىلاردىن) بولۇپ قېلىشتىن ئاللاھقا سېغىنىپ

*باناھلىق تىلىيمەن» دېدى. (67) ئۇلار بىز ئۈچۈن پەرۋەردىگارىڭغا ئىلتىجا قىلغىنكى، بىزگە قانداق كالا ئىكەنلىكىنى بايان قىلسۇن» دېدى. مۇسا: «ئاللاھ ئۇنى قېرىمۇ ئەمەس، ياشمۇ ئەمەس، ئوتتۇرا ياش بولسۇن دەپ ئېيتتى، سىلەر بۇيرۇلغاننى قىلىڭلار» دېدى. (68) ئۇلار بىز ئۈچۈن پەرۋەردىگارىڭغا ئىلتىجا قىلغىنكى، بىزگە ئۇنىڭ رەڭگىنى بايان قىلسۇن» دېدى. مۇسا ئېيتتىكى، «ئاللاھ ھەقىقەتەن ئۇنىڭ رەڭگى قارىغۇچىلارنى زوقلاندۇرىدىغان سېرىق بولسۇن دېدى». (69) ئۇلار: «پەرۋەردىگارىڭغا ئىلتىجا قىلغىن، ئۇنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى بىزگە بايان قىلسۇن، (يەنى دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلگەن كالىمۇ، ياكى سېمىرتىش ئۈچۈن بېقىلغان كالىمۇ؟) بۇ بىزگە مۈجمەل بولۇپ قالدى (بۇ ئىشنى بولىدىغان بولسا) خۇدا خالىسا (ئۇنى) چوقۇم تاپىمىز» دېدى. (70) مۇسا : «ئاللاھ ئۇنىڭ يەر ھەيدەپ، ئېكىن سۇغىرىپ كۆندۈرۈلگەن بولماسلىقىنى، بىجىرىم، ئالىسى يوق (يەنى رەڭگىدە سېرىقلىقتىن باشقا رەڭ يوق) بولۇشىنى ئېيتتى» دېدى. ئۇلار: «ئەمدى تولۇق بايان قىلدىڭ» دېدى. ئۇلار كالىنى (تېپىپ كېلىپ) بوغۇزلىدى، (ئۇلار سوئال سوراۋەرگەنلىكتىن) بۇنى ئورۇنلىيالمىغىلى تاس قالدى. (71) ئۆز ۋاقتىدا سىلەر بىر كىشىنى ئۆلتۈرگەن ۋە (قاتىلنىڭ كىملىكى) توغرىسىدا دەتالاش قىلىشقان ئىدىڭلار. سىلەر يوشۇرماقچى بولغان (يەنى قاتىلنىڭ ئىشىنى) ئاللاھ ئاشكارىلىغۇچىدۇر. (72) (سىلەرگە مۇسا ئارقىلىق) دېدۇقكى، كالىنىڭ بىر پارچىسى بىلەن ئۆلۈكنى ئۇرۇڭلار (ئۇ تىرىلىپ قاتىلنى ئېيتىپ بېرىدۇ)، ئاللاھ ئۆلۈكلەرنى شۇنداق (يەنى كۆز ئالدىڭلاردا بۇ ئۆلۈكنى تىرىلدۈرگەندەك) تىرىلدۈرىدۇ، سىلەرنى چۈشەنسۇن دەپ قۇدرىتىنىڭ ئالامەتلىرىنى سىلەرگە كۆرسىتىدۇ. (73) (ئى يەھۇدىيلار جامائەسى!) شۇنىڭدىن كېيىن (يەنى شانلىق مۆجىزىلەرنى كۆرگەندىن كېيىن) دىلىڭلار قېتىپ كەتتى. تاشلار ئارىسىدا ئېچىدىن (سۇ ئېتىلىپ چىقىپ) ئېرىقلار ھاسىل بولىدىغانلىرى بار، يېرىلىپ ئارىسىدىن سۇ چىقىدىغانلىرىمۇ بار؛ ئاللاھدىن قورقۇپ، (تاغ چوققىلىرىدىن) دومىلاپ چۈشىدىغانلىرىمۇ بار (دېمەك، تاش يۇمشايدۇ، سىلەرنىڭ دىلىڭلار بولسا يۇمشىمايدۇ ۋە تەسىرلەنمەيدۇ)، ئاللاھ قىلمىشىڭلاردىن غاپىل ئەمەستۇر(74).*

مۇشۇ يەردىن باشلاپ، سۆزنىڭ يۆنىلىشى بەنى ئىسرائىل تەرەپكە بۇرۇلىدۇ. ئۇلار مەدىنىدە ئىسلام دەۋىتىگە ئەڭ ئەشەددىي قارشى تۇرغانلار ئىدى. ئاشكارا ۋە مەخپىي ھەممە ۋاستىلەرنى قوللىنىپ، ئىسلامنى بۆشكىدىلا تۇنجۇقتۇرىۋېتىشكە ئۇرۇنغان ئىدى. ئىسلام دەۋىتىنىڭ مەدىنىدىكى باشلىنىشىدىن تارتىپ تاكى مۇشۇ باسقۇچقا كەلگەنگە قەدەر، ئۇلار بىردەممۇ توختىماي ھەرخىل سۇيىقەستلەرنى تۈزۈپ، ئىسلام دۈشمەنلىكىنى داۋاملاشتۇرماقتا ئىدى. ئۇلار ھۆكۈمرانلىق ئاچقۇچلىرىنىڭ بىر - بىرلەپ مۇسۇلمانلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى، خەزرەج بىلەن ئەۋس قەبىلىسى ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇش - ئاداۋەتلەرنىڭ ئاخىرلىشىشى بىلەن يەھۇدىيلارنىڭ مەدىنە مۇشرىكلىرى ئارىسىدىكى تەسىر كۈچىنىڭ زورىيىش دەرۋازىسى تاقىلىشقا باشلىغانلىقىنى كۆرگەندە، ئىسلامغا تېخىمۇ بەك ئۆچمەنلىك قىلىشقا باشلىدى. بولۇپمۇ، مۇسۇلمانلارنىڭ بىر يېڭى كىتاب ئاساسىدا قانۇن - تۈزۈم ئورنىتىشقا باشلىغانلىقىنى كۆرگەندە بولسا، ئەمدى بۇ يېڭى ھەرىكەتنىڭ ئۆزلىرىنى مەدەنىيەت، ئىقتىساد، تۇرمۇش، ئەدەبىيات قاتارلىق پۈتۈن مۇھىم ساھەلەردىن سىرتقا ئىتتىرىپ چىقىرىۋېتىدىغانلىقىنى جەزملەشتۈرگەن ئىدى.

قىسقىسى، يەھۇدىيلارنىڭ ئىسلامغا ۋە مۇسۇلمانلارغا قارشى دەسلەپكى كۈندىن تارتىپلا باشلىغان بۇ ئۇرۇشى ھەتتا بۈگۈنگە قەدەر ئۆز پېتى داۋام قىلماقتا. ئۇلار ئىسلامغا ۋە مۇسۇلمانلارغا قارشى بۈگۈنمۇ يەنە ئىلگىرىكىدەكلا ئەڭ رەزىل ۋاستىلەرنى قوللىنىپ كەلمەكتە. گەرچە قوللىنىۋاتقان قورال - ۋاستىلىرىنىڭ يولى، تۈرى ۋە رەڭگى - رويى پەرقلىق بولسىمۇ، ئەمما ماھىيىتى، تەبىئىتى ۋە مەقسىدى ئوخشاشلا بولۇپ كەلمەكتە. شۇنى ئەستىن چىقارماسلىق لازىمكى، تارىختا پۈتۈن دۇنيا يەھۇدىيلارنى قوغلاپ چىقىرىپ، ئەسىرلەر بويى ئۇيياقتىن - بۇياققا، ئۇ ئىشىكتىن بۇ ئىشىككە سۈرگۈن قىلغان چاغلاردا، پەقەت دىنىي ۋە ئىرقىي دۈشمەنلىكلەرنى قەتئىي ياخشى كۆرمەيدىغان ئىسلام دۇنياسىلا ئۇلارغا قۇچاق ئاچقان ھەم خاتىرجەم نەپەسلىنىشكە سازاۋەر قىلغان بولسىمۇ، يەھۇدىيلار يەنىلا تاكى بۈگۈنگە قەدەر ئىسلامغا ۋە مۇسۇلمانلارغا قارشى زىيانكەشلىكى بىلەن ئەشەددىي دۈشمەنلىكىنى داۋاملاشتۇرماقتا. ئىسلامدا بولسا، دىنىي ۋە ئىرقىي تەپرىقچىلىق ھەر دائىم يامان كۆرۈلىدۇ. ئىسلام دۇنياسىنىڭ دەرۋازىسى ئۆزىگە ئەزىيەت يەتكۈزمەيدىغان ياكى مۇسۇلمانلارغا قارشى سۇيىقەست قىلىپ يۈرمەيدىغان تىنچلىقپەرۋەر ھەرقانداق كىشى ئۈچۈن دائىم ئوچۇق تۇرىدۇ.

ئەسلىدە مەدىنە يەھۇدىيلىرى بۇ يېڭى پەيغەمبەر بىلەن يېڭى دەۋەتنى ھەممىدىن ئىلگىرى قوبۇل قىلىپ، ئىمان ئېيتىشى كېرەك ئىدى، چۈنكى قۇرئان ئومۇملۇق نۇقتىسىدىن تەۋراتتا بايان قىلىنغان تەلىماتلارنى تەستىقلايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، يەھۇدىيلارمۇ يېڭى پەيغەمبەرنىڭ كېلىشىگە ئىنتىزار ئىدى، ھەمدە ئۇنىڭ سۈپەت - خۇسۇسىيەتلىرىنى ياخشى بىلەتتى. ئۇلارنىڭ ساماۋىي كىتابىدا بۇ ھەقتە بېشارەتلەر بېرىلگەن بولۇپ، ئۇلار ھەر دائىم قوللىرىنى كۆتىرىشىپ، ئەشۇ كېلىش ئالدىدا تۇرغان پەيغەمبەرنىڭ ۋاستىسى بىلەن پۈتۈن ئەرەب مۇشرىكلىرىدىن غالىپ كېلىش ھەققىدە ئاللاھقا دۇئا قىلىشاتتى.

بۇ يەردىكى دەرس، قۇرئان كەرىمنىڭ بەنى ئىسرائىلغا قاراتقان سۆزلىرىنىڭ بىرىنچى قىسمى بولۇپ، بۇ سۆزلەر ماھىيەتتە ئۇلارنىڭ تۇتقان مەيدانىغا رەددىيە بېرىش ۋە قىلىپ يۈرگەن سۇيىقەستلىرىنى ئەيىپلەش ئۈچۈن ئومۇمىيۈزلۈك بېرىلگەن تەنقىدتىن ئىبارەتتۇر. ئىسلام دەۋىتى مەدىنىگە كېلىپ، ئۇلارنى ئىسلامغا چاقىرىش ئۈچۈن پۈتۈن كۈچىنى ئىشقا سېلىپ بولغان، ئۇلارنى بۇ يېڭى ھەرىكەت تەرەپكە جەلپ قىلىش ئۈچۈن بارچە ۋاستىلەرنى ئىشلىتىپ بولغاندىن كېيىن، ئاندىن بۇ تەنقىدلەر ۋاقتىنىڭ ئېھتىياجىغا كۆرە ئوتتۇرىغا قويۇلماقتا.

*********

## يەھۇدىيلارغا خىتاب

بۇ دەرسنىڭ ئىپتىداسى ئاللاھ تائالانىڭ مۇقەددەس چاقىرىقى بىلەن باشلانغان بولۇپ، ئۇنىڭدا ئاللاھنىڭ نېمەتلىرى ئەسلىتىلىدۇ ۋە ئاللاھنىڭ ئۇلارغا بەرگەن ئەھدىسىنى ئىشقا ئاشۇرىشى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئۆز ۋەدىسىگە ئەمەل قىلىشى لازىملىقى بىلدۈرۈلىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇقەددىمە ئورنىدا ئۇلارنى ئاللاھدىن قورقۇشقا، تەقۋادارلىق ۋە پاكلىق تەرەپكە چاقىرىدۇ. ئاندىن ئىلگىرى ئاللاھ تائالا ئۆزى ئۇلارغا ئەۋەتكەن پۈتۈن كىتابلارنى ۋە تەلىماتلارنى تەستىقلايدىغان بۇ كىتابنى، جۈملىدىن بۇ يېڭى دەۋەتنى قوبۇل قىلىشقا چاقىرىدۇ. ئۇلارنىڭ قۇرئان كەرىمگە قارشى تۇتقان پوزىتسىيىسىنى تەنقىد قىلىدۇ. ئۇلارغا بۇ كىتابنى ھەممىدىن ئىلگىرى ئىنكار قىلغۇچىلاردىن بولماسلىق ھەققىدە نەسىھەت قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەقنى يوشۇرۇپ، ھەق بىلەن باتىلنى بىر - بىرىگە ئارىلاشتۇرۇپ قويىدىغانلىقى، بۇ ئارقىلىق كىشىلەرنى، خۇسۇسەن مۇسۇلمانلارنى ئازدۇرماقچى بولۇدىغانلىقى، مۇسۇلمانلارنىڭ سېپىگە پىتنە سېلىپ، تەپرىقچىلىق تۇغدۇرماقچى بولۇشى، يېڭى مۇسۇلمان بولغان كىشىلەرنىڭ قەلبىگە شەك - شۈبھە تارقىتىشى... قاتارلىق قىلمىشلىرىنىمۇ تەنقىد قىلىدۇ. ئالاھ تائالا ئۇلارغا مەسلىھەت بېرىپ، بۇنداق پىتنىلەردىن قول تارتىپ، ئىسلام جامائىتىگە قېتىلىشنى، مۇسۇلمانلار بىلەن بىرلىكتە ناماز ئوقۇپ، زاكات بېرىپ، جامائەت ئىنتىزامىنى بەرپا قىلىشنى، بۇ يېڭى دىنغا ئۆزىنى مۇجەسسەملەشتۈرۈشتەك مۈشكۈل ئىشتا سەبىر بىلەن نامازغا تايىنىشنى تەۋسىيە قىلىدۇ. ئۇندىن باشقا يەنە ئۇلارنىڭ مۇشرىكلەرگە ئىماننى تەۋسىيە قىلىپ، ئۆزلىرى ئىمان ئېيتمايدىغان ۋە ئىسلامغا بويسۇنمايدىغان قىلمىشىنىمۇ قاتتىق تەنقىد قىلىدۇ.

ئاندىن بەنى ئىسرائىل قەۋمىگە ئۇلارنىڭ پۈتۈن تارىخى بويى ئاتا قىلىنىپ كەلگەن نېمەتلەر ئەسلىتىلىدۇ. سۆز جەريانىدا مەدىنە يەھۇدىلىرىغا گويا ئۇلار مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدە مەۋجۇتتەكلا خىتاب قىلىنىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، بەنى ئىسرائىل قەۋمى ئەزەلدىنلا بىر ئۈممەت بولۇپ، ئۇلار ئەسىرلەردىن بېرى خۇددى كېيىنكى دەۋرلەردىمۇ ئوخشاشلا خاراكتېر، خۇسۇسىيەتلىك بولۇپ كەلگەندەك، بىرلا مىللىي مىجەز، تەبىئەتتە مەھكەم تۇرۇپ كەلگەن ئىدى.

ئاندىن ئۇلار ھېچكىشى ھېچكىشىگە مەسئۇل بولمايدىغان، ھېچكىشىنىڭ تىلىۋېلىشى ئەسقاتمايدىغان، ھېچقانداق فىدىيە ياكى تۆلەم قوبۇل قىلىنمايدىغان، ھەممە ئادەم يار - مەدەتكارسىز قالىدىغان قىيامەت كۈنىدىن ۋە ھېچ كىشى قۇتۇلدۇرالمايدىغان ئاخىرەت ئازابىدىن قورقۇتىلىدۇ.

ئاندىن ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىغا ئاللاھ ئۇلارنى پىرئەۋندىن قۇتۇلدۇرىۋالغان چاغدىكى مەنزىرىلەر گويا ھازىرقىدەكلا سۇنۇلىدۇ. ئاندىن ئارقىمۇئارقا ئۇزۇلدۇرمەي قىلىنغان

ئىنئاملار تىلغا ئېلىنىپ، ئۇلارنىڭ بېشىغا بۇلۇت بىلەن سايە تاشلانغانلىقى، بۆدۈنە ۋە تەرەنجىبىن بىلەن مېھمان قىلىنغانلىقى، تاشلارنىڭ باغرىنى يېرىپ سۇ چىقىرىپ بېرىلگەنلىكى بايان قىلىنىدۇ. ئاندىن ئۇلارنى نومۇس قىلدۇرۇش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ بۇ ئىنئاملارغا قايتىمۇقايتا ئاسىيلىق قىلغانلىقى، ئاللاھ ئۇلارنىڭ بىر خاتالىقنى ئەپۇ قىلسا، يەنە بىر خاتالىققا چۆكۈۋالغانلىقى، بىر مۇسىبەتتىن قۇتۇلدۇرسا، يەنە بىر مۇسىبەتنىڭ يولىنى ئاچقانلىقى بىر - بىرلەپ ئەسلىتىلىدۇ.

دەرۋەقە، يەھۇدىيلار يەنىلا شۇ يەھۇدىيلار ئىدى. يەنە شۇ پىتنىۋازلىق، يەنە شۇ ھەسەتخورلۇق، يەنە شۇ تەرسالىق، يەنە شۇ جاھالەت... ئۇلار دائىم ئاللاھنىڭ ئەھكاملىرىغا خىلاپلىق قىلىۋاتقان... ئامانەتكە خىيانەت قىلىۋاتقان... قىلغان ۋەدىسىنى بۇزىۋاتقان... ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ رەسۇلى بىلەن تۈزگەن ئەھدىلەرنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇۋاتقان... ھەتتا ھېچبىر سەۋەبسىز ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلىرىنى ئۆلتۈرىدىغان يەرگىچە يېتىپ بېرىۋاتقان... ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى يالغانغا چىقىرىۋاتقان... كالىغا چوقۇنۇپ، ئاسىيلىقى شۇ دەرىجىگە يەتكەنكى، ھەتتا ئاللاھنى كۆزى بىلەن كۆرمىگىچە ئىمان ئېيتمايدىغان بولۇۋېلىپ بارغان...

شۇنىمۇ ئويلاپ قويۇڭكى، يەھۇدىيلار ھەتتا يېزىغا كىرىش ئالدىدا ئاللاھ ئېيتىشنى بۇيرىغان ۋە قاتتىق تەكىتلىگەن سۆزنىمۇ ئېيتقىلى ئۇنىمايدۇ. ئاللاھنىڭ ھۆكمىگە ئاشكارا قارشى چىقىدۇ، شەنبە قانۇنىغا خىلاپلىق قىلىدۇ. تۆر تېغىدا بەرگەن ۋەدىسىنى ئۇنتۇيدۇ، ئاللاھ كالا بوغۇزلاشقا بۇيرىسا، گىجىڭلىق قىلىپ، بەس - مۇنازىرە، تىركىشىش بىلەن ئۇنى قەستەن كېيىنگە سوزۇشقا ئۇرۇنىدۇ. قىسقىسى، يەھۇدىيلار: «يەھۇدىيدىن باشقا ھىدايەت تاپقان قەۋم يوق، ئاللاھ تائالا قىيامەت كۈنى پەقەت بەنى ئىسرائىل قەۋمىدىنلا رازى بولىدۇ. ئۇلاردىن باشقا پۈتۈن ئۇممەتلەر ئازغۇن، ئۇلارنىڭ دىنىدىن باشقا پۈتۈن دىنلار باتىل» دېگەن دەۋا ئاستىدا مۇشۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. شۇڭا قۇرئان كەرىم بۇنىڭدىن ئىلگىرىكى تەنقىدىي سۆزلىرىدە بۇ دەۋاغا رەددىيە بېرىپ: «باشقا ئۇممەتلەرنىڭ ئىچىدە قانداقكى كىشىلەر ئاللاھقا ۋە قىيامەت كۈنىگە ئىمان ئېيتىپ، ياخشى ئەمەللەرنى قىلسا، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا تېگىشلىك ئەجرى بولىدۇ. ئۇلارغا ھېچ قانداق قورقۇنچ ۋە غەم- قايغۇ بولمايدۇ» دەيدۇ.

بۇ يەردىكى بەنى ئىسرائىل قەۋمىگە قارىتىلغان زەربىلىك تەنقىدلەر بىلەن بۇندىن كېيىنكى سۈرىلەرنىڭ مەزمۇنىدىكى تەنقىدلەرنىڭ ھەممىسى ۋاقىتنىڭ ئەڭ مۇھىم ئېھتىياجى ئىدى. چۈنكى بەنى ئىسرائىل قەۋمىنىڭ پۈچەك دەۋالىرىنى ھەمدە يېڭى ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ئاساسلىرىغا ۋە بىرلىكىگە قارشى ئېلىپ بېرىۋاتقان بارلىق ھىلە - نەيرەڭ، سۈيقەستلىرىنى ئېچىپ تاشلاپ، مۇسۇلمانلارنى ئاگاھلاندۇرۇش، جۈملىدىن ئۇلارنىڭ خۇپىيانە سۈيقەستلىرىگە قارىتا مۇسۇلمانلارنىڭ قەلب، ئىدىيىسىنى سەگەكلەشتۈرۈش ئىنتايىن زۆرۈر ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا يەنە، پىتنە - پاسات، چېچىلاڭغۇلۇقلارغا قارشى ھەممىيلەننىڭ بىردەكلىكنى مەھكەم ساقلىشى تەكىتلەندى.

مۇسۇلمانلارنى ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈن بەنى ئىسرائىل قەۋمىنىڭ تارىخىغا تەنقىدىي نەزەر سېلىشنىڭ زۆرۈرلۈكى شۇ يەردىكى، مۇسۇلمانلار خەلىپىلىكتىن ئىبارەت بۇ يېڭى ۋەزىپىنىڭ يولىدا قانداق قىيىنچىلىقلارنىڭ ئۇچرايدىغانلىقىنى، قايسى - قايسى جايلاردا قېيىپ كېتىش ئېھتىمالى بارلىقىنى، خەلىپىلىككە تەيىنلەنگەن ئىلگىرىكى ئۇممەتلەردىن قانداق خاتالىقلارنىڭ ئۆتكۈلگەنلىكىنى ۋە شۇ ۋەجىدىن خەلىپىلىك مەرتىۋىسىدىن قانداقلارچە مەھرۇم بولغانلىقىنى، ئىلگىرىكىلەرنىڭ ئاللاھنىڭ يەر يۈزىدىكى ئامانىتىنى ساقلاش ۋە يۇقىرى كۆتۈرۈشتەك ئالى شەرەپنى قانداق قولدىن كەتكۈزۈپ قويغانلىقىنى، ئىنسانلارغا رەھبەرلىك قىلىدىغان تۈزۈمنىڭ قانداقلارچە ۋە قانداق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئۇلارنىڭ ئىلكىدىن چىقىپ كەتكەنلىكىنى پىششىق بىلىشى ئىنتايىن مۇھىم. دېمەك، بۇ پۈتۈن تەنقىدىي مەزمۇن جەريانىدا، بەزىدە ئوچۇق ۋە بەزىدە يېپىق ئىشارىلەر ئارقىلىق مۇسۇلمانلارنى ئاگاھلاندۇرۇپ، بۇ يولدا ۋە بۇ مەنسەپتە خاتالىشىش ۋە تېيىلىپ كېتىش ئېھتىمالى بولغان قايسى خىل مۇشكۈل ئۆتەڭلەرنىڭ ئۇلارنىڭ ئالدىغا ئۇچراپ تۇرىدىغانلىقى ئېيتىپ بېرىلگەن. بۇ تېمىنىڭ ئىككىنچى قىسمىدىمۇ يەنە شۇنداق ئەسكەرتىشلەر بېرىلىدۇ.

ئەينى چاغدا، مەدىنىدىكى مۇسۇلمانلار بۇ خىل نەسىھەت، يوليورۇقلارغا قانچە قاتتىق ئېھتىياجلىق بولغان بولسا، ھەر قايسى زامان ۋە ماكاندىكى كەڭ ئىسلام ئۈممىتىمۇ ئۇنىڭغا ھەردائىم يەنە شۇنداق قاتتىق ئېھتىياجلىق بولىۋېرىدۇ. مۇسۇلمانلار چوقۇم قۇرئان كەرىمنى چوڭقۇر تەپەككۇر، دانا نەزەر بىلەن مۇتالىئە قىلىشى، شۇنداقلا ئىسلامنىڭ ئەزەلىي دۈشمەنلىرىگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن مۇقەددەس ئىلاھىي ھاكىمىيەت تەرىپىدىن ئاتا قىلىنغان بۇ يوليورۇق، تەلىماتلارنى پۇختا ئۆزلەشتۈرىشى ھەمدە دۈشمەنلەرنىڭ ئىسلام ئىجتىمائىي جەمئىيىتىگە قارشى ئاجايىپ ھىلىگەرلىك بىلەن ئىنتايىن خۇپىيانە ئېلىپ بېرىۋاتقان سۇيىقەستلىك ئويۇنلىرىغا قانداق تاقابىل تۇرۇش كېرەكلىكىنى ياخشى بىلىشى لازىم. چۈنكى قەلبى ئىمان نۇرى بىلەن نۇرلانمىغان، ئىچكى، تاشقى، مەخپى ۋە ئاشكارا ھەممە جەھەتلەردە ئۆز ھاياتى ئۈچۈن مۇقەددەس ئىلاھىي ھاكىمىيەتتىن يوليورۇق ئالمىغان كىشى ئىسلام ئىجتىمائىي جەمئىيىتىگە خەۋپ سالىدىغان ناپاك، خۇپىيانە، يەرئاستى كۈچلەرنى قانداقمۇ تېپىپ چىقالىسۇن؟

بۇ يەردە قۇرئان كەرىمنىڭ ئىپادە ئۇسلۇبىدىكى ھەم ئەدەبىي ھەم پىسخىكىي جەھەتتىكى ئۆزگىچە بىر ئالاھىدە مۇناسىۋەتنى مۇلاھىزە قىلىپ ئۆتۈش لازىم.

بەنى ئىسرائىل قەۋمىنىڭ تارىخى ھەققىدىكى بۇ مەزمۇننىڭ خۇددى بىز ئىلگىرى ئىشارە قىلىپ ئۆتكەندەك ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلەن ئىبلىس قىسسىسىنىڭ ئاخىرلىشىشىغا ئۇلىشىپلا بايان قىلىنغانلىقى ھەمدە ئوتتۇرىغا قويۇلۇۋاتقان قىسسە بىلەن ئەمەلىي ۋەزىيەت

ئۆتتۈرىسىدا مۇكەممەل بىر باغلىنىش ھەم ماسلىششچانلىقنىڭ مەۋجۇت بولۇشى كۆزدە تۇتۇلغانلىقى دەل قۇرئان كەرىمنىڭ پەۋقۇلئاددە ئۆزگىچە ئىپادە ئۇسلۇبىدۇر❶.

قېنى ئازراق ئارقىغا قايتىپ، مۇلاھىزە قىلىپ بېقىڭ! سۆز داۋامىدا: «زېمىندىكى پۈتۈن مەخلۇقلارنى ئاللاھ ئىنسانلار ئۈچۈن ياراتقان» دېيىلىدۇ، ئاندىن ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ يەريۈزىگە خەلىپە بولۇش قىسسىسى باشلىنىپ، ئاللاھ بىلەن ئادەم ئەلەيھىسسالام ئارىسىدا ئەھدە تۈزۈلىدۇ، ئادەمگە پەرىشتىلەردىن ئارتۇق پەزىلەت ئاتا قىلىنىدۇ. ئاندىن نەسىھەت، خاتالىق، تەۋبە، نادامەت، ئاللاھنىڭ ھىدايىتى ۋە مەغپىرىتى قاتارلىق تېمىلار باشلىنىپ، دۇنيادىكى تا قىيامەتكىچە داۋاملىشىدىغان ياخشى بىلەن يامان ئوتتۇرىسىدىكى تۈگىمەس كۈرەش ئادەم ئەلەيھىسسالامغا جەننەتنىڭ ئۆزىدىلا بىر قېتىم تەجرىبە قىلدۇرۇلىدۇ. خەير - ئىسلاھات، ياخشىلىق، تەرەققىيات قۇۋۋەتلىرى بىر مۆئمىن ئىنسان شەكلىدە؛ يامانلىق، رەزىللىك، پىتنە - پاسات، بۇزغۇنچىلىق قۇۋۋەتلىرى ئىبلىس شەيتان شەكلىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ.

بۇ بارلىق ۋەقەلەر سۆزلەپ بېرىلگەندىن كېيىن، بەنى ئىسرائىل قەۋمى ھەققىدىكى تەنقىد باشلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ ئاللاھقا پۇختا ئەھدى بېرىپ، قانداقلارچە بۇزغانلىقى، ئۇلارغا قايسى - قايسى نېمەتلەرنىڭ يامغۇرى ياغقانلىقى، شۇنداقتىمۇ ئۇلارنىڭ قانداقلارچە ناشۈكۈرلۈك قىلغانلىقى، شۇڭا ئاللاھ تائالا ئۇلارنى يەر يۈزىنىڭ خەلىپىلىكىدىن ئېلىپ تاشلاپ، ئۇلارنىڭ ئۈستىگە خار - زەبۇنلۇقنى مۇسەللەت قىلغانلىقى ئېيتىپ بېرىلىدۇ. مۆئمىنلەرنى بولسا، ئۇلارنىڭ مەككارلىقىدىن ئاگاھلاندۇرۇپ، ئۇلارنىڭ تارىخىدا قانداق خاتالىقلارنىڭ سادىر بولغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىدۇ.

دەل مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، ئادەمنىڭ يەر يۈزىگە خەلىپە قىلىنىشى بىلەن، كېيىن بەنى ئىسرائىلنىڭ خەلىپە قىلىنىشى ئوتتۇرىسىدا ناھايىتى روشەن مەنۋىي باغلىنىش پەيدا بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن مەزمۇن تەرتىپى بىر - بىرىگە باغلىشىپ كەتكەن بولىدۇ.

قۇرئان كەرىم بۇ يەرە بەنى ئىسرائىلنىڭ تارىخىنى سۆزلەشنى ئەمەس، بەلكى بەزى مۇھىم تارىخىي ۋەقەلەر تەرەپكە مۇناسىپ مىقداردا يىغىنچاق ئىشارە قىلىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئۆزۈن تارىخىدىن بىر قىسىم كۆرۈنۈشلەرنى كۆرسىتىپ ئۆتۈشنى مەقسەت قىلىدۇ. قۇرئان كەرىمنىڭ سۈرە بەقەرەدىن ئىلگىرىكى مەككىدە نازىل بولغان بارلىق سۈرىلىرىدە بۇنداق قىسقىچە ئىقتىباسلار تەكرار - تەكرار ئۇچراپ تۇرىدۇ. بىراق ئۇلاردا كائىناتنىڭ دەسلەپكى باشلانغۇچىدىن تارتىپ داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئىمان كارۋانلىرىنىڭ دەۋەت

❶ ئاتاقلىق مۇستەشرىق ”گولد زىھەر“ قۇرئانغا قارىتا: «قۇرئان يەھۇدىلارغا مەككە دەۋرىدە يۇمشاق پوزىتسىيە تۇتۇپ، مەدىنە دەۋرىدە قاتتىق تەنقىد قىلىشنى باشلىۋېتىدۇ» دەپ ئېتىراز بىلدۈرگەن ئىدى. بۇ يەردە ئۇستاز سەييىد قۇتۇب، قۇرئان كەرىمنىڭ ھەر ئىككىلى دەۋردە ئوخشاش بولمىغان مەقسەت بىلەن يەھۇدىلار ھەققىدە توختالغانلىقىنى، مەككە دەۋرىدە يەھۇدىلارنى تەنقىد قىلىشنىڭ ھېچ بىر زۆرۈرىيىتى يوقلۇقىنى ئېيتىپ بېرىش ئارقىلىق مۇستەشرىقلەر ھەر دائىم ئىسلام تەلىماتىغا ئەشۇنداق تەتۈر ئىددىيە بىلەنلا نەزەر سالىدىغان بولغاچقا ئىسلامدا ئۇلارغا زىتلىقتىن باشقا نەرسە كۆرۈنمەيدىغانلىقىنى ئېيتىپ بەرگەن (تەرجىماندىن).

تەجرىبىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇش ئارقىلىق مەككىدىكى ئەشۇ ئازغىنە ئىسلام جامائىتىنىڭ غەيرىتىگە غەيرەت بېرىش ھەمدە ئۇلار مەككىدە ئۇچرىشىپ تۇرىدىغان ھەر بىر باسقۇچنىڭ تەقەززاسىغا ئۇيغۇن يوليورۇقلارنى بېرىش مەقسەت قىلىنىدۇ. ئەمما بۇ يەردە (يەنى مەدىنىدە) بولسا، يەھۇدىيلارنىڭ سۈيقەستلىرى ۋە شۇم نىيەتلىرىدىن مۇسۇلمانلارنى ئاگاھلاندۇرۇش، ئىسلام جامائىتىگە يەھۇدىيلارنىڭ زادى قانداق يامان غەرەزلەردە ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن قانداق ۋاستىلەرنى قوللىنىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرۇش مەقسەت قىلىنىدۇ. ھەمدە يەنە مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزىنىڭمۇ خۇددى ئىلگىرىكى يەھۇدىيلار مۇبتىلا بولغاندەك ئۇنداق خاتالىقلار ۋە يېتەرسىزلىكلەرگە مۇبتىلا بولۇپ قالماسلىقى دىققەت قىلىشى كېرەكلىكى ئەسكەرتىلىدۇ. گەرچە بايان قىلىنغان ھەقىقەت (يەنى بەنى ئىسرائىلنىڭ ئازغۇنلۇقى ۋە توغرا يولدىن باش تارتقانلىقى) ھەر ئىككى دەۋردە بىردەك بولسىمۇ، قۇرئاندىكى قىسسىلەرنىڭ مەككە مۇكەررەمە دەۋرى بىلەن مەدىنە مۇنەۋۋەرە دەۋرىدىكى مەقسەت ئوبيېكتى باشقا - باشقا بولغاچقا، بۇ يەردە بەنى ئىسرائىلنىڭ ھېكايىسىمۇ باشقا نۇقتىدىن باشقىچە ئۇسلۇب بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ (نازىل بولۇش تەرتىپى بويىچە سۈرە بەقەرەدىن ئىلگىرى نازىل بولغان مەككە سۈرىلىرىگە كەلگىنىمىزدە، بۇ توغرىدا تەپسىلى توختىلىپ ئۆتىمىز).

بەنى ئىسرائىلنىڭ قىسسىسى بايان قىلىنغان قۇرئان كەرىمدىكى ھەممىلا جايىنى ئەستايىدىل مۇلاھىزە قىلغاندا، ئۇ جايلارنىڭ مەزمۇن تەرتىپى ۋە ئورۇن شارائىتى بىلەن نەقەدەر باغلىنىشچانلىقىنى، ھەمدە شۇ ئورۇندىكى مەقسەت، مۇددىئا، پىكىر، ئىزاھاتلارنى تاكامۇللاشتۇرىدىغانلىقىنى بىلىپ يەتكىلى بولىدۇ.

بۇ يەردىمۇ بۇ قىسسە مەزمۇن تەرتىپىگە ۋە ئورۇن، شارائىتقا شۇنداق ماسلاشقان بولۇپ، ئۇنىڭدا ئالدى بىلەن ئىنساننىڭ شان - شەرىپى ۋە كارامەتلىرى ھەققىدىكى تىما بايان قىلىنىدۇ. ئاندىن ئاللاھ بىلەن ئىنسان ئوتتۇرىسىدىكى تۈزۈلگەن ئەھدە، ئۇنىتۇش، خاتالىق قاتارلىق تېمىلار بايان قىلىنىپ، پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ بىرلىكى تەرەپكە ئىشارە قىلىنىش بىلەن بىرگە، ئۇلارغا كەلگەن پەيغەمبەرلەرنىڭمۇ ۋە ئۇلار ئوتتۇرىغا قويغان دىنىنىڭمۇ پەقەت بىرلا مەنبەدىن ئىكەنلىكى ئېيتىپ بېرىلىدۇ. سۆز جەريانىدا، ئىنساننىڭ يەر يۈزىدە خەلىپە بولۇشى بىلەن چوڭقۇر مۇناسىۋەتلىك بولغان ھەمدە ئۇنى ئىنكار قىلىش ئىنسانىيلىقنى ئىنكار قىلغانلىق ھېسابلىنىدىغان، ئىنسان روھى بىلەن ئۇنىڭ تەركىبى ئېلېمېنتلىرى تەرەپكىمۇ ئۆزلۈكسىز ئىشارە قىلىنىدۇ. ئۇنىڭغا قارشى ئىش تۇتۇشنىڭ ياكى ئۇنى نەزەردىن ساقىت قىلىپ قويۇشنىڭ يامان ئاقىۋەتى (يەنى، يەر يۈزىگە خەلىپە قىلىنىشقا ئاساس بولغان ئەشۇ ۋاستىلەرنى يوقىتىپ قويۇش بىلەن ئىنساننىڭ قايتىدىن پەسكەش ھايۋان دەرىجىسىگە چۈشۈپ قالىدىغانلىقى) بىلدۈرۈلىدۇ.

قۇرئان كەرىمدە بەنى ئىسرائىل قىسسىسى ھەممىدىن كۆپ بايان قىلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى قىممەتلىك نەسىھەتلەرگە تولغان تەرىپى ئىنتايىن زور ئەھمىيەتكە

ئىگە. بۇ ئارقىلىق ئاللاھ تائالانىڭ ئىسلام ئۈممىتىگە تەلىم - تەربىيە بېرىپ، ئۇلارنى بۈيۈك خەلىپىلىك مەنسىپىگە ھازىر قىلىشنى مەقسەت قىلغان ھېكمەتلىك تەربىيە ئۇسلۇبىنى بىلىپ يەتكىلى بولىدۇ.

بۇ قىسقىچە خۇلاسىدىن كېيىن، قېنى ئەمدى ئايەتلەرنىڭ تەپسىلاتىغا نەزەر سالايلى!

*********

## يەھۇدىيلار ۋە ئەھدى ۋاپا

يَٰبَنِيٓ إِسۡرَٰٓءِيلَ ٱذۡكُرُواْ نِعۡمَتِيَ ٱلَّتِيٓ أَنۡعَمۡتُ عَلَيۡكُمۡ وَأَوۡفُواْ بِعَهۡدِيٓ أُوفِ بِعَهۡدِكُمۡ وَإِيَّٰيَ فَٱرۡهَبُونِ (٤٠) وَءَامِنُواْ بِمَآ أَنزَلۡتُ مُصَدِّقٗا لِّمَا مَعَكُمۡ وَلَا تَكُونُوٓاْ أَوَّلَ كَافِرِۭ بِهِۦۖ وَلَا تَشۡتَرُواْ بِـَٔايَٰتِي ثَمَنٗا قَلِيلٗا وَإِيَّٰيَ فَٱتَّقُونِ (٤١) وَلَا تَلۡبِسُواْ ٱلۡحَقَّ بِٱلۡبَٰطِلِ وَتَكۡتُمُواْ ٱلۡحَقَّ وَأَنتُمۡ تَعۡلَمُونَ (٤٢) وَأَقِيمُواْ ٱلصَّلَوٰةَ وَءَاتُواْ ٱلزَّكَوٰةَ وَٱرۡكَعُواْ مَعَ ٱلرَّٰكِعِينَ (٤٣) ۞ أَتَأۡمُرُونَ ٱلنَّاسَ بِٱلۡبِرِّ وَتَنسَوۡنَ أَنفُسَكُمۡ وَأَنتُمۡ تَتۡلُونَ ٱلۡكِتَٰبَۚ أَفَلَا تَعۡقِلُونَ (٤٤) وَٱسۡتَعِينُواْ بِٱلصَّبۡرِ وَٱلصَّلَوٰةِۚ وَإِنَّهَا لَكَبِيرَةٌ إِلَّا عَلَى ٱلۡخَٰشِعِينَ (٤٥) ٱلَّذِينَ يَظُنُّونَ أَنَّهُم مُّلَٰقُواْ رَبِّهِمۡ وَأَنَّهُمۡ إِلَيۡهِ رَٰجِعُونَ (٤٦)

*ئى بەنى ئىسرائىل! مەن سىلەرگە ئاتا قىلغان نېمەتلىرىمنى ئەسلەڭلار، ماڭا بەرگەن ئەھدىڭلارغا ۋاپا قىلىڭلاركى، مەنمۇ سىلەرگە قىلغان ۋەدەمگە ۋاپا قىلىمەن، مەندىنلا قورقۇڭلار[40]. مەن نازىل قىلغان كىتابقا (يەنى قۇرئانغا) ئىمان كەلتۈرۈڭلار، ئۇ سىلەردە بۇرۇندىنلا بار بولغان كىتابنى تەستىق قىلغۇچىدۇر. قۇرئاننى بىرىنچى بولۇپ ئىنكار قىلغۇچى بولماڭلار، ئايەتلىرىمنى ئەرزان باھادا سېتىۋەتمەڭلار، مېنىڭ غەزىپىمدىن قورقۇڭلار[41]. ھەقنى باتىل بىلەن يۆگەپ، شەكلىك قىلىپ قويماڭلار ۋە بىلىپ تۇرۇپ، ھەقنى يوشۇرۇشقا تىرىشماڭلار[42]. نامازنى بەرپا قىلىڭلار، زاكات بېرىڭلار، مېنىڭ ئالدىمدا ئېگىلگۈچىلەر بىلەن بىللە سىلەرمۇ ئېگىلىڭلار[43]. باشقىلارنى ياخشىلىق يولىنى تاللاشقا بۇيرۇپ ئۆزەڭلارنى ئۇنتۇمسىلەر؟ ھالبۇكى، سىلەر كىتاب (يەنى تەۋرات)نى ئوقۇپ تۇرىسىلەر ــ يۇ، ئەقلىڭلارنى ئىشقا سالامسىلەر؟[44] سەۋر قىلىش، ناماز ئوقۇش ئارقىلىق ياردەم تىلەڭلار. شۈبھىسىزكى، ناماز ھەققەتەن مۇشەققەتلىك ئىشتۇر، ئەمما ئاللاھقا ئىتائەتمەنلەر ئۈچۈن مۇشەققەتلىك ئەمەس[45]. ئۇلار پەرۋەردىگارىغا چوقۇم مۇلاقات بولىدىغانلىقىغا ۋە ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا چوقۇم قايتىپ بارىدىغانلىقىغا جەزمەن ئىشىنىدۇ[46].*

بەنى ئىسرائىلنىڭ تارىخىنى مۇلاھىزە قىلغان ھەرقانداق كىشى ئاللاھنىڭ ئۇلارغا بۇنچە نېمەتلەرنى ئاتا قىلغانلىقىغا ھەمدە ئۇلارنىڭ بۇ نېمەت يامغۇرىغا نىسبەتەن مەككارانە يوللار بىلەن قانداقلارچە ھەقنى ئىنكار قىلغانلىقىغا ھەيران بولماي تۇرالمايدۇ. بۇ يەردە،

باشلىنىشتىلا ئاللاھ تائالا ئۇلارغا قىلغان ئەشۇ نېمەتلەرنى قىسقىچە تىلغا ئېلىپ ئۆتىدۇ. ئاندىن كېيىنكى ئابزاسلاردا تەپسىلى توختىلىدۇ. بۇ يەردە بۇ نېمەتلەرنى ئەسلىتىشتىن مەقسەت، ئۇلارنى: «سىلەر ئاللاھقا بەرگەن ئەھدىڭلارغا ۋاپا قىلىڭلاركى، ئاللاھمۇ ئىنئام ئاتا قىلىشنى داۋاملاشتۇرسۇن ھەمدە سىلەرنى ئۆزىنىڭ پۈتۈن نېمەتلىرىگە سازاۋەر قىلسۇن» دەپ دەۋەت قىلىشتىن ئىبارەتتۇر.

«يَـٰبَنِىٓ إِسۡرَٰٓءِيلَ ٱذۡكُرُواْ نِعۡمَتِىَ ٱلَّتِىٓ أَنۡعَمۡتُ عَلَيۡكُمۡ وَأَوۡفُواْ بِعَهۡدِىٓ أُوفِ بِعَهۡدِكُمۡ» «ئى بەنى ئىسرائىل! مەن سىلەرگە ئاتا قىلغان نېمەتلەرنى ئەسلەڭلار، ماڭا بەرگەن ئەھدىڭلارغا ۋاپا قىلىڭلاركى، مەنمۇ سىلەرگە قىلغان ۋەدەمگە ۋاپا قىلىمەن»

بۇ يەردە تىلغا ئېلىنىۋاتقىنى زادى قايسى ئەھدە؟ ئەجەبا، ئۇ ئاللاھ بىلەن ئادەم ئەلەيھىسسالام ئوتتۇرىسىدا: «فَإِمَّا يَأْتِيَنَّكُم مِّنِّي هُدًى فَمَن تَبِعَ هُدَايَ فَلاَ خَوْفٌ عَلَيْهِمْ وَلاَ هُمْ يَحْزَنُونَ وَالَّذِينَ كَفَرواْ وَكَذَّبُواْ بِآيَاتِنَا أُولَٰئِكَ أَصْحَابُ النَّارِ هُمْ فِيهَا خَالِدُونَ» «سىلەرگە مەن تەرەپتىن بىر ھىدايەت (يوليورۇق) كېلىدۇ، قانداقكى كىشىلەر ئۇنىڭغا ئەگەشسىكەن، ئۇلارغا ھېچ قانداق قورقۇنچ ۋە غەم-قايغۇ بولمايدۇ. ھەمدە قانداقكى كىشىلەر ئۇنى قوبۇل قىلىشتىن ئىنكار قىلىدىكەن ۋە بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزنى چەتكە قاقىدىكەن، ئۇلار ئوتقا تاشلىنىدىغان (ئەھلى دوزاخ)لاردۇر. ئۇلار ئۇ يەردە مەڭگۈ قالىدۇ» دەپ تۈزۈلگەن دەسلەپكى ئەھدىمۇ؟

ياكى ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلەن بۇ ئەھدىنى تۈزۈشتىنمۇ ئىلگىرى ئاللاھ بىلەن ئىنسانىنىڭ فىترىتى ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەن ۋە ئۇنىڭدا ئاللاھنى تونۇش، شۇنداقلا شېرىكسىز بىرلا ئاللاھقا ئىتائەت قىلىش لازىملىقى تەكىتلەنگەن تەبىئى ئەھدىمۇ؟

بۇ تەبىئي ئەھدە ھېچقانداق دەلىل، پاكىتقا مۇھتاج بولمايدۇ، چۈنكى ئىنسانىنىڭ فىترىتى (يەنى ساغلام تەبىئىتى) ئۆز ماھىيىتى ۋە ئۆزلۈكسىز مايىللىقى ئاساسىدا ئاللاھنى تونۇش تەرەپكە ئۆزلىگىدىن ئىنتىلىپ تۇرىدۇ. پەقەت بۇزۇق تەبىئىتى سەۋەبىدىنلا ئىنسان ئىلاھي مەرىپەتتىن غاپىل قالىدۇ.

ياكى ئاللاھ تائالا بەنى ئىسرائىلنىڭ ئەڭ كاتتا بوۋىسى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامدىن ئالغان ۋە ئالدىمىزدىكى ئايەتلەردە: «وَإِذِ ابْتَلَى إِبْرَاهِيمَ رَبُّهُ بِكَلِمَاتٍ فَأَتَمَّهُنَّ قَالَ إِنِّي جَاعِلُكَ لِلنَّاسِ إِمَامًا قَالَ وَمِن ذُرِّيَّتِي قَالَ لاَ يَنَالُ عَهْدِي الظَّالِمِينَ» «ئەسلاڭلاركى، ئۆز ۋاقتىدا ئىبراھىمنى پەرۋەردىگارى بىر قانچە ئىش بىلەن سىنىدى، ئىبراھىم ئۇلارنى بەجا كەلتۈردى، ئاللاھ (ئۇنىڭغا): ''سېنى جوقۇم پۈتۈن كىشىلەرگە پېشىۋا قىلىمەن'' دېدى، ئىبراھىم: ''مېنىڭ ئەۋلادلىرىمنىمۇ شۇنداق ئەھدە بارمۇ؟'' دېدى. ئاللاھ: ''مېنىڭ ئەھدەم زالىملارغا تەگمەيدۇ'' دەپ جاۋاب بەردى»[1] دەپ تىلغا ئېلىنىدىغان ئەھدىمۇ؟ ياكى ئاللاھ تائالا تۆر تېغىنى بەنى ئىسرائىلنىڭ بېشىنىڭ ئۈستىدە توختىتىپ قويۇپ، ئۇلاردىن قانداقلا يوليورۇق

[1] سۈرە بەقەرە، 124 - ئايەت

بېرىلسە، ئۇنىڭغا قاتتىق رىئايە قىلىش ھەققىدە ئالغان ۋەمۇشۇ سۈرىنىڭ **93** - ئايىتىدە مەخسۇس شۇ توغرىدا توختىلىنىدىغان ئالاھىدە ئەھدىمۇ؟

دەرۋەقە، بۇ ئەھدىلەرنىڭ ھەممىسى ماھىيەت نۇقتىسىدىن پەقەت بىرلا بولۇپ، بەندىلەرنىڭ چىن قەلبى بىلەن ئۆز پەرەۋردىگارىغا يۈزلىنىشى ۋە پۈتۈن ھاياتىنى ئاللاھقا تاپشۇرىشى ئۈچۈن تۈزۈلگەن ئەھدىدىن ئىبارەتتۇر. مانا بۇ، ئاللاھنىڭ بىرلا دىنىدۇر، شۇنداقلا بارلىق پەيغەمبەرلەر ئېلىپ كەلگەن ۋە ئەسىرلەردىن بېرى ئىمان كارۋانلىرىنىڭ سىمۋۇلى بولغان ئىسلامنىڭ ئۆزىدۇر.

ئاللاھ تائالا بۇ ئەھدىلەرنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن بەنى ئىسرائىل قەۋمىنى، پەقەت ئاللاھتىنلا قورقۇشقا ۋە ئاللاھتىنلا قورقىدىغان خۇسۇسىيەت پەيدا قىلىشقا چاقىرىپ: «وَإِيَّىَ فَٱرۡهَبُونِ» «*پەقەت مېنىدىنلا قورقۇڭلار*» دەيدۇ. ھەمدە يەنە بۇ ئەھدىنىڭ تەقەززاسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن بەنى ئىسرائىل قەۋمىنى ئاللاھ تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان ۋە ئۇلارنىڭ يېنىدىكى ساماۋىي كىتابلارنى تەستىقلايدىغان بۇ روشەن كىتابقا ئىمان كەلتۈرۈشكە چاقىرىپ، ئالدىراقسانلىق بىلەن ئۇنى رەت قىلغۇچى ۋە ئۇنىڭغا كۇپۇرلۇق قىلغۇچىلاردىن بولماسلىقنى، بەلكى بىرىنچى بولۇپ بۇ كىتابقا ئىمان ئېيتقۇچىلاردىن بولۇشى كېرەكلىكىنى تەكىتلەيدۇ: «وَءَامِنُواْ بِمَآ أَنزَلۡتُ مُصَدِّقًا لِّمَا مَعَكُمۡ وَلَا تَكُونُوٓاْ أَوَّلَ كَافِرِۭ بِهِۦ» «*مەن نازىل قىلغان كىتابقا (يەنى قۇرئانغا) ئىمان كەلتۈرۈڭلار، ئۇ سىلەردە بۇرۇندىنلا بار بولغان كىتابنى تەستىق قىلغۇچىدۇر. قۇرئاننى بىرىنچى بولۇپ ئىنكار قىلغۇچى بولماڭلار*»

مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېلىپ كەلگەن بۇ ئىسلام، ئاللاھ تەرىپىدىن ھەر دائىم كېلىپ تۇرغان بىرلا ئەبەدىي دىندۇر. ئاللاھنىڭ ئۆزۈلدۈرمەي يوللىغان يولىيورۇقلىرىنىڭ ۋە ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ باشلىنىشىدىلا ئاللاھ بىلەن ئىنسان ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەن ئەھدىنىڭ داۋامىدۇر. ئۇ بۇنىڭدىن ئىلگىرىمۇ ئىنسانىيەتنى ئۆز باشلامچىلىقىنىڭ سايىسى ئاستىغا ئالغان ئىدى، بۇندىن كېيىنمۇ يەنىلا ئىنسانىيەتنىڭ يول باشچىسى ۋە يېتەكچىسى بولىدۇ. بۇ دىن تەۋرات بىلەن ئىنجىلنىمۇ بىر - بىرىگە باغلايدۇ ھەمدە كەلگۈسى ئىنسانىيەت ئۈچۈن ئاللاھ كۆزدە تۇتقان خەير - ياخشىلىقلارنى تېخىمۇ يۇقىرى پەللىگە كۆتىرىدۇ. بۇ دىن پۈتۈن ئىسانىيەتنى بىر يىپقا تىزىپ، ئۆزئارا تونۇش قېرىنداش قىلىدۇ. ئىنسانىيەتنى ھەرگىزمۇ خىلمۇخىل ئىرق، مىللەت، جامائەت، گورۇھ شەكلىدە بولۇپ يۈرمەستىن بەلكى ئىنسانىيەت قوياشىنىڭ تۈنجى تېخىدىن تارتىپ ئۆزگەرمەي ئاللاھنىڭ ئارغامچىسىغىلا مەھكەم ئېسىلىپ كېلىۋاتقان ئىخلاسمەن بەندىلەر شەكلىدە ئىنتىزامچانلاشتۇرىدۇ.

ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ يېنىدىكى كىتابلارنى تەستىقلىغان ھالدا نازىل قىلىنغان بۇ كىتابنى بەنى ئىسرائىلنىڭ پەقەت دۇنيا مەنپەئەتى ئۈچۈنلا ئىنكار قىلىشنى مەنئى قىلىدۇ. بولۇپمۇ، ئىسلامغا ئىمان كەلتۈرگەن تەقدىردە، جەمئىيەتتىكى ئورۇن، مەرتىۋە، ئۈستۈنلۈكلىرىدىن، شۇنداقلا ئىقتىسادىي مەنپەئەتلىرىدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن قورقۇپ، ئىمان ئېيتىشتىن ئۆزىنى قاچۇرىۋاتقان يەھۇدى ئۆلىما، دىنى پېشىۋالىرىغا خىتاب قىلىپ، ھەممەيلەننى بىرلىكتە پەقەتلا ئاللاھتىن قورقۇشقا ۋە تەقۋادارلىق قىلىشقا دەۋەت قىلىدۇ.

«وَلَا تَشْتَرُواْ بِـَٔايَـٰتِى ثَمَنًا قَلِيلاً وَإِيَّـٰىَ فَٱتَّقُونِ» «*ئايەتلىرىمنى ئەرزان باھادا سېتىۋەتمەڭلار، مېنىڭ غەزىپىمدىن قورقۇڭلار*».

مال - دۇنيا، پۇل - بايلىققا، جۇملىدىن دۇنيا مەنپەئەتىگە بەندىچىلىك قىلىش قەدىمدىن تارتىپلا يەھۇدىيلارنىڭ ئالاھىدە خۇسۇسىيىتى بولۇپ كەلمەكتە. بۇ يەردە «ئايەتلىرىمنى ئەرزان باھادا سېتىۋەتمەڭلار» دېيىلگەنلىكى بەلكىم خۇددى قۇرئان كەرىمنىڭ باشقا جايلىرىدا تەپسىلى توختىلىنغانغا ئوخشاش يەھۇدى ئۆلىما، دىنىي پېشىۋا، ماشايىخلارنىڭ يالغان پەتىۋالارنى چىقىرىپ، دىنىي خىزمەت قىلغانلىقىغا، شۇنداقلا يەھۇدى كاتتىۋاشلىرىنى شەرىئەتنىڭ جازاسىدىن قۇتۇلدۇرۇپ قىلىش ئۈچۈن ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىگە ئۆزگەرتىش كىرگۈزگەنلىكىگە ئالغان پۇل - ماللارنى كۆرسەتسە كېرەك. ئۇلار دەل ئەشۇ خىل ماددىي مەنپەئەتلىرىنى قوغداپ قىلىش ئۈچۈنلا كىشىلەرنى ئىسلامغا كىرىشتىن توساتتى. چۈنكى ئۇنداق بولمىغاندا، رەھبەرلىك ۋە سەردارلىقنىڭ قولدىن كېتىپ قېلىشى تۇرغانلا گەپ ئىدى.

بەزى ساھابە، تابىئىنلەر بۇ ئايەتنى تەپسىر قىلىشتا: «پۈتۈن دۇنيانىڭ قىممىتى ”ئازغىنە باھا“دىن ئىبارەتتۇر. چۈنكى ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىگە ئىمان كەلتۈرۈشكە ھەمدە قىيامەت كۈنى ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئىمان ئەھلى كۆرىدىغان گۈزەل نەتىجىلەرگە سېلىشتۇرغاندا، دۇنيا ئۇۋاقتا تۇرسۇن، ھەتتا پۈتۈن كائىناتنىڭمۇ ھېچ قانچە قىممىتى بولمايدۇ» دەپ چۈشەندۈرۈش بەرگەن.

ئالدىمىزدىكى جۈملىدە ئاللاھ تائالا يەھۇدىيلارنى بىلىپ تۇرۇپ، باتىلغا ھەقتىن تون كەيدۈرۈپ، ھەقنى يوشۇرۇشتەك ئىككىنچى خۇسۇسىيىتىدىن مەنئى قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇنداق قىلىشتىكى مەقسىتى ئىسلام ئىجتىمائىي جەمئىيىتىدە پىكرىي چېچىلاڭغۇلۇق پەيدا قىلىش، مۇسۇلمانلارنىڭ قەلبىدە گۇمان، شەك - شۈبھە دولقۇننى كۆتۈرۈشتىن ئىبارەت ئىدى.

«وَلَا تَلْبِسُواْ ٱلْحَقَّ بِٱلْبَـٰطِلِ وَتَكْتُمُواْ ٱلْحَقَّ وَأَنتُمْ تَعْلَمُونَ» «*ھەقنى باتىل بىلەن يۇگىمەپ، شەكىلىك قىلىپ قويماڭلار ۋە بىلىپ تۇرۇپ، ھەقنى يوشۇرۇشقا تىرىشماڭلار*».

يەھۇدىيلار ھەرقانداق ۋاقىت، ھەرقانداق شارائىتتا ھەقنى يوشۇرۇپ، ئۇنىڭغا باتىلدىن رەڭ ئارىلاشتۇرۇپ، پۇرسەت تاپسىلا ئىنسانىيەتنى ئالداشقا تىرىشىپ كەلدى. شۇڭا قۇرئان كەرىم ئۇلارنىڭ بۇ ئادەت - خاراكتېرىنى قايتا - قايتىدىن تەكرار بايان قىلىدۇ. ئۇلار ھەر

دائىم ئىسلام جەمئىيىتى ئىچىدە ۋە ئىسلام جامائىتى ئارىسىدا پىتنە - پاسات، ئىتتىپاقسىزلىق ۋە قالايمىقانچىلىق تۇغدۇرۇشقا تىرىشىپ كەلگەن بولۇپ، بۇ خىل قىلمىشلىرىنىڭ بىر قانچە مىسالى مۇشۇ سۈرىدە (ئالدىمىزدا) بايان قىلىنىدۇ.

ئاندىن ئاللاھ تائالا ئۇلارغا چاقىرىق قىلىپ: «ئى بەدبەختلەر! مانا ئىمان كارۋانلىرى كېتىۋاتماقتا. سىلەرمۇ دەرھال ئۇلارنىڭ سېپىگە قېتىلىڭلار، جامائەتكە ھەمكارلىشىڭلار، ئۇنداق بولمايدىكەن، يوقۇلۇشقا گىرىپتار بولىسىلەر. شۇڭا ناپاك مۇتەئەسسىپلىكنى ۋە ئايرىمچىلىقنى تاشلاپ، مۇسۇلمانلارنىڭ ئىجتىمائىي ئىبادەتلىرى بىلەن پەرزلىرىنى سىلەرمۇ ئوخشاش ئادا قىلىڭلار» دەپ خىتاب قىلىدۇ. چۈنكى ئايرىمچىلىق قەدىمقي دەۋردىن تارتىپلا يەھۇدىيلارنىڭ ئىزچىل ئادىتى بولۇپ كەلمەكتە ئىدى.

«وَأَقِيمُواْ ٱلصَّلَوٰةَ وَءَاتُواْ ٱلزَّكَوٰةَ وَٱرۡكَعُواْ مَعَ ٱلرَّٰكِعِينَ» «*نامازنى بەرپا قىلىڭلار، زاكات بېرىڭلار، مېنىڭ ئالدىمدا ئېگىلگۈچىلەر بىلەن بىللە سىلەرمۇ ئېگىلىڭلار*».

ئاندىن يەھۇدىيلارغا ئومۇمەن ۋە ئۇلارنىڭ دىنىي پېشىۋالىرىغا خۇسۇسەن ئاگاھلاندۇرۇش بېرىپ، ئۇلارنىڭ مۇشرىك ئەرەبلەر ئارىسىدا ئۆزلىرىنى ”ئىمان دەۋەتچىسى“ دەپ ئاتىۋالىدىغانلىقى، گەرچە ئەھلى كىتاب بولۇش سالاھىيىتى بىلەن ئۇلار مۇشرىكلەرگە سېلىشتۇرغاندا راستىنلا ئەھلى تەۋھىد ھېسابلانسىمۇ، بىراق يەنىلا ئۆز قەۋمىنى پۈتۈن سابىق دىنلارنى تەستىقلىغۇچى بولۇپ كەلگەن ئاللاھنىڭ نۆۋەتتىكى بۇ دىنىنى قوبۇل قىلىشتىن توسىۋاتقانلىقى ئەسكەرتىلىدۇ.

«أَتَأۡمُرُونَ ٱلنَّاسَ بِٱلۡبِرِّ وَتَنسَوۡنَ أَنفُسَكُمۡ وَأَنتُمۡ تَتۡلُونَ ٱلۡكِتَٰبَۚ أَفَلَا تَعۡقِلُونَ» «*باشقىلارنى ياخشىلىق يولىنى تاللاشقا بۇيرۇپ ئۆزەڭلارنى ئۇنتۇمسىلەر؟ ھالبۇكى، سىلەر كىتاب (يەنى تەۋرات)نى ئوقۇپ تۇرسىلەر ـ يۇ، ئەقلىڭلارنى ئىشقا سالامسىلەر؟*»

قۇرئان كەرىمنىڭ بۇ ھۆكمى گەرچە ئەينى چاغدىكى يەھۇدىيلارنىڭ ۋەقەلىرىگە قارىتا نازىل قىلىنغان بولسىمۇ، بىراق ئۇ يەنىلا ئومۇمى ئىنسان نەپسىگە، بولۇپمۇ ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ دىنىي پېشىۋالىرىغا قارىتىلغان بولۇپ، ئۇ نە بىرەر مىللەت ياكى بىرەر قەۋمگە مەخسۇس ئەمەس ھەمدە نە بىرەر ئالاھىدە قىلمىش ياكى بىرەر مەخسۇس زامان دائىرىسىدىلا چەكلەنمەيدۇ.

دىن، تىرىك بىر روھ ۋە بىجانىدىل قوغدىلىنىدىغان ئېتىقاد بولۇشنىڭ ئورنىغا سەنئەت ۋە تىجارەتكە ئايلىنىپ قالىدىغان ھالغا كەلتۈرۈلگەندە، دىنىي پېشىۋالار تەھلىكىلىك ئاپەتكە ئايلىنىپ قالىدۇ. بۇ خىل دىنىي پېشىۋالار ئۆزى قەلبىدە ئىشەنمىگەن نەرسىلەرنى تىلىدا سۆزلەيدىغان، باشقىلارنى ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ ئۆزلىرى قىلمايدىغان، باشقىلارنى تەقۋالىققا دەۋەت قىلىپ، ئۆزى تەقۋالىققا يېقىنمۇ كەلمەيدىغان، توغرا سۆزنى

مۆرەككەپلەشتۈرۈپ، نەپسانىي خاھىشى ئۈچۈنلا كەسكىن ئىلاھىي ھۆكۈملەرنى بۇرمىلايدىغان بولىدۇ. ئۇلار شۇنداق گۈزەل ئىزاھلارنى ۋە دەلىللىك پەتىۋالارنى مەيدانغا چىقىرىدۇكى، قارىماققا ئۇ پەتىۋالار ئايەت تېكىستلىرىنىڭ تاشقى ئۇقۇملىرىغا شۇنداق ئۇيغۇن كۆرۈنىسىمۇ، ئەمەلىيەتتە دىنىنىڭ ھەقىقىي روھىدىن ئىنتايىن يىراقلىشىپ كەتكەن بولىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىنى ئۇلار ئۆز مەنپەئەتى، كۆڭۈل خاھىشى ياكى باي، ھوقۇقدارلارنىڭ يۈز خاتىرىسى ئۈچۈنلا قىلىدۇ. يەھۇدىيلارنىڭ دىنىي پېشۋالىرى دەل ئەنە شۇنداق ئىشلارنى قىلاتتى.

دەرۋەقە، كىشىلەرنى ياخشى ئىشقا بۇيرۇپ، ئۆزىنىڭ ئەمەلىي ھاياتىدا ئۇنىڭغا خىلاپ يول تۇتۇش شۇنداق بىر ۋابا كېسىلى ئىكەنكى، بۇ ئىش يالغۇز دەۋەتچىنىڭ قەلبىدە شەك - شۈبھە ئۇندۇرۇپلا قالماستىن، بەلكى دەۋەتنىڭ ئۆزىنىمۇ گۇمانلىق ھالغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ. سۆز بىلەن ئەمەلنىڭ ئوخشىماسلىقى سەۋەبىدىن كىشىلەرنىڭ قەلب، ئىددىيەسىدە چېچىلاڭغۇلۇق پەيدا بولىدۇ. چۈنكى كىشىلەرنىڭ ئاڭلايدىغىنى ياخشى سۆزلەر بولغىنى بىلەن، كۆرىدىغىنى ناچار قىلمىشلاردىن ئىبارەت بولىدۇ. سۆز بىلەن ئەمەل ئوتتۇرىسىدىكى بۇنداق زىتلىقنى كۆرۈپ ھەيرەتتە قالماي تۇرالمايدۇ. دەۋەت ۋە ۋەز - نەسىھەتنى ئاڭلاپ، ئىمانى ئۇنىڭ روھىغا ياققان چىراغلار ئۆچۈپ قالىدۇ. قەلبلەردىن ئىماننىڭ نۇرى يوقۇلىدۇ. دىنىي پېشۋالارغا بولغان ئىھتىرام يوقۇلۇش نەتىجىسىدە دىنغا بولغان ئىشەنچمۇ يوقالغان بولىدۇ.

بىئەمەل دەۋەتچىنىڭ سۆزى جانسىز كېلىدۇ. ئۇ خۇددى باشقىلارغا يېتىپ بارغىچە ئۆچۈپ قالىدىغان ئۇچقۇنغا ئوخشايدۇ. ئۇنداق دەۋەتچىلەرنىڭ سۆزى گەرچە شۇنچە سىپايە، قاپىيەلىك، دەبدەبىلىك، ھېسسىياتلىق بولسىمۇ، ئەمما رەسمى ئىشىنىدىغان قەلبتىن چىققان سۆز بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ھېچقانداق تەسىر كۈچى بولمايدۇ. تەسىر كۈچى دېگەن ھەقىقىي قەلبتىن چىققان سۆزدىلا مەۋجۇت بولىدۇ. قەلبتىن چىققان سۆز ئۇدۇل تەسىر كۆرسىتەلەيدۇ. قىلىۋاتقان سۆزلىرىگە ئەمەللىرى تەپسىر ھەم تەرجىمان بولالىغان، قىلىۋاتقان دەۋىتى ئۆزىنىڭ ئەمەلىي ھاياتىدا مۇجەسسەم ئوبراز يارىتالىغان دەۋەتچىلا ھەقىقىي سۆزىگە سادىق دەۋەتچى ھېسابلىنىدۇ. بۇنداق ئۆلچەمگە يەتكەن كىشىگە گەرچە ئۇنىڭ سۆزلىرى دەبدەبىلىك، نۇتۇقلىرى ئالا - چۇقانلىق بولمىسىمۇ، پۈتۈن خەلق ئىشەنچ باغلايدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ سۆزىدىكى كۈچ سۆزمەنلىكتىن ئەمەس، بەلكى ئەمەلىيەتچانلىقىدىن كەلگەن بولىدۇ. ئۇنداق چاغدا ئەمەلىيەتچانلىقنىڭ ئۆزىلا سۆزنىڭ گۈزەللىكى بولۇپ قالىدۇ، زۇۋانىدارازلىقتا تاپىنىپ سۆزنى كۆچلەندۈرۈشنىڭ ھاجىتى قالمايدۇ. دەرھەقىقەت، سۆز بىلەن ئىمان ھەم ئەمەل ئارىسىدا ئوخشاشلىقنى ۋە ماسلىشىشچانلىقنى پەيدا قىلىش ھەرگىز ئاسان ئىش ئەمەس، ئاسانلا تاللىۋالغىلى بولىدىغان يولمۇ ئەمەس، بەلكى بۇنى ھاسىل قىلىش ئۈچۈن ئىنتايىن ئېغىر رىيازەت، جاپا - مۇشەققەتلەرنى باشتىن كەچۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھقا باغلىنىش، ئاللاھنىڭ ياردىمى، تەۋپىقى ۋە ھىدايىتىدىن مەدەت ئېلىش

كېرەكلىك بولىدۇ. چۈنكى ئەمەلىي تۇرمۇشتىكى خىلمۇخىل ھالەت، ئېھتىياج، ئامالسىزلىقلار ئىنساننى قەلبىدىكى ئەقىدىدىن ياكى باشقىلار ئۇنى چاقىرىۋاتقان ئىشلاردىن يىراقلاشتۇرۇپ قويىدۇ. ئىنسان مەيلى ھەرقانچە كۈچتۈڭگۈر بولۇپ كەتكەن تەقدىردىمۇ، پۈتۈن كۈچ - قۇدرەتنىڭ خوجايىنى بولغان ئاللاھقا تايانمىغۇچە يەنىلا ئاجىز، ناتىۋان قېلىۋېرىدۇ. چۈنكى رەزىللىك ۋە بۇزۇقچىلىقنىڭ شەيتانىي كۈچلىرى ئىنساننىڭ ھالاكىتى ئۈچۈن ھەممە تەرەپكە توزاق قۇرۇپ تۇرغان بولىدۇ. گەرچە ئىنسان كۆپىنچە ھاللاردا ئۇ توزاقلاردىن غالىپ كەلسىمۇ، ئەمما سەللا بىخۇتلۇقتا قالغان ھامان يىقىلىپ، خارلىققا چۆكىدۇ. ئۆزىنىڭ ئۈتمۈشىنى، ھازىرىنى ۋە كەلگۈسىنى تەڭلا قولدىن بېرىپ قويىدۇ. ناۋادا ئىنسان پۈتۈن ئىشەنچىنى ئەشۇ ئەزەلىي ۋە ئەبەدىي قۇۋۋەتكە (يەنى ئاللاھقا) باغلايدىغان بولسا، ئۇ چاغدا ئۇنىڭ كۈچ - قۇدرىتى شۇ قەدەر ئېشىپ كېتىدۇكى، ھەممە نەرسىدىن غالىپ كېلىدىغان ھالغا يېتىدۇ. ئۆز ئاجىزلىقلىرىنىمۇ ۋە نەپسانىي خاھىشلىرىنىمۇ يېڭىپ كېتەلەيدىغان بولىدۇ. جىددى ئېھتىياجلىرى ۋە چارىسىزلىقلىرى ئۈستىدىنمۇ غالىپ كېلىدىغان، جۇملىدىن ئۇنىڭ بىلەن دوقۇرۇشۇپ تۇرىدىغان پۈتۈن كۈچلەرنى مەغلۇپ قىلىدىغان بولىدۇ. شۇڭا قۇرئان كەرىم بۇ يەردە ئالدى بىلەن يەھۇدىيلارنى ئەشۇ تەڭداشسىز قۇدرەت تەرەپكە دىققەت قىلىشقا چاقىرىدۇ. چۈنكى خىتابنىڭ قاراتما ئوبيېكتى ئالدى بىلەن يەھۇدىيلار، ئاندىن پۈتۈن دۇنيا ئىنسانلىرى بولۇپ، ئۇلارنى بۇ قېتىن، مۇشكۇل ۋەزىپىنى ئادا قىلىشتا، شۇنداقلا بۇ مۇرەككەپ كۈرەشنى بېسىپ ئۆتۈشتە قەتئىي ئىرادە ۋە سەۋرچانلىق بىلەن، ناماز ئوقۇش ۋە ئاللاھتىن تىلەش بىلەن ياردەم ھاسىل قىلىشقا چاقىرىدۇ. يەھۇدىيلاردىن تەلەپ قىلىنىۋاتقىنى دىنغا خىزمەت قىلىش، قولغا كەلتۈرگەن مال - بايلىقلارنى ئازغىنە ۋاقىتلىق نېمەت دەپ بىلىپ، ئۇنىڭدىن ھەقنى ئۈستۈن كۆرۈش ئىدى. چۈنكى ئۇلار مەدىنىدىكى دىنىي سالاھىيىتى ۋە دىنىي مەلۇماتى سەۋەبىدىن ھەق - ساداقەتنى ياخشى بىلىدىغان، شۇنداقلا باشتىنلا كىشىلەرنى ئىمانغا دەۋەت قىلىۋاتقان بولغاچقا، ئەمدىكى ئىمان كارۋانلىرىغا دەرھال قوشۇلۇپ كېتىشى پەرز ئىدى. بىراق يەھۇدىيلارنىڭ بۇنداق بىر قارارغا كېلىشى ئۈچۈن ئىنتايىن بۈيۈك جاسارەت كۈچى بولۇشى لازىم ئىدى. شۇڭا ئاللاھ ئۇلارنى قەتئىي ئىرادە ۋە سەۋرچانلىق بىلەن، ناماز ھەم دۇئا بىلەن كۈچ ھاسىل قىلىشقا بۇيرۇيدۇ.

«وَٱسۡتَعِينُواْ بِٱلصَّبۡرِ وَٱلصَّلَوٰةِۚ وَإِنَّهَا لَكَبِيرَةٌ إِلَّا عَلَى ٱلۡخَٰشِعِينَ. ٱلَّذِينَ يَظُنُّونَ أَنَّهُم مُّلَٰقُواْ رَبِّهِمۡ وَأَنَّهُمۡ إِلَيۡهِ رَٰجِعُونَ»

*«سەۋر قىلىش ۋە ناماز ئوقۇش ئارقىلىق ياردەم ھاسىل قىلىڭلار. شەكسىزكى، ناماز ھەقىقەتەن مۇشەققەتلىك ئىشتۇر، ئەمما ئاللاھقا ئىتائەتمەنلەر ئۈچۈن مۇشەققەتلىك ئەمەس. ئەنە شۇلار پەرۋەردىگارىغا جوقۇم مۇلاقات بولىدىغانلىقىغا ۋە ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا جوقۇم قايتىپ بارىدىغانلىقىغا جەزمەن ئىشىنىدۇ».*

مېنىڭ قارىشىمچە، بۇ يەردىكى ''إِنَّهَا'' دېگەن ئىگىلىك ئالماش قوشۇمچىسى بىرەر كىشى تەرەپكە ئەمەس، بەلكى شۇ چاغنىڭ ئەمىلى مۇھىتىغا قارىتىلغان. يەنى، شۇنچە كۆپ توسالغۇلار مەۋجۇت بولغان بۇنداق بىر شارائىتتا يەھۇدىيلارنى ھەقنى قوبۇل قىلىشقا چاقىرىش ناھايىتىمۇ قىيىن، بەسى مۈشكۈل بىر ئىش. ئەمما قەلبىدە پەقەت ئاللاھتىنلا قورقىدىغان ۋە ئاللاھقىلا ئىتائەت قىلىدىغان، ئاللاھتىن قورقۇش ۋە تەقۋالىق قىلىش ھېسسى دائىم ئويغاق بولغان ھەمدە ئاخىرى ئاللاھ تەرەپكە قايتىدىغانلىقىغا چوقۇم ئىشىنىدىغان زاتلارغا نىسبەتەن ناھايىتى ئاسان ئىشتۇر.

ئەمەلىيەتتىمۇ ئىنسان قەتئىي ئىرادە ۋە سەۋرچانلىقتىن ئىنېرگىيە ھاسىل قىلىشقا تەكرار - تەكرار ئېھتىياجلىق بولۇپ تۇرىدۇ. بۇ ھەرقانداق مۇسىبەتكە ۋە مۇشەققەتكە داۋا، قىيىنچىلىققا چارە بولىدۇ. ئىنسانغا نىسبەتەن ئەڭ قىيىن ئىش، ھوقۇق - مەنسەپتىن چۈشۈپ، ھەق - ساداقەت ئۈچۈن ئۆز مەنپەئەتىنى، كەسىپ - تاپاۋەتلىرىنى چۆرۈپ تاشلاش، شۇنداقلا ھەممە نەرسىدىن قول ئۈزۈپ، ھەقنى ئېتىراپ قىلىش ۋە ھەقكە ئەگىشىشتىن ئىبارەتتۇر. بۇنىڭغا نىسبەتەن: «نامازدىن قانداقسىگە ياردەم ئالغىلى بولىدۇ؟» دېگەن سوئال پەيدا بولىدۇ.

ناماز ئەسلىدە ئاللاھ بىلەن بەندە ئوتتۇرىسىدىكى مەخسۇس ئالاقە بولۇپ، ئۇنىڭدىن ئىنسان قەلبى ئوزۇق تاپىدۇ ۋە روھى ئالاھىدە بىر باغلىنىشنى ھېس قىلىدۇ. ئۇنىڭدا ئىنسان نەپسى ئۈچۈن ھەتتا دۇنيادىكى پۈتۈن بايلىقلاردىنمۇ قىممەتلىك بايلىق بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامىمۇ قانداقلا بىر قىيىنچىلىق يۈزىسىدىن سىقىلسا، شۇ ھامان نامازغا يۈگرەيتتى. بۇ روھى ھەر دائىم ۋەھيي ۋە ئىلھام بىلەن رەببىگە باغلانغان بىر قەلبنىڭ يەنە ئۇنىڭغا يۈنىلىشى ئىدى. بۇ بەرىكەت ۋە خەير - ئېھسانىنىڭ سەرچەشمىسى ھازىرمۇ ئاللاھ يولىنىڭ كارۋانلىرى ئۈچۈن بىر ئوزۇق، چۆللۈكتە سۇسىز چاڭقىغانلار ئۈچۈن ئۇسسۇزلۇق، پۈتۈن ئۈمىدلەر ئۈزۈلگەن يەردە بىر ئۈمىد مەنبەسىدۇر. بۇ مەنبە ھەر بىر مۆئمىن قول ئۈزاتسىلا ئېرىشەلەيدىغان بىر غەزىنە سۈپىتىدە داۋاملىشىپ كەلمەكتە.

ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا ھەرقانداق ئىشتا ۋە ھەرقانداق ئەھۋالدا چوقۇم قايتىپ بارىدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشىنىش، ئىنساننىڭ ۋۇجۇدىدا سەۋر ۋە چىدامچانلىقنى پەيدا قىلىدۇ. مانا بۇ، تەقۋا ۋە ياخشىلىق تۇيغۇسىنىڭ مەنبەسى، مانا بۇ، توغرا قىممەت ئۆلچىمىنىڭ مەنبەسى... دۇنيانىڭ قىممىتى بىلەن ئاخىرەتنىڭ قىممىتى ئارىسىدا توغرا ئۆلچەم پەيدا بولغان ۋە تارازىنىڭ چوكىسى تۈغرا تۇتۇلغان ھەرقانداق چاغدا، دۇنيا پۈتۈنلەي قىممەتسىز، بىر ئەرزىمەس نەرسە بولۇپ كۆرۈنۈشكە باشلايدۇ. ئەنە شۇ چاغدىلا، ئاخىرەت پۈتۈن ھەشەمىتى بىلەن ئۆزىنى ئايان قىلىدۇ. ئاندىن ھېچ بىر ئەقىل ئىگىسى ئۇنى ئەلا بىلىشتە ۋە ئۇنى تاللاشتا قىلچە ئىككىلەنمەيدىغان بولىدۇ.

ئىنسان قۇرئان كەرىم ئۇستىدە دەل مانا مۇشۇنداق تەرىزدە پىكىر يۈرگۈزىدىغان بولسا، ئەينى چاغدا بەنى ئىسرائىلغا بېرىلگەن يوليورۇقلارنىڭ پۈتۈن ئىنسانىيەت ئۈچۈن مەڭگۈلۈك يوليورۇققا ئايلانغانلىقىنى كۆرۈپ يېتەلەيدۇ.

*********

## نېمەت

شۇڭا بۇنىڭدىن كېيىنكى ئايەتلەرنىڭ يۈنىلىشى قايتىدىن يەنە بەنى ئىسرائىل قەۋمىگە بۇرۇلۇپ، ئۇلارغا ئاللاھنىڭ نېمەتلىرىنى ئەسلىتىدۇ ۋە كېلىش ئالدىدا تۇرغان كۈننىڭ دەھشىتىدىن قورقۇتىدۇ. بۇ ئىشلار تەپسىلى بايان قىلىنىشتىن ئىلگىرى يىغىنچاق شەكىلدە خىتاب قىلىنىدۇ.

يَٰبَنِيٓ إِسۡرَٰٓءِيلَ ٱذۡكُرُواْ نِعۡمَتِيَ ٱلَّتِيٓ أَنۡعَمۡتُ عَلَيۡكُمۡ وَأَنِّي فَضَّلۡتُكُمۡ عَلَى ٱلۡعَٰلَمِينَ ﴿٤٧﴾ وَٱتَّقُواْ يَوۡمٗا لَّا تَجۡزِي نَفۡسٌ عَن نَّفۡسٖ شَيۡـٔٗا وَلَا يُقۡبَلُ مِنۡهَا شَفَٰعَةٞ وَلَا يُؤۡخَذُ مِنۡهَا عَدۡلٞ وَلَا هُمۡ يُنصَرُونَ ﴿٤٨﴾

*ئى ئىسرائىل ئەۋلادى! سىلەرگە بەرگەن نېمىتىمنى ۋە سىلەرنى تامام جاھان ئەھلىدىن ئۈستۈن قىلغانلىقىمنى ئەسلەڭلار[47]. كىشى كىشىگە ئەسقاتمايدىغان، ھېچ كىشىنىڭ شاپائىتى قوبۇل قىلىنمايدىغان، ھېچ كىشىدىن فىدىيە ئېلىنمايدىغان، گۇناھكارلار ھېچ يەردىن ياردەمگە ئېرىشەلمەيدىغان كۈندىن قورقۇڭلار[48].*

بەنى ئىسرائىلنىڭ پۈتۈن جاھان ئەھلىدىن ئۈستۈن قىلىنغان دەۋرى ئۇلار ھەقىقىي مەنىدىن ئاللاھنىڭ يەر يۈزىدىكى خەلىپىسى بولالىغان دەۋرلەر ئىدى. بىراق ئۇلار ئۆز پەرەۋەردىگارىنىڭ ئەھكاملىرىدىن يۈز ئۆرۈپ، پەيغەمبىرىگە ئىتائەتسىزلىك قىلىشقا ۋە ئاللاھنىڭ ئۇلارغا ئاتا قىلغان نېمەتلىرىگە ناشۈكۈرلۈك قىلىپ، ئاللاھقا بەرگەن ئەھدىسىنى، شۇنداقلا ئۆز ئۈستىگە ئالغان مەسئۇلىيەتلىرىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇشقا باشلىغاندا، ئاللاھمۇ ئۇلارنى مەڭگۈلۈك غەزىپىگە دۇچار قىلىش، لەتەنلىك، خار - زەبۇن قەۋم قىلىۋېتىش قارارىغا كەلدى. ئۇلارنى يەرتلىرىدىن قوغلاپ چىقىرىپ، سەرسان قىلىش ھۆكۈم قىلىندى ۋە ئۇلار ئاللاھنىڭ ئازابىغا ھەقلىق بولۇشتى.

ئەمەلىيەتتە ئۇلارغا بىر چاغلاردا ئاللاھنىڭ شۇنچە ئىنئام - ئىكراملارنى قىلغانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ دۇنيادىكى ئەڭ ئېسىل قەۋم بولغانلىقى ئەسلىتىلمەكتە. بۇ ئارقىلىق ئۇلار ئەشۇ يوقىتىپ قويغان مەرتىۋىسىنى قايتىدىن قولغا كەلتۈرۈش پۇرسىتىنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكى تەرەپكە تەرغىپ قىلىنغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ بۇ يېڭى ئىمان كارۋانلىرىغا قېتىلىپ، ئىسلام دەۋىتىگە قوشۇلۇشى، ئاللاھقا بەرگەن ئەھدىسىگە قايتىپ، ئاتا - بوۋىلىرىغا ئاللاھ تەرەپتىن

قىلىنغان مەزكۇر ئىنئاملارغا ئۇلارنىڭمۇ شۈكرى ئادا قىلىشى كېرەكلىكى، شۇنداقلا مۆئمىنلەرگە ئاتا قىلىنىۋاتقان ئەمدىكى يۈكسەك ماقامغا ئۇلارنىڭمۇ تەڭ ئورتاق بولۇشى كېرەكلىكى بىلدۈرۈلمەكتە. ھەمدە يەنە بۇ ئىنئام ـ ئىكراملارنى ئەسلىتىش ۋە تەرغىپ قىلىش بىلەن بىرگە، كېلىش ئالدىدا تۇرغان، «لَّا تَجْزِى نَفْسٌ عَن نَّفْسٍ شَيْـًٔا» «ھېچ كىشىگە ھېچكىشى ئەسقاتمايدىغان» قىيامەت كۈنىدىنمۇ قورقىتىلماقتا. چۈنكى قىيامەت كۈنى ھەر بىر كىشى ئۆز ئەمەلىنىڭ بەدىلىنى كۆرىدۇ. قىيامەتتىكى ھېساب يەككە ھالدا ئېلىپ بېرىلىدۇ. ھەر بىر كىشى ئۆز ئەمەلىگە ئۆزى جاۋابكار بولىدۇ، ھېچ كىشى ئىككىنچى بىرىگە ئەسقاتمايدۇ.

شۇنى ئەستە تۇتۇش كېرەككى، مەسئۇلىيەتنىڭ خۇسۇسىي بولۇشى ئىسلامنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك ئەڭ ئۇلۇغ پرىنسىپىنىڭ بىرسى. كىشىلىك مەسئۇلىيەت پرىنسىپى ئىنساننىڭ ئازات ئىرادە، تاللاش ئەركىنلىكى ئۈستىگە قۇرۇلغان بولۇپ، شۇنىڭغا ئاساسەن ئاللاھ تەرەپتىن ئالەمشۇمۇل ئەدلى ـ ئادالەت يۈرگۈزۈلىدۇ. بۇ پرىنسىپ ئىنسان ۋۇجۇدىدا ئەڭ شەرەپلىك مەخلۇق بولۇش تۇيغۇسىنى ئويغۇتىدۇ، بۇ ئارقىلىق ئۇنىڭ قەلبى مەڭگۈ سەگەك، جۇش ئۇرۇپ تۇرىدىغان بولىدۇ. بۇ ئىككى ئامىل ئىنسان مەدىنىيىتى ۋە تەربىيىسى ئۈچۈن ئىنتايىن پايدىلىق بولۇپ، ئۇ يەنە ئىنساننىڭ قەدىر ـ قىممىتىنى يۈكسەلتىدۇ. بۇ پرىنسىپ ئىسلامنىڭ ئىنسانغا ئەڭ شەرەپلىك مەخلۇق بولۇش ماقامى بېرىش ئاساسىدۇر.

«وَلَا يُقْبَلُ مِنْهَا شَفَـٰعَةٌ وَلَا يُؤْخَذُ مِنْهَا عَدْلٌ» «ھېچ كىشىنىڭ شاپائىتى قوبۇل قىلىنمايدىغان، ھېچ كىشىدىن فىدىيە ئېلىنمايدىغان» ئۇ كۈندە ئىمان ۋە سالىھ ئەمەل بىلەن كېلەلمىگەن كىشىگە ھېچ بىر شاپائەت بولمايدۇ. كۈپۈرلۈكى بىلەن ئاسىيلىقىنىڭ ئەپۇ قىلىنىشى ئۈچۈن فىدىيەمۇ قوبۇل قىلىنمايدۇ.

«وَلَا هُمْ يُنصَرُونَ» «گۇناھكارلار ھېچ يەردىن ياردەمگە ئېرىشەلمەيدىغان» ئۇ كۈندە، ئۇلارنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قۇتۇلدۇرۇپ قالىدىغان ھېچ بىر ياردەمچى، مەدەتكار بولمايدۇ. بۇ ئاخىرقى جۈملىدىكى كۆپلۈك ئالماش ھەممەيلەننى تەڭ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يەنى، كىشى كىشىگە ئەسقاتمايدىغان، ھېچ كىشىنىڭ شاپائىتى قوبۇل قىلىنمايدىغان، ھېچ كىشىدىن فىدىيە ئېلىنمايدىغان ئۇ كۈندە پۈتۈن ئىنسانلار بىر ـ بىرىگە ئەسقاتمايدۇ. گەرچە ئايەتنىڭ بېشىدا بەنى ئىسرائىل قەۋمىگە خىتاب قىلىنغان بولسىمۇ، ئاخىرىدا بۇ ھۆكۈمنىڭ پۈتۈن ئىنسانلارغا تەڭ ئومۇملىششى ئۈچۈن سۆز شەكلى ئۈچىنچى شەخس كۆپلۈك تەرەپكە بۇرالغان.

شۇنىڭدىن كېيىن، قۇرئان كەرىم ئاللاھ تائالانىڭ بەنى ئىسرائىل قەۋمىگە بەرگەن نېمەتلىرىنى بىر ـ بىرلەپ ساناپ ئۆتىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ نېمەتلەرگە قانداق پوزىتسىيە

تۇتقانلىقىنى، قانداقلارچە ئىنكار قىلىپ، ھەق يولدىن چىققانلىقىنى ئېيتىپ بېرىدۇ. ئۇلارنى پىرئەۋننىڭ قۇللۇقىدىن ۋە ئازاپ - ئوقۇبەتلىرىدىن قۇتقۇلدۇرۇپ چىقىش ئەڭ كاتتا نېمەتلەردىن بىرسى بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ يەردە ھەممىدىن ئىلگىرى شۇ ۋەقە تىلغا ئېلىنىدۇ.

وَإِذْ نَجَّيْنَٰكُم مِّنْ ءَالِ فِرْعَوْنَ يَسُومُونَكُمْ سُوٓءَ ٱلْعَذَابِ يُذَبِّحُونَ أَبْنَآءَكُمْ وَيَسْتَحْيُونَ نِسَآءَكُمْ ۚ وَفِى ذَٰلِكُم بَلَآءٌ مِّن رَّبِّكُمْ عَظِيمٌ ﴿٤٩﴾ وَإِذْ فَرَقْنَا بِكُمُ ٱلْبَحْرَ فَأَنجَيْنَٰكُمْ وَأَغْرَقْنَآ ءَالَ فِرْعَوْنَ وَأَنتُمْ تَنظُرُونَ ﴿٥٠﴾

*ئەسلىگىلاركى، ئۆز ۋاقتىدا بىز سىلەرنى پىرئەۋن خانىدانىنىڭ قۇللىقىدىن قۇتقازدۇق، ئۇلار ئوغۇللىرىڭلارنى بوغۇزلاپ، قىزلىرىڭلارنى تىرىك قالدۇرۇش ئارقىلىق سىلەرنى دائىم قاتتىق ئازابقا مۇبتىلا قىلاتتى. بۇنىڭدا پەرۋەردىگارىڭلار تەرىپىدىن سىلەرگە چوڭ سىناق بار ئىدى*[49].

*ئەسلىگىلاركى، ئۆز ۋاقتىدا بىز دېڭىزنى يېرىپ، سىلەرگە يول ئېچىپ بەردۇق ۋە سىلەرنى ساق ـ سالامەت ئۆتكۈزۈۋەتتۇق. ئاندىن پىرئەۋن گورۇھىنى شۇ يەردىلا كۆز ئالدىڭلاردا غەرق قىلدۇق*[50].

قۇرئان ئەينى چاغدا ئۇلارنىڭ قەدىم ئەجدادلىرى تارتقان زۇلۇم - سىتەملەرنى ئۇلارنىڭ تەپەككۇر لەۋھەسىگە سۈرەتلەپ بېرىش بىلەن بىرگە، ئۇلارنى ئازابتىن قۇتقۇلدۇرىۋالغان چاغنىمۇ تەسەۋۋۇر قىلدۇرىدۇ. ئۇلارغا: «*ئەينى ئەسلىگىلاركى، ئۆز ۋاقتىدا سىلەرنى دائىم ئازابقا مۇبتىلا قىلغان پىرئەۋن خانىدانىنىڭ قۇللىقىدىن قۇتقازدۇق*» دەيدۇ. «يَسُومُونَ» دېگەنلىك، «سىلەرنى ھەردائىم ئازابقا مۇبتىلا قىلغان» دېگەنلىك بولۇپ، بۇ گويا: «پىرئەۋن ئازاپ - ئوقۇبەتنى سىلەرگە دائىم يېگۈزىدىغان ئوزۇقلۇق قىلىۋالدى» دېگەننى ئىپادىلىگەنلىك بولىدۇ. ئۇنىڭ ئارقىدىن ئازابنىڭ مەخسۇس بىر تۈرىنى يەنى، ئوغۇللارنى ئۆلتۈرۈپ، قىزلارنى ساق قالدۇرىدىغانلىقىنى تىلغا ئېلىش ئارقىلىق بەنى ئىسرائىلنىڭ نەقەدەر ئاجىز ھالغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى ۋە ئۈستىدىكى مەسئۇلىيەتنىڭ شۇنچە ئېغىرلىقىنى ئەسلىتىدۇ.

بەنى ئىسرائىلنى ئازابتىن قۇتقۇزۇش ۋەقەسى تەپسىلى بايان قىلىنىشتىن ئىلگىرى، ئۇ خىل ئازاب - ئوقۇبەتنىڭ پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن بېرىلگەن ئېغىر ئايەت ئىكەنلىكى تىلغا ئېلىنىدۇ. بۇ ئارقىلىق ئۇلارنىڭ، شۇنداقلا ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ ھېس - تۇيغۇلىرىدا: «ھەرقانداق كىشىنىڭ مۇسىبەتكە مۇبتىلا بولۇشى، ھەرقانداق بىر بەندىنىڭ بېشىغا بالا كېلىشى، ئۇنىڭغا نىسبەتەن ھەم ئايەت ھەم پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن بىر سىناقتۇر» دېگەن تونۇشنى پەيدا قىلىدۇ. بالا - مۇسىبەتنىڭ بۇ ھەقىقىتىنى بىلىپ يەتكەن كىشى ھەرقانداق مۇسىبەت - قىيىنچىلىقلاردىن مەنپەئەتلىنەلەيدىغان بولىدۇ. ئەشۇ خىل تونۇشى ئارقىلىق ئېغىر بالايى - ئاپەتلەردىنمۇ چوقۇم بىرەر نەرسە ھاسىل قىلماي قالمايدىغان بولىدۇ. دەرت - ئەلەمگە مۇبتىلا كىشى ناۋادا ئۇنىڭ بىر ئىمتىھان ئىكەنلىكىنى بىلسە، دەرت - ئەلەممۇ

مەنپەئەتلىك نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. بۇنداق تەسەۋۋۇر بىلەن ھايات كەچۈرۈۋاتقان كىشىنىڭ پۈتۈن قىيىنچىلىقلىرى ئاسانلىشىپ كېتىۋېرىدۇ. بولۇپمۇ، ئەشۇ ئەلەملىك ئاچچىق ساۋاقلار داۋامىدا قولغا كېلىدىغان ئىلىم - مەرىپەت، قەتئىي ئىرادىنى نەزەردە تۇتىدىغان بولسا، ھەمدە ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا مۇسىبەتلەرنىڭ ئەجرى بارلىقىنى بىلىپ، ئاللاھقا بولغان قوللۇق ۋە ئىلتىجالىرىنى ئۈزۈلدۈرمەي داۋاملاشتۇرسا، ئاللاھنىڭ چوقۇم نىجاتلىققا ئېرىشتۈرىدىغانلىقىغا قەتئىي ئۈمىدۋار بولسا، ئاللاھنىڭ رەھىم - شەپقىتىدىن قەتئىي ئۈمۈتسىزلەنمىسە، تېخىمۇ شۇنداق بولىدۇ. دەل مۇشۇ ۋەجىدىن، بەنى ئىسرائىل قەۋمىنىڭ ئازاب - ئوقۇبىتىنى تىلغا ئېلىش بىلەن تەڭ: «وَفِي ذَٰلِكُم بَلَآءٌ مِّن رَّبِّكُمْ عَظِيمٌ» «بۇنىڭدا پەرۋەردىگارىڭلار تەرىپىدىن سىلەرگە چوڭ سىناق بار ئىدى» دەيدۇ. ئاندىن بەنى ئىسرائىل قەۋمىنىڭ ئازابتىن قۇتۇلۇش جەريانىنى بايان قىلىپ: «وَإِذْ فَرَقْنَا بِكُمُ ٱلْبَحْرَ فَأَنجَيْنَٰكُمْ وَأَغْرَقْنَآ ءَالَ فِرْعَوْنَ وَأَنتُمْ تَنظُرُونَ» «ئەسلەڭلاركى، ئۆز ۋاقتىدا بىز دېڭىزنى يېرىپ، سىلەرگە يول ئېچىپ بەردۇق ۋە سىلەرنى ساق ـ سالامەت قۇتقۇزۇۋەتتۇق. ئاندىن پىرئەۋن گۇرۇھىنى شۇ يەردىلا كۆز ئالدىڭلاردا غەرق قىلدۇق» دەيدۇ.

بۇ قۇتۇلۇش ۋەقەسىنىڭ جەريانى بۇنىڭدىن بۇرۇن، سۈرە بەقەرەدىن ئىلگىرى مەككىدە نازىل بولغان باشقا سۈرىلەردە بايان قىلىنغان بولۇپ، بۇ يەردە پەقەت ۋەقەدىن خەۋەردار كىشىلەرگە قايتىدىن ئەسلىتىپ قويۇش مەقسەت قىلىنماقتا. ئەسلىدە ئايەتنىڭ خىتاب قىلىنغۇچىلىرى بۇ ۋەقەدىن تولۇق خەۋەردار ئىدى، ئۇلار بۇ مەلۇماتنى يا قۇرئان كەرىمدىن ۋە ياكى ئۆز يېنىدا ساقلىنىۋاتقان دىنىي كىتاب، ھېكايە، چۆچەكلەردىن ئىگەللىگەن ئىدى. شۇڭا بۇ يەردە ئۇلارنى تەسىرلەندۈرۈش ئۈچۈن ۋەقە قايتىدىن سۈرەتلەپ بېرىلمەكتە.

بۇ تەسۋىرلەش ئۇسلۇبىغا قارىمامدىغان؟! گويا مەدىنە يەھۇدىلىرى دېڭىزنىڭ يېرىلىشىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرمەكتە، بەنى ئىسرائىل قەۋمى مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدىلا دېڭىزنى يېرىپ ئۆتمەكتە ئىدى. قۇرئان كەرىمنىڭ بۇنداق بايان تەرزى، يەنى تەسۋىرلەش ئۇسلۇبى بىلەن خىتاب قىلىنغۇچىنى ئاجايىپ تەسىرگە سېلىشى پەقەت قۇرئانغىلا خاس ئۆزگىچە مۆجىزىۋىي ئىپادە ئۇسلۇبى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ[1].

***********

[1] "التصوير الفنى فى القرآن" "قۇرئاننىڭ تەسۋىرلەش سەنئىتى" ناملىق كىتابىمنىڭ "قۇرئاننىڭ ئىپادە ئۇسلۇبى" ناملىق بۆلۈمىگە قارالسۇن (مۇئەللىپتىن).

## كالىغا چوقۇنۇش

ئەمدى ئايەتنىڭ جەريانى بەنى ئىسرائىلنىڭ مىسىردىكى زۇلۇمدىن قۇتۇلۇپ، كۆچۈپ چىقىشىنى بويلىغان ھالدا ئۇنىڭدىن كېيىنكى ۋەقەلەرنى بايان قىلىدۇ.

وَإِذْ وَٰعَدْنَا مُوسَىٰٓ أَرْبَعِينَ لَيْلَةً ثُمَّ ٱتَّخَذْتُمُ ٱلْعِجْلَ مِنۢ بَعْدِهِۦ وَأَنتُمْ ظَٰلِمُونَ ﴿٥١﴾ ثُمَّ عَفَوْنَا عَنكُم مِّنۢ بَعْدِ ذَٰلِكَ لَعَلَّكُمْ تَشْكُرُونَ ﴿٥٢﴾ وَإِذْ ءَاتَيْنَا مُوسَى ٱلْكِتَٰبَ وَٱلْفُرْقَانَ لَعَلَّكُمْ تَهْتَدُونَ ﴿٥٣﴾ وَإِذْ قَالَ مُوسَىٰ لِقَوْمِهِۦ يَٰقَوْمِ إِنَّكُمْ ظَلَمْتُمْ أَنفُسَكُم بِٱتِّخَاذِكُمُ ٱلْعِجْلَ فَتُوبُوٓا۟ إِلَىٰ بَارِئِكُمْ فَٱقْتُلُوٓا۟ أَنفُسَكُمْ ذَٰلِكُمْ خَيْرٌ لَّكُمْ عِندَ بَارِئِكُمْ فَتَابَ عَلَيْكُمْ ۚ إِنَّهُۥ هُوَ ٱلتَّوَّابُ ٱلرَّحِيمُ ﴿٥٤﴾

*ئەسلەڭلاركى، ئۆز ۋاقتىدا مۇسانى قىرىق كېچە ـ كۈندۈزلۈك ۋەدە بىلەن چاقىردۇق. ئۇ سىلەردىن ئايرىلغاندىن كېيىن، سىلەر موزاينى مەبۇد قىلىۋالدىڭلار. شۇ چاغدا سىلەر قاتتىق يولسىزلىق قىلغان ئىدىڭلار[51]. شۇنىڭدىن كېيىن، يەنە سىلەرنى ئەپۇ قىلدۇق، شۈكرى قىلىشىڭلار كېرەك ئىدى[52].*

*ئەسلەڭلاركى، ئېنى چاغدا (سىلەر ئۆزۈڭلارغا زۇلۇم قىلىۋاتقان پەيتتە) سىلەرنى شۇ ئارقىلىق ھىدايەت تاپسۇن دەپ، مۇساغا كىتابنى ۋە فۇرقاننى ئاتا قىلدۇق[53].*

*ئەسلەڭلاركى، ئۆز ۋاقتىدا مۇسا (بۇ نېمەتنى ئېلىپ قايتقاندا) ئۆز قەۋمىگە: «ئى قەۋمىم! سىلەر موزاينى مەبۇد قىلىپ، ھەقىقەتەن ئۆزەڭلارغا قاتتىق زۇلۇم قىلدىڭلار، شۇڭا سىلەر ياراتقۇچىڭلار ئالدىدا تەۋبە قىلىڭلار ۋە ئۆز ـ ئۆزەڭلارنى ئۆلتۈرۈڭلار. مۇنداق قىلىش ياراتقۇچىڭلارنىڭ دەرگاھىدا سىلەر ئۈچۈن ياخشىدۇر» دېدى. شۇ چاغدا ياراتقۇچىڭلار تەۋبەڭلارنى قوبۇل قىلدى. ئۇ ھەقىقەتەن تەۋبىنى بەكمۇ قوبۇل قىلغۇچى ۋە ناھايىتى مېھرىباندۇر[54].*

بەنى ئىسرائىل قەۋمىنىڭ موزاينى ئىلاھ قىلىۋېلىپ، ئۇنىڭغا چوقۇنۇشى، مۇسا ئەلەيھىسسالام قىرىق كۈنلۈك ۋەدە بىلەن تۇر تېغىغا چىقىپ كەتكەن چاغدا يۈز بەرگەن ئىدى. سۈرە بەقەرەدىن ئىلگىرى نازىل بولغان سۈرە تاھادا بۇ ئىش تەپسىلى بايان قىلىنغان بولۇپ، بۇ يەردە پەقەت ۋەقەنىڭ ئۇلار بىلىدىغان تەپسىلاتى قايتىدىن ئەسلىتىلمەكتە. ئاللاھ تائالا ئۇلارغا ئەسلىتىپ: «ئۇلار شۇنداق ھالدا ئىكەنكى، پەيغەمبەر كۆزدىن بىردەملىك غايىپ بولغان ھامان، موزايغا ئۆزىنى ئېتىشىدۇ، ۋەھالەنكى، پەيغەمبەر ئۇلارنى پەقەت ئاللاھنىڭ نامى بىلەنلا پىرئەۋن خاندانىنىڭ ئەشەددى زۇلۇم - سىتەملىرىدىن قۇتۇلدۇرغان ئىدى» دەيدۇ ھەمدە ئۇلارغا: «وَأَنتُمْ ظَٰلِمُونَ» «*سىلەر زالىملار ئىدىڭلار*» دەپ باھا بېرىدۇ.

دېمىسمۇ، ئاللاھنىڭ بەندىچىلىكىنى تاشلاپ، پەيغەمبەرنىڭ نەسىھەتلىرىنى ئۇنتۇپ، موزايغا ئوخشاش بىر مەخلۇققا چوقۇنۇشنى باشلاشتىنمۇ ئارتۇق زۇلۇم بولامدۇ؟! ۋەھالەنكى،

ئاللاھ ئۇلارنى دەل موزايىنى مۇقەددەس بىلىدىغان قەۋمىنىڭ قۇللىقىدىن ئازات قىلغان ئىدى. بىراق شۇنداقتىمۇ ئاللاھ ئۇلارنى ئەپۇ قىلدى، ئۇلارنىڭ پەيغەمبىرىگە ھىدايەت كىتابى بولغان ۋە ئۇنىڭدا يېزىلغىنى ھەق بىلەن باتىلنىڭ ئوتتۇرىسىنى ئايرىپ بەرگۈچى فۇرقان بولغان تەۋراتنى ئاتا قىلدى. بۇ ئارقىلىق ئۇلارنىڭ باتىلنى تاشلاپ، روشەن ھەقنى قوبۇل قىلىشى ئۈمىد قىلىندى. لېكىن شۇنداقتىمۇ ئۇلارنى پاكلاشتا قاتتىق قوللۇق قىلىش زۆرۈر ئىدى، چۈنكى ئۇلارنىڭ بۇزۇق تەبىئىتىنى يالىڭاچ قىلىچ ۋە قاتتىق ئازاب ئارقىلىقلا رۇسلىغىلى بولاتتى. ئۇلارنىڭ تەبىئىتى جازانىڭ ھەم شىددەتلىك ھەم پەۋقۇلئاددە بولۇشىنى تەقەززا قىلماقتا ئىدى. شۇڭا: «وَإِذ قَالَ مُوسَىٰ لِقَوۡمِهِۦ يَٰقَوۡمِ إِنَّكُمۡ ظَلَمۡتُمۡ أَنفُسَكُم بِٱتِّخَاذِكُمُ ٱلۡعِجۡلَ فَتُوبُوٓاْ إِلَىٰ بَارِئِكُمۡ فَٱقۡتُلُوٓاْ أَنفُسَكُمۡ ذَٰلِكُمۡ خَيۡرٌ لَّكُمۡ عِندَ بَارِئِكُمۡ» «ئىسلاڭلاركى، ئېنى چاغدا مۇسا ئۆز قەۋمىگە: ”ئى قەۋمىم! سىلەر موزايىنى مەبۇد قىلىپ، ھەقىقەتەن ئۆزەڭلارغا قاتتىق زۇلۇم قىلدىڭلار، شۇڭا سىلەر ياراتقۇچىڭلار ئالدىدا تەۋبە قىلىڭلار ۋە ئۆز ـ ئۆزەڭلارنى ئۆلتۈرۈڭلار. مۇنداق قىلىش ياراتقۇچىڭلارنىڭ دەرگاھىدا سىلەر ئۈچۈن ياخشىدۇر“ دېدى» دەپ ھۆكۈم قىلىندى.

يەنى ئۆز - ئۆزىڭلارنى ئۆلتۈرۈڭلار... ئىچىڭلاردىكى ئىنتائەتكار بولغانلار ئاسىيلارنى ئۆلتۈرسۇن، شۇنىڭ بىلەن، ئۆز - ئۆزىڭلارنىمۇ ۋە ئىسيانكارلارنىمۇ پاكلىغان بولىسىلەر... دېيىلدى.

رىۋايەتلەرگە كۆرە، بۇ روھلارنى قاتتىق زىلزىلىگە سالىدىغان ئىنتايىن ئېغىر جانئالغۇچ مەسئۇلىيەت بولۇپ، قېرىنداش قېرىنداشنى ئۆلتۈرۈشكە گويا ئۆز - ئۆزىنى ئۆلتۈرۈشكە توغرا كېلەتتى. ئۇلارنىڭ بۇزۇق، قورقۇنچاق تەبىئىتىنى ئىسلاھ قىلىش ئۈچۈن بۇ ئىنتايىن مۇھىم ئىدى. چۈنكى ئۇلارنىڭ تەبىئىتى ھەر قانداق رەزىللىككە مايىل ئىدى. ھەرقانداق يىرگىنچلىك ئىشلارنى قىلىشتىن يانمايتتى. ناۋادا ئۇلاردا يىرگىنچلىك ئىشلاردىن ساقلىنىدىغان سالاھىيەت بولغان بولسا ئىدى، پەيغەمبەر بىردەملىك يوق بولۇپ بولغۇچە ئۆزلىرىنى موزايغا ئاتىمىغان بولاتتى. شۇڭا ئۇلارنىڭ ئىلاجى دەل شۇ ئىدى. چۈنكى تاياققىمۇ ھېچقاچان گەپكە ئۇنىمايدۇ. ئۇلارغا ئەنە شۇنداق ئېغىر بەدەل تۆلىتىش بۇزۇق تەبىئىتىنى تەربىيىلەش ئۈچۈن ئىنتايىن مۇناسىپ ھەم پايدىلىق ئىدى. بىراق بۇ جازا ھۆكمىدىن كېيىن، يەنىلا ئاللاھنىڭ رەھىم - شەپقىتى ئۇلارنى ئۆز قوينىغا ئالدى. «فَتَابَ عَلَيۡكُمۡۚ إِنَّهُۥ هُوَ ٱلتَّوَّابُ ٱلرَّحِيمُ» «شۇچاغدا ياراتقۇچىڭلار تەۋبەڭلارنى قوبۇل قىلدى. چۈنكى ئۇ ھەقىقەتەن تەۋبىنى بەكمۇ قوبۇل قىلغۇچى ۋە ناھايىتى مېھرىباندۇر»

*********

## يەھۇدىيلىق تەبىئىتى

بىراق يەھۇدىيلار ھامان يەھۇدىيلار ئىدى. قاتمال ئىددىيىسى يەنىلا دۇنياپەرەست بولۇپ، ئاخىرەت بىلەن غەيب ئالىمى ئۇلارنىڭ نەزىرىدىن ساقىت ئىدى. شۇڭا ئۇلار ئاللاھنى كۆزى بىلەن كۆرۈشنى تەلەپ قىلدى. بۇ تەلەپ قويغۇچىلار ئادەتتىكى كىشىلەر ئەمەس، بەلكى مۇسا ئەلەيھىسسالام پەرۋەردىگارى بىلەن مۇلاقات بولۇش ئۈچۈن قەۋم ئىچىدىن ئالاھىدە تاللاپ ئۆزى بىلەن بىرگە ئېلىپ بارغان **70** كاتتا زاتلار ئىدى (بۇنىڭ تەپسىلاتى ئىلگىرى مەككىدە نازىل بولغان سۈرىلەردە بايان قىلىنغان). دېمەك، بەنى ئىسرائىل قەۋمى ئاللاھنى ئاشكارا كۆرمەي تۇرۇپ ئىمان ئېيتمايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشكەن ئىدى. قۇرئان كەرىم بۇ يەردە يەھۇدىيلارنىڭ ئەشۇ ئەجداتلىرىنىڭ ئاسىيلىقىنى نەقىل كەلتۈرۈپ، ئۇلارغا قەدىم زامانلاردىن تارتىپ بۇ قەۋمنىڭ تەرسالىق ۋە ئۆچمەنلىكتە مۇبتىلا ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ ئەشۇ قەدىمكى تەرسالىقىنىڭ خۇددى ھازىر ئاخىرقى زامان پەيغەمبىرى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە قىلىۋاتقان تەرسالىقىغا ئوخشايدىغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىدۇ. چۈنكى مەدىنە يەھۇدىيلىرىمۇ خۇددى قەدىمكى ئەجداتلىرىغا ئوخشاش مۆجىزە تەلەپ قىلماقتا ۋە ئاق كۆڭۈل مۇسۇلمانلارنىمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن مۆجىزە تەلەپ قىلىشقا كۈشكۈرتمەكتە ئىدى.

وَإِذْ قُلْتُمْ يَـٰمُوسَىٰ لَن نُّؤْمِنَ لَكَ حَتَّىٰ نَرَى ٱللَّهَ جَهْرَةً فَأَخَذَتْكُمُ ٱلصَّـٰعِقَةُ وَأَنتُمْ تَنظُرُونَ ﴿٥٥﴾ ثُمَّ بَعَثْنَـٰكُم مِّنۢ بَعْدِ مَوْتِكُمْ لَعَلَّكُمْ تَشْكُرُونَ ﴿٥٦﴾ وَظَلَّلْنَا عَلَيْكُمُ ٱلْغَمَامَ وَأَنزَلْنَا عَلَيْكُمُ ٱلْمَنَّ وَٱلسَّلْوَىٰ ۖ كُلُوا۟ مِن طَيِّبَـٰتِ مَا رَزَقْنَـٰكُمْ ۖ وَمَا ظَلَمُونَا وَلَـٰكِن كَانُوٓا۟ أَنفُسَهُمْ يَظْلِمُونَ ﴿٥٧﴾

*ئېسىڭلاردىكى، ئۆز ۋاقتىدا سىلەر مۇساغا: «ئى مۇسا! ئاللاھنى (ساڭا سۆز قىلىۋاتقان ھالدا) ئوپئوچۇق كۆرمىگىچە بىز ھەرگىز ساڭا ئىشەنمەيمىز» دېدىڭلار، شۇ چاغدا سىلەرنى قاراپ تۇرغان پېتىڭلار چاقماق سوقتى*[55]*. ئاندىن ئۆلگىنىڭلاردىن كېيىن بىز سىلەرنى قايتا تىرىلدۈردۇق، بۇ ياخشىلىقتىن كېيىن شۈكرى قىلىشىڭلار كېرەك ئىدى*[56]*. بىز بولۇتنى ئۈستۈڭلارغا سايىۋەن قىلىپ بەردۇق، غىزالىنىشىڭلار ئۈچۈن تەرەنجىبىن بىلەن بۆدۈنىنى چۈشۈرۈپ بەردۇق ۋە سىلەرگە: «بىز ئاتا قىلغان پاك نەرسىلەردىن يەپ-ئىچىڭلار» دېدۇق. ئەمما ئەجداتلىرىڭلارنىڭ قىلغانلىرى بىزگە ئەمەس، بەلكى پەقەت ئۆزلىرىگىلا زۇلۇم قىلغانلىق بولدى*[57]*.*

مەلۇمكى، يەھۇدىيلارنىڭ بىردىنبىر ئىلىم مەنبەسى ئەنە شۇنداق قاتمال ماددىي ھېس بولۇپ، ''تۇتۇپ كۆرمىگەن'' نەرسىنى ئىدراك قىلىش سالاھىيىتى يوق ئىدى ۋە ياكى تەرسالىق ۋە بۇزغۇنچىلىقتا مەھكەم تۇرۇپ، قارشى تەرەپنى چارىسىزلاشتۇرماقچى بولاتتى.

ئاللاھنىڭ سان - ساناقسىز مۆجىزىلىرى بىلەن ئارقا - ئارقىدىن قىلغان ئەپۇ - مەغپىرىتى ئۇلارنىڭ ماددىي تەبىئىتىگە، ماددىيىمچى خاراكتېرىگە تەسىر قىلمىغان ئىدى.

شۇنچە نېمەتلەردىن كېيىنمۇ يەنىلا ئۇلار جېدەلخور، ئالدامچى ئىدى. بىرەر قاتتىق ئازابقا ۋە جازاغا ئۇچرىماي تۇرۇپ ھەقنى قوبۇل قىلغىلى ئۇنىمايتتى. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، پىرئەۋننىڭ زالىمانە تۈزۈمى بۇ بەختسىزلەرنىڭ تەبىئىتىنى پۈتۈنلەي چىرىتىپ تاشلىغان ئىدى. چۈنكى شۇنى ئەستە تۇتۇش كېرەككى، ھەرقانداق بىر قەۋمگە ناۋادا بىرەر زالىم، مۇشتۇمزور تۈزۈم مۇسەللەت بولۇپلا قالىدىكەن، مەھكۇم قەۋمنىڭ ساغلام تەبىئىتىنى پۈتۈنلەي چىرىتىپ تاشلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن، مەھكۇم قەۋمنىڭ پۈتۈن ئىنسانىي پەزىلەتلىرى، ياخشى ئادەت - خىسلەتلىرى بىر - بىرلەپ يوقىلىپ تۈگەيدۇ. قۇللۇق ئىنسان پەزىلىتىنىڭ ئەڭ ئاساسىي تەركىبى قىسمىنى بۇزۇپ تاشلايدۇ. قۇل مىللەتلەردە قۇللارغا خاس ناچار ئىللەت، بۇزۇق سۈپەتلەر پەيدا بولۇشقا باشلايدۇ. بۇنداق كىشىلەر بېشىغا جەللاتنىڭ توقمىقى تېگىپلا تۇرسا، ئىتائەت قىلىپ تۇرىۋېرىدىغان، بىراق سەللا ئازاتلىققا چىقىپ، ئەركىنلىكنىڭ سايىسىدا كىچىككىنە قۇۋۋەت ۋە ئاسايىش تاپقان ھامان ھەددىدىن ئېشىپ، مەنمەنلىك قىلىدىغان كېلىدۇ. يەھۇدىيلارمۇ دەل شۇنداق خاراكتېرلىك بولۇپ، بۇ خاراكتېرى تاكى بۈگۈنگە قەدەر داۋاملاشماقتا.

دەل مۇشۇ ۋەجىدىنلا يەھۇدىيلار خۇددى ئايەتتە: «وَإِذْ قُلْتُمْ يَـٰمُوسَىٰ لَن نُّؤْمِنَ لَكَ حَتَّىٰ نَرَى ٱللَّهَ جَهْرَةً» «ئىسرائىللاركى، ئۆز ۋاقتىدا سىلەر مۇساغا: ''ئاللاھنى (سۆز قىلىۋاتقان ھالدا) ئوپئوچۇق كۆرمىگىچە بىز ساڭا ھەرگىز ئىشەنمەيمىز'' دېدىڭلار» دېيىلگەندەك، كۇپرانە سۆزلەرنى قىلاتتى ۋە ئازغۇنلۇقنىڭ چوڭقۇر ھاڭلىرىغا غۇلايتتى.

دەل مۇشۇ ۋەجىدىنلا خۇددى ئايەتتە: «فَأَخَذَتْكُمُ ٱلصَّـٰعِقَةُ وَأَنتُمْ تَنظُرُونَ» «شۇ چاغدا سىلەرنى قاراپ تۇرغان پېتىڭلار چاقماق سوقتى» دېيىلگىنىدەك، ئۇلار تېخى تاغنىڭ ئۇستىدىكى چاغدىلا، ئاللاھ ئۇلارنى بۇ كاپىرانە پوزىتسىيىسى يۈزىسىدىن قاتتىق جازالىدى.

كېيىنچە، ئاللاھنىڭ رەھمىتى يەنە ئۇلارنى ئۆز قوينىغا ئالدى. ئۇلارنىڭ ساۋاق ئېلىشى ۋە قۇدرەتلىك ئاللاھقا شۈكرى ئېيتىشى ئۈچۈن، ئۇلارغا قايتىدىن ھاياتلىق پۇرسىتى بەخش ئەتتى. ئاللاھ تائالا بۇ يەردە شۇ نېمەتنى ئەسلىتىپ: «ثُمَّ بَعَثْنَـٰكُم مِّنۢ بَعْدِ مَوْتِكُمْ لَعَلَّكُمْ تَشْكُرُونَ» «كېيىن بىز سىلەرنى قايتا تىرىلدۈردۇق، بۇ ياخشىلىقتىن كېيىن شۈكرى قىلىشىڭلار كېرەك ئىدى» دەيدۇ.

ئاندىن ئاللاھ تائالا ئۇلارغا قۇرغاق سىنا چۆلىدە بەرگەن ئالاھىدە مەرھەمىتىنى ۋە مەخسۇس ياخشىلىقلىرىنى ئەسلىتىدۇ. ئۇلارغا تەلەپ قىلغىنى بويىچە ھېچقانداق ئەمگەك قىلىش كەتمەيدىغان، يەر ھەيدەپ، تېرىلغۇ تېرىمىسىمۇ بولىدىغان ئوزۇقلۇق ئاتا

قىلغانلىقىنى، ھەمدە يەنە ئۆزىنىڭ مەخسۇس ھېكمەت، تەدبىرى بىلەن چۆللۈكنىڭ يىز - يىز قىززىقىدىن ۋە قۇياشنىڭ كۆيدۈرگۈچ ئاپتىپىدىن ساقلاپ قالغانلىقىنى خاتىرىلىتىدۇ.

«وَظَلَّلْنَا عَلَيْكُمُ ٱلْغَمَامَ وَأَنزَلْنَا عَلَيْكُمُ ٱلْمَنَّ وَٱلسَّلْوَىٰ كُلُوا۟ مِن طَيِّبَٰتِ مَا رَزَقْنَٰكُمْ وَمَا ظَلَمُونَا وَلَٰكِن كَانُوٓا۟ أَنفُسَهُمْ يَظْلِمُونَ» *«بىز بۇلۇتنى ئۈستۈڭلارغا سايىۋەن قىلىپ بەردۇق، غىزالىنىشىڭلار ئۈچۈن تەرەنجىبىن بىلەن بۆدۈنىنى چۈشۈرۈپ بەردۇق ۋە سىلەرگە: "بىز ئاتا قىلغان پاك نەرسىلەردىن يەپ-ئىچىڭلار" دېدۇق. ئەمما ئەجدادلىرىڭلارنىڭ قىلغانلىرى بىزگە ئەمەس، بەلكى يەقەت ئۆزلىرىگىلا زۇلۇم قىلغانلىقى بولدى»*.

رىۋايەت قىلىنىشىچە، شۇ چاغدا ئاللاھ تائالا ئىسسىقتىن ساقلاش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ بېشىغا بۇلۇتنى سايىۋەن قىلغان ئىدى. مەلۇمكى چۆللۈك دېگەن ناۋادا بۇلۇت بىلەن يامغۇر بولمىسا، يېنىپ تۇرىدىغان دوزاققا ئوخشاپ قالىدۇ، ئۇنىڭدىن ئوت يالقۇنى كۆتۈرۈلىۋاتقاندەك بىلىنىدۇ. ئەگەر يامغۇر يېغىپ، ھاۋا بۇلۇتلۇق بولسا، چۆلنىڭ تېمپېراتۇرىسى ئىنتايىن يېقىشلىق، سۆرۈن بولۇپ قالىدۇ. جىسىم ۋە روھ ئىككىسى تەڭلا راھەت سۈرگەندەك بولىدۇ.

رىۋايەتتە بايان قىلىنىشىچە، ئاللاھ تائالا ئۇلارغا دەرەختە بولىدىغان ۋە تەمى ھەسەلگە ئوخشاش ناھايىتى شېرىن تەرەنجىبىن ئاتا قىلغان. ھەمدە ئۇلارنىڭ ئوزۇقلىقى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئەتراپىدا ئىنتايىن كۆپ مىقداردا بۆدۈنە دېگەن قۇشنى پەيدا قىلىپ بەرگەن. بۇلار ئارقىلىق ئاللاھ تائالا بەنى ئىسرائىل ئۈچۈن دۇنيادا مىسلى يوق ئاجايىپ لەززەتلىك ئوزۇقلۇق بەرگەن. تۇرىدىغان جايىنى يېقىملىق، پاك نەرسىلەرنى ھالال قىلىپ بەرگەن. بىراق بۇ قەۋمنىڭ ئەھۋالىغا قارىغانلاركى، شۇنداقتىمۇ ئۇلار شۈكرى قىلغۇچى بولدىمۇ؟ ھىدايەت تاپتىمۇ؟

ياق، ئايەتنىڭ ئاخىرىدىكى سۆزلەر ئېنىق ئىپادىلەپ تۇرۇپتۇكى، ئۇلار بۇ نېمەتلەرنىڭ ھەممىسىنى ئىنكار قىلدى. جەبىر - زۇلۇم بىلەن شۇغۇللاندى، ماھىيەتتە ئۇلار بۇ جەبىر - زۇلۇمنى ئۆز - ئۆزىگە قىلىشقان بولدى.

«وَمَا ظَلَمُونَا وَلَٰكِن كَانُوٓا۟ أَنفُسَهُمْ يَظْلِمُونَ» *«ئەجدادلىرىڭلارنىڭ قىلغانلىرى بىزگە ئەمەس، بەلكى يەقەت ئۆزلىرىگىلا زۇلۇم قىلغانلىقى بولدى»*.

قۇرئان كەرىمنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى بايانلىرى بەنى ئىسرائىلنىڭ ئازغۇنلۇقى، ھەققى ئىنكار قىلىشى ۋە ئاسىيلىقتا مەھكەم تۇرۇشىنى بويلىغان ئۇزۇن ھېكايىسى تەرەپكە قاراپ ئىلگىرىلەيدۇ.

وَإِذْ قُلْنَا ٱدْخُلُوا۟ هَـٰذِهِ ٱلْقَرْيَةَ فَكُلُوا۟ مِنْهَا حَيْثُ شِئْتُمْ رَغَدًا وَٱدْخُلُوا۟ ٱلْبَابَ سُجَّدًا وَقُولُوا۟ حِطَّةٌ نَّغْفِرْ لَكُمْ خَطَـٰيَـٰكُمْ ۚ وَسَنَزِيدُ ٱلْمُحْسِنِينَ ﴿٥٨﴾ فَبَدَّلَ ٱلَّذِينَ ظَلَمُوا۟ قَوْلًا غَيْرَ ٱلَّذِى قِيلَ لَهُمْ فَأَنزَلْنَا عَلَى ٱلَّذِينَ ظَلَمُوا۟ رِجْزًا مِّنَ ٱلسَّمَآءِ بِمَا كَانُوا۟ يَفْسُقُونَ ﴿٥٩﴾

*يەنە شۇنىڭدەك ئىسرائىللارغا، ئۆز ۋاقتىدا بىز: «ئالدىڭلاردىكى بۇ شەھەرگە كىرىڭلار، ئۇ يەردە خالىغىنىڭلارچە كەڭتاشا يەپ- ئىچىڭلار، ئەمما شەھەر دەرۋازىسىدىن سەجدە قىلغان ھالدا كىرىڭلار ۋە "خىتتەتۇن، خىتتەتۇن" (يەنى گۇناھىمىزنى كەچۈرگىن) دەپ ئېيتىڭلار، بىز گۇناھلىرىڭلارنى كەچۈرىمىز ۋە ياخشىلارغا تېخىمۇ ئارتۇق پەزىل ـ مەرھەمىتىمىزنى ئاتا قىلىمىز» دېدۇق[58]. ئەمما قىلىنغان سۆزنى زالىملار باشقا سۆزگە ئۆزگەرتىۋەتتى. ئاخىرى زۇلۇم قىلغۇچىلارغا ئاسماندىن ئازاب نازىل قىلدۇق. بۇ ئۇلار قىلغان ئىتائەتسىزلىكنىڭ جازاسى ئىدى[59].*

**بەزى رىۋايەتلەردە بۇ ئولتۇراق رايوننىڭ بەيتۇل مۇقەددەس ئىكەنلىكى ئايدىڭلىشىدۇ. بەنى ئىسرائىل قەۋمى مىسىردىن چىققاندىن كېيىن، ئاللاھ تائالا ئۇلارنى بۇ شەھەرگە كىرىشكە ۋە شۇ چاغدا ئۇنىڭدا ئولتۇراق ئەمالىقە قەۋمىنى شەھەردىن قوغلاپ چىقىرىشقا بۇيرىغان ئىدى. ئەمما بەنى ئىسرائىل قەۋمى بۇنى رەت قىلىپ: «يَا مُوسَىٰ إِنَّ فِيهَا قَوْمًا جَبَّارِينَ وَإِنَّا لَن نَّدْخُلَهَا حَتَّىٰ يَخْرُجُوا۟ مِنْهَا فَإِن يَخْرُجُوا۟ مِنْهَا فَإِنَّا دَاخِلُونَ»** *«ئى مۇسا! بۇ شەھەردە ناھايىتى زالىم بىر قەۋم بار، ئۇلار چىقىپ كەتمىگىچە بىز ئۇ يەرگە ھەرگىز كىرمەيمىز، ئۇلار ئۇ يەردىن چىقىپ كەتسە، ئاندىن كىرىشكە تەييارمىز»*❶ **دېيىشكەن ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا يەنە، ئۇلار بۇ شەھەر ھەققىدە ئۆز پەيغەمبىرىگە: «قَالُوا۟ يَا مُوسَىٰ إِنَّا لَن نَّدْخُلَهَا أَبَدًا مَّا دَامُوا۟ فِيهَا فَٱذْهَبْ أَنتَ وَرَبُّكَ فَقَاتِلَا إِنَّا هَاهُنَا قَاعِدُونَ»** *«ئى مۇسا! ئۇلار شۇ يەردە مەۋجۇتلا بولىدىكەن، بىز ھەرگىز ئۇ يەرگە كىرمەيمىز، سەن پەرۋەردىگارىڭ بىلەن بىللە بېرىپ ئىككىڭلار جەڭ قىلىڭلار، بىز بۇ يەردە ئولتۇرۇپ تۇرايلى»*❷ **دېيىشكەن ئىدى. شۇڭا ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ بۇ قىلمىشىنى شۇنداق جازالىدىكى، ئۇلار قىرىق يىلغىچە سەرسان - سەرگەردان بولۇپ يۈرۈشتى. ئۇلارنىڭ ئەينى چاغدىكى نەسلى ئۆلۈپ تۈگەپ، يېڭى بىر نەسىل مەيدانغا كەلدى ۋە ئۇلار ھەزرىتى يۇشەئ ئىبنى نۇننىڭ قوماندانلىقىدا قۇددۇسنى فەتھى قىلىپ، شەھەرگە كىردى. بىراق بۇ ئۇزۇن سۈرگەن جازادىن كېيىنمۇ، ئۇلار شەھەرگە ئاللاھ بۇيرىغاندەك، ئاللاھدىن قورققان ۋە تەزىم قىلغان ھالدا** *"خىتتەتۇن، خىتتەتۇن" "بىزنى مەغپىرەت قىلغىن! بىزنى مەغپىرەت قىلغىن!"* **دەپ تۇۋلىغان پېتى كىرمىدى. شەھەرگە كىرىشتە نە ئاللاھ كۆرسىتىپ بەرگەن شەكىلگە ئەمەل قىلمىدى، نە ئاللاھ ئېيتىشقا بۇيرىغان سۆزلەرنى ئېيتمىدى.**

---

❶ سۈرە مائىدە، **22** - ئايەت.

❷ سۈرە مائىدە، **24** - ئايەت.

ئاللاھ تائالا بۇ يەردە ئۇلارنىڭ بۇ تارىخىي ئىتائەتسىزلىكىنى نەقىل كەلتۈرۈپ، ئالدىغا قويماقتا. تارىخىي نۇقتىدىنمۇ بۇ ۋەقە ئايەتنىڭ تېمىسى بولغان بەنى ئىسرائىلنىڭ مىسىردىن چىقىش ۋەقەسىدىن كېيىنلا يۈز بەرگەن بولغاچقا، شۇڭا بۇ يەردە ئۇلىشىپ تىلغا ئېلىنماقتا. قۇرئاننىڭ بۇ خىل بايان ئۇسلۇبىدىن مەلۇمكى، قۇرئان بەنى ئىسرائىل تارىخىنىڭ باش، ئوتتۇرا، ئاخىر، پۈتۈن قىسىملىرىغا ئوخشاش بىرلا قاراش بىلەن قارايدۇ. چۈنكى بەنى ئىسرائىل قەۋمىنىڭ پۈتۈن تارىخى ھەققە قارشىلىق ۋە ئىتائەتسىزلىككە، ئازغۇنلۇق ۋە ئاسىيلىققا تولۇپ تاشقاندۇر.

تارىخىي جەھەتتىن ئېيتقاندا، بۇ ۋەقە مەيلى قانداق شەكىلدە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، قۇرئان ئۇلارغا مەلۇملۇق بىر ۋەقەنى ئەسلەتكەن ھالدا خىتاب قىلماقتا. ئۇلار بۇ يەردە زادى قايسى ئىشلار تەرەپكە ئىشارەت قىلىنىۋاتقانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى. ئاللاھ تائالا ئۇلارغا ياردەم قىلدى ۋە ئۇلار بۇ بەلگىلەنگەن شەھەرگە كىرەلىدى. ئاللاھ ئۇلارنى تەقۋالىق ۋە تۆۋەنچىلىك بىلەن شەھەرگە كىرىشكە ھەمدە ئاللاھقا دۇئا قىلىپ، خاتالىقلىرى ئۈچۈن ئەپۇ - مەغپىرەت تىلەشنى بۇيرىغان ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە، ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنى ئەپۇ قىلىدىغانلىقىنى، ياخشى ئىش قىلغۇچىلارغا تېخىمۇ ئاشۇرۇپ فەزل - رەھمىتىنى ئاتا قىلىدىغانلىقىنى ۋەدە قىلغان ئىدى. بىراق ئۇلار ئۆزىنىڭ كونا ئادىتى بويىچە بۇ ھۆكۈمگىمۇ خىلاپلىق قىلدى.

«فَبَدَّلَ ٱلَّذِينَ ظَلَمُوا۟ قَوْلًا غَيْرَ ٱلَّذِى قِيلَ لَهُمْ» *«بىراق زالىملار قىلىنغان سۆزنى ئۆزگەرتىپ، باشقىچە سۆز قىلىپ قويدى»*.

بۇ يەردە قۇرئان ئاللاھنىڭ ھۆكمىنى ۋە قىلغان نەسىھەتلىرىنى ئۆزگەرتىۋەتكەن كىشىلەرنى تىلغا ئالماقتا. يەنى، ئايەتتە ئۇلارنىڭ: «ٱلَّذِينَ ظَلَمُوا۟» *«زۇلۇم قىلغۇچىلار»* دەپ تىلغا ئېلىنغانلىقى يا بەنى ئىسرائىل قەۋمىنىڭ مەلۇم بىر قىسمىنىڭ ۋە ياكى پۈتۈن ھەممىسىنىڭ زالىم ئىكەنلىكىنى، ھەممىسى ئوخشاشلا ئەشۇنداق قەبىھ ئىشنى سادىر قىلغانلىقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن بولسا كېرەك.

«فَأَنزَلْنَا عَلَى ٱلَّذِينَ ظَلَمُوا۟ رِجْزًا مِّنَ ٱلسَّمَآءِ بِمَا كَانُوا۟ يَفْسُقُونَ» *«ئاخىرى زۇلۇم قىلغۇچىلارغا ئاسماندىن ئازاب نازىل قىلدۇق. بۇ ئۇلار قىلغان ئىتائەتسىزلىكنىڭ جازاسى ئىدى»*.

ئايەتتىكى ”رىجىز“ دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى ئازاب بىلەن پاسىقلىقنى، ھۆكۈمگە خىلاپلىق قىلىش بىلەن ھەقنىڭ دائىرىسىدىن چىقىپ كېتىشنى بىلدۈرىدۇ. بۇلار بەنى ئىسرائىلنىڭ ئەزەلدىن مەۋجۇت سۈپەتلىرىدۇر.

ئاللاھ تائالا سۇسىز، گىياھسىز، ئىسسىق چۆللۈكتە بەنى ئىسرائىل قەۋمىنىڭ سايىدىشىنى ۋە ئوزۇقلىنىشىنى قانداق ئورۇنلاشتۇرغان بولسا، ئىچىدىغان سۈيىنىمۇ شۇنداق پەۋقۇلئاددە بىر شەكىلدە ھازىرلاپ بەرگەن ئىدى. ھازىرلاپ بەرگەندىمۇ، مۇسا

**ئەلەيھىسسالامنىڭ باشقا مۆجىزىلىرىگە ئوخشاشلا ئاجايىپ مۆجىزىۋىي شەكىلدە ھازىرلاپ بەرگەن ئىدى. قۇرئان بۇ ۋەقەنى ئاللاھنىڭ ئېھسانى قاتارىدا بايان قىلىش بىلەن بىرگە، شۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئۇلارنىڭ بۇ ئېھسانغا قانداق تۇزكەرلارچە جاۋاب قايتۇرغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىدۇ.**

وَإِذِ ٱسْتَسْقَىٰ مُوسَىٰ لِقَوْمِهِۦ فَقُلْنَا ٱضْرِب بِّعَصَاكَ ٱلْحَجَرَ ۖ فَٱنفَجَرَتْ مِنْهُ ٱثْنَتَا عَشْرَةَ عَيْنًا ۖ قَدْ عَلِمَ كُلُّ أُنَاسٍ مَّشْرَبَهُمْ ۖ كُلُوا۟ وَٱشْرَبُوا۟ مِن رِّزْقِ ٱللَّهِ وَلَا تَعْثَوْا۟ فِى ٱلْأَرْضِ مُفْسِدِينَ ﴿٦٠﴾

*ئېسىڭلاردا بولسۇنكى، ئۆز ۋاقتىدا، مۇسا ئۆز قەۋمى ئۈچۈن سۇ تىلەپ دۇئا قىلدى. بىز ئۇنىڭغا: «ھاساڭ بىلەن قورام تاشنى ئۇرغىن» دېدۇق. شۇنىڭ بىلەن، ئۇنىڭدىن ئون ئىككى بۇلاق ئېتىلىپ چىقتى، ھەر بىر قەبىلە ئۆزىنىڭ سۇ ئالىدىغان ئورنىنى بىلدى. ئاللاھ بەرگەن رىزىقتىن يەڭلار ۋە ئىچىڭلار، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلماڭلار» (دېيىلدى)*[60].

**مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۆز قەۋمى ئۈچۈن ئاللاھ تائالادىن سۇ تىلىگەن ئىدى. ئاللاھ تائالامۇ ئۇنىڭ دۇئاسىنى قوبۇل قىلىپ، مۇئەييەن بىر تاشقا ھاسا بىلەن ئۇرۇشقا بۇيرىدى. مۇسا ئەلەيھىسسالام ھاسىسى بىلەن تاشقا ئۇرىۋىدى، تاشتىن 12 بۇلاق ئېتىلىپ چىقتى. بۇ، بەنى ئىسرائىل قەۋمىنىڭ 12 قەبىلە سانىغا ئۇيغۇن ئىدى. چۈنكى ياقۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ نەۋرىلىرىدىن كېيىنلا، بۇلار 12 قەبىلىگە بۆلۈنۈپ كېتىشكەن ئىدى. ئەسلىدە ياقۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسمى ئىسرائىل بولۇپ، يەھۇدىيلار ئۇنىڭغا نىسبەت بېرىلگەن ھالدا بەنى ئىسرائىل (يەنى ئىسرائىل ئەۋلادلىرى) دەپ ئاتىلاتتى. قۇرئان كەرىمدە ”ئەسبات“ دەپ قايتا ـ قايتا تىلغا ئېلىنغانلار ياقۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ نەۋرىلىرى بولۇپ، ئۇلار بەنى ئىسرائىل قەۋمىنىڭ سەردارلىرى ئىدى. ئۇلار ئىپتىدائىي قەبىلە تۈزۈمى بويىچە ھايات كەچۈرەتتى. ئىپتىدائىي قەبىلە تۈزۈمىدە قەبىلىنىڭ ئىسمى ئۇلۇغ ئەجدادلىرىنىڭ نامىغا نىسبەت بېرىلەتتى.**

**ئاللاھ تائالا مانا بۇ ئىپتىدائىي قەبىلە تۈزۈمى تەرەپكە ئىشارە قىلغان ھالدا:** «قَدْ عَلِمَ كُلُّ أُنَاسٍ مَّشْرَبَهُمْ ۖ» «*ھەر بىر قەبىلە ئۆزىنىڭ سۇ ئالىدىغان ئورنىنى بىلدى*» **دەيدۇ. ھەممە بەنى ئىسرائىل قەۋمىگىمۇ ھەددىدىن ئېشىپ، بۇزۇقچىلىق تېرىماسلىقى ئۈچۈن بىر تۈركۈم نېمەتلەرنى ھالال قىلىپ بەرگەنلىكىنى ئېيتىپ مۇنداق دەيدۇ:** «كُلُوا۟ وَٱشْرَبُوا۟ مِن رِّزْقِ ٱللَّهِ وَلَا تَعْثَوْا۟ فِى ٱلْأَرْضِ مُفْسِدِينَ» «*ئاللاھ بەرگەن رىزىقتىن يەڭلار ۋە ئىچىڭلار، يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلماڭلار*».

قىيا تاشلارغا تولغان قورغاق چۆلنىڭ ئوتتۇرىسىدا، ئاسمان ئوت پۈركەۋاتماقتا ئىدى. ئاللاھ ئۇلار ئۈچۈن تاشتىن سۇ چىقىرىپ بەردى. ئاسماندىن ھەسەلدەك تەرەنجىبىن ۋە گۆش ئورنىدا بۆدۈنە چۈشۈرۈپ بەردى. شۇنداقتىمۇ، مىسىردىن قۇتۇلدۇرۇلىشىدا كۆزدە تۇتۇلغان يۈكسەك ماقامغا يېتەلىشىگە ئۇلارنىڭ پەسكەش، بۇزغۇنچى مىجەز - تەبىئىتى توسالغۇ بولدى ۋە ئۇلارنى ئەشۇ سۇسىز، گىياھسىز چۆللۈكتە قالدۇردى. ۋەھالەنكى، ئاللاھ ئۇلارنى پەيغەمبىرى ئارقىلىق خار - زەبۇنلۇقتىن قۇتۇلدۇرۇپ، مۇقەددەس زېمىنغا ئىگە قىلماقچى ۋە خارلىقتىن ھۆرلۈككە چىقارماقچى ئىدى. شۈنىسى ئېنىقكى، ئازاتلىق ۋە يۈكسەك مەرتىۋە ئۈچۈن بىر تۈركۈم قۇربانلىق بېرىلىشى ۋە ئۇلارغا تاپشۇرۇلىدىغان ئۇلۇغ ئامانەت ئۈچۈن ئاز - تولا بەدەل تۆلىشى لازىم ئىدى. بىراق بەنى ئىسرائىل قەۋمى ھېچ قانداق بەدەل تۆلەشنى خالىمايتتى. ئۇلار ھېچ بىر سىناق، مۇشەققەتلەرگە چىدىمايتتى. شۇڭا بۇنداق يۈكسەك ماقام ئۈچۈن نە بەدەل تۆلەشكە ئۇنىمايتتى، نە مىسىردا كۆنگەن تۇرمۇش ئادىتىدىن ۋە كۆنۈپ قالغان يېمەك - ئىچمىكىدىن ۋاز كەچكىلى ئۇنىمايتتى. ھەمدە ئىززەت - مەرتىۋىلىك، ئازات، ھۆر بىر ھاياتنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئۆز تۇرمۇشىنى يېڭى بىر تەرىزدە ئۆزگەرتىشكىمۇ تەييار ئەمەس ئىدى. ئۇلار مىسىردا ئادەتلەنگەن تاماقلىرىنى ئىستەيتتى. تەرخەمەك، سامساق، يېسىمۇق، پىياز... قاتارلىقلارغا ئوخشاش ئانچىكى نەرسىلەرگە مەھلىيا ئىدى.

مەدىنىدىكى يەھۇدىيلار ھىلىھەممۇ ئۆزىنىڭ ئاساسسىز داۋالىرىنى يېيىپ يۈرۈۋاتقان پەيتتە، قۇرئان كەرىم ئۇلارنىڭ ئەشۇ كەچمىشلىرىنى ئەسلەتمەكتە.

وَإِذْ قُلْتُمْ يَـٰمُوسَىٰ لَن نَّصْبِرَ عَلَىٰ طَعَامٍ وَٰحِدٍ فَٱدْعُ لَنَا رَبَّكَ يُخْرِجْ لَنَا مِمَّا تُنۢبِتُ ٱلْأَرْضُ مِنۢ بَقْلِهَا وَقِثَّآئِهَا وَفُومِهَا وَعَدَسِهَا وَبَصَلِهَا ۖ قَالَ أَتَسْتَبْدِلُونَ ٱلَّذِى هُوَ أَدْنَىٰ بِٱلَّذِى هُوَ خَيْرٌ ۚ ٱهْبِطُوا۟ مِصْرًا فَإِنَّ لَكُم مَّا سَأَلْتُمْ ۗ وَضُرِبَتْ عَلَيْهِمُ ٱلذِّلَّةُ وَٱلْمَسْكَنَةُ وَبَآءُو بِغَضَبٍ مِّنَ ٱللَّهِ ۗ ذَٰلِكَ بِأَنَّهُمْ كَانُوا۟ يَكْفُرُونَ بِـَٔايَـٰتِ ٱللَّهِ وَيَقْتُلُونَ ٱلنَّبِيِّـۧنَ بِغَيْرِ ٱلْحَقِّ ۗ ذَٰلِكَ بِمَا عَصَوا۟ وَّكَانُوا۟ يَعْتَدُونَ ﴿٦١﴾.

*ئەسلەڭلاركى، ئۆز ۋاقتىدا سىلەر: «ئى مۇسا! بىر خىللا يېمەكلىككە چىداپ تۇرالمايمىز، بىز ئۈچۈن پەرۋەردىگارىڭغا دۇئا قىلغىن، بىزگە زېمىننىڭ كۆكتاتلىرىدىن تەرخەمەك، سامساق، يېسىمۇق ۋە پىيازلارنى ئۆستۈرۈپ بەرسۇن» دېدىڭلار، مۇسا: «سىلەر شۇنچە ياخشى نەرسىنى ناچار نەرسىگە ئالماشتۇرۇشنى خالامسىلەر؟ ئەمسە، بىرەر شەھەرگە كىرىڭلار، شۇ يەردە تىلىگىنىڭلار بار» دېدى. ئاخىرى خارو ـ زارلىق ۋە موھتاجلىق ئۇلارنى چىرمىۋالدى. ئۇلار ئاللاھنىڭ غەزىپىگە قالدى. بۇ ئۇلارنىڭ ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىگە كۇفۇرلۇق قىلىشقانلىقىنىڭ، پەيغەمبەرلەرنى ناھەق*

*ئۆلتۈرگەنلىكىنىڭ نەتىجىسى ئىدى. بۇ ئاللاھقا ئىتائەتسىزلىك قىلغانلىقىنىڭ ۋە شەرىئەت دائىرىسىدىن چىقىپ كەتكەنلىكىنىڭ جازاسى ئىدى*[61].

مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ بۇ نادانلارچە تەلىپىنى ئاڭلاپ قاتتىق غەزەپلەندى: «سىلەر شۇنچە ياخشى نەرسىنى ناچار نەرسىگە ئالماشتۇرۇشنى خالامسىلەر؟ ئاللاھ سىلەرگە يۈكسەكلىكنى خالىسا، سىلەر پەسكەشلىكنى تىلەمسىلەر؟ ئەمىسە، بىرەر شەھەرگە كىرىڭلار، شۇ يەردە تىلىگىنىڭلار بار» دېدى.

بۇنىڭ ئىككى مەنىسى بار بولۇپ، بىرىنچىسى، «سىلەر شۇنچە ئادەتتىكى نەرسىلەرنى تەلەپ قىلىۋاتىسىلەر، ئۇنى دەپ ئاتايىن دۇئالارنى قىلىشىپ، ئاللاھتىن تىلەپ يۈرۈشۈڭلار قەتئىي ھاجەتسىز، قانداقلا بىر شەھەرگە كىرسەڭلار، ئۇنداق نەرسىلەرنى ناھايىتى كۆپ ئۇچرىتالايسىلەر» دېگەننى بىلدۈرسە؛ ئىككىنچى مەنىسى، «سىلەر قۇتۇلۇپ چىققان مىسىرغا قايتىپ كېتىڭلار، شۇ يەرگە بېرىپ، ئۆزۈڭلار ئادەتلەنگەن شەرمەندىلەرچە پەسكەش قۇللۇق تۇرمۇشۇڭلارنى قايتىدىن تېپىۋېلىڭلار. ئۇ يەردە تەرخەمەك، كۆكتات، يېسىمۇق، پىياز، سامساقلار ناھايىتى كۆپ. سىلەر شۇلارنى دەپ ئۆزۈڭلار ئۈچۈن تاللانغان بۇ ئالى غايە، مەنسەپنى تاشلاڭلار» دېگەننى بىلدۈرىدۇ.

ئەگەر ئىككىنچى مەنىسى ئېلىنىدىغان بولسا، ئۇ چاغدا مۇسا ئەلەيھىسسالام تەرەپتىن ئۇلارغا قاتتىق تەنبىھ، مالامەت قىلىنغان ھەمدە ئۇلارنى نومۇس قىلدۇرۇش مەقسەت قىلىنغان بولىدۇ. بەزى مۇپەسسىرلەر ئىككىنچى مەنىنى بىرئاز يىراق كۆرگەن بولىسىمۇ، بىراق مەن: «كېيىنكى تىلغا ئېلىنغان نەتىجىلەرنى كۆزدە تۇتۇپ پىكىر يۈرگۈزگەندە، ئىككىنچى مەنىسى تېخىمۇ مۇناسىپ بولغان بولىدۇ» دەپ قارايمەن. چۈنكى ئارقىدىنلا: «وَضُرِبَتۡ عَلَيۡهِمُ ٱلذِّلَّةُ وَٱلۡمَسۡكَنَةُ وَبَآءُو بِغَضَبٖ مِّنَ ٱللَّهِۗ» «*ئاخىرى خارلىق ـ زارلىق ۋە موھتاجلىق ئۇلارنى چىرمىۋالدى. ئۇلار ئاللاھنىڭ غەزىپىگە قالدى*» دېيىلگەن.

بۇ خارلىق - زارلىق ۋە چۈشكۈنلۈكنىڭ ئۇلارنى چىرمىۋېلىشى تارىخىي نۇقتىدىن شۇ چاغنىڭ دەل ئۆزىدىكى ۋەقە ئەمەس، بەلكى كېيىنكى باسقۇچلاردا ئۇلار تېخىمۇ نۇرغۇن بۇزۇقچىلىقلارغا مۇبتىلا بولغان چاغدا يۈز بەرگەن ۋەقە ئىدى. ئۇ بۇزۇقچىلىقلار ئايەتنىڭ ئاخىرىدا: «ذَٰلِكَ بِأَنَّهُمۡ كَانُواْ يَكۡفُرُونَ بِـَٔايَٰتِ ٱللَّهِ وَيَقۡتُلُونَ ٱلنَّبِيِّـۧنَ بِغَيۡرِ ٱلۡحَقِّۗ ذَٰلِكَ بِمَا عَصَواْ وَّكَانُواْ يَعۡتَدُونَ» «*بۇ ئۇلارنىڭ ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىگە كۇپۇرلۇق قىلغانلىقىنىڭ، پەيغەمبەرلەرنى ناھەق ئۆلتۈرگەنلىكىنىڭ نەتىجىسى ئىدى. بۇ ئاللاھقا ئىتائەتسىزلىك قىلغانلىقىنىڭ ۋە شەرىئەت دائىرىسىدىن چىقىپ كەتكەنلىكىنىڭ جازاسى ئىدى*» دەپ تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، مۇسا ئەلەيھىسسالام دەۋرىدىن بىر قانچە نەسىل كېيىن سادىر قىلىنغان جىنايەتلەر ئىدى. بىراق ئەينى چاغدا بەنى ئىسرائىل قەۋمى تەرخەمەك، يېسىمۇق، پىياز، سامساق قاتارلىقلارنى تەلەپ قىلغان بولغاچقا، بۇ يەردە

ئۇلارنىڭ مەككارانە خاراكتېرىگە ماسلاشتۇرغان ھالدا: «ئەشۇ نەرسىلەرنى تەلەپ قىلغانلىقىمۇ ئۇلارنىڭ خارلىقنا چۆكىشىدىكى سەۋەبلەرنىڭ بىرسى ئىدى» دەپ ئېيتىپ بېرىلمەكتە. شۇڭا مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ئەمىسە، بىرەر شەھەرگە كىرىڭلار» دېگەن سۆزى ئىنتايىن جايىغا ئىشلىتىلگەن بولىدۇ. ھەمدە بۇ سۆز ئۇلارغا مىسىردىكى قۇللۇق ھاياتتىن قۇتۇلغاندىن كېيىنمۇ شۈكرى قىلماي، يەنە شۇ قۇللۇقتا يەپ كۆنگەن تاماقلارنى ئىزدەشكە چۈشكەنلىكىنى ئەسلىتىدۇ.

بەنى ئىسرائىل قەۋمىنىڭ پەيغەمبەرلەر بىلەن توغرا يولغا چاقىرغۇچى ئىسلاھاتچىلارغا تۇتقان ۋەھشىيانە پوزىتسىيىسىگە ۋە قىلغان زۇلۇم - سىتەملىرىگە باشقا ھېچبىر قەۋمنىڭ تارىخىدىن مىسال تاپقىلى بولمايدۇ. ئۇلار قانچىلىغان پەيغەمبەرلەر بىلەن ئىسلاھاتچىلارنى بوغۇزلىغان، ئۆلتۈرگەن، ھەرىدەپ پارچىلىغان بولۇپ، بۇ قىلمىشلىرى نېمىدېگەن قەبىھ، نېمىدېگەن ۋەھشى؟!.... ئۇلار كۆپۈرلۇق ۋە ھەددىدىن ئېشىشنىڭ ئەڭ ئېپلاس مىساللىرىنى بەرپا قىلىشقان، ۋەھشىيانە زۇلۇم - سىتەمدە ھەممىدىن ئېشىپ كەتكەن، ئىتائەتسىزلىك ۋە ئاسىيلىقتا رېكورت ياراتقان ئىدى. قىسقىسى، رەزىللىك ۋە بۇزۇقچىلىقنىڭ بارچە مەيدانلىرىدا ئۇلار پەقەت ئۆزلىرىگىلا خاس بولغان مىسلىسىز قىلمىش - ئەتمىشلەرنى سادىر قىلىشقان ئىدى. شۇنداق تۇرۇقلۇقمۇ، ئۇلار يوغان دەۋالارنى قىلىشىپ يۈرەتتى. ھەر دائىم ھىدايەتتە ئىكەنلىكىنى ۋە يالغۇز ئۆزلىرىنىڭلا ئاللاھقا سۆيۈملۈك، تاللانغان مىللەت ئىكەنلىكىنى، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا كاتتا ئەجىر، ساۋاپقا ھەقلىق ئىكەنلىكىنى، ئاللاھنىڭ ئىنئام - ئىكراملىرىنىڭ ئۆزلىرىگىلا خاس ئىكەنلىكىنى، باشقىلارنىڭ ھەرگىزمۇ ئۇلارغا ئورتاق بولالمايدىغانلىقىنى جار سېلىپ يۈرەتتى.

قۇرئان كەرىم بۇ يەردە ئۇلارنىڭ دەل شۇنداق دەۋالىرىغا رەددىيە بېرىپ، بىر مەخسۇس قائىدىنى بايان قىلىدۇ. بۇ قائىدە قۇرئان كەرىمنىڭ پۈتۈن قىسسىلىرى جەريانىدا قايتا - قايتا تەكرارلىنىپ، بەزىدە باشتا، بەزىدە ئاخىرىدا تىلغا ئېلىنىپ تۇرىدۇ. ئۇ دەل ئىمان بىرلىكى ۋە ئېتىقاد بىرلىكىدۇر. شەرت شۇكى، ئىنساننىڭ نەپسى شۇ ئېتىقاد نەتىجىسىدە ئاللاھنىڭلا ئالدىدا ئېگىلىشى، ئۇنىڭ ئىمانى ياخشى ئەمەللەرنىڭ بولۇقىغا ئايلانغان بولۇشى لازىم. شۇنىڭدەك، ئاللاھنىڭ ئىنئام - ئىكرامىمۇ قانداقتۇر بىرەر مىللەتكىلا خاس چەكلىك نەرسە ئەمەس، بەلكى ھەرقانداق زامان ۋە ھەرقانداق ماكانغا تەۋە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئىمان ئېيتقان بارلىق مۆئمىنلەرگە تېگىشلىكتۇر. ھەربىر ئىنسان ئاللاھنىڭ ئەزەلىي ۋە ئەبەدىي دىنىغا ئاساسەن ئاللاھنىڭ فەزل - رەھمىتىگە سازاۋەر بولىدۇ، ھەمدە ئاخىرىدا دىنلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى بولغان مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە بىنائەن ئىمان ئېيتقۇچىلارنىڭ ھەممىسى يەنە شۇنداق نەتىجىگە سازاۋەر بولىدۇ.

إِنَّ ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَٱلَّذِينَ هَادُواْ وَٱلنَّصَٰرَىٰ وَٱلصَّٰبِـِٔينَ مَنْ ءَامَنَ بِٱللَّهِ وَٱلْيَوْمِ ٱلْءَاخِرِ وَعَمِلَ صَٰلِحًا فَلَهُمْ أَجْرُهُمْ عِندَ رَبِّهِمْ وَلَا خَوْفٌ عَلَيْهِمْ وَلَا هُمْ يَحْزَنُونَ ﴿٦٢﴾

*شۈبھىسىزكى، مۆئمىنلەردىن، يەھۇدىيلاردىن، ناسارالاردىن، سابىلاردىن كىملەركى ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرگەن ھەمدە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان بولسا، پەرۋەردىگارىنىڭ قېشىدا ئۆز ئەجرىدىن بەھرىمەن بولىدۇ. ئۇلارغا ھېچقانداق قورقۇنچ ۋە غەم- قايغۇ بولمايدۇ*[62].

«إِنَّ ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ» يەنى، مۇسۇلمانلار.

«وَٱلَّذِينَ هَادُواْ» يەنى، ئاللاھنىڭ تەرەپتىن توغرا يولغا ئېرىشكەنلەر ۋە ''يەھۇدا''نىڭ ئەۋلاتلىرى.

«وَٱلنَّصَٰرَىٰ» يەنى، خىرىستىئانلار.

«وَٱلصَّٰبِـِٔينَ» «سابىلار». مېنىڭ قارىشىمچە ۋە ئەڭ كۆپ قوبۇللۇققا ئېرىشكەن رىۋايەتلەرگە كۆرە، «سابىلار» مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىدىن ئىلگىرى، مۇشرىكلەرنىڭ ئەنئەنىۋي دىنىنى تاشلىغان ھەمدە بۇتقا چوقۇنۇشنى توغرا تاپماي، ئۆزىنىڭ ئەقىل - تەپەككۇرىغا تايىنىپ، ئۆزىگە خاس ئايرىم ئېتىقاد يارىتىشقا تىرىشقان ۋە شۇنىڭ نەتىجىسىدە، تەۋھىد ئەقىدىسىگە يېتىپ بارالىغان كىشىلەر بولسا كېرەك. ئۇلار ئۆزىنى: «بىز ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئېلىپ كەلگەن دىندا» دەپ ئاتايتتى. گەرچە ئۇلار ئۆز قەۋمىنى تەۋھىد ئەقىدىسى تەرەپكە دەۋەت قىلمىسىمۇ، بۇتقا چوقۇنۇشنى تاشلاپ بولغانلار ئىدى. شۇڭا مۇشرىكلار ئۇلارنى: «بۇلار ''سابى'' بولۇپ كەتكەنلەر (يەنى ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ دىنىدىن چىققانلار) دەپ ئاتىشاتتى. كېيىنكى چاغدا، مۇشرىكلەر مۇسۇلمانلارنىمۇ شۇنداق ئەيىپلەشكەن ئىدى. بەزى تەپسىرلەردە ئۇلار ''يۇلتۇزغا چوقۇنغۇچىلار'' دېيىلگەن بولۇپ، ئۇنىڭغا قارىغاندا، بۇ قاراش تېخىمۇ مۇناسىپ.

ئايەتتە مەقسەت قىلىنغىنى: «بۇ گورۇھلارنىڭ ئىچىدىن كىم ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتسا ھەمدە ياخشى ئەمەللەرنى قىلسا، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئەجرىگە ھەقلىق بولىدۇ. ئۇلارغا ھېچقانداق قورقۇنچ، غەم - قايغۇدىن مالاللىق يەتمەيدۇ. چۈنكى ئىسلامنىڭ ئاساسي ئەقىدە - ئېتىقاد بولۇپ، ھەرگىزمۇ بىرەر قەۋم ياكى بىرەر نەسلنى ئاساس قىلمايدۇ» دېگەندىن ئىبارەتتۇر. ئەمما ئەمەل ۋە مۇكاپاتنىڭ بۇ قائىدىسى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ پەيغەمبەرلىكىدىن ئىلگىرىكى دەۋرلەرگە ئائىت بولۇپ، پەيغەمبەرلىكتىن كېيىن، ئېنىقكى، ئاللاھقا ئىمان ئېيتىشنىڭ ئەڭ ئاخىرقى شەكلى (يەنى ئىسلام دىنى) بەلگىلىنىپ بولغان.

بۇنىڭ ئارقىدىن ئايەتنىڭ داۋامى مۇسۇلمانلارنى ئاگاھلەندۈرۈش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئالدىدا يەھۇدىيلارنى ئىبرەت قىلىپ، تىنچلىق ئىچىدە بولغان ئاغزىدا بەنى ئىسرائىل قەۋمىنىڭ بىر قىسىم قىلمىشلىرىنى بايان قىلىشقا يۈزلىنىدۇ.

«وَإِذْ أَخَذْنَا مِيثَاقَكُمْ وَرَفَعْنَا فَوْقَكُمُ ٱلطُّورَ خُذُوا۟ مَآ ءَاتَيْنَٰكُم بِقُوَّةٍ وَٱذْكُرُوا۟ مَا فِيهِ لَعَلَّكُمْ تَتَّقُونَ ﴿٦٣﴾ ثُمَّ تَوَلَّيْتُم مِّنۢ بَعْدِ ذَٰلِكَ ۖ فَلَوْلَا فَضْلُ ٱللَّهِ عَلَيْكُمْ وَرَحْمَتُهُۥ لَكُنتُم مِّنَ ٱلْخَٰسِرِينَ ﴿٦٤﴾»

*ئىسرائىللاركى، ئۆز ۋاقتىدا، بىز تۇر تېغىنى ئۈستۈڭلارغا تىكلەپ قويغان ۋە سىلەردىن چىن ۋەدە ئالغان. ھەمدە سىلەرگە: «بىز بەرگەن كىتابنى مەھكەم تۇتۇڭلار، ئۇنىڭدىكى ئەھكام، يوليورۇقلارنى ئېسىڭلاردا ساقلاڭلار. بۇ ئارقىلىق سىلەرنىڭ تەقۋالىق يولىدا مېڭىشىڭلارنى كۈتكىلى بولىدۇ» دېگەن ئىدۇق[63]. ئەمما شۇنىڭدىن كېيىن ۋەدەڭلاردىن يۈز ئۆرۈدۈڭلار، شۇنداقتىمۇ ئاللاھنىڭ پەزل- مەرھەمىتى سىلەرنى تاشلىمىدى. بولمىسا، سىلەر ئاللىقاچان ھالاك بولغانلاردىن بولاتتىڭلار[64].*

بۇ ئەھدىنىڭ تەپسىلاتى باشقا سۈرىلەردە بايان قىلىنغان بولۇپ، سۈرە بەقەرەنىڭ ئۆزىدىمۇ بەزى قىسمى تىلغا ئېلىنىدۇ. بۇ يەردىكى مەقسەت، ئەينى چاغدىكى مەنزىرىنى ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا نامايەن قىلىپ بېرىشتىن ئىبارەتتۇر. ئايەتتە ئىپادىلەنگىنىگە ئوخشاش، ئاللاھ تائالانىڭ بەنى ئىسرائىل قەۋمىنىڭ باشلىرى ئۈستىدە تۇر تېغىنى تىكلەپ قويۇپ، بېسىم بىلەن ئەھدە ئېلىشى ۋە ئۇلارغا تەۋراتنى پۈتۈن كۈچى بىلەن مەھكەم تۇتۇپ تۇرۇش ھەققىدە بۇيرۇق قىلىشى قاتارلىق بۇ ئەھكاملارنىڭ ئىپادە كۈچىنىڭ ھەم سۆز، ھەم روھ جەھەتتىن باغلىنىشلىق بىر مەنزىرە شەكلىدە ئوتتۇرىغا سۇنۇلىشى زور ئەھمىيەتكە ئىگە. ئۇلار ئىمان ئىشىدا قەتئىي بولۇشقا بۇيرىلىدۇ، چۈنكى ئىمان - ئەقىدە ئىشىدا يول قويۇشقا، كەڭ قورساق بولۇپ كېتىشكە، پەرۋاسىز، بوشاڭ مۇئامىلە قىلىشقا، ياكى ئويۇن - چاخچاق قىلىۋېلىشقا ھەرگىز قاراپ تۇرغىلى بولمايدۇ. ئىمان - ئەقىدە ئاللاھ بىلەن بەندە ئوتتۇرىسىدىكى چىن ئەھدە، شۇنداقلا ئىنتايىن ئەستايىدىل، ھەققانىي بىر ۋەدە بولۇپ، شۇڭا ئۇنىڭدا باتىلغا ۋە سەلقاراشقا قەتئىي ئورۇن يوق.

شۈبھىسىزكى، ئىمان بىلەن مۇناسىۋەتلىك بۇيرۇقلارنىڭ جاپا - مۇشەققەتلىرى بولىدۇ. چۈنكى ئىمان - ئەقىدە دېگەننىڭ ئەسلى خاراكتېرى شۇنداق بولىدۇ. ئىمان ئىنتايىن ئۇلۇغ نەرسە بولۇپ، ئۇنىڭ كائىناتتىكى ئۇلۇغلىقى ھەممە نەرسىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. شۇڭا ئىنسان ئىنتايىن ئەستايىدىللىق بىلەن، ناھايىتىمۇ ياخشى چۈشىنىپ، ئۇنىڭ پۈتۈن تەقەززالىرىنى تولۇق نەزەردە تۇتقان ھالدا ئۇنىڭغا يۈزلىنىشى، پۈتۈن دىققىتى، جاسارىتى ۋە سەمىمىيىتى بىلەن ئەقىدە يولىدا ئۇچرايدىغان مۇشكۈلاتلارغا تاقابىل تۇرۇپ، پىداكارلىق كۆرسىتىشى لازىم. ئىماننى مانا بۇ مەنىدىن قوبۇل قىلغان ھەرقانداق كىشى راھەت - پاراغەت، ئارام - ئاسايىشلارغا ئەلۋىدا ئېيتىپ بولغانلىقىنى بىلىپ قويۇشى لازىم. ئاللاھ تائالا مۇھەممەد

سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسىگە چاقىرغان چاغدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خەدىچە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا: «مضى عهد النوم يا خديجة» «ئى خەدىچە! ئەمدى ئۇخلايدىغان ۋە ئارام ئالىدىغان زامان تۈگىدى» دېگەن ئىدى. ئاللاھ تائالا يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئاگاھلاندۇرۇپ: «سَنُلْقِي عَلَيْكَ قَوْلًا ثَقِيلًا» «بىز ساڭا يېقىندا ئېغىر سۆز نازىل قىلىمىز»[1] دېگەن بولسا، بەنى ئىسرائىل قەۋمىگە: «خُذُوا مَا آتَيْنَاكُم بِقُوَّةٍ وَاذْكُرُوا مَا فِيهِ لَعَلَّكُمْ تَتَّقُونَ» «بىز سىلەرگە بەرگەن كىتابنى مەھكەم تۇتۇڭلار، ئۇنىڭدىكى ئەھكام، يوليورۇقلارنى ئېسىڭلاردا ساقلاڭلار. بۇ ئارقىلىق سىلەرنىڭ تەقۋالىق يولىدا مېڭىشىڭلارنى كۈتكىلى بولىدۇ» دېگەن ئىدى.

بىراق بېسىم، سەمىمىيەت، غەيرەت ۋە جىددىي تۇستە ئېلىنغان بۇ ئەھدە بىلەن بىرلىكتە ئەھدى قىلغۇچى مۇسۇلمان مەزكۇر ئەھدىنىڭ ماھىيىتىنى ۋە خاراكتېرىنى ياخشى چۈشەنگەن ۋە ئۇنى پۈتۈن ھاياتىغا مۇجەسسەملەشتۈرگەن بولۇشى كېرەككى، مەسىلە پەقەتلا ھېسسىيات، كۈچ - قۇۋۋەت، ھاياجان بىلەنلا چەكلىنىپ قالماسلىقى لازىم. چۈنكى بىزنىڭ ئاللاھقا بەرگەن ئەھدىمىزنىڭ ماھىيىتى: «پۈتۈن ھاياتىمىزنى ئاللاھ ياقتۇرۇپ ئورنىتىپ بەرگەن قانۇن - تۈزۈم بويىچە ئۆتكۈزىمىز» دېگەندىن ئىبارەتتۇر. بۇ تۈزۈم قەلب، ئىددىيەلەرگە راھەت بەخش ئەتكۈچى تىرىك تۈيغۇ بولۇپ سىڭىپ كەتسە، ئەمەلىي ھاياتتا ھاياتلىق تۈزۈمى ۋە بىر ھاياتلىق شەكلى بولۇپ نامايەن بولىدۇ. جەمئىيەتتە گۈزەل ئەخلاق، ئېسىل پەزىلەت شەكلىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپسا، ئاخىرەتلىك ھاياتتا تەقۋالىقنىڭ ۋە ئاللاھنىڭ ئالدىدىكى جاۋابكارلىق تۈيغۇسىنىڭ ھاسىلاتىدىن ئىبارەت بولىدۇ.

بىراق ئەپسۇسكى، بەنى ئىسرائىل يەنىلا ئۆز يېتى تۈرىۋېرىدۇ. ئۇلارنىڭ ناچار تەبىئىتى غالىپ كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن: «ثُمَّ تَوَلَّيْتُم مِّن بَعْدِ ذَلِكَ» «شۇنىڭدىن كېيىن ۋەدەڭلاردىن يۈز ئۆرۈدۈڭلار» دېگەن يەرگە كېلىپ قالىدۇ.

شۇنداقتىمۇ، ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە شەپقىتى يەنە بىر قېتىم ئۇلارغا مەدەتكار بولىدۇ. ئاللاھنىڭ فەزل - ئىكرامى بىلەن ئۇلار زىيان ۋە ھالاكەتتىن قۇتۇلدۇرۇلىدۇ. شۇڭا ئايەتتە ئۇلارغا: «فَلَوْلَا فَضْلُ اللَّهِ عَلَيْكُمْ وَرَحْمَتُهُ لَكُنتُم مِّنَ الْخَاسِرِينَ» «شۇنداقتىمۇ، ئاللاھنىڭ بەزل - مەرھەمىتى سىلەرنى تاشلىمىدى. بولمىسا، سىلەر ئالللىقاچان ھالاك بولغانلاردىن بولاتتىڭلار» دېيىلىدۇ.

**********

[1] سۈرە مۇزەممىل، 5 - ئايەت

## شەنبە كۈنىگە بىھۆرمەتلىك قىلىش

قېنى، ئەمدى ئۇلارنىڭ ئاسىيلىقىنىڭ ۋە ئەھدىگە ۋاپا قىلماسلىقىنىڭ يەنە بىر يېڭى مەنزىرىسىنى كۆرۈپ بېقىڭلار! ئۇنىڭدا ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئەزەلدىنلا ئەھدىگە ۋاپا قىلىدىغانلاردىن ۋە قىلغان ئەھدىسىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغانلاردىن ئەمەسلىكىنى، نەپسانىي خاھىش ۋە ۋاقىتلىق مەنپەئەتلەرنى كۆرگەندە، پۈتۈنلەي چارىسىز قالىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

«وَلَقَدْ عَلِمْتُمُ ٱلَّذِينَ ٱعْتَدَوْا۟ مِنكُمْ فِى ٱلسَّبْتِ فَقُلْنَا لَهُمْ كُونُوا۟ قِرَدَةً خَـٰسِـِٔينَ ﴿٦٥﴾ فَجَعَلْنَـٰهَا نَكَـٰلًا لِّمَا بَيْنَ يَدَيْهَا وَمَا خَلْفَهَا وَمَوْعِظَةً لِّلْمُتَّقِينَ ﴿٦٦﴾»

*قەۋمىڭلار ئىچىدىكى شەنبە قانۇننى بۇزغان كىشىلەرنىڭ قىسسىسى خەۋەرلىرىڭلاردا باردۇر. بىز ئۇلارغا: «ھەممە تەرەپتىن دەككە يەپ، قوغلاندىغان خار مايمۇن بولۇپ كېتىڭلار» دېدۇق[65]. شۇنىڭ بىلەن بىز ئۇلارنىڭ ئاقىۋىتىنى زامانداشلىرى ئۈچۈن ۋە كېيىنكىلەر ئۈچۈن ئىبرەت، تەقۋادارلار ئۈچۈن ۋەز- نەسىھەت قىلدۇق[66].*

قۇرئان كەرىمنىڭ ئوخشاش بولمىغان يەرلىرىدە يەھۇدىيلارنىڭ ”شەنبە قانۇنى“نى بۇزمىلاش ھېكايىسى تەپسىلى بايان قىلىنغان.

«واسألهم عن القرية التي كانت حاضرة البحر إذ يعدون في السبت إذ تأتيهم حيتانهم يوم سبتهم شرعا ويوم لا يسبتون لا تأتيهم» *«ئۇلاردىن دېڭىز بويىدىكى شەھەرنىڭ ئەھۋالىنى سورىغىن، ئۇلارنىڭ ھەر شەنبە كۈنىدە ئىلاھىي ھۆكۈمگە خىلاپلىق قىلىشقانلىقىنى ئەسلەتكىن، چۈنكى شەنبە كۈنىدە بېلىقلار سۇ ئۈستىگە لەيلەپ چىقاتتى، شەنبە كۈنىدىن باشقا كۈندە چىقمايتتى»* (سۈرە ئەئراف، **163** - ئايەت)

يەھۇدىيلار ئاللاھ تائالادىن بىر مۇقەددەس ئارام ئېلىش كۈنى تەيىنلەپ بېرىشنى تىلىگەن ئىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئاللاھ تائالا شەنبە كۈننى مۇقەددەس دەم ئېلىش كۈنى قىلىپ بەلگىلەپ بەردى ۋە ئۇ كۈندە دۇنيالىق تاپاۋەتنى ھارام قىلدى. ئۇلارنى سىناش ئۈچۈن شەنبە كۈنىدە بېلىقلارنى سۇ يۈزىگە ناھايىتى كۆپ مىقداردا لەيلەپ چىقىدىغان، ئەمما ئەتىسى يوقاپ كېتىدىغان قىلىپ قويغان ئىدى. يەھۇدىيلار بۇ سىناقتىن ئۆتەلمىدى. ئالدىغا كېلىپلا قالغان بۇ تەييار ئوۋنى كۆرگەندە، ئۇلار قانداقمۇ چىداپ تۇرالىسۇن؟ ئاللاھقا قىلغان ئەھدىسىگە ۋاپا قىلىش يۈزىسىدىنلا قاراپ تۇرۇپ، بۇنچە كۆپ ئوۋنى قانداقمۇ قولدىن بېرىپ قويسۇن؟... بۇ ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى. چۈنكى يەھۇدىيلارنىڭ تەبىئىتى بۇنىڭدىن كۆپ يىراق ئىدى.

ئاقىۋەت، ئۇلار ئىلاھىي قانۇننى بۇزۇپ، شەنبە كۈنىدە ئىلاھىي ھۆكۈمگە خىلاپلىق قىلدى. قايتىدىن رەزىللىككە چۆكتى. شەنبە كۈنى بېلىقلارنى كىچىكلەرگە ھەيدەپ توپلاپ ئەتراپىغا توساق سالدى. بېلىقلارنى ئۇ كۈنى تۇتماي، ئەتىسى تۇشمۇ تۇشتىن تۇتۇشقا

باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن: «فَقُلْنَا لَهُمْ كُونُواْ قِرَدَةً خَـٰسِئِينَ» «بىز ئۇلارغا: ”ھەممە تەرەپتىن دەككە يەپ، قوغلىنىدىغان خار مايمۇن بولۇپ كېتىڭلار“ دېدۇق».

ئۇلار ئاللاھقا بەرگەن ئەھدىسىنى ئەنە شۇنداق بۇزۇپ، ئازابقا ھەقلىق بولۇشقان ئىدى. شۇڭا ئۇلار ئىرادە ساھىبى ئىنسان بولۇش دەرىجىسىدىن ھايۋان دەرىجىسىگە چۈشۈپ قېلىشقا تېگىشلىك بولدى. شۇنىسى ئېنىقكى، ھايۋان دېگەن ئاشقازاننىڭ ئاۋازىدىن باشقىنى تىڭشىمايدۇ ۋە ئاشقازاندىنمۇ يۇكسەك ئويلايدىغىنى بولمايدۇ. شۇڭا ئىنسانلارنىڭ ئالدىنقى خۇسۇسىيىتى بولغان مۇتلەق ئىرادە ھەمدە ئاللاھقا بەرگەن ئەھدىسىدە مۇستەھكەم، سادىق بولۇش... قاتارلىق خاراكتېرنى تاشلىشى بىلەن تەڭ ئىنسانلىق دەرىجىسىدىن ھايۋانلىق دەرىجىسىگە چۈشتى.

ئۇلارنىڭ جىسمانىي جەھەتتىن مايمۇنغا ئوخشىشى مۇھىم ئەمەس، بەلكىم روھ، تەپەككۇر، ئاڭ، تۇيغۇ، مىجەز، تەبىئەت جەھەتلەردىن مايمۇنغا ئوخشاپ قالغان بولۇشى ۋە مايمۇنغا ئوخشاش ھەركەتلەرنى قىلىدىغان بولۇپ قالغان بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى ئىنساننىڭ پىكرى ھەردائىم ئۇنىڭ چىراي - شەكلىگە جىسىم - ھەرىكىتىگە، ئولتۇرۇش - قوپاشلىرىغا بېزەك بولىدۇ. ئىنساننىڭ ئىچكى پىكىر دۇنياسى تاشقى كۆرۈنۈشىگە ئالاھىدە تەسىر كۆرسىتىدۇ.

بۇ ۋەقە ئەينى چاغدىكى ۋە شۇنىڭدىن كېيىنكى ھەرقايسى دەۋرلەردىكى ھەققانىيەت دۈشمەنلىرىگە نىسبەتەن كۆچلۈك ئاچچىق ساۋاق بولغان بولسا، مۆئمىنلەرگە نىسبەتەن ھەممە دەۋردە ئىنتايىن ئېسىل نەسىھەت بولۇپ كەلمەكتە. «فَجَعَلْنَـٰهَا نَكَـٰلًا لِّمَا بَيْنَ يَدَيْهَا وَمَا خَلْفَهَا وَمَوْعِظَةً لِّلْمُتَّقِينَ» «شۇنىڭ بىلەن، بىز ئۇلارنىڭ ئاقىۋىتىنى زامانداشلىرى ئۈچۈن ۋە كېيىنكىلەر ئۈچۈن ئىبرەت، تەقۋادارلار ئۈچۈن ۋەز - نەسىھەت قىلدۇق».

بۇ ساۋاقتىن كېيىن، ناھايىتىمۇ مەشھۇر كالا بوغۇزلاش ۋەقەسى بايان قىلىنىدۇ. بۇنىڭدىن ئىلگىرىكى سۈرىلەردە بەنى ئىسرائىلنىڭ تارىخىي ۋەقەلىرى ھەققىدە قىسقىچە ئىشارىلەر بىلەن كۆپايىلەنگەن بولۇپ، بۇ يەردە بولسا، رەسمى بىر ھېكايە شەكلىدە ئىنتايىن تەپسىلى بايان قىلىنماقتا. چۈنكى بۇ ۋەقەلەر گەرچە بۇنىڭدىن ئىلگىرى مەككىدە نازىل بولغان سۈرىلەردە بايان قىلىنغان بولسىمۇ، باشقا يەرلەردە بايان قىلىنمىغان ئىدى. بۇنىڭدا بەنى ئىسرائىل قەۋمىنىڭ مەيدانسىزلىقى، ئىتائەتسىزلىكى، ھۆكۈمنى ئىجرا قىلىشتا ھورۇن، باھانىۋاز، بېجىمبوشلىقى ئىنتايىن ياخشى سۈرەتلەپ بېرىلگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا مەدىنە يەھۇدىلىرىمۇ گەۋدىلىك رولغا ئىگە.

وَإِذْ قَالَ مُوسَىٰ لِقَوْمِهِۦٓ إِنَّ ٱللَّهَ يَأْمُرُكُمْ أَن تَذْبَحُوا۟ بَقَرَةً ۖ قَالُوٓا۟ أَتَتَّخِذُنَا هُزُوًا ۖ قَالَ أَعُوذُ
بِٱللَّهِ أَنْ أَكُونَ مِنَ ٱلْجَٰهِلِينَ ﴿٦٧﴾ قَالُوا۟ ٱدْعُ لَنَا رَبَّكَ يُبَيِّن لَّنَا مَا هِىَ ۚ قَالَ إِنَّهُۥ يَقُولُ إِنَّهَا بَقَرَةٌ
لَّا فَارِضٌ وَلَا بِكْرٌ عَوَانٌۢ بَيْنَ ذَٰلِكَ ۖ فَٱفْعَلُوا۟ مَا تُؤْمَرُونَ ﴿٦٨﴾ قَالُوا۟ ٱدْعُ لَنَا رَبَّكَ يُبَيِّن لَّنَا
مَا لَوْنُهَا ۚ قَالَ إِنَّهُۥ يَقُولُ إِنَّهَا بَقَرَةٌ صَفْرَآءُ فَاقِعٌ لَّوْنُهَا تَسُرُّ ٱلنَّٰظِرِينَ ﴿٦٩﴾ قَالُوا۟ ٱدْعُ لَنَا رَبَّكَ
يُبَيِّن لَّنَا مَا هِىَ إِنَّ ٱلْبَقَرَ تَشَٰبَهَ عَلَيْنَا وَإِنَّآ إِن شَآءَ ٱللَّهُ لَمُهْتَدُونَ ﴿٧٠﴾ قَالَ إِنَّهُۥ يَقُولُ إِنَّهَا بَقَرَةٌ
لَّا ذَلُولٌ تُثِيرُ ٱلْأَرْضَ وَلَا تَسْقِى ٱلْحَرْثَ مُسَلَّمَةٌ لَّا شِيَةَ فِيهَا ۚ قَالُوا۟ ٱلْـَٰٔنَ جِئْتَ بِٱلْحَقِّ ۚ فَذَبَحُوهَا
وَمَا كَادُوا۟ يَفْعَلُونَ ﴿٧١﴾ وَإِذْ قَتَلْتُمْ نَفْسًا فَٱدَّٰرَْٔتُمْ فِيهَا ۖ وَٱللَّهُ مُخْرِجٌ مَّا كُنتُمْ تَكْتُمُونَ ﴿٧٢﴾ فَقُلْنَا
ٱضْرِبُوهُ بِبَعْضِهَا ۚ كَذَٰلِكَ يُحْىِ ٱللَّهُ ٱلْمَوْتَىٰ وَيُرِيكُمْ ءَايَٰتِهِۦ لَعَلَّكُمْ تَعْقِلُونَ ﴿٧٣﴾

ئاندىن يەنە شۇ ۋەقەنى ئەسلاڭلاركى، ئەينى چاغدا، مۇسا ئۆز قەۋمىگە: «ئاللاھ سىلەرنى بىر كالا بوغۇزلاشقا بۇيرۇيدۇ» دېگەن ئىدى. ئۇلار: «بىزنى مەسخىرە قىلىۋاتامسەن؟» دېدى. مۇسا: «مەن جاھىللاردەك ئىش قىلىشتىن ئاللاھقا سېغىنىپ پاناھلىق تىلەيمەن» دېدى[67]. ئۇلار: «بىز ئۈچۈن ئۆز پەرۋەردىگارىڭغا ئىلتىجا قىلغىنكى، بىزگە قانداق كالا ئىكەنلىكىنى بايان قىلسۇن» دېدى. مۇسا: «ئاللاھ ئۇنى قېرىمۇ ئەمەس، ياشمۇ ئەمەس، ئوتتۇرا ياش بولسۇن دەپ ئېيتتى، سىلەر بۇيرۇلغاننى قىلىڭلار» دېدى[68]. ئۇلار يەنە: «بىز ئۈچۈن پەرۋەردىگارىڭغا ئىلتىجا قىلغىنكى، بىزگە ئۇنىڭ رەڭگىنى بايان قىلسۇن» دېدى. مۇسا ئېيتتىكى، «ئاللاھ ھەقىقەتەن ئۇنىڭ رەڭگى قارىغۇچىلارنى زوقلاندۇرىدىغان ساپسېرىق بولسۇن دېدى»[69]. ئۇلار يەنە: «پەرۋەردىگارىڭدىن قانداق كالىنىڭ تەلەپ قىلىنىدىغانلىقىنى ئۈچۈن سوراپ، بىزگە بايان قىلغىن، بىز ئۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشتە تەمتىرەپ قالدۇق. خۇدا خالىسا، ئۇنى چوقۇم تاپىمىز» دېدى[70]. مۇسا جاۋاب بېرىپ: «ئاللاھ ئۇنىڭ يەر ھەيدەپ، ئېكىن سۇغىرىپ كۆندۈرۈلگەن بولماسلىقىنى، بىجىرىم، ئالىسى يوق بولۇشىنى ئېيتتى» دېدى. ئۇلار: «ئەمدى تولۇق بايان قىلدىڭ» دەپ توۋلىشىپ كەتتى. ئاندىن ئۇلار كالىنى بوغۇزلىدى، بولمىسا، ئۇلار بۇ ئىشنى قىلىدىغاندەك ئەمەس ئىدى[71]. يەنە شۇ ۋەقەنى ئەسلاڭلاركى، ئۆز ۋاقتىدا سىلەر بىر كىشىنى ئۆلتۈرگەن ۋە شۇ ھەقتە دەتالاش قىلىشىپ، بىر ـ بىرىڭلارنى «قاتىل» دەپ ئەيىبلىگىلى باشلىغان ئىدىڭلار. ئاللاھ سىلەر يوشۇرماقچى بولغاننى ئاشكارىلاش قارارىغا كەلدى[72]. شۇ چاغدا بىز دېدۇقكى: «ئۆلتۈرۈلگەن كىشىنىڭ جەسىدىگە ئۇنىڭ (يەنى كالا گۆشىنىڭ) بىر پارچىسى بىلەن ئۇرۇڭلار» قاراڭلار! ئاللاھ ئۆلۈكلەرنى شۇنداق تىرىلدۈرىدۇ، سىلەرنى چۈشەنسۇن دەپ، قۇدرىتىنىڭ ئالامەتلىرىنى سىلەرگە كۆرسىتىدۇ[73].

بۇ كىچىك قىسسىنىڭ قۇرئان كەرىمدىكى بايان تەرزىنى بىر قانچە نۇقتىدىن مۇلاھىزە قىلىش مۇمكىنچىلىكى مەۋجۇت بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىرسى شۇكى، بۇ قىسسە يەھۇدىيلارنىڭ مىللىي مىجەز، خاراكتېرىنى ۋە ئاتا مىراس تەبىئىتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بېرىدۇ. ھەممە بۇ

قىسسە ئارقىلىق ئۆلۈمدىن كېيىنكى ھاياتنىڭ ماھىيىتى، ئۆلۈمدىن كېيىن قايتىدىن تىرىلدۈرۈپ تۇرغۇزۇلۇشنىڭ خاراكتېر جەريانى، شۇنداقلا ياراتقۇچىنىڭ چەكسىز كۈچ - قۇدرىتى نامايەن قىلىنىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا يەنە، قىسسىنىڭ بايان ۋە ئىپادە ئۇسلۇبىنىڭ بەدىئىي ئارتۇقچىلىقلىرى، باشلىنىشى ۋە ئاخىرلىششى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ مەزمۇن تەرتىپى بىلەن بولغان ئۆزئارا ماسلىششچانلىقىمۇ دىققەتنى ئالاھىدە ئۆزىگە تارتىدۇ.

قىسقارتىپ ئېيتقاندا، بۇ كالا ھېكايىسى يەھۇدىيلارنىڭ مىللى قىياپىتىنى ناھايىتى يۇقىرى ماھارەت بىلەن ئىپادىلەپ بېرىدۇ. ھىدايەتنىڭ پاك، ساپ ھەم سۈزۈك سەرچەشمىسى بولغان بۇ ئىلاھىي ۋەھيي بىلەن يەھۇدىيلارنىڭ قەلب باغلىنىشلىقىنىڭ ئاللىبۇرۇن ئۈزۈلۈپ بولغانلىقى، ”غەيىپكە ئىمان“، ”ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىش“نىڭ پرىنسىپلىرى ئۈستىگە نازىل بولغان ئىلاھىي ھىدايەتنى قوبۇل قىلىشتىن مەھرۇم ئىكەنلىكى، ئاللاھنىڭ ئەھكاملىرىنى ۋە يولىيورۇقلىرىنى قوبۇل قىلىشتا ھەردائىم ئىككىلىنىپ، ئارقىغا سۆرەپ، يالغان باھانىلارنى كۆرسىتىپ كەلگەنلىكى، كۆپ ھاللاردا، زۇۋاندارلىقى ۋە قاپ يۈرەكلىكى تۈپەيلىدىن دىنىنىڭ سىمۋوللۇق ئاساسلىرىنىمۇ مەسخىرە قىلىشتىن يانمايدىغانلىقى مەلۇم بولىدۇ.

ئۇلارنىڭ پەيغەمبىرى ﷺ ئاللاھنىڭ ھۆكمىنى ئۇلارغا ئۇچۇق ئاڭلىتىپ: «إِنَّ ٱللَّهَ يَأۡمُرُكُمۡ أَن تَذۡبَحُواْ بَقَرَةً» «ئاللاھ سىلەرنى بىر كالا بوغۇزلاشقا بۇيرۇيدۇ» دەيدۇ. شۇنىسى ئېنىقكى، بۇ ھۆكۈم سۆز جەھەتتىن شۇ قەدەر ئۇچۇق ھەم ساپ ئىدىكى، ئۇنى دەرھال ئىجرا قىلىشقا بولاتتى. يەنە كېلىپ، ھۆكۈمنى ئاڭلاتقان پەيغەمبەرمۇ ئۇلارنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈك رەھنەماسى بولۇپ، ئاللاھ تائالا ئۇلارنى ئۇنىڭ يېتەكچىلىكى بىلەنلا پىرئەۋن ئەھلىنىڭ ئېغىر زۇلمىدىن قۇتقۇزغان ۋە بۇ قۇتقۇزۇشمۇ ئاللاھنىڭ ئالاھىدە مەرھەمىتى ھەمدە كۆزىتىپ، يول كۆرسىتىشى ئاساسىدا ئىنتايىن ھەيران قالارلىق مۆجىزىۋىي شەكىلدە ئەمەلىيلەشكەن ئىدى. ئۇلارنىڭ پەيغەمبىرىمۇ بۇنىڭ ھەرگىز ئۆز شەخسىي قارىشى ياكى شەخسىي ھۆكمى ئەمەسلىكىنى، بەلكى ئاللاھنىڭ ھۆكمى بولۇپ، شۇنىڭغا بىنائەن ئۇلارغا يېتەكچىلىك قىلىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئۇچۇق ئۇقتۇرۇپ قويغان ئىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇلارنىڭ ئەسلىدە نېمە دەپ جاۋاب بېرىشى كېرەكلىكى ۋە نېمە دەپ جاۋاب بېرىۋاتقانلىقىغا. قېنى بىر قاراپ بېقىڭ! مانا ئۇلار تازىمۇ ئەدەپسىزلىك، ھاماقەتلىك ۋە ھاياسىزلىق بىلەن ئۆز پەيغەمبىرىگە: «بىزنى مەسخىرە قىلىۋاتامسەن؟» دەپ جاۋاب بەرمەكتە.

بۇ پەسكەشلىككە قارىمامدىغان! ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ئاللاھنى تونۇيدىغان ئادەتتىكى بىر ئادەم ئەمەس، بەلكى ئاللاھنىڭ شۇنچە ئۇلۇغ پەيغەمبىرىمۇ نورمال ئىشلار ئۈياقتا تۇرسۇن، ھەتتا ئاللاھنىڭ شۇنچە مۇھىم ئەھكام ئىشلىرىدىمۇ ئاللاھنىڭ نامى بىلەن پۈتۈن خەلقى ئالەمنى مەسخىرە قىلالايتتى. شۇڭا ئۇلار: «أَتَتَّخِذُنَا هُزُوًا» «بىزنى مەسخىرە قىلىۋاتامسەن؟» دېمەكتە ئىدى.

مۇسا ئەلەيھىسسالام بۇنداق ئەخمىقانە، پەسكەشلەرچە بوھتانغا نىسبەتەن: «نەئۇزۇبىللاھ» دېيىشتىن باشقا نېمىمۇ دېيەلىسۇن؟ شۇڭا ئۇ ئىنتايىن يۇمشاق ئىشارە ۋە كىنايىلەر بىلەن ئاللاھقا قانداق ئېھتىرام قىلىش لازىملىقىنى بىلدۈردى. ئۇلارغا بۇنداق ئىشنى ئاللاھنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىدىن بىخەۋەر، ئاللاھنىڭ مۇقەددەس قەدىر - قىممىتى قەلبىدە يەر ئالمىغان كىشىدىن باشقىسى سادىر قىلمايدىغانلىقىنى چۈشەندۈردى ۋە ئۇلارغا: « أَعُوذُ بِٱللَّهِ أَنۡ أَكُونَ مِنَ ٱلۡجَٰهِلِينَ» «مەن جاھىللاردەك ئىش قىلىشتىن ئاللاھقا سېغىنىپ پاناھلىق تىلەيمەن» دېدى.

بۇ ھىدايەت، كۆرسەتمە ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ ھۇشىنى تېپىۋېلىشىغا ۋە ئۆز پەرۋەردىگارى تەرەپكە يۈزلىنىشىگە، شۇنداقلا پەيغەمبىرىنىڭ ھۆكمىنى ئىجرا قىلىشىغا يېتەرلىك ئىدى. ئەمما بەنى ئىسرائىل بەربىر بەنى ئىسرائىل بولغانلىقى ئۈچۈن ھۆكۈم كېلىپ بولغىچە ئىجرا قىلىشى نەدىمۇ مۇمكىن بولسۇن دەيسىز؟

شۇنداق، ئەسلىدە ئۇلار ھۆكۈم ئاسان چاغدا بىر كالىنى تۇتۇپ، بوغۇزلاپلا ئاللاھنىڭ ھۆكمىنى ۋە پەيغەمبىرىنىڭ ئىشارىتىنى ئاسانلا ئىجرا قىلالايتتى. لېكىن دەل شۇ پەيتتە ئۇلارنىڭ ھىلىگەر تەبىئىتى ئويغاندى ۋە ئاتا مىراس خاراكتېرى ئالدىدا مەغلۇپ بولۇپ: « قَالُواْ ٱدۡعُ لَنَا رَبَّكَ يُبَيِّن لَّنَا مَا هِيَۚ» «بىز ئۈچۈن ئۆز پەرۋەردىگارىڭغا ئىلتىجا قىلغىنكى، بىزگە كالىنىڭ قانداق نەرسە ئىكەنلىكىنى بايان قىلسۇن» دەپ سوئال قويۇپ تۇرىۋېلىشتى. ئۇلار قويۇۋاتقان سوئالدىكى سۆزلەردىنلا تېخىچە ئۇلارنىڭ: «مۇسا ئەلەيھىسسالام چاخچاق قىلىۋاتامدۇ - قانداق؟» دېگەن گۇماندا ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى. ئۇلار شۇنچە ئەستايىدىللىق بىلەن دەسلەپتە گويا ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئەمەس، پەقەت مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭلا پەرۋەردىگارىدەك: «بىز ئۈچۈن ئۆز پەرۋەردىگارىڭغا ئىلتىجا قىلغىنكى» دېيىشسە، ئارقىدىنلا بۇ ئىش گويا ئۇلارغا ئەمەس، پەقەت مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن ئاللاھقىلا مۇناسىۋەتلىكتەك: «بىزگە كالىنىڭ "قانداق نەرسە" ئىكەنلىكىنى بايان قىلسۇن» دېيىشىدۇ. بۇ يەردە گەرچە مەقسەت كالىنىڭ قانداق نەرسە ئىكەنلىكىنى بىلىشتەك قىلسىمۇ، ئەمما ماھىيەتتە ئۇلار مەسخىرە قىلغان شەكىلدە خۇددى كالىنى بىلمەس ئادەمدەك، «كالا! كالا دېگەن زادى قانداق نەرسە؟!» دەپ سوراشماقتا ئىدى، ۋەھالەنكى مۇسا ئەلەيھىسسالام دەسلەپتىلا بىر كالىنى تۇتۇپ، بوغۇزلىسا بولىدىغانلىقىنى ئۇلارغا ئوچۇق ئوقۇتۇرۇپ قويغان ئىدى. شۇڭا مۇسا ئەلەيھىسسالام يەنىلا ئۇلارنىڭ سوئالىنى نەزەردىن ساقىت قىلغان ھالدا توغرا جاۋابنى قايتۇرۇپ، ئۇلارنى توغرا يولغا ئەكىلىشكە تىرىشتى. ئۇلارنىڭ ئەسلىدىكى سوئالغا جاۋاب قايتۇرۇپ، كالىنىڭ ماھىيىتى ھەققىدە بولمىغۇر مۇنازىرىلەرنى قىلىشىپ يۈرۈشىنىڭ ئورنىغا، ئەقىلسىز ھاماقەت، پاسىقلارنى توغرا يولغا يېتەكلەش ئۈچۈن تەيىنلەنگەن تەدبىرلىك ئىسلاھاتچى ئۇستازدەك جاۋاب قايتۇرۇپ: « قَالَ إِنَّهُۥ يَقُولُ إِنَّهَا بَقَرَةٞ لَّا فَارِضٞ وَلَا بِكۡرٌ عَوَانُۢ بَيۡنَ ذَٰلِكَۖ» «ئاللاھ ئۇنى قېرىمۇ ئەمەس، ياشمۇ

ئەمەس، ئوتتۇرا ياش بولسۇن دەپ ئېيتتى» دەيدۇ. يەنى، بەكمۇ قېرىپ كەتمىگەن، بەكمۇ ياش ئەمەس، ئوتتۇرا ياشلىق بولسۇن - دەيدۇ. ئارقىدىنلا ئۇلارغا نەسىھەت قىلىپ تەكىتلىگەن هالدا: «فَٱفۡعَلُواْ مَا تُؤۡمَرُونَ» «سىلەر بۇيرۇلغانتى ئىجرا قىلىڭلار» دەيدۇ.

ناۋادا ئۇلار ھۆكۈم ئىجرا قىلىشنى خالىغانلا بولسا ئىدى، بۇ سۆزلەر پۈتۈنلەي يېتەرلىك بولۇپ، بەنى ئىسرائىلنى تولۇق قانائەت تاپقۇزالايتتى. پەيغەمبەر ئۇلارنى ئىككى قېتىم توغرا يولغا ئەكىلىپ بولغان ۋە ئۇلارغا ئاللاھ بىلەن مۇناسىۋەتلىك سوئال - جاۋابنىڭ ۋە ئۇنىڭدىن مەنپەئەتلىنىشنىڭ ئەدەپ - قائىدىلىرىنى ئۆگىتىپ بولغان ئىكەن، ئۇلار چوقۇم كالىلىرى ئىچىدىن بەكمۇ قېرىپ كەتمىگەن ۋە بەكمۇ ياش بولمىغان، ئوتتۇرا ياشلىق بىرىنى تۇتۇپلا بوغۇزلىشى كېرەك ئىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار بۇ پەرزنىڭ مەسئۇلىيىتىنى تېزلا ئادا قىلغان ۋە ئۆزلىرىنى ئارتۇقچە مۇشەققەتلەرگە تىقىۋالماي، ئاللاھنىڭ ھۆكمىنى دەرھال ئىجرا قىلغان بولاتتى. بىراق بەنى ئىسرائىل يەنىلا بەربىر بەنى ئىسرائىل ئىدى... شۇڭا ئۇلار يەنە: «قَالُواْ ٱدۡعُ لَنَا رَبَّكَ يُبَيِّن لَّنَا مَا لَوۡنُهَا» «بىز ئۈچۈن پەرۋەردىگارىڭغا ئىلتىجا قىلغىنكى، بىزگە ئۇنىڭ رەڭگىنى بايان قىلسۇن» دەپ سوئال قويۇشقا باشلىدى. شۇنداق قىلىپ ئۇلار: «بىز ئۈچۈن پەرۋەردىگارىڭغا ئىلتىجا قىلغىنكى» دېگەننى ئۈچىنچى قېتىم تەكرارلىغان بولدى. ئۇلارنىڭ بۇنچە تەكرارلاپ چىڭ تۇرۇۋېلىشى نەتىجىسىدە، ئۇلارغا تەپسىلى جاۋاب بېرىشكە توغرا كەلدى. شۇڭا ئۇلارغا: «قَالَ إِنَّهُۥ يَقُولُ إِنَّهَا بَقَرَةٌ صَفۡرَآءُ فَاقِعٌ لَّوۡنُهَا تَسُرُّ ٱلنَّٰظِرِينَ» «ئاللاھ ھەقىقەتەن "ئۇنىڭ رەڭگى قارىغۇچىلارنى زوقلاندۇرىدىغان سايسېرىق بولسۇن" دېدى» دەپ جاۋاب بېرىلدى.

شۇنداق قىلىپ، ئىلگىرى شۇنچە ئاسان بېجىرگىلى بولىدىغان ئاددى بىر ئىشنى ئۇلار ئۆزلىرى قىيىنلاشتۇرۇپ، مۇرەككەپلەشتۇردى. ئەمەلىيەتتە، ئۇلار قانداقلا بىر كالىنى ئەمەس، بەلكى قېرىپمۇ كەتمىگەن، بەك ياشمۇ بولمىغان، ئوتتۇرا ياش، رەڭگى سايسېرىق، پارقىراق، ئۇنىڭ ئۇستىگە، ئۇرۇق - ئاۋاق، كۆرۈمسىز ئەمەس، بەلكى قارىسا ئادەمنىڭ كۆڭلىنى خۇش قىلغۇدەك دەرىجىدە بىر كالىنى بوغۇزلىمىسا بولمايدىغان يەرگە يەتكەن ئىدى. شۇنىسى ئېنىقكى، كالا تازا سېمىز، قاملاشقان، ھاياتى كۈچى ئۇرغۇپ، شاش، چاپچىپ تۇرىدىغان، رەڭگى پارقىراق بولغاندىلا ئاندىن ئادەمنىڭ قەلبىنى خۇش قىلالايدۇ. چۈنكى كىشىلەر ئۇلاغلارنىڭ شۇنداق سۈپەتلىك بولۇشنى ياقتۇرىدۇ. ئومومەن ئۇرۇق - ئاۋاق، سەت جانىۋارلارنى يامان كۆرۈپ، ئوتتۇرا ياش، چىرايلىق، جانىۋارلاردىن سۆيىنىدۇ.

قىسقىسى، بەنى ئىسرائىلنىڭ ئىشنى ئۇنچىۋالا ئارقىغا سوزۇشى ئادەتتىن تاشقىرى ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەنلىك ئىدى. شۇنداقتىمۇ، ئۇلار يەنە بولدى قىلماي، ئۆزىنىڭ ئازغۇنلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، مەسىلىنى تېخىمۇ مۇرەككەپلەشتۇرۇشكە ۋە ئۆزلىرىنى تېخىمۇ قىيىنچىلىققا تىقىشقا باشلىدى. شۇڭا ئاللاھ تائالامۇ ئۇلارنىڭ پوزىتسىيىسىگە

**بىنائەن ئۆز ھۆكمىنى تېخىمۇ قىيىنلاشتۇردى. شۇنچە تەپسىلاتلاردىن كېيىنمۇ، ئۇلار يەنە بىردىنلا كالىنىڭ ماھىيەت، خاراكتېرى ھەققىدە سوئال سوراشقا باشلىدى.**

«قَالُواْ ٱدۡعُ لَنَا رَبَّكَ يُبَيِّن لَّنَا مَا هِيَ» «*ئۇلار يەنە: "پەرۋەردىگارىڭدىن زادى قانداق كالىنىڭ تەلەپ قىلىنىدىغانلىقىنى ئوچۇق سوراپ بىزگە بايان قىلغىن" دېيىشتى*».

**ئۇلار ئۆزىنىڭ بۇنداق سوئال سوراشلىرىغا ۋە سوزۇپ - تارتىپ يۈرۈشلىرىگە قارىتا:** «إِنَّ ٱلۡبَقَرَ تَشَـٰبَهَ عَلَيۡنَا» «*بىز ئۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشتە گاڭگىراپ قالدۇق*» **دەپ سەۋەب كۆرسەتتى.**

**ئاندىن ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئوساللىقىنى ھېس قىلغاندەك بىر تەرزدە:** «إِن شَآءَ ٱللَّهُ لَمُهۡتَدُونَ» «*ئاللاھ خالىسا، ئۇنى چوقۇم تاپىمىز*» **دېيىشتى.**

**بۇ تۇگىمەس ئېزىلەڭگۈ خۇشامەتچىلىك، ئايىغى چىقماس بەس - مۇنازىرىلەر نەتىجىسىدە، ھۆكۈمنى تېخىمۇ قىيىن، مۇرەككەپلەشتۈرۈش، شۇنداقلا تاللاش ۋە ئەمەل قىلىشنىڭ كەڭرى دائىرىسىنى تېخىمۇ تارلاشتۇرۇش، شۇ ئارقىلىق تەلەپ قىلىنىۋاتقان كالىغا يەنە بىر قانچە سۈپەتلەرنىمۇ قوشۇشتىن باشقا چارە قالمىغان ئىدى. ۋەھالەنكى، ئىلگىرى بۇنچە سۈپەتلەرنىڭ ھېچ كېرىكى يوق بولۇپ، ھۆكۈمنى ئىجرا قىلىشنىڭ دائىرىسىمۇ ناھايىتى كەڭ ئىدى.**

**شۇڭا:** «قَالَ إِنَّهُۥ يَقُولُ إِنَّهَا بَقَرَةٌ لَّا ذَلُولٌ تُثِيرُ ٱلۡأَرۡضَ وَلَا تَسۡقِى ٱلۡحَرۡثَ مُسَلَّمَةٌ لَّا شِيَةَ فِيهَا» «*مۇسا ئەلەيھىسسالام جاۋاب بېرىپ: "ئاللاھ ئۇنىڭ يەر ھەيدەپ، ئېكىن سۇغىرىپ كۆندۈرۈلگەن بولماسلىقىنى، بىجىرىم، ئالىسى يوق بولۇشىنى ئېيتتى" دېدى*».

**ئەمدىلىكتە كالا شاش، كۆڭۈلنى سۆيۈندۈرىدىغان، رەڭگى سېرىق، پارقىراق، ئوتتۇرا ياش بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئەمگەككە سېلىنمىغان، يەر ھەيدىتىلمىگەن، ئېكىن سۇغۇرۇشقا سېلىنمىغان، رەڭگىدىمۇ ھېچ بىر داغ بولمىغان بولۇشى كېرەك ئىدى.**

**ئىش مانا شۇ دەرىجىگە يەتكەندىلا، ئۇلار ھوشىنى تاپتى. ئىشنى تېخىمۇ مۇرەككەپلەشتۈرۈپ، نۇرغۇن شەرتلەرنى قوشقۇزۇپ، ئۆزىنىڭ ئەمەل دائىرىسىنى تېخىمۇ تارلاشتۇرۇپ، ئاخىرقى چەككە يەتكەندىن كېيىن، ئاندىن:** «قَالُواْ ٱلۡـَٔـٰنَ جِئۡتَ بِٱلۡحَقِّ» «*ھە، ئەمدى توغرا گەپنى قىلدىڭ*» **دەپ تولۇلىشىپ كەتتى.**

**گويا ئىلگىرى قىلىنغان گەپلەر "توغرا" ئەمەس ئىدى، مانا ئەمدىكى باسقۇچقا كەلگەندىلا مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قىلغان سۆزلىرى "توغرا" بولغان ئىدى.**

«فَذَبَحُوهَا وَمَا كَادُواْ يَفۡعَلُونَ» «*ئاندىن ئۇلار كالىنى بوغۇزلىدى. بولمىسا، ئۇلار بۇ ئىشنى قىلىدىغاندەك ئەمەس ئىدى*».

ئۇلار ئىلاھىي ھۆكۈمنى ئىجرا قىلىپ، ئىلاھىي پەرزنى ئادا قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ھېكايىنىڭ ئاخىرىدا ئاللاھ تائالا ئۇلارغا بۇ كالىنى نېمە ئۈچۈن بوغۇزلاشقا بۇيرىغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىدۇ.

وَإِذۡ قَتَلۡتُمۡ نَفۡسٗا فَٱدَّٰرَٰٔتُمۡ فِيهَاۖ وَٱللَّهُ مُخۡرِجٞ مَّا كُنتُمۡ تَكۡتُمُونَ ﴿٧٢﴾ فَقُلۡنَا ٱضۡرِبُوهُ بِبَعۡضِهَاۚ
كَذَٰلِكَ يُحۡيِ ٱللَّهُ ٱلۡمَوۡتَىٰ وَيُرِيكُمۡ ءَايَٰتِهِۦ لَعَلَّكُمۡ تَعۡقِلُونَ ﴿٧٣﴾

*يەنە شۇ ۋەقەنىڭ ئەسلىگىلەركى، ئۆز ۋاقتىدا سىلەر بىر كىشىنى ئۆلتۈرگەن ۋە شۇ ھەقتە دەتالاش قىلىشىپ، بىر ـ بىرىڭلارنى «قاتىل» دەپ ئەيىبلىگىلى باشلىغان ئىدىڭلار. ئاللاھ سىلەر يوشۇرماقچى بولغانتى ئاشكارىلاش قارارىغا كەلدى[72]. شۇ چاغدا بىز دېدۇقكى، «ئۆلتۈرۈلگەن كىشىنىڭ جەسىدىگە ئۇنىڭ بىر پارچىسى بىلەن ئۇرۇڭلار» قاراڭلار، ئاللاھ ئۆلۈكلەرنى شۇنداق تىرىلدۈرىدۇ، سىلەرنى چۈشىنىسۇن دەپ، قۇدرىتىنىڭ ئالامەتلىرىنى سىلەرگە كۆرسىتىدۇ[73].*

مانا بۇ يەردە، بىز كالا ھېكايىسىنىڭ ئاللاھنىڭ چەكسىز قۇدرىتىنى نامايەن قىلىپ بېرىدىغان باشقا بىر تەرىپىگە يۈزلەنگەن بولىمىز. بۇ ئارقىلىق ھايات بىلەن ماماتنىڭ ماھىيىتى، ئۆلۈمدىن كېيىن قايتا تىرىلدۈرۈشنىڭ خاراكتېر جەريانى مەلۇم بولىدۇ. بۇ يەردىكى سۆز ئۇسلۇبى ھېكايە تەرزىنىڭ ئورنىغا خىتاب تۇسىنى ئالىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىنى كالا بوغۇزلاشقا بۇيرۇشتىكى ھېكمىتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بېرىدۇ. ئەسلى ۋەقە مۇنداق ئىدى:

ئۇلار بىرسىنى ئۆلتۈرگەن بولۇپ، ھەممەيلەن مەسئۇلىيەتتىن ئۆزىنى قاچۇرۇش ئۈچۈن جىنايەتنى بىر - بىرىگە دۆڭگىمەكتە ئىدى. ئەمما ئوتتۇرىدا ھېچ بىر شاھىد يوق ئىدى. ئاللاھ تائالا ئۆلگەن كىشىنى تىرىلدۈرۈپ، ئۇنىڭ تىلى بىلەن ھەقنى ئوتتۇرىغا چىقىرىشنى خالىدى. دەسلەپتە، كالىنى بوغۇزلاشقا بۇيرىغانلىقى بولسا، ئەشۇ ھەققانىي گۇۋاھلىقنىڭ ئاشقى ۋاستىسى بولۇپ، كالىنىڭ بىر پارچە گۆشى بىلەن ئۆلۈكنى ئۇرغاندا، ئۆلۈك تىرىلىپ قوپاتتى. ئاخىرى راستىنلا شۇنداق بولدى. ئۇلار ئۆلۈكنى بوغۇزلانغان كالىنىڭ بىر پارچە گۆشى بىلەن ئۇردى. ئۆلۈك تىرىلدى ۋە ئۆز تىلى بىلەن قاتىلنى ئېيتىپ بەردى. جىنايەتنىڭ ئۈستىگە يېپىلغان پەردىلەر قايرىپ تاشلاندى. شۇنداق قىلىپ، ئاللاھ تائالا ئەڭ كۈچلۈك دەلىل بىلەن ھەقنى ھەق، باتىلنى باتىل قىلىپ ئوتتۇرىغا چىقاردى.

سوئال شۇكى، بۇنداق ئاشقى سەۋەب - ۋاستىلەرنىڭ زادى نېمە ھاجىتى؟ ئاللاھ تائالا ئۇنىڭسىزمۇ ھېچبىر سەۋەبسىز ئۆلۈكنى تىرىلدۈرەلەيتتىغۇ؟ بوغۇزلانغان كالا بىلەن ئۆلتۈرۈلگەن كىشىنىڭ ئوتتۇرىسىدا زادى قانداق مۇناسىۋەت بار؟

بەنى ئىسرائىلنىڭ ئادىتىگە كۆرە، ئومۇمەن ئاللاھقا يېقىنلىق قىلىشنىڭ ۋاستىسى ئورنىدا كالا قۇربانلىق قىلىناتتى. بىراق بوغۇزلانغان كالىنىڭ بىر پارچە گۆشى بىلەن ئۆلتۈرۈلگەن كىشىنى ئۇرغاندا، ئۇنىڭ تىرىلىپ قوپۇشىدىن ئىبارەت بۇ مەنزىرىگە كەلسەك،

گۆش پارچىسىدا بىرەر ھاياتلىق ئاملى يوق ئىدى، بەلكى پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلۇغ قۇدرىتىنى نامايەن قىلىپ بېرىشۋاتقان تاشقى سەۋەبتىنلا ئىبارەت بولۇپ، ئۇنىڭ ماھىيتىنى ئىنسانىنىڭ بىلىپ يېتەلىشى مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا گەرچە كىشىلەر ئۇنىڭ تەسىرى ۋە نەتىجىسىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما ئۆلۈكنى تىرىلدۈرۈشنىڭ بۇ يولى ئۆلارنىڭ ئەقىل - ئىدراكىدىن تاشقىرى ئىدى.

«كَذَٰلِكَ يُحۡيِ ٱللَّهُ ٱلۡمَوۡتَىٰ» «ئاللاھ ئۆلۈكلەرنى مانا شۇنداق تىرىلدۈرىدۇ» يەنى، خۇددى سىلەر ئۆز كۆزىڭلار بىلەن كۆرۈپ تۇرىۋاتقاندەك مۇشۇنداق تىرىلدۈرىدۇ. شۇنداقتىمۇ سىلەر ئۇنىڭ ھەقىقىتىدىن خەۋەرسىز قىلىۋېرىسىلەر، قانداقلارچە تىرىلگەنلىكىنى بىلەلمەيسىلەر. بۇنىڭدىكى مەقسەت شۇكى، ئاللاھ تائالا ئۆلگەن ئىنسانلارنى ئەنە شۇنداق جاپا - مۇشەققەتسىزلا قايتا تىرىلدۈرەلەيدۇ.

ئۆلۈم بىلەن ھاياتنىڭ ماھىيتى ئوتتۇرىسىدا باشنى قايدۇرغۇدەك دەرىجىدە ناھايىتى يىراق مۇساپە بولىدۇ، بىراق ئاللاھنىڭ قۇدرىتىگە نىسبەتەن بۇ ئىنتايىن ئاددى پەرق بولۇپ، ئۆلۈم بىلەن ھايات ناھايىتى ئاسانلا بىر ئىشتۇر.

-- قانداقىسىگە؟...

-- شۇنداق، ھېچبىر ئەقىل مانا بۇ ''قانداقىسىگە؟''نىڭ تەكتىگە يېتىپ بارالمايدۇ. ئۇنى ھېچ كىشى بىلەلمەيدۇ. ئۆلۈم بىلەن ھاياتنىڭ سىرىنى بىلىش ماھىيەتتە ئاللاھنىڭ سىرىنى بىلگەنلىكتۇر. بۇ پانى جاھاندا ئاللاھنىڭ سىرىغا يېتىش مۇمكىن ئەمەس. ئىنسان پەقەت بۇ سىر - ھېكمەتلەر ئۈستىدە تەپەككۇر يۈرگۈزۈپ، ساۋاق، ئىبرەت ۋە نەسىھەت ھاسىل قىلالايدۇ.

«وَيُرِيكُمۡ ءَايَٰتِهِۦ لَعَلَّكُمۡ تَعۡقِلُونَ» «ئاللاھ سىلەرنى چۈشىنىشىڭلار ئۈچۈن، قۇدرىتىنىڭ ئالامەتلىرىنى سىلەرگە كۆرسىتىدۇ».

ئەمدى بىز سۆز تەرتىپى بىلەن ئىپادە گۈزەللىكى ئوتتۇرىسىدىكى ماسلىشىشچانلىق ئۈستىدە توختىلىمىز.

بىز بۇ قىسقا ھېكايىنىڭ باشلىنىشىدا ئۆزىمىزنى ئالدى - كەينىنى بىلگىلى بولمايدىغان مەجھۇللۇق ئىچىگە كىرىپ قالغاندەك ھېس قىلىمىز. ھېكايىنىڭ باش قىسمىدا ئاللاھ تائالانىڭ نېمە ئۈچۈن كالا بوغۇزلاشقا بۇيرىغانلىقىنى خۇددى بەنى ئىسرائىل ئۆزىمۇ بىلەلمىگەندەك، بىزمۇ بىلەلمەي قالىمىز. ئەسلىدە ئۇ ئارقىلىق بەنى ئىسرائىل قەۋمىنىڭ ئاللاھقا ئىتائەت قىلىش ۋە رازىلىق بىلەن باش ئېگىش تۇيغۇسىنى سىناش مەقسەت قىلىنماقتا ئىدى.

ئاندىن ھېكايىنىڭ ئەسلى قىسمى باشلىنىپ، ئۇنىڭدا مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن قەۋمى ئارىسىدا سۆزلىشىش داۋام قىلىدۇ. سۆزلىشىش تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەنچە بۇ سۆھبەتكە ئاللاھ

تائالامۇ قاتنىشىدۇ، بىراق ئاللاھ بىلەن مۇسا ئەلەيھىسسالام ئوتتۇرىسىدا قانداق سۆزلەرنىڭ بولۇنغانلىقىنى بىلگىلى بولمايدۇ. ۋەھالەنكى، ھەرقېتىمدا بەنى ئىسرائىل قەۋمى مۇسا ئەلەيھىسسالامغا: "پەرۋەردىگارىدىن سوراپ ئېيتىپ بېرىش" شەرتىنى قويىدۇ. مۇسا ئەلەيھىسسالامۇ ئالدى بىلەن پەرۋەردىگارىدىن سوراپ، ئاندىن جاۋاب بېرىدۇ. بىراق ئايەتنىڭ سۆز تەرتىپىدە مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھدىن نېمىلەرنى سورىغانلىقى ۋە ئاللاھنىڭ نېمە دەپ جاۋاب قايتۇرغانلىقى ھەققىدە ھېچ نەرسە دېيىلمەيدۇ. دەل مانا بۇ سۈكۈت ئاللاھنىڭ ئۇلۇغلۇقىغا ۋە بۈيۈك مەرتىۋىسىگە ناھايىتىمۇ ماسلاشقان بولۇپ، ناۋادا ئاللاھ بىلەن مۇسا ئەلەيھىسسالام ئوتتۇرىسىدىمۇ خۇددى بۇ ۋەقەدىكى بەنى ئىسرائىل قەۋمىنىڭ تەرسالارچە سۆز قىلىش خاراكتېرىگە ئوخشاش سوئال - جاۋابلار بولۇپ قالغان بولسا ئىدى، ئەلبەتتە ئاللاھنىڭ ئۇلۇغلۇقىغا قەتئىي مۇناسىپ بولمىغان بولاتتى.

ئاخىرىدا، خۇددى ئەينى چاغدا بەنى ئىسرائىلغا نىسبەتەن كۈتۈلمىگەن ئىش بولغاندەك، تۇيۇقسىزلا ئاللاھ تائالا بەنى ئىسرائىلنى بوغۇزلانغان كالىنىڭ جانسىز گۆش پارچىسى بىلەن ئۆلۈكنى ئۇرۇشقا ۋە ئۇنىڭ قانداقلارچە قايتىدىن تىرىلىپ سۆز قىلىدىغانلىقىنى كۆرۈشكە بۇيرۇيدۇ. ۋەھالەنكى، كالىنىڭ گۆش پارچىسىدا نە ھاياتلىق، نە ھاياتلىقنىڭ بىرەر ئېلېمېنتى يوق ئىدى.

قىسقىسى، قۇرئان كەرىمنىڭ باشقا قىسسىچە، گۈزەل ھېكايىلىرىگە ئوخشاش بۇ قىسسا ھېكايىدىمۇ مەزمۇن يۆنىلىشىگە ئۇيغۇن شەكىلدە پەۋقۇلئاددە بىر ھېكمەتلىك ئىپادە ئۇسلۇبى ئىشلىتىلگەنلىكىنى كۆرىمىز.

قىسسىنىڭ بۇ ئاخىرقى مەنزىرىسىنىڭ تۈگەنچە قىسمىدا، شۇنداقلا قىسسىدىن ئېلىنغىدىكى ئىبرەتلىك كۆرۈنۈشلەر ۋە ئىبرەتلىك ۋەقەلەر نەتىجىسىدە: «ئەمدى بەنى ئىسرائىلنىڭ قەلبى يۇمشاپ، ئاللاھقا بولغان قورقۇنچ ھەم تەقۋالىق تۇيغۇلىرى ئويغىنىپ قالسا، ئەجەپ ئەمەس» دېگەننى ئۈمىد قىلىشقا بولاتتى. ئەمما سۆزنىڭ ئاخىرى دەل كۈتۈلگەننىڭ ئەكسىچە سۆزلەر بىلەن تاماملىنىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، چوقۇم ھەيرەتتە قالماي تۇرالمايمىز.

ثُمَّ قَسَتْ قُلُوبُكُم مِّنۢ بَعْدِ ذَٰلِكَ فَهِىَ كَٱلْحِجَارَةِ أَوْ أَشَدُّ قَسْوَةً ۚ وَإِنَّ مِنَ ٱلْحِجَارَةِ لَمَا يَتَفَجَّرُ مِنْهُ ٱلْأَنْهَـٰرُ ۚ وَإِنَّ مِنْهَا لَمَا يَشَّقَّقُ فَيَخْرُجُ مِنْهُ ٱلْمَآءُ ۚ وَإِنَّ مِنْهَا لَمَا يَهْبِطُ مِنْ خَشْيَةِ ٱللَّهِ ۗ وَمَا ٱللَّهُ بِغَـٰفِلٍ عَمَّا تَعْمَلُونَ ﴿٧٤﴾

*ئەمما شۇنداق ئالامەتلەرنى كۆرگەندىن كېيىنمۇ دىلىڭلار تاشتەك قېتىپ كەتتى. بەلكى قاتتىقلىقتا ئۇنىڭدىنمۇ ئېشىپ كەتتى. چۈنكى تاشلارنىڭ ئارىسىدا ئىچىدىن بۇلاق ئېقىپ چىقىدىغانلىرىمۇ بار. يېرىلىپ ئارىسىدىن سۇ چىقىدىغانلىرىمۇ بار، ئاللاھدىن قورقۇپ، دومىلاپ چۈشىدىغانلىرىمۇ بار؛ ئاللاھ قىلمىشىڭلاردىن خەۋەرسىز ئەمەستۇر*[74].

بۇ يەردە ئۇلارنىڭ قەلبى تاشقا ئوخشىتىلماقتا ھەمدە تاشقا ئوخشىتىلىش بىلەن تەڭ ئۇلارنىڭ تاشتىنمۇ قاتتىق قاقشاللىشىپ كەتكەنلىكى تەسۋىرلەنمەكتە. بەنى ئىسرائىل قەۋمى بۇ يەردە ئوخشىتىلىۋاتقان تاشنى ئوبدان بىلەتتى. بۇنىڭدىن ئىلگىرى ئۇلار تاشتىن 12 قۇدۇقنىڭ ئېتىلىپ چىققانلىقىنىمۇ ۋە ئاللاھنىڭ بىر تەجەللى قىلىشى بىلەن تاغنىڭ پارچە - پارچە بولۇپ، مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ھوشسىزلىنىپ يىقىلىپ چۈشكەنلىكىنىمۇ ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆرگەن ئىدى. لېكىن كۆرىمىزكى، مۇشۇنچە ئىشلاردىن كېيىنمۇ ئۇلارنىڭ قەلبى ئازراقمۇ يۇمشاي دېمىگەن ئىدى. ئۇ كاپىر قەلبلەر ئاللاھتىن قورقۇپ لەرزىگە كەلمەيتتى. تېخىمۇ بەك قاتماللىشاتتى... قاقشاللىشاتتى. شۇڭا ئۇلارغا: «وَمَا ٱللَّهُ بِغَـٰفِلٍ عَمَّا تَعۡمَلُونَ» «ئاللاھ قىلمىشىڭلاردىن خەۋەرسىز ئەمەستۇر» دەپ ئاگاھلاندۇرۇش بېرىلمەكتە ئىدى.

مۇشۇنىڭ بىلەن بەنى ئىسرائىل قەۋمىنىڭ كۆپۈرلۈققا، پەيغەمبەرنى يالغانغا چىقىرىشقا، ھىلە - نەيرەڭ، پىتنە - پاسات، بۇزۇقچىلىققا، ھۆكۈمگە خىلاپلىق قىلىش، ئاسىيلىق، ئاللاھتىن قورقماسلىق، قاقشال يۈرەكلىك، باھانەخورلۇق، ھىلىگەرلىككە تولغان پۈتۈن تارىخىنىڭ دەسلەپكى قىسمى تاماملاندى.

**********

# 75 - دىن 103 - گىچە بولغان ئايەتلەرنىڭ شەرھىسى

أَفَتَطْمَعُونَ أَن يُؤْمِنُوا۟ لَكُمْ وَقَدْ كَانَ فَرِيقٌ مِّنْهُمْ يَسْمَعُونَ كَلَـٰمَ ٱللَّهِ ثُمَّ يُحَرِّفُونَهُۥ مِنۢ بَعْدِ مَا
عَقَلُوهُ وَهُمْ يَعْلَمُونَ ﴿٧٥﴾ وَإِذَا لَقُوا۟ ٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ قَالُوٓا۟ ءَامَنَّا وَإِذَا خَلَا بَعْضُهُمْ إِلَىٰ بَعْضٍ
قَالُوٓا۟ أَتُحَدِّثُونَهُم بِمَا فَتَحَ ٱللَّهُ عَلَيْكُمْ لِيُحَآجُّوكُم بِهِۦ عِندَ رَبِّكُمْ ۚ أَفَلَا تَعْقِلُونَ ﴿٧٦﴾ أَوَلَا
يَعْلَمُونَ أَنَّ ٱللَّهَ يَعْلَمُ مَا يُسِرُّونَ وَمَا يُعْلِنُونَ ﴿٧٧﴾ وَمِنْهُمْ أُمِّيُّونَ لَا يَعْلَمُونَ ٱلْكِتَـٰبَ إِلَّآ أَمَانِىَّ
وَإِنْ هُمْ إِلَّا يَظُنُّونَ ﴿٧٨﴾ فَوَيْلٌ لِّلَّذِينَ يَكْتُبُونَ ٱلْكِتَـٰبَ بِأَيْدِيهِمْ ثُمَّ يَقُولُونَ هَـٰذَا مِنْ عِندِ ٱللَّهِ
لِيَشْتَرُوا۟ بِهِۦ ثَمَنًا قَلِيلًا ۖ فَوَيْلٌ لَّهُم مِّمَّا كَتَبَتْ أَيْدِيهِمْ وَوَيْلٌ لَّهُم مِّمَّا يَكْسِبُونَ ﴿٧٩﴾ وَقَالُوا۟
لَن تَمَسَّنَا ٱلنَّارُ إِلَّآ أَيَّامًا مَّعْدُودَةً ۚ قُلْ أَتَّخَذْتُمْ عِندَ ٱللَّهِ عَهْدًا فَلَن يُخْلِفَ ٱللَّهُ عَهْدَهُۥٓ ۖ أَمْ تَقُولُونَ
عَلَى ٱللَّهِ مَا لَا تَعْلَمُونَ ﴿٨٠﴾ بَلَىٰ مَن كَسَبَ سَيِّئَةً وَأَحَـٰطَتْ بِهِۦ خَطِيٓـَٔتُهُۥ فَأُو۟لَـٰٓئِكَ أَصْحَـٰبُ
ٱلنَّارِ ۖ هُمْ فِيهَا خَـٰلِدُونَ ﴿٨١﴾ وَٱلَّذِينَ ءَامَنُوا۟ وَعَمِلُوا۟ ٱلصَّـٰلِحَـٰتِ أُو۟لَـٰٓئِكَ أَصْحَـٰبُ ٱلْجَنَّةِ ۖ هُمْ
فِيهَا خَـٰلِدُونَ ﴿٨٢﴾ وَإِذْ أَخَذْنَا مِيثَـٰقَ بَنِىٓ إِسْرَٰٓءِيلَ لَا تَعْبُدُونَ إِلَّا ٱللَّهَ وَبِٱلْوَٰلِدَيْنِ إِحْسَانًا وَذِى
ٱلْقُرْبَىٰ وَٱلْيَتَـٰمَىٰ وَٱلْمَسَـٰكِينِ وَقُولُوا۟ لِلنَّاسِ حُسْنًا وَأَقِيمُوا۟ ٱلصَّلَوٰةَ وَءَاتُوا۟ ٱلزَّكَوٰةَ ثُمَّ تَوَلَّيْتُمْ
إِلَّا قَلِيلًا مِّنكُمْ وَأَنتُم مُّعْرِضُونَ ﴿٨٣﴾ وَإِذْ أَخَذْنَا مِيثَـٰقَكُمْ لَا تَسْفِكُونَ دِمَآءَكُمْ وَلَا
تُخْرِجُونَ أَنفُسَكُم مِّن دِيَـٰرِكُمْ ثُمَّ أَقْرَرْتُمْ وَأَنتُمْ تَشْهَدُونَ ﴿٨٤﴾ ثُمَّ أَنتُمْ هَـٰٓؤُلَآءِ تَقْتُلُونَ أَنفُسَكُمْ
وَتُخْرِجُونَ فَرِيقًا مِّنكُم مِّن دِيَـٰرِهِمْ تَظَـٰهَرُونَ عَلَيْهِم بِٱلْإِثْمِ وَٱلْعُدْوَٰنِ وَإِن يَأْتُوكُمْ أُسَـٰرَىٰ
تُفَـٰدُوهُمْ وَهُوَ مُحَرَّمٌ عَلَيْكُمْ إِخْرَاجُهُمْ ۚ أَفَتُؤْمِنُونَ بِبَعْضِ ٱلْكِتَـٰبِ وَتَكْفُرُونَ بِبَعْضٍ ۚ فَمَا
جَزَآءُ مَن يَفْعَلُ ذَٰلِكَ مِنكُمْ إِلَّا خِزْىٌ فِى ٱلْحَيَوٰةِ ٱلدُّنْيَا ۖ وَيَوْمَ ٱلْقِيَـٰمَةِ يُرَدُّونَ إِلَىٰٓ أَشَدِّ
ٱلْعَذَابِ ۗ وَمَا ٱللَّهُ بِغَـٰفِلٍ عَمَّا تَعْمَلُونَ ﴿٨٥﴾ أُو۟لَـٰٓئِكَ ٱلَّذِينَ ٱشْتَرَوُا۟ ٱلْحَيَوٰةَ ٱلدُّنْيَا بِٱلْـَٔاخِرَةِ ۖ فَلَا
يُخَفَّفُ عَنْهُمُ ٱلْعَذَابُ وَلَا هُمْ يُنصَرُونَ ﴿٨٦﴾ وَلَقَدْ ءَاتَيْنَا مُوسَى ٱلْكِتَـٰبَ وَقَفَّيْنَا مِنۢ بَعْدِهِۦ

بِٱلرُّسُلِۖ وَءَاتَيۡنَا عِيسَى ٱبۡنَ مَرۡيَمَ ٱلۡبَيِّنَٰتِ وَأَيَّدۡنَٰهُ بِرُوحِ ٱلۡقُدُسِۗ أَفَكُلَّمَا جَآءَكُمۡ رَسُولُۢ بِمَا لَا
تَهۡوَىٰٓ أَنفُسُكُمُ ٱسۡتَكۡبَرۡتُمۡ فَفَرِيقٗا كَذَّبۡتُمۡ وَفَرِيقٗا تَقۡتُلُونَ ﴿٨٧﴾ وَقَالُواْ قُلُوبُنَا غُلۡفُۢۚ بَل لَّعَنَهُمُ ٱللَّهُ
بِكُفۡرِهِمۡ فَقَلِيلٗا مَّا يُؤۡمِنُونَ ﴿٨٨﴾ وَلَمَّا جَآءَهُمۡ كِتَٰبٞ مِّنۡ عِندِ ٱللَّهِ مُصَدِّقٞ لِّمَا مَعَهُمۡ وَكَانُواْ مِن
قَبۡلُ يَسۡتَفۡتِحُونَ عَلَى ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ فَلَمَّا جَآءَهُم مَّا عَرَفُواْ كَفَرُواْ بِهِۦۚ فَلَعۡنَةُ ٱللَّهِ عَلَى
ٱلۡكَٰفِرِينَ ﴿٨٩﴾ بِئۡسَمَا ٱشۡتَرَوۡاْ بِهِۦٓ أَنفُسَهُمۡ أَن يَكۡفُرُواْ بِمَآ أَنزَلَ ٱللَّهُ بَغۡيًا أَن يُنَزِّلَ ٱللَّهُ مِن
فَضۡلِهِۦ عَلَىٰ مَن يَشَآءُ مِنۡ عِبَادِهِۦۖ فَبَآءُو بِغَضَبٍ عَلَىٰ غَضَبٖۚ وَلِلۡكَٰفِرِينَ عَذَابٞ مُّهِينٞ ﴿٩٠﴾
وَإِذَا قِيلَ لَهُمۡ ءَامِنُواْ بِمَآ أَنزَلَ ٱللَّهُ قَالُواْ نُؤۡمِنُ بِمَآ أُنزِلَ عَلَيۡنَا وَيَكۡفُرُونَ بِمَا وَرَآءَهُۥ وَهُوَ
ٱلۡحَقُّ مُصَدِّقٗا لِّمَا مَعَهُمۡۗ قُلۡ فَلِمَ تَقۡتُلُونَ أَنۢبِيَآءَ ٱللَّهِ مِن قَبۡلُ إِن كُنتُم مُّؤۡمِنِينَ ﴿٩١﴾ ۞ وَلَقَدۡ
جَآءَكُم مُّوسَىٰ بِٱلۡبَيِّنَٰتِ ثُمَّ ٱتَّخَذۡتُمُ ٱلۡعِجۡلَ مِنۢ بَعۡدِهِۦ وَأَنتُمۡ ظَٰلِمُونَ ﴿٩٢﴾ وَإِذۡ أَخَذۡنَا
مِيثَٰقَكُمۡ وَرَفَعۡنَا فَوۡقَكُمُ ٱلطُّورَ خُذُواْ مَآ ءَاتَيۡنَٰكُم بِقُوَّةٖ وَٱسۡمَعُواْۖ قَالُواْ سَمِعۡنَا وَعَصَيۡنَا
وَأُشۡرِبُواْ فِي قُلُوبِهِمُ ٱلۡعِجۡلَ بِكُفۡرِهِمۡۚ قُلۡ بِئۡسَمَا يَأۡمُرُكُم بِهِۦٓ إِيمَٰنُكُمۡ إِن كُنتُم مُّؤۡمِنِينَ
﴿٩٣﴾ قُلۡ إِن كَانَتۡ لَكُمُ ٱلدَّارُ ٱلۡأٓخِرَةُ عِندَ ٱللَّهِ خَالِصَةٗ مِّن دُونِ ٱلنَّاسِ فَتَمَنَّوُاْ ٱلۡمَوۡتَ إِن
كُنتُمۡ صَٰدِقِينَ ﴿٩٤﴾ وَلَن يَتَمَنَّوۡهُ أَبَدَۢا بِمَا قَدَّمَتۡ أَيۡدِيهِمۡۚ وَٱللَّهُ عَلِيمُۢ بِٱلظَّٰلِمِينَ ﴿٩٥﴾
وَلَتَجِدَنَّهُمۡ أَحۡرَصَ ٱلنَّاسِ عَلَىٰ حَيَوٰةٖ وَمِنَ ٱلَّذِينَ أَشۡرَكُواْۚ يَوَدُّ أَحَدُهُمۡ لَوۡ يُعَمَّرُ أَلۡفَ سَنَةٖ
وَمَا هُوَ بِمُزَحۡزِحِهِۦ مِنَ ٱلۡعَذَابِ أَن يُعَمَّرَۗ وَٱللَّهُ بَصِيرُۢ بِمَا يَعۡمَلُونَ ﴿٩٦﴾ قُلۡ مَن كَانَ عَدُوّٗا
لِّجِبۡرِيلَ فَإِنَّهُۥ نَزَّلَهُۥ عَلَىٰ قَلۡبِكَ بِإِذۡنِ ٱللَّهِ مُصَدِّقٗا لِّمَا بَيۡنَ يَدَيۡهِ وَهُدٗى وَبُشۡرَىٰ لِلۡمُؤۡمِنِينَ
﴿٩٧﴾ مَن كَانَ عَدُوّٗا لِّلَّهِ وَمَلَٰٓئِكَتِهِۦ وَرُسُلِهِۦ وَجِبۡرِيلَ وَمِيكَىٰلَ فَإِنَّ ٱللَّهَ عَدُوّٞ لِّلۡكَٰفِرِينَ ﴿٩٨﴾
وَلَقَدۡ أَنزَلۡنَآ إِلَيۡكَ ءَايَٰتِۭ بَيِّنَٰتٖۖ وَمَا يَكۡفُرُ بِهَآ إِلَّا ٱلۡفَٰسِقُونَ ﴿٩٩﴾ أَوَكُلَّمَا عَٰهَدُواْ عَهۡدٗا
نَّبَذَهُۥ فَرِيقٞ مِّنۡهُمۚ بَلۡ أَكۡثَرُهُمۡ لَا يُؤۡمِنُونَ ﴿١٠٠﴾ وَلَمَّا جَآءَهُمۡ رَسُولٞ مِّنۡ عِندِ ٱللَّهِ مُصَدِّقٞ لِّمَا

مَعَهُمْ نَبَذَ فَرِيقٌ مِّنَ ٱلَّذِينَ أُوتُوا۟ ٱلْكِتَـٰبَ كِتَـٰبَ ٱللَّهِ وَرَآءَ ظُهُورِهِمْ كَأَنَّهُمْ لَا يَعْلَمُونَ ﴿١٠١﴾
وَٱتَّبَعُوا۟ مَا تَتْلُوا۟ ٱلشَّيَـٰطِينُ عَلَىٰ مُلْكِ سُلَيْمَـٰنَ ۖ وَمَا كَفَرَ سُلَيْمَـٰنُ وَلَـٰكِنَّ ٱلشَّيَـٰطِينَ كَفَرُوا۟
يُعَلِّمُونَ ٱلنَّاسَ ٱلسِّحْرَ وَمَآ أُنزِلَ عَلَى ٱلْمَلَكَيْنِ بِبَابِلَ هَـٰرُوتَ وَمَـٰرُوتَ ۚ وَمَا يُعَلِّمَانِ مِنْ أَحَدٍ
حَتَّىٰ يَقُولَآ إِنَّمَا نَحْنُ فِتْنَةٌ فَلَا تَكْفُرْ ۖ فَيَتَعَلَّمُونَ مِنْهُمَا مَا يُفَرِّقُونَ بِهِۦ بَيْنَ ٱلْمَرْءِ وَزَوْجِهِۦ ۚ
وَمَا هُم بِضَآرِّينَ بِهِۦ مِنْ أَحَدٍ إِلَّا بِإِذْنِ ٱللَّهِ ۚ وَيَتَعَلَّمُونَ مَا يَضُرُّهُمْ وَلَا يَنفَعُهُمْ ۚ وَلَقَدْ عَلِمُوا۟
لَمَنِ ٱشْتَرَىٰهُ مَا لَهُۥ فِى ٱلْـَٔاخِرَةِ مِنْ خَلَـٰقٍ ۚ وَلَبِئْسَ مَا شَرَوْا۟ بِهِۦٓ أَنفُسَهُمْ ۚ لَوْ كَانُوا۟
يَعْلَمُونَ ﴿١٠٢﴾ وَلَوْ أَنَّهُمْ ءَامَنُوا۟ وَٱتَّقَوْا۟ لَمَثُوبَةٌ مِّنْ عِندِ ٱللَّهِ خَيْرٌ ۖ لَّوْ كَانُوا۟ يَعْلَمُونَ ﴿١٠٣﴾

(ئى مۆئمىنلەر جامائەسى! دەۋىتىڭلار ئارقىلىق) يەھۇدىيلارنىڭ ئىمان ئېيتىشىنى ئۈمىد قىلامسىلەر؟ ھالبۇكى ئۇلاردىن بىر گۇرۇھ ئادەم ئاللاھنىڭ كالامىنى ئاڭلاپ چۈشەنگەندىن كېيىن، ئۇنى بىلىپ تۇرۇپ (قەستەن) ئۆزگەرتىۋەتتى. (75) ئۇلار مۆئمىنلەر بىلەن ئۇچراشقانلىرىدا: «ئىمان ئېيتتۇق» دەيتتى. بىر- بىرى بىلەن يالغۇز جايدا تېپىشقانلىرىدا: «پەرۋەردىگارىڭلار قېشىدا مۆئمىنلەر سىلەرگە قارشى پاكىت كۆرسەتسۇن دەپ ئاللاھ سىلەرگە بىلدۈرگەن ۋەھيىنى (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تەۋراتتىكى سۈپەتلىرىنى) ئۇلارغا سۆزلەپ بېرەمسىلەر؟ (بۇنى) چۈشەنمەمسىلەر!» دەيتتى. (76) يەھۇدىيلار ئۆزلىرىنىڭ يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا ئىشلىرىنى ئاللاھنىڭ بىلىپ تۇرىدىغانلىقىنى ئۇقمامدۇ؟ (77) ئۇلارنىڭ ساۋاتسىزلىرى كىتابنى (يەنى تەۋراتنى) ئۇقمايدۇ، (ئەھبارلىرى ئويدۇرۇپ چىققان) ئويدۇرمىلارنىلا بىلىدۇ، گۇمان بىلەنلا ئىش قىلىدۇ. (78) كىتابنى ئۆز قوللىرى بىلەن يېزىپ ئۇنى ئاز پۇلغا سېتىش (يەنى دۇنيانىڭ ئازغىنا مەنپەئەتى) ئۈچۈن، بۇ ئاللاھ تەرىپىدىن نازىل بولغان دېگۈچىلەرگە ۋاي! قولى بىلەن يازغانلىرى (يەنى تەۋراتنى ئۆزگەرتكەنلىكلىرى) ئۈچۈن ئۇلارغا ۋاي! (بۇنىڭ بىلەن) ئېرىشكەن (ھارام) نەرسىلىرى ئۈچۈن ئۇلارغا ۋاي! (79) ئۇلار: «بىزنى دوزاخ ئوتى ساناقلىق كۈنلەرلا كۆيدۈرىدۇ» دەيدۇ. (ئۇلارغا) «سىلەرگە ئاللاھ شۇنداق قىلىشقا ۋەدە بەرگەنمۇ، (ۋەدە بەرگەن بولسا) ئاللاھ ۋەدىسىگە ھەرگىزمۇ خىلاپلىق قىلمايدۇ ياكى ئۆزەڭلار بىلمەيدىغانتى ئاللاھ نامىدىن دەۋاتامسىلەر؟» دېگىن. (80) ئۇنداق ئەمەس (سىلەرنى دوزاخ ئوتى كۆيدۈرىدۇ)، گۇناھ قىلغان ۋە گۇناھقا چۆمۈپ كەتكەنلەر ئەھلى دوزەختۇر، ئۇلار دوزەختە مەڭگۈ قالىدۇ. (81) ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار ئەھلى جەننەتتۇر. ئۇلار جەننەتتە مەڭگۈ قالىدۇ. (82) ئۆز ۋاقتىدا بىز ئىسرائىل ئەۋلادىدىن ئاللاھدىن باشقىغا ئىبادەت قىلماسلىققا، ئاتا- ئانىسىغا، خىش- ئەقرىبالارغا، يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە ياخشىلىق قىلىشقا، كىشىلەرگە ياخشى سۆز قىلىشقا، ناماز ئوتەشكە، زاكات بېرىشكە ئەھدە ئالدۇق. ئاراڭلاردىكى ئازغىنا كىشىدىن باشقىڭلار ئەھدىدىن يېنىۋالدىڭلار، سىلەر ھەمىشە (ئەھدەڭلاردىن) يېنىۋالىسىلەر. (83) ئۆز ۋاقتىدا بىر- بىرىڭلارنىڭ قېنىنى تۆكمەسلىككە، بىر- بىرىڭلارنى يۇرتلىرىڭلاردىن ھەيدەپ چىقارماسلىققا سىلەردىن چىن ئەھدە ئالغان ئىدۇق. كېيىن بۇنى (يەنى ئەھدىنى) ئېتىراپ قىلغان ئىدىڭلار، بۇنىڭغا ئۆزەڭلار گۇۋاھسىلەر. (84) كېيىن سىلەر (ئەھدىنى بۇزۇپ) بىر- بىرىڭلارنى ئۆلتۈردۈڭلار، ئىچىڭلاردىن بىر تۈركۈم كىشىلەرنى يۇرتىدىن ھەيدەپ چىقاردىڭلار، گۇناھ ۋە دۈشمەنلىك قىلىش بىلەن، ئۇلارنىڭ قارشى تەرىپىدىكىلەرگە ياردەم بەردىڭلار، ئۇلار ئەسىر چۈشۈپ كەلسە، فىدىيە بېرىپ قۇتقۇزۇۋالىسىلەر، ھالبۇكى، ئۇلارنى يۇرتلىرىدىن

ھەيدەپ چىقىرىش سىلەرگە ھارام قىلىنغان ئىدى (يەنى بىر- بىرىڭلارنى ئۆلتۈرۈش ۋە يۇرتىدىن ھەيدەپ چىقىرىشنى راۋا كۆرسەڭلەر، ئۇلارنىڭ ئەسىرگە چۈشۈپ دۈشمەنلىرىڭلارنىڭ قولىدا بولۇپ قېلىشىنى راۋا كۆرمەيسىلەر). سىلەر كىتابنىڭ (يەنى تەۋراتنىڭ) بىر قىسىم ئەھكاملىرىغا ئىشىنىپ، بىر قىسىم ئەھكاملىرىنى ئىنكار قىلامسىلەر؟ سىلەردىن شۇنداق قىلغانلارنىڭ جازاسى پەقەت ھاياتىي دۇنيادا خورلۇققا قېلىش، قىيامەت كۈنى قاتتىق ئازابقا دۇچار بولۇشتۇر. ئاللاھ قىلمىشىڭلاردىن غاپىل ئەمەستۇر. (85) ئەنە شۇلار ئاخىرەتنى بېرىپ، دۇنيا تىرىكچىلىكىنى سېتىۋالغان كىشىلەردۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇلاردىن ئازاب يېنىكلىتىلمەيدۇ، ئۇلارغا ياردەممۇ قىلىنمايدۇ. (86) شەك- شۈبھىسىزكى، بىز مۇساغا كىتاب (يەنى تەۋرات) بەردۇق. ئۇنىڭدىن كېيىن ئارقىمۇ ئارقا پەيغەمبەرلەر ئەۋەتتۇق، مەريەم ئوغلى ئىساغا مۆجىزىلەر بەردۇق، ھەمدە ئۇنى روھۇلقۇدۇس (يەنى جىبرىئىل) بىلەن يۆلىدۇق، ھەرقاچان بىرەر پەيغەمبەر كۆڭلۈڭلارغا ياقمايدىغان بىرەر نەرسە ئېلىپ كەلسە، تەكەببۇرلۇق قىلىۋېرەمسىلەر؟ بىر قىسىم پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلدىڭلار، يەنە بىر قىسىم پەيغەمبەرلەرنى ئۆلتۈردۈڭلار. (87) ئۇلار: «دىللىرىمىز پەردىلەنگەن» دېدى. ئۇنداق ئەمەس، ئۇلارنىڭ كۇفرى سەۋەبلىك ئاللاھ ئۇلارغا لەنەت قىلدى، ئۇلاردىن ئىمان ئېيتىدىغانلار ناھايىتى ئاز. (88) ئۇلارغا ئاللاھ تەرىپىدىن ئۇلاردىكى كىتاب (تەۋرات)نى تەستىقلايدىغان كىتاب (قۇرئان) نازىل بولغان چاغدا (ئۇنىڭغا ئىشەنمىدى)، ئىلگىرى ئۇلار (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ۋاستە قىلىپ) كاپىرلارغا قارشى ئۆزلىرىگە ياردەم كېلىشىنى تىلەيتتى، ئۇلار بىلىدىغان (تەۋراتتا سۈپىتى بايان قىلىنغان) پەيغەمبەر كەلگەن چاغدا ئۇنى ئىنكار قىلدى. ئاللاھ كاپىرلارغا (يەنى پەيغەمبەرلەرنىڭ تۈگەنچىسىنى ئىنكار قىلغان يەھۇدىيلارغا) لەنەت قىلدى. (89) يەھۇدىيلارنىڭ ئاللاھ نازىل قىلغان قۇرئاننى ئىنكار قىلىشى ئاللاھنىڭ ئۆز پەزلىنى (يەنى پەيغەمبەرلىكنى) خالىغان بەندىسىگە چۈشۈرگەنلىكىگە ھەسەت قىلىش يۈزىسىدىندۇر. ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنى (يەنى ئىمانىنى) كۇفرىغا سېتىشى ئەجەب يامان ئىشتۇر. ئۇلار ئۈستى- ئۈستىگە غەزەپكە تېگىشلىك بولدى. كاپىرلار خورلىغۇچى ئازابقا دۇچار بولىدۇ. (90) ئۇلارغا: «ئاللاھ نازىل قىلغان كىتابقا (يەنى قۇرئانغا) ئىمان كەلتۈرۈڭلار» دېيىلسە، ئۇلار: «ئۆزىمىزگە نازىل قىلىنغان كىتابقا (يەنى تەۋراتقا) ئىمان كەلتۈرىمىز» دەيدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىنكى كىتابقا (يەنى قۇرئانغا) ئىشەنمەيدۇ، ھالبۇكى ئۇ (يەنى قۇرئان) ھەقتۇر، ئۇلارنىڭ قولىدىكى كىتابنى تەستىق قىلغۇچىدۇر. (ئۇلارغا) «سىلەر (تەۋراتقا) ئىشىنىدىغان بولساڭلار، ئىلگىرى نېمە ئۈچۈن ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلىرىنى ئۆلتۈردۈڭلار؟» دېگىن. (91) مۇسا سىلەرگە ھەقىقەتەن ئېنىق مۆجىزىلەرنى كەلتۈردى، مۇسا (تۇر تېغىغا كەتكەن)دىن كېيىن، ئۆزەڭلارغا زۇلۇم قىلىپ موزاينى مەبۇد قىلىۋالدىڭلار. (92) ئۆز ۋاقتىدا بىز سىلەردىن (تەۋراتقا ئەمەل قىلىشقا) چىن ۋەدە ئالغان ئىدۇق، سىلەرگە: «مەن نازىل قىلغان كىتابنى مەھكەم تۇتۇڭلار (بولمىسا ئۈستۈڭلارغا تاغنى تاشلايمىز)» دەپ تۇر تېغىنى ئۈستۈڭلارغا تىكلىدۇق، ۋە تەۋراتقا قۇلاق سېلىڭلار (دېدۇق). ئۇلار: «سۆزۈڭگە قۇلاق سالدۇق، ئەمرىڭگە ئاسىيلىق قىلدۇق» دېيىشتى. ئۇلارنىڭ كۇفرى تۈپەيلىدىن دىللىرىغا موزاينىڭ مۇھەببىتى سىڭىپ كەتتى. ئۇلارغا: «ئەگەر سىلەر مۆئمىن بولساڭلار، ئىمانىڭلار سىلەرنى ئەجەب يامان ئىشقا بۇيرۇيدىكەنا؟ (سىلەر مۆئمىن ئەمەس، چۈنكى ئىمان موزايغا چوقۇنۇشقا بۇيرىمايدۇ)» دېگىن. (93) ئۇلارغا: «ئەگەر ئاخىرەت يۇرتى (يەنى جەننەت) ئاللاھنىڭ قېشىدا (سىلەر گۇمان قىلغاندەك) باشقىلارغا ئەمەس، يالغۇز سىلەرگىلا خاس بولسا، (سىلەرنى جەننەتكە ئۇلاشتۇرىدىغان) ئۆلۈمنى ئارزۇ قىلىپ بېقىڭلار! (جەننەت بىزگىلا خاس دېگەن سۆزۈڭلاردا) راستچىل بولساڭلار» دېگىن. (94) ئۇلار قىلغان يامان ئەمەللىرى سەۋەبلىك، ئۆلۈمنى ھەرگىزمۇ ئارزۇ قىلمايدۇ. ئاللاھ زالىملارنى ئوبدان بىلگۈچىدۇر. (95) شۈبھىسىزكى، ئۇلارنى ھاياتقا ھەممە كىشىدىن، ھەتتا مۇشرىكلاردىنمۇ ھېرىس كۆرىسەن؛ ھەربىرى مىڭ يىل ئۆمۈر كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىدۇ، ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش ئۇلارنى ئازابتىن قۇتقۇلدۇرۇپ قالالمايدۇ. ئاللاھ ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى ئېنىق كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر. (96) ئېيتقىنكى، «جىبرىئىلغا دۈشمەن بولغان ئادەم (ئاللاھقا دۈشمەندۇر)، چۈنكى ئۇ (يەنى جىبرىئىل) ئاللاھنىڭ ئەمرى بىلەن ئۆزىدىن ئىلگىرىكىنى (يەنى ساماۋى كىتابلارنى) تەستىق قىلغۇچى، توغرا

يول كۆرسەتكۈچى، مۆئمىنلەرگە بېشارەت بەرگۈچى قۇرئاننى سېنىڭ قەلبىڭگە نازىل قىلدى. (97) كىمكى ئاللاھنى، ئاللاھنىڭ پەرىشتىلىرىنى، پەيغەمبەرلىرىنى، جىبرىئىلنى، مىكائىلنى دۈشمەن تۇتىدىكەن (ئاللاھنى دۈشمەن تۇتقان بولىدۇ)، شۈبھىسىزكى، ئاللاھ كاپىرلارنى دۈشمەن تۇتىدۇ». (98) شەك - شۈبھىسىزكى، ساڭا بىز روشەن ئايەتلەرنى نازىل قىلدۇق، ئۇلارنى پەقەت توغرا يولدىن چىققانلارلا ئىنكار قىلىدۇ. (99) ھەر قاچان ئۇلار بىرەر ئەھدە تۈزۈشسە، بىر تۈركۈمى ئۇنى بۇزىدۇ، بەلكى ئۇلارنىڭ (يەنى يەھۇدىيلارنىڭ) تولىسى (تەۋراتقا) ئىمان ئېيتمايدۇ. (100) ئۇلارغا ئاللاھ تەرىپىدىن قولىدىكى كىتابنى تەستىقلايدىغان بىر پەيغەمبەر (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) كەلسە، (ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىك دەلىللىرىنى) بىلمەيدىغاندەك، ئاللاھنىڭ كىتابىنى (يەنى تەۋراتنى) ئارقىسىغا چۆرۈۋېتىدۇ (يەنى تەۋراتنىڭ سۆزلىرىگە ئەمەل قىلمايدۇ). (101) ئۇلار سۇلايماننىڭ زامانىدىكى شەيتانلارنىڭ (سېھىرگەرلىككە ئائىت) سۆزلىرىگە ئەگەشتى. سۇلايمان (سېھىرگەر بولغىنى ۋە سېھىر ئۆگىنىش بىلەن) كاپىر بولغىنى يوق، لېكىن شەيتانلار كىشىلەرگە سېھىر ئۆگىتىپ كاپىر بولدى، ئۇلار بابىلدىكى ھارۇت - مارۇت دېيىلىدىغان ئىككى پەرىشتىگە نازىل قىلىنغان سېھىرنى ئۆگىنەتتى. (بۇ ئىككى پەرىشتە) بىز كىشىلەرنى سىنايمىز، كاپىر بولمىغىن، دېمىگىچە ھېچ كىشىگە سېھىر ئۆگەتمەيتتى. ئۇلار بۇ ئىككىسىدىن ئەر - خوتۇنني بىر - بىرىدىن ئايرىۋېتىدىغان نەرسىلەرنى (يەنى سېھىرگەرلىكنى) ئۆگىنەتتى. ئۇلار (سېھىر ئارقىلىق) ئاللاھنىڭ رۇخسىتىسىز ھېچ كىشىگە زىيان يەتكۈزەلمەيتتى. ھالبۇكى، ئۇلار ئۆزلىرىگە زىيىنى بار، پايدىسى يوق نەرسىنى ئۆگىنەتتى. يەھۇدىيلار (تەۋراتنى تاشلاپ) سېھىرنى سېتىۋالغۇچىغا ئاخىرەتتە (ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن ۋە جەننىتىدىن) ھېچ نېسىۋە يوق ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلەتتى، ئۇلار جانلىرىنىڭ بەدىلىگە سېتىۋالغان نەرسىنىڭ (يەنى ئۆزلىرى ئۈچۈن سېھىر ئۆگىنىشنى تاللىشىنىڭ) ئەجەبمۇ يامان ئىش ئىكەنلىكىنى كاشكى بىلسە ئىدى. (102) ئەگەر ئۇلار ئىمان كەلتۈرسە (سېھىرنى تاشلاپ) ئاللاھتىن قورقسا، (ئۇلار ئۈچۈن) ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىكى ساۋاب ئەلۋەتتە ياخشى ئىدى، كاشكى ئۇلار بۇنى بىلسە ئىدى (103).

**سۈرە بەقەرەنىڭ بىز شەرھلەپ ئۆتكەن ئىلگىرىكى بۆلۈمىنىڭ خاتىمىسى بەنى ئىسرائىلغا ئەسكەرتىش بېرىش بىلەن، شۇنداقلا ئاللاھنىڭ ئۇلارغا قانداق ئىنئاملارنى ياغدۇرۇپ تۇرغانلىقىنى، بۇنىڭغا قارىتا ئۇلارنىڭ قانداقلارچە تەرسالىق بىلەن تەكرار - تەكرار كۇپرانى نېمەتلىك قىلىپ كەلگەنلىكلىرىنى ئەسلىتىپ ئۆتۈش بىلەن تاماملانغان بولۇپ، ئۇنىڭدا بەزىدە يىغىنچاق، بەزىدە تەپسىلى شەكىلدە ئاللاھنىڭ ئىنئاملىرى ۋە بەنى ئىسرائىلنىڭ ئىتائەتسىزلىك قىلىش ۋەقەلىرى بايان قىلىنغان ئىدى. بۆلۈمنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قىسمى «بەنى ئىسرائىلنىڭ قەلبى ھىدايەتنى قوبۇل قىلىش ئىشىدا قاتتىق تاشقا ئوخشاش قېتىپ، قاتماللىشىپ كەتكەن. بەلكى تاشتىنمۇ بەك قاقشاللىشىپ كەتكەن» دېگەن باھا بىلەن تاماملانغان ئىدى. ئەمدىكى ماۋزۇيىمىز بولغان ئايەتلەردە بولسا، خىتابنىڭ يۆنىلىشى ئىسلام جامائىتىگە بۇرۇلىدۇ ۋە مۇسۇلمانلارغا ئۇلارنىڭ ھېكايىسى بايان قىلىنىپ، بەنى ئىسرائىل قەۋمىنىڭ نەقەدەر مەككار، پەتنىخور قەۋم ئىكەنلىكى ئېيتىپ بېرىلىدۇ. يەھۇدىيلارنىڭ تەبىئىتى ۋە ئۇزۇن تارىخنى يورۇتۇپ بېرىش ئاساسىدا مۇسۇلمانلار جامائەتنى ئۇلارنىڭ ھىلە - مىكىر، نەيرەڭۋازلىقلىرىدىن ئاگاھلاندۇرىدۇ.**

**يەھۇدىيلارنىڭ مەككارلىقى ھەققىدە بۇنچە ئۇزۇن توختىلىش، يەنە كېلىپ، ئوخشاش بولمىغان ۋاقىتلاردىن ئۇ قەدەر تەكرارلاش شۇنى ئىپادىلەپ بېرىدۇكى، ئەينى چاغدا ئۇلار**

مۇسۇلمانلارغا ۋە ئىسلام دىنىغا قارشى كەڭ كۆلەمدە سۇيىقەست تۈزۈپ، كېچەيۈ كۈندۈز ئىسلام ھەرىكىتىگە زىيانكەشلىك قىلىشنىڭ كويىدىلا يۈرىۋاتقان بولۇپ، شۇڭا بۇ ھەقتە تەپسىلى تۇختىلىشقا توغرا كەلمەكتە ئىدى.

سۆز داۋامىدا خىتاب بەزىدە بەنى ئىسرائىل تەرەپكە بۇرۇلۇپ، ئاللاھنىڭ ئۇلاردىن قانداق ۋەدىلەرنى ئالغانلىقى، ئۇلارنىڭ ۋەدىسىنى بۇزۇپ، قانداقلارچە گۇمراھ بولغانلىقى، پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلىپ، ھەتتا ئۆزلىرىنىڭ نەپسى خاھىشلىرىغا ئەشگەشمىگەنلىكى سەۋەبىدىنلا قانچىلىغان پەيغەمبەرلەرنى ئۆلتۈرگەنلىكى، ھەمدە يەنە ئاللاھنىڭ شەرىئىتىگە خىلاپلىق قىلىپ، قانداق ناتوغرا بەس - مۇنازىرە، جېدەل - ماجرالارنى قىلىپ يۈرگەنلىكى، قوللىرىدىكى شەرىئەت قانۇنىغا قانداقلارچە ئۆزگەرتىش كىرگۈزگەنلىكى مۇسۇلمانلارغا ئېيتىپ بېرىلىدۇ.

بۇ يەردە، ئۇلارنىڭ مۇسۇلمانلار بىلەن قىلىشقان بەس - مۇنازىرىلىرىنىڭ ۋە تەرسالارچە ھۆججەتۋازلىقىنىڭ بىر قىسىم ئۈرنەكلىرى ئوتتۇرىغا سۇنۇلىدۇ. ئۇلارنىڭ دەۋالىرىنىڭ ئەسلى ھەقىقىتىنى ئېچىپ تاشلاش ھەمدە كەلتۈرىۋاتقان دەلىللىرىنىڭ ئاجىزلىقىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بېرىپ، باتىل سۇيىقەستلىرىگە قارشى روشەن ھەققانىيەتنى ئويئوچۇق ئوتتۇرىغا چىقىرىش ھەققىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يوليورۇق بېرىلىدۇ.

مەسىلەن، ئۇلار ئۆزلىرىنى: «بىز جەھەننەمدە ساناقلىق بىرقانچە كۈنلا قالىمىز، چۈنكى بىز ئاللاھنىڭ ئاررۇلۇق، ئەتىۋارلىق بەندىلىرى، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا مەرتىۋىمىز ناھايىتى يۇقىرى» دەپ خىيال قىلىشاتتى. شۇڭا ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى: «ئەجەبا سىلەر ئاللاھدىن (قانداقتۇر) ئۆز خىلاپلىق قىلمايدىغان بىرەر ۋەدە ئالغانمۇ؟ ياكى ئۆزەڭلار بىلمەيدىغانلىقى ئاللاھ نامىدىن سۆزلەۋاتامسىلەر؟» دەپ سوراپ بېقىشقا بۇيرۇيدۇ.

ئۇلار ئىسلام تەرەپكە دەۋەت قىلىنغاندا بولسا: «بىز پەقەت ئۆزىمىزگە نازىل قىلىنغان كىتابقىلا ئىمان كەلتۈرىمىز» دەيدۇ. شۇ دائىرىنىڭ سىرتىدا كەلگەن كىتاب (قۇرئان)غا ئىشىنىشنى ئىنكار قىلىدۇ. ۋەھالەنكى ئۇ (يەنى قۇرئان) ھەق ۋە ئۇلارنىڭ ئىلگىرىكى تەلىماتلىرىنى تەستىقلىغۇچى ئىدى».

شۇڭا ئاللاھ تائالا يەھۇدىيلارنىڭ مەزكۇر ئىمان دەۋاسىنىڭ پۇچەكلىكىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ھۆكۈم قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلارغا دېگىنكى، ”ئەگەر ئۆزەڭلارغا كەلگەن كىتابقىلا ئىشىنىدىغان بولساڭلار، ئىلگىرى نېمە ئۈچۈن ئاللاھنىڭ (ئۆز ئىچىڭلاردىن چىققان) پەيغەمبەرلىرىنى ئۆلتۈردۈڭلار؟“».

«سىلەرگە مۇسا ھەقىقەتەن ئوچۇق مۆجىزىلەر بىلەن كەلگەن ئىدى، شۇنداقتىمۇ سىلەر زالىملىقىڭلار تۈپەيلىدىن مۇسا (تۇر تېغىغا كەتكەن)دىن كېيىنلا، موزايىنى مەبۇد قىلىۋالدىڭلار. يەنە شۇنىمۇ ئەسلەڭلاركى، ئۆز ۋاقتىدا تۇر تېغىنى ئۈستۈڭلارغا تىكلەپ، بىز سىلەردىن ئەھدە ئالغان ئىدۇق، سىلەرگە قاتتىق تەكىتلەپ: «بىز بېرىۋاتقان يوليورۇقلارغا قەتئىي بوي سۇنۇڭلار ۋە قولاق سېلىپ ئاڭلاڭلار» دېگەن ئىدۇق. سىلەرنىڭ ئەجدادلىرىڭلار: «بىز ئاڭلىدۇق، ئەمما ئىتائەت قىلمايمىز» دېيىشتى. ئۇلارنىڭ باتىل پەرەسلىكى شۇ دەرىجىگە يەتكەنكى، دىللىرىغا پۈتۈنلەي موزايلا سىڭىپ

*كېتكەن ئىدى. ئۇلارغا ئېيتقىنكى: «ئەگەر سىلەر مۆئمىن بولساڭلار، ئىلگىرى ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلىرىنى نېمە ئۈچۈن ئۆلتۈرگەن ئىدىڭلار؟» دېگەن مەزمۇندا. ئۇلارغا ئېيتقىنكى: «ئەگەر سىلەر مۆئمىن بولساڭلار، ئىمانىڭلار سىلەرنى ئەجەب يامان ئىشقا بۇيرۇيدىكەنا؟»*

ئۇلار يەنە ئاخىرەتنىڭ پەقەت ئۆزلىرىگىلا مەخسۇس ئىكەنلىكىنى، باشقىلارنىڭ ھېچ قانداق نېسىۋىسى يوقلۇقىنى دەۋا قىلىشاتتى. شۇڭا ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۇلارنى دوئىلغا چاقىرىشقا ۋە: «قېنى ھەر ئىككى تەرەپ بىر مەيدانغا تەڭ توپلۇنۇپ، ئارىمىزدىن قايسىمىز يالغانچى بولساق، شۇنى ئاللاھنىڭ ھالاك قىلىشى ئۈچۈن بەددۇئا قىلىشىپ باقمايلىمۇ!» دەپ جەڭ ئېلان قىلىشقا بۇيرۇيدۇ.

*«ئۇلارغا، "ئەگەر ئاللاھنىڭ نەزىرىدە ئاخىرەت يۇرتى (جەننەت) سىلەر ئويلىغاندەك باشقىلارغا ئەمەس، يالغۇز سىلەرگىلا خاس بولسا، ئۇنداقتا ئۆلۈمنى ئارزۇ قىلىشىڭلار كېرەك ئىدىغۇ! ئەگەر ئەشۇ خىيالىڭلاردا راستچىل بولساڭلار" دېگىن»* دەيدۇ. ئاندىن ئايەتتە ئۇلارنىڭ ئۆلۈمنى مەڭگۈ ئارزۇ قىلالمايدىغانلىقىنى ئاللاھ ئۆزى ئېيتىپ بېرىدۇ. ئەمەلىيەتتىمۇ راستىنلا شۇنداق بولىدۇ. يەھۇدىيلار دوئىلغا چۈشۈشتىن قاچىدۇ. چۈنكى ئۇلار قىلىۋاتقان دەۋاسىنىڭ يالغانلىقىنى ئوبدان بىلىدۇ.

دېمەك، سۆز داۋامىدا يەھۇدىيلار قاتتىق تەنقىد قىلىنىدۇ، ئۇلارنىڭ مەككارلىقى ئېچىپ تاشلىنىدۇ، مۇسۇلمانلارغا ئۇلاردىن ھوشيار تۇرۇش كېرەكلىكى توغرۇلۇق ئاگاھلاندۇرۇش بېرىلىدۇ. بۇنىڭدىن مەقسەت، مۇسۇلمانلارنىڭ سېپىگە مەخپىي زىيانكەشلىك قىلىش ئارقىلىق ئىتتىپاقسىزلىق تېرىماقچى بولۇۋاتقان ئەينى چاغدىكى يەھۇدىيلارنىڭ سۇيىقەستىنى ئىشقا ئاشۇرماسلىق ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ھوشيارلىقىنى ئوستۇرۇش ئىدى. مانا بۇگۈنكى دەۋردىمۇ مۇسۇلمانلار خۇددى ئىلگىرى مەدىنىدىكى ئەجدادلىرى ئۇچرىغاندەكلا يەھۇدىيلارنىڭ ھىيلە - مىكىر، نەيرەڭۋازلىقلىرىغا ئۇچراپ كەلمەكتە. بىراق ناھايىتى ئەپسۇسلانغان ھالدا شۇنى ئېيتماي بولمايدۇكى، بۈگۈنكى مۇسۇلمانلار قۇرئان كەرىمنىڭ بۇ رەببانىي يوليورۇقلىرىدىن ئىلگىرىكى ئەجدادلىرى مەنپەئەتلىنىپ، مەدىنىدە يەھۇدىيلارنىڭ سۇيىقەستلىرىنى مەغلۇپ قىلغاندەك لايىقىدا مەنپەئەتلىنەلمەي كەلمەكتە. ۋاھالەنكى، ئۇ چاغلار ئىسلام يېڭى باش كۆتۈرگەن ۋە ئىسلام جامائىتى تېخى يېڭىدىن تەشكىللىنىۋاتقان دەۋر ئىدى. يەھۇدىيلار مانا شۇ چاغدىن تارتىپ، تاكى ھازىرغا قەدەر پۈتۈن شۇملۇقلىرى ۋە ھىيلە - نەيرەڭلىرىنى ئىشقا سېلىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ ئىلگىرىكى قۇرئانىي يادروسىغا ئىگە بولۇپ قالماسلىقى ۋە ئەشۇ ئاساسلىق كۈچ مەنبەسىگە تايىنىپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئۇلارنى دىنىدىن يىراقلاشتۇرۇشقا ۋە قۇرئان كەرىمدىن ئۇزاقلاشتۇرۇشقا تىرىشىپ كەلمەكتە. چۈنكى بۇ ئۇممەت ئۆزىنىڭ ھەقىقىي يادرو مەنبەلىرىدىن ۋە مەرىپەت بۇلاقلىرىدىن قانچە مەھرۇم قالغانسېرى، يەھۇدىيلار شۇنچە راھەت - پاراغەت سۈرەلەيدۇ. شۇنىسى ھەقىقەتكى، بۇ ئۇممەتنى قانداقلا كىشى قۇرئاندىن ۋە دىنىدىن ئۇزاقلاشتۇرماقچى بولىدىكەن، مەيلى ئۇ بۇ ئىشنى بىلىپ ياكى بىلمەي، خالاپ ياكى خالىماي قىلىۋاتقان بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، مۇتلەق ھالدا يەھۇدىيلارنىڭ يالاقچىسىدۇر. چۈنكى بۇ ئۇممەت ئىمانىي ھەقىقەتتىن، ئىمانىي تۇرمۇش تۈزۈمىدىن، شەرىئەت ۋە ئىسلام قانۇنىدىن قانچە يىراقلاشقانسېرى، يەھۇدىيلار شۇنچە خەۋپسىز، راھەت ياشىيالايدۇ. بۇنىڭ

سەۋەبى شۇكى، مۇسۇلمان ئۇممىتىنىڭ مەۋجۇتلىقى، ئۇنىڭ كۈچ - قۇۋۋىتى ۋە غالىبىيىتىنىڭ يېگانە ھەقىقىي مەنبەسى پەقەت ئىسلام ۋە ئىماندىنلا ئىبارەتتۇر. مانا بۇ بىرلا يول ۋە مۇشۇ بىرلا يول كۆرسەتكۈچ بەلگىسى مۇسۇلمانلارنى كۆزلىگەن مەنزىلگە يەتكۈزەلەيدۇ.

**********

## ئىمان ئىقتىدارى

أَفَتَطۡمَعُونَ أَن يُؤۡمِنُواْ لَكُمۡ وَقَدۡ كَانَ فَرِيقٞ مِّنۡهُمۡ يَسۡمَعُونَ كَلَٰمَ ٱللَّهِ ثُمَّ يُحَرِّفُونَهُۥ مِنۢ بَعۡدِ مَا عَقَلُوهُ وَهُمۡ يَعۡلَمُونَ ﴿٧٥﴾ وَإِذَا لَقُواْ ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ قَالُوٓاْ ءَامَنَّا وَإِذَا خَلَا بَعۡضُهُمۡ إِلَىٰ بَعۡضٖ قَالُوٓاْ أَتُحَدِّثُونَهُم بِمَا فَتَحَ ٱللَّهُ عَلَيۡكُمۡ لِيُحَآجُّوكُم بِهِۦ عِندَ رَبِّكُمۡۚ أَفَلَا تَعۡقِلُونَ ﴿٧٦﴾ أَوَلَا يَعۡلَمُونَ أَنَّ ٱللَّهَ يَعۡلَمُ مَا يُسِرُّونَ وَمَا يُعۡلِنُونَ ﴿٧٧﴾

*ئى مۇسۇلمانلار! ئەمدىلىكتە بۇلارنىڭ (يەنى يەھۇدىيلارنىڭ) ئىمان ئېيتىشىنى ئۈمىد قىلامسىلەر؟ ھالبۇكى ئۇلاردىن بىر گۇرۇھ ئادەملەر(نىڭ ئادىتى شۇ بولۇپ كەلگەنكى،) ئاللاھنىڭ كالامىنى ئاڭلاپ ياخشى چۈشەنگەندىن كېيىن، ئۇنى بىلىپ تۇرۇپ، ئۆزگەرتىۋېتەتتى[75]. ئۇلار (مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئىمان كەلتۈرگەن) مۆئمىنلەر بىلەن ئۇچراشقانلىرىدا: «بىزمۇ بۇنىڭغا ئىمان ئېيتىمىز» دەيدۇ. بىر- بىرى بىلەن يالغۇز جايدا ئېپىشقانلىرىدا: «ئەخمەقمۇ سىلەر؟ ئاللاھنىڭ سىلەرگە ئاشكارىلىغانلىرىنى پەرۋەردىگارىڭلار ئالدىدا (ئاخىرەتتە) ئۆزەڭلارغا قارشى پاكىت بولسۇن دەپ، ئۇلارغا سۆزلەپ بېرەمسىلەر؟» دەيدۇ[76]. ئەجەبا بۇلار ئۆزلىرىنىڭ يوشۇرغان ياكى ئاشكارىلىغانلىرىنى ئاللاھنىڭ بىلىپ تۇرىدىغانلىقىنى ئۇقمامدۇ؟ ئاللاھ ھەممە ئىشتىن خەۋەرداردۇر[77]*

ئالدىنقى تېمىنىڭ ئاخىرىدا ئاللاھ تائالا بەنى ئىسرائىلنىڭ قەلب ھالىنى تەسۋىرلەپ بەرگەن بولۇپ، بىز ئۇنىڭدىن ئۇلارنىڭ نەقەدەر قاقشال يۈرەكلىك، ئۆزگەرمەس قەلب، قاتمال ئىددىيەلىك كىشىلەر ئىكەنلىكىنى بىلىپ يەتكەن ئىدۇق. ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ قەلبىنى ئىچىدىن بىرەر تامچىمۇ سۇ چىقمايدىغان ھەمدە قول بىلەن ئاسان سىلىغىلىمۇ بولمايدىغان، بىرەر نەرسىنىڭ ئۇنۇشى ياكى ئىچىدە بىرەر ھاياتلىق ئېلېمېنتىنىڭ تېپىلىشى قەتئىي مۇمكىن بولمايدىغان، ئىنتايىن قاتتىق، ناھايىتىمۇ قوتۇر تاشقا ئوخشاتقان ئىدى.

بۇ تەسۋىر ئۇلارنىڭ ئەشۇ قاتمال مىجەزى، پەسكەش تەبىئىتى، چىقىشالماس، مۇتەئەسسىپ ئىددىيىسى سەۋەبىدىن ھىدايەت يولىغا كېلىش سالاھىيىتىنى يوقىتىپ بولغانلىقىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. بۇ تەسۋىر ئارقىلىق يەھۇدىيلارنىڭ ھىدايەتكە كېلىشىدىن

ئۈمىد ئۈزۈلگەنلىكى تەرەپكە ئىشارە قىلغاندىن كېيىن، خىتابنىڭ يۆنىلىشى يەھۇدىيلارنى ھېلىھەم بولسىمۇ «ھىدايەت تېپىپ قالارمىكىن» دەپ ئويلاۋاتقان بىر قىسىم مۇسۇلمانلارغا يۆتكىلىدۇ. چۈنكى ئۇلار بىر ئامالاارنى قىلىپ، بەنى ئىسرائىلنى ئىمان نۇرى تەرەپكە ئېلىپ كېلىشكە، قەلبىگە ئىمان نۇرىنى سىڭدۈرۈشكە تىرىشاتتى. قۇرئان كەرىم مۇسۇلمانلارنىڭ قەلبىدىكى بۇ خىل ئۈمىد - ئارزۇلارنىڭ ئىشقا ئاشمايدىغانلىقىنى ئىپادىلەپ، ئۇلارغا سوئال تەرزىدە خىتاب قىلىدۇ.

أَفَتَطْمَعُونَ أَن يُؤْمِنُواْ لَكُمْ وَقَدْ كَانَ فَرِيقٌ مِّنْهُمْ يَسْمَعُونَ كَلَٰمَ ٱللَّهِ ثُمَّ يُحَرِّفُونَهُۥ مِنۢ بَعْدِ مَا عَقَلُوهُ وَهُمْ يَعْلَمُونَ

*ئى مۇسۇلمانلار! ئەمەلىكى بۇلارنىڭ (يەنى يەھۇدىيلارنىڭ) ئىمان ئېيتىشىنى ئۈمىد قىلامسىلەر؟ ھالبۇكى ئۇلاردىن بىر گۇرۇھ ئادەملەر(نىڭ ئادىتى شۇ بولۇپ كەلگەنكى،) ئاللاھنىڭ كالامىنى ئاڭلاپ ياخشى چۈشەنگەندىن كېيىن، ئۇنى بىلىپ تۇرۇپ، ئۆزگەرتىۋېتەتتى.*

دىققەت! بۇنداق كىشىلەرنىڭ ئىمان كەلتۈرۈشىنى كۈتكىلى بولمايدۇ. ئىمان ئېيتىدىغانلارنىڭ تەبىئىتى باشقىچە بولىدۇ. ئۇلاردا باشقىچە بىر سالاھىيەت بولىدۇ. ئىمان ئېيتىدىغان تەبىئەت ئاددى - ساددى، يۇمشاق كېلىدۇ. ئۇنىڭ قەلب دەرىزىلىرى بارچە نۇرلار ئۈچۈن ئوچۇق بولىدۇ. ئاللاھنىڭ ئەزەلىي ۋە ئەبەدىي ھىدايەت سەرچەشمىسىگە باغلىنىشقا ۋە ئۇنىڭ بىلەن سۇغۇرۇلۇشقا ھەر دائىم تەييار تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدا ھېس، ئېھتىيات ۋە ئاللاھتىن قورقۇش تۇيغۇلىرى بولىدۇ. ئۇلاردىكى بۇ تەقۋالىق ئۇلارنى ئاللاھنىڭ كالامىنى ئاڭلاپ، چۈشىنىپ تۇرۇپمۇ، ئۇنى ئۆزگەرتىپ قويۇشتىن توسىدۇ. يەقەتكىنە شەخسىي خاھىشنى ۋە ئەسەبىيىتىنى دەپلا، ئىلاھىي كالامغا ئۆزگەرتىش كىرگۈزمەيدىغان بولىدۇ. چۈنكى ئىمان ئېيتىدىغان تەبىئەت پۈتۈنلەي ئاددى - ساددا كېلىدۇ، سۆزنى تولغاپ، بۇرمىلاپ ئوتتۇرىغا قويۇشتەك تەرسالىقتىن چوقۇم ساقلىنىدۇ.

بۇ يەردە ئىشارە قىلىنىۋاتقىنى يەھۇدىيلارنىڭ ئەڭ بىلىملىك تەبىقىسى بولۇپ، ئۇلار ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ئۆزلىرىگە نازىل قىلىنغان كىتابلاردىكى ھەقىقەتلەرنى ئەڭ ياخشى بىلىدىغانلار ئىدى. يەھۇدى ئۆلىمالىرى ئۆز پەيغەمبىرىگە نازىل قىلىنغان تەۋراتنى ئاڭلاپ، چۈشىنىپ تۇرۇپمۇ، ئۇنى ئۆزگەرتىپ تاشلايتتى، ئەسلى سۆزنى باشقا بىر نەرسىگە ئايلاندۇرۇپ قوياتتى. ئۇلارنىڭ بۇنداق قىلىشى، قانداقتۇر كالامنىڭ توغرا ئورنىنى بىلەلمىگەنلىكىدىن ئەمەس ئىدى، بەلكى بىلىپ تۇرۇپ، قەستەن شۇنداق قىلاتتى. ھەتتا ئۆزلىرىنىڭ ئۆزگەرتىش كىرگۈزىۋاتقانلىقىنىمۇ ياخشى بىلىشەتتى. ئۇلارنىڭ پىكىر - ئەمەللىرىنىڭ يوگىنى نەپسانىي خاھىشنىڭ، شەخسىي غەرەزلىرىنىڭ ئالقىنىدا بولۇپ، ئۇلار پەسكەش مەقسەتلىرىنىڭ دېپىغا ئۇسۇل ئويناپلا يۈرەتتى. دېمەك، ئۇلار ئۆزى ئىمان كەلتۈرگەن مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ كىتابىغا شۇنداق قەبىھ مۇئامىلە قىلغان يەردە، مۇھەممەد

سەلەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە نازىل بولغان ۋە ئۇلار ئۆزلىرى ئىمان كەلتۈرمەيۋاتقان قۇرئان كەرىمگە ئۇنىڭدىنمۇ بەتتەر مۇئامىلە قىلىدىغانلىقى توغرانلا گەپ ئىدى. چۈنكى ئۇلار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە ئەزەلدىنلا ئىمان كەلتۈرمىگەن ئىدى. شۇڭا ئۆزىنىڭ ئەشۇ بۇزۇق ئىددىيىسى ۋە باتىل پوزىتسىيىسىدە قەستەن تەرسالىق قىلىشاتتى. بىز ئۇلارنىڭ بۇ خىل بۇزۇق ئىددىيەسى بىلەن باتىلدا مەھكەم تۇرۇۋېلىشلىرىغا قاراپ چىقىدىغان بولساق، ئىسلام دەۋىتىگە قارشىلىق قىلىشلىرى، شۇنداقلا ئىسلام ھەرىكىتىگە سۇيىقەستلەرنى تۈزۈپ، بۆھتان چاپلاپ يۈرۈشلىرى ئەلۋەتتە كۈتكىلى بولىدىغان تەبىئىي ھادىسە بولۇپ تۇيۇلىدۇ.

﴿وَإِذَا لَقُوا الَّذِينَ آمَنُوا قَالُوا آمَنَّا وَإِذَا خَلَا بَعْضُهُمْ إِلَىٰ بَعْضٍ قَالُوا أَتُحَدِّثُونَهُم بِمَا فَتَحَ اللَّهُ عَلَيْكُمْ لِيُحَاجُّوكُم بِهِ عِندَ رَبِّكُمْ ۚ أَفَلَا تَعْقِلُونَ﴾

*ئۇلار (مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئىمان كەلتۈرگەن) مۆئمىنلەر بىلەن ئۇچراشقانلىرىدا: «بىزمۇ بۇنىڭغا ئىمان ئېيتتۇق» دەيدۇ. بىر- بىرى بىلەن يالغۇز جايدا ئېيشقانلىرىدا: «ئەخمەقمۇ سىلەر؟ ئاللاھنىڭ سىلەرگە ئاشكارىلىغانلىرىنى پەرۋەردىگارىڭلار ئالدىدا (ئاخىرەتتە) ئۆزەڭلارغا قارشى پاكىت بولسۇن دەپ، ئۇلارغا سۆزلەپ بېرەمسىلەر؟» دەيدۇ.*

ئۇلار ھەقنى يوشۇرىدىغان، ئاللاھنىڭ كالامىغا ئۆزگەرتىش كىرگۈزىدىغان شۇنچە مەسئۇلىيەتسىز كىشىلەر تۇرسا، ئەجىبا سىلەر ئۇلارنى «سۆزىمىزگە كىرىدۇ» دەپ ئويلاۋاتامسىلەر؟ ئۇلارنىڭ تەبىئىتىگە رىياخورلۇق، ئالدامچىلىق، مۇناپىقلىق، نەيراڭۋازلىق... قاتارلىق شۇنچە ئىپلاس ئىللەتلەر ئورناپ كەتكەن. تېخى ئۇلارنىڭ ئىچىدە شۇنداق كىشىلەرمۇ باركى، مۇسۇلمانلار بىلەن ئۇچراشقانلىرىدا: «بىزمۇ ئىمان ئېيتتۇق» دەيدۇ. يەنى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە ئىمان ئېيتقانلىقىنى، چۈنكى ئۇلارنىڭ قولىدىكى تەۋراتتىمۇ ئاخىر زامان پەيغەمبىرى ھەققىدە ئوچۇق بېشارەتلەر بېرىلگەن بولۇپ، ئۆزلىرىنىڭ ئەشۇ ئاخىر زامان پەيغەمبەرنى قاتتىق تەشنالىق بىلەن كۈتۈشۈۋاتقانلىقىنى، ھەمدە ئاللاھقا دۇئا قىلىپ: «ئەشۇ پەيغەمبەرنىڭ ۋاستىسى بىلەن بىزنى كاپىرلاردىن غالىپ قىلغىن» دەپ تىلەيدىغانلىقلىرىنى ئېيتىشىدۇ (ئاللاھ تائالامۇ ئۇلارنىڭ شۇنداق تىلەيدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، 89 - ئايەتتە: «﴿وَكَانُوا مِن قَبْلُ يَسْتَفْتِحُونَ عَلَى الَّذِينَ كَفَرُوا﴾» «*ئۇلار (قۇرئان ۋە پەيغەمبەر كېلىشتىن ئىلگىرى) كاپىرلار ئۈستىدىن غەلىبە تىلەيتتى*» دېگەن).

بىراق ئۆزئارا يالغۇز يەردە ئېيشقانلىرىدا بولسا، بىر - بىرىگە ئالاھىدە تەنبىھ قىلىشىپ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەقلىكىنى ئىسپاتلايدىغان تەۋراتتىكى بېشارەتلەرنى مۇسۇلمانلارغا ئېيتىپ بەرمەسلىكنى قاتتىق جېكىلىشەتتى. «*ئەخمەقمۇ سىلەر؟ ئاللاھنىڭ سىلەرگە*

*ئاشكارىلىغانلىرىنى پەرۋەردىگارىڭلار ئالدىدا (ئاخىرەتتە) ئۆزۈڭلارغا قارشى پاكىت بولسۇن دەپ، ئۇلارغا سۆزلەپ بېرەمسىلەر؟» دېيىشەتتى.*

مانا بۇ يەردە، ئۇلارنىڭ ئىلاھى مەرىپەتكە نىسبەتەن ئەما تەبىئىتى غالىپ كەلگەن بولىدۇ. ئۇلار ئاللاھنىڭ ھەققانىيەت ئىلمىدىنمۇ ۋە ھەقىقىي سۈپەتلىرىنىڭ تەسەۋۋۇرىدىنمۇ خالىي كۆرۈنىدۇ. ئۇلار ئۆز كۆڭلىدە: «ناۋادا بۇ سۆزلەرنى مۇسۇلمانلارغا ئېيتىپ بەرمىسەك، ئاللاھ بىزنى ھېچقانداق جاۋابكارلىققا تارتالمايدۇ، پەقەت سۆزلەپ بېرىپ قالغان ئەھۋالدىلا جاۋابكارلىققا تارتىدىغان دەلىل تېپىلغان بولىدۇ» دەپ ئويلىشىدۇ.

تېخىمۇ كۈلكىلىك يېرى شۇكى، ئۇلار بىر - بىرىنى ھەتتا «مۇشۇنىڭغىمۇ ئەقلىڭلارنى ئىشلەتمەمسىلەر؟» دەپ تەنقىد قىلىشىدۇ. ئەقىل - ئىدراك ساھىبى ئىنساننىڭ بۇنداق گەپلەرنى قىلىپ يۈرۈشى نېمىدېگەن غەلىتە، نېمىدېگەن كۈلكىلىك - ھە؟!

أَوَلَا يَعۡلَمُونَ أَنَّ ٱللَّهَ يَعۡلَمُ مَا يُسِرُّونَ وَمَا يُعۡلِنُونَ

*ئەجەبا بۇلار ئۆزلىرىنىڭ يوشۇرغانلىرى ياكى ئاشكارىلىغانلىرىنىڭ ھەممىنى ئاللاھنىڭ بىلىپ تۇرىدىغانلىقىنى ئۇقمامدۇ؟ ئاللاھ ھەممە ئىشتىن خەۋەرداردۇر.*

ئەمەلىيەتتە، قۇرئان كەرىم بەنى ئىسرائىلنىڭ ئەھۋالىنى مۇسۇلمانلارغا باشقا بىر نۇقتىدىن نامايەن قىلىپ بەرمەكتە. ئۇلارغا: «بۇلارنىڭ ئىچىدە ئىككى تەبىقە كىشىلەر بار. بىرىنچى تەبىقە ساۋاتسىز، ئوقۇمىغان كىشىلەر بولۇپ، ئۇلار نازىل قىلىنغان ئىلاھى كالام ھەققىدە ھېچ قانچە مەلۇماتقا ئىگە ئەمەس. ئۇلارنىڭ ئىددىيىسىدە پەقەت كونا خۇراپاتلار، شەك - شۈبھە، چىرايلىق ئارزۇ - ئۈمىدلەر يەر ئالغان. ئۇلار ئۆزلىرىنى: «بىز ئاللاھنىڭ سۆيۈملۈك، ئەتىۋارلىق بەندىلىرى، مەيلى قانچىلىك گۇناھ ئۆتكۈزسەكمۇ، ئاللاھ بىزنىڭ پۈتۈن گۇناھلىرىمىزنى ئەپۇ قىلىۋېتىدۇ» دەپ ئويلىشىدۇ. شۇڭا ئۇلار ئىددىيىسىدە ئاسانلا نىجاتلىق تېپىش ئۈمىدىنى قۇچاقلاپ ئولتۇرىدۇ.

ئىككىنچى تەبىقە بۇ خىل جاھالەتتىن ناھەق مەنپەئەتلىنىپ كېلىۋاتقانلار بولۇپ، ئۇلار ھېچ تەپتارتماستىن ئۆز ئالدىغا ئايەتلەرنى ئويدۇرۇپ چىقىدۇ. ئۆزىگە مەنپەئەتلىك شەرھىلەرنى بېرىپ، ئاللاھنىڭ كىتابىنىڭ مەنىسىنى باشقا بىر نەرسىگە ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ. ئۆزى خالىغاننى يوشۇرۇپ، خالىغاننى كىشىلەرنىڭ ئالدىغا قويىدۇ. ئۆز قولى بىلەن يېزىپ چىققان نەرسىلەرنى ئاللاھنىڭ كالامى دەپ داۋراڭ سالىدۇ. ئۇلار پەقەت پانى دۇنيالىق شەخسىي مەنپەئەتى ئۈچۈن، شۇنداقلا ئۆزىنىڭ كاتتىلىقىنى ۋە كىشىلەر ئارىسىدىكى رەھبەرلىك ئورنىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن بۇ تۈردىكى ئىشلارنىڭ ھەممىنى قىلىدۇ.

وَمِنۡهُمۡ أُمِّيُّونَ لَا يَعۡلَمُونَ ٱلۡكِتَـٰبَ إِلَّآ أَمَانِيَّ وَإِنۡ هُمۡ إِلَّا يَظُنُّونَ ﴿٧٨﴾ فَوَيۡلٌ لِّلَّذِينَ يَكۡتُبُونَ
ٱلۡكِتَـٰبَ بِأَيۡدِيهِمۡ ثُمَّ يَقُولُونَ هَـٰذَا مِنۡ عِندِ ٱللَّهِ لِيَشۡتَرُواْ بِهِۦ ثَمَنًا قَلِيلًاۖ فَوَيۡلٌ لَّهُم مِّمَّا كَتَبَتۡ
أَيۡدِيهِمۡ وَوَيۡلٌ لَّهُم مِّمَّا يَكۡسِبُونَ ﴿٧٩﴾

*بۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر گۇرۇھ كىشىلەر ساۋاتسىزلار بولۇپ، كىتابنى ئوقۇمايدۇ، پەقەت ئۆزلىرىنىڭ ئاساسسىز ئۈمىد، ئارزۇلىرىنىلا كۆتۈرۈپ ئولتۇرىدۇ ۋە پەقەت ۋەھىم، گۇمانلىرى بىلەنلا ئىش قىلىدۇ[78]. ئۆز قولى بىلەن شەرىئەت كىتابىنى يېزىپ، ئۇنى ئازراقلا پايدا ئېلىش ئۈچۈن كىشىلەرگە: «بۇ ئاللاھ تەرىپىدىن نازىل بولغان» دېگۈچىلەرنىڭ ھالىغا ۋاي. ئۇلارنىڭ ئۆز قوللىرى بىلەن يېزىۋالغانلىرىغا ۋە تاپقان پايدىلىرىغا ھالاكەتنىڭ ۋاستىسىدۇر[79].*

بۇ، ھەر ئىككى خىل تەبىقىنىڭ ۋە بۇلارغا ئوخشاشلارنىڭ ئىلاھىي كىتابنىڭ ھۆكۈملىرىنى ئۆزگەرتىشتىن ۋاز كېچىپ، ھەقنى قوبۇل قىلىشنى قانداقمۇ كۆتكىلى بولسۇن؟ بۇنداقلارنى ئىمان ئېيتىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ سۆزىگە كىرىپ قالار دەپ ئۈمىد قىلىش پايدىسىز. ئۇلارنى پەقەت ھالاكەت، ۋەيرانچىلىق كۈتمەكتە. بۇنداق بولۇشى ئۆز قوللىرى بىلەن يازغان نەرسىلەرنى ئاللاھقا دۆڭگەپ قويغانلىقى ئۈچۈن بولۇپ، بۇ ھالاكەت، ۋەيرانچىلىقلار ئۇلارنىڭ ئۆز تاپاۋىتىدۇر.

************

## خام خىياللار

ئۇلارنىڭ ناتوغرا خاھىش، ئارزۇلىرىنىڭ بىرسى مەيلى قانچىلىك يامانلىق قىلسىمۇ ھەمدە ئىلاھىي ئەھكاملارغا مەيلى قانچىلىك خىلاپلىق قىلسىمۇ، يەنىلا نىجاتلىققا ئېرىشىش، جەھەننەمدە بىر قانچە كۈنلا قېلىپ، ئاندىن يەنە جەننەتكە يېنىپ چىقىش ئىدى. شۇنىسى ئېنىقكى، بۇ خىل خام خىيال ئاللاھنىڭ ئادالەت تۇزۇمىگە، دائىملىق قانۇنىيىتىگە ھەمدە مۇكاپات ۋە جازانىڭ توغرا تەسەۋۋۇرىغا پۈتۈنلەي خىلاپ. بۇ يەردىكى سوئال شۇكى، ئۇلار زادى نېمىگە ئاساسلىنىپ بۇنداق ئارزۇدا بولىدۇ؟ گويا ئاللاھ تائالا بىلەن ئۇلار ئارىسىدا بىرەر ئەھدە تۈزۈلۈپ، ئۇنىڭدا شۇنچىلىكلا جازا مۇئەييەنلىشىپ بولغاندەك، زادى قايسى ئاساسقا تايىنىپ شۇنداق بولىدىغانلىقىغا ئىشەنچ قىلالايدۇ؟

ئەسلىدە بۇ، ساۋاتسىز نادانلارنىڭ ئاساسسىز ئارزۇلىرى ۋە بىھۇدە ئارمانلىرىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. بۇنىڭ ھەممىسى ئۇلارنىڭ مەككار، ئالدامچى ئۆلىمالىرى ئويدۇرۇپ چىققان يالغانلارنىڭلا نەتىجىسىدۇر. بۇنداق ئارزۇلارغا يۆلىنىۋالغانلار توغرا ئەقىدە، توغرا ھايات نەزەرىيەسىنى تاشلاپ بولغان، شۇنداقلا ئۆزىنىڭ ھەقىقىي دىنى بىلەن مۇناسىۋىتىنى ئۈزگىلى ئۇزاق زامانلار بولغان كىشىلەر بولۇپ، ئۇلار پەقەت ئۆز دىنىنىڭ نامىدىن ۋە بىر قانچىلىغان زاھىرى ئىبادەتلىرىدىن باشقا ھېچ نەرسىنى بىلمەيدۇ. ئۇلار دىنىنىڭ ھەقىقىتىدىن ۋە ئەسلى ئوبيېكتىدىن بىخەۋەر. شۇڭا ئۇلار ئاشۇ خام خىياللىرىنى دوزاق ئازاۋىدىن قۇتۇلدۇرۇپ قېلىشقا يېتەرلىك سانايدىغان ھەمدە ئاغزاكى ئويدۇرمىلارنى ئاللاھنىڭ ھۆكمى دەپ سۆزلەپ يۈرىيدىغانلاردۇر.

وَقَالُواْ لَن تَمَسَّنَا ٱلنَّارُ إِلَّآ أَيَّامًا مَّعۡدُودَةٗۚ قُلۡ أَتَّخَذۡتُمۡ عِندَ ٱللَّهِ عَهۡدًا فَلَن يُخۡلِفَ ٱللَّهُ عَهۡدَهُۥٓۖ أَمۡ تَقُولُونَ عَلَى ٱللَّهِ مَا لَا تَعۡلَمُونَ ﴿٨٠﴾

*ئۇلار: «دوزىخ ئوتى بىزگە يېقىنمۇ كەلمەيدۇ، جازامىز پەقەت بىر قانچە كۈنلۈكلا بولىدۇ» دەيدۇ. ئۇلاردىن سورىغىنكى، «سىلەر ئاللاھدىن بىرەر ۋەدە ئالغانمۇ؟ (ئالغان بولساڭلار) ئاللاھ ۋەدىسىگە ھەرگىزمۇ خىلاپلىق قىلمايدۇ. ياكى ئۆزەڭلار بىلمەيدىغانتى ئاللاھ نامىدىن دەۋاتامسىلەر؟»*[80].

بۇ يەردە، ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلارغا باتىلنىڭ بېشىنى يەنچىپ تاشلايدىغان بىر كۈچلۈك دەلىلنى تەۋسىيە قىلىپ: «سىلەر ئاللاھدىن بىرەر ۋەدە ئالغانمۇ؟ (ئالغان بولساڭلار) ئاللاھ ۋەدىسىگە ھەرگىزمۇ خىلاپلىق قىلمايدۇ؟ ئەگەر ئالغان بولساڭلار، قېنى ئۇ ئەھدە؟ زادى قەيەردە؟ ياكى ئۆزەڭلار بىلمەيدىغاننى ئاللاھ نامىدىن دەۋاتامسىلەر؟» دەپ سوراشقا بۇيرىماقتا. بۇ سوئال تەرزى سۆزنى تېخىمۇ كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن قوللىنىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ سوئال شەكلىدە كېلىشى ياقتۇرماسلىقنى ۋە تەنىلىك تەنقىد قىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**********

## جىنايەت ۋە جازا

ئەمدى بۇ يەردە ناھايىتى كەسكىن، قەتئىي سۆز ئىشلىتىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ دەۋاسىنىڭ ئەسلى ھەقىقىتى ئېيتىپ بېرىلىدۇ. بۇ يەردە دېيىلىۋاتقىنى مۇكاپات ۋە جازاغا دائىر ئىسلامنىڭ ئالەمشۇمۇل تەسەۋۋۇرىدىن ئېلىنغان بولۇپ، ئومۇمىي قائىدە سۈپىتىدە: «ئەجىر ئەمەلگە كۆرە بولىدۇ، نېمە تېرىساڭ، شۇنى ئالىسەن» دەپ ئېيتىپ بېرىلىدۇ.

بَلَىٰ مَن كَسَبَ سَيِّئَةً وَأَحَٰطَتۡ بِهِۦ خَطِيٓـَٔتُهُۥ فَأُوْلَٰٓئِكَ أَصۡحَٰبُ ٱلنَّارِۖ هُمۡ فِيهَا خَٰلِدُونَ ﴿٨١﴾ وَٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَعَمِلُواْ ٱلصَّٰلِحَٰتِ أُوْلَٰٓئِكَ أَصۡحَٰبُ ٱلۡجَنَّةِۖ هُمۡ فِيهَا خَٰلِدُونَ ﴿٨٢﴾

*(دوزاخ ئوتى نېمە ئۈچۈن سىلەرنى كۆيدۈرمىگىدەك؟) ئۇنداق ئەمەس، كىمكى گۇناھنى تاپاۋەت قىلىدىكەن ۋە گۇناھكارلىقىغا چۆمۈپ كېتىدىكەن، ئۇلار ئەھلى دوزىختۇر، ئۇلار دوزەختە مەڭگۈ قالىدۇ*[81]. *ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار ئەھلى جەننەتتۇر. ئۇلار جەننەتتە مەڭگۈ قالىدۇ*[82].

بۇ ئالاھىدە بەدىئىلىككە تولغان مۆجىزىۋىي سەنئەتكارانە تەسۋىر ۋە ئىپادىلەر ئۈستىدە ئەلۋەتتە بىر ئاز توختىلىپ ئۆتۈشىمىز ھەمدە ئاللاھنىڭ بۇ قەتئىي ھۆكمى بىلەن ئەبەدىي پرىنسىپىنىڭ سىرلىرىنى بىلىپ يېتىشكە تىرىشىپ بېقىشىمىز لازىم.

*«ئۇنداق ئەمەس، كىمكى گۇناھنى تاپاۋەت قىلىدىكەن ۋە گۇناھقا چۆمۈپ كېتىدىكەن...»*

بۇ يەردە گۇناھ گويا بىر تۇرلۇك كەسىپكە ئوخشاش ئىپادىلەنمەكتە. گەرچە مەقسەت، گۇناھ بىلەن شۇغۇللىنىشنى ئىپادىلەش بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئۇچۇن ئىشلىتىلگەن ئىبارىلەر گۇناھنىڭ پىسخىكىلىق كەيپىياتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرمەكتە. دەرۋەقە، گۇناھكارلىققا مۇبتىلا كىشىلەر ئۇنىڭغا ئادەتلىنىپ قالغان بولىدۇ، گۇناھ ئۆتكۈزگەندە راھەتلەنگەندەك بولىدۇ، ئۇنى ئۆزىنىڭ كەسپى سانايدۇ. ناۋادا خاتا ياكى ياقتۇرۇلمايدىغان ئىش دەپ بىلسە ئىدى، ئۇنىڭ بىلەن شۇغۇللانمايتتى. زىيانلىق كۆرگەن تەقدىردە، ئۇنچە قىزغىنلىق بىلەن سادىر قىلىشقا بېرىلىپ كەتمىگەن ۋە ئۇ يامانلىقنىڭ ئۆزىدىن غالىپ كېلىشىگە، پۈتۈن دۇنياسىنى قويىنىغا ئېلىپ، ئۆز قايىنىمىغا سۆرەپ كىرىپ كېتىشىگە يول قويمىغان بولاتتى. چۈنكى ئادەم ئۇنى ياقتۇرماي، ئۇنىڭ زىيانلىق تەرىپىنى ھېس قىلغاندا، گەرچە تەبىئىتى ئۇنى سادىر قىلىشقا مايىل بولسىمۇ، يەنىلا ئۇنىڭ سايىسىدىنمۇ قاچىدىغان بولۇپ قالىدۇ ۋە ئاللاھتىن مەغپىرەت تىلەپ، گۇناھنىڭ تەسىر دائىرىسىدىن چىقىپ، باشقا يەردىن پاناھلىق ئالىدۇ. بۇنداق چاغدا، يامانلىق ئۇنى نە قورشىۋالالمايدۇ، نە بېسىۋالالمايدۇ، ئۇنىڭغا نىسبەتەن تەۋبە قىلىش ۋە ئورنىنى تولدۇرۇشنىڭ دەرۋازىلىرىمۇ تاقىلىپ قالمايدۇ.

قۇرئان كەرىم: «وَأَحَٰطَتۡ بِهِۦ خَطِيٓـَٔتُهُۥ» *«گۇناھكارلىقى ئۇنى قورشىۋالغان بولسا»* دېگەن بۇ ئىپادە ئارقىلىق ئۇ خىل ھالەتنى مۇجەسسەم بىر شەكىلدە ئوتتۇرىغا سۇنىدۇ. بۇ، قۇرئان كەرىمنىڭ ئەدەبىي ماھارەت ۋە باشقا نۇرغۇن خۇسۇسىيەتلىرى ئىچىدىكى ئۆزگىچە ئىپادىلەش ئۇسلۇبىنىڭ مۇھىم ئالامىتى بولۇپ، ئىنسانىنىڭ زېھنىدە يەر ئالغان جانسىز تەبىر، قاتمال مەنە، ئۇقۇملارنىڭ ئورنىغا سۆزلەرنى بىۋاستە ئىنسانىنىڭ ھېس - تۇيغۇسىغا خىتاب قىلىۋاتقان ھەرىكەتچان بىر ۋەقە سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا سۇنۇش قۇرئانغىلا خاس ئۆزگىچە ئىپادە ئۇسلۇبى ھېسابلىنىدۇ.

گۇناھكارلىق بىلەن قول تۇتۇشۇپ، گۇناھ ئۇچۇنلا ياشىغان، گۇناھ ھاۋاسىدا نەپەسلىنىپ، گۇناھ دائىرىسىدىلا ھايات كەچۈرگەن، گۇناھقىلا مەھكۇم، گۇناھكار ئىنسانىنىڭ

گۇناھ دەرياسىدىكى ھاياتىنى بۇ شەكىلدە تەسۋىرلەپ بېرەلەيدىغان ئىپادە ئۇسلۇبىنى باشقا ھېچ يەردە ئۇچراتقىلى بولمايدۇ. ئىنسان گۇناھ گىردابىغا چۈشۈپ، ھەممە ئەتراپىنى گۇناھ قورشىغان ۋە تەۋبە دەرۋازىلىرى پۈتۈنلەي تاقالغان ئەھۋالغا كېلىپ قالغاندا، ئاندىن ئاللاھ تائالانىڭ ئادىلانە كەسكىن قارارى چىقىپ، ئۇلار: «فَأُوْلَـٰٓئِكَ أَصۡحَـٰبُ ٱلنَّارِۖ هُمۡ فِيهَا خَـٰلِدُونَ» «ئۇلار ئەھلى دوزەختۇر، ئۇلار دوزەختە مەڭگۈ قالىدۇ» دېگەن جازاغا تېگىشلىك بولىدۇ.

بۇ قاراردىن كېيىنلا، ئەكسىچە ئەھۋالغا بولغان ھۆكۈممۇ ئۇلىشىپ بايان قىلىنىدۇ:

«وَٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ وَعَمِلُواْ ٱلصَّـٰلِحَـٰتِ أُوْلَـٰٓئِكَ أَصۡحَـٰبُ ٱلۡجَنَّةِۖ هُمۡ فِيهَا خَـٰلِدُونَ» «ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار ئەھلى جەننەتتۇر. ئۇلار جەننەتتە مەڭگۈ قالىدۇ»

ئىمان ئىنسان قەلبىدىن ياخشى ئەمەل شەكلىدە ئۇرغۇپ نامايەن بولۇشى لازىم. ئىماننى دەۋا قىلىدىغان كىشىلەر ۋە بىزدىن ئىبارەت ئۆزىنى مۇسۇلمان دەپ ئاتايدىغان بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ مانا بۇ ھەقىقەت ئۈستىدە ئەستايىدىل ئويلىنىپ كۆرۈشى ۋە تولۇق قانائەت تېپىشى ئىنتايىن زۆرۈر. چۈنكى ئىماننىڭ مەۋجۇتلۇقىنى تاكى ئۇنىڭ نەتىجىسى بولغان ياخشى ئەمەل مەيدانغا چىقمىغىچە قەتئىي تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ.

ئەمدى ئۆزىنى مۇسۇلمان دەيدىغان، شۇنداقتىمۇ يەر يۈزىدە بۇزۇقچىلىق تېرىپ، ياخشىلىققا قارشى تۇرىدىغان، دۇنيادا ئىسلام تۈزۈمىنى يۇقىرى كۆتىرىپ، ئىسلام شەرىئىتىنى يۈرگۈزۈشكە توسالغۇ بولىدىغان ۋە ئۇنى ئىنكار قىلىدىغان، ھەمدە ئىسلام ئەخلاقىغا ئۇرۇش ئاچىدىغان كىشىلەرگە كەلسەك، ئۇلار ئىمان نېمىتىنىڭ كىچىككىنە زەررىسىدىنمۇ خالىي كىشىلەردۇر. ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئۇلارغا ھېچبىر ساۋاپمۇ بولمايدۇ، ھېچكىممۇ ئۇلارنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قۇتۇلدۇرالمايدۇ. ئۇلار خۇددى يۇقىرىدا بايان قىلىنغان يەھۇدىيلاردەك، مەيلى ھەرقانچە گۈزەل ئارزۇ، شېرىن خىياللارنى قىلغان بىلەنمۇ قىلچە پايدىسى بولمايدۇ. بۇ تۈردىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئەشۇ بىرلا ھۆكۈمنىڭ ئىچىگە كىرىدۇ.

بۇنىڭدىن كېيىنكى ئايەتلەر مۇسۇلمانلارغا بەنى ئىسرائىل قەۋمىنىڭ يەنە باشقا بىر قىسىم ئەھۋالىنى ئايان قىلىپ بېرىدۇ. ئۇلارنىڭ قىلمىش - ئەتمىشلىرى، ئاسىيلىق، تەرسالىق، ئازغۇنلۇق، ئەھدىسىدە تۇرماسلىق... قاتارلىق ئوخشاش بولمىغان چاغلاردىكى خىلمۇخىل ۋەقەلىرىنى بايان قىلىپ بېرىپ، يەھۇدىيلارنىڭ قارا كەچمىشلىرىنى ئېچىپ بېرىدۇ.

وَإِذۡ أَخَذۡنَا مِيثَـٰقَ بَنِىٓ إِسۡرَٰٓءِيلَ لَا تَعۡبُدُونَ إِلَّا ٱللَّهَ وَبِٱلۡوَٰلِدَيۡنِ إِحۡسَانًا وَذِى ٱلۡقُرۡبَىٰ وَٱلۡيَتَـٰمَىٰ وَٱلۡمَسَـٰكِينِ وَقُولُواْ لِلنَّاسِ حُسۡنًا وَأَقِيمُواْ ٱلصَّلَوٰةَ وَءَاتُواْ ٱلزَّكَوٰةَ ثُمَّ تَوَلَّيۡتُمۡ إِلَّا قَلِيلاً مِّنكُمۡ وَأَنتُم مُّعۡرِضُونَ ﴿٨٣﴾ وَإِذۡ أَخَذۡنَا مِيثَـٰقَكُمۡ لَا تَسۡفِكُونَ دِمَآءَكُمۡ وَلَا تُخۡرِجُونَ

أَنفُسَكُم مِّن دِيَـٰرِكُمْ ثُمَّ أَقْرَرْتُمْ وَأَنتُمْ تَشْهَدُونَ ﴿٨٤﴾ ثُمَّ أَنتُمْ هَـٰٓؤُلَآءِ تَقْتُلُونَ أَنفُسَكُمْ
وَتُخْرِجُونَ فَرِيقًا مِّنكُم مِّن دِيَـٰرِهِمْ تَظَـٰهَرُونَ عَلَيْهِم بِٱلْإِثْمِ وَٱلْعُدْوَٰنِ وَإِن يَأْتُوكُمْ أُسَـٰرَىٰ
تُفَـٰدُوهُمْ وَهُوَ مُحَرَّمٌ عَلَيْكُمْ إِخْرَاجُهُمْ ۚ أَفَتُؤْمِنُونَ بِبَعْضِ ٱلْكِتَـٰبِ وَتَكْفُرُونَ بِبَعْضٍ ۚ فَمَا
جَزَآءُ مَن يَفْعَلُ ذَٰلِكَ مِنكُمْ إِلَّا خِزْىٌ فِى ٱلْحَيَوٰةِ ٱلدُّنْيَا ۖ وَيَوْمَ ٱلْقِيَـٰمَةِ يُرَدُّونَ إِلَىٰٓ أَشَدِّ
ٱلْعَذَابِ ۗ وَمَا ٱللَّهُ بِغَـٰفِلٍ عَمَّا تَعْمَلُونَ ﴿٨٥﴾ أُو۟لَـٰٓئِكَ ٱلَّذِينَ ٱشْتَرَوُا۟ ٱلْحَيَوٰةَ ٱلدُّنْيَا بِٱلْـَٔاخِرَةِ ۖ فَلَا
يُخَفَّفُ عَنْهُمُ ٱلْعَذَابُ وَلَا هُمْ يُنصَرُونَ ﴿٨٦﴾

*ئەسلەڭلاركى، ئۆز ۋاقتىدا بىز ئىسرائىل ئەۋلادىدىن ئاللاھدىن باشقىغا ئىبادەت قىلماسلىققا، ئاتا- ئانىسىغا، خىش- ئەقرىبالارغا، يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە ياخشىلىق قىلىشقا، كىشىلەرگە ياخشى سۆز قىلىشقا، ناماز ئۆتەشكە، زاكات بېرىشكە پۇختا ئەھدە ئالغان ئىدۇق. ئەمما ئاز بىر قىسىم كىشىلەردىن باشقا ھەممىڭلار ئەھدىدىن يۈز ئۆرىدىڭلار ۋە ھازىرغىچە يۈز ئۆرۈپ تۇرىۋاتىسىلەر[83]. شۇنىڭغۇ ئەسلەڭلاركى، ئۆز ۋاقتىدا بىر- بىرىڭلارنىڭ قېنىنى تۆكمەسلىككە، بىر- بىرىڭلارنى يۇرتلىرىڭلاردىن ھەيدەپ چىقارماسلىققا سىلەردىن چىن ئەھدە ئالغان ئىدۇق. كېيىن بۇنى (يەنى ئەھدىنى) ئېتىراپ قىلغان ئىدىڭلار ۋە ھازىرمۇ ئۆزەڭلار گۇۋاھسىلەر[84]. بىراق ئەمەلىيەتتە يەنە سىلەر بىر- بىرىڭلارنى ئۆلتۈرىسىلەر، ئىچىڭلاردىن بىر تۈركۈم كىشىلەرنى يۇرتىدىن ھەيدەپ چىقىرىسىلەر، يولسىزلىق ۋە دۈشمەنلىك قىلىپ، ئۇلارغا قارشى گورۇھۋازلىق قىلىسىلەر، ئۇلار ئۇرۇشتا ئەسىر ئېلىنىپ كەلسە، ئۇلارنىڭ قويۇپ بېرىلىشى ئۈچۈن فىدىيە (يەنى تۆلەم) سودىسى قىلىپ يۈرىيسىلەر، ھالبۇكى، ئۇلارنى يۇرتلىرىدىن ھەيدەپ چىقىرىش ئەزەلدىنلا سىلەرگە ھارام قىلىنغان ئىدى. ئەجىبا سىلەر كىتابنىڭ بىر قىسمىغا ئىمان كەلتۈرۈپ، يەنە بىر قىسمىغا كۇفۇرلۇق قىلامسىلەر؟ سىلەردىن شۇنداق قىلغانلارنىڭ جازاسى دۇنيا ھاياتىدا خورلۇق ۋە ئاخىرەتتە ئەڭ شىددەتلىك، قاتتىق ئازابتىن باشقا نېمە بولسۇن؟ ئاللاھ بۇ قىلمىشلىرىڭلاردىن خەۋەرسىز ئەمەستۇر[85]. ئەنە شۇلار ئاخىرەتنى بېرىپ، دۇنيانى سېتىۋالغان كىشىلەردۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنىڭ جازاسى قىلچە يېنىكلىتىلمەيدۇ ۋە ياردەممۇ قىلىنمايدۇ[86].*

بەنى ئىسرائىل قەۋمىنىڭ ۋەدىسىدە تۇرمايدىغانلىقى تىلغا ئېلىنغان ئالدىنقى دەرسىمىزدە مۇشۇ ئەھدە تەرەپكە ئىشارە قىلىنغان بولۇپ، ئەمەلىيەتتە بولسا، بۇ ئەھدىنىڭ بەزى ماددىلىرى ئۈستىدە تەپسىلى ئىشارە قىلىنماقتا.

بىرىنچى ئايەتتىن مەلۇمكى، ئۇنىڭدىكى ‹‹ئەھدە›› دېگەن سۆزدە، ئاللاھ تائالانىڭ ئەينى چاغدا بەنى ئىسرائىلنىڭ بېشىغا تۇر تېغىنى تىكلەپ قويۇپ، ئۇلاردىن ئالغان ئەھدىسى، شۇنداقلا ئۇنى مەھكەم تۇتۇشقا ۋە ئۇنىڭدىكى يوليورۇقلارنى ئەستە چىڭ ساقلاشقا بۇيرىغانلىقى كۆزدە تۇتۇلماقتا. شۈبھىسىزكى، ئۇنىڭدا دىنىنىڭ ئاساسلىق پرىنسىپلىرى بايان قىلىنغان بولۇپ، بۇ پرىنسىپلار ئىسلام ئوتتۇرىغا سۈنۇۋاتقان، ئەمما يەھۇدىيلار غەلىتە، يېڭى ئىش چاغلاپ رەت قىلىۋاتقان پرىنسىپلارنىڭ ئۆزى ئىدى.

ئۇلارنىڭ ئاللاھ بىلەن قىلىشقان ئەھدىسى تۆۋەندىكى نۇقتىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى.

**1** - پەقەت ئاللاھقىلا بەندىچىلىك قىلىش، ئۇنىڭغا ھېچ كىشىنى شېرىك كەلتۈرمەسلىك بولۇپ، بۇ بەلگىلىمە تەۋھىد ئەقىدىسىنىڭ بىرىنچى پىرىنسىدۇر.

**2** - ئاتا - ئانىغا، ئۇرۇق - تۇغقانلارغا، يېتىم - مىسكىنلەرگە ياخشى مۇئامىلە قىلىش، كىشىلەرگە ياخشى ئىشلارنى تەۋسىيە قىلىش قاتارلىقلار بولۇپ، "ياخشىغا بۇيرۇپ، يامان ئىشلاردىن توسۇش" ئەلۋەتتە بۇلاردىنمۇ ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدۇ

**3** - ناماز ۋە زاكاتنىڭ پەرز قىلىنىشى بولۇپ، خۇلاسىلەپ ئېيتقاندا، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىسلامدىمۇ ئەڭ مۇھىم ئاساسلىق پەرز ئىشلار سانىلاتتى. بۇ بەلگىلىمىلەردىن مۇنداق ئىككى مۇھىم ھەقىقەت ئايدىڭلىشىدۇ:

**1** - ئاللاھنىڭ دىنىنىڭ ئەزەلدىنلا بىر ئىكەنلىكى ۋە ئۇنىڭ ئەڭ ئاخىرى بولغان بۇ دىنىنىڭ ئىلگىرىكى دىنلار ئوتتۇرىغا قويغان نوقتىلىق ئاساسلارنىڭ ھەممىنى تەستىقلايدىغانلىقى.

**2** - يەھۇدىيلارنىڭ ئىسلامغا ناھايىتىمۇ بەك ئۆچمەنلىك قىلىدىغانلىقى، گەرچە ئىسلام ئۇلارنى ئاللاھقا بەرگەن ئىلگىرىكى ئەھدىسىگە ۋاپا قىلىشقا چاقىرىۋاتقان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ يەنىلا ئىنكارچىلىق قىلىدىغانلىقى.

ئۇلارنىڭ مانا شۇنداق نومۇسسىزلارچە پوزىتسىيەسى تۈپەيلى ئايەتنىڭ يۆنىلىشى ھېكايە ئۇسلۇبىدىن خىتاب شەكلىگە ئۆزگىرىپ، يەھۇدىيلارغا توغرىلىنىدۇ. ۋەھالەنكى، بۇنىڭدىن ئىلگىرى بەنى ئىسرائىلنى قويۇپ، مۇئمىنلەرگە خىتاب قىلىنىۋاتماقتا ۋە ئۇلارغا بەنى ئىسرائىلنىڭ ناچار ئىللەتلىرى ئېچىپ بېرىلمەكتە ئىدى. ئەمدىلىكتە ئۇلارنىڭ ئىپلاس قىلمىشلىرىنى بايان قىلىۋېتىپ، بىردىنلا ئۇلارغا بىۋاستە خىتاب قىلىنغانلىقى، ئۇلارغا نىسبەتەن ناھايىتىمۇ بەك شەرمەندىلىك ئىدى.

«ثُمَّ تَوَلَّيۡتُمۡ إِلَّا قَلِيلاً مِّنكُمۡ وَأَنتُم مُّعۡرِضُونَ» «*ئەمما ئاز بىر قىسىم كىشىلەردىن باشقا ھەممىڭلار ئەھدىدىن يۈز ئۆرىدىڭلار ۋە ھازىرغىچە يۈز ئۆرۈپ تۇرىۋاتىسىلەر*».

مانا بۇنىڭدىن ئاللاھنىڭ بۇ ئاجايىپ كىتابىدا ۋەقەلەر بايان قىلىنىۋېتىپ، نېمە ئۈچۈن تۇيۇقسىزلا سۆزنىڭ يۆنىلىشى ئۆزگىرىدىغانلىقىدىكى بەزى سىرلارنى ۋە ئۇنىڭدا زادى قانداق ھېكمەتلەرنىڭ يوشۇرۇنغانلىقىنى بىلىپ يېتەلەيمىز.

بۇندىن كېيىنكى خىتابنىڭ يۆنىلىشى يەنە بەنى ئىسرائىل تەرەپكە قارىتىلغان بولۇپ، قۇرئان كەرىم ئۇلارغا خىتاب قىلىپ، ئۇلارنىڭ تۇتقان يولىدا قانداق زىتلىقلارنىڭ مەۋجۇتلىقىنى ۋە ئۇلارنىڭ قايسى - قايسى جايلاردا ئاللاھقا بەرگەن ئەھدىسىگە خىلاپلىق قىلغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىدۇ.

«وَإِذۡ أَخَذۡنَا مِيثَٰقَكُمۡ لَا تَسۡفِكُونَ دِمَآءَكُمۡ وَلَا تُخۡرِجُونَ أَنفُسَكُم مِّن دِيَٰرِكُمۡ ثُمَّ أَقۡرَرۡتُمۡ وَأَنتُمۡ تَشۡهَدُونَ» «*شۇنىمۇ ئەسلەڭلاركى، ئۆز ۋاقتىدا بىر- بىرىڭلارنىڭ قېنىنى تۆكمەسلىككە، بىر- بىرىڭلارنى*

*يۇرتلىرىڭلاردىن ھەيدەپ چىقارماسلىققا سىلەردىن چىن ئەھدە ئالغان ئىدۇق. كېيىن بۇنى (يەنى ئەھدىنى) ئېتىراپ قىلغان ئىدىڭلار ۋە ھازىرمۇ ئۆزەڭلار گۇۋاھسىلەر».*

**لېكىن بۇنداق ئېتىراپ قىلىپ، گۇۋاھلىق بەرگەندىن كېيىن نېمىلەر بولماقتا؟**

«ثُمَّ أَنتُمْ هَٰٓؤُلَآءِ تَقْتُلُونَ أَنفُسَكُمْ وَتُخْرِجُونَ فَرِيقًا مِّنكُم مِّن دِيَٰرِهِمْ تَظَٰهَرُونَ عَلَيْهِم بِٱلْإِثْمِ وَٱلْعُدْوَٰنِ وَإِن يَأْتُوكُمْ أُسَٰرَىٰ تُفَٰدُوهُمْ وَهُوَ مُحَرَّمٌ عَلَيْكُمْ إِخْرَاجُهُمْ ۚ أَفَتُؤْمِنُونَ بِبَعْضِ ٱلْكِتَٰبِ وَتَكْفُرُونَ بِبَعْضٍ ۚ» *«بىراق ئەمەلىيەتتە يەنە سىلەر بىر- بىرىڭلارنى ئۆلتۈرىسىلەر، ئىچىڭلاردىن بىر تۈركۈم كىشىلەرنى يۇرتىدىن ھەيدەپ چىقىرىسىلەر، يولسىزلىق ۋە دۈشمەنلىك قىلىپ، ئۇلارغا قارشى گۇرۇھۋازلىق قىلىسىلەر، ئۇلار ئۇرۇشتا ئەسىر ئېلىنىپ كەلسە، ئۇلارنىڭ قويۇپ بېرىلىشى ئۈچۈن فىدىيە (يەنى تۆلەم) سودىسى قىلىپ يۈرىسىلەر، ھالبۇكى، ئۇلارنى يۇرتلىرىدىن ھەيدەپ چىقىرىش ئەزەلدىنلا سىلەرگە ھارام قىلىنغان ئىدى. ئەجەبا سىلەر كىتابنىڭ بىر قىسمىغا ئىمان كەلتۈرۈپ، يەنە بىر قىسمىغا كۇپۇرلۇق قىلامسىلەر؟»*.

قۇرئان كەرىم يەھۇدىيلارغا قارشى بايان قىلىۋاتقان بۇ ۋەقە، شۇنىڭدىن مەلۇم مەزگىل ئىلگىرى ئەۋس بىلەن خەزرەج قەبىلىسى ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشتا يۈز بەرگەن ئىدى. ئەۋس بىلەن خەزرەج مۇشرىكلىرى يەسرىب (مەدىنە)نىڭ ئىككى مەشھۇر قەبىلىسى بولۇپ، ئۆز - ئارا دۈشمەنلىشىشتە پۈتۈن ئەرەب خەلقى ئىچىدە مىسلى يوق ئىدى. يەسرىبتە يەھۇدىيلارنىڭمۇ ئۈچ قەبىلىسى بار ئىدى. ئۇلارنىڭ بەزىسى خەزرەجنى ھىمايە قىلسا، بەزىسى ئەۋسنى قوللايتتى. ئۇلار ئۇرۇشقان چاغدا، يەھۇدى قوللىغۇچىلىرىمۇ تەڭ جەڭگە قاتنىشاتتى. شۇنىڭ بىلەن، بۇ تەرەپتىكى يەھۇدىيلار ئۇ تەرەپتىكى يەھۇدىيلارنى ئۆلتۈرىدىغان ئىشلار يۈز بېرىپ، ئاللاھقا قىلغان ئەھدىسىگە خىلاپلىق قىلغان بولۇشاتتى. قايسى تەرەپ غەلىبە قازىنىپ قالسا، شۇ تەرەپتىكى يەھۇدىيلار قارشى تەرەپتىكى يەھۇدىي قېرىنداشلىرىنى تالان - تاراج قىلىشاتتى، ئۆيلىرىدىن قوغلاپ چىقىرىشاتتى، ئاياللىرىنى تۇتۇپ قۇل قىلىشىۋالاتتى. ۋەھالەنكى، ئاللاھقا بەرگەن ئەھدىنىڭ ماددىلىرىغا كۆرە، بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئۇلارغا نىسبەتەن مۇتلەق ھارام ئىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇرۇش تۈگىگەن چاغدا، غالىب يەھۇدىيلار مەغلۇپ بولغان ئەسىر يەھۇدىيلارنىڭ فىدىيەسىنى تۆلەيتتى. ئەسىرلەر مەيلى قايسى تەرەپتە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۇلارنى ئەسىرلىكتىن ۋە قۇللۇقتىن قۇتۇلدۇرۇپ قوياتتى. بۇ ئىشنى ئۇلار تەۋراتتىكى: «سىلەرگە بەنى ئىسرائىل قەۋمىدىن قانداقلا ئەسىر ياكى قۇل ئۇچراپ قالسا، ئۇنى سېتىۋېلىڭلار ۋە ئازات قىلىڭلار» دېگەن ھۆكۈمگە ئەمەل قىلغان ئاساستا قىلاتتى. مانا بۇ، ئۇلارنىڭ ئەمەلىي ھاياتىدىكى ئەڭ مۇھىم غەلىتە زىتلىق بولۇپ، قۇرئان كەرىم بۇنى ئۇلارنىڭ ئالدىغا قويۇپ، ئۇلاردىن: «أَفَتُؤْمِنُونَ

بِبَعْضِ ٱلْكِتَٰبِ وَتَكْفُرُونَ بِبَعْضٍ ۚ» «ئەجىبا سىلەر كىتابنىڭ بىر قىسمىغا ئىمان كەلتۈرۈپ، يەنە بىر قىسمىغا كۇپۇرلۇق قىلامسىلەر؟» دەپ سورايدۇ.

ئاللاھ تائالا بۇنىڭ ئەھدىگە ئوچۇق ھالدا خىلاپلىق قىلىش ئىكەنلىكىنى، شۇڭا ئۇلارغا دۇنيادىكى خار - زەبۇنلۇق ۋە ئاخىرەتتىكى قاتتىق ئازاب بىلەن تەھدىت سېلىنىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىدۇ. ھەمدە ئاللاھ تائالانىڭ نە ئۇلاردىن غاپىل ئەمەسلىكىنى، نە ئۇلارنىڭ بۇنداق ئوپ - ئوچۇق جىنايەتلىرىنى ئەپۇ قىلمايدىغانلىقىنى تەكىتلەپ: «فَمَا جَزَآءُ مَن يَفْعَلُ ذَٰلِكَ مِنكُمْ إِلَّا خِزْىٌ فِى ٱلْحَيَوٰةِ ٱلدُّنْيَا ۖ وَيَوْمَ ٱلْقِيَٰمَةِ يُرَدُّونَ إِلَىٰٓ أَشَدِّ ٱلْعَذَابِ ۗ وَمَا ٱللَّهُ بِغَٰفِلٍ عَمَّا تَعْمَلُونَ» «سىلەردىن ئۇنداق قىلغانلارنىڭ جازاسى دۇنيا ھاياتىدا خورلۇق ۋە ئاخىرەتتە ئەڭ شىددەتلىك قاتتىق ئازابتىن باشقا نېمە بولسۇن؟ ئاللاھ بۇ قىلمىشلىرىڭلاردىن ھەرگىز خەۋەرسىز ئەمەس» دەيدۇ.

بۇنىڭ ئارقىدىن خىتابنىڭ يۆنىلىشى ئومۇمەن پۈتۈن ئىنسانلار، خۇسۇسەن مۇسۇلمانلار تەرەپكە بۇرۇلۇپ: «أُو۟لَٰٓئِكَ ٱلَّذِينَ ٱشْتَرَوُا۟ ٱلْحَيَوٰةَ ٱلدُّنْيَا بِٱلْءَاخِرَةِ ۖ فَلَا يُخَفَّفُ عَنْهُمُ ٱلْعَذَابُ وَلَا هُمْ يُنصَرُونَ» «ئەنە شۇلار ئاخىرەتنى بېرىپ، دۇنيانى سېتىۋالغان كىشىلەردۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ جازاسى قىلچە يېنىكلىتىلمەيدۇ ۋە ياردەممۇ قىلىنمايدۇ» دېيىش ئارقىلىق ئۇلارغا يەھۇدىيلارنىڭ زادى قانداق خاراكتېرگە ئىگە ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ قىلغان ۋە قىلىۋاتقان قىلمىشلىرىنىڭ قانداق ئاقىۋەتكە دۇچار بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىدۇ.

دېمەك، ئۇلارنىڭ: «بىز دوزاق ئوتىدا ساناقلىق بىر قانچە كۈنلا كۆيىمىز» دېگەن دەۋاسى پۈتۈنلەي ئاساسسىز بولۇپ، نە ئۇلارنىڭ ئازابى قىلچە يېنىكلىتىلمەيدۇ، نە ئۇلارغا بىرەر مەدەتكار بولمايدۇ.

ئۇلارنىڭ قانداقلارچە ئاخىرەتنى دۇنيا ھاياتى ئۈچۈن ساتقانلىقىنىڭ تەپسىلاتىغا كەلسەك، ئەسلىدە ئۇلار دۇنيالىق مەنپەئەتنى دەپلا مۇشرىكلەر بىلەن تۈزگەن ئەھدىلىرىنى، يەنە كېلىپ ئۇنى ئورۇنلاشتا چوقۇم ئاللاھنىڭ كىتابىدىكى ھۆكۈملەرگە خىلاپلىق قىلىشقا توغرا كېلىدىغان ئەھدىلەرنى ئورۇنلاپ، ئاللاھقا بەرگەن ئەھدىسىنى بۇزۇشقان ئىدى.

شۇنى ئەستە چىڭ ساقلاش كېرەككى، ئىككى گورۇھقا بۆلۈنۈپ، قارىمۇ قارشى ئىككى تەرەپنى قوللاش ئەزەلدىن يەھۇدىيلارنىڭ كونا ئويۇنى بولۇپ كەلمەكتە. ئۇلار دائىم ئوتتۇرىدا تۇرىۋالاتتى، ئېھتىيات قىلىش ئۈچۈن قارىمۇ قارشى ئىككى تەرەپنىڭ ھەر ئىككىلىسىنى تەڭ قوللايتتى. بۇ ئارقىلىق قايسى تەرەپ غەلىبە قىلسا، ئۇنىڭ قولغا كەلتۈرگەن مەنپەئەتلىرىدىن ئۆزلىرىگىمۇ تېگىشلىك نېسۋە ساقلىماقچى ھەمدە غەلىبىنىڭ يەھۇدىيلارنىڭمۇ غەلىبىسى بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇرماقچى بولاتتى. ئاللاھقا ئىشەنمەيدىغان ۋە ئاللاھنىڭ ئارغامچىسىغا مەھكەم ئېسىلمايدىغان كىشىلەرنىڭ ئادىتى دائىم مۇشۇنداق بولۇپ كەلگەن. بۇنداق

كىشىلەر ھەمىشە ھىلە - نەيرەڭ، مەككارلىق بىلەن ئىش تۇتىدۇ. ئاللاھنىڭ ئەمەس، ئىنسانلارنىڭ ياردىمىدىن ئايرىلماسلىققا تىرىشىدۇ. ئۇلار ئاللاھقا بەرگەن ئەھدە - پەيماندىنمۇ بەكرەك ئىنسان بىلەن تۈزۈشكەن توختاملىرىغا ئەمەل قىلىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ.

بىراق ھەقىقىي ئىمان شەرىئەتكە خىلاپ كېلىدىغان ۋە ئاللاھقا بەرگەن ئەھدىنى بۇزۇشقا توغرا كېلىدىغان ھەرقانداق بىر ئىش ئۈچۈن ئەھدىلىشىشنى توسىدۇ. ھەرقانداق ھېكمەت ۋە ھەرقانداق مۇداپىئەلىنىش تەدبىرى ئۈچۈنمۇ بۇنداق ئەھدىلەرنى تۈزۈشكە قەتئىي بولمايدۇ. چۈنكى ئىنساننىڭ نىجاتلىقى پەقەت ئاللاھقا بەرگەن ئەھدىسىگە ۋاپا قىلىشىغا ھەمدە ئاللاھنىڭ ئەھكاملىرىنى بىجانىدىل ئورۇنلاپ، ئۆز دىنىغا تولۇق ئەگىشىشىگە باغلىق بولىدۇ.

**********

## پەيغەمبەرگە ئىتائەت قىلىش

بۇنىڭدىن كېيىنكى ئايەتلەر بەنى ئىسرائىل قەۋمىنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە قارشى تۇتقان پوزىتسىيەسىنى يۈزىگە ئۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئۆز پەيغەمبەرلىرى ئېلىپ كەلگەن ھەقىقەتلەرگە قارشى ئېلىپ بارغان ناچار قىلمىشلىرىنى ئىزاھلاپ بېرىدۇ.

وَلَقَدْ ءَاتَيْنَا مُوسَى ٱلْكِتَـٰبَ وَقَفَّيْنَا مِنۢ بَعْدِهِۦ بِٱلرُّسُلِ ۖ وَءَاتَيْنَا عِيسَى ٱبْنَ مَرْيَمَ ٱلْبَيِّنَـٰتِ وَأَيَّدْنَـٰهُ بِرُوحِ ٱلْقُدُسِ ۗ أَفَكُلَّمَا جَآءَكُمْ رَسُولٌۢ بِمَا لَا تَهْوَىٰٓ أَنفُسُكُمُ ٱسْتَكْبَرْتُمْ فَفَرِيقًا كَذَّبْتُمْ وَفَرِيقًا تَقْتُلُونَ ﴿٨٧﴾

*«بىز مۇساغا كىتاب بەردۇق. ئاندىن ئارقىمۇ ئارقىدىن پەيغەمبەر ئەۋەتتۇق، مەريەم ئوغلى ئىساغا ئوچۇق مۆجىزىلەرنى بېرىپ ئەۋەتتۇق، ھەمدە ئۇنىڭغا پاك روھ (يەنى، روھۇلقۇدۇس) بىلەن ياردەم قىلدۇق. بۇ سىلەرنىڭ قانداق قىلىقىڭلاركى، ھەر قاچان بىرەر پەيغەمبەر نەپسىڭلار خاھلىمىغان بىرەر نەرسە ئېلىپ كەلسە، تەكەببۇرلۇق قىلىسىلەر، بىرىنى ئىنكار قىلىسىلەر، يەنە بىرىنى ئۆلتۈرىسىلەر»*[87].

ئەسلىدە، يەھۇدىيلارنىڭ ئىسلامدىن يۈز ئۆرۈشىدىكى ۋە ئىسلامغا كىرىشتىن باش تارتىشىدىكى بىردىنبىر ئاساسى ئۆزلىرىنىڭ نۇرغۇنلىغان پەيغەمبەرلەر ئېلىپ كەلگەن قانۇن - شەرىئەتلەرگە ئىگە ئىكەنلىكىنى، شۇنداقلا ئەشۇ پەيغەمبەرلەرنىڭ شەرىئىتىگە ئەگىشىپ ھايات كەچۈرىۋاتقانلىقىنى دەۋا قىلىشلىرى ئىدى. شۇڭا قۇرئان كەرىم بۇ يەردە ئۇلارنىڭ مەزكۇر پۈچەك داۋراڭلىرىغا زەربە بېرىپ، يۈزىدىكى نىقاپلىرىنى يىرتىپ تاشلايدۇ ھەمدە شۇ ئارقىلىق ئۇلارنىڭ پەيغەمبەرلەرگە ۋە پەيغەمبەرلەر ئېلىپ كەلگەن شەرىئەتلەرگە زادى قانداق

پوزىتسىيىدە بولغانلىقىنى ئاشكارىلاپ بېرىدۇ. ھەققانىيەتنى يۈزمۇيۈز كۆرگەن چاغلاردىمۇ، ئۇلارنىڭ پوزىتسىيىسىدە قىلچە ئۆزگىرىش بولمىغانلىقىنى، يەنىلا شۇ يەھۇدىلىق تەبىئىتىدىن ۋاز كەچمىگەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ بېرىدۇ.

ئالدىنقى بۆلۈملەردە بەنى ئىسرائىل قەۋمىنىڭ ئاللاھ تەرىپىدىن بېرىلگەن كىتابقا ۋە مۇسا ئەلەيھىسسالامغا قارشى تۇتقان پوزىتسىيەلىرى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بېرىلگەن ئىدى. ئەمدىلىكتە بولسا، ئۇلارغا ئارقىمۇ ئارقا پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەۋەتىلگەنلىكى ۋە بۇ پەيغەمبەرلەر كارۋىنىنىڭ ئاخىرقى ھالقىسىنى مەريەم ئوغلى ئىيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ شەكىللەندۈرگەنلىكى، ئاللاھ تائالانىڭ ئۇنىڭغا ئوپئوچۇق مۆجىزىلەرنى بېرىپ، "رۇھۇل قۇددۇس" (جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام) بىلەن ياردەم قىلغانلىقى بايان قىلىنماقتا.

بەنى ئىسرائىل قەۋمى بۇ پەيغەمبەرلەر كارۋىنىغا ۋە ئۇنىڭ ئاخىرقى ھالقىسىنى شەكىللەندۈرگەن مەريەم ئوغلى ئىسا ئەلەيھىسسالامغا زادى قانداق مۇئامىلە قىلىشتى؟ قانداق قارشى ئېلىشتى؟

مانا بۇ، قۇرئان كەرىم ئەيىپلەۋاتقان ۋە ئۇلار ئۆزلىرىمۇ ئىنكار قىلالمايۋاتقان ناچار پوزىتسىيەلىرى... ھەتتا ئۇلارنىڭ ئۆز كىتابلىرىمۇ بۇ ھەقىقەتلەرنى ئىقرار قىلىپ، ئەينەن كۆرسىتىپ بەرمەكتە.

«أَفَكُلَّمَا جَآءَكُمۡ رَسُولُۢ بِمَا لَا تَهۡوَىٰٓ أَنفُسُكُمُ ٱسۡتَكۡبَرۡتُمۡ فَفَرِيقٗا كَذَّبۡتُمۡ وَفَرِيقٗا تَقۡتُلُونَ»

*«بۇ سىلەرنىڭ قانداق قىلىقىڭلاركى، ھەر قاچان بىرەر پەيغەمبەر نەپسانىي خاھىشىڭلارغا زىت بىرەر نەرسە ئېلىپ كەلسە، تەكەببۇرلۇق قىلىسىلەر، بىرىنى ئىنكار قىلىساڭلار، يەنە بىرىنى ئۆلتۈرىسىلەر».*

ھىدايەت يولىدىكى كىشىلەرنى ۋە شەرئىي پرىنسىپلارنى ئۆتكۈنچى ئارزۇلار بىلەن تۇراقسىز ھەۋەسلەرگە ئەگەشتۈرۈشكە تىرىشىش، مىجەز - خاراكتېر بۇزۇلغان، شۇنداقلا ئىنسانلاردا ئادالەت مەنتىقىسى قالمىغان ۋەزىيەتلەردە ناھايىتى كۆپ كۆرۈلىدۇ.

بۇ مەنتىق شۇنى تەقەززا قىلىدۇكى، شەرىئەت ئىنسانىي ھەۋەسلەرگە ئەسىر بولمىغان، نەپسانىي خاھىشلار تەرىپىدىن مەغلۇپ بولمىغان، تۇراقسىز ئىنسانىي مەنبەلەردىن تاشقىرى مۇقىم بىر مەنبەنى مەركەز قىلىپ، بارلىق ئىنسانىيەتنى شاتلىق ۋە قايغۇ، كېسەللىك ۋە سالامەتلىك، ئارزۇ ۋە ھەۋەس دېگەنگە ئوخشاش تۇيغۇلار تەرىپىدىن ئالدىتىلمىغان مۇقىم بىر مىزان تەرەپكە يۈزلەندۈرگەن بولۇشى لازىم. شۇڭا ئاللاھ تائالا بۇيەردە مۇسۇلمانلارنىڭمۇ ئۇلار بىلەن ئوخشاش خاتالىقنى سادىر قىلىپ، ئاللاھقا بەرگەن ئەھدىسىنىڭ مۇھىم ماددىسى بولغان يەر يۈزىنىڭ خەلىپىلىكىنى ۋە ئاللاھنىڭ باشقا ئامانەتلىرىنى ئۈستىگە ئېلىش ۋەزىپىسىنى قولدىن كەتكۈزۈپ قويماسلىقى ئۈچۈن، بەنى ئىسرائىل قەۋمىگە ئالاقىدار بۇ تۈردىكى خەۋەرلەرنى تىلغا ئالماقتا. چۈنكى مۇسۇلمانلار قانداقلا چاغدا بەنى ئىسرائىل چۈشكەندەك ئازغۇنلۇقلارغا چۈشىدىكەن، ئاللاھنىڭ شەرىئىتىنى بىر چەتكە قايرىپ قويىدىغان، ئۆز خاھىشىغا كۆرە ھەرىكەت قىلىپ، بىر قىسىم دىندارلارنى ئۆلتۈرسە، يەنە بىر

قىسمىنى قارىلايدىغان بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئاللاھ ئۇلارنىمۇ خۇددى بەنى ئىسرائىل مۇبتىلا بولغاندەك گۇرۇھۋازلىق، چۇشكۇنلۇك، پەسكەشلىك، خارلىق ۋە بەدبەختلىك ئىللەتلىرىگە مۇبتىلا قىلىدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە، يالغۇز ئاللاھنىڭ ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۆكمىگە ئەگىشىپ، ئازرۇ - ھەۋەسلىرىنى ئاللاھنىڭ كىتابىغا ۋە شەرىئىتىگە ئۇيغۇنلاشتۇرىدىكەن، شۇنداقلا ئاللاھقا بەرگەن ۋەدىسىنى ئورۇنلاپ، شۇ ۋەدىگە مەھكەم ئېسىلىدىكەن، روشەن كىتابتا بايان قىلىنغان ھەقىقەتلەرنى تىڭشاپ، ھىدايەتكە ئېرىشىش ئۇچۇن پۇتۇن كۈچى بىلەن تىرىشىدىكەن، ئەنە شۇ چاغدىلا ئازابتىن قۇتۇلالايدۇ.

**********

## پەردىلەنگەن قەلبلەر

ئەمدى قۇرئان كەرىم يەھۇدىيلارنىڭ پەيغەمبەرلەرگە قارشى تۇتقان پوزىتسىيەسىنى تەپسىلى بايان قىلىپ بېرىدۇ. ئاندىن ئۇلارنىڭ يۇ يېڭى پەيغەمبەرگە قارشى پوزىتسىيەسىنىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇپ بېرىدۇ. مانا بۇ يەردە كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئۇلار يەنىلا كونا يولىنى داۋاملاشتۇرىۋېرىدۇ، چۈنكى يەھۇدىيلار خۇددى ئۆز پەيغەمبەرلىرىگە قارشى چىققان ئىلگىرىكى يەھۇدىيلارغا ئوخشاش بەرىبىر يەھۇدىيلار - دە؟!

وَقَالُواْ قُلُوبُنَا غُلۡفُۢۚ بَل لَّعَنَهُمُ ٱللَّهُ بِكُفۡرِهِمۡ فَقَلِيلٗا مَّا يُؤۡمِنُونَ ﴿٨٨﴾ وَلَمَّا جَآءَهُمۡ كِتَٰبٞ مِّنۡ
عِندِ ٱللَّهِ مُصَدِّقٞ لِّمَا مَعَهُمۡ وَكَانُواْ مِن قَبۡلُ يَسۡتَفۡتِحُونَ عَلَى ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ فَلَمَّا جَآءَهُم مَّا
عَرَفُواْ كَفَرُواْ بِهِۦۚ فَلَعۡنَةُ ٱللَّهِ عَلَى ٱلۡكَٰفِرِينَ ﴿٨٩﴾ بِئۡسَمَا ٱشۡتَرَوۡاْ بِهِۦٓ أَنفُسَهُمۡ أَن يَكۡفُرُواْ
بِمَآ أَنزَلَ ٱللَّهُ بَغۡيًا أَن يُنَزِّلَ ٱللَّهُ مِن فَضۡلِهِۦ عَلَىٰ مَن يَشَآءُ مِنۡ عِبَادِهِۦۖ فَبَآءُو بِغَضَبٍ عَلَىٰ غَضَبٖۚ
وَلِلۡكَٰفِرِينَ عَذَابٞ مُّهِينٞ ﴿٩٠﴾ وَإِذَا قِيلَ لَهُمۡ ءَامِنُواْ بِمَآ أَنزَلَ ٱللَّهُ قَالُواْ نُؤۡمِنُ بِمَآ أُنزِلَ عَلَيۡنَا
وَيَكۡفُرُونَ بِمَا وَرَآءَهُۥ وَهُوَ ٱلۡحَقُّ مُصَدِّقٗا لِّمَا مَعَهُمۡۗ قُلۡ فَلِمَ تَقۡتُلُونَ أَنۢبِيَآءَ ٱللَّهِ مِن قَبۡلُ إِن
كُنتُم مُّؤۡمِنِينَ ﴿٩١﴾ ۞ وَلَقَدۡ جَآءَكُم مُّوسَىٰ بِٱلۡبَيِّنَٰتِ ثُمَّ ٱتَّخَذۡتُمُ ٱلۡعِجۡلَ مِنۢ بَعۡدِهِۦ وَأَنتُمۡ
ظَٰلِمُونَ ﴿٩٢﴾ وَإِذۡ أَخَذۡنَا مِيثَٰقَكُمۡ وَرَفَعۡنَا فَوۡقَكُمُ ٱلطُّورَ خُذُواْ مَآ ءَاتَيۡنَٰكُم بِقُوَّةٖ

وَٱسۡمَعُواْۖ قَالُواْ سَمِعۡنَا وَعَصَيۡنَا وَأُشۡرِبُواْ فِي قُلُوبِهِمُ ٱلۡعِجۡلَ بِكُفۡرِهِمۡۚ قُلۡ بِئۡسَمَا يَأۡمُرُكُم بِهِۦٓ إِيمَٰنُكُمۡ إِن كُنتُم مُّؤۡمِنِينَ ﴿٩٣﴾

ئۇلار: «دىللىرىمىز پەردىلەنگەن» دېيىشىدۇ. ئۇنداق ئەمەس، ئۇلارنىڭ كۇفرى سەۋەبلىك ئاللاھ ئۇلارغا لەنەت قىلدى، شۇڭا ئۇلاردىن ئىمان ئېيتىدىغانلار ناھايىتى ئاز[88]. ئەمدى ئۇلارغا ئاللاھ تەرىپىدىن بىر كىتاب (يەنى قۇرئان) كەلگەندە، ئۇنىڭغا قانداق مۇئامىلە قىلىۋاتىدۇ؟ ھالبۇكى، ئۇ (قۇرئان) ئۇلاردىكى كىتابنى تەستىقلايدىغان تۇرسا؟! ھەتتا قۇرئان كېلىشتىن ئىلگىرى ئۇلار كاپىرلارغا قارشى ئۆزلىرىگە غەلىبە، نۇسرەت ئۈچۈن دۇئا قىلىپ كەلگەن تۇرسا؟! ئەمما ئۇلار بىلىدىغان (تەۋراتتا سۈپىتى بايان قىلىنغان ئەشۇ قۇرئان بىلەن پەيغەمبەر) كەلگەن چاغدا، ئۇنى تونۇپ يېتىپمۇ، ئىنكار قىلىشتى. ئاللاھنىڭ لەنىتى ئەشۇ ئىنكارچىلارغا بولسۇن[89]. ئۇلارنىڭ ئۆزىنى تېگىشىپ سېتىۋالغان نەرسىسى نېمىدېگەن يامان! يەھۇدىيلارنىڭ ئاللاھ نازىل قىلغان ھىدايەتنى قوبۇل قىلىشتىن ئىنكار قىلىشى ئاللاھنىڭ ئۆز پەزلىنى (يەنى ۋەھيي بىلەن پەيغەمبەرلىكنى) ئۆزى خالىغان بەندىسىگە چۈشۈرگەنلىكىگە ھەسەت قىلىش يۈزىسىدىندۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار ئەمدى غەزەپ ئۈستىگە غەزەپكە تېگىشلىك بولدى. بۇنداق كاپىرلار قاتتىق خورلىغۇچى ئازابقا دۇچار بولىدۇ[90].

ئۇلارغا: «ئاللاھ نازىل قىلغان (قۇرئان)غا ئىمان كەلتۈرۈڭلار» دېيىلسە، ئۇلار: «ئۆزىمىزگە (يەنى بەنى ئىسرائىل نەسلىگە) نازىل قىلىنغان كىتابقىلا ئىمان كەلتۈرىمىز» دەيدۇ. ئۇ (قەۋم) دائىرىسىنىڭ سىرتىدا كەلگەن كىتابقا (يەنى قۇرئانغا) ئىشەنمەيدۇ. ھالبۇكى ئۇ (قۇرئان) ھەقتۇر، ئۇلارنىڭ ئىلگىرىكى تەلىماتلىرىنى تەستىق قىلغۇچىدۇر.

ئۇلارغا: «ئەگەر ئۆزەڭلارغا كەلگەن كىتابقىلا ئىشەنگەن بولساڭلار، ئىلگىرى نېمە ئۈچۈن ئاللاھنىڭ (بەنى ئىسرائىل ئىچىدىن چىققان) پەيغەمبەرلىرىنى ئۆلتۈردۈڭلار؟» دېگىن[91].

سىلەرگە مۇسا ھەقىقەتەن ئوچۇق مۆجىزىلەر بىلەن كەلدى، شۇنداقتىمۇ سىلەر مۇسا (تۇر تېغىغا كەتكەن)دىن كېيىنلا، ئۆزەڭلارغا زۇلۇم قىلىپ موزاينى مەبۇد قىلىۋالدىڭلار[92]. ئەسلەڭلاركى، ئۆز ۋاقتىدا تۇر تېغىنى ئۈستۈڭلارغا تىكلەپ، بىز سىلەردىن ئەھدە ئالغان ئىدۇق، سىلەرگە قاتتىق تەكىتلەپ: «بىز بېرىۋاتقان يوليورۇقلارغا قەتئىي بويسۇنۇڭلار ۋە قۇلاق سېلىپ ئاڭلاڭلار» دېگەن ئىدۇق. سىلەرنىڭ ئەجدادلىرىڭلار: «بىز ئاڭلىدۇق، ئەمما ئىتائەت قىلمايمىز» دېيىشتى. ئۇلارنىڭ كۇپۇرلۇقى شۇ دەرىجىگە يەتكەنكى، دىللىرىغا پۈتۈنلەي موزايلا سىڭىپ كەتكەن ئىدى. ئۇلارغا ئېيتقىنكى: «ئەگەر سىلەر مۆئمىن بولساڭلار، ئىمانىڭلار سىلەرنى ئەجەب يامان ئىشقا بۇيرۇيدىكەنا؟!»[93].

**بۇ يەردە قۇرئان كەرىمنىڭ بايان تەرزى قاتتىقلىشىپ، بەزى جايلاردا ھەتتا خۇددى چاقماق چېقىۋاتقاندەك ياكى ئوت چاچراۋاتقاندەك شىددەتلىك تۈس ئالىدۇ. قۇرئان كەرىم بەنى ئىسرائىلنىڭ تارىخي قىلمىشلىرىنى ئالدىغا قويۇپ، ئۇلارنى جاۋاب بېرىشكە پۈتۈنلەي ئامالسىز قالدۇرغان ھالدا جاۋابكارلىققا تارتىدۇ. ئۇلار نە بىرەر پاكىت، نە بىرەر باھانە كۆرسىتەلمەي قالىدۇ. ئەسلىدە، ئۇلار مۇتەكەببۇرلۇقى يۈزىسىدىن ھەققانىيەتنى قوبۇل قىلىشتىن قاچاتتى، ئۇلارنىڭ قەلبى ئىسلامغا بولغان ئۆچمەنلىككە تولۇپ تاشقان بولۇپ، ئۇلار مۇسۇلمانلارنى كەمسىتىپ، قېچىپ يۈرىدىغان بولۇۋالغان ئىدى. ئۇلار ئۆزىدىن باشقىلارنىڭ بۇنداق يۈكسەك مەرتىۋىگە ئىگە بولۇپ قېلىشىغا قەتئىي چىداپ تۇرالمايتتى.**

شۇڭا: «نېمە ئۈچۈن ئاللاھنىڭ پەزل - رەھمىتى مۇسۇلمانلارغا بولىدۇ؟» دېگەن ھەسەت ئۇلارنىڭ قەلبىنى چىرماپ كەتكەن ئىدى. ئەمما كىشىلەرگە بولسا، نېمە ئۈچۈن ئىسلامنى قوبۇل قىلمىغانلىقىغا قارىتا يۇقىرىقىدەك سۆزلەرنى باھانە قىلىپ كۆرسەتتى. ئاللاھ تائالا بۇنىڭغا ئىنتايىن قاتتىق رەددىيە بېرىدۇ، چۈنكى ئاللاھقا ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلىغا قارشى ئۇلارنىڭ ئىنكارچى، ئاسىيلارچە پوزىتسىيىسىنىڭ ئىلاجى دەل مۇشۇ ئىدى.

«وَقَالُوا۟ قُلُوبُنَا غُلْفٌۢ ۚ بَل لَّعَنَهُمُ ٱللَّهُ بِكُفْرِهِمْ فَقَلِيلًا مَّا يُؤْمِنُونَ» «ئۇلار: ''دىللىرىمىز پەردىلەنگەن'' دېيىشىدۇ. ئۇنداق ئەمەس، ئۇلارنىڭ كۇفرى سەۋەبلىك ئاللاھ ئۇلارغا لەنەت قىلدى، شۇڭا ئۇلاردىن ئىمان ئېيتىدىغانلار ناھايىتى ئاز».

ئۇلار: «قەلبىمىز پەردىلەنگەن، ئۇنىڭغا ھېچبىر يېڭى دەۋەت يېتىپ بارالمايدۇ، نە ئۇ بىرەر يېڭى دەۋەتچىنىڭ چاقىرىقىنى ئاڭلىيالمايدۇ» دېيىشەتتى. ئۇلار بۇ سۆزلىرى ئارقىلىق پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام بىلەن مۇسۇلمانلارنى بۇ يېڭى دىن تەرەپكە يەھۇدىيلارنى چاقىرىشتىن توسماقچى بولۇشاتتى، ھەمدە ئۇنى پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ دەۋىتىنى قوبۇل قىلماسلىقلىرىغا سەۋەب قىلىپمۇ كۆرسەتتى. شۇڭا ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ سۆزىگە رەددىيە بېرىپ: «بَل لَّعَنَهُمُ ٱللَّهُ بِكُفْرِهِمْ» «ئۇنداق ئەمەس، ئۇلارنىڭ كۇفرى سەۋەبلىك ئاللاھ ئۇلارغا لەنەت قىلدى» دەيدۇ. يەنى، ئۇلار داۋاملىق ئىنكارچىلىق قىلىپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن، ئاللاھ تائالا جازا ئورنىدا ئۇلارنى ھىدايەتتىن مەھرۇم قىلدى. ھىدايەت نۇرى بىلەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا پەردە پەيدا قىلدى. «فَقَلِيلًا مَّا يُؤْمِنُونَ» «شۇڭا ئۇلاردىن ئىمان ئېيتىدىغانلار ناھايىتى ئاز».

يەنى، بۇ قەدىمىي ئازغۇنلۇق ۋە ئۇزۇلمەس كۇپۇرلۇق تۈپەيلىدىن ئۇلار ھەق يولىدىن يىراقلىشىپ كەتكەن. ئاللاھمۇ جازا ئورنىدا ئۇلارنى ھىدايەت يولىدىن مەھرۇم قىلغان. شۇڭا ئۇلاردىن ئىمان ئېيتىدىغانلار ناھايىتى ئاز.

بۇ ئايەتنىڭ يەنە بىر مەنىسى: «ئۇلار كاپىرانە پوزىتسىيەنى تاللىۋالغان، بۇ ئۇلارنىڭ مۇقىم تۇتقان يولى. شۇڭا ناھايىتى ئاز كىشى ئىمان ئېيتىدۇ» بولۇشى مۇمكىن. بۇ ھەر ئىككىلى ئۇقۇم ئىبارىنىڭ مەنىسىگە ئوخشاشلا ئۇيغۇن كېلىدۇ.

ئۇلارنىڭ كۇپۇرلۇقىنىڭ ئىنتايىن قاباھەتلىك يېرى شۇكى، ئۇلار ئۆزلىرى شۇنچە ئەسىرلەردىن بېرى كۈتۈپ تۇرىۋاتقان ۋە ھەتتا ئۇنىڭ ۋاستىسى بىلەن پۈتۈن كاپىرلاردىن غالىپ كېلىشنى ئۈمىد قىلىشىۋاتقان ئەشۇ ئاخىرقى زامان پەيغەمبىرىنى ئىنكار قىلماقتا ئىدى. ئۇلار: «ئەشۇ كېلىش ئالدىدا تۇرغان پەيغەمبەرنىڭ ۋاستىسى بىلەن نۇسرەت قازىنىمىز» دەپ ئويلىشاتتى. بىراق، دەل ئەشۇ پەيغەمبەر ئۇلارنىڭ كىتابلىرىنى تەستىقلىغان ھالدا كەلگەندە بولسا، ئۇلار كۇپۇرلۇق يولىنى تۇتۇشتى.

«وَلَمَّا جَآءَهُمۡ كِتَٰبٞ مِّنۡ عِندِ ٱللَّهِ مُصَدِّقٞ لِّمَا مَعَهُمۡ وَكَانُواْ مِن قَبۡلُ يَسۡتَفۡتِحُونَ عَلَى ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ فَلَمَّا جَآءَهُم مَّا عَرَفُواْ كَفَرُواْ بِهِۦ»

*«ئەمدى ئۇلارغا ئاللاھ تەرىپىدىن بىر كىتاب (يەنى قۇرئان) كەلگەندە، ئۇنىڭغا قانداق مۇئامىلە قىلىۋاتىدۇ؟ ھالبۇكى، ئۇ (قۇرئان) ئۇلاردىكى كىتابنى تەستىقلايدىغان تۇرسا، ھەتتا قۇرئان كېلىشتىن ئىلگىرى ئۇلار كاپىرلارغا قارشى ئۆزلىرىگە غەلىبە، نۇسرەت ئۈچۈن دۇئا قىلىپ كەلگەن تۇرسا، ئەمما ئۇلار بىلىدىغان (تەۋراتتا سۈپىتى بايان قىلىنغان ئەشۇ قۇرئان بىلەن پەيغەمبەر) كەلگەن چاغدا، ئۇنى تونۇپ تۇرۇپمۇ، ئىنكار قىلىشتى».*

مانا مۇشۇنىڭ ئۆزىلا ئۇلارنى ئاللاھنىڭ ئازابىغا ۋە ھىدايەت يولىدىن يىراققا ئېتىپ تاشلىنىشقا تېگىشلىك قىلىدىغان قەبىھ قىلمىش ئىدى. دەل مۇشۇ سەۋەبتىنلا ئاللاھنىڭ لەنىتى يېغىپ، ئۇلار ”كاپىر“ دەپ سۈپەتلەنگەن ئىدى. «فَلَعۡنَةُ ٱللَّهِ عَلَى ٱلۡكَٰفِرِينَ» *«ئاللاھنىڭ لەنىتى ئەشۇ كاپىرلارغا بولسۇن»*.

بۇنىڭ ئارقىدىن ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ قىلغان سودىسىنىڭ زىيانلىق سودا بولغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىش بىلەن بىرگە، ھىلە - نەيرەڭلىرىنىڭ ۋە يىرگىنچلىك ئەمەل تەرزىنىڭ ئەسلىدىكى مەخپىي سەۋەبلىرىنى ئېچىپ بېرىدۇ.

«بِئۡسَمَا ٱشۡتَرَوۡاْ بِهِۦٓ أَنفُسَهُمۡ أَن يَكۡفُرُواْ بِمَآ أَنزَلَ ٱللَّهُ بَغۡيًا أَن يُنَزِّلَ ٱللَّهُ مِن فَضۡلِهِۦ عَلَىٰ مَن يَشَآءُ مِنۡ عِبَادِهِۦۖ فَبَآءُو بِغَضَبٍ عَلَىٰ غَضَبٖۚ وَلِلۡكَٰفِرِينَ عَذَابٞ مُّهِينٞ» *«ئۇلارنىڭ ئۆز - ئۆزىنى بەدىلىگە سېتىۋالغان نەرسىسى نېمىدېگەن يامان! يەھۇدىيلارنىڭ ئاللاھ نازىل قىلغان ھىدايەتنى قوبۇل قىلىشتىن ئىنكار قىلىشى ئاللاھنىڭ ئۆز پەزلىنى (يەنى ۋەھيى بىلەن پەيغەمبەرلىكنى) ئۆزى خالىغان بەندىسىگە چۈشۈرگەنلىكىگە ھەسەت قىلىش يۈزىسىدىندۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇلار ئەمدى غەزەپ ئۈستىگە غەزەپكە تېگىشلىك بولدى. بۇنداق كاپىرلار قاتتىق خورلىغۇچى ئازابقا دۇچار بولىدۇ».*

ئۇلار قەستەن ئۆز - ئۆزىنىڭ بەدىلىگە كۇپۇرلۇقنى سېتىۋالدى. بۇ ئۇلارغا نىسبەتەن ناھايىتى زىيانلىق سودا بولدى. گويا ئۇلار ئۆزىنىڭ قىممىتىنى كۇپۇرلۇققا تولىگەن بولدى. ئىنسان مەيلى قانداقلا بولمىسۇن، ئۆزىگە مەلۇم باھانى قويۇپ، ئۇنى كۇپۇرلۇقنىڭ بەدىلىگە سېتىۋەتسە، بۇ ئۇنىڭغا نىسبەتەن ھەقىقەتەنمۇ زىيانلىق سودا بولغان بولىدۇ. گەرچە بۇ يەردە، بۇ ۋەقە مىسال ۋە تەسۋىر ئۈچۈن بايان قىلىنىۋاتقان بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە يەھۇدىيلار راستىنلا شۇنداق قىلغان ئىدى. ئۇلارنىڭ دۇنيادا تارتقان زىيىنى بۇ قەدىرلىك ئىمان كارۋانلىرى سېپىنىڭ ئەزاسى بولالمىغانلىقى بولۇپ قالغان بولسا، ئاخىرەتلىك زىيىنى، ناھايىتىمۇ خور قىلغۇچى ئازاپنىڭ ئۇلارنى توت كۆزى بىلەن كۈتۈۋاتقانلىقى بولدى. چۈنكى ئۇلار ھاياتى بويى كۇپۇرلۇقنىلا تاپاۋەت قىلغان ۋە ھاياتى كۇپىر ئۈستىدە ئاخىرلاشقان ئىدى.

ئۇلارنى بۇنداق پوزىتسىيەگە مەجبۇر قىلغان نەرسە، ئۇلارنىڭ قەلبىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامغا قارشى ھەسەتكە تولغانلىقىدىن ئىبارەت ئىدى. ئۇلارنىڭ خىيالىچە، ئاخىرقى زامان پەيغەمبىرى ئۇلاردىن چىقىشى كېرەك ئىدى. ئەمما ئاللاھ تائالا مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەمنى پەيغەمبەرلىككە تاللىدى. ئۇلار ئۆز قەلبىدە: «ئاللاھ ۋەھيي بىلەن پەيغەمبەرلىكنى ئۆزى خالىغان كىشىگە ئاتا قىلىدۇ» دېگەن مەرىپەت كەڭلىكىنى پەيدا قىلىپ بولۇپمۇ يەنىلا چىدىماسلىق قىلدى. بۇ قىلمىشى ئوپئوچۇق زۇلۇم ۋە چەكتىن ئاشقانلىق ئىدى. ئۇلار مانا شۇنداق زۇلۇم ۋە چەكتىن ئېشىش تۈپەيلىدىنلا غەزەپنىڭ ئۈستىگە غەزەپكە تېگىشلىك بولدى. شۇڭا بۇنداق كىبىر، ھەسەتخورلۇق، ۋە ئىپلاسلارچە ئاسىيلىقنىڭ جازاسى سۈپىتىدە ئىنتايىن خور قىلغۇچى دەھشەتلىك ئازاب ئۇلارنى تۆت كۆزى بىلەن كۈتمەكتە.

يەھۇدىيلاردا ئۇچرايدىغان بۇ ئۆزگىچە تەبىئەت، دەل تۇزكورلۇق مىجەزدىن ئىبارەت بولۇپ، بۇنداق مىجەزگە مۇبتىلا كىشىلەر ئەشەددى مۇتەئەسسىپلىكنىڭ تار دائىرىسى ئىچىدىلا شەخسىيەتچىلىك بىلەن ھايات كەچۈرۈشكە ئادەتلەنگەن بولىدۇ. بۇنداق كىشىلەر ھەردائىم باشقىلارنىڭ ياخشى بولۇشىنى ۋە بەختكە سازاۋەر بولۇشىنى ئۆزىگە نىسبەتەن مەھرۇملۇق ھېس قىلىدۇ. جۈملىدىن ئۇلار ئىنسانىيەتنىڭ چەكسىز قېرىنداشلىق تەسەۋۋۇرىدىن خالىي بولىدۇ. يەھۇدىيلارنىڭ تارىخىنى مۇھاكىمە قىلىدىغان بولساق، ئۇلارنىڭ يىللاردىن يىللارغىچە ئەنە شۇ ئىددىيە تۈپەيلى گويا ئىنسانىيەت شەجەرىسى بىلەن ھېچبىر مۇناسىۋىتى يوقتەك، پۈتۈن ئىنسانلاردىن ئايرىلىپ ھايات كەچۈرگەنلىكىنى، بەلكى تېخى پۈتۈن ئىنسانىيەتكە قارشى ھەردائىم سۈيقەست تۈزۈپلا يۈرگەنلىكىنى كۆرىمىز. ئۇلار قەلبىدە دائىم پۈتۈن ئىنسانىيەتكە قارشى ئۆچ - ئاداۋەت ۋە ھەسەتخورلۇق ئوتلىرىنى ئۇلغايتىپ كەلگەن بولۇپ، ماھىيەتتە بۇ ھەسەتنىڭ ئازابلىق يالقۇنى ئۇلارنىڭ ئۆزىنىمۇ قوۋۇرىماقتا ئىدى.

ئۇلار قەلبىدىكى ھەسەت بىلەن ئۆچمەنلىكنىڭ ئاچچىقىنى دائىم دېگۈدەك ئىككى مىللەت ئارىسىغا ئاداۋەت سېلىپ، ئۆزئارا ئۇرۇشقا سېلىپ قويۇش ئارقىلىق چىقىرىپ كەلگەن ئىدى. ئۇرۇش نەتىجىسىدە توپىلاڭدىن توغاچ ئوغرىلاپ، بىر قىسىم مەنپەئەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈش بىلەنلا قەلبىدىكى ئۆچمەس ھەسەت يالقۇنلىرىغا تەسەللى تاپاتتى. ئۇلار دائىم دۇنيا مىللەتلىرىنىڭ بېشىغا بالا تېرىپلا كەلگەن بولۇپ، بەزىدە شۇ بالادا ئۆزلىرىمۇ ھالاك بولۇشاتتى. بۇ ئۇزۇن جەريانلىق پاسات، بۇغۇنچىلىقلارنىڭ ھەممىسى يەھۇدىيلارنىڭ ئىنسانىيەتكە قارشى دائىم قەلبىدە ساقلاپ كەلگەن ئۆچمەنلىكى ۋە ھەسەتخورلۇقىنىڭ شۇنداقلا شەخسىيەتچى ئىدېئولوگىيىسىنىڭ ئەسىرىدۇر. خۇددى ئايەتتە: «بَغْيًا أَن يُنَزِّلَ ٱللَّهُ مِن فَضْلِهِۦ عَلَىٰ مَن يَشَآءُ مِنْ عِبَادِهِۦ» «ئاللاھنىڭ ئۆز پەزلىنى (يەنى ۋەھيي بىلەن پەيغەمبەرلىكنى) ئۆزى خالىغان بەندىسىگە چۈشۈرگەنلىكىگە ھەسەت قىلىش يۈزىسىدىندۇر» دېيىلگىنىدەك.

«وَإِذَا قِيلَ لَهُمْ ءَامِنُواْ بِمَآ أَنزَلَ ٱللَّهُ قَالُواْ نُؤْمِنُ بِمَآ أُنزِلَ عَلَيْنَا وَيَكْفُرُونَ بِمَا وَرَآءَهُۥ وَهُوَ ٱلْحَقُّ مُصَدِّقًا لِّمَا مَعَهُمْ» «ئۇلارغا: ”ئاللاھ نازىل قىلغان (قۇرئان)غا ئىمان كەلتۈرۈڭلار“ دېيىلسە، ئۇلار: ”ئۆزىمىزگە (يەنى بەنى ئىسرائىل نەسلىگە) نازىل قىلىنغان كىتابقىلا ئىمان كەلتۈرىمىز“ دەيدۇ».

بۇ دائىرىنىڭ تېشىدا كەلگەنىگە ئىمان كەلتۈرۈشنى ئىنكار قىلىدۇ. ۋەھالەنكى، ئۇ ھەق بولۇپ، ئۇلاردا مەۋجۇت بولغان تەلىماتنى تەستىقلاۋاتقان ۋە تەكىتلەۋاتقان بولىدۇ. ئۇلار قۇرئانغا ئىمان كەلتۈرۈشكە ۋە ئىسلام دەۋىتىنى قوبۇل قىلىشقا چاقىرىلغان ھامان شۇنداق سۆزلەرنى قىلىشاتتى ۋە: «بىز ئۆزىمىزگە نازىل قىلىنغان تەلىماتلارغا ئىمان كەلتۈرۈپ بولغان، شۇ بىزگە يېتىپ ئاشىدۇ» دېيىشەتتى. ئۇنىڭدىن تاشقىرى، مەيلى ئەيسا ئەلەيھىسسالامغا ياكى ئاخىر زامان پەيغەمبىرى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە نازىل قىلىنغان ھىدايەت بولسۇن، ھەممىنى ئىنكار قىلاتتى.

قۇرئاننىڭ نەزىرىدە ئۇلارنىڭ تەۋراتتىن باشقا پۈتۈن ھىدايەتلەرنى ئىنكار قىلىشتىن ئىبارەت بۇ قىلمىشى ناھايىتىمۇ غەلىتە ئىش ئىدى. «وَهُوَ ٱلْحَقُّ مُصَدِّقًا لِّمَا مَعَهُمْ» «چۈنكى ئۇ (يەنى قۇرئان) ھەق بولۇپ، ئۇلاردا مەۋجۇت بولغان تەلىماتنى تەستىقلىماقتا ۋە تەكىتلىمەكتە ئىدى».

يەنى ئۇلار نەدە، ھەق نەدە؟ ئۇلارنىڭ نەدىمۇ ھەق بىلەن ئالاقىسى بولسۇن؟ ئۇلارنىڭ ئۆز يېنىدىكى تەلىماتلارنى تەستىقلايدىغان ھەققە ئىشەنگىنىنىڭمۇ نېمە پايدىسى بولسۇن؟ ئۇلار مىللىي ئەسەبىيىتىگە بەندە بولۇشقان بولۇپ، پەقەتلا ئۆز نەپسىگە چوقۇنىدۇ ۋە نەپسانىي ھەۋەسلىرىگىلا ئەگىشىدۇ. چۈنكى ئىلگىرىمۇ ئۇلار ئۆز پەيغەمبەرلىرىگە نازىل بولغان ھىدايەتلەرنى چەتكە قېقىشقان. ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ خاراكتېرىنى ئېچىپ تاشلاش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئاجىز نۇقتىسىنى ئىزاھلاپ بېرىپ، ئۆز پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا: «فَلِمَ تَقْتُلُونَ أَنۢبِيَآءَ ٱللَّهِ مِن قَبْلُ إِن كُنتُم مُّؤْمِنِينَ» «ئەگەر ئۆزەڭلارغا كەلگەن كىتابقىلا ئىشىنىدىغان بولساڭلار، ئىلگىرى نېمە ئۈچۈن ئاللاھنىڭ (بەنى ئىسرائىل ئىچىدىن چىققان) پەيغەمبەرلىرىنى ئۆلتۈردۈڭلار؟ دېگىن» دەپ تەلىم بېرىدۇ. يەنى: «سىلەر بەنى ئىسرائىل پەيغەمبەرلىرى ئېلىپ كەلگەن ھىدايەت ۋە تەلىماتلارغا ئىمان كەلتۈرگىنىڭلارنى دەۋا قىلىسىلەر، ئەگەر راستىنلا ئىمان كەلتۈرگەن بولساڭلار، ئۇنداقتا نېمە ئۈچۈن ئەشۇ مۆھتەرەم پەيغەمبەرلىرىڭلارنى ئۆلتۈردۈڭلار؟» دەپ سوراشقا بۇيرۇيدۇ.

-- ياق، ئىش بۇنىڭلىق بىلەنلا تۈگىگىنى يوق. سىلەر ئۈنجى پەيغەمبىرىڭلار ۋە ئۇلۇغ قۇتقازغۇچىڭلار بولغان مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئېلىپ كەلگەن يوليورۇقلىرىنىمۇ ئىنكار قىلغان ئىدىڭلار.

«وَلَقَدْ جَآءَكُم مُّوسَىٰ بِٱلْبَيِّنَٰتِ ثُمَّ ٱتَّخَذْتُمُ ٱلْعِجْلَ مِنۢ بَعْدِهِۦ وَأَنتُمْ ظَٰلِمُونَ» «سىلەرگە مۇسا ھەقىقەتەن ئوچۇق مۆجىزىلەر بىلەن كەلدى، شۇنداقتىمۇ سىلەر مۇسا (تۇر تېغىغا كەتكەن)دىن كېيىنلا، ئۆزەڭلارغا زۇلۇم قىلىپ موزاينى مەبۇد قىلىۋالدىڭلار».

مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ تەلىماتلىرى ۋە روشەن مۆجىزىلىدىن كېيىنمۇ، ئۇنىڭ ھاياتلىقىدىلا موزايىنى مەبۇد قىلىۋالدىڭلار. ئەجىبا ئىمانىڭلار ۋە ئىلاھىي ۋەھىنىڭ تەقەززاسى مۇشۇمىدى؟ شۇنداق قىلمىشىڭلار مەۋجۇت تۇرۇپ يەنە سىلەر: «بىز مۇسا ئەلەيھىسسالام ئېلىپ كەلگەن مۆجىزە، ھىدايەتلەرگە ئىمان ئېيتىپ بولغان» دەپ دەۋا قىلالامسىلەر؟

ياق، ئىش بۇنىڭلىق بىلەنلا تۈگىگىنى يوق. بەلكى مۇسا ئەلەيھىسسالام بىر قىيا تاشنىڭ ئاستىدا سىلەردىن پۇختا ۋەدە ئالغان ئىدى. ئەجىبا ئەنە شۇنداق پەۋقۇلئاددە بىر ۋەدىنى بۇزۇپ، مەنمەنلىك ۋە ئاسىيلىقا مۇبتىلا بولغانلىقىڭلارنى ئۇنۇتتۇڭلارمۇ؟

«وَإِذۡ أَخَذۡنَا مِيثَٰقَكُمۡ وَرَفَعۡنَا فَوۡقَكُمُ ٱلطُّورَ خُذُواْ مَآ ءَاتَيۡنَٰكُم بِقُوَّةٖ وَٱسۡمَعُواْۖ قَالُواْ سَمِعۡنَا وَعَصَيۡنَا وَأُشۡرِبُواْ فِي قُلُوبِهِمُ ٱلۡعِجۡلَ بِكُفۡرِهِمۡ» *«ئەسلەڭلاركى، ئۈز ۋاقتىدا تۇر تېغىنى ئۈستۈڭلارغا تىكلەپ، بىز سىلەردىن ئەھدە ئالغان ئىدۇق، سىلەرگە قاتتىق ئەكىتەپ: «بىز بەرگەن يوليورۇقلارغا قەتئىي بوي سۇنۇڭلار ۋە قۇلاق سېلىپ ئاڭلاڭلار» دېگەن ئىدۇق. سىلەرنىڭ ئەجدادلىرىڭلار: «بىز ئاڭلىدۇق، ئەمما ئىتائەت قىلمايمىز» دېيىشتى. ئۇلارنىڭ كۇپۇرلۇقى شۇ دەرىجىگە يەتكەنكى، دىللىرىغا بۇتۇنلەي موزايلا سىڭىپ كەتكەن ئىدى».*

بۇ يەردە، خىتاب ھېكايە تەرزىگە ئۆزگىرىدۇ. چۈنكى دەسلەپتە يەھۇدىيلارغا بىۋاستە خىتاب قىلىپ، ئۇلارغا نېمە ئىشلارنى قىلغانلىقى ئەسلىتىلگەن بولسا، ئەمدىلىكتە سۆزنىڭ يۆنىلىشى مۇسۇلمانلارغا ۋە ئومۇم ئىنسانلارغا بۇرۇلۇپ: «بەنى ئىسرائىل مانا شۇنداق ئىشلارنى قىلغان» دەپ كۆرسىتىپ بېرىش كۆزدە تۇتۇلماقتا. بۇ جەرياندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا چۈشەندۈرۈش بېرىپ، ئۇلارنى قاتتىق سوراققا ئېلىشقا ۋە ئۇلارنىڭ ئۆز سۆزىگە كۆرە ئۇلارنى ئاسىيلىقا مەجبۇر قىلغان ئۇ ئاتالمىش ئىماننىڭ نېمىدېگەن رەزىل، ھىلە - نەيرەڭگە تولغان ئىمان ئىكەنلىكىنى سوراپ بېقىشقا بۇيرۇيدۇ ۋە: «قُلۡ بِئۡسَمَا يَأۡمُرُكُم بِهِۦٓ إِيمَٰنُكُمۡ إِن كُنتُم» *«ئۇلارغا ئېيتقىنكى: "ئەگەر سىلەر مۇئمىن بولساڭلار، ئىمانىڭلار سىلەرنى ئەجەب يامان ئىشقا بۇيرۇيدىكەنا؟" دەيدۇ.*

قۇرئان كەرىمنىڭ: *«ئۇلار "بىز ئاڭلىدۇق، ئەمما ئىتائەت قىلمايمىز" دېيىشتى»* دېگەن ھەمدە يەنە: *«ئۇلارنىڭ كۇپۇرلۇقى شۇ دەرىجىگە يەتكەنكى، دىللىرىغا بۇتۇنلەي موزايلا ئىچۈرۈلگەن (سىڭىپ كەتكەن) ئىدى»* دېگەن بۇ ئىككى تەسۋىرىي ئىپادىسى نېمىدېگەن چوڭقۇر تەپەككۇر قىلىشقا تېگىشلىك - ھە؟!

ئۇلار دەسلىۋىدە: «بىز ئاڭلىدۇق» دېيىشىدۇ، ئاندىن ئارقىدىنلا: «ئىتائەت قىلمايمىز» دەيدۇ. بىراق باشتىنلا: «بىز ئىتائەت قىلمايمىز» دېگەن سۆزنى قىلمايدۇ. سوئال شۇكى، ئۇلار قانداقسىگە بىرلا تىنىقتا بۇنداق گەپنى قىلالىسۇن؟

دەرھەقىقەت، بۇ ئۇلارنىڭ ساداسىز ئەمەلىيىتىنىڭ سۆز شەكلىدە جانلاندۇرۇلغان ئەمەلىي تەسۋىرىدۇر. ئۇلار تىلى بىلەن: «ئاڭلىدۇق» دېگەن بولسا، ئىش - ھەرىكىتى بىلەن «ئىتائەت قىلمايمىز» دېگەننى بىلدۈرگەن. چۈنكى ئەمەلىي ھەرىكەت ئېغىزدىن چىققان سۆزگە چىن مەنە بېرىدۇ. ئەمەلىي ھەرىكەتنىڭ ئىپادىسى ئاغزاكى ئىپادىدىن تېخىمۇ كۈچلۈك بولىدۇ. ئەمەلىي ۋەقەنىڭ بۇنداق ئىپادىلىنىشى ئارقىلىق ئىسلام دىنىنىڭ: «ئەمەلسىز سۆزلەرنىڭ ۋە قۇرۇق ئاغزاكى ئەمەللەرنىڭ ئىسلامدا ھېچ بىر ئورنى يوق» دېگەن ئومۇمىي پرىنسىپى ئايدىڭلىشىدۇ. چۈنكى ئىسلامدا ئېتىبارغا ئېلىنىدىغىنى ئەمەل بولۇپ، ئەمەلىي ۋەقەلەر بىلەن ئاغزاكى ئىپادىلەرنىڭ ئارىسىنى باغلايدىغىنىمۇ دەل ئەمەلدىنلا ئىبارەتتۇر، ھۆكۈممۇ شۇنىڭغا بىنائەن چىقىرىلىدۇ.

ئەمدى: «ئۇلارنىڭ قەلبىگە موزاي ئىچۈرۈلگەن (سىڭدۈرۈلگەن)» دېگەن ئىككىنچى ئىپادىگە كەلسەك، بۇ قورقۇنچلۇق ئىپادە ئاجايىپ مەنىلىك بولۇپ، ئۇنىڭدا «ئىچۈرۈلگەن» (يەنى، بىرسى ئۇلارغا بىرەر نەرسە ئىچۈرۈپ قويغان) دېيىلمەكتە.

- نېمە ئىچۈرۈلگەن؟
- موزاي.
- قەيەرگە ئىچۈرۈلگەن؟
- قەلبىگە.

بۇ نېمە دېگەن قورقۇنچلۇق ئىپادە - ھە؟! ئىنسانىنىڭ تەپەككۈرى قەلبلەرگە بىر موزاينىڭ كىرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ كۆرۈشكە تىرىشىدۇ. پۈتۈن بىر موزاينىڭ ئىنسان قەلبىگە ئۇسسۇپ كىرگەنچە قەلب دۇنياسىنى قاپلاپ كېتىۋاتقان مەنزىرىسى كۆز ئالدىغا كېلىدۇ. بۇ يەردىكى مەنە ئۇچۇن شۇنداق ھېسسىي ئىپادە تاللانغانكى، سۆزنىڭ ئەسلى مەنە - ئۇقۇمى (يەنى موزاي سۆيگۈسى ۋە موزايغا چوقۇنۇش) بىردەملىك ئۇچۇن ئىنسانىنىڭ تەپەككۇرىدىن غايىب بولۇپ، ئىنسان گويا راستىنلا ئۇلارنىڭ قەلبىگە بىر موزاينىڭ ئېزىپ ئىچۈرۈلىۋاتقانلىقىنى خىيال قىلىشقا باشلايدۇ.

بۇنداق جايلارنى ئەدىبىي نۇقتىدىن مۇھاكىمە قىلغاندىلا قۇرئانىنىڭ تەسۋىرىي ئىپادە ئۇسلۇبىنىڭ قانداق قەدىر - قىممەتكە ئىگە ئىكەنلىكى، شۇنداقلا نەزەرىيىۋىي ۋە ئەقلىي ئىپادىلەرنىڭ ئورنىغا قۇرئان كەرىم ئىشلەتكەن جانلىق تەسۋىرىي ئىپادىلەرنىڭ نەقەدەر روشەن ھەم تەپسىلى ئىكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ. بۇ، بىر جانلىق مەنزىرىدۇر. قۇرئانىنىڭ ئاجايىپ گۈزەل ۋە ئۇچۇق ئىپادىسىدە بىرمۇبىر ئەكس ئېتىدىغان مەنزىرە...

*********

## يەھۇدى تەبىئىتى

يەھۇدىيلار ئۆزلىرىنىڭلا ئاللاھنىڭ سۆيۈملۈك بەندىلىرى ئىكەنلىكىنى، يالغۇز ئۆزلىرىلا ھەق يولدا بولۇپ، ئاخىرەتتىمۇ ئۆزلىرىنىڭلا نىجات تاپىدىغانلىقىنى، ئۇلاردىن باشقا مىللەتلەرگە بولسا، ئاخىرەتتە ھېچبىر نېسۋە يوقلۇقىنى دەۋا قىلىشاتتى. يەھۇدىيلارنىڭ بۇ دەۋاسى ئوچۇق ھالدا: «ئاخىرەتتە ئاخىر زامان پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتىمۇ نىجاتتىن مەھرۇم قالىدۇ» دېگەن تەرەپكە ئىشارە قىلماقتا ئىدى. بۇ ئىغۋاگەرچىلىكتە يەھۇدىيلارنىڭ كۆزدە تۇتقان مەقسىتى، ئاددى مۇسۇلمانلارنىڭ قەلبىدە قۇرئان كەرىمنىڭ تەلىماتلىرىغا ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىيورۇقلىرىغا، جۈملىدىن ئىسلام دىنىغا ئىشىنەلمەيدىغان مۇھىت ھازىرلاش ئىدى. شۇڭا ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ھۆكۈم قىلىپ، ئۇلارنى دۇئىلغا چاقىرىشقا بۇيرىدى. دۇئىلدا ھەر ئىككى تەرەپ ئۆرە تۇرۇپ: «قايسىمىز يالغانچى بولساق، شۇ ھالاك بولسۇن» دەپ دۇئا قىلىشى كېرەك ئىدى. ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى: «قُلْ إِن كَانَتْ لَكُمُ ٱلدَّارُ ٱلْآخِرَةُ عِندَ ٱللَّهِ خَالِصَةً مِّن دُونِ ٱلنَّاسِ فَتَمَنَّوُا۟ ٱلْمَوْتَ إِن كُنتُمْ صَـٰدِقِينَ» «ئۇلارغا: ”ئەگەر ئاللاھنىڭ نەزىرىدە ئاخىرەت يۇرتى (جەننەت) سىلەر ئويلىغاندەك باشقىلارغا ئەمەس، يالغۇز سىلەرگىلا خاس بولسا، ئۇنداقتا ئۆلۈمنى ئارزۇ قىلىشىڭلار كېرەك ئىدىغۇ! ئەگەر ئەشۇ خىيالىڭلاردا راستچىل بولساڭلار“ دېگىن» دېيىشكە بۇيرىدى.

ئارقىدىنلا قۇرئان ئۇلارنىڭ ھەرگىزمۇ دۇئىلغا چۈشەلمەيدىغانلىقىنى، ئۆلۈمنى تىلەشكە قەتئىي جۈرئەت قىلالمايدىغانلىقىنى، چۈنكى ئۇلار يالغانچى بولۇپ، ئاللاھنىڭ دۇئانى قوبۇل قىلىپ ئۇلارنى جازاغا تارتىشىدىن قورقىدىغانلىقىنى جاكارلايدۇ. ھەتتا ئۇلار ئۆزلىرىمۇ دۇنيادا قىلغان ئىپلاس قىلمىشلىرى تۈپەيلى ئاخىرەتتە نەسىۋىسىز قالىدىغانلىقىنى، ناۋادا دۇئىلغا چۈشسە، نەتىجىدە، دۇنيادىن قۇرۇق قالىدىغانلىقىنى، قىلغان قىلمىشلىرى تۈپەيلى ئاخىرەتتىن ئاللىبۇرۇنلا قۇرۇق قېلىپ بولغانلىقىنى ئوبدان بىلىشەتتى. شۇڭا قۇرئان كەرىم ناھايىتى كەسكىن قىلىپ، ئۇلارنى بۇنداق بىر رىقابەتنى قوبۇل قىلىدۇ دەپ ئويلاشقا بولمايدىغانلىقىنى، چۈنكى ئۇلار دۇنيا ھاياتىغىلا ھېرىسمەن بولۇپ، باشقا مۇشرىكلارنىڭمۇ ئۇلاردىن پەرىقلىنىپ كەتمەيدىغانلىقىنى، بەلكى بۇ نۇقتىدا ئۇلاردىنمۇ بەك ئېشىپ كەتكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىدۇ ۋە: «وَلَن يَتَمَنَّوْهُ أَبَدًۢا بِمَا قَدَّمَتْ أَيْدِيهِمْ ۗ وَٱللَّهُ عَلِيمٌۢ بِٱلظَّـٰلِمِينَ ﴿٩٥﴾ وَلَتَجِدَنَّهُمْ أَحْرَصَ ٱلنَّاسِ عَلَىٰ حَيَوٰةٍ وَمِنَ ٱلَّذِينَ أَشْرَكُوا۟ ۚ يَوَدُّ أَحَدُهُمْ لَوْ يُعَمَّرُ أَلْفَ سَنَةٍ وَمَا هُوَ بِمُزَحْزِحِهِۦ مِنَ ٱلْعَذَابِ أَن يُعَمَّرَ ۗ وَٱللَّهُ بَصِيرٌۢ بِمَا يَعْمَلُونَ ﴿٩٦﴾»

«ئىشىنگىنكى، ئۇلار ھەرگىزمۇ ئۆلۈمنى ئارزۇ قىلمايدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ ئۆز قوللىرى بىلەن دۇنيادا يىغىپ ئاخىرەتكە يوللىغان يامان ئەمەللىرى شۇنى (يەنى ئاخىرەتكە بارماسلىقنى) تەقەززا قىلىدۇ. ئاللاھ زالىملارنى ئوبدان بىلگۈچىدۇر[95]. شۈبھىسىزكى، ئۇلارنى ھاياتقا ھەممە كىشىدىن، ھەتتا مۇشرىكلاردىنمۇ بەك ھېرىسمەن كۆرىسەن؛ ئۇلارنىڭ ھەربىرى مىڭ يىل ئۆمۈر كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىدۇ، ھالبۇكى، ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش ئۇلارنى ئازابتىن قۇتۇلدۇرۇپ قالالمايدۇ. ئاللاھ ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى ئېنىق كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر[96]» دەيدۇ.

ئۇلارنىڭ دۇنيادا قىلغان ئەمەللىرى ئاخىرەتتە ئۇلارنى ھېچبىر ئەجىرگە ئېرىشتۈرمەيدىغان بولغاچقا، ئۇلار ئۆلۈمنى ھەرگىز ئارزۇ قىلالمايدۇ. ئۇلار مەزكۇر ئەمەللىرى ئارقىلىق ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قۇتۇلۇپ قېلىشنىمۇ ئۈمىد قىلالمايدۇ. بەلكى ئۇلارنى ئاخىرەتتە ئازاپ كۈتۈپ تۇرماقتا. ئاللاھ تائالا زالىملارنىڭ ئەھۋالىنى ناھايىتى ياخشى بىلىدۇ، ئۇلارنىڭ ھەربىر قىلمىشى ئاللاھنىڭ نازارىتى ئاستىدا.

ياق، يالغۇز بۇلا ئەمەس، يەھۇدىيلارنىڭ يەنە بىر خۇسۇسىيىتىمۇ بار بولۇپ، قۇئان كەرىم ئۇلارنىڭ بۇ رەزىل، ئېپلاس خۇسۇسىيەتلىرىنى قاتتىق ئەيىپلىگەن ھالدا تەسۋىرلەپ بېرىدۇ.

«وَلَتَجِدَنَّهُمْ أَحْرَصَ ٱلنَّاسِ عَلَىٰ حَيَوٰةٍ» «شۈبھىسىزكى، سەن ئۇلارنى ياشاشقا ھەممىدىن بەك ھېرىسمەن كۆرىسەن».

- قانداق ياشاشقا؟

ئۇلارنىڭ بۇنىڭ بىلەن كارى يوق، مەيلى قانداقلا بولسا ياشىسىلا بولدى. ئۇلارنىڭ ئېڭىدا ئىززەت - نومۇسى بىلەن ياشاش مۇھىم ئەمەس. ئۇلارغا مەيلى ھەرقانچە خار، پەسكەش بولسىمۇ ھايات بولسىلا بولدى. ياشاش ۋە يېيىش... ئەزەلدىن يەھۇدىيلارنىڭ خاراكتېرى بولۇپ كەلگەن. يەھۇدىيلارنىڭ ئۆتمۈشىمۇ شۇ... ھازىرىمۇ شۇ... ۋە كەلگۈسىنىڭ مەركىزى كۆرىنىشىمۇ يەنە شۇ... يەھۇدىيلار ھەردائىم خېيىم - خەتەر تۇغۇلغاندىن كېيىن، ئاندىن باش كۆتىرىپ كەلگەن. خېيىم - خەتەر مەۋجۇتلا بولىدىكەن، قەتئىي باش كۆتۈرمەستىن بېشىنى ساڭگىلىتىپ يۈرىدۇ، چۈنكى ئۇلار ناھايىتىمۇ پەسكەش قورقۇنچاقلاردىن بولۇپ، ياشاشنى ئىنتايىن ياخشى كۆرىدۇ.

-- ئۇلار زادى قانداق ياشاشنى خالايدۇ؟

«وَمِنَ ٱلَّذِينَ أَشْرَكُوا۟ ۚ يَوَدُّ أَحَدُهُمْ لَوْ يُعَمَّرُ أَلْفَ سَنَةٍ وَمَا هُوَ بِمُزَحْزِحِهِۦ مِنَ ٱلْعَذَابِ أَن يُعَمَّرَ ۗ وَٱللَّهُ بَصِيرٌۢ بِمَا يَعْمَلُونَ» «ھاياتقا ھېرىسمەنلىكتە ھەتتا مۇشرىكلاردىنمۇ ئېشىپ كېتىدۇ؛ ئۇلارنىڭ ھەربىرى مىڭ يىل ئۆمۈر كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىدۇ، ھالبۇكى، ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش ئۇلارنى ئازابتىن قۇتۇلدۇرۇپ قالالمايدۇ. ئاللاھ ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى ئېنىق كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر».

دېمەك، ئۇلاردىن ھەر بىر كىشى مىڭ يىل ياشاشنى ئارزۇ قىلىدۇ. نېمە ئۈچۈن؟ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئۇلار ئاللاھنىڭ ئالدىغا ھازىر قىلىنىدىغانلىقىغا پۈختا ئىشەنچ قىلالمايدۇ. بۇ ھاياتتىن باشقىمۇ يەنە بىر ھايات بارلىقىنى بىلمەيدۇ. ئېنىقكى، قانداقلا كىشى: "بۇ ھاياتتىن

باشقا ھايات يوق“ دەپ قارىسا، ئۇنىڭ دۇنيالىق ھاياتى تارلىشىپ كېتىشكە باشلايدۇ. چۈنكى ئۇ ئۆزىنى ناھايىتى چەكلىك بىر قانچە سائەتلىك نەپەسلىنىش شارائىتىغا ئىگە دەپ چۈشىنىدۇ.

مانا بۇ نۇقتىدىن نەزەر سالغاندا، ئاخىرەتلىك ھاياتقا ئىشىنىشنىڭ ئىنسانلارغا بەخش ئېتىلگەن ناھايىتى ئۇلۇغ بىر نېمەت ئىكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ. بۇ شۇنداق بىر نېمەتكى، ئۇنىڭ بەرىكىتى ئىمان ئارقىلىق ئىنسان قەلبىگە يەرلىشىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ نېمەتنى ھاياتى پانى، ئۆمرى چەكلىك، بىراق ئارزۇ - ئارمانلىرى چەكسىز ئىنسانغا ئېھسان قىلغان. شۇڭا ئۇ ھاياتنىڭ تارلىقىنى ھېس قىلمايدۇ. قانداقكى كىشى ئۆزىنى بۇ نېمەتتىن مەھرۇم قىلىپ، ئۆزىگە نىسبەتەن مەڭگۈلۈك ھاياتنىڭ دەرۋازىسىنى تاقىۋالىدىكەن، ئۇنىڭ ئىدىيىسىدە ھاياتقا نىسبەتەن ئىنتايىن ناقىس، خۇنۇك تەسەۋۋۇر مەۋجۇت بولغان بولىدۇ. دېمەك، ئاخىرەتكە ئىمان كەلتۈرۈش ئاللاھ تائالانىڭ ئىنساپ، ئادالىتىگە ۋە ئاخىرەتتىكى مۇكاپاتىغا ئىمان كەلتۈرگەنلىك بولۇپ، يەنە تېخى ئۇ ئارقىلىق مۆئمىنىنىڭ ۋۇجۇدى ھاياتلىق بايلىقى بىلەن تولۇپ تاشقان بولىدۇ. ئۇنىڭغا ھېچقاچان تامام بولمايدىغان ياكى مەلۇم توختاش چېكى بولمىغان دائىملىق ھايات ئاتا قىلىنغان بولىدۇ. ھاياتنىڭ پۈتۈن چەك - چېگرىلىرىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ ئىنتىھاسىنى ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچ كىشى بىلەلمەيدىغان مەڭگۈلۈك ھاياتنىڭ مەنزىلىگە يېتىپ كەلگەن بولىدۇ. بۇ ھايات ئىنسانىنى ئىزچىل ھالدا يۇقىرى ئورلىتىپ، ئاللاھنىڭ ۋىسالىغا يەتكۈزىدىغان دىرىجىگىچە ئېلىپ بارىدۇ.

ئەمدىلىكتە، ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دىققىتىنى يېڭى بىر نۇقتىغا تارتىدۇ، يەھۇدىيلارنى ئوچۇق دوئىلغا چاقىرىپ، ئۇلارغا:

قُلْ مَن كَانَ عَدُوًّا لِّجِبْرِيلَ فَإِنَّهُۥ نَزَّلَهُۥ عَلَىٰ قَلْبِكَ بِإِذْنِ ٱللَّهِ مُصَدِّقًا لِّمَا بَيْنَ يَدَيْهِ وَهُدًى وَبُشْرَىٰ لِلْمُؤْمِنِينَ ﴿٩٧﴾ مَن كَانَ عَدُوًّا لِّلَّهِ وَمَلَٰٓئِكَتِهِۦ وَرُسُلِهِۦ وَجِبْرِيلَ وَمِيكَىٰلَ فَإِنَّ ٱللَّهَ عَدُوٌّ لِّلْكَٰفِرِينَ ﴿٩٨﴾

«ئېيتقىنكى، ”جىبرىئىلغا ئاداۋەت ساقلىغانلار شۇنى بىلىشى كېرەككى، جىبرىئىل ئاللاھنىڭ ئەمرى بىلەن بۇ قۇرئانى سېنىڭ قەلبىڭگە نازىل قىلدى. ئۇ ئۆزىدىن ئىلگىرى كەلگەن كىتابلارنى تەستىقلايدۇ ۋە قۇۋۋەتلەيدۇ. ئۇ ئىمان كەلتۈرگەنلەرگە نىسبەتەن ھىدايەت ۋە ئۇتۇغلۇقتىن بېشارەت بولۇپ كەلگەندۇر[97]. (ئەگەر ئۇلارنىڭ جىبرىئىلغا ئۆتقان ئادۋىتى مۇشۇ سەۋەبتىن بولسا، ئۇنداقتا ئېيتىپ قويغىنكى،) كىمكى ئاللاھنى، ئاللاھنىڭ پەرىشتىلىرىنى، پەيغەمبەرلىرىنى، جىبرىئىلنى، مىكائىلنى دۈشمەن تۇتىدىكەن، ئاللاھ ئۇنداق كافىرلارنى دۈشمەن تۇتىدۇ“[98]» دېگەن ھەقىقەت ئېلان قىلىشقا ئۈندەيدۇ.

بۇ دوئىل ئارقىلىق يەھۇدىيلارنىڭ ئاجايىپ غەلىتە يېڭى خۇسۇسىيەتلىرىنى بىلىپ يېتىمىز. دەرۋەقە، يەھۇدىيلار يەھۇدىيدىن باشقىغا ۋەھى نازىل قىلىنغانلىقى ئۈچۈن قاتتىق ئۆچمەنلىككە مۇبتىلا بولۇشقانلا بولۇپ قالماستىن، بەلكى چىدىماسلىق ۋە ھەسەتخورلۇقتا

رېكورت يارىتىپ، ھەتتا شۇ قەدەر ھاماقەتلىك دەرىجىسىگە بېرىپ يەتكەنكى، ھەرقانداق بىر نورمال ئەقىل ئىگىسىنىڭ ئۇلار قىلغاندەك بىر - بىرىگە زىت سۆزلەرنى قىلىپ يۈرۈشىنى كۆتكىلى بولمايتتى. ئۇلار جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ۋەھى ئېلىپ كەلگەنلىكىنى ئاڭلىغاندا، ھەسەت ۋە ئۆچمەنلىك ئوتىدا بولۇشىغا پۇچىلىنىپ، ئاقماس ھېكايىلەرنى توقۇپ چىقىدىغان يەرگە يېتىشتى. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامنى ئۆزىگە دۈشمەن ساناشتى، چۈنكى ئۇ دائىم ئۇلارنىڭ بېشىغا بالايى ئاپەت، ئازابلارنى ئېلىپ كېلەتتى. شۇنداق بولغاندا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىمان ئېيتماسلىقىنىڭ سەۋەبى جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام بولغان بولاتتى. ناۋادا ۋەھىنى ھەزرىتى مىكائىل ئېلىپ كەلگەن بولسا ئىدى، چوقۇم ئىمان ئېيتاتتى. ئۇلارنىڭ قارىشى بويىچە، مىكائىل رەھمەت، يامغۇر ۋە بەرىكەت ئېلىپ كېلىدىغان پەرىشتە ئىدى.

بۇ نېمىدېگەن (كۈلكىلىك) ھاماقەتلىك - ھە؟! ئەپسۇسكى، ئىنسان ھەسەت ۋە ئۆچ - ئاداۋەتكە گىرىپتار بولغاندا، بۇنىڭدىنمۇ چوڭ ئەخمىقانىلىقلارنى سادىر قىلىدىغان بولۇپ قالىدۇ. چۈنكى جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام بىرەرسىگە دۈشمەنلىك قىلالايدىغان ياكى ئۆزلىگىدىن بىرەرسى بىلەن دوسلۇق ئورنىتالايدىغان ئىنسان ئەمەس، ھەمدە ئۆزلىگىدىن بىرەر ئىشنى قىلالايدىغان قۇدرەتكىمۇ ئەسلا ئىگە ئەمەس. ئۇ پەقەت پەرىشتە بولۇپ، ئاللاھنىڭ ھۆكمىگە بويۇنتاۋلۇق قىلالمايدۇ. بەلكى نېمىگە بۇيرۇلغان بولسا، شۇنىلا ئىجرا قىلىدۇ.

«قُلۡ مَن كَانَ عَدُوّٗا لِّجِبۡرِيلَ فَإِنَّهُۥ نَزَّلَهُۥ عَلَىٰ قَلۡبِكَ بِإِذۡنِ ٱللَّهِ» «ئېيتقىنكى، ”جىبرىئىلغا ئاداۋەت ساقلىغانلار شۇنى بىلىشى كېرەككى، جىبرىئىل ئاللاھنىڭ ئەمرى بىلەن بۇ قۇرئاننى سېنىڭ قەلبىڭگە نازىل قىلدى»».

يەنى، جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامنىڭ نە بىرەر شەخسىي تەرەپۋازلىقى يوق، نە ئۆز ئىرادىسى بىلەن قۇرئاننى نازىل قىلغان ئەمەس. ئۇ پەقەت ئىلاھىي ئىرادىنى ئىجرا قىلغۇچى بولۇپ، سېنىڭ قەلبىڭگە قۇرئاننى نازىل قىلىش ئىشىنى ئاللاھنىڭ پەرمانىغا بىنائەن ئورۇندىماقتا.

قۇرئان كەرىم نازىل قىلىنىۋاتقان قەلب ئەسلىدە ئىدراكنىڭ مەركىزى بولۇپ، شۇ يەردە ئىدراك قىلىنغاندىن كېيىن، ئاندىن ئۇقۇم چۈشىنىلىدۇ ۋە چۈشەنچىلەر ساقلىنىپ قالىدۇ. قۇرئان كەرىم ئىنساننىڭ ئىدراك كۈچىنى ”قەلب“ دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلىگەن. شۇڭا ئىدراكلىق قەلب، قانداقتۇر گۆش ۋە قاننىڭ ھەممىگە مەلۇملۇق تەبىئىي ئۇيۇشما پارچىسى ئەمەس، بەلكى ئىدراك ۋە ئۇقۇم ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان توپ ئامىلدۇر.

جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام سېنىڭ قەلبىڭگە قۇرئاننى «مُصَدِّقٗا لِّمَا بَيۡنَ يَدَيۡهِ وَهُدٗى وَبُشۡرَىٰ لِلۡمُؤۡمِنِينَ» «ئۆزىدىن ئىلگىرى كەلگەن كىتابلارنى تەستىقلايدىغان ۋە قۇۋۋەتلەيدىغان، ئىمان كەلتۈرگەنلەرگە نىسبەتەن ھىدايەت ۋە ئۇتۇغلۇقتىن بېشارەت بولىدىغان» قىلىپ نازىل قىلدى.

قۇرئان كەرىم پرىنسىپ جەھەتتىن يۇتۇن سابىق ساماۋىي كىتابلارنى تەستىقلايدۇ. چۈنكى بارلىق ساماۋىي كىتابلار بىلەن ئىلاھىي دىنلارنىڭ ئاساسلىق تەلىماتى بىرلا بولۇپ، قۇرئان پەقەت مۆئمىنلەر ئۈچۈنلا ھىدايەت ۋە بەختىيارلىقتىن بېشارەت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ تەلىماتى ئۇچۇن مۆئمىن قەلبلەرنىڭ دەرىزىلىرىلا ھەر دائىم ئوچۇق تۇرىدۇ. ئۇنىڭ تەلىماتلىرىغا مۆئمىنلەرلا "لەببەيك" دېيەلەيدۇ. بۇ ھەقىقەتنى تېخىمۇ ئېچىپ چۈشەندۈرۈش ئىنتايىن مۇھىم. قۇرئان كەرىم مۆئمىننىڭ قەلبىدە مايىللىق پەيدا قىلىدۇ، ئۇنىڭدا ئىدراك ۋە مەرىپەتنىڭ يوللىرىنى ئاچىدۇ، ئۇنىڭدا ئىمانسىز دىللاردا بولمايدىغان ھېس - تۇيغۇلارنى پەيدا قىلىدۇ. دەل مۇشۇ سەۋەبتىن مۆئمىننىڭ قەلبى قۇرئاندىن ھىدايەت تاپىدۇ. قۇرئان مۆئمىنگە نىسبەتەن بەختىيارلىقنىڭ بېشارىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ ھەقىقەت قۇرئاننىڭ ئوخشاش بولمىغان جايلىرىدا، «هدًى للمتقين» «تەقۋادارلارغا ھىدايەتتۇر»، «هدًى لقوم يوقنون» «ئىمان ئېيتىدىغان قەۋم ئۈچۈن ھىدايەتتۇر»، «هدًى ورحمة لقوم يوقنون» «يۇختا ئىشىنىدىغان قەۋم ئۈچۈن رەھمەت ۋە ھىدايەتتۇر» دەپ تىلغا ئېلىنىدۇ. دېمەك، ئىمان، تەقۋالىق ۋە ئىشىنىش نەتىجىسىدە قولغا كېلىدۇ. بەنى ئىسرائىلنىڭ بۇنىڭدىن مەھرۇم بولۇشىدىكى سەۋەب شۇكى، ئۇلار نە ئىشەنگۈچى ئەمەس، نە تەقۋادار ئەمەس، نە ئىشەنچنىڭ ئېستېتىكىسىغا ئىگە ئەمەس.

ئۇلارنىڭ پەيغەمبەرلەر بىلەن دىن، شەرىئەتلەرنى بىر - بىرىدىن پەرقلەندۈرگىنىگە ئوخشاش، ئىسمىنى ۋە قىلىدىغان خىزمىتىنى ئاڭلىۋالغان پەرىشتىلەرنىمۇ بىر - بىرىدىن پەرقلەندۈرىدىغان ئادىتى بولۇپ، ئۇلار مىكائىل بىلەن ناھايىتى ياخشى مۇناسىۋىتى بارلىقىنى، بىراق جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام بىلەن مۇناسىۋىتىنىڭ يېرىكلىكىنى سۆزلىشىپ يۈرەتتى. دەل مۇشۇ ۋەجىدىن، ئالدىمىزدىكى ئايەتتە يۇتۇن پەرىشتىلەرنىڭ ئوخشاشلىقى، ئۇلارنىڭ بىرەرسىنى دۈشمەن تۇتۇشنىڭ يۇتۇن پەرىشتىلەرنى دۈشمەن تۇتۇش بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئاللاھقىمۇ ئاداۋەت تۇتۇش بولىدىغانلىقى، شۇڭا ئاللاھ تائالانىڭمۇ ئۇلارغا ئاداۋەت تۇتىدىغانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ كاپىر بولىدىغانلىقى تىلغا ئېلىنىدۇ.

«مَن كَانَ عَدُوًّا لِّلَّهِ وَمَلَٰٓئِكَتِهِۦ وَرُسُلِهِۦ وَجِبۡرِيلَ وَمِيكَىٰلَ فَإِنَّ ٱللَّهَ عَدُوٌّ لِّلۡكَٰفِرِينَ»

*«كىمكى ئاللاھنى، ئاللاھنىڭ پەرىشتىلىرىنى، پەيغەمبەرلىرىنى، جىبرىئىلنى، مىكائىلنى دۈشمەن تۇتىدىكەن، ئاللاھمۇ ئۇنداق كافىرلارنى دۈشمەن تۇتىدۇ».*

**********

## ئەھدە

ئاندىن خىتابنىڭ يۆنىلىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەرەپكە بۇرۇلۇپ، نازىل قىلىنغان ھەقىقەتلەر بىلەن روشەن ئالامەتلەر ئۈستىدە مەھكەم بولۇشى كېرەكلىكىنى، بۇزۇق، پاسىقلاردىن باشقا ھېچ كىشى ئۇنى ئىنكار قىلمايدىغانلىقىنى ئۇقتۇرىدۇ. ھەممە بەنى ئىسرائىلغا ئاگاھلاندۇرۇش بېرىپ، ئۇلارنىڭ مەيلى ئاللاھقا قىلغان ئەھدىسى بولسۇن، مەيلى

سابىق پەيغەمبەرلەرگە قىلغان ئەھدىسى بولسۇن، مەيلى ئاخىرقى زامان پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا قىلغان ئەھدىسى بولسۇن، ھېچبىر ئەھدىسىگە ۋاپا قىلمايدىغانلىقىنى تەنقىدلەش بىلەن بىرگە، ئۇلارنىڭ يېنىدىكى بارلىق ساماۋىي كىتابلارنى تەستىقلايدىغان شۇنچە ئېسىل بىر كىتابنى چەتكە قېقىۋاتقانلىقىنىمۇ ئەيىپلەيدۇ.

«وَلَقَدْ أَنزَلْنَآ إِلَيْكَ ءَايَـٰتٍۭ بَيِّنَـٰتٍ ۖ وَمَا يَكْفُرُ بِهَآ إِلَّا ٱلْفَـٰسِقُونَ ﴿٩٩﴾ أَوَكُلَّمَا عَـٰهَدُوا۟ عَهْدًا
نَّبَذَهُۥ فَرِيقٌ مِّنْهُم ۚ بَلْ أَكْثَرُهُمْ لَا يُؤْمِنُونَ ﴿١٠٠﴾ وَلَمَّا جَآءَهُمْ رَسُولٌ مِّنْ عِندِ ٱللَّهِ مُصَدِّقٌ لِّمَا
مَعَهُمْ نَبَذَ فَرِيقٌ مِّنَ ٱلَّذِينَ أُوتُوا۟ ٱلْكِتَـٰبَ كِتَـٰبَ ٱللَّهِ وَرَآءَ ظُهُورِهِمْ كَأَنَّهُمْ لَا يَعْلَمُونَ ﴿١٠١﴾»

*«شۈبھىسىزكى، بىز ساڭا روشەن ھەقىقەتنى ئايان قىلىدىغان ئايەتلەرنى نازىل قىلدۇق، ئۇلارغا ئەگىشىشتىن پەقەت پاسىقلارلا ئىنكار قىلىدۇ[99]. ئەجەبا ھەر قاچان ئۇلار بىرەر ئەھدە قىلسا، بىر تۈركۈمى ئۇنى بۇزۇپ كەلمىدىمۇ؟ بەلكى ئۇلارنىڭ (يەنى يەھۇدىيلارنىڭ) تولىسى چىن قەلبى بىلەن ئىمان كەلتۈرمەيدۇ[100]. ئۇلارغا ئاللاھ تەرىپىدىن قوللىرىدىكى كىتابنى تەستىقلايدىغان ۋە قۇۋۋەتلەيدىغان بىر پەيغەمبەر (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) كەلسە، بۇ ئەھلى كىتابلار خۇددى ھېچ نەرسە بىلمەيدىغاندەك، ئاللاھنىڭ كىتابىنى ئارقىغا چۆرۈپ قويۇشىدۇ[101]».*

بۇ يەردە ئاللاھ تەرەپتىن نازىل بولغان روشەن ئايەتلەرنى بەنى ئىسرائىل قەۋمىنىڭ ئىنكار قىلىشىدىكى سەۋەبلەر تەپسىلى بايان قىلىنماقتا. يەنى، بۇلار بۇزۇقلۇق ۋە پاسىقلىققا مۇبتىلا بولغان ۋە تەبىئەت - خاراكتېرى چىرىكلەشكەن كىشىلەر ئىدى. چۈنكى ساغلام تەبىئەتلىك كىشىلەرنىڭ بۇ ئايەتلەرگە ئىمان كەلتۈرمەي باشقا چارىسى يوق. قەلبىدە تەرسالىق بولمىسىلا، بۇ ئايەتلەر ئۆزىنى ئۆزى قوبۇل قىلدۇراتتى. يەھۇدىيلارنىڭ ئۇنىڭغا كۇپۇرلۇق پوزىتسىيىسى تۇتىشىدىكى سەۋەب، قانداقتۇر قۇرئان ئايەتلىرىنىڭ دەلىل كۈچى كەم بولۇپ قالغانلىقى ياكى ئۇلارنى قايىل قىلالمىغانلىقى ئەمەس، بەلكى ئەسلى سەۋەب ئۇلارنىڭ مىجەز - خاراكتېرىنىڭ بۇزۇلۇپ بولغانلىقى ۋە بۇزۇقچىلىق، پاسىقلىققا مۇبتىلا بولۇپ بولغانلىقىدۇر.

ئاندىن خىتابنىڭ يۆنىلىشى مۇسۇلمانلارغا ۋە باشقا پۈتۈن ئىنسانلارغا بۇرۇلىدۇ. يەھۇدىيلارنى ئەيىپلەپ، ئۇلارنىڭ رەزىل سۈپەتلىرىدىن بىرسى بايان قىلىنىدۇ. ئۇ بولسىمۇ يەھۇدىيلار شۇنداق مىللەتكى، ئۇلار ئىپلاس مۇتەئەسسىپلىكنىڭ ۋە خىلمۇخىل خاھىشلىرىنىڭ كەينىدىنلا چاپىدۇ، مۇئەييەن بىر پىكىر ئۈستىدە بىرلىككە كەلمەيدۇ، بەرگەن ئەھدىسىگە ۋاپا قىلمايدۇ. ئۇلار ئاللاھنىڭ ھېچ بىر ئارغامچىسىغا مەھكەم ئېسىلمەيدۇ. ئۆزىنىڭ مىللى مەنپەئەتىگە نىسبەتەن شۇ قەدەر شەخسىيەتچى ئىكەنكى، ئۆزلىرىدىن باشقىلارغا ئاللاھنىڭ فەزل - رەھمىتى نېسىپ بولۇشىنى قەتئىي راۋا كۆرمەيدۇ. ئۇلار مانا مۇشۇنداق مىللىي مۇتەئەسسىپلىككە ئىگە تۇرۇپمۇ، يەنىلا ئۆزئارا ئىتتىپاق بولالمايدۇ. ھەتتا بىر - بىرى بىلەن ئۆزئارا قىلىشقان ئەھدىلەرگىمۇ ۋاپا قىلىشمايدۇ. ئۇلار قانداقلا

چاغدا بىرەر پۇختا ئەھدە قىلسا، ئارىسىدىن مەلۇم گۇرۇپپا چىقىپ، ئۇنى بۇزۇپ تاشلايدۇ، ھەممەيلەننىڭ بىرلىكتە چىقارغان قارارىغا ئوچۇق ھالدا خىلاپلىق قىلىشقا باشلايدۇ.

﴿أَوَكُلَّمَا عَاهَدُواْ عَهْدًا نَّبَذَهُۥ فَرِيقٌ مِّنْهُم ۚ بَلْ أَكْثَرُهُمْ لَا يُؤْمِنُونَ﴾ «ئەجەبا ھەر قاچان ئۇلار بىرەر ئەھدە قىلسا، بىر تۈركۈمى ئۇنى بۇزۇپ كەلمەمدۇ؟ بەلكى ئۇلارنىڭ (يەنى يەھۇدىيلارنىڭ) تولىسى چىن قەلبى بىلەن ئىمان كەلتۈرمەيدۇ».

ئۇلار تۆر تېغىنىڭ ئاستىدا ئاللاھقا پۇختا ۋەدە بېرىپ، ئارقىدىنلا خىلاپلىق قىلىشقان ئىدى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەر بىلەنمۇ قىلىشقان ئەھدىلىرىگە خىلاپلىق قىلىشتى. ھەمدە مەدىنىگە كەلگەندىن كېيىن، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا قىلىشقان ئەھدىسىنىمۇ بىر چەتكە قايرىپ قويۇشتى. ۋەھالەنكى، ئۇ كېلىشىمدە ئۇلار بىلەن بەزى شەرتلەر ماقۇللانغان ئىدى. شۇنداقتىمۇ، ئۇلار ئالدى بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دۈشمەنلىرىگە ياردەملەشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئوتتۇرىغا قويغان تۈزۈمنى ئەيىپلەشكە باشلىدى. مۇسۇلمانلار ئارىسىغا ئىتتىپاقسىزلىق سېلىشقا تىرىشتى. ھالبۇكى، بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى مەدىنە ئەھدىنامىسىگە پۈتۈنلەي زىت ئىدى.

مانا بۇلار، يەھۇدىيلارنىڭ ئىپلاس ئادەتلىرى بولۇپ، مۇسۇلمانلارنىڭ ئادىتى پۈتۈنلەي باشقىچە ئىدى. بۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق بايان قىلىدۇ: «المسلمون تتكافأ دماؤهم وهم يد على من سواهم يسعى بذمتهم ادناهم» «مۇسۇلمانلارنىڭ قېنى تەڭ باراۋەر. باشقىلارغا قارشى ھەمدەملىشىدىغان بىر ـ بىرىگە مەدەتكار، ئۇلارنىڭ تەڭ ئادەتتىكىسىمۇ ھەممەيلەنگە ۋاكالىتەن ئامانلىق بېرەلەيدۇ». ئۇلار قانداقلا بىرسى بىلەن ئەھدىلەششە، ئۇلاردىن ھېچ بىرىنىڭ ئۇنىڭغا خىلاپلىق قىلىشىغا ۋە ئەھدىنى بۇزۇشىغا قەتئىي رۇخسەت قىلىنمايدۇ.

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ خەلىپىلىك دەۋرىدە ئەسكەرلەرنىڭ باش قوماندانى ئەبۇ ئۇبەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ئىراقتىكى بىر يېزىغا بىزنىڭ بىر قۇلىمىز ئامانلىق بېرىپتۇ، ئەمدى قانداق قىلىشىمىز لازىم؟» دەپ مەكتۇپ يوللىغان ئىدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭغا: «ئاللاھ تائالا ئەھدىگە ۋاپا قىلىشنى ناھايىتى ئۇلۇغ پەرز قىلىپ بەلگىلىگەن. شۇڭا سىلەر ئۆز ۋەدەڭلارغا ئەمەل قىلمىغۇچە، سىلەرنى ۋاپادار دېگىلى بولمايدۇ» دەپ جاۋاب بەرگەن. شۇنىڭ بىلەن مەزكۇر ئەھدىگە ئەمەل قىلىنىپ، شۇ رايون خەلقى ئۆز ھالىغا قويۇپ بېرىلگەن.

مانا بۇ راستچىل، قائىدە - قانۇنلۇق، ئېسىل جامائەتنىڭ سۈپىتى بولۇپ، بۇنىڭدىن ناچار يەھۇدىيلارنىڭ ئەخلاقى بىلەن راستچىل، قائىدىلىك مۇسۇلمانلارنىڭ ئەخلاقى ئوتتۇرىسىدىكى پەرق ئوچۇق ئايدىڭلاشقان ھالدا ئوتتۇرىغا چىقىدۇ.

«وَلَمَّا جَآءَهُمۡ رَسُولٞ مِّنۡ عِندِ ٱللَّهِ مُصَدِّقٞ لِّمَا مَعَهُمۡ نَبَذَ فَرِيقٞ مِّنَ ٱلَّذِينَ أُوتُواْ ٱلۡكِتَٰبَ كِتَٰبَ ٱللَّهِ وَرَآءَ ظُهُورِهِمۡ كَأَنَّهُمۡ لَا يَعۡلَمُونَ» *«ئۇلارغا ئاللاھ تەرىپىدىن قوللىرىدىكى كىتابنى تەستىقلايدىغان ۋە قۇۋۋەتلەيدىغان بىر پەيغەمبەر (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) كەلسە، بۇ ئەھلى كىتابلار خۇددى ھېچ نەرسە بىلمەيدىغاندەك، ئاللاھنىڭ كىتابىنى ئارقىغا چۆرۈپ قويۇشىدۇ»*.

بۇ، ۋەدىگە خىلاپلىق قىلىشنىڭ بىر مىسالى بولۇپ، ئۇنى يەھۇدىيلارنىڭ بىر پىرقىسى سادىر قىلغان ئىدى. ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلاردىن ئالغان ئەھدىسىدە: «بۇندىن كېيىن قانداقلا پەيغەمبەر ئەۋەتىلسە، سىلەر ئۇنىڭغا ئىمان كەلتۈرىسىلەر. ئۇنىڭغا ئىھتىرام بىلدۈرىسىلەر، ئۇنىڭغا ھەمكارلىشىسىلەر» دېگەن بىر ماددىمۇ بار ئىدى. ئاللاھ تائالا ئاخىر زامان پەيغەمبىرىنى قۇرئان كەرىم بىلەن بىرگە ئەۋەتكەن چاغدا بولسا، ئەھلى كىتابلارنىڭ بىر پىرقىسى ئۇ ئەھدىنى چەتكە ئىتتىرىپ قويدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار بىرىنچىدىن، ئاخىر زامان پەيغەمبىرى ھەققىدە بېشارەت بېرىلگەن ئۆز كىتابلىرىنى ۋە ئەشۇ بېشارەتلەرنى ئىنكار قىلغان بولسا، ئىككىنچىدىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا نازىل بولغان يېڭى ئىلاھىي كىتابنى رەت قىلغان بولدى.

بۇ ئايەتتە ئەھلى كىتابلارغا يوشۇرۇن بىر تەنە قىلىشمۇ كۆزدە تۇتۇلغان. يەنى، ناۋادا مۇشرىكلار ئاللاھنىڭ كىتابىنى رەت قىلغان بولسا ئىدى، ئانچە ئەجەپلىنەرلىك ئىش بولمىغان بولاتتى. بىراق بۇ بەدبەختلەر ئۆزى ئەھلى كىتاب تۇرۇپمۇ، ئۇنى رەت قىلدى. ۋەھالەنكى، ئۇلار پەيغەمبەرنى ۋە پەيغەمبەرلىكنى ئوبدان بىلىشەتتى. ھەردائىم ھىدايەت بۇلىقى بىلەن ئالاقىسى بولۇپ كەلگەن ۋە دائىم چىراغنىڭ يېنىدا بولۇپ كەلگەن ئىدى. بىراق ئۇلار مەرىپەت ئىگىسى بولغان تۇرۇقلۇق قانداق قىلدى؟ ئاللاھنىڭ كىتابىنى ئارقىغا چۆرۈپ قويدى. يەنى ئىنكار قىلىپ، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىشنى تاشلىدى. ئۇلار ئاللاھنىڭ كىتابىنى ئۆز ھاياتىدىن ۋە پىكىر دۇنياسىدىن چىقىرىپ تاشلىدى.

قۇرئان كەرىمنىڭ تەسۋىري ئىپادە ئۇسلۇبى ئۇقۇمنى مەنە دائىرىسىدىن چىقىرىپ، ئەمەلىيەت دائىرىسىگە يۆتكەپ كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ قىلمىش - ئەتمىشلىرىنى جانلىق شەكىلدە ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. ئۇلار شۇ قەدەر قەبىھ ۋە يىرگىنچلىك شەكىلدە تەسۋىرلىنىدۇكى، ھەممىلا يېرىدىن ئىنكارچىلىقى ۋە بىلىپ تۇرۇپ رەت قىلىشلىرى كۆرۈنۈپلا تۇرىدۇ. بۇ تەسۋىردە ئۇلار ئىنتايىن ناپاك قەلب، ھاماقەتلەرچە كۆزقاراش، ئاسىيلىق، مەينەتچىلىك ۋە خارلىقنىڭ مۇجەسسىمى بولۇپ كۆرۈنىدۇ. بۇ تەسۋىردە ئىنساننىڭ خىيالىغا گويا بىر قول ھەرىكەتلىنىپ، ئاللاھنىڭ كىتابىنى ئارقىغا چۆرۈپ قويۇۋاتقاندەك كۆرۈنۈشلەر كېلىشكە باشلايدۇ.

************

## ئاللاھنىڭ كىتابىدىن يۈز ئۆرۈگەنلەر

ئاندىن نېمە بولدى؟ ئەجىبا، قوللىرىدىكى كىتابلارنى تەستىقلايدىغان قۇرئاننى ئارقىغا چۆرۈپ قويغاندىن كېيىن، ئۇنىڭدىن ياخشىراق بىرەر نەرسە تاپتىمۇ ياكى ئۇنىڭدىن تېخىمۇ گۈزەل بىرەر كىتابقا مۇراجىئەت قىلدىمۇ ۋەياكى باشقا بىر ھەقىقەتكە قايتىشتىمۇ ۋەياكى بولمىسا، قۇرئان تەستىقلاۋاتقان كىتابلىرىغا قايتتىمۇ؟

ياق، بۇلارنىڭ ھېچ بىرسى بولمىدى. ئۇلار مۇئەييەن بىر ھەقىقەتنى ئاساس قىلمىغان خۇراپى ئەپسانىلەرنىڭ كەينىگە كىرىش ئۈچۈن ئاللاھنىڭ كىتابىنى ئارقىغا چۆرۈپ قويۇشتى.

وَٱتَّبَعُوا مَا تَتۡلُواْ ٱلشَّيَٰطِينُ عَلَىٰ مُلۡكِ سُلَيۡمَٰنَۖ وَمَا كَفَرَ سُلَيۡمَٰنُ وَلَٰكِنَّ ٱلشَّيَٰطِينَ كَفَرُواْ يُعَلِّمُونَ ٱلنَّاسَ ٱلسِّحۡرَ وَمَآ أُنزِلَ عَلَى ٱلۡمَلَكَيۡنِ بِبَابِلَ هَٰرُوتَ وَمَٰرُوتَۚ وَمَا يُعَلِّمَانِ مِنۡ أَحَدٍ حَتَّىٰ يَقُولَآ إِنَّمَا نَحۡنُ فِتۡنَةٞ فَلَا تَكۡفُرۡۖ فَيَتَعَلَّمُونَ مِنۡهُمَا مَا يُفَرِّقُونَ بِهِۦ بَيۡنَ ٱلۡمَرۡءِ وَزَوۡجِهِۦۚ وَمَا هُم بِضَآرِّينَ بِهِۦ مِنۡ أَحَدٍ إِلَّا بِإِذۡنِ ٱللَّهِۚ وَيَتَعَلَّمُونَ مَا يَضُرُّهُمۡ وَلَا يَنفَعُهُمۡۚ وَلَقَدۡ عَلِمُواْ لَمَنِ ٱشۡتَرَىٰهُ مَا لَهُۥ فِي ٱلۡأٓخِرَةِ مِنۡ خَلَٰقٖۚ وَلَبِئۡسَ مَا شَرَوۡاْ بِهِۦٓ أَنفُسَهُمۡۚ لَوۡ كَانُواْ يَعۡلَمُونَ ﴿١٠٢﴾ وَلَوۡ أَنَّهُمۡ ءَامَنُواْ وَٱتَّقَوۡاْ لَمَثُوبَةٞ مِّنۡ عِندِ ٱللَّهِ خَيۡرٞۖ لَّوۡ كَانُواْ يَعۡلَمُونَ ﴿١٠٣﴾

*ئۇلار سۇلايماننىڭ سەلتەنىتىنىڭ نامى بىلەن شەيتانلار ئوتتۇرىغا قويغان سۆزلەرگە ئەگەشتى. ھالبۇكى، سۇلايمان كاپىر بولغىنى يوق، لېكىن شەيتانلار كىشىلەرگە سېھىر ئۆگىتىپ كاپىر بولۇشقان ئىدى. ھەمدە بابىلدىكى ھارۇت- مارۇت دېيىلىدىغان ئىككى پەرىشتىگە سېھىر نازىل قىلىنغىنىمۇ يوق. (ئۇ پەرىشتىلەر بىر سىناق بولۇپ،) ھەرقانداق چاغدا ئۇنى تەلىم بەرسە، ئالدى بىلەن «بىز بىر سىناق، سەن كاپىر بولۇپ قالمىغىن» دەپ ئوچۇق ئاگاھلاندۇرۇش بېرەتتى. شۇنداقتىمۇ بۇلار ئۇ ئىككىسىدىن ئەر- خوتۇنى بىر- بىرىدىن ئايرىۋېتىدىغان نەرسىلەرنى ئۆگەندى. شۇنىسى ئېنىقكى، ئۇلار ئۇ ئارقىلىق ﷲنىڭ ئىزنىسىز ھېچ كىشىگە زىيان يەتكۈزەلمەيتتى. ئەمما شۇنداقتىمۇ، ئۇلار ئۆزلىرىگە زىيىنى بار، پايدىسى يوق نەرسىنى ئۆگەندى. ئۇلار ئەشۇ نەرسىلەرنىڭ خېرىدارى بولغانلارغا ئاخىرەتتە ھېچ نېسىۋە يوقلۇقىنى ئوبدان بىلەتتى، ئۇلار جانلىرىنىڭ بەدىلىگە سېتىۋالغان نەرسىنىڭ ئەجەبمۇ يامان ئىش ئىكەنلىكىنى بىلسە ئىدى كاشكى![102]. ئەگەر ئۇلار ئىمان ۋە تەقۋالىقنى تاللىغان بولسا، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىكى ئېرىشىدىغان ئەجىر ئەلۋەتتە ئۇلار ئۈچۈن كۆپ ياخشى ئىدى، كاشكى ئۇلار بۇنى بىلسە ئىدى![103].*

ئۇلار قوللىرىدىكى ساماۋىي كىتابلارنى تەستىقلايدىغان ئاللاھنىڭ كىتابىنى قويۇپ، سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدىن قالغان جىنلارنىڭ ئويدۇرما ھېكايىلىرىگە ئەگەشتى. سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ نامىدىن جىنلار ئويدۇرغان يالغانلار بىلەن كىشىلەرنى ئالدىدى.

جىنلار سۇلايمان ئەلەيھىسسالامغا قارا چاپلاپ: «سۇلايمان ناھايىتى كاتتا سېھرىگەر بولۇپ، ئۇ ھەممە نەرسىنى ئۆزىنىڭ سېھرىگەرلىك ئىلمىگە تايىنىپلا بويسۇندۇرغان ئىدى» دېيىشەتتى.

قۇرئان كەرىم «سۇلايمان سېھرىگەر ئىدى» دېگەن بۇ باتىل قاراشقا رەددىيە بېرىپ: «وَمَا كَفَرَ سُلَيْمَٰنُ» «سۇلايمان كاپىر بولغىنى يوق» دەيدۇ. يەنى سېھرىگەرلىكنى قۇرئان كەرىم كۇپۇرلۇق دەپ ھېسابلايدۇ. شۇڭا سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنى ئاقلاپ، سېھرىگەرلىكنى ئۇ ئەمەس، بەلكى شاياتۇنلارنىڭ ئۆزى قىلغانلىقىنى بىلدۈرۈپ: «وَلَٰكِنَّ ٱلشَّيَٰطِينَ كَفَرُواْ يُعَلِّمُونَ ٱلنَّاسَ ٱلسِّحْرَ» «لېكىن شەياتۇنلار كىشىلەرگە سېھىر ئۆگىتىپ كاپىر بولۇشقان ئىدى» دەيدۇ.

ئاندىن قۇرئان كەرىم يەنە: «ئاللاھ تائالا سېھرىگەرلىك تەلىماتىنى بابىلدىكى ''ھارۇت'' ۋە ''مارۇت'' دېيىلىدىغان ئىككى پەرىشتىگە نازىل قىلغان» دېگەن قاراشقىمۇ رەددىيە بېرىپ: «وَمَآ أُنزِلَ عَلَى ٱلْمَلَكَيْنِ بِبَابِلَ هَٰرُوتَ وَمَٰرُوتَ» «ھەمدە بابىلدىكى ھارۇت- مارۇت دېيىلىدىغان ئىككى پەرىشتىگە سېھىر نازىل قىلىنغىنىمۇ يوق» دەيدۇ.

مەلۇم بولۇشىچە، يەھۇدىيلاردا ئەشۇ ئىككى پەرىشتە ھەققىدە خېلى مەشھۇر ھېكايىلەر مەيدانغا چىققان بولۇپ، يەھۇدىيلار بىلەن جىن - شاياتۇنلار: «ئۇ ئىككى پەرىشتە سېھرىگەرلىك ئىلمىنى بىلەتتى ۋە كىشىلەرگىمۇ ئۆگىتىپ يۈرەتتى» دېيىشەتتى. ئۇلار يەنە «سېھرىگەرلىك ئىلمى بابىلدىكى پەرىشتىلەرگە ئاللاھ تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان» دەپ قارايتتى. قۇرئان كەرىم بۇ تۆھمەتكىمۇ رەددىيە بېرىدۇ ۋە بۇ ئىشنىڭ ھەقىقىتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بېرىپ، مەزكۇر ئىككى پەرىشتىنىڭ ئاللاھنىڭ ھېكمەتلىك سىرلىرىدىن بىرى ئىكەنلىكىنى، پۈتۈن خەلق ئاممىسىغا سىناق ھەم پىتنە قىلىپ ئەۋەتىلگەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ يېنىغا سېھىر ئۆگىنىش ئۈچۈن بارغانلىكى كىشىلەرگە ئۇلارنىڭ ئالدىن ئاگاھلاندۇرۇش بېرىدىغانلىقىنى: «وَمَا يُعَلِّمَانِ مِنْ أَحَدٍ حَتَّىٰ يَقُولَآ إِنَّمَا نَحْنُ فِتْنَةٌ فَلَا تَكْفُرْ» «ھەرقانداق چاغدا ئۇنى تەلىم بەرسە، ئالدى بىلەن ''بىز بىر سىناق، سەن كافىر بولۇپ قالمىغىن'' دەپ ئۇچۇق ئاگاھلاندۇرۇش بېرەتتى» دەپ بايان قىلىدۇ.

قۇرئان كەرىم بۇ يەردە سېھرىگەرلىككە قارىتا يەنە قايتىدىن كۇپۇرلۇق دەپ باھا بەرمەكتە، شۇنداقلا ئۇنىڭ كۇپۇرلۇق ئىكەنلىكىنى مەزكۇر ئىككى پەرىشتە (ھارۇت ۋە مارۇت)نىڭ تىلى بىلەن جاكارلىماقتا.

قۇرئان يەنە، پەرىشتىلەر ئوچۇق ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرسىمۇ، بەزى كىشىلەرنىڭ ئۇلاردىن سېھىر ئۆگىنىمىز دەپ چىڭ تۇرىۋالىدىغانلىقىنى، ئۇلار شۇنچە چىڭ تۇرىۋالغان بولغاچقا ئاللاھ تائالا ئۇلارغا بۇ دەرۋازىنىمۇ ئېچىپ بەرگەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىدۇ.

«فَيَتَعَلَّمُونَ مِنۡهُمَا مَا يُفَرِّقُونَ بِهِۦ بَيۡنَ ٱلۡمَرۡءِ وَزَوۡجِهِۦ» «شۇنداقتىمۇ بۇلار ئۇ ئىككىسىدىن ئەر-خوتۇننى بىر- بىرىدىن ئايرىۋېتىدىغان نەرسىلەرنى ئۆگىنەتتى». ۋەھالەنكى، پەرىشتىلەر ئاگاھلاندۇرىۋاتقان يامان ئىش دەل ئەشۇ ئىدى.

قۇرئان بۇ يەردە ۋەزىيەت، شارائىتقا ماسلاشتۇرغان ھالدا، ئىسلام ئەقىدىسىنىڭ ئاساسلىق پرىنسىپلىرىدىن بىرسى تەرەپكە دىققەتنى تارتىدۇ. ئۇ بولسىمۇ، كائىناتتا ئاللاھنىڭ ئىزنىسىز ۋە ئىرادىسىسىز بىر تال يوپۇرماقنىڭمۇ ھەرىكەت قىلالمايدىغانلىقىدىن ئىبارەتتۇر.

«وَمَا هُم بِضَآرِّينَ بِهِۦ مِنۡ أَحَدٍ إِلَّا بِإِذۡنِ ٱللَّهِۚ» «ئېنىقكى، ئۇلار ﷲنىڭ ئىزنىسىز ھېچ كىشىگە ئۇ ئارقىلىق زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ».

دېمەك، ئاللاھنىڭ ئىزنى ۋە ئىرادىسى بىلەنلا سەۋەبلەر ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرىدۇ ۋە نەتىجىلەر بارلىققا كېلىدۇ. بۇ ئىسلام تەسەۋۋۇرىنىڭ ئىنتايىن مۇھىم ئالەمشۇمۇل ئومۇمىي قائىدىسى بولۇپ، ھەرقانداق بىر مۆئمىننىڭ قەلب، ئىدىيىسىدە ئوچۇق يەر ئالغان بولۇشى لازىم. بۇ ئەقىدىنى ئوتتۇرىغا قويۇشنىڭ ئەڭ ياخشى پۇرستى مۇشۇ بولۇپ، ئۇنىڭ مىسالى شۇكى، ناۋادا سىز قولىڭىزنى ئوتقا تىقسىڭىز، ئۇ چوقۇم كۆيىدۇ. ئەمما بۇ كۆيۈش ئاللاھنىڭ ئىزنى ۋە ئىرادىسىسىز ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس. ئوتقا كۆيدۇرۇش ۋە قولغا كۆيۈش خۇسۇسىيىتىنى ئاللاھ تائالا بەرگەن بولۇپ، ئاللاھ قاچان خالىسا، بۇ خۇسۇسىيەتلەرنى ئەمەلدىن قالدۇرالايدۇ. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋەقەسىدىمۇ ئەمەلىيەت دەل شۇنداق بولغان. دېمەك، ئەر - ئايالنى بىر - بىرىدىن ئايرىشتا ئىشلىتىلىدىغان سېھىرگەرلىكمۇ شۇنىڭغا ئوخشايدۇ. ئەگەر ئاللاھنىڭ ئىرادىسى ۋە ئىزنى بولمايدىكەن، ئۇنىڭ ھېچقانداق تەسىرى بولمايدۇ. ئاللاھنىڭ ئىرادىسى ۋە ھېكمىتى شۇنى تەقەززا قىلمىغان ئەھۋالدا، سېھىرنىڭ تەسىر كۈچى قەتئىي ئاقمايدۇ. بىز تاكى بۈگۈنگە قەدەر بىلىپ يەتكەن پۈتۈن سەۋەبلەر ۋە بارلىق تەسىر كۈچلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ ئەھۋالىمۇ يەنە شۇنداق بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ھەر بىر سەۋەبكە ئاللاھ تائالا مەخسۇس بىر خۇسۇسىيەتنى يەرلەشتۈرگەن بولۇپ، ئۇ ئاللاھنىڭ ئىرادىسى ۋە ئىزنى بىلەنلا ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرماقتا. ئاللاھ تائالا بۇ سەۋەبلەرگە ئەشۇ خىلمۇ خىل خۇسۇسىيەتلەرنى قانداق ئاتا قىلغان بولسا، يەنە شۇنداق تارتىپ ئالالايدۇ.

ئاندىن قۇرئان كەرىم ئۇلار ئۆگەنگەن نەرسىنىڭ (يەنى، ئەر ئايالنى بىر - بىرىدىن ئايرىدىغان سېھىرنىڭ) ماھىيىتىنىمۇ ئېچىپ بايان قىلىدۇ. قۇرئان كەرىم بۇ سېھىرگەرلىكنىڭ ئۇلار ئۈچۈن ھېچبىر پايدىسى يوقلىقىنى بايان قىلىپ: «وَيَتَعَلَّمُونَ مَا يَضُرُّهُمۡ وَلَا يَنفَعُهُمۡ» «ئەمما شۇنداقتىمۇ، ئۇلار ئۆزلىرىگە زىيىنى بار، پايدىسى يوق نەرسىنى ئۆگىنەتتى» دەيدۇ. ئۇلار مۇبتىلا بولغان ئازغۇنلۇقنىڭ كۆپۈرلۈق دەپ ئاتالغانلىقىنىڭ ئۆزىلا ئۇ ئىشنىڭ پۈتۈنلەي زىيانلىق ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭدا ھېچبىر مەنپەئەت يوقلۇقىنى ئىسپاتلاشقا يېتەرلىك پاكىت ئىدى.

«وَلَقَدۡ عَلِمُواْ لَمَنِ ٱشۡتَرَىٰهُ مَا لَهُۥ فِي ٱلۡأٓخِرَةِ مِنۡ خَلَٰقٖۚ» «ئۇلار ئەشۇ نەرسىلەرنىڭ خېرىدارى بولغانلارغا ئاخىرەتتە ھېچ نېسىۋە يوقلۇقىنى ئوبدان بىلەتتى». ناۋادا كىشى قىلىۋاتقان ئىشنىڭ نەتىجىسىدە ئاخىرەتتىكى پۈتۈن ياخشىلىقلاردىن مەھرۇم قالىدىغانلىقىنى بىلىپ يەتكەندىن كېيىنمۇ، يەنە ئىلگىرىكى ئىشنى داۋاملاشتۇرىدىكەن، ئۇ گويا ئۆزىنىڭ ئاخىرەتلىكىنى قەستەن خاراب قىلىۋاتقان، كەلگۈسىدىكى پۈتۈن ياخشىلىقلاردىن ئۆزىنى ئۆزى مەھرۇم قىلىۋاتقان بولىدۇ.

-- بۇ نېمە ئۈچۈن؟

-- بۇ، بىرقانچە كۈنلۈك ھاياتتا بولۇشقا پەيز سۈرۈۋېلىش ئۈچۈندۇر. بۇلارنىڭ قىلىۋاتقىنى نېمىدېگەن ناچار سودا - ھە؟! ۋەھالەنكى، ئۇلار بۇ سودىنىڭ ماھىيىتىنى ناھايىتى ياخشى بىلىدۇ.

«وَلَبِئۡسَ مَا شَرَوۡاْ بِهِۦٓ أَنفُسَهُمۡۚ لَوۡ كَانُواْ يَعۡلَمُونَ» «ئۇلار جانلىرىنىڭ بەدىلىگە سېتىۋالغان نەرسىنىڭ نەقەدەر يامان ئىش ئىكەنلىكىنى بىلسە ئىدى كاشكى!».

«وَلَوۡ أَنَّهُمۡ ءَامَنُواْ وَٱتَّقَوۡاْ لَمَثُوبَةٞ مِّنۡ عِندِ ٱللَّهِ خَيۡرٞۖ لَّوۡ كَانُواْ يَعۡلَمُونَ» «ئەگەر ئۇلار ئىمان ۋە تەقۋالىقنى تاللىغان بولسا، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىكى ئېرىشىدىغان ئەجىر ئەلۋەتتە ئۇلار ئۈچۈن كۆپ ياخشى ئىدى، كاشكى ئۇلار بۇنى بىلسە ئىدى!»

بۇ سۆز بابىلدىكى مەزكۇر ئىككى پەرىشتىدىن سېھىر ئۆگەنگەنلەرنىڭ ۋە سۇلايمان ئەلەيھىسسالام دەۋرىدىن قالغان شەيتان قىسسىلىرىغا ئەگەشكەنلەرنىڭ ئەھۋالىغا ناھايىتى ئۇيغۇن بولۇپ، بۇنداق قىلغانلار ئاللاھنىڭ كىتابىنى ئارقىغا چۆرۈپ قويۇپ، يالغان، رەزىل نەرسىلەرگە ئەگەشكەن يەھۇدىيلاردىن باشقىلار ئەمەس ئىدى.

***********

## سېھىرگەرلىك

بۇ يەردە بىر ئاز سېھىر ھەققىدە، يەنى يەھۇدىيلار ئارقىدىن چېپىپ يۈرگەن، ئەر - ئايالنىڭ ئارىسىغا سوغۇقچىلىق سالىدىغان ھەمدە ئۇلارنىڭ ئاللاھنىڭ كىتابىنى ئارقىغا چۆرۈپ قويۇشىغا سەۋەب بولغان سېھىر ھەققىدە توختىلىپ ئۆتۈشىمىز لازىم.

دەرھەقىقەت، بىزنىڭ بۈگۈنكى دەۋرىمىزدىمۇ ئاجايىپ غەلىتە، مۆجىزىۋي خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە كىشىلەر ئۇچراپ تۇرىدۇ، ئۇلارغا پەن - تېخنىكا تېخىچە تۈزۈككىنە بىر ئىلمىي باھا بېرەلىگىنى يوق. گەرچە بۇ خىل ئاجايىپ ئىشلارغا ھەرخىلناملار قويۇلغان

بولسىمۇ، ئەمما ھازىرغىچە ئۇلارنىڭ ھەقىقىتى مۇئەييەنلەشتۇرۇلۇپ بېقىلمىدى. ھازىرغىچە يەنىلا ''ئاجايىبات'' ھېسابلىنىپ كەلمەكتە. مەسىلەن: ''تېلېمېخە'' يەنى، يىراقتىن خىيالىي پىكىر ئالماشتۇرۇش قانداق خاراكتېرگە ئىگە؟ بىر كىشى ئاۋازى ۋە كۆزى يېتىپ بارالمايدىغان يىراق مۇساپىدىكى ئىككىنچى بىر كىشىنى قانداقسىگە چاقىرالىسۇن؟ ئۇنىڭدىن پىكىر ئالالىشى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئارىسىدا يىراق مۇساپىنىڭ قەتئىي توسالغۇ بولماسلىقى قانداق مۇمكىن بولسۇن؟

ھەمدە يەنە ''مەنياتىزىم'' يەنى، ''مېخنىڭ ماگنىت كۈچى''مۇ بار. بۇ قانداقسىگە مۇمكىن بولسۇن؟ بىرىنىڭ ئىرادىسى چۈشىنىش قەتئىي مۇمكىن بولمايدىغان شۇنچە پەۋقۇلئاددە يول بىلەن قانداقسىگە ئىككىنچى بىرسىنىڭ ئىرادىسىغا ھۆكۈمرانلىق قىلالىسۇن؟ ئىككى مېخە ئۆز - ئارا ئالاقە ئورنىتىپ، ماس ھالدا پىكىر ئالماشتۇرالىسۇن؟ بىرى بىرنىمىلەرنى دېسە، يەنە بىرى قانداقسىگە خۇددى كىتابتىن ئوقۇۋاتقاندەكلا تەكرارلاپ بېرەلىسۇن؟

پەن - تەتقىقاتنىڭ بۇ خۇسۇستا بۇگۈنگە قەدەر قىلىپ كېلىۋاتقان ئىشلىرى پەقەتلا ئۇنى ئېتىراپ قىلىپ، ئىسىم قويۇشتىنلا ئىبارەت بولۇپ كەلمەكتە. زامانىۋى ئىلىم بۇ ئىشلارنىڭ ماھىيىتى ۋە قانداق مۇمكىن بولىدىغانلىقىغا قارىتا ھېچ قانداق جاۋاب بېرەلمەيدۇ. بۇنىڭدىن باشقا يەنە تېخىچە پەن - تەتقىقاتنى ھەيرەتتە قالدۇرۇۋاتقان ئاجايىباتلار مەۋجۇت بولۇپ، ئۇلارنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى پەن - تەتقىقاتنىڭ ئېتىراپ قىلىشى ئۇچۇن يا يېتەرلىك ئەمەلىي تەجرىبىلەر يەكۈنلەنمىگەن بولۇشى مۇمكىن ياكى پەن - تەتقىقات تېخىچە ئۇزى تەجرىبە، تەتقىق قىلالىغۇدەك ۋاسىتىلەرگە ئىگە بولالمىغان بولۇشى مۇمكىن.

شۇنىڭدەك، ھەقىقىي چۈشىنىڭ مەسىلىسىمۇ تېخىمۇ بەك ئەجەپلىنەرلىك. شۇڭا بارلىق روھانىي كۈچلەرنى شىددەت بىلەن ئىنكار قىلىپ كەلگەن فىروئىدمۇ ئۇنى ئىنكار قىلالمىغان ئىدى. كەلگۈسىنىڭ قاراڭغۇ مەۋھۇملىقىدا بولىدىغان ئىشلار ھەققىدە قانداقسىگە چۈشىمىزدىن ئالدىن بېشارەتلەرنى ئالالايمىز؟ نېمە ئۇچۇن چۈشتە كۆرگەن ئىش ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي ئەمەلىيلىشىدۇ؟

ئىنساننىڭ تېخىچە ئىسمىمۇ قويالمىغان بىر قىسىم يوشۇرۇن ھېس - تۇيغۇلىرىنىڭ مەسىلىسىمۇ دەل شۇنىڭغا ئوخشايدۇ. بەزىدە ئىنسان بىر ئىش بولىدىغاندەك، ياكى بىرسى كېلىدىغاندەك تۇيغۇغا كېلىپ قالىدۇ. شۇنىڭدىن مەلۇم مۇددەت كېيىن كۈتۈلگەن ئىش مەلۇم بىر شەكىلدە ئەمەلىيەتكە ئايلىنىدۇ. بۇ قانداقسىگە شۇنداق بولىدۇ؟

- ئىلىم - پەننىڭ بۇلارنى تەجرىبە تاختىسىغا ئېلىپ چىقىدىغان ئەسۋاپلىرى يوق، ئىلىم - پەن بۇنداق ئىمكانىيەتكە ئىگە ئەمەس - دەپلا ئىنساننىڭ بۇ يوشۇرۇن ئىچكى قۇۋۋەتلىرىنى مۇنداقلا رەت قىلىۋېتىش راستىنلا ئىنتايىن غەلىتىلىك. بۇنىڭ مەنىسى قانداقتۇر ئىنسان دۇنيادىكى بارلىق خۇراپاتلارغا كۆزنى يۇمۇپلا ئىشىنىشى ۋە ئۇدۇللا كەلگەن ئەپسانىلەرگە ئىمان كەلتۈرىشى لازىم دېگەنلىك بولمايدۇ. بەلكى ئەڭ مۆتىدىل، توغرا

پوزىتسىيە شۇكى، ئىنسان نامەلۇم، مەجھۇل ھەقىقەتلەرگە نىسبەتەن مۆتىدىل، ئىلاستىكلىق مۇئامىلە قىلىشى لازىم. ئۇنى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلىشمۇ توغرا ئەمەس، شۇنداقلا پۈتۈنلەي قوبۇل قىلىشمۇ ئەقىلگە ئۇيغۇن ئەمەس. بۇ خىل ئوتتۇرا يولنى تۇتۇشنىڭ نەتىجىسى شۇ بولىدۇكى، ئىنسان نۆۋەتتە ئۆزىدە مەۋجۇت بولغان ئىلىم، ئىدراك ۋاستىلىرىنى تېخىمۇ تەرەققى قىلدۇرغان چاغدا، ئۇ خىل ھەقىقەتلەرنى بىلىپ يېتىش مۇمكىنچىلىكىگە ئىگە بولىدۇ. شۇڭا ئىنسان ئۆز ئىلمىنىڭ چەكلىك ئىكەنلىكىنى ۋە بەزى مەجھۇل ھەقىقەتلەرنىڭ ئىدراك دائىرىسىدىن تاشقىرى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىشى لازىم. ئۆزىنىڭ ئىمكان دائىرىسىنى ياخشى چۈشىنىشى ۋە مەجھۇل ھەقىقەتلەرگىمۇ ئازدۇر - كۆپتۇر ئېتىبار بېرىشى لازىم.

سېھرىگەرلىكنىڭ خاراكتېرىمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدۇ. شاياتۇنلار تەرىپىدىن ناچار كىشىلەرنىڭ قەلبىگە سېلىنىدىغان ئىشلارمۇ ئىدراكتىن تاشقىرى ئىشلار قاتارىدا سانىلىدۇ. بۇنىڭ قانچىلىغان تۈرلىرىدىن بىرى شۇكى، سېھرىگەرلەر ئىنسانلارنىڭ ھېس - تۇيغۇ، ئوي - خىيالىغا تەسىر كۆرسىتەلەيدۇ. بەزىدە ماددىي ئەشيالار ئۈستىدىمۇ ئۆز تەسىرىنى ئەكس ئەتتۈرەلەيدۇ. پىرئەۋننىڭ سېھرىگەرلىرى كۆرسەتكەن سېھرىنىڭ كۆزباغلاش ئىكەنلىكىنى، سېھىر بىلەن  ھېچ بىر نەرسىنىڭ ئەسلى ھەقىقىتى ئۆزگىرىپ قالمايدىغانلىقىنى قۇرئان كەرىم ئوچۇق تىلغا ئالغان. قۇرئان كەرىمدە: «يُخَيَّلُ إِلَيْهِ مِنْ سِحْرِهِمْ أَنَّهَا تَسْعَى» «ئۇلارنىڭ سېھرى بىلەن گويا ئۇ مىخۇۋاتقاندەك بىلىنەتتى»[1] دېيىلگەن بولۇپ، بەلكىم سېھرىگەرلەر ئەشۇنداق تەسىر كۆچىگە تايىنىپ، ئەر - ئايالنىڭ، شۇنداقلا يېقىن دوستلارنىڭ ئارىسىغا ئايرىمچىلىق سالالىشى مۇمكىن. چۈنكى ئىنسان بىرەر نەرسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغاندا، ئۇنىڭ ھەرىكەتلەندۈرۈشىگە ماس بەزى ئىشلارنى سادىر قىلىپ سالىدۇ. بىراق خۇددى يۇقىرىدا دېيىلگەنگە ئوخشاش سەۋەب، ۋاستىلەر، سەۋەبچىلەر ۋە نەتىجىلەرنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭ ئىزنىسىز ھەرگىز مەيدانغا كەلمەيدۇ.

بۇ يەردە تەبىئىي ھالدا: «ھارۇت بىلەن مارۇت كىملەر ئىدى؟ قايسى دەۋرلەردە بابىلدا ئۆتكەن ئىدى؟» دېگەن سوئالمۇ پەيدا بولىدۇ. بۇ سوئالغا قارىتا قۇرئان كەرىم تەپسىلى توختالماي يۈرمەيدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، مەزكۇر پەرىشتىلەرنىڭ قىسسىسى يەھۇدىيلارنىڭ ئارىسىدا مەشھۇر بولۇپ، قۇرئان كەرىمنىڭ ئۇنى قانداق ئاڭلاتقانلىقىغا نىسبەتەن ئەينى چاغدىكى يەھۇدىيلارنىڭ ھېچ بىرى ئېتىراز بىلدۈرۈپ باققان ئەمەس. چۈنكى قۇرئان كەرىم خىتاب قىلىنىۋاتقان كىشىلەر ئارىسىدا مەلۇملۇق تارىخىي ۋەقەلەرنى تىلغا ئالغاندا، ئۇنىڭ خۇلاسىسىنىلا بايان قىلىدۇ ھەمدە تېمىنىڭ چۈشىنىشلىك بولۇشىغا يېتەرلىك قىسمىنىلا ئالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، تەپسىلاتىنى تەقەززا قىلىدىغان ئەھۋال قالمايدۇ. قۇرئان كەرىمنىڭ مەقسىتى قىسسىنىڭ تەپسىلاتىنى ئاڭلىتىش ئەمەس، بەلكى قىسسىنى ئەسلىتىشنىلا

[1] سۈرە تاھە، 66 - ئايەت

ئىبارەتتۇر. شۇڭا بىزمۇ ''قۇرئاننىڭ سايىدا'' مەزكۇر ئىككى پەرىشتە ھەققىدە تارقىلىپ يۈرگەن چۆچەك، ئەپسانىلەرگە كىرىشنى خالىمايمىز. يەنە كېلىپ، بەزى تەپسىرلەردىكى ئۇلار ھەققىدە ئۇچرايدىغان ماتېرىياللارنىڭ ۋە نەقىل قىلىنغان رىۋايەتلەرنىڭمۇ ھېچبىر ئىشەنچلىك مەنبەسى يوق.

ئىنسانىيەت ئۆزىنىڭ ئۇزۇن تارىخىدا خىلمۇخىل بالا - مۇسىبەتلەرگە ۋە تۈرلۈك سىناقلارغا دۇچ كېلىپ تۇرغان بولۇپ، بۇ سىناق - مۇسىبەتلەرمۇ ئوخشاش بولمىغان دەۋرلەردىكى ئىنسانلارنىڭ پىكىر ئىقتىدارىغا ۋە ۋەزىيەت، شارائىتىغا كۆرە خىلمۇخىل خۇسۇسىيەتلىك بولۇپ كەلگەن ئىدى. شۇنىڭدەك، ناۋادا بىرەر سىناق ئىككى پەرىشتە شەكلىدە ياكى پەرىشتە سۈپەت ئىككى ئىنسان شەكلىدە كەلگەن بولسا، بۇنىڭ ھېچقانچە ئەجەپلەنگۈچىلىكى يوق. چۈنكى ئىسانىيەت دۇچ كېلىپ تۇرىدىغان سىناقلار ھەرخىل تۈرلەرگە ۋە ئاجايىپ غەلىتە، تەبىئەتتىن تاشقىرى خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە بولۇپ كەلمەكتە. بولۇپمۇ، ئىنسانلارنىڭ پىكرىي تەرەققىياتى باشلانغۇچ باسقۇچتىكى چاغلاردا، ئىنسانلار جاھالەت ۋە خۇراپاتلىقنىڭ قاراڭغۇلىقىدا ساماۋىي نۇرغىلا تايىنىپ يول يۈرىدىغان دەۋرلەردە تېخىمۇ شۇنداق بولغان.

ئەسلىدە بىزگە بۇ ئايەتلەر ئارقىلىق بېرىلگەن ئىنىق ھۆكۈم، يولىيورۇقلارنىڭ ئۆزىلا يېتەرلىك. ناۋادا بىرەر مەۋھۇملۇق مەۋجۇت بولسا، ئۇنىڭغىمۇ ئەگىشىپ يۈرىشىمىزنىڭ ھېچبىر ھاجىتى يوق. خۇسۇسەن ئۇنداق ھادىسىلەر يۈز بېرىدىغان قەدىمكى دەۋرلەردىن ناھايىتى يىراق ھازىرقى دەۋرىمىزدە تېخىمۇ شۇنداق بولۇشى لازىم. بىز پەقەت بەنى ئىسرائىل قەۋمىنىڭ سېھرىگەرلىككە ئوخشاش مەنىسىز، مەۋھۇم نەرسىلەرنىڭ ئارقىدىن ئەگىشىپ نابۇت بولغانلىقىنى، ئاللاھنىڭ ھەققانىي يولىيورۇقلىرىنى ئارقىغا چۆرۈپ قويۇش ۋە سېھرىگەرلىك بىلەن شۇغۇللىنىشنىڭ كۇپۇرلۇق ئىكەنلىكىنى، بۇنداق ئىشلار بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ ئاخىرەتتە ھېچقانداق نېسىۋىسى بولمايدىغانلىقىنى، ئەكسىچە ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئاخىرەتتىكى بارلىق ياخشىلىقلاردىن مەھرۇم قالىدىغانلىقىنى بىلىپ يەتسەكلا كۇپايە.

**********

# 104 - دىن 123 - گىچە بولغان ئايەتلەرنىڭ شەرھىسى

يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ لَا تَقُولُواْ رَٰعِنَا وَقُولُواْ ٱنظُرۡنَا وَٱسۡمَعُواْۗ وَلِلۡكَٰفِرِينَ عَذَابٌ أَلِيمٞ
(١٠٤) مَّا يَوَدُّ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ مِنۡ أَهۡلِ ٱلۡكِتَٰبِ وَلَا ٱلۡمُشۡرِكِينَ أَن يُنَزَّلَ عَلَيۡكُم مِّنۡ خَيۡرٖ مِّن
رَّبِّكُمۡۗ وَٱللَّهُ يَخۡتَصُّ بِرَحۡمَتِهِۦ مَن يَشَآءُۚ وَٱللَّهُ ذُو ٱلۡفَضۡلِ ٱلۡعَظِيمِ (١٠٥) ۞ مَا نَنسَخۡ مِنۡ ءَايَةٍ
أَوۡ نُنسِهَا نَأۡتِ بِخَيۡرٖ مِّنۡهَآ أَوۡ مِثۡلِهَآۗ أَلَمۡ تَعۡلَمۡ أَنَّ ٱللَّهَ عَلَىٰ كُلِّ شَيۡءٖ قَدِيرٌ (١٠٦) أَلَمۡ تَعۡلَمۡ أَنَّ ٱللَّهَ
لَهُۥ مُلۡكُ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِۗ وَمَا لَكُم مِّن دُونِ ٱللَّهِ مِن وَلِيّٖ وَلَا نَصِيرٍ (١٠٧) أَمۡ تُرِيدُونَ
أَن تَسۡـَٔلُواْ رَسُولَكُمۡ كَمَا سُئِلَ مُوسَىٰ مِن قَبۡلُۗ وَمَن يَتَبَدَّلِ ٱلۡكُفۡرَ بِٱلۡإِيمَٰنِ فَقَدۡ ضَلَّ سَوَآءَ
ٱلسَّبِيلِ (١٠٨) وَدَّ كَثِيرٞ مِّنۡ أَهۡلِ ٱلۡكِتَٰبِ لَوۡ يَرُدُّونَكُم مِّنۢ بَعۡدِ إِيمَٰنِكُمۡ كُفَّارًا حَسَدٗا مِّنۡ
عِندِ أَنفُسِهِم مِّنۢ بَعۡدِ مَا تَبَيَّنَ لَهُمُ ٱلۡحَقُّۖ فَٱعۡفُواْ وَٱصۡفَحُواْ حَتَّىٰ يَأۡتِيَ ٱللَّهُ بِأَمۡرِهِۦٓۗ إِنَّ ٱللَّهَ عَلَىٰ
كُلِّ شَيۡءٖ قَدِيرٞ (١٠٩) وَأَقِيمُواْ ٱلصَّلَوٰةَ وَءَاتُواْ ٱلزَّكَوٰةَۚ وَمَا تُقَدِّمُواْ لِأَنفُسِكُم مِّنۡ خَيۡرٖ تَجِدُوهُ
عِندَ ٱللَّهِۗ إِنَّ ٱللَّهَ بِمَا تَعۡمَلُونَ بَصِيرٞ (١١٠) وَقَالُواْ لَن يَدۡخُلَ ٱلۡجَنَّةَ إِلَّا مَن كَانَ هُودًا أَوۡ
نَصَٰرَىٰۗ تِلۡكَ أَمَانِيُّهُمۡۗ قُلۡ هَاتُواْ بُرۡهَٰنَكُمۡ إِن كُنتُمۡ صَٰدِقِينَ (١١١) بَلَىٰ مَنۡ أَسۡلَمَ
وَجۡهَهُۥ لِلَّهِ وَهُوَ مُحۡسِنٞ فَلَهُۥٓ أَجۡرُهُۥ عِندَ رَبِّهِۦ وَلَا خَوۡفٌ عَلَيۡهِمۡ وَلَا هُمۡ يَحۡزَنُونَ (١١٢) وَقَالَتِ
ٱلۡيَهُودُ لَيۡسَتِ ٱلنَّصَٰرَىٰ عَلَىٰ شَيۡءٖ وَقَالَتِ ٱلنَّصَٰرَىٰ لَيۡسَتِ ٱلۡيَهُودُ عَلَىٰ شَيۡءٖ وَهُمۡ يَتۡلُونَ
ٱلۡكِتَٰبَۗ كَذَٰلِكَ قَالَ ٱلَّذِينَ لَا يَعۡلَمُونَ مِثۡلَ قَوۡلِهِمۡۚ فَٱللَّهُ يَحۡكُمُ بَيۡنَهُمۡ يَوۡمَ ٱلۡقِيَٰمَةِ فِيمَا كَانُواْ
فِيهِ يَخۡتَلِفُونَ (١١٣) وَمَنۡ أَظۡلَمُ مِمَّن مَّنَعَ مَسَٰجِدَ ٱللَّهِ أَن يُذۡكَرَ فِيهَا ٱسۡمُهُۥ وَسَعَىٰ فِي خَرَابِهَآۚ
أُوْلَٰٓئِكَ مَا كَانَ لَهُمۡ أَن يَدۡخُلُوهَآ إِلَّا خَآئِفِينَۚ لَهُمۡ فِي ٱلدُّنۡيَا خِزۡيٞ وَلَهُمۡ فِي ٱلۡأٓخِرَةِ عَذَابٌ
عَظِيمٞ (١١٤) وَلِلَّهِ ٱلۡمَشۡرِقُ وَٱلۡمَغۡرِبُۚ فَأَيۡنَمَا تُوَلُّواْ فَثَمَّ وَجۡهُ ٱللَّهِۚ إِنَّ ٱللَّهَ وَٰسِعٌ عَلِيمٞ (١١٥) وَقَالُواْ
ٱتَّخَذَ ٱللَّهُ وَلَدٗاۗ سُبۡحَٰنَهُۥۖ بَل لَّهُۥ مَا فِي ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِۖ كُلّٞ لَّهُۥ قَٰنِتُونَ (١١٦) بَدِيعُ

ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضِ ۖ وَإِذَا قَضَىٰٓ أَمْرًا فَإِنَّمَا يَقُولُ لَهُۥ كُن فَيَكُونُ ﴿١١٧﴾ وَقَالَ ٱلَّذِينَ لَا يَعْلَمُونَ
لَوْلَا يُكَلِّمُنَا ٱللَّهُ أَوْ تَأْتِينَآ ءَايَةٌ ۗ كَذَٰلِكَ قَالَ ٱلَّذِينَ مِن قَبْلِهِم مِّثْلَ قَوْلِهِمْ ۘ تَشَٰبَهَتْ قُلُوبُهُمْ ۗ
قَدْ بَيَّنَّا ٱلْءَايَٰتِ لِقَوْمٍ يُوقِنُونَ ﴿١١٨﴾ إِنَّآ أَرْسَلْنَٰكَ بِٱلْحَقِّ بَشِيرًا وَنَذِيرًا ۖ وَلَا تُسْـَٔلُ عَنْ أَصْحَٰبِ
ٱلْجَحِيمِ ﴿١١٩﴾ وَلَن تَرْضَىٰ عَنكَ ٱلْيَهُودُ وَلَا ٱلنَّصَٰرَىٰ حَتَّىٰ تَتَّبِعَ مِلَّتَهُمْ ۗ قُلْ إِنَّ هُدَى ٱللَّهِ هُوَ
ٱلْهُدَىٰ ۗ وَلَئِنِ ٱتَّبَعْتَ أَهْوَآءَهُم بَعْدَ ٱلَّذِى جَآءَكَ مِنَ ٱلْعِلْمِ ۙ مَا لَكَ مِنَ ٱللَّهِ مِن وَلِىٍّ وَلَا نَصِيرٍ
﴿١٢٠﴾ ٱلَّذِينَ ءَاتَيْنَٰهُمُ ٱلْكِتَٰبَ يَتْلُونَهُۥ حَقَّ تِلَاوَتِهِۦٓ أُو۟لَٰٓئِكَ يُؤْمِنُونَ بِهِۦ ۗ وَمَن يَكْفُرْ بِهِۦ فَأُو۟لَٰٓئِكَ
هُمُ ٱلْخَٰسِرُونَ ﴿١٢١﴾ يَٰبَنِىٓ إِسْرَٰٓءِيلَ ٱذْكُرُوا۟ نِعْمَتِىَ ٱلَّتِىٓ أَنْعَمْتُ عَلَيْكُمْ وَأَنِّى فَضَّلْتُكُمْ عَلَى ٱلْعَٰلَمِينَ
﴿١٢٢﴾ وَٱتَّقُوا۟ يَوْمًا لَّا تَجْزِى نَفْسٌ عَن نَّفْسٍ شَيْـًٔا وَلَا يُقْبَلُ مِنْهَا عَدْلٌ وَلَا تَنفَعُهَا شَفَٰعَةٌ وَلَا
هُمْ يُنصَرُونَ ﴿١٢٣﴾

ئى مۆمىنلەر! (پەيغەمبەرگە) رائىنا دەپ خىتاب قىلماي، ئۇنزۇرنا دەپ خىتاب قىلىڭلار، (سۆزىگە) قۇلاق سېلىڭلار، كاپىرلار قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ. (104) ئەھلى كىتاب ۋە مۇشرىكلاردىن بولغان كاپىرلار پەرۋەردىگارىڭلار تەرىپىدىن سىلەرگە بىرەر ياخشىلىقنىڭ چۈشۈشىنى ياقتۇرمايدۇ، ئاللاھ ئۆزىنىڭ خالىغان بەندىسىگە پەيغەمبەرلىكنى خاس قىلىدۇ. ئاللاھ چوڭ پەزل ئىگىسىدۇر. (105) قانداقلا بىر ئايەتنى ئەمەلدىن قالدۇرساق ياكى ئۇنتۇلدۇرساق، (ئورنىغا) ئۇنىڭدىن ئارتۇق ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش بىر ئايەتنى كەلتۈرىمىز. ئاللاھنىڭ ھەر نەرسىگە قادىر ئىكەنلىكىنى بىلمەمسەن؟ (106) ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ پادىشاھلىقى ئاللاھقا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى بىلمەمسەن؟ سىلەرگە ئاللاھتىن باشقا ھېچقانداق دوست ۋە مەدەتكار يوقتۇر. (107) ئۇلار (يەنى يەھۇدىيلار) ئىلگىرى مۇسادىن سوئال سورىغاندەك، سىلەرمۇ پەيغەمبىرىڭلاردىن سوئال سورىماقچى بولامسىلەر؟ كىمكى ئىماننى كۇفرىغا تېگىشسە، ئۇ ھەقىقەتەن توغرا يولدىن ئازغان بولىدۇ. (108) ئەھلى كىتاب ئىچىدىكى نۇرغۇن كىشىلەر ئۆزلىرىگە ھەقىقەت (يەنى دىنىڭلارنىڭ ھەقلىقى) ئاشكارا بولغاندىن كېيىن، ھەسەت قىلىش يۈزىسىدىن سىلەرنى ئىمانىڭلاردىن قايتۇرۇپ كاپىر قىلىشنى ئارزۇ قىلىدۇ. ئاللاھنىڭ ئەمرى كەلگەنگە قەدەر (يەنى ئاللاھ سىلەرگە ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا رۇخسەت قىلغۇچە) ئۇلارنى ئەپۇ قىلىڭلار ۋە كەچۈرۈڭلار. ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەر نەرسىگە قادىردۇر. (109) نامازنى ئادا قىلىڭلار، زاكاتنى بېرىڭلار، ئۆزەڭلار ئۈچۈن ئىشلىگەن ھەر قانداق ياخشى ئەمەل بولسا، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئۇنىڭ ساۋابىنى تاپىسىلەر، ئاللاھ ھەقىقەتەن قىلغان ئەمەللىرىڭلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر. (110) ئۇلار: «يەھۇدىي ياكى ناسارا بولمىغان ئادەم (يەنى يەھۇدىيلار يەھۇدىي بولمىغان ئادەم، ناسارالار ناسارا بولمىغان ئادەم) ھەرگىزمۇ جەننەتكە كىرمەيدۇ» دېيىشتى. بۇ، «ئۇلارنىڭ قۇرۇق ئارزۇسىدۇر. «ئەگەر (سۆزۈڭلاردا) راستچىل بولساڭلار، دەلىلىڭلارنى كەلتۈرۈڭلار» دېگىن. (111) ئۇنداق ئەمەس، كىمكى ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان ھالدا ئۆزىنى ئاللاھقا تاپشۇرىدىكەن (يەنى ئاللاھنىڭ ئەمرىگە بويسۇنۇپ، ئەمەلنى خالىس ئاللاھ ئۈچۈن

قىلىدىكەن)، ئۇ پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا ساۋابتىن بەھرىمەن بولىدۇ. ئۇلارغا (ئاخىرەتتە) ھېچ قورقۇنچ ۋە غەم-قايغۇ بولمايدۇ. (112) يەھۇدىيلار: «ناسارالارنىڭ ھېچقانداق ئاساسى يوق (يەنى ئۇلار توغرا دىندا ئەمەس)» دېدى. ناسارالارمۇ: «يەھۇدىيلارنىڭ ھېچقانداق ئاساسى يوق (يەنى ئۇلار توغرا دىندا ئەمەس)» دېدى. ھالبۇكى، ئۇلار كىتابنى (يەنى يەھۇدىيلار تەۋراتنى، ناسارالار ئىنجىلنى ئوقۇيدۇ، بىلىمسىز ئادەملەر (يەنى ئەرەب مۇشرىكلىرى)مۇ ئۇلار دېگەندەك دېدى. ئاللاھ قىيامەت كۈنى ئۇلارنىڭ ئۆزئارا ئىختىلاپ قىلىشقان نەرسىلىرى ئۈستىدە ھۆكۈم چىقىرىدۇ. (113) ئاللاھنىڭ مەسجىدلىرىدە ئاللاھنىڭ نامىنىڭ ياد قىلىنىشىنى توسقان ۋە ئۇلارنى ۋەيران قىلىشقا ئۇرۇنغانلاردىنمۇ زالىم كىشى بارمۇ؟ مەسجىدلەرگە ئۇلار پەقەت قورققان ھالدىلا كىرىشى لايىق ئىدى. ئۇلار دۇنيادا رەسۋا بولىدۇ. ئاخىرەتتە چوڭ ئازابقا (يەنى دوزاخ ئازابىغا) دۇچار بولىدۇ. (114) مەشرىقمۇ، مەغرىبمۇ (يەنى پۈتۈن يەر يۈزى) ئاللاھنىڭدۇر، قايسى تەرەپكە يۈزلەنسەڭلارمۇ، ئۇ ئاللاھنىڭ تەرىپى (يەنى سىلەرگە ئىختىيار قىلىنغان قىبلىسى)دۇر. ئاللاھ(نىڭ مەغپىرىتى) ھەقىقەتەن كەڭدۇر، ئاللاھ ھەممىنى بىلگۈچىدۇر. (115) ئۇلار (يەنى يەھۇدىيلار، ناسارالار، مۇشرىكلار): «ئاللاھنىڭ بالىسى بار» دەيدۇ . ئاللاھ (ئۇلارنىڭ گۇمان قىلغان نەرسىسىدىن) پاكتۇر، ئۇنداق ئەمەس، ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭدۇر، ھەممىسى ئۇنىڭغا بويسۇنغۇچىدۇر. (116) ئاللاھ ئاسمانلار ۋە زېمىننى يوقتىن بار قىلغۇچىدۇر. بىر ئىشنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈشنى ئىرادە قىلسا، «ۋۇجۇدقا كەل» دەيدۇ-دە، ئۇ ۋۇجۇدقا كېلىدۇ. (117) بىلمەيدىغانلار (يەنى قۇرەيش كاپىرلىرى): «ئاللاھ نېمە ئۈچۈن بىز بىلەن سۆزلەشمەيدۇ؟ ياكى نېمە ئۈچۈن بىزگە (راست پەيغەمبەرلىكىنىڭ دەلىلى سۈپىتىدە) بىرەر مۆجىزە كەلمەيدۇ؟» دەيدۇ. ئۇلاردىن بۇرۇن ئۆتكەنلەرمۇ (پەيغەمبەرلىرىگە) شۇنداق سۆزنى قىلغان ئىدى؛ ئۇلارنىڭ دىللىرى بىر-بىرىگە ئوخشايدۇ. ئايەتلىرىمىزنى جەزمەن ئىشىنىدىغان (يەنى ھەقىقەت ئىزدەيدىغان) قەۋم ئۈچۈن ھەقىقەتەن بايان قىلدۇق . (118) بىز سېنى ھەقىقەتەن (مۆئمىنلەرگە جەننەت بىلەن) خۇش خەۋەر بەرگۈچى، (كاپىرلارنى دوزاخ ئازابىدىن) ئاگاھلاندۇرغۇچى قىلىپ ھەق (دىن) بىلەن ئەۋەتتۇق. سەن ئەھلى دوزاخ (يەنى كاپىرلاردىن ئىمان ئېيتمىغانلار) توغرىسىدا جاۋابكار ئەمەسسەن. (119) سەن يەھۇدىيلار ۋە ناسارالارنىڭ دىنىغا كىرمىگۈچە ئۇلار سەندىن ھەرگىزمۇ رازى بولمايدۇ. (ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «توغرا يول پەقەت ئاللاھنىڭ يولىدۇر». ساڭا ئىلىم كەلگەندىن كېيىن (يەنى پاكىتلىق ھەقىقەت ساڭا ئاشكارا بولغاندىن كېيىن)، ئەگەر سەن ئۇلارنىڭ نەپسى خاھىشلىرىغا ئەگەشسىدىغان بولساڭ، (سېنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قۇتقۇزىدىغان) ھېچقانداق دوستمۇ بولمايدۇ، مەدەتكارمۇ بولمايدۇ. (120) بىز ئاتا قىلغان كىتابنى تېگىشلىك رەۋىشتە ئوقۇيدىغانلار بار، ئەنە شۇلار ئۇنىڭغا ئىشىنىدۇ. كىملەركى كىتابنى (يەنى قۇرئاننى) ئىنكار قىلىدىكەن، ئۇلار زىيان تارتقۇچىلاردۇر. (121) ئى ئىسرائىل ئەۋلادى! سىلەرگە بەرگەن نېمىتىمنى ۋە سىلەرنى (بىر زامانلاردا) ھەممە جاھان ئەھلىدىن ئۈستۈن قىلغانلىقىمنى ياد ئېتىڭلار. (122) بىراۋغا بىراۋ قىلچىلىك ياردەم قىلالمايدىغان، ھېچ كىشىنىڭ فىدىيىسى قوبۇل قىلىنمايدىغان، ھېچ كىشىنىڭ شاپائىتى قوبۇل قىلىنمايدىغان، ئۇلارغا (يەنى كاپىرلار ۋە گۇناھكارلارغا) ياردەم قىلىنمايدىغان كۈندىن قورقۇڭلار. (123)

بۇ بۆلۈمدە يەھۇدىيلارنىڭ ئىسلامغا ۋە مۇسۇلمانلارغا قارشى ئۆچمەنلىكى تېخىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇپ بېرىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىسلامغا خىلاپ قوللىنىۋاتقان ھىيلە - نەيرەڭلىرىدىن مۇسۇلمانلار جامائىتى ئاگاھلاندۇرۇلىدۇ ھەمدە ئۇلارنىڭ قەلبىدە مۇسۇلمانلارغا قارشى نەقەدەر ھەسەت، غەزەپ - نەپرەتلەرنىڭ مەۋجۇتلىقىنى، شۇڭا ئۇممەتكە زىيان يەتكۈزۈش ئۈچۈن كېچەيۇ كۈندۈز سۈيىقەست تۈزۈش بىلەن قانداق مەشغۇل بولۇپ يۈرىيدىغانلىقىنى

ئېيتىپ بېرىدۇ. شۇڭلاشقا مۇسۇلمانلارنى ئۆزىنىڭ سۆز - ھەرىكەتلىرىدە ئىسلام دۈشمەنلىرىنى ۋە كاپىر ئەھلى كىتابلارنى تەقلىد قىلىشنىڭ پۈتۈن تۈرلىرىدىن مەنئى قىلىدۇ. مۇسۇلمانلارغا يەھۇدىيلارنىڭ سۆز - ھەرىكەتلىرىنى ۋە تۇتقان سىياسىتىنىڭ ھەقىقىي سەۋەبلىرىنى ئېيتىپ بېرىدۇ. ئۇلارنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ بىرلىكىگە ۋە ئىتتىپاقلىقىغا قارشى قېلىپ يۈرگەن سۇيىقەستلىرىنى، ئالدامچىلىقلىرى ۋە پىتنىخورلۇقلىرىنى ئوچۇق بايان قىلىپ بېرىدۇ.

بۇ يەردە مەلۇم بولۇشىچە، بىر قىسىم شەرئىي ئەھكام، تەلەپلەرنىڭ ئىسلام ئىجتىمائىي جەمئىيىتىنىڭ يېڭىدىن تەشكىللىنىشى داۋامىدىكى ۋەزىيەت - شارائىتىنىڭ تەقەززاسىغا كۆرە ئۆزگىرىشى، بەلگىلىنىپ، ئەمەلدىن قىلىشى قاتارلىقلارنى يەھۇدىيلار مۇسۇلمانلارغا قارشى سۇيىئىستېمال قىلىۋېلىپ، ئىغۋاگەرچىلىك دولقۇنى كۆتۈرۈشەتتى. ئۇ ئارقىلىق شەرئىي ئەھكاملارنىڭ مەنبەسى بولغان ئاللاھ تائالانىڭ زاتى ھەققىدە، شۇنداقلا ئىلاھىي ۋەھىنىڭ نازىل بولغانلىقى ھەققىدە، مۇسۇلمانلارنىڭ قەلبىدە شەك - شۈبھە پەيدا قىلىش ئۈچۈن ناھايىتىمۇ مەخپىي سۇيىقەستلەرنى تۈزۈشۈپ: «ئەگەر بۇ ھۆكۈملەر راستىنلا ئاللاھ تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان بولسا ئىدى، ئالدىنقى ھۆكۈملەرنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، يېڭىدىن ئۆزگەرتىپ يۈرۈشنىڭ ھاجىتى بولمايتتى» دېيىشەتتى.

گەرچە يەھۇدىيلار ئىلگىرىمۇ ھەر تۈرلۈك ئىغۋاگەرچىلىكلەرنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن بولسىمۇ، بىراق ھىجرەتتىن **16** ئاي كېيىن قىبلىنى ئۆزگەرتىش ھەققىدە ھۆكۈم نازىل بولغان چاغدا، ئۇلارنىڭ ئىغۋاگەرچىلىك ھۇجۇمى تېخىمۇ كۈچەيگەن ئىدى. ھىجرەتتىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خېلى مەزگىلگىچە يەھۇدىيلارنىڭ قىبلىسى بولغان بەيتۇلمۇقەددەس تەرەپكە قاراپ ناماز ئوقۇپ كەلگەن بولۇپ، يەھۇدىيلار بۇ ئىشنى دەلىل قىلىۋېلىپ: «مانا ئەمەسمۇ؟! بىزنىڭ قىبلىمىز بىلەن بىزنىڭ دىنىمىزلا ھەقتۇر» دېيىشەتتى. شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانلار قىبلىسىنىڭ بەيتۇل مۇقەددەستىن بەيتۇللاھقا ئۆزگىرىشىنى چىن يۈرەكتىن ئارزۇ قىلاتتى. ئەمما بۇ ئارزۇسىنى ئاشكارىلىماي، قەلبىدە ساقلاپ كەلگەن ئىدى. ئاخىرى ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئارزۇسىغا كۆرە، بەيتۇللاھنى مۇسۇلمانلارنىڭ قىبلىسى قىلىپ تەيىنلەپ بەردى (بۇنىڭ تەپسىلاتىنى ئالدىمىزدىكى بەتلەردە ئۇچرىتىمىز). قىبلىنىڭ ئۆزگىرىشى يەھۇدىيلارنىڭ ئۇنى ئۆز دىنىنىڭ ھەقلىكى ئۈچۈن دەلىل قىلىۋېلىش پۇرستىنى يوققا چىقىرىپ، ئوتتۇرىغا قويغان دەۋالىرىنى پۇچەكلەشتۈرۈپ قوياتتى. شۇڭا ئۇلار بۇ باسقۇچتا مۇسۇلمانلارنىڭ سەپىگە تەپرىقىچىلىق سېلىش، مۇسۇلمانلارنىڭ نازىل قىلىنغان ۋەھىنىڭ ئاللاھ تەرەپتىن ئىكەنلىكىگە بولغان ئەقىدىسىنى داۋالغۇشقا سېلىش ئۈچۈن بولۇشىغا ئىغۋاگەرچىلىك قىلىشقا باشلىدى. ئۇلار شۇ قەدەر چوڭقۇر سۇيىقەستلەرنى تۈزۈشكەن ئىدىكى، بۇ ئارقىلىق مۇسۇلمانلارنىڭ ئاساسلىق ئەقىدىسىگە ۋە قۇرئاننىڭ ئاللاھ تەرەپتىن ئىكەنلىكىگە پالتا ئۇرۇشقا تىرىشماقتا ئىدى. ئۇلارنىڭ مۇسۇلمانلارغا دەپ يۈرىدىغان سۆزلىرىنىڭ خۇلاسىسى:

«بەيتۇل مۇقەددەس تەرەپكە يۈز كەلتۈرۈپ ناماز ئوقۇش خاتا بولغان بولسا، سىلەرنىڭ **16** ئايدىن بېرى ئوقۇغان نامىزىڭلار زايا بولغان بولىدۇ. ئەگەر شۇنداق قىلغىنىڭلار توغرا بولغان بولسا، ئۇنداقتا نېمە ئۈچۈن قىبلە ئۆزگەرتىلىدۇ؟ دېمەك، سىلەرنىڭ ھازىرغا قەدەر ئوقۇغان نامىزىڭلارغا ھېچبىر ساۋاب بېرىلمەيدۇ، شۇنداقلا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ رەھبەرلىكىمۇ ھېچقانچە دانا رەھبەرلىك ئەمەس (نەئۇزۇبىللاھ)» دېگەندىن ئىبارەت ئىدى.

مەلۇمكى، بەزى مۇسۇلمانلارغا بۇ ئىغۋاگەرچىلىكنىڭ مەلۇم تەسىرى بولغان ئىدى. شۇڭا ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن بۇ ھەقتە قاتتىق بىئاراملىق بىلەن سوئال سوراپ تۇراتتى. چۈنكى بۇ ئىنتايىن پەۋقۇلئاددە ۋەقە بولۇپ، ئۇ ئارقىلىق قەلبلەردە پەيدا بولغان چىگىشلەر مەۋجۇتلا بولىدىكەن، ئىسلامنىڭ رەھبەرلىكىگە نىسبەتەن نە قانائەتلىنەرلىك مۇھىتنى، نە ئىسلام ئەقىدىسىنىڭ مەنبەسىگە بولغان مۇكەممەل ئىشەنچنى ساقلاپ قالغىلى بولمايتتى. شۇڭا مۇسۇلمانلارمۇ بۇ ئىشنىڭ ھېكمىتىنى ۋە قانائەتلىنەرلىك دەلىلىنى سوراشقا باشلىغان ئىدى.

مانا بۇ، مۇشۇ ئايەت نازىل بولغان چاغدىكى ۋەزىيەت مۇھىتى بولۇپ، شۇڭا بەزى ئەھكاملارنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلىشىنىڭ چوڭقۇر ھېكمەتلەرگە تولغان بولىدىغانلىقى، ئۇ ئارقىلىق ئاللاھ تائالانىڭ مۇسۇلمانلارغا تېخىمۇ ياخشى، يېڭى ۋەزىيەتلەردە تېخىمۇ مەنپەئەتلىك ئەھكاملارنى نازىل قىلىپ بېرىدىغانلىقى، چۈنكى قانداق چاغدا قايسى خىل ئەھكاملارنىڭ ئەۋزەل بولىدىغانلىقىنى پەقەت ئاللاھنىڭلا ياخشى بىلىدىغانلىقى ئېيتىپ بېرىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، مۇسۇلمانلارنى ئالاھىدە ئاگاھلاندۇرۇپ، يەھۇدىيلارنىڭ ئەسلى مەقسىتىنىڭ مۇسۇلمانلارنى قايتىدىن كاپىر قىلىۋېتىش ئىكەنلىكىنى، چۈنكى ئىلاھىي ۋەھىيگە ئوخشاش كاتتا پەزىلەت، كاتتا شەرەپنىڭ مۇسۇلمانلارغا ئاتا قىلىنغانلىقىغا يەھۇدىيلارنىڭ قاتتىق ھەسەت قىلىدىغانلىقىنى، شۇ ۋەجىدىن: «ئاللاھنىڭ ئاخىرقى كىتابى نېمە ئۈچۈن مۇسۇلمانلارغا نازىل قىلىندى؟ نېمە ئۈچۈن بۇنچە ئۇلۇغ ۋەزىپە مۇسۇلمانلارغا تاپشۇرۇلدى؟» دەپ چىدىماسلىق قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىدۇ. قۇرئان كەرىم بۇ يەردە يەھۇدىيلارنىڭ پۈتۈن پىتنىلىرىنىڭ ئارقىسىدا قايسى مەخپىي غەرەزنىڭ رول ئويناۋاتقانلىقىنى ئېچىپ بايان قىلىپ بېرىدۇ. شۇ چەرياندا ئۇلارنىڭ: «جەننەت پەقەتلا بىزگە مەنسۇپ» دېگەن دەۋاسىنى مەسخىرە قىلىدۇ. ئاندىن ئۇلارنىڭ ئۆزئارا قىلىشىپ يۈرگەن تۆھمەتخورلۇقىنىمۇ بايان قىلىپ، يەھۇدىيلارنىڭ: «ناسارالارنىڭ دىنى ھەق ئەمەس» دەيدىغانلىقىنى، ناسارالارنىڭمۇ: «يەھۇدىيلارنىڭ دىنى ھەق ئەمەس» دەيدىغانلىقىنى، يەنە تېخى مۇشرىكلارنىڭمۇ چاچراپ قوپۇپ: «بۇ ئىككىلىسى ھەق ئەمەس» دەيدىغانلىقىنى نەقىل كەلتۈرىدۇ.

بۇنىڭ ئارقىدىنلا، قۇرئان كەرىم يەھۇدىيلارنىڭ قىبلىنىڭ ئۆزگىرىشىگە قاراتقان يامان نىيەت، شۇم سۈيقەستلىرىنى پاش قىلىپ تاشلاپ: «بەيتۇللاھ بولسا، ئاللاھنىڭ يەر يۈزىدىكى تۇنجى ئىبادەتخانىسى، يەھۇدىيلار كىشىلەرنى ئۇنىڭدا ئىبادەت قىلىشتىن توسۇپ، ئاللاھنىڭ

مەسجىدنى ۋە ئىبادەتگاھلىرىنى ۋەيران قىلىشتەك ئېغىر جىنايەتنى سادىر قىلماقتا، ۋەھالەنكى، بۇ ئىش ئۇلارنىڭ ئېتىقادىدىمۇ ئېغىر جىنايەت ھېسابلىناتتى» دەيدۇ.

قىسقىسى، بۇ بۆلۈمنىڭ ئاخىرىغا قەدەر مۇشۇ مەزمۇن داۋام قىلغان بولۇپ، ئاخىرىدا يەھۇدىيلار بىلەن خىرىستىئانلارنىڭ يۇقىرىقى پۈتۈن پائالىيەتلىرىدىكى رەزىل غەرەزلىرى، يەنى مۇسۇلمانلارنى ھەق دىندىن ياندۇرۇپ ئۆز دىنىغا ئەكىلىشمەكچى بولۇۋاتقانلىقى ئوچۇق ئاشكارىلاپ بېرىلىدۇ. دېمەك، بۇنىڭغا كۆرە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تاكى ئۇلارنىڭ دىنىغا ئەگەشكۈچى بولمىغىچە، ئەھلى كىتابلار ئۇنىڭدىن قەتئىي رازى بولمايدۇ، تاكى بۇ ئارزۇسى ئىشقا ئاشمىغىچە ئۇلارنىڭ ھىلە - مىكىر، ئىغۋاگەرچىلىك ھۇجۇمى ئۈزۈلمەي داۋام قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ بارلىق پىتنە - پاساتلىرىنىڭ ۋە ئوتتۇرىغا قويۇۋاتقان پۇچەك دەلىللىرىنىڭ ئارقىدا دەل ئەشۇ ئىپلاس مەقسەت يوشۇرۇنغان.

**********

## ئىمان ئېيتقانلارغا خىتاب!

يَٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ لَا تَقُولُواْ رَٰعِنَا وَقُولُواْ ٱنظُرۡنَا وَٱسۡمَعُواْۗ وَلِلۡكَٰفِرِينَ عَذَابٌ
أَلِيمٞ ﴿١٠٤﴾ مَّا يَوَدُّ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ مِنۡ أَهۡلِ ٱلۡكِتَٰبِ وَلَا ٱلۡمُشۡرِكِينَ أَن يُنَزَّلَ عَلَيۡكُم مِّنۡ خَيۡرٖ مِّن
رَّبِّكُمۡۚ وَٱللَّهُ يَخۡتَصُّ بِرَحۡمَتِهِۦ مَن يَشَآءُۚ وَٱللَّهُ ذُو ٱلۡفَضۡلِ ٱلۡعَظِيمِ ﴿١٠٥﴾ ۞ مَا نَنسَخۡ مِنۡ ءَايَةٍ
أَوۡ نُنسِهَا نَأۡتِ بِخَيۡرٖ مِّنۡهَآ أَوۡ مِثۡلِهَآۗ أَلَمۡ تَعۡلَمۡ أَنَّ ٱللَّهَ عَلَىٰ كُلِّ شَيۡءٖ قَدِيرٌ ﴿١٠٦﴾ أَلَمۡ تَعۡلَمۡ أَنَّ ٱللَّهَ
لَهُۥ مُلۡكُ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِۗ وَمَا لَكُم مِّن دُونِ ٱللَّهِ مِن وَلِيّٖ وَلَا نَصِيرٍ ﴿١٠٧﴾ أَمۡ تُرِيدُونَ
أَن تَسۡـَٔلُواْ رَسُولَكُمۡ كَمَا سُئِلَ مُوسَىٰ مِن قَبۡلُۗ وَمَن يَتَبَدَّلِ ٱلۡكُفۡرَ بِٱلۡإِيمَٰنِ فَقَدۡ ضَلَّ سَوَآءَ
ٱلسَّبِيلِ ﴿١٠٨﴾ وَدَّ كَثِيرٞ مِّنۡ أَهۡلِ ٱلۡكِتَٰبِ لَوۡ يَرُدُّونَكُم مِّنۢ بَعۡدِ إِيمَٰنِكُمۡ كُفَّارًا حَسَدٗا مِّنۡ
عِندِ أَنفُسِهِم مِّنۢ بَعۡدِ مَا تَبَيَّنَ لَهُمُ ٱلۡحَقُّۖ فَٱعۡفُواْ وَٱصۡفَحُواْ حَتَّىٰ يَأۡتِيَ ٱللَّهُ بِأَمۡرِهِۦٓۗ إِنَّ ٱللَّهَ عَلَىٰ
كُلِّ شَيۡءٖ قَدِيرٞ ﴿١٠٩﴾ وَأَقِيمُواْ ٱلصَّلَوٰةَ وَءَاتُواْ ٱلزَّكَوٰةَۚ وَمَا تُقَدِّمُواْ لِأَنفُسِكُم مِّنۡ خَيۡرٖ تَجِدُوهُ
عِندَ ٱللَّهِۗ إِنَّ ٱللَّهَ بِمَا تَعۡمَلُونَ بَصِيرٞ ﴿١١٠﴾

*ئى مۆمىنلەر! (پەيغەمبەرگە) "رائىنا" دەپ خىتاب قىلماي، "ئۇنزۇرنا" دەپ خىتاب قىلىڭلار، سۆزنى قۇلاق سېلىپ ئاڭلاڭلار، كاپىرلارغا قاتتىق ئازاب باردۇر[104]. ھەقىقانىيەت دەۋىتىنى قوبۇل قىلىشنى ئىنكار قىلغان بۇ كىشىلەر مەيلى ئەھلى كىتاب بولسۇن ياكى مۇشرىكلاردىن بولسۇن، ھەممىسى سىلەرگە پەرۋەردىگارىڭلار تەرىپىدىن بىرەر ياخشىلىقنىڭ نازىل بولۇشىنى ھەرگىز ياقتۇرمايدۇ، ئەمما ئاللاھ كىمنى خالىسا، ئۆز رەھمىتى ئۈچۈن تاللايدۇ. ئاللاھ ئەڭ بۈيۈك پەزل ئاتا قىلغۇچىدۇر[105].*

*قانداقلا بىر ئايەتنى ئەمەلدىن قالدۇرساق ياكى ئۇنتۇلدۇرساق، ئۇنىڭدىن تېخىمۇ ياخشىراقىنى ياكى ھېچ بولمىغاندا شۇنىڭغا ئوخشاش بىرنى كەلتۈرىمىز. بىلمەمسەنكى، ئاللاھ ھەر نەرسىگە قادىردۇر[106]. بىلمەمسەنكى، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ پادىشاھلىقى ئاللاھقا مەنسۇپتۇر ۋە سىلەرگە ئاللاھتىن باشقا ھېچقانداق دوست ۋە مەدەتكار يوقتۇر[107].*

*ئەجەبا ئىلگىرى مۇسادىن سورالغانغا ئوخشاش سوئاللارنى سىلەرمۇ پەيغەمبىرىڭلاردىن سورىماقچى بولامسىلەر؟ ھالبۇكى، كىم ئىماننى كۇفرىغا تېگىشسە، ئۇ ھەق يولدىن ئازغان بولىدۇ[108]. ئەھلى كىتاب ئىچىدىكى نۇرغۇن كىشىلەر ھەرنېمە قىلىپ، سىلەرنى ئىمانىڭلاردىن ياندۇرۇپ، كۇفرلۇققا قايتۇرۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ. ھەق ئۇلارغا ئايان بولۇپ بولغاندىن كېيىنمۇ، ھەسەت قىلىش يۈزىسىدىن سىلەرگە نىسبەتەن شۇنداق خاھىشتا بولىدۇ. ئاللاھ ئۆز قارارىنى ئىجرا قىلغانغا قەدەر ئۇلارغا جاۋابەن ئەپۇچانلىق بىلەن ئىش تۇتۇڭلار. (خاتىرجەم بولۇڭلاركى،) ئاللاھ ھەر نەرسىگە قادىردۇر[109]. نامازنى بەرپا قىلىڭلار، زاكاتنى بېرىڭلار، سىلەر ئاقىۋەتلىكىڭلار ئۈچۈن ئالدىن يوللىغىنىڭلارنىڭ ھەممىنى ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا مەۋجۇت ھالدا ئۇچرىتىسىلەر. ئاللاھ ھەقىقەتەن قىلىۋاتقىنىڭلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر[110].*

**بۇ بۆلۈمنىڭ باشلانغۇچ قىسمىدىكى ئىلاھىي خىتابنىڭ يۆنىلىشى ئىمان ئېيتقانلارغا قارىتىلغان بولۇپ، ئۇلارغا ئۇلارنى باشقىلاردىن ئايرىغان، رەببىگە ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مەھكەم باغلىغان، شۇنداقلا چىن قەلبىدىن ھەققە ئىتائەت قىلدۇرغان سۈپەتلىرى بىلەن  خىتاب قىلىنىدۇ. ئاللاھ تائالا ئۇلارنى شۇنداق سۈپەت بىلەن چاقىرىپ يوليورۇق بېرىدۇ. ئۇلارنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا خىتاب قىلغانلىرىدا: ”رائىنا“ (بىزگىمۇ قۇلاق سال) دېگەن سۆزنى ئىشلىتىشتىن مەنئى قىلىپ،  ئۇنىڭ ئورنىغا ئەرەب تىلىدا ئۇنىڭ بىلەن مەنداش بولغان: ”ئۇنزۇرنا“ (بىزگە قارىغىن) دېگەن سۆزنى ئىشلىتىشنى بۇيرۇيدۇ. شۇ جەرياندا قۇرئان ئۇلارنى قەتئىي ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇپ، كاپىرلارنىڭ ماكانى قاتتىق ئازاب بولىدىغانلىقى بىلەن قورقۇتىدۇ.**

«يَـٰٓأَيُّهَا ٱلَّذِينَ ءَامَنُواْ لَا تَقُولُواْ رَٰعِنَا وَقُولُواْ ٱنظُرْنَا وَٱسْمَعُواْ ۗ وَلِلْكَـٰفِرِينَ عَذَابٌ أَلِيمٌ» *«ئى مۆمىنلەر! (پەيغەمبەرگە) "رائىنا" دەپ خىتاب قىلماي، "ئۇنزۇرنا" دەپ خىتاب قىلىڭلار، سۆزنى قۇلاق سېلىپ ئاڭلاڭلار، كاپىرلارغا قاتتىق ئازاب باردۇر».*

**مۇپەسسىرلەر ”رائىنا“ دېگەن سۆزنى ئىشلىتىشتىن مەنئى قىلىشتىكى سەۋەب ھەققىدە توختىلىپ: «بەزى ئەقىلسىز يەھۇدىيلار بۇ سۆزنى ”بىزگىمۇ قۇلاق سالغىن“ دېگەن مەنىنى**

بىلدۈرىدىغان شەكىلدە ئەمەس، بەلكى ’’گالۋاڭ‘‘ دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان شەكىلدە تەلەپپۇز قىلىشاتتى. بۇ ئارقىلىق ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ھاقارەت قىلىشقا، ئۇنىڭ شان - شەرىپىنى چۈشۈرۈپ، قورساق كۆپىكىنى چىقىرىۋېلىشقا تىرىشاتتى. ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئاشكارا بىر نەرسە دېيىشكە جۈرئەت قىلالمىغانلىقى ئۈچۈن، ئىپلاس تەبىئەتلىك بىر قىسىم يەھۇدىيلار تىلىنى قەستەن ئەگرى - بۈگرى قىلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا چاندۇرماي سەت گەپ قىلىۋېلىشقا تىرىشاتتى. شۇڭا يەھۇدىيلار ئەشۇنداق رەزىل مەقسەتلىرى ئۈچۈن ئىشلىتىۋاتقان ئۇ سۆزنى مۇسۇلمانلارنىڭ قەتئىي ئىشلەتمەسلىكى كېرەكلىكى، شۇنداق قىلىپ يەھۇدىيلارنىڭ رەزىللىك قىلىشىغا يوچۇق قالدۇرماسلىق لازىملىقى ئۇقتۇرۇلغان.

يەھۇدىيلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شەنىگە ھۆرمەتسىزلىك قىلىش ئۈچۈن بۇنداق رەزىل ۋاستىلەرنى قوللانغانلىقى بۇ بەدبەختلەرنىڭ قەلبىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋە ئىسلام ھەرىكىتىگە قارىتا قانداق ئاداۋەت ساقلانغانلىقىنى، بۇنىڭ ئۈچۈن ھەرقانداق شەرمەندىلىكنى قىلىشقا تەييار تۇرىدىغانلىقىنى، ئۇنداق ھېچ بىر پۇرسەتنى قولدىن بەرمەسلىككە تىرىشىدىغانلىقىنى ئوچۇق كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۇنداق پەيتتە ئۇ خىل سۆزلەرنى ئىشلىتىشنىڭ ئىلاھىي ۋەھيى ئارقىلىق مەنئى قىلىنىۋاتقانلىقى بولسا، ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋە ئىسلام ھەرىكىتىگە ھەردائىم پاسىبان بولۇپ كۆز سېلىپ تۇرىۋاتقانلىقىنى ھەمدە ئۇلارنى رەزىل دۈشمەنلەرنىڭ مەككارانە سۇيىقەستلىرىدىن قوغداپ تۇرىۋاتقانلىقىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ.

ئاندىن ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلارنى ئاگاھلاندۇرۇپ، ئۇلارنىڭ قەلبىنىڭ مۇسۇلمانلارغا قارشى نەقەدەر ھەسەت، ئۆچ - ئادەۋەتلەر بىلەن تولۇپ كەتكەنلىكىنى، شۇڭا ھەممىلا چاغدا مۇسۇلمانلارغا دۈشمەنلىك قىلىپ، ئازار يەتكۈزۈشكە تىرىشىدىغانلىقىنى، بۇنىڭ سەۋەبى ئاللاھنىڭ ئۆز پەزلىنى مۇسۇلمانلارغا ئاتا قىلغىنىغا چىداپ تۇرالماسلىق ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ تەپسىلاتلارنى مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆز دۈشمەنلىرىدىن ھوشيار بولۇشى، شۇنداقلا دۈشمەنلەرنىڭ يۈرىكىنى كۆيدۈرىۋاتقان ئەشۇ ئىماندا مەھكەم بولۇشى ھەمدە ئاللاھنىڭ ئۇلارغا قىلغان ئەشۇ ئالاھىدە مەرھەمىتىگە شۈكرى قىلىشى ۋە ئۇنى مۇھاپىزەت قىلىشى ئۈچۈن ئېيتىپ بېرىدۇ.

«مَّا يَوَدُّ ٱلَّذِينَ كَفَرُواْ مِنْ أَهْلِ ٱلْكِتَٰبِ وَلَا ٱلْمُشْرِكِينَ أَن يُنَزَّلَ عَلَيْكُم مِّنْ خَيْرٍ مِّن رَّبِّكُمْ ۗ وَٱللَّهُ يَخْتَصُّ بِرَحْمَتِهِۦ مَن يَشَآءُ ۚ وَٱللَّهُ ذُو ٱلْفَضْلِ ٱلْعَظِيمِ» *«ھەقىقەتەن دەۋىتىنى قوبۇل قىلىشنى ئىنكار قىلغان بۇ كىشىلەر مەيلى ئەھلى كىتاب بولسۇن ياكى مۇشرىكلاردىن بولسۇن، ھەممىسى سىلەرگە پەرۋەردىگارىڭلار تەرىپىدىن بىرەر ياخشىلىقنىڭ نازىل بولۇشىنى ھەرگىز ياقتۇرمايدۇ، ئەمما ئاللاھ كىمنى خالىسا، ئۆز رەھمىتى ئۈچۈن تاللايدۇ. ئاللاھ ئەڭ بۈيۈك پەزىل ئاتا قىلغۇچىدۇر»*.

ئاللاھ تائالا بۇ يەردە ئەھلى كىتابلار بىلەن مۇشرىكلاردىن ئىبارەت ھەر ئىككى پىرقىنى كاپىرلار قاتارىغا كىرگۈزىدۇ. چۈنكى بۇ ھەر ئىككىلى پىرقە ئاخىر زامان پەيغەمبىرىنى ئىنكار قىلماقتا ئىدى. بۇ جەھەتتىن ھەر ئىككىلىسىنىڭ سالاھىيىتى ئوخشاش ئىدى. ھەر ئىككىلى پىرقىنىڭ قەلبى مۇسۇلمانلارغا قارشى ھەسەت، ئۆچ ـ ئاداۋەت بىلەن تولغان ئىدى. ھەر ئىككىلى پىرقە ئوخشاشلا مۇسۇلمانلارنىڭ بىرەر ياخشىلىققا مۇيەسسەر بولۇشىنى خالىمايتتى. ئۇلارنىڭ چىدىماسلىق قىلىۋاتقىنى مۇسۇلمانلارنىڭ دىنى بولۇپ، ئاللاھ تائالانىڭ بۇ ئۇلۇغ پەزىلەتكە ئۇلارنى قويۇپ مۇسۇلمانلارنى تاللىغانلىقىغا ئىچى ئېچىشاتتى. ئىلاھىي ۋەھىنىڭ قۇرئان شەكلىدە مۇسۇلمانلارغا نازىل بولغانلىقى، ئۇلارغا ئىسلام نېمىتىنىڭ ئاتا قىلىنغانلىقى، يەر يۈزىنىڭ ئەڭ مۇقەددەس ئېتىقاد ئامانىتىنىڭ مۇسۇلمانلارغا تاپشۇرۇلغانلىقى... مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇلارنىڭ غەزىپىنى قوزغاۋاتقان ئامىللار ئىدى.

بۇندىن ئىلگىرى يەھۇدىيلارنىڭ ئاللاھنىڭ ئۆز فەزلىنى بەندىلىرىدىن خالىغىنىغا ئاتا قىلىشىغا چىدىماسلىق قىلغانلىقى، ھەتتا ئۇلارنىڭ ئىچى تارلىقى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ۋەھيي نازىل قىلىنغانلىقى ئۈچۈنلا جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامنى ئۆزىگە دۈشمەن تۇتىدىغان دەرىجىگە يەتكەنلىكى بايان قىلىنغان ئىدى. بۇ يەردە شۇنىڭغا قارىتا: «وَٱللَّهُ يَخۡتَصُّ بِرَحۡمَتِهِۦ مَن يَشَآءُ» «"ئەمما ئاللاھ ئۆز رەھمىتىگە كىمنى خالىسا، شۇنى تاللايدۇ" ھەمدە پەيغەمبەرلىك ئامانىتىنىڭ كىمگە بېرىلىشى كېرەكلىكىنىمۇ ئاللاھ ئۆزى ئەڭ ياخشى بىلىدۇ. ناۋادا ئەمدى بۇ ئامانەت مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە بېرىلگەن ۋە مۇسۇلمانلار ئۇنىڭغا ئىمان كەلتۈرگەن بولسا، بۇنىڭ مەنىسى: «ئاللاھنىڭ ئىلمىدە بۇ ئامانەتنىڭ ھۆددىسىدىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ چىقالايدىغانلىقى مەۋجۇتتۇر» دېگەنلىك بولىدۇ. «وَٱللَّهُ ذُو ٱلۡفَضۡلِ ٱلۡعَظِيمِ» «ئاللاھ ناھايىتى كاتتا فەزل ئىگىسىدۇر».

پەيغەمبەرلىك نېمىتىدىنمۇ كاتتا نېمەت، ئىمان بايلىقىدىنمۇ ئارتۇق بايلىق، ئىسلام دەۋەتچىلىكىدىنمۇ ئۈستۈن مەرتىۋە بولمايدۇ. بۇ ئىپادە ئارقىلىق ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ مۆئمىنلەرگە قانداق كاتتا فەزل ـ رەھمەت ئاتا قىلغانلىقىنى بىلدۈرۈشنى، ئۇلارنىڭ ئېڭىدا ئىمان تۇيغۇسىنى جانلاندۇرۇشنى مەقسەت قىلماقتا. بۇنىڭ ئالدىدىمۇ ئاللاھنىڭ مۆئمىنلەرگە بولغان ئەشۇ كاتتا ئېھسانى يۈزىسىدىنلا كاپىرلار قەلبىنىڭ ھەسەت ۋە ئۆچ ـ ئاداۋەتلەرگە تولۇپ كەتكەنلىكى تەسۋىرلەپ بېرىلگەن ۋە ئۇلاردىن ھوشيار تۇرۇش لازىملىقى بىلدۈرۈلگەن بولۇپ، ئۇنىڭدىمۇ مۇسۇلمانلارنىڭ ئېھتىياتچان بولۇشى، يەھۇدىيلارنىڭ سۈيقەستلىرىگە قارشى سەزگۈر بولۇشى مەقسەت قىلىنغان ئىدى. دېمەك، يەھۇدىيلارنىڭ تارقىتىپ يۈرگەن ۋەسۋەسە، شەك ـ شۈبھىلىرىگە قارشى مۇسۇلمانلارنىڭ ۋۇجۇدىدا ئەشۇ خىل ھېس ـ تۇيغۇ، سەزگۈرلۈكنىڭ پەيدا بولۇشى ناھايىتى مۇھىم ئىدى. چۈنكى يەھۇدىيلار ئىلگىرىمۇ، ئۇنىڭدىن كېيىنمۇ، ھەتتا ھازىرغا قەدەر مۇسۇلمانلارنىڭ قەلب ئىددىيىسىدىكى ئىمان،

ئېتىقادنى ئاجىزلاشتۇرۇشقا تىرىشىپ كەلمەكتە. ئۇلارنىڭ ھەسەت قىلىدىغىنى دەل ئىمان بايلىقىدىنلا ئىبارەتتۇر. چۈنكى مۇسۇلمانلار شۇ ئارقىلىقلا ئۇلاردىن ئۈستۈن ئىمتىيازلىق ھالغا كەلگەن ئىدى.

خۇددى يۇقىرىدا بايان قىلغىنىمىزغا ئوخشاش، يەھۇدىيلار ئىغۋاگەرچىلىك ھۇجۇمىنى قۇرئاننىڭ بەزى ئايەتلىرىدىكى ھۆكۈملەرنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلىشىدىن، بولۇپمۇ قىبلىنىڭ بەيتۇل مۇقەددەستىن بەيتۇللاھ تەرەپكە يۆتكىلىشىدىن باشلىغان ئىدى. چۈنكى بۇ ۋەقە يەھۇدىيلارنىڭ دەۋاسىنىڭ مۇھىم ئىسپاتىنى ئەمەلدىن قالدۇرغان بولۇپ، شۇڭا ئۇلار ئىپلاس ئىغۋاگەرچىلىكنى كۈچەيتكەن ئىدى.

**ئاللاھ تائالا بۇنىڭغا قارىتا:** «مَا نَنسَخۡ مِنۡ ءَايَةٍ أَوۡ نُنسِهَا نَأۡتِ بِخَيۡرٍ مِّنۡهَآ أَوۡ مِثۡلِهَآ» *«قانداقلا بىر ئايىتىمىزنى ئەمەلدىن قالدۇرساق ياكى ئۇنتۇلدۇرساق، ئۇنىڭ تېخىمۇ ياخشىراقىنى ياكى ھېچ بولمىغاندا شۇنىڭغا ئوخشاش بىرىنى كەلتۈرىمىز»* دەيدۇ.

بۇ ئايەتتە كۆزدە تۇتۇلىۋاتقىنى خۇددى ئۇنىڭدىن كېيىنكى سۆز ۋە مەزمۇن تەرتىپىدە بىلىنىپ تۇرغىنىغا ئوخشاش، قىبلىنىڭ ئۆزگەرتىلىشى بولۇشىمۇ مۇمكىن ياكى مۇسۇلمانلار جامائىتىگە يېتەكچىلىك قىلىش ئۈچۈن قۇرئان ئەھكاملىرىدا ۋە يوليورۇقلىرىدا ئوخشاش بولمىغان شارائىتلارغا كۆرە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان قىسمەن ئۆزگىرىشلەر بولۇشىمۇ مۇمكىن ۋەياكى گەرچە قۇرئان تەۋرات بىلەن ئىنجىلنى ئومۇملۇق نۇقتىسىدىن بەرھەق دەپ قارىسىمۇ، بىراق تەۋرات بىلەن ئىنجىلغا سېلىشتۇرغاندا، ئەھكام نۇقتىسىدىن ئېلىپ بېرىلغان نۇرغۇن ئۆزگىرىشلەر بولۇشىمۇ مۇمكىن. مەيلى ھەر ئۈچىلىسى ياكى شۇلاردىن بىرەرسى كۆزدە تۇتۇلغان بولۇشى ۋەياكى ئەينى چاغدا مۇسۇلمانلارنىڭ ئېتىقادىغا گۇمان سېلىش ئۈچۈن يەھۇدىيلارنىڭ قىلىپ يۈرگەن ئىغۋاگەرچىلىك ھۇجۇمىغىلا قارىتىلغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. ھەرھالدا كۆزدە تۇتۇلغىنى مەيلى نېمە بولۇشتىن قەتئىينەزەر، قۇرئان كەرىم بۇ يەردە ئەھكاملارنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە ئەمەلدىن قالدۇرۇلىشى توغرۇلۇق روشەن يوليورۇقلارنى بېرىپ، يەھۇدىيلارنىڭ ھەرخىل شەكىللەر بىلەن ئىسلامغا قارشى تارقىتىپ يۈرگەن پىتنە - ئىغۋالىرىنى بىتچىت قىلىپ تاشلايدۇ.

پەيغەمبەرنىڭ ھايات ۋاقتىدا ئەھكاملارنىڭ قىسمەن ئۆزگىرىپ تۇرۇشى ئىنسانلارنىڭ ئۆزىگە مەنپەئەتلىك بولۇپ، ئوخشاش بولمىغان ھەربىر ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسىغا بىنائەن ئىنسانىيەتنىڭ ياخشىلىقى ئۈچۈن مەلۇم ئۆزگەرتىشلەر ئېلىپ بېرىلىدۇ. چۈنكى ئىنسانلارنى ياراتقانمۇ، پەيغەمبەرنى ئەۋەتكەنمۇ، ئەھكاملارنى نازىل قىلغانمۇ دەل ئەشۇ ئاللاھ تائالا بولۇپ، پۈتۈن ئىشلار ئۇنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن بولىدۇ. ئاللاھ تائالا ھەرقانداق ئايەتنى ئەمەلدىن قالدۇرسا ياكى ئۇنتۇلدۇرسا، ئايەت مەيلى تىلدا ئوقۇلىدىغان قۇرئاننىڭ ئەھكاملىرىدىن ئىبارەت بولسۇن، ياكى ئوخشاش بولمىغان ۋەزىيەتلەردە پەيغەمبەرلەرنىڭ قولى ئارقىلىق يۈز بېرىدىغان تۈرلۈك پەۋقۇلئاددە ۋەقەلەردىن ئىبارەت تەبىئىي ۋە غەيرى

تەبىئىي مۆجىزە ـ ئالامەتلەر بولسۇن، مەيلى نېمىلا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئاللاھ ئۇنىڭ ئورنىغا ئۇنىڭدىن ياخشىراق بىرىنى كەلتۈرىدۇ. ھەممە نەرسىنىڭ خوجايىنى ئاللاھ تائالادۇر. ئۇ ھېچ نەرسىنىڭ ئالدىدا ئاجىز ئەمەس. زېمىن ۋە ئاسماندىكى پۈتۈن ئىشلار ئۇنىڭلا قۇدرەت ئىلكىدە بولىدۇ.

مۇشۇ ۋەجىدىنلا ئاللاھ تائالا: «أَلَم تَعْلَمْ أَنَّ ٱللَّهَ عَلَىٰ كُلِّ شَىْءٍ قَدِيرٌ ﴿١٠٦﴾ أَلَمْ تَعْلَمْ أَنَّ ٱللَّهَ لَهُۥ مُلْكُ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضِ ۗ وَمَا لَكُم مِّن دُونِ ٱللَّهِ مِن وَلِىٍّ وَلَا نَصِيرٍ ﴿١٠٧﴾» *«بىلمەمسەنكى، ئاللاھ ھەر نەرسىگە قادىردۇر. بىلمەمسەنكى، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ پادىشاھلىقى ئاللاھقا مەنسۇپتۇر ۋە سىلەرگە ئاللاھدىن باشقا ھېچقانداق دوست ۋە مەدەتكار يوقتۇر»* دەيدۇ.

مۇسۇلمانلارغا بۇ يەردە قىلىنىۋاتقان خىتاب، ھەم نەسىھەت ھەم ئاگاھلاندۇرۇشنى تەڭلا ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، مۆئمىنلەرنىڭ بىردىنبىر دوستىنىڭ ئاللاھ ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ بىر دوستى ۋە ياردەمچىسى يوقلۇقىنى ئەسلىتىدۇ. بۇ يەردە بۇ خىل ئاگاھلاندۇرۇش ئۇسلۇبىنىڭ ئىشلىتىلىشى بەلكىم بىر قىسىم مۇسۇلمانلارنىڭ يەھۇدىيلارنىڭ ئازغۇن ئىغۋاگەرچىلىكىگە ۋە ساختا ئويۇنلىرىغا ئالدىنىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن مۇكەممەل ئىمان ۋە مۇستەھكەم ئىشەنچكە قەتئىي ياراشمايدىغان سوئاللارنى سوراشقا باشلىغانلىقى سەۋەبىدىن بولسا كېرەك. شۇڭا ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇنداق سوئاللارنى سوراپ يۈرۈشنى ياقتۇرمىغان ھالدا ئوچۇق ئاگاھلاندۇرۇش بېرىپ: «أَمْ تُرِيدُونَ أَن تَسْـَٔلُوا۟ رَسُولَكُمْ كَمَا سُئِلَ مُوسَىٰ مِن قَبْلُ ۗ وَمَن يَتَبَدَّلِ ٱلْكُفْرَ بِٱلْإِيمَٰنِ فَقَدْ ضَلَّ سَوَآءَ ٱلسَّبِيلِ ﴿١٠٨﴾» *«ئەجەبا ئىلگىرى مۇسادىن سورىغانغا ئوخشاش سوئاللارنى سىلەرمۇ پەيغەمبىرىڭلاردىن سورىماقچى بولامسىلەر؟ ھالبۇكى، كىم ئىماننى كۇفرىغا تېگىشسە، ئۇ ھەق يولدىن ئازغان بولىدۇ»* دەيدۇ.

ئاللاھ تائالا بۇ يەردە مۆئمىنلەرگە ئالاھىدە ئاگاھلاندۇرۇش بېرىپ، ئۇلارنىڭمۇ مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىگە ئوخشاش بىھۇدە مۇنازىرىلەردە بولماسلىقىنى، ئارتۇقچە دەلىل ۋە غەيرى تەبىئىي ئىشلارنى تەلەپ قىلماسلىقىنى بىلدۈرىدۇ. چۈنكى بەنى ئىسرائىل قەۋمى ئۆز پەيغەمبىرىنى خاپا قىلىش ئۈچۈنلا شۇنداق ئىشلارنى قىلىشاتتى. خۇددى ئىلگىرى بايان قىلىنغىنىغا ئوخشاش، مۇسا ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى بىرەر ئىشقا بۇيرىغان ياكى ئاللاھنىڭ بىرەر يوليورۇقىنى يەتكۈزگەن ھامان بىھۇدە مۇنازىرىلەرنى قىلىپ يۈرۈش ئۇلارغا ئادەت بولۇپ قالغان ئىدى.

ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلارنى بۇنداق پوزىتسىيەنىڭ تەبىئىي ئاقىۋەتلىرىدىن ئاگاھلاندۇرىدۇ. چۈنكى بۇ خىل پوزىتسىيەنىڭ تەبىئىي ئاقىۋىتى ئازغۇنلۇق، ئىماندىن كېيىن كۇپۇرلۇق بولۇشتىن باشقا بولمايدۇ. بەنى ئىسرائىل قەۋمى دەل ئەشۇ ئاقىۋەتكە يېتىپ

كېلىشكەن بولۇپ، ئەمەلىيەتتە ئۇلار مۇسۇلمانلارنىڭمۇ شۇنداق ئاقىۋەتكە دۇچار بولۇشىنى ئارزۇ قىلىشماقتا ئىدى.

«وَدَّ كَثِيرٌ مِّنۡ أَهۡلِ ٱلۡكِتَٰبِ لَوۡ يَرُدُّونَكُم مِّنۢ بَعۡدِ إِيمَٰنِكُمۡ كُفَّارًا حَسَدًا مِّنۡ عِندِ أَنفُسِهِم مِّنۢ بَعۡدِ مَا تَبَيَّنَ لَهُمُ ٱلۡحَقُّ»

*«ئەھلى كىتاب ئىچىدىكى نۇرغۇن كىشىلەر ھەرنېمە قىلىپ، سىلەرنى ئىمانىڭلاردىن ياندۇرۇپ، كۇپۇرلۇققا قايتۇرۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ. ھەق ئۇلارغا ئايان بولۇپ بولغاندىن كېيىنمۇ، ھەسەت قىلىش يۈزىسىدىن سىلەرگە نىسبەتەن شۇنداق خاھىشتا بولىدۇ».*

ھەسەتخورلۇق - ئىنتايىن ناچار خۇسۇسىيەت ۋە ئەخلاقىي كېسەللىك بولۇپ، ئىنساندا: «باشقا بارلىق كىشىلەر ياخشىلىقلارنىڭ ھەرقاندىقىدىن قۇرۇق قېلىپ، ھىدايەت يولىنى تاپالمىسىكەن» دېگەن خاھىشنى پەيدا قىلىدۇ.

-- بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟ ئۇخىل چۈپرەندە ھەسەتخورلارنىڭ ھەقىقەتتىن خەۋەرسىز قالغانلىقىمۇ؟

-- ياق، ئەكسىچە ئۇلار ھەقىقەتنى ناھايىتى پىششىق بىلىدۇ. پەقەت ئىچىدىكى ھەسەت تۈپەيلىدىنلا ئەشۇنداق خاھىشتا بولىدۇ.

«حَسَدًا مِّنۡ عِندِ أَنفُسِهِم مِّنۢ بَعۡدِ مَا تَبَيَّنَ لَهُمُ ٱلۡحَقُّ» *«ھەق ئۇلارغا ئايان بولۇپ بولغاندىن كېيىنمۇ، ھەسەت قىلىش يۈزىسىدىن سىلەرگە نىسبەتەن شۇنداق خاھىشتا بولىدۇ».*

يەھۇدىيلارنىڭ قەلبىدە ئىسلامغا ۋە مۇسۇلمانلارغا قارشى ھەسەتخورلۇقنىڭ ئىپلاس، رەزىل تۇيغۇلىرى ئىلگىرى قانداق ساقلانغان بولسا، ھازىرمۇ يەنە شۇنداق ساقلىنىپ كەلمەكتە. ئۇلارنىڭ ئىسلامغا قارشى ئېلىپ بارغان پۈتۈن دۈشمەنلىكلىرىنىڭ ۋە تۈزۈشكەن بارلىق سۇيقەستلىرىنىڭ مەنبەسى دەل ئەشۇ تۇيغۇلىرى ئىدى. بۈگۈنكى دەۋردىمۇ ئۇلارنىڭ قىلمىشى يەنە شۇ پېتى داۋام قىلماقتا. قۇرئان كەرىم مۇسۇلمانلارنىڭ مەسىلىنىڭ تېگىگە يېتىپ بارالىشى ئۈچۈن بۇ ھەقىقەتنى تەپسىلى بايان قىلىپ بەرمەكتە. يەھۇدىيلارنىڭ ئىسلامغا ۋە مۇسۇلمانلارغا قارشى داۋاملاشتۇرىۋاتقان بۇ ئىزچىل سۇيقەستلىرىنىڭ ئارقىدا رول ئويناۋاتقىنى، مۇسۇلمانلارنىڭ ئىمانىنى كاردىن چىقىرىش، ئۇلارنى ئىلگىرى مۇبتىلا بولغان ۋە ئاللاھ ئىمان نېمىتى ئارقىلىق نىجاتلىققا چىقارغان ئەشۇ كۇپۇرلۇق پاتقىقىغا قايتىدىن تىقىپ قويۇش خاھىشىدىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بەرمەكتە.

مانا بۇ ھەقىقەتلەر ئايدىڭلىشىپ، يەھۇدىيلارنىڭ ھەسەتخورلۇقى ۋە ھىيلە - نەيرەڭلىرى ئايان بولغاندىن كېيىن، قۇرئان كەرىم مۇسۇلمانلارغا يەھۇدىيلارغا ئوخشاش پەسكەش ئوي - خىياللاردا بولماسلىقنى تەۋسىيە قىلىدۇ. ھەسەتكە ھەسەت بىلەن، رەزىللىككە رەزىللىك بىلەن جاۋاب قايتۇرماسلىققا، بەلكى تاكى ئاللاھنىڭ قارارى كەلگۈچە، ئەپۇچانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىشقا چاقىرىدۇ.

«فَٱعۡفُواْ وَٱصۡفَحُواْ حَتَّىٰ يَأۡتِيَ ٱللَّهُ بِأَمۡرِهِۦٓۗ إِنَّ ٱللَّهَ عَلَىٰ كُلِّ شَيۡءٖ قَدِيرٞ» «ئاللاھ ئۆز قارارىنى ئىجرا قىلغانغا قەدەر ئۇلارغا جاۋابەن ئېيۇچانلىق بىلەن ئىش تۇتۇڭلار. (خاتىرجەم بولۇڭلاركى،) ئاللاھ ھەر نەرسىگە قادىردۇر».

ئاللاھ تائالا سىلەرگە ياقتۇرۇپ بەرگەن يولدا مېڭىۋېرىڭلار، ئۇنىڭغىلا بەندىچىلىك قىلىپ، كۆپلەپ ياخشى ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىڭلار ۋە ئۇنىڭ ھوزۇرىغا ساۋاپ توپلاڭلار.

«وَأَقِيمُواْ ٱلصَّلَوٰةَ وَءَاتُواْ ٱلزَّكَوٰةَۚ وَمَا تُقَدِّمُواْ لِأَنفُسِكُم مِّنۡ خَيۡرٖ تَجِدُوهُ عِندَ ٱللَّهِۗ إِنَّ ٱللَّهَ بِمَا تَعۡمَلُونَ بَصِيرٞ ﴿١١٠﴾» «نامازنى بەرپا قىلىڭلار، زاكاتنى بېرىڭلار، سىلەر ئاقىۋەتلىكىڭلار ئۈچۈن ئالدىن يوللىغىنىڭلارنىڭ ھەممىنى ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا مەۋجۇت ھالدا ئۇچرىتىسىلەر. ئاللاھ ھەقىقەتەن قىلىۋاتقىنىڭلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر».

شۇنداق قىلىپ، ئايەتنىڭ يۆنىلىشى مۇسۇلمانلارنىڭ ئاق - تۆيغۇلىرىنى ئويغۇتۇشقا ۋە ئۇلارنىڭ دىققىتىنى خېيىم - خەتەرنىڭ ئەسلى مەركىزىگە، يەنى سۇيىقەستلەرنىڭ زادى قەيەردە تۇزۇلىدىغانلىقىغا بۇراشقا يۆتكىلىدۇ. شۇ ئارقىلىق مۇسۇلمانلارنى يەھۇدىيلارنىڭ ئىپلاس سۇيىقەستلىرىگە ۋە پەسكەش ھەسەتخورلۇقىغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن ھازىرلايدۇ. بىراق بۇ ھازىرلىقتىن كېيىن، مۇسۇلمانلارنىڭ ئاق - تۆيغۇلىرىنى ئاللاھ تەرەپكىلا مەركەزلەشتۇرۇپ، تاكى ئاللاھنىڭ ھۆكمى كەلگەنگە قەدەر، پۈتۈن ھەرىكىتىنى ئاللاھنىڭ ئەمرىگە تاپشۇرۇشقا بۇيرۇيدۇ. ئۇلارغا ئەپۇچانلىق بىلەن ئىش تۇتۇشى، قەلبلىرىنى ھەسەت، ئۆچ - ئاداۋەتلەردىن پاك تۇتۇشى، پۈتۈن ھۆكۈملەرنىڭ ۋە ئىرادىلەرنىڭ ئىگىسى بولغان ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىنى كۈتۈشى لازىملىقى تەكىتلىنىدۇ.

**********

## ئورتاق دەۋالار

ئاندىن قۇرئان كەرىم يەھۇدىيلار بىلەن ناسالارنىڭ ئومۇميۈزلۈك قىلىپ كېلىۋاتقان دەۋالىرى ئۈستىدە توختىلىدۇ. مەسىلەن: ئۇلار ئۆزلىرىنىڭلا ھىدايەت ئۈستىدە ئىكەنلىكىنى، جەننەتكە ئۇلاردىن باشقىلارنىڭ كىرەلمەيدىغانلىقىنى دەۋا قىلىشاتتى. يەھۇدىيلارمۇ ۋە ناسارالارمۇ بىرلا ۋاقىتتا، ئوخشاشلا ئەشۇ داۋانى ئىلگىرى سۈرۈشكەن بولۇپ، بىرى يەنە بىرىنى رەت قىلغان ھالدا: «ئۇنىڭدا ھەق دېگەندىن زەررىچە ئەسەرمۇ يوق» دېيىشەتتى. قۇرئان كەرىم ئۇلارنىڭ بۇ دەۋالىرىنى تىلغا ئېلىش جەريانىدا ئەمەلنىڭ مۇكاپاتىغا دائىر ئىسلامنىڭ ھەقىقىي تەسەۋۋۇرىنىمۇ ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتىدۇ.

وَقَالُواْ لَن يَدۡخُلَ ٱلۡجَنَّةَ إِلَّا مَن كَانَ هُودًا أَوۡ نَصَٰرَىٰۗ تِلۡكَ أَمَانِيُّهُمۡۗ قُلۡ هَاتُواْ بُرۡهَٰنَكُمۡ إِن كُنتُمۡ صَٰدِقِينَ ﴿١١١﴾ بَلَىٰۚ مَنۡ أَسۡلَمَ وَجۡهَهُۥ لِلَّهِ وَهُوَ مُحۡسِنٞ فَلَهُۥٓ أَجۡرُهُۥ عِندَ رَبِّهِۦ وَلَا خَوۡفٌ عَلَيۡهِمۡ وَلَا هُمۡ يَحۡزَنُونَ ﴿١١٢﴾ وَقَالَتِ ٱلۡيَهُودُ لَيۡسَتِ ٱلنَّصَٰرَىٰ عَلَىٰ شَيۡءٖ وَقَالَتِ ٱلنَّصَٰرَىٰ لَيۡسَتِ ٱلۡيَهُودُ عَلَىٰ شَيۡءٖ وَهُمۡ يَتۡلُونَ ٱلۡكِتَٰبَۗ كَذَٰلِكَ قَالَ ٱلَّذِينَ لَا يَعۡلَمُونَ مِثۡلَ قَوۡلِهِمۡۚ فَٱللَّهُ يَحۡكُمُ بَيۡنَهُمۡ يَوۡمَ ٱلۡقِيَٰمَةِ فِيمَا كَانُواْ فِيهِ يَخۡتَلِفُونَ ﴿١١٣﴾

*ئۇلار: «يەھۇدىي بولغان ئادەم ھەرگىزمۇ جەننەتكە كىرمەيدۇ، (ناسارالارنىڭ قارشى بويىچە) ناسارا بولغان ئادەم ھەرگىز جەننەتكە كىرمەيدۇ» دېيىشىدۇ. بۇ، ئۇلارنىڭ قۇرۇق ئارزۇسىدۇر. ئۇلارغا: «ئەگەر (سۆزۈڭلاردا) راستچىل بولساڭلار، دەلىلىڭلارنى كەلتۈرۈڭلار. (دەرۋەقە، بۇ نە سىلەرنىڭ نە باشقىلارنىڭ ئايرىم خۇسۇسىيىتىگە باغلىق ئىش ئەمەس)» دېگىن[111]. ئۇنداق ئەمەس، كىمكى ئۆزىنى ئاللاھقا تاپشۇرىدىكەن ۋە ئەمەلىنى ياخشى يولغا ماڭدۇرىدىكەن، ئۇنىڭغا پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا ساۋاب بار. بۇنداق كىشىلەر ئۈچۈن (ئاخىرەتتە) ھېچ قورقۇنچ ۋە غەم- قايغۇ بولمايدۇ[112].*

*يەھۇدىيلار: «ناسارالارنىڭ ھېچقانداق ئاساسى يوق» دېيىشىدۇ. ناسارالارمۇ: «يەھۇدىيلارنىڭ ھېچقانداق ئاساسى يوق» دېيىشىدۇ. ھالبۇكى، ئۇلار ھەر ئىككىسى كىتاب ئوقۇيدۇ. ھەمدە كىتاب ئىلمى بولمىغان كىشىلەرمۇ ئۇلار دېگەندەك دەۋالارنى قىلىشىدۇ. ئۇلار مۇبتەلا بولۇشقان بۇ ئىختىلاپلارغا قىيامەت كۈنى ئاللاھ ئۆزى ھۆكۈم چىقىرىدۇ[113].*

**مەدىنىدە مۇسۇلمانلارغا قارشى مەيدانغا چۈشكەنلەر يەھۇدىيلار بولۇپ، خرىستىئانلارنىڭ يەھۇدىيلاردەك ئىسلامغا دۈشمەنلىك قىلالايدىغان بىرەر مۇنتىزىم پىرقىسى يوق ئىدى. بىراق ئايەتنىڭ بايان تەرزى ھەر ئىككىلى پىرقىنىڭ دەۋاسىغا ئورتاق رەددىيە بېرىدۇ. يەھۇدىيلار بىلەن ناسارالارنىڭ بىر - بىرىگە دېيىشىدىغان سۆزلىرىنى نەقىل قىلىش بىلەن بىرگە، مۇشرىكلارنىڭمۇ ئۇلار ھەققىدىكى قاراشلىرىنى بايان قىلىپ ئۆتىدۇ.**

**«**وَقَالُوا لَن يَدۡخُلَ ٱلۡجَنَّةَ إِلَّا مَن كَانَ هُودًا أَوۡ نَصَٰرَىٰ**»** *«ئۇلار: "يەھۇدىي بولغان يا ناسارا بولغان ئادەم ھەرگىزمۇ جەننەتكە كىرمەيدۇ" دېيىشىدۇ».*

**بۇ يەردە ھەر ئىككى پىرقىنىڭ دەۋاسى بىرلەشتۈرۈلگەن ھالدا بايان قىلىنغان. ۋەھالەنكى، ئۇلارنىڭ ھەر بىرى شۇ داۋانى ئۆز ئالدىغا ئايرىم قىلىشاتتى. يەھۇدىيلار: «پەقەت يەھۇدىي بولغان ئادەملا جەننەتكە كىرىدۇ» دېسە، ناسارالار: «پەقەت ناسارا بولغان ئادەملا جەننەتكە كىرىدۇ» دېيىشەتتى. بۇ ھەر ئىككىلى پىرقىنىڭ يوغان دەۋالىرىنىڭ ھەممىسى ئاساسسىز بولۇپ، ئۇنىڭ ھېچ بىر ئەقلىي ياكى نەقلىي دەلىلى يوق ئىدى. دەل مۇشۇ ۋەجىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇلارغا قىلىۋاتقان داۋالىرىنىڭ دەلىلىنى كەلتۈرۈش ھەققىدە دوئىل ئېلان قىلىشى تەۋسىيە قىلىنىدۇ.**

«قُلۡ هَاتُواْ بُرۡهَـٰنَكُمۡ إِن كُنتُمۡ صَـٰدِقِينَ» «ئۇلارغا: "ئەگەر (سۆزۈڭلاردا) راستچىل بولساڭلار، دەلىلىڭلارنى كەلتۈرۈڭلار" دېگىن».

بۇ يەردە ئاللاھ تائالا ئەمەل ۋە مۇكاپاتقا دائىر ھېچ بىر مىللەتكە، ھېچبىر پىرقىگە ياكى ھېچ بىر كىشىگە ئايرىم ئىمتىيازلىق مۇئامىلە قىلىنمايدىغان ئىسلام تەسەۋۋۇرىنىڭ بىر مۇھىم قائىدىسى، يەنى ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا نام، شۆھرەت، ئۇنۋانىغا قاراپ ئەمەس، بەلكى ياخشىلىقىغا، مۇكەممەل بەندىچىلىكىگە، خالىس ئىتائەتمەنلىكىگە قاراپ مۇكاپات بېرىلىدىغانلىقى بايان قىلىنىدۇ.

«بَلَىٰ مَنۡ أَسۡلَمَ وَجۡهَهُۥ لِلَّهِ وَهُوَ مُحۡسِنٞ فَلَهُۥٓ أَجۡرُهُۥ عِندَ رَبِّهِۦ وَلَا خَوۡفٌ عَلَيۡهِمۡ وَلَا هُمۡ يَحۡزَنُونَ» «ئۇنداق ئەمەس، كىمكى ئۆزىنى ئاللاھقا تاپشۇرىدىكەن ۋە ئەمەلىنى ياخشى يولغا ماڭدۇرىدىكەن، ئۇنىڭغا پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا ساۋاب بار. بۇنداق كىشىلەر ئۈچۈن (ئاخىرەتتە) ھېچ قورقۇنچ ۋە غەم-قايغۇ بولمايدۇ».

يەھۇدىيلارنىڭ مەزكۇر دەۋاسى بۇنىڭدىن ئىلگىرىكى يەنە بىر جايدا: «لَن تَمَسَّنَا ٱلنَّارُ إِلَّآ أَيَّامٗا مَّعۡدُودَةٗ» «دوزاخ ئوتى بىزگە پەقەتلا كۈنلەرلا تېگىدۇ، كەلگەندىمۇ، پەقەت بىر قانچە كۈنلۈككىلا بولىدۇ» دەپ تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا رەددىيە بېرىپ، جازا قانۇنىنىڭ ئومۇمىي پرىنسىپىنى: «بَلَىٰ مَن كَسَبَ سَيِّئَةٗ وَأَحَٰطَتۡ بِهِۦ خَطِيٓـَٔتُهُۥ فَأُوْلَـٰٓئِكَ أَصۡحَٰبُ ٱلنَّارِۖ هُمۡ فِيهَا خَٰلِدُونَ» «(دوزاخ ئوتى نېمە ئۈچۈن سىلەرنى كۆيدۈرمىگىدەك؟) ئۇنداق ئەمەس، كىمكى گۇناھنى تاپاۋەت قىلىدىكەن ۋە گۇناھكارلىققا چۆمۈپ كېتىدىكەن، ئۇلار ئەھلى دوزەختۇر، ئۇلار دوزەختە مەڭگۈ قالىدۇ» دەپ جاكارلىغان ئىدى. يەنى، گۇناھكارلارنىڭ جازالىنىشى پەقەت گۇناھ ئۆتكۈزگەنلىكى تۈپەيلىدىنلا بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ نەرسە جازالىنىشقا سەۋەب بولالمايدۇ. دېمەك، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا مۇكاپاتلاش ۋە جازالاشنىڭ مانا شۇنداق بىرلا قائىدىسى بار.

«بَلَىٰ مَنۡ أَسۡلَمَ وَجۡهَهُۥ لِلَّهِ وَهُوَ مُحۡسِنٞ فَلَهُۥٓ» «ئۇنداق ئەمەس، كىمكى ئۆزىنى ئاللاھقا تاپشۇرىدىكەن ۋە ئەمەلىنى ياخشى يولغا ماڭدۇرىدىكەن» (يەنى، ئۆزىنى پۈتۈنلەي ئاللاھقا تاپشۇرسا، پۈتۈن ئاڭ - تۇيغۇلىرى بىلەن ئاللاھقىلا مۇراجىئەت قىلسا) دېگەن بۇ ئىلاھىي ھۆكۈمدىكى: «مَنۡ أَسۡلَمَ وَجۡهَهُۥ» «كىمكى ئۆزىنى ئاللاھقا تاپشۇرىدىكەن» دېگەن مۇشۇ كىچىككىنە ئىبارىدە ئىسلام دىنىنىڭ ئەڭ مۇھىم خۇسۇسىيىتى ۋە گەۋدىلىك ئالامىتى بايان قىلىنغان، يەنى ئىنسان

پۈتۈنلەي ئاللاھقا يۈزلىنىپ، پۈتۈن دىققىتى بىلەن ئاللاھقا بېرىلىشى، مۇكەممەل رىئايە ۋە ئىتائەتنى تاللىغان بولۇشى لازىم. يەنى، ئاللاھقا ھەم مەنىۋى جەھەتتىن ئىخلاسمەن ئىگىلگەن ھەم ئەمەلىي جەھەتتىن تولۇق بويسۇنغان بولۇشى لازىم. ئىسلامنىڭ ئەڭ مۇھىم خۇسۇسىيەتلىرى ۋە گەۋدىلىك ئالامەتلىرىنىڭ بىرسى شۇكى، ئىنساننىڭ ئاڭ - تۇيغۇسى ۋە قەلبىدىكى ئىمان، ئەقىدىسى بىلەن ئەمەلىيىتى ۋە ئەمەلىي پوزىتسىيىسى ئوتتۇرىسىدا مۇكەممەل بىرلىك مەۋجۇت بولىدۇ. قانداقلا ئىنسان بۇ ماقامغا يېتىدىكەن، ئۇنىڭ ھاياتلىق نەزەرىيىسى ھاياتلىق دەستۇرىغا ئايلانغان بولىدۇ. شۇ چاغدا ئىنساننىڭ كىشىلىكى ئۆزىنىڭ پائالىيەتلىرى بىلەن مايىللىقى ئوتتۇرىسىدا بىرلىكنى ھاسىل قىلىدۇ. ئىنسان ھاياتىنىڭ ئوخشاش بولمىغان جەھەتلىرى ئوتتۇرىسىدا ماسلىشىشچانلىق پەيدا بولىدۇ. شۇنداق بولغاندىلا، ئۇ مۆئمىن بەندە ئاللاھ تائالانىڭ: «فَلَهُۥٓ أَجۡرُهُۥ عِندَ رَبِّهِۦ وَلَا خَوۡفٌ عَلَيۡهِمۡ وَلَا هُمۡ يَحۡزَنُونَ» «*ئۇنىڭغا پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا ساۋاب بار. بۇنداق كىشىلەر ئۈچۈن (ئاخىرەتتە) ھېچ قورقۇنچ ۋە غەم - قايغۇ بولمايدۇ*» دېگەن ئىنئامىغا ھەقلىق بولغان بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئەجرى پەرۋەردىگارىنىڭ يېنىدا ساقلىنىۋاتقان، رەنج - ئەلەملەردىن خالىي، تىنچ، خاتىرجەم بىر دۇنيا ئۇلارنى كۈتۈۋاتقان بولىدۇ. غەم - قايغۇ دېگەندىن زەررىچە ئەسەرمۇ بولمىغان راھەت - پاراغەت ئالىمى ئۇلارغا ھازىرلانغان بولىدۇ. جازا ۋە مۇكاپاتنىڭ بۇ قائىدىسى ھەممىگە ئورتاق بولۇپ، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ھېچ كىشىگە قىلچە يۈز - خاتىرە قىلىنمايدۇ ۋە يان بېسىلمايدۇ.

يەھۇدىيلار بىلەن ناسارالار يوغان دەۋالارنى قىلىشىپ، بىر - بىرىنى: «ئۇنىڭ ھېچ قانداق ئاساسى يوق» دەپ ئەيىپلىشەتتى. مۇشرىكلار بولسا، ئۇلاردىنمۇ بەك ھەددىدىن ئېشىپ: «بۇ ھەر ئىككىلىسىنىڭ ھېچ بىر ئاساسى يوق» دېيىشەتتى.

«وَقَالَتِ ٱلۡيَهُودُ لَيۡسَتِ ٱلنَّصَٰرَىٰ عَلَىٰ شَيۡءٖ وَقَالَتِ ٱلنَّصَٰرَىٰ لَيۡسَتِ ٱلۡيَهُودُ عَلَىٰ شَيۡءٖ وَهُمۡ يَتۡلُونَ ٱلۡكِتَٰبَۗ كَذَٰلِكَ قَالَ ٱلَّذِينَ لَا يَعۡلَمُونَ مِثۡلَ قَوۡلِهِمۡۚ فَٱللَّهُ يَحۡكُمُ بَيۡنَهُمۡ يَوۡمَ ٱلۡقِيَٰمَةِ فِيمَا كَانُواْ فِيهِ يَخۡتَلِفُونَ ﴿١١٣﴾»

«*يەھۇدىيلار: ''ناسارالارنىڭ ھېچقانداق ئاساسى يوق'' دېيىشىدۇ. ناسارالارمۇ: ''يەھۇدىيلارنىڭ ھېچقانداق ئاساسى يوق'' دېيىشىدۇ. ھالبۇكى، ئۇلار ھەر ئىككىسى كىتاب ئوقۇيدۇ. ھەمدە كىتاب ئىلمى بولمىغان كىشىلەرمۇ ئۇلار دېگەندەك دەۋالارنى قىلىشىدۇ. ئۇلار مۇبتىلا بولۇشقان بۇ ئىختىلاپلارغا قىيامەت كۈنى ئاللاھ ئۆزى ھۆكۈم چىقىرىدۇ*»

بۇ يەردىكى ''كىتاب ئىلمى بولمىغانلار'' دېيىلگىنى ئەرەبلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ ساماۋىي كىتابى يوق ئىدى. ئۇلار يەھۇدىيلار بىلەن خرىستىئانلارنىڭ ئىختىلاپلىرىنى، بىر - بىرىنى تىللاپ، ھاقارەتلەشلىرىنى ياكى ئېتىقاد قىلىۋاتقان خۇراپاتلىرى بىلەن بىھۇدىلىكلىرىنى

كۆرگەندە، ئۇلارنىڭمۇ ئەرەب مۇشرىكلىرىنىڭ پەرىشتىلەرنى ئىلاھنىڭ پەرزەنتلىرى دەپ قارايدىغان تەسەۋۋۇردىن ئالى بىرەر ئېتىقاد تەسەۋۋۇرىغا ئىگە ئەمەسلىكىنى ھېس قىلىشاتتى. شۇڭا ئەرەب مۇشرىكلىرىمۇ ئۇلارنىڭ ئېتىقادىنى كەمسىتىپ، يەھۇدىيلار بىلەن ناسارالار ھەققىدە: «ئۇلار ھېچقانداق ھەقىقەت ئۈستىدە ئەمەس» دېيىشەتتى.

يەھۇدىيلار بىلەن خرىستىئانلارنىڭ جەننەتنىڭ ئىگىدارلىقى ھەققىدىكى دەۋالىرىنىڭ ئارقىدىن قۇرئان كەرىم ئۇلارنىڭ بىر - بىرىنى ئەيىپلەشلىرىنىمۇ نەقىل كەلتۈرۈپ، ئۇنىڭ قارارىنى ئاللاھقا تاپشۇرىدۇ.

«فَٱللَّهُ يَحۡكُمُ بَيۡنَهُمۡ يَوۡمَ ٱلۡقِيَٰمَةِ فِيمَا كَانُواْ فِيهِ يَخۡتَلِفُونَ» «*ئۇلار مۇبتىلا بولۇشقان بۇ ئىختىلاپلارغا قىيامەت كۈنى ئاللاھ ئۆزى ھۆكۈم چىقىرىدۇ*». چۈنكى ئاللاھ ئەڭ ئادىل قازى، پۈتۈن مەسىلىلەر ئاخىرى ئۇنىڭ ئالدىغا بارىدۇ. ئۆزىنىڭلا ھىدايەتتە ئىكەنلىكىنى ۋە جەننەتكە كىرىدىغانلىقىنى دەۋا قىلىدىغان، بىراق ھېچ مەنتىقىسى ياكى قىلغان دەۋاسىنىڭ بىرەر دەلىلى بولمىغان كىشىلەرگە كەلسەك، بۇنداقلارنى ئاللاھنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا تاشلاپ قويۇش لازىم. بۇلاردىن قۇتۇلۇشنىڭ ئەڭ ياخشى چارىسى شۇ....

يەھۇدىيلار مۇسۇلمانلارنىڭ قەلبىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەلىماتى ۋە بۇيرۇقلىرىغا نىسبەتەن شەك - شۈبھە پەيدا قىلىشقا بولۇشىغا تىرىشقان بولۇپ، قىبلە ئۆزگىرىش ۋەقەسىدە ئۇلارنىڭ ئىغۋاگەرچىلىكى ئۇچىغا چىققان ئىدى. شۇڭا ئەمدىكى ئايەتنىڭ يۆنىلىشى ئۇلارنىڭ شۇ خىل رەزىل ھۇجۇملىرى تەرەپكە بۇرۇلماقتا. ئاللاھ تائالا بۇنىڭغا قارىتا: «دەرۋەقە، بۇ زورۇقۇشلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭ مەسجىدلىرىنى بۇزۇشتىن ئىبارەتتۇر، ئۇلارنىڭ مەقسىتى كىشىلەرنى ئاللاھنىڭ مەسجىدىدە ئاللاھنى ئەسلەشتىن توسۇشتۇر» دەيدۇ.

وَمَنۡ أَظۡلَمُ مِمَّن مَّنَعَ مَسَٰجِدَ ٱللَّهِ أَن يُذۡكَرَ فِيهَا ٱسۡمُهُۥ وَسَعَىٰ فِي خَرَابِهَآۚ أُوْلَٰٓئِكَ مَا كَانَ لَهُمۡ أَن يَدۡخُلُوهَآ إِلَّا خَآئِفِينَۚ لَهُمۡ فِي ٱلدُّنۡيَا خِزۡيٞ وَلَهُمۡ فِي ٱلۡأٓخِرَةِ عَذَابٌ عَظِيمٞ ﴿١١٤﴾ وَلِلَّهِ ٱلۡمَشۡرِقُ وَٱلۡمَغۡرِبُۚ فَأَيۡنَمَا تُوَلُّواْ فَثَمَّ وَجۡهُ ٱللَّهِۚ إِنَّ ٱللَّهَ وَٰسِعٌ عَلِيمٞ ﴿١١٥﴾

«*ئاللاھنىڭ مەسجىدلىرىدە ئاللاھنىڭ نامىنىڭ ياد قىلىنىشىنى توسقان ۋە ئۇلارنى ۋەيران قىلىشقا ئۇرۇنغانلاردىنمۇ زالىم كىشى بارمۇ؟ مەسجىدلەرگە ئۇلار پەقەت قورققان ھالدىلا كىرىشى لايىق ئىدى. ئۇلار دۇنيادا رەسۋا بولىدۇ. ئاخىرەتتە چوڭ ئازابقا دۇچار بولىدۇ. مەشرىقمۇ، مەغرىبمۇ ھەممىسى ئاللاھنىڭدۇر، قايسى تەرەپكە يۈزلەنسەڭلار، شۇ ئاللاھنىڭ تەرىپىدۇر. ئاللاھ ھەقىقەتەن بايانسىزدۇر، ئاللاھ ھەممىنى بىلگۈچىدۇر*».

بۇ ئايەتلەرنىڭ قىبلىنىڭ ئۆزگىرىشىگە مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكى ئەقىلگە ئەڭ ئۇيغۇن. چۈنكى بۇ باسقۇچتا يەھۇدىيلار مۇسۇلمانلارنى يېڭى قىبلىگە يۈز كەلتۈرۈپ ناماز ئوقۇشتىن

توسۇش ئۇچۇن قاتتىق تىرىشچانلىق كۆرسەتمەكتە ئىدى. ۋەھالەنكى، كەبە ئىنسانىيەت ئۇچۇن ياسالغان تۇنجى ئىبادەتخانا بولۇپ، ئەڭ دەسلەپكى قىبلە ھېسابلىناتتى.

بۇ ئايەتنىڭ نازىل بولۇش سەۋەبلىرى ھەققىدە يەنە باشقا رىۋايەتلەرمۇ مەۋجۇت. ھەرھالدا بۇ ئايەت مەسجىدلەردە ئاللاھنىڭ نامىنى زىكرى ئېتىشتىن توسۇش ۋە مەسجىدلەرنى بۇزۇشقا تىرىشىش قاتارلىق قىلمىشلارغا نىسبەتەن ئومۇمىييۈزلۈك بىر ھۆكۈمنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئايەتنىڭ داۋامىدا شۇنداق قىلمىشنى سادىر قىلغان كىشىلەرگە تېگىشلىك بولىدىغان جازامۇ تىلغا ئېلىنىدۇ.

«أُوْلَـٰٓئِكَ مَا كَانَ لَهُمْ أَن يَدْخُلُوهَآ إِلَّا خَآئِفِينَ» «*مەسجىدلەرگە ئۇنداقلار كىرمەسلىكى كېرەكىدى پەقەت قورققان ھالدىلا كىرىشى كېرەك ئىدى*».

يەنى، ئۇلار قوغلىنىشقا، يوقىتىلىشقا، خاتىرجەملىكتىن مەھرۇم قىلىنىشقا ھەقلىق. پەقەت قورقۇنچ ئىچىدە ئامانلىق ئىزدەپ ئاللاھنىڭ مەسجىدىگە كىرگەنلىرى ۋە مەسجىدنىڭ ھۆرمىتىنى ساقلىغانلىرى مۇستەسنا (مەككىنىڭ فەتھى قىلىنىشىدا ئەنە شۇنداق ۋەقە يۈز بەرگەن ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «كىم مەسجىدى ھەرەمدە پاناھلانسا، ئامانلىققا ئېرىشىدۇ» دەپ جاكارلىغان چاغدا، قۇرەيشنىڭ بارلىق ئاسىيلىرى مەسجىدى ھەرەمگە كىرىپ پاناھلانغان ئىدى. ھالبۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنى شۇنچە ئۇزۇن زامانلارغىچە مەسجىدى ھەرەمدە ئىبادەت قىلىشتىن توسقانلار ئەشۇلار ئىدى). قۇرئان كەرىم بۇ خىل كىشىلەرنىڭ ئاقىۋىتىنى تېخىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇپ بېرىپ، ئۇلارغا دۇنيادا خارلىق ۋە ئاخىرەتتە قاتتىق ئازاب تەييارلانغانلىقىنى: «لَهُمْ فِى ٱلدُّنْيَا خِزْىٌ وَلَهُمْ فِى ٱلْـَٔاخِرَةِ عَذَابٌ عَظِيمٌ» «*ئۇلار دۇنيادا رەسۋا بولىدۇ. ئاخىرەتتە چوڭ ئازابقا دۇچار بولىدۇ*» دەپ ئېيتىپ بېرىدۇ.

بەزى مۇپەسسىرلەر «مَا كَانَ لَهُمْ أَن يَدْخُلُوهَآ إِلَّا خَآئِفِينَ» دېگەن ئايەتنى تەپسىر قىلىپ: «ئۇنداق كىشىلەرنىڭ مەسجىدلەرنىڭ ھۆرمىتىگە رىئايە قىلىشى ۋە قورققان، ئەيمەنگەن ھەمدە ھايا قىلغان ھالدا مەسجىدكە كىرىشى ۋاجىپ. چۈنكى ئاللاھنىڭ مەسجىدىگە ھۆرمەت قىلىش، شۇنداقلا ئاللاھۇ زۇلجەلالنىڭ شان - شەۋكىتى ۋە ھەيۋىتىدىن ئەيمىنىش ئىنساننىڭ مەسجىدگە چوڭقۇر ئېھتىرام بىلەن ئاياق بېسىشىنى تەقەززا قىلىدۇ» دېگەن. ھەرھالدا بۇمۇ بىر تەپسىر بولۇپ، ئايەتنىڭ مەنە دائىرىسى شۇنداق تەپسىر قىلىشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالالايدۇ. بىراق «وَلِلَّهِ ٱلْمَشْرِقُ وَٱلْمَغْرِبُ» «*مەشرىقمۇ، مەغرىبمۇ ھەممىسى ئاللاھنىڭدۇر*» دېگەن ئىككىنچى ئايەت قىبلە ئۆزگەرتىلگەن چاغدا نازىل بولغاچقا، بىز يۇقىرىقى بىرىنچى ئايەتنىمۇ قىبلىنىڭ ئۆزگەرتىلىشىگە باغلاپ چۈشەندۇق.

«وَلِلَّهِ ٱلْمَشْرِقُ وَٱلْمَغْرِبُ ۚ فَأَيْنَمَا تُوَلُّوا۟ فَثَمَّ وَجْهُ ٱللَّهِ ۚ إِنَّ ٱللَّهَ وَٰسِعٌ عَلِيمٌ» «مەشرىقمۇ، مەغرىبمۇ ھەممىسى ئاللاھنىڭدۇر، قايسى تەرەپكە يۈزلەنسەڭلار، شۇ ئاللاھنىڭ تەرىپىدۇر. ئاللاھ ھەقىقەتەن بايانسىزدۇر، ئاللاھ ھەممىنى بىلگۈچىدۇر».

ئايەتتىن مەلۇمكى، بۇ ئايەت قىبلىنىڭ ئۆزگەرتىلىشىگە نىسبەتەن يەھۇدىيلارنىڭ: «ئەگەر قىبلە مۇشۇ بولىدىغان بولسا، ئۇنداقتا سىلەرنىڭ بەيتۇل مۇقەددەس تەرەپكە قاراپ ئوقۇغان نامازلىرىڭلارنىڭ ھەممىسى زايا بولغان بولىدۇ ۋە ئاللاھ ئۇنىڭغا ئاخىرەتتە ھېچ قانداق ئەجىر بەرمەيدۇ» دەپ قىلىشىۋاتقان ئىغۋاگەرچىلىكىگە رەددىيە ئورنىدا نازىل بولغان. ئايەتتە يەھۇدىيلارنىڭ ئۇ خىل قاراشلىرىغا رەددىيە بېرىپ، ھەممە تەرەپنىڭ قىبلە ئىكەنلىكى، مەيلى قايسى تەرەپكە يۈزلەنسە يۈزلەنسۇن، ئاللاھقا يۈزلەنگەن بولىدىغانلىقى، ئىبادەت قىلغان كىشى مەيلى قاياققا يۈز كەلتۈرسۇن، ئاللاھقا يۈز كەلتۈرگەن بولىدىغانلىقى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ بېرىلىدۇ. ئاللاھنىڭ بىزگە مۇئەييەن بىر قىبلە بەلگىلەپ بېرىشىگە كەلسەك، بۇ پەقەت ئىلاھىي يۈزلەندۈرۈش بولۇپ، شەكسىز ئىتائەت قىلىش لازىم. بۇ ھەرگىزمۇ: «شۇ تەرەپلا ئاللاھنىڭ تەرىپى، باشقىسى ئاللاھنىڭ تەرىپى ئەمەس» دېگەنلىك بولمايدۇ. ئاللاھ بەندىلىرىنى ھەرگىز قىيىنچىلىقتا قويمايدۇ، ساۋابلىرىنى ئازايتمايدۇ. ئۇ بەندىلەرنىڭ قەلبلىرىنى، نىيەتلىرىنى ۋە پۈتۈن ئارزۇلىرىنى ناھايىتى ياخشى بىلىدۇ. ناھايىتمۇ كەڭچىلىك ساھىبى بولغان ئاللاھ پۈتۈن نىيەتلەرنىڭ ئىگىسىدۇر. «إِنَّ ٱللَّهَ وَٰسِعٌ عَلِيمٌ» «ئاللاھ ھەقىقەتەن بايانسىزدۇر، ئاللاھ ھەممىنى بىلگۈچىدۇر».

***********

## ئىنسان ۋە كائىنات

بۇنىڭدىن كېيىنكى ئايەتلەر يەھۇدىيلارنىڭ ئىلاھقا بولغان تەسەۋۋۇرىنىڭ خاتالىقىنى، دىنلارنىڭ تۈپ ئاساسى بولغان ۋە پۈتۈن پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاساسلىق توغرا تەسەۋۋۇرى بولۇپ كەلگەن "تەۋھىد ئەقىدىسى"نىڭ بۇزۇلغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ئىلاھقا ۋە ئۇنىڭ زاتى - سۈپەتلىرىگە بولغان تەسەۋۋۇرىنىڭ جاھالەت تەسەۋۋۇرلىرى بىلەن ئارىلىشىپ كەتكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىدۇ. ئەھلى كىتاب مۇشرىكلىرىنىڭ ئىلاھقا بولغان تەسەۋۋۇرى بىلەن ئەرەب مۇشرىكلىرىنىڭ ئىلاھقا بولغان تەسەۋۋۇرى ئوتتۇرىسىدا ئاساس جەھەتتە ھېچبىر چوڭ پەرق يوقلۇقىنىمۇ ۋە ھەر ئىككىلىسىنىڭ قەلبىنىڭ بىردەكلىكىنىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇپ بېرىدۇ. بۇ جەرياندا ھەر ئىككىلى پىرقىنىڭ ئالدىدا ئىسلامنىڭ توغرا ئىمان، ئېتىقادىنى روشەنلەشتۈرۈپ بېرىدۇ.

وَقَالُوا اتَّخَذَ اللَّهُ وَلَدًا ۗ سُبْحَانَهُ ۖ بَل لَّهُ مَا فِي السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ ۖ كُلٌّ لَّهُ قَانِتُونَ ﴿١١٦﴾ بَدِيعُ
السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ ۖ وَإِذَا قَضَىٰ أَمْرًا فَإِنَّمَا يَقُولُ لَهُ كُن فَيَكُونُ ﴿١١٧﴾ وَقَالَ الَّذِينَ لَا يَعْلَمُونَ
لَوْلَا يُكَلِّمُنَا اللَّهُ أَوْ تَأْتِينَا آيَةٌ ۗ كَذَٰلِكَ قَالَ الَّذِينَ مِن قَبْلِهِم مِّثْلَ قَوْلِهِمْ ۘ تَشَابَهَتْ قُلُوبُهُمْ ۗ
قَدْ بَيَّنَّا الْآيَاتِ لِقَوْمٍ يُوقِنُونَ ﴿١١٨﴾

*ئۇلار: «ئاللاھ بىرسىنى بالا قىلىۋالغان» دېيىشىدۇ. ئاللاھ ئۇنداق ئىشلاردىن پاكتۇر، ھەقىقەتەن ئۇ ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى بارلىق نەرسىلەرنىڭ ئىگىسىدۇر، ھەممىسى ئۇنىڭغا بويسۇنغۇچىدۇر[116]. ئاللاھ ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى يوقتىن بار قىلغۇچىدۇر. بىر ئىشنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈشنى ئىرادە قىلسا، «ۋۇجۇدقا كەل» دەيدۇ ـ دە، ئۇ ۋۇجۇدقا كېلىدۇ[117].*

*نادانلار: «بىز بىلەن نېمە ئۈچۈن ئاللاھ ئۆزى سۆزلەشمەيدۇ؟ ياكى بىزگە نېمە ئۈچۈن بىرەر ئالامەت كەلمەيدۇ؟» دەيدۇ. ئۇلاردىن بۇرۇن ئۆتكەنلەرمۇ شۇنداق سۆزنى قىلىشاتتى؛ ئۇلارنىڭ (يەنى ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى بارلىق گۇمراھلارنىڭ) قەلب، ئىدىيەلىرى بىر ـ بىرىگە ئوخشاش. ئىشىنىدىغان قەۋم ئۈچۈن بىز ھەقىقەتەن ئالامەتلىرىمىزنى ئوپ ـ ئوچۇق بايان قىلدۇق[118].*

*«ئاللاھ بىرسىنى بالا قىلىۋالغان»* دېگەن بۇ سۆز پەقەت خرىستىئانلارنىڭ ئىسا ئەلەيھىسسالام ھەققىدە قىلىشقان سۆزلىرى بولۇپلا قالماستىن، يەھۇدىيلارمۇ ئۇزەير ھەققىدە شۇنداق سۆزلەرنى قىلىشاتتى. ئەرەب مۇشرىكلىرىمۇ پەرىشتىلەر ھەققىدە شۇنداق ئەقىدىگە ئىگە ئىدى. بۇ يەردە قۇرئان كەرىم بۇ پىرقىلەرنىڭ ئەقىدىسىنىڭ تەپسىلاتى ھەققىدە توختالمايدۇ، چۈنكى بۇ يەردە قىسقىچىلا توختىلىش ۋە ئەرەب يېرىم ئارىلىدا ئىسلامنىڭ يولىنى توساۋاتقان ئەشۇ ھەرئۈچىلى پىرقە تەرەپكە قىسقىچە ئىشارە قىلىپ ئۆتۈش تەقەززا قىلىنىدۇ. ئەجەپلىنەرلىكى شۇكى، مانا بۈگۈنكى دەۋرىدىمۇ يەنە ئەشۇ ئۈچ پىرقە ئىسلامنىڭ يولىغا توسقۇنلۇق قىلىپ كەلمەكتە. يەھۇدىيلار خەلقئارا سەھيونىزىم شەكلىدە، ناسارالار خەلقئارا خرىستىئانىزىم شەكلىدە، ئەرەبلەر دۇنياۋىي كوممۇنىزىم شەكلىدە ئىسلامغا قارشى تۇرۇپ كەلمەكتە. بۇ ئاخىرقىسى (يەنى ئەرەب كوممۇنىزىمى) ئەينى چاغدىكى ئەرەب شېرىكچىلىكىدىنمۇ بەك قەبىھ ھەم خەتەرلىكتۇر.

ئايەت يەھۇدىيلار بىلەن خرىستىئانلارنىڭ: «بىزدىن باشقىسى ھىدايەتتە ئەمەس» دېگەن دەۋالىرىنى مانا شۇنداق شەكىلدە بىتچىت قىلىپ تاشلايدۇ. ئۇلارنىمۇ ئەرەب مۇشرىكلىرى بىلەن بىر قاتارغا تىزىدۇ.

قۇرئان ئۇلارنىڭ ئىلاھقا بولغان تەسەۋۋۇرىنىڭ باشقا باتىل تەرەپلىرىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بېرىشكە يۆتكىلىشتىن ئىلگىرى، ئاللاھنىڭ ئۇنداق ناقىس تەسەۋۋۇرلاردىن پۈتۈنلەي پاك ئىكەنلىكىنى، بەندىلەر بىلەن ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ ھەقىقىي خاراكتېرىنى بايان قىلىپ بېرىدۇ.

وَقَالُواْ ٱتَّخَذَ ٱللَّهُ وَلَدٗاۗ سُبۡحَٰنَهُۥۖ بَل لَّهُۥ مَا فِي ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِۖ كُلّٞ لَّهُۥ قَٰنِتُونَ ﴿١١٦﴾ بَدِيعُ
ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلۡأَرۡضِۖ وَإِذَا قَضَىٰٓ أَمۡرٗا فَإِنَّمَا يَقُولُ لَهُۥ كُن فَيَكُونُ ﴿١١٧﴾

*ئۇلار: «ئاللاھ بىرسىنى بالا قىلىۋالغان» دېيىشىدۇ. ئاللاھ ئۇنداق ئىشلاردىن پاكتۇر، ھەقىقەتتە ئۇ ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى بارلىق نەرسىلەرنىڭ ئىگىسىدۇر، ھەممىسى ئۇنىڭغا بويسۇنغۇچىدۇر[116]. ئاللاھ ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى يوقتىن بار قىلغۇچىدۇر. بىر ئىشنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈشنى ئىرادە قىلسا، «ۋۇجۇدقا كەل» دەيدۇ- دە، ئۇ ۋۇجۇدقا كېلىدۇ[117].*

بۇ ئايەتتە ئىسلامى نۇقتىئىنەزەر جەھەتتىن ئاللاھۇ سۇبھاھەنەھۇ ۋەتەئالانىڭ يېگانە تەسەۋۋۇرى بايان قىلىنىدۇ. ياراتقۇچى بىلەن مەخلۇقاتلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ قانداق خاراكتېرگە ئىگە ئىكەنلىكى ھەمدە بۇ كائىناتنىڭ ئاللاھ تەرىپىدىن قانداق مەيدانغا كەلتۈرۈلگەنلىكى ئېيتىپ بېرىلىدۇ. بۇ ھەقتە ئوتتۇرىغا قويۇلغان تەسەۋۋۇر باشقا بارلىق تەسەۋۋۇرلاردىن ئالى ۋە ئۈستۈن ئورۇندا تۇرىدۇ.

-- بۇ كائىنات ئاللاھنىڭ زاتى - سۈپىتى تەرىپىدىن قانداق ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈلگەن؟

-- ئۇ پەقەت ئاللاھنىڭ شۇنى ئىرادە قىلىشى بىلەن ۋۇجۇتقا كەلگەن. ئۇ "كن" (يەنى، "بول!") دېگەن بۇيرىقىلا قاراشلىق بولۇپ، "بول!" دېيىلدى - دە، ئۇ بولدى. يەنى، ئىلاھى ئىرادىنىڭ ھەرقانداق ۋۇجۇتقا كەلگۈچى تەرەپكە يۆزلىنىشىنىڭ ئۆزىلا ئۇنىڭ بەلگىلەنگەن ۋە مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن شەكىلدە ھېچ بىر سەۋەب ۋە ماددى قۇۋۋەتكە تايانماستىن دەرھال ۋۇجۇدقا كېلىشىگە يېتەرلىكتۇر.

ئەمدى: «ئىلاهي ئىرادە قانداق قىلىپ مەخلۇققا بېرىپ چېتىلىدۇ ۋە ئۇنىڭ نەتىجىسىدە مەخلۇق قانداق ۋۇجۇدقا كېلىدۇ؟» دېگەن سوئالغا كەلسەك، بىز بۇنىڭ ماھىيىتىنى بىلمەيمىز. چۈنكى بۇ ئىنساننىڭ ئەقلى ئىدراك قىلالمايدىغان ئىلاهي سىرنىڭ بىرسى بولۇپ، ئىنساننىڭ ئەقلى ئۇنى بىلىشكە بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ. ئىنساننىڭ يارىتىلىشىدىنلا ئەقلىنىڭ بۇ سىرنى بىلىشكە بەرداشلىق بېرەلمەيدىغان شەكىلدە يارىتىلىشىدىكى سەۋەب ئىنساننىڭ يارىتىلىش مەقسىتىگە نىسبەتەن بۇ سىرنى بىلىشنىڭ ھېچقانداق زۆرۈرىيىتى يوقلۇقىدۇر. چۈنكى ئىنساننىڭ يارىتىلىشىدىكى مەقسەت زېمىننىڭ خەلىپىلىك ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىش ۋە ئۇنى تەرەققى قىلدۇرۇشتىن ئىبارەتتۇر. ئاللاھ تائالا ئىنسانغا ئۆز ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلالىشى ئۈچۈن كائىناتنىڭ قانۇنلىرىنى كەشپ ئېتىشى جەھەتتە ئىدراك قۇۋۋىتىنى ئىنسان مەنپەئەتلىنەلىگۈدەك مىقداردىلا ئاتا قىلغان. بىراق بۇيۈك خەلىپىلىك ۋەزىپىسىگە مۇناسىۋەتسىز سىرلاردىن ئۇلارنى خەۋەرسىز قالدۇرغان. بۇ نۇقتىدا باشقا پەلسەپەلەر شۇقەدەر ئازغۇنلۇققا چۆككەنكى، ئۇلار ھېچ يەردىن يورۇقلۇق ئۇچقۇنى كۆرەلمەيدۇ. پايدىسىز سىر - ئەسرارلارنى يېشىشنىڭ كويىدا ئاۋارە بولىدۇ. گەرچە ئىنساننىڭ ئەقلى يارىتىلىش تەبىئىتى نۇقتىسىدىن ئۇ خىل تەبىئەتتىن تاشقىرى (مېتافىزىك)

قىياسلار ئۈستىدە تەپەككۇر يۈرگۈزەلەيدىغان ئىقتىداردا بولمىسىمۇ، ئۇلار يەنىلا ئىنسان ئەقلىنىڭ خىيالىي قىياسلىرىدىنلا ئىبارەت بولغان بىر قىسىم قاراشلارنى تىكلىۋالغان. ۋەھالەنكى ئاللاھ تائالا ئىنسانغا ئەزەلدىنلا بۇ سىرلارنى يېشەلىگۈدەك ۋاستە ئاتا قىلغان ئەمەس. شۇڭا بارلىق پەلسەپىۋىي پىكىرلەرنىڭ ئەڭ ئالى دەرىجىلىكلىرىمۇ شۇ قەدەر كۈلكىلىك تۇيۇلىدۇكى، ئۇنى كۆرگەن ئادەتتىكى ئىنسانمۇ پەيلاسوپلاردىن ئىبارەت شۇنچە دانا كىشىلەرنىڭ قانداقسىگە ئۇ خىل نەتىجىلەرگە بېرىپ قالغانلىقىغا ھەيران قالماي تۇرالمايدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، پەلسەپىلەرنى ئوتتۇرىغا چىقارغۇچىلار ئىنساننىڭ ئەقىل - ئىدراكىنى تەبىئىي چېكىدىن ئاشۇرۇپ، ئەقلىنىڭ ئىقتىدارى يەتمەيدىغان غەيرى تەبىئىي مەسىلىلەر ئۈستىدە ئىستېمال قىلىشقا ئۇرۇنغان. شۇڭا ئۇلار قانائەتلەنگۈدەك بىرەر نەتىجىگە ئېرىشەلمىگەن. ئۇلارنىڭ قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىسى ئىسلام ئېتىقادىغا ئىمان كەلتۈرگەن ۋە ئۇنىڭ ئارامبەخش سايىسىدا ھايات كەچۈرۈۋاتقان ھەرقانداق كىشىنىڭ نەزىرىدە ھېچ نەرسىگە ئەرزىمەيدۇ. چۈنكى ئىسلام ئۆز ئەگەشكۈچىلىرىنى ئۇنداق نائېنىق دەلىللەرنىڭ زۇلمەت قاراڭغۇلۇقىدا گاڭگىراپ يۈرۈشتىن قۇتقۇزىۋالغان. شۇڭا ئۇلار ئاساسىي خاتا پىكرى يوللار بىلەن تەبىئەتتىن تاشقىرى (مېتافىزىك) مەسىلىلەرنى ھەل قىلىمەن دەپ، ئورۇنسىز ئۇرۇنۇپ يۈرمەيدۇ. بىراق كېيىنكى دەۋلەردىكى مۇسۇلمانلارنىڭ پەيلاسوپلىرى يۇنان پەلسەپىسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، شۇلارنىڭ سەپسەتىۋىي مېتودىغا بىنائەن پىكىر يۈگۈزۈشكە باشلىغاندا، خۇددى ئۇلاردىن ئىلگىرىكى يۇنان پەلسەپە پېشىۋالىرى مۇبتىلا بولغانغا ئوخشاش نۇرغۇن خاتا تېمىلار ۋە سان - ساناقسىز چىگىشلەر مەيدانغا چىققان. بۇ خىل مۇسۇلمان پەيلاسوپلار ئىسلامنىڭ تەبىئىتىگە خىلاپ كىلىدىغان ۋە ئەقىدىسىنىڭ ماھىيىتى بىلەن پۈتۈنلەي مۇناسىۋەتسىز بولغان نۇرغۇن مەسىلىلەرنى ئىسلامنىڭ پىكرىي تۈزۈلمىسىگە كىرگۈزۈپ قويغان. قىسقىسى، ئىنساننىڭ ئەقلى بىلەن پىكرى قانداقلا چاغدا چەكتىن ئاشۇرۇۋېتىلىپ، ئۆزىنىڭ تەبىئىتىگە ۋە يارىتىلىشىغا خىلاپ ئىشلار ئۈچۈن سەرىپ قىلىنىدىكەن، ئۇنىڭ كەلتۈرىدىغان مۇئەييەن نەتىجىسى ئەشۇنداق بولماي قالمايدۇ.

ئىسلامنىڭ نەزەرىيىسىگە كۆرە، ياراتقۇچى بىلەن يارالغۇچى پۈتۈنلەي باشقا - باشقا بولۇپ، ياراتقۇچىنىڭ ھېچبىر ئوخشىشى بولمايدۇ. مانا بۇ نۇقتىدىن ''ۋەھدەتۇل ۋۇجۇد'' پەلسەپىسى تامامەن ئىسلام تەسەۋۋۇرىنىڭ سىرتىدا قالىدۇ. ئىسلام غەيرى مۇسۇلمانلارنىڭ ''ۋەھدەتۇل ۋۇجۇد'' چۈشەنچىسىنى قەتئىي رەت قىلىدۇ. چۈنكى غەيرى مۇسۇلمانلار ''ۋەھدەتۇل ۋۇجۇد''نى «ئاللاھ بىلەن مەۋجۇداتنىڭ بىرلىكى» دەپ چۈشىنىدۇ. «كائىنات ئاللاھنىڭ زاتىدىن كەلگەن ياكى پۈتۈن مەۋجۇدات ئاللاھنىڭ نامايەندىسى» دەپ قوبۇل قىلىدۇ. بىراق مۇسۇلمانلارنىڭ نەزىرىدە پۈتۈن مەۋجۇدىيەت بىردەكلىككە ئىگە. يەنى، ئۇلار ئاللاھنىڭ يارىتىش ئىرادىسىگە مەنسۇپ بولۇش جەھەتتە، ئىلاھىي قانۇنىنىڭ كائىناتتا ئىجرا قىلىنىش شەكلى جەھەتتە، شۇنداقلا ئاللاھقا ئەڭ مۇناسىپ ۋە ئۇيغۇن شەكىلدە ئىبادەت قىلىش، پۈتۈن ئىشتىياقى بىلەن ئۇنىڭغا يۈزلىنىش جەھەتتە بىردەكلىككە ئىگە.

«لَّهُۥ مَا فِي ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضِ ۖ كُلٌّ لَّهُۥ قَٰنِتُونَ» «ھەقىقەتەن ئۇ ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى بارلىق نەرسىلەرنىڭ ئىگىسىدۇر، ھەممىسى ئۇنىڭغا بويسۇنغۇچىدۇر».

ئاسماندىكى ۋە زېمىندىكى ھەر شەيئىنىڭ ئاللاھنىڭ مۈلكى بولغانلىقى، ئاللاھنىڭ بالىسى بولۇشنى تەقەززا قىلمايدۇ. پۈتۈن كائىنات ئۇنىڭ ئوخشاش بىرلا مەرتىۋىدىكى ۋە بىرلا دەرىجىدىكى مەخلۇقاتىدۇر.

«بَدِيعُ ٱلسَّمَٰوَٰتِ وَٱلْأَرْضِ ۖ وَإِذَا قَضَىٰٓ أَمْرًا فَإِنَّمَا يَقُولُ لَهُۥ كُن فَيَكُونُ» «ئاللاھ ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى يوقتىن بار قىلغۇچىدۇر. بىر ئىشنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈشنى ئىرادە قىلسا، «ۋۇجۇدقا كەل» دەيدۇ ـ دە، ئۇ ۋۇجۇدقا كېلىدۇ».

ئاللاھنىڭ بۇ ئىرادىسىنىڭ مەخلۇق بىلەن قانداق مۇناسىۋەت قۇرىدىغانلىقىنى ھەقىقىي خاراكتېرى بىلەن چۈشىنىش ئىنساننىڭ ئەقىل ـ ئىدراكىنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ. چۈنكى بۇ ئىنسان ئەقلىنىڭ قۇدرەت دائىرىسىدىن تاشقىرى بىر ئىش. شۇڭا ئىنساننىڭ ئەقىل ـ ئىدراكىنى بۇ خىل تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز ھالەتلەرنى چۈشىنىش ئۈچۈن ئىستېمال قىلىش مەنىسىز ئىش بولۇپ قالىدۇ. دەلىل ـ ئىسپاتسىز چىگىش چاتقاللىقلارنىڭ ئارىسىدا گاڭگىراپ يۈرگەنلىك بولىدۇ.

قۇرئان كەرىم بۇ يەردە ئەھلى كىتابلارنىڭ ئاللاھقا بالا مەنسۇپ قىلىشلىرى ئۈستىدە توختىلىپ، ئۇلارنىڭ بۇ باتىل قاراشلىرىغا تۈزىتىش بەرگەندىن كېيىن، ئەھلى كىتاب يەھۇدىيلارنىڭ تەسەۋۋۇرلىرىغا تولۇق ئەگەشكەن مۇشرىكلەرنىڭ سۆزلىرى ئۈستىدىمۇ توختىلىدۇ.

«وَقَالَ ٱلَّذِينَ لَا يَعْلَمُونَ لَوْلَا يُكَلِّمُنَا ٱللَّهُ أَوْ تَأْتِينَآ ءَايَةٌ ۗ كَذَٰلِكَ قَالَ ٱلَّذِينَ مِن قَبْلِهِم مِّثْلَ قَوْلِهِمْ» «نادانلار: ''بىز بىلەن نېمە ئۈچۈن ئاللاھ ئۆزى سۆزلەشمەيدۇ؟ ياكى بىزگە نېمە ئۈچۈن بىرەر ئالامەت كەلمەيدۇ؟'' دەيدۇ. ئۇلاردىن بۇرۇن ئۆتكەنلەرمۇ شۇنداق سۆزنى قىلىشاتتى».

بۇ يەردىكى ''نادانلار'' دېگەن سۆز كىتاب ئىلمىدىن بەھرىمەن بولالمىغان مۇشرىكلارغا قارىتىلغان. ئۇلارنىڭ ئىلاھىي كىتابلاردىن بىلىمى يوق ئىدى. ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: «بىزنى ئاللاھ بىلەن سۆزلەشتۈرگىن ياكى ئالدىمىزغا بىرەر مۆجىزە كەلتۈرگىن» دەپ قايتا ـ قايتىلاپ تەلەپلەرنى قويۇشاتتى. بۇ يەردە ئۇلارنىڭ بۇ خىل بىمەنە تەلەپلىرىنى تىلغا ئېلىشتىن مەقسەت، ئۇلاردىن ئىلگىرىكى يەھۇدىيلار بىلەن ناسارالارنىڭمۇ ئۆز پەيغەمبەرلىرىگە شۇنداق تەلەپلەرنى قويغانلىقىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ قويۇشتۇر. مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمىمۇ ئاللاھنى ئاشكارا كۆرۈشنى ۋە غەلىتە، پەۋقۇلئادە مۆجىزىلەرنى كۆرسىتىشنى تەلەپ قىلىشتا ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتكەن بولۇپ، دېمەككى ئەشۇ يەھۇدىيلار بىلەن بۇ مۇشرىكلار ئوخشاشلا پىكىر ئەندىزىگە ۋە ئوخشاش بىر خىللا مىجەز ـ تەبىئەتكە

ئىگە ئىدى. «تَشَٰبَهَتۡ قُلُوبُهُمۡۗ» «بۇلارنىڭ قەلب، ئىددىيەسى بىر - بىرىگە ئوخشايدۇ» شۇڭا يەھۇدىيلارنىڭ مۇشرىكلاردىن ھېچقانداق ئۈستۈنلۈكى يوق. بۇلارنىڭ ھەممىسى مىجەز - تەبىئەت، پىكىر ئەندىزىسى ۋە تەرسالىقى جەھەتتە ئورتاقتۇر.

«قَدۡ بَيَّنَّا ٱلۡأٓيَٰتِ لِقَوۡمٖ يُوقِنُونَ» «ئىشەنگەن قەۋم ئۈچۈن بىز ھەقىقەتەن ئالامەتلەرنى ئوپ ـ ئوچۇق بايان قىلدۇق».

قەلبىدە ئىمان ئىشتىياقى بولغان ھەرقانداق كىشى ئىماننىڭ ھەقىقىتىنى مۇشۇ ئايەتلەردە ئەكس ئەتكەن ھالدا كۆرىدۇ. بۇ ئايەتلەر بىلەن ئۇنىڭ ۋىجدانى قانائەت تاپىدۇ. دېمەككى، بۇ ئايەتلەر ۋە بۇ ئالامەتلەر كىشىنىڭ قەلبىدە ئىماننى پەيدا قىلالمايدۇ، بەلكى ئىمان سەۋەبىدىنلا ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ۋە ئالامەتلىرىنى چۈشەنەلەيدۇ ۋە ئۇنىڭدىن قانائەت ھاسىل قىلالايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىنساننىڭ قەلب، ئىددىيىسى ئىزچىل توغرا ھىدايەتكە سازاۋەر بولۇپ كېتىۋېرىدۇ.

*************

## ئېتىقاد ئۇرۇشى

ئۇلارنىڭ سۆزلىرى تۈگەپ، باتىل قاراشلىرىغا رەددىيە بېرىلگەن، شۇنداقلا ئىپلاس ئىغۋاگەرچىلىكلىرىنىڭ نىقابى يىرتىپ تاشلانغاندىن كېيىن، ئەمدىلىكتە خىتابنىڭ يۆنىلىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەرەپكە بۇرۇلىدۇ. ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەقستىنى ۋە ۋەزىپىسىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ بېرىدۇ ھەمدە يەھۇدى ۋە ناسارالار بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئارىسىدا داۋام قىلىۋاتقان كۈرەشنىڭ قانداق خاراكتېرگە ئىگە ئىكەنلىكىنى، ئۇلار بىلەن قانداق چوڭقۇر ئىختىلاپلارنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى، بۇ ئىختىلاپلارنى تۈگەتمەن دېسە، قۇدرىتىدىن تاشقىرى بەدەللەرنى تۆلەشكە توغرا كېلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىدۇ.
شۇنداق، يەھۇدىيلار تەلەپ قىلىۋاتقان بەدەللەرنى تۆلەش ھەرگىزمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قولىدىن كەلمەيتتى. چۈنكى ناۋادا شۇنداق بەدەللەرنى تۆلەيدىغانلا بولسا، چوقۇم ئاللاھنىڭ غەزىپىگە دۇچار بولاتتى.

إِنَّآ أَرۡسَلۡنَٰكَ بِٱلۡحَقِّ بَشِيرٗا وَنَذِيرٗاۖ وَلَا تُسۡـَٔلُ عَنۡ أَصۡحَٰبِ ٱلۡجَحِيمِ ﴿١١٩﴾ وَلَن تَرۡضَىٰ عَنكَ ٱلۡيَهُودُ وَلَا ٱلنَّصَٰرَىٰ حَتَّىٰ تَتَّبِعَ مِلَّتَهُمۡۗ قُلۡ إِنَّ هُدَى ٱللَّهِ هُوَ ٱلۡهُدَىٰۗ وَلَئِنِ ٱتَّبَعۡتَ أَهۡوَآءَهُم

بَعْدَ ٱلَّذِى جَآءَكَ مِنَ ٱلْعِلْمِ ۙ مَا لَكَ مِنَ ٱللَّهِ مِن وَلِىٍّ وَلَا نَصِيرٍ ﴿١٣٠﴾ ٱلَّذِينَ ءَاتَيْنَٰهُمُ ٱلْكِتَٰبَ
يَتْلُونَهُۥ حَقَّ تِلَاوَتِهِۦٓ أُو۟لَٰٓئِكَ يُؤْمِنُونَ بِهِۦ ۗ وَمَن يَكْفُرْ بِهِۦ فَأُو۟لَٰٓئِكَ هُمُ ٱلْخَٰسِرُونَ ﴿١٣١﴾

*بىز سېنى ھەق ئىلمى بىلەن خۇش خەۋەر بەرگۈچى ۋە ئاگاھلاندۇرغۇچى قىلىپ ئەۋەتتۇق. ئەمدى جەھەننەم بىلەن يېقىن رىشتە باغلاپ بولغانلار توغرۇلۇق سەن جاۋابكار ئەمەسسەن*[119].

*سەن يەھۇدىيلارنىڭ ۋە ناسارالارنىڭ يولىدا ماڭمىغۇچە ئۇلار سەندىن ھەرگىزمۇ رازى بولمايدۇ. ئېيتقىنكى، «توغرا يول پەقەت ئاللاھ كۆرسەتكەن يولدۇر». ساڭا بۇ ئىلىم كەلگەندىن كېيىن، سەن ئۇلارنىڭ نەپسى خاھىشلىرىغا ئەگەشكەن بولساڭ، سېنى ئاللاھنىڭ جاۋابكارلىققا تارتىشىدىن قۇتقۇزىدىغان ھېچقانداق دوستمۇ بولمايدۇ، مەدەتكارمۇ بولمايدۇ*[120]. *بىز ئاتا قىلغان كىتابنى تېگىشلىك رەۋىشتە ئوقۇيدىغانلار بار، ئەنە شۇلار ئۇنىڭغا چىن قەلبىدىن ئىمان كەلتۈرىدۇ. كىملەركى ئۇنىڭغا نىسبەتەن كۇفرلۇق يولىنى تاللايدىكەن، ئۇلار ھەقىقەتەن زىيان تارتقۇچىلاردۇر*[121].

«إِنَّآ أَرْسَلْنَٰكَ بِٱلْحَقِّ» «*بىز سېنى ھەق ئىلمى بىلەن ئەۋەتتۇق*».

**بۇ جۈملە شۇ قەدەر قۇۋۋەتكە تولغانكى، ئۇ ئازغۇنلۇقنى يايغۇچى پۈتۈن شۈبھىلەرنى يوقىتىدۇ، سۇيىقەستچىلەرنىڭ سۇيىقەستلىرىنىڭ يىلتىزىنى كېسىپ تاشلايدۇ، مۇناپىقلارنىڭ ئىپلاسلىقلىرىنى ۋە قىلىۋاتقان تەشەببۇسلىرىنى يوققا چىقىرىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ جۈملىنىڭ ئاھاڭىدىنمۇ مۇتلەق ئىشەنچ ۋە قەتئىيلىك نامايەن بولۇپ تۇرىدۇ.**

«بَشِيرًا وَنَذِيرًا» «*سېنى خۇش خەۋەر بەرگۈچى ۋە ئاگاھلاندۇرغۇچى قىلىپ ئەۋەتتۇق*» **يەنى، سېنىڭ ۋەزىپەڭ ھەققانىيەتنىڭ چاقىرىقىنى يەتكۈزۈش ۋە تەبلىغ بىلەن شۇغۇللىنىش. سەن ئىتائەت قىلغۇچىلارغا خۇشخەۋەر يەتكۈزۈپ، ئىتائەتسىزلەرنى ئاگاھلاندۇرىسەن. شۇنىڭ بىلەن، سېنىڭ ۋەزىپەڭ ئادا تاپقان بولىدۇ.** «وَلَا تُسْـَٔلُ عَنْ أَصْحَٰبِ ٱلْجَحِيمِ» «*جەھەننەمگە رىشتە باغلاپ بولغانلار توغرۇلۇق سەن جاۋابكار ئەمەسسەن*» **ئۇنداقلار ئۆزىنىڭ ئاسىيلىقى نەتىجىسىدە ئۇدۇل جەھەننەمگە كىرىدۇ.**

**ئى پەيغەمبەر! يەھۇدىيلار بىلەن ناسارالار دائىم ساڭا قارشى ھەرىكەت قىلىدۇ. ساڭا قارشى سۇيىقەستلەرنى تۈزۈشىدۇ. سەن بىلەن ھەرگىزمۇ ئىتتىپاق تۈزمەيدۇ ۋە سەندىن قەتئىي رازى بولمايدۇ. سەن پەقەت ئۆز ۋەزىپەڭنى تاشلاپ، ھەققانىيەتنى تەرك ئېتىپ، ئۆز ئىمانىڭ بىلەن ۋىدالىشىپ، بۇلار مۇبتىلا بولۇشقان ئەشۇ تەرسالىقنى ۋە ئەشۇ جاھالەت تەسەۋۋۇرىنى تاللىساڭ ئاندىن رازى بولىدۇ (بۇ نۇقتا تېخى يېقىندىلا بايان قىلىندى).**

«وَلَن تَرْضَىٰ عَنكَ ٱلْيَهُودُ وَلَا ٱلنَّصَٰرَىٰ حَتَّىٰ تَتَّبِعَ مِلَّتَهُمْ» «*سەن يەھۇدىيلارنىڭ ۋە ناسارالارنىڭ يولىدا ماڭمىغۇچە ئۇلار سەندىن ھەرگىزمۇ رازى بولمايدۇ*».

**مانا بۇلار، ھەقنى ئىنكار قىلىشتىكى ئەسلى سەۋەب بولۇپ، قانداقتۇر ئۇلارغا دەلىل - پاكىتلار ئەۋەتىلمەي قالغىنى يوق ياكى سېنىڭ ھەق ئۈستىدە ئىكەنلىكىڭنى ۋە ساڭا نازىل قىلىنىۋاتقان ھەقىقەتلەرنىڭ ئاللاھ تەرىپىدىن ئىكەنلىكىنى ئۇلار بىلمەي قالغان ئىشمۇ يوق. مەيلى سەن ئۇلارغا**

نىمە بەرسەڭ بەر، قايسى ئارزۇلىرىنى ئىشقا ئاشۇرساڭ ئاشۇر، ئۇلار يەنىلا ساڭا ئەگەشمەيدۇ. سەن ئۇلارنىڭ دىنىغا ئەگىشىپ، ھەقنى ۋە ھەقىقەتنى تاشلىمىغۇچە ئۇلار سەندىن ئەسلا رازى بولمايدۇ.

مانا بۇ، ھەر زامان ۋە ھەر ماكاندا مەيدانغا چىقىپ تۇرغان يېشىلمەس تۈگۈن... مانا بۇ، ئېتىقاد ۋە ئىمان.... يەھۇدىيلار ھەممىلا دەۋردە ئىسلامغا ۋە مۇسۇلمانلار جامائىتىگە قارشىلىق قىلىپ كەلمەكتە. ئەسلىدە ئۇلارنىڭ ئىسلامغا قىلغان قارشىلىقى بىر ئېتىقادىي كۈرەش بولۇپ، ھازىرمۇ بۇ كۈرەش ئىسلامىي بازا بىلەن يەھۇدى، خرىستىئانلاردىن ئىبارەت ئىككى دۈشمەن بازىسى ئوتتۇرىسىدا داۋام قىلماقتا. گەرچە يەھۇدىيلار بىلەن خرىستىئانلارنىڭ بازىلىرى پات - پات ئۆز - ئارا توقۇنۇشۇپ تۇرسىمۇ، بىراق ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى زىددىيەت خۇددى بىر مىللەتنىڭ ئىككى پىرقىسى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتكە ئوخشايدۇ، ئىسلامغا ۋە مۇسۇلمانلار جامائىتىگە قارشى تۇرىدىغان ھەرقانداق چاغدا بۇ ھەر ئىككى بازا (يەنى يەھۇدىيلار بىلەن خرىستىئانلار) دەرھال بىرلىككە كېلىشىدۇ.

ھەقىقەت نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بۇ بىر ئېتىقادىي ئۇرۇش بولسىمۇ، ئەمما ئىسلامغا ئۆچمەنلىك قىلىش قاينىمىغا غەرق يەھۇدىيلار دۇنياسى بىلەن خرىستىئانلار دۇنياسى ئۇنىڭغا خىلمۇخىل رەڭلەرنى بېرىپ، خىلمۇ خىل بايراقلارنى قاداپ كەلمەكتە. ئۇلار بۇ ئىشنى ناھايىتىمۇ بەدنىيەتلىك، ئۆچىغا چىققان مەككارلىق بىلەن ئېلىپ بارماقتا. ئۇلار مۇسۇلمانلارغا قارشى قىلغان ئىلگىرىكى ئېتىقادىي ئۇرۇشلىرىدا مۇسۇلمانلارنىڭ ئىمان، ئېتىقادىغا نەقەدەر پىداكارانە مۇھەببەت باغلايدىغانلىقىنى كۆرۈپ يېتىشكەن ئىدى. شۇڭا ئۇلار ئەمدىلىكتە مەككارانە ئۇستىلىق بىلەن يۆنىلىشنى بۇرىلاپ، قىلىۋاتقان ئۇرۇشىنىڭ ماھىيىتىنى ۋە كۆتىرىۋالغان بايرىقىنىڭ شەكلىنى ئۆزگەرتمەكتە. ئەمدىلىكتە ئۇلار ئېتىقادىي ئۇرۇش ئىكەنلىكىنى ئاشكارىلىمىغان ھالدا ئىسلامغا قارشى ئېتىقادىي ئۇرۇش قىلماقتا. چۈنكى ئۇلار مۇسۇلمانلارنىڭ ئېتىقادىي ئۇرۇشتىكى پىداكارانە ھېسسىياتىدىن ۋە قىزغىنلىقىدىن قورقىدۇ. ئەمدىلىكتە ئۇلار ۋەتەن، مىللەت، ئىقتىساد، سىياسەت، شۇنداقلا ھەربىي بازىلارنى قولغا كەلتۈرۈش دېگەندەك ھەر خىل مەقسەتلەرنىڭ ناملىرى ئاستىدا ئېتىقادىي ئۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرمەكتە. بىزنىڭ بىر قىسىم نادان مۇسۇلمانلىرىمىزنىڭ قەلبىگە: «ئەقىدە - ئېتىقاد ئۇرۇشى دېگەن تارىخقا ئايلىنىپ كەتتى، ئەمدىكى زامانىۋىي ئۇرۇشلاردا ئېتىقادنىڭ ھېچبىر فونكسىيىسى يوق» دېگەن قاراشنى يەرلەشتۈرۈپ ئالدىماقتا. بۇ غاپىل ھاماقەتلىرىمىزنىڭ قارىشىچە، ئىمان بايرىقى ئاستىدا ھەرىكەتكە ئۆتمەك ۋە دىن نامى بىلەن ئۇرۇش قىلماق ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ مەنتىقىسىز ئادىتى بولۇپ، بۇنداق ھەرىكەتنى پەقەت مۇتەئەسسىپ، قالاق كىشىلەرلا ئېلىپ بارارمىش.

قىسقىسى، بۇ بارلىق ھەرىكەتلەرنىڭ بىردىنبىر غايىسى مۆئمىنلەرنىڭ دىنىي ھېسسىياتىنى ۋە ئېتىقادىي جاسارىتىنى يوقىتىپ تاشلاشتىن ئىبارەتتۇر. ۋەھالەنكى ئۇلار ئۆز ئارىلىرىدا خەلقئارا سەھيۇنىزىم ۋە خەلقئارا خرىستىئانىزىمنىڭ بىرلەشمە بازىسىنى قۇرغاندىن سىرت، خەلقئارا كومىنىزمنىمۇ يانلىرىغا ئېلىپ، (ئىلگىرى) ئۇزۇن زامانلارغىچە ئۇرۇش قىلغان بولسىمۇ، ئۆزلىرىنى ھەر بىر ئۇرۇشتا ئېغىر زىيان تارتقۇزۇپ، چېكىنىشكە مەجبۇر قىلغان ۋە ئېغىر تالاپەتكە دۇچار قىلغان ئىسلام نەزەرىيەسىدىن ئىبارەت بۇ گىگانىت تاغ چوققىسىنى يىقىتىش ئۈچۈن ئېتىقادىي ئۇرۇش ئېلىپ بارماقتا.

دېمەككى، بۇ نە زېمىن تالىشىش ئۇرۇشى، نە مەنپەئەت كۆرىشى، نە ئىستىراتېگىيىلىك ھەربى بازىلارنى قۇرۇش رىقابىتى ئەمەس، بەلكى مۇتلەق ھالدىكى ئېتىقادى ئۇرۇشتىن ئىبارەتتۇر. بۇنى زېمىن ۋە مەنپەئەت تالىشىش كۆرىشى قىلىپ كۆرسىتىش ئۇچۇن ئۇلار توۋلاپ يۈرگەن شۇئارلارنىڭ ۋە كۆتىرىپ يۈرگەن بايراقلارنىڭ قىلچە ئەھمىيىتى يوق، بۇنىڭ ھەممىسى بۇ ئۇرۇشنىڭ ئەسلى ماھىيىتىنى ۋە ھەقىقىي غەرەز، مەقسەتلىرىنى مۇسۇلمانلاردىن مەخپى تۇتۇش ئۇچۇن قوللىنىلىۋاتقان مەككارانە تاكتىكىدىن ئىبارەتتۇر. بىز بولساق، بۇ ھىلە - نەيرەڭلەرگە ئالدىنىپ يۈرمەكتىمىز. شۇڭا ئەمدى دۈشمەنلەرنى ئىللاپ يۈرىشىمىزنىڭ ھاجىتى يوق، بەلكى ئۆزىمىزنى ئىللىشىمىز لازىم. چۈنكى بىز ئاللاھ تائالانىڭ كۆرسەتمىلىرىدىن ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننەتلىرىدىن يۈز ئۆرۈپ، مۇسۇلمانلارنىڭ يېتەكچىلىكى ئۈچۈن سىزىپ بېرىلگەن توغرا يولدىن چىققانلىقىمىز ئۈچۈن مۇشۇنداق كۈنلەرنى باشتىن كەچۈرمەكتىمىز. ۋەھالەنكى، ئاللاھ تائالا سۆزىنىڭ ئەڭ توغرىسىنى ۋە راستىنى قىلىدۇ.

«وَلَن تَرۡضَىٰ عَنكَ ٱلۡيَهُودُ وَلَا ٱلنَّصَٰرَىٰ حَتَّىٰ تَتَّبِعَ مِلَّتَهُمۡ» *«سەن يەھۇدىيلارنىڭ ۋە ناسارالارنىڭ يولىدا ماڭمىغۇچە ئۇلار سەندىن ھەرگىزمۇ رازى بولمايدۇ»*.

ئۇلار مۇسۇلمانلاردىن مانا مۇشۇ بىرلا بەدەلنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا ھېچ قانداق نەرسىگە رازى بولمايدۇ. بىراق ھەقىقىي ھىدايەت ۋە كەسكىن قارار شۇ: «قُلۡ إِنَّ هُدَى ٱللَّهِ هُوَ ٱلۡهُدَىٰ» *«ئېيتقىنكى، ”توغرا يول پەقەت ئاللاھ كۆرسەتكەن يولدۇر“»*.

مانا بۇ ھىدايەتتۇر، ھىدايەت پەقەت مۇشۇ دائىرە ئىچىدىلا بولىدۇ. بۇنىڭ سىرتىدا ھېچ بىر ھىدايەت بولمايدۇ. شۇڭا ئۇنىلا تاللىشىمىز لازىم. شۈبھىسىزكى، ئاللاھ كۆرسىتىپ بەرگەن ”سىراتەل مۇستەقىم“دىن باشقا يولدا مېڭىش بىلەن  ھەرگىز غەلىبە قىلغىلى بولمايدۇ. بۇنىڭدىن يېراقلاشقىلى ياكى ئۇنىڭغا ئۆزگەرتىش كىرگۈزگىلى بولمايدۇ، نە ئۇنىڭدىكى چوڭ - كىچىك ھەرقانداق بىرەر مەسىلە ئۈستىدە سودىلاشقىلىمۇ بولمايدۇ. بۇ ھىدايەتنى تولۇق قوبۇل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ، خالىغانلار ئۇنى قوبۇل قىلسۇن، خالىمىغانلار ئوچۇق ئىنكار قىلسۇن. بىراق شۇنىڭدىن ئاگاھ بولۇش كېرەككى، ئۇلارنىڭ ئىمان ئېيتىشىنى ۋە ھىدايەت تېپىشىنى ئارزۇ قىلىپ ياكى ئۇلار بىلەن دوستلۇق، مۇھەببەت مۇناسىۋىتى ئورنىتىپ، ھەق يولدىن ۋە ”سىراتەل مۇستىقىم“دىن تېيىلىپ كېتىدىغان ئىش بولۇپ قالماسلىقى لازىم.

«وَلَئِنِ ٱتَّبَعۡتَ أَهۡوَآءَهُم بَعۡدَ ٱلَّذِي جَآءَكَ مِنَ ٱلۡعِلۡمِ ۙ مَا لَكَ مِنَ ٱللَّهِ مِن وَلِيّٖ وَلَا نَصِيرٍ» *«بۇ ئىلىم كەلگەندىن كېيىنمۇ، سەن ئۇلارنىڭ نەپسى خاھىشلىرىغا ئەگەشكەن بولساڭ، سېنى ئاللاھنىڭ جازالىشىدىن قۇتقۇزىدىغان ھېچقانداق دوستمۇ بولمايدۇ، مەدەتكارمۇ بولمايدۇ»*.

بۇ نېمىدېگەن قورقۇنچلۇق تەھدىت؟! نېمىدېگەن كەسكىن قارار، نېمىدېگەن قاتتىق تەنبىھ - ھە؟! يەنە كېلىپ، پەيغەمبەرلەرنىڭ سەردارى، مەھبۇبلارنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈكى بولغان مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە قىلىنىۋاتماقتا.

دېمەككى، ئاللاھنىڭ ھىدايىتىدىن باشقا ھىدايەت بولمايدۇ. سەن بۇ ھىدايەتتىن ئەھلى كىتابلارنىڭ خاھىشىغا ئەگەشكەن ئەھۋالدىلا ئېزىپ كېتىپ قېلىشىڭ مۇمكىن. چۈنكى ھىدايەتنى تاشلاشقا ئۇنىڭدىن باشقا سەۋەب بولىدىغان ئامىل يوق، قانداقتۇر ئۇنىڭ دەلىل - پاكىتى كەم بولغان ئىشمۇ يوق.

ئەھلى كىتابلار ئىچىدىمۇ نەپسانى خاھىشتىن پاك ۋە كىتابنى ھەققىگە يارىشا تېگىشلىك رەۋىشتە ئوقۇيدىغانلار بار. شۇڭا ئۇلار ساغا نازىل قىلىنغان بۇ ھەقىقەتكە ئىمان كەلتۈرىدۇ. بۇ ھەقىقەتنى ئىنكار قىلغان بولسا، بۇنىڭ ئېغىر زىيىنى نە ساڭا، نە باشقا مۆئمىنلەرگە ئەمەس، بەلكى شۇلارنىڭ ئۆزىگە بولىدۇ.

«ٱلَّذِينَ ءَاتَيْنَـٰهُمُ ٱلْكِتَـٰبَ يَتْلُونَهُۥ حَقَّ تِلَاوَتِهِۦٓ أُو۟لَـٰٓئِكَ يُؤْمِنُونَ بِهِۦ ۗ وَمَن يَكْفُرْ بِهِۦ فَأُو۟لَـٰٓئِكَ هُمُ ٱلْخَـٰسِرُونَ» *«بىز ئاتا قىلغان كىتابنى تېگىشلىك رەۋىشتە ئوقۇيدىغانلار بار، ئەنە شۇلار ئۇنىڭغا چىن قەلبىدىن ئىمان كەلتۈرىدۇ. كىملەركى ئۇنىڭغا نىسبەتەن كۇپۇرلۇق يولىنى تاللايدىكەن، ئۇلار ھەقىقەتەن زىيان تارتقۇچىلاردۇر».*

چۈنكى ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ كائىناتتىكى پۈتۈن نېمەتلىرىنىڭ ئەڭ كاتتىسى بولغان ئىمان نېئمىتىدىن مەھرۇم قالغان بولىدۇ. ئىماننى زىيان تارتىشتىنمۇ چوڭ زىيان بولامدۇ؟

بۇ قاتتىق شىددەتلىك خىتابنىڭ ئارقىدىن سۆزنىڭ يۆنىلىشى بەنى ئىسرائىل تەرەپكە يۆتكىلىدۇ. گويا ئۇززۇن سۇرگەن ئۇرۇشلاردىن كېيىن، شۇنداقلا بەنى ئىسرائىلنىڭ ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە تۇتقان پوزىتسىيەلىرىنىڭ تارىخىنى تەكرار بايان قىلغاندىن كېيىن، ئۇلارغا ئاخىرقى قېتىم خىتاب قىلىنىۋاتقاندەك مەلۇم بولىدۇ. دەسلەپتە ئۇلارنى قويۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا خىتاب قىلغان بولسا، ئەمدىلىكتە ئۇلارغا ئەڭ ئاخىرقى قېتىمقى دەۋەت سۇنۇلىدۇ.

چۈنكى بەنى ئىسرائىل قەۋمى گەرچە ئىلاھىي ئامانەتنىڭ، يەنى ئىسلامنىڭ ئېتىقاد نەزەرىيىسىنىڭ شەرىپىگە قەدىمكى دەۋردە ئىگە بولغان بولسىمۇ، ئەمدىلىكتە پۈتۈنلەي غاپىل ھالغا كېلىپ قالغان ئىدى. قىسقىسى، بۇ خىتابنىڭ ئاخىرىدا ئۇلارغا خۇددى باشتا قىلغاندەكلا تەكرار دەۋەت قىلىنىدۇ.

-- ئى ئىسرائىل ئەۋلادلىرى!

يَـٰبَنِىٓ إِسْرَٰٓءِيلَ ٱذْكُرُوا۟ نِعْمَتِىَ ٱلَّتِىٓ أَنْعَمْتُ عَلَيْكُمْ وَأَنِّى فَضَّلْتُكُمْ عَلَى ٱلْعَـٰلَمِينَ ﴿١٢٢﴾ وَٱتَّقُوا۟ يَوْمًا لَّا تَجْزِى نَفْسٌ عَن نَّفْسٍ شَيْـًٔا وَلَا يُقْبَلُ مِنْهَا عَدْلٌ وَلَا تَنفَعُهَا شَفَـٰعَةٌ وَلَا هُمْ يُنصَرُونَ ﴿١٢٣﴾

*«ئى ئىسرائىل ئەۋلادلىرى! سىلەرگە بەرگەن نېمىتىمنى ۋە سىلەرنى دۇنيادىكى بارلىق قەۋملەردىن ئۈستۈن قىلغانلىقىمنى ياد ئېتىڭلار. ھېچكىشىگە ھېچكىشى قىلچە ئەسقاتمايدىغان، ھېچ كىشىنىڭ فىدىيەسى قوبۇل قىلىنمايدىغان، ھېچ كىشىنىڭ تىلىۋېلىشى مەنپەئەت بەرمەيدىغان، گۇناھكارلارغا ھېچ يەردىن ياردەم كەلمەيدىغان كۈندىن قورقۇڭلار».*

**************

## 124 - دىن 141 - گىچە بولغان ئايەتلەرنىڭ شەرھىسى

وَإِذِ ٱبْتَلَىٰٓ إِبْرَٰهِـۧمَ رَبُّهُۥ بِكَلِمَـٰتٍ فَأَتَمَّهُنَّ ۖ قَالَ إِنِّى جَاعِلُكَ لِلنَّاسِ إِمَامًا ۖ قَالَ وَمِن ذُرِّيَّتِى ۖ قَالَ
لَا يَنَالُ عَهْدِى ٱلظَّـٰلِمِينَ ﴿١٢٤﴾ وَإِذْ جَعَلْنَا ٱلْبَيْتَ مَثَابَةً لِّلنَّاسِ وَأَمْنًا وَٱتَّخِذُوا۟ مِن مَّقَامِ إِبْرَٰهِـۧمَ
مُصَلًّى ۖ وَعَهِدْنَآ إِلَىٰٓ إِبْرَٰهِـۧمَ وَإِسْمَـٰعِيلَ أَن طَهِّرَا بَيْتِىَ لِلطَّآئِفِينَ وَٱلْعَـٰكِفِينَ وَٱلرُّكَّعِ
ٱلسُّجُودِ ﴿١٢٥﴾ وَإِذْ قَالَ إِبْرَٰهِـۧمُ رَبِّ ٱجْعَلْ هَـٰذَا بَلَدًا ءَامِنًا وَٱرْزُقْ أَهْلَهُۥ مِنَ ٱلثَّمَرَٰتِ مَنْ ءَامَنَ
مِنْهُم بِٱللَّهِ وَٱلْيَوْمِ ٱلْـَٔاخِرِ ۖ قَالَ وَمَن كَفَرَ فَأُمَتِّعُهُۥ قَلِيلًا ثُمَّ أَضْطَرُّهُۥٓ إِلَىٰ عَذَابِ ٱلنَّارِ ۖ وَبِئْسَ
ٱلْمَصِيرُ ﴿١٢٦﴾ وَإِذْ يَرْفَعُ إِبْرَٰهِـۧمُ ٱلْقَوَاعِدَ مِنَ ٱلْبَيْتِ وَإِسْمَـٰعِيلُ رَبَّنَا تَقَبَّلْ مِنَّآ ۖ إِنَّكَ أَنتَ
ٱلسَّمِيعُ ٱلْعَلِيمُ ﴿١٢٧﴾ رَبَّنَا وَٱجْعَلْنَا مُسْلِمَيْنِ لَكَ وَمِن ذُرِّيَّتِنَآ أُمَّةً مُّسْلِمَةً لَّكَ وَأَرِنَا مَنَاسِكَنَا وَتُبْ
عَلَيْنَآ ۖ إِنَّكَ أَنتَ ٱلتَّوَّابُ ٱلرَّحِيمُ ﴿١٢٨﴾ رَبَّنَا وَٱبْعَثْ فِيهِمْ رَسُولًا مِّنْهُمْ يَتْلُوا۟ عَلَيْهِمْ ءَايَـٰتِكَ
وَيُعَلِّمُهُمُ ٱلْكِتَـٰبَ وَٱلْحِكْمَةَ وَيُزَكِّيهِمْ ۚ إِنَّكَ أَنتَ ٱلْعَزِيزُ ٱلْحَكِيمُ ﴿١٢٩﴾ وَمَن يَرْغَبُ عَن مِّلَّةِ إِبْرَٰهِـۧمَ
إِلَّا مَن سَفِهَ نَفْسَهُۥ ۚ وَلَقَدِ ٱصْطَفَيْنَـٰهُ فِى ٱلدُّنْيَا ۖ وَإِنَّهُۥ فِى ٱلْـَٔاخِرَةِ لَمِنَ ٱلصَّـٰلِحِينَ ﴿١٣٠﴾ إِذْ قَالَ
لَهُۥ رَبُّهُۥٓ أَسْلِمْ ۖ قَالَ أَسْلَمْتُ لِرَبِّ ٱلْعَـٰلَمِينَ ﴿١٣١﴾ وَوَصَّىٰ بِهَآ إِبْرَٰهِـۧمُ بَنِيهِ وَيَعْقُوبُ يَـٰبَنِىَّ إِنَّ ٱللَّهَ
ٱصْطَفَىٰ لَكُمُ ٱلدِّينَ فَلَا تَمُوتُنَّ إِلَّا وَأَنتُم مُّسْلِمُونَ ﴿١٣٢﴾ أَمْ كُنتُمْ شُهَدَآءَ إِذْ حَضَرَ يَعْقُوبَ
ٱلْمَوْتُ إِذْ قَالَ لِبَنِيهِ مَا تَعْبُدُونَ مِنۢ بَعْدِى قَالُوا۟ نَعْبُدُ إِلَـٰهَكَ وَإِلَـٰهَ ءَابَآئِكَ إِبْرَٰهِـۧمَ وَإِسْمَـٰعِيلَ
وَإِسْحَـٰقَ إِلَـٰهًا وَٰحِدًا وَنَحْنُ لَهُۥ مُسْلِمُونَ ﴿١٣٣﴾ تِلْكَ أُمَّةٌ قَدْ خَلَتْ ۖ لَهَا مَا كَسَبَتْ وَلَكُم مَّا كَسَبْتُمْ ۖ
وَلَا تُسْـَٔلُونَ عَمَّا كَانُوا۟ يَعْمَلُونَ ﴿١٣٤﴾ وَقَالُوا۟ كُونُوا۟ هُودًا أَوْ نَصَـٰرَىٰ تَهْتَدُوا۟ ۗ قُلْ بَلْ مِلَّةَ إِبْرَٰهِـۧمَ
حَنِيفًا ۖ وَمَا كَانَ مِنَ ٱلْمُشْرِكِينَ ﴿١٣٥﴾ قُولُوٓا۟ ءَامَنَّا بِٱللَّهِ وَمَآ أُنزِلَ إِلَيْنَا وَمَآ أُنزِلَ إِلَىٰٓ إِبْرَٰهِـۧمَ
وَإِسْمَـٰعِيلَ وَإِسْحَـٰقَ وَيَعْقُوبَ وَٱلْأَسْبَاطِ وَمَآ أُوتِىَ مُوسَىٰ وَعِيسَىٰ وَمَآ أُوتِىَ ٱلنَّبِيُّونَ مِن

رَّبِّهِمْ لَا نُفَرِّقُ بَيْنَ أَحَدٍ مِّنْهُمْ وَنَحْنُ لَهُۥ مُسْلِمُونَ ﴿١٣٦﴾ فَإِنْ ءَامَنُوا۟ بِمِثْلِ مَآ ءَامَنتُم بِهِۦ فَقَدِ
ٱهْتَدَوا۟ ۖ وَّإِن تَوَلَّوْا۟ فَإِنَّمَا هُمْ فِى شِقَاقٍ ۖ فَسَيَكْفِيكَهُمُ ٱللَّهُ ۚ وَهُوَ ٱلسَّمِيعُ ٱلْعَلِيمُ ﴿١٣٧﴾ صِبْغَةَ ٱللَّهِ ۖ
وَمَنْ أَحْسَنُ مِنَ ٱللَّهِ صِبْغَةً ۖ وَنَحْنُ لَهُۥ عَـٰبِدُونَ ﴿١٣٨﴾ قُلْ أَتُحَآجُّونَنَا فِى ٱللَّهِ وَهُوَ رَبُّنَا وَرَبُّكُمْ
وَلَنَآ أَعْمَـٰلُنَا وَلَكُمْ أَعْمَـٰلُكُمْ وَنَحْنُ لَهُۥ مُخْلِصُونَ ﴿١٣٩﴾ أَمْ تَقُولُونَ إِنَّ إِبْرَٰهِـۧمَ وَإِسْمَـٰعِيلَ
وَإِسْحَـٰقَ وَيَعْقُوبَ وَٱلْأَسْبَاطَ كَانُوا۟ هُودًا أَوْ نَصَـٰرَىٰ ۗ قُلْ ءَأَنتُمْ أَعْلَمُ أَمِ ٱللَّهُ ۗ وَمَنْ أَظْلَمُ
مِمَّن كَتَمَ شَهَـٰدَةً عِندَهُۥ مِنَ ٱللَّهِ ۗ وَمَا ٱللَّهُ بِغَـٰفِلٍ عَمَّا تَعْمَلُونَ ﴿١٤٠﴾ تِلْكَ أُمَّةٌ قَدْ خَلَتْ ۖ لَهَا مَا
كَسَبَتْ وَلَكُم مَّا كَسَبْتُمْ ۖ وَلَا تُسْـَٔلُونَ عَمَّا كَانُوا۟ يَعْمَلُونَ ﴿١٤١﴾

ئۆز ۋاقتىدا ئىبراھىمنى پەرۋەردىگارى بىر قانچە ئەمرلەر (يەنى شەرىئەت تەكلىپلىرى) بىلەن سىنىدى، ئىبراھىم ئۇلارنى بەجا كەلتۈردى، ئاللاھ (ئۇنىڭغا): «سېنى جۇقۇم كىشىلەرگە (دىندا) پېشىۋا قىلىمەن» دېدى، ئىبراھىم: «مېنىڭ بىر قىسىم ئەۋلادىمنىمۇ پېشىۋا قىلساڭ» دېدى. ئاللاھ: « مېنىڭ (پېشىۋا قىلىش) ئەھدەمگە زالىملار (يەنى كاپىرلار) ئېرىشەلمەيدۇ» دېدى. (124) ئۆز ۋاقتىدا بىز كەئبىنى كىشىلەر ئۈچۈن جەم بولىدىغان جاي ۋە ئامان جاي قىلىپ بەردۇق. (كىشىلەرگە) ماقامى ئىبراھىمنى نامازگاھ قىلىڭلار (يەنى شۇ يەردە ناماز ئوقۇڭلار دېدۇق). ئىبراھىم بىلەن ئىسمائىلغا ئۆيۈمنى (يەنى كەئبىنى) تاۋاپ قىلغۇچىلار، ئېتىكاپتا ئولتۇرغۇچىلار، رۇكۇ قىلغۇچىلار، سەجدە قىلغۇچىلار ئۈچۈن پاك تۇتۇشنى بۇيرۇدۇق. (125) ئۆز ۋاقتىدا ئىبراھىم: «پەرۋەردىگارىم! بۇ يەرنى (يەنى مەككىنى) تىنچ شەھەر قىلىپ بەرگىن، ئاھالىسىدىن ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتقانلارنى تۈرلۈك مېۋىلەر بىلەن رىزىقلاندۇرغىن» دېدى. ئاللاھ: «كاپىر بولغان ئادەمنىمۇ (رىزىقتىن) ئازغىنا مۇددەت (يەنى ھاياتلىقىدا) بەھرىمەن قىلىمەن، ئاندىن كېيىن ئۇنى (ئاخىرەتتە) دوزاخقا ھەيدەيمەن» دېدى. (بۇ) نېمىدېگەن يامان ئاقىۋەت! (126) ئۆز ۋاقتىدا ئىبراھىم بىلەن ئىسمائىل كەبىنىڭ ئۇلىنى كۆتۈرۈۋېتىپ: «پەرۋەردىگارىمىز! بىزنىڭ (خىزمىتىمىزنى) قوبۇل قىلغىن، سەن ھەقىقەتەن (دۇئايىمىزنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىسەن، (نىيىتىمىزنى) بىلىپ تۇرغۇچىسەن. (127) پەرۋەردىگارىمىز! ئىككىمىزنى ئۆزۈڭگە ئىتائەتمەن قىلغىن، بىزنىڭ ئەۋلادلىرىمىزدىنمۇ ئۆزۈڭگە ئىتائەتمەن ئۈممەت چىقارغىن، بىزگە ھەججىمىزنىڭ قائىدىلىرىنى بىلدۈرگىن، تەۋبىمىزنى قوبۇل قىلغىن، چۈنكى سەن تەۋبىنى ناھايىتى قوبۇل قىلغۇچىسەن، ناھايىتى مېھرىبانسەن. (128) پەرۋەردىگارىمىز! ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ئايەتلىرىڭنى ئۇلارغا تىلاۋەت قىلىپ بېرىدىغان، كىتابىڭنى (يەنى قۇرئاننى)، ھېكمەتنى (يەنى پاك سۈننەتنى) ئۇلارغا ئۆگىتىدىغان، ئۇلارنى (مۇشرىكلىك ۋە گۇناھلاردىن) پاك قىلىدىغان بىر پەيغەمبەر ئەۋەتكىن، ھەقىقەتەن سەن غالىبسەن، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىسەن» دېدى. (129) ئۆزىنى ئەخمەق قىلغانلاردىن باشقا كىم ئىبراھىمنىڭ دىنىدىن يۈز ئۆرۈيدۇ؟ ھەقىقەتەن بىز ئۇنى بۇ دۇنيادا (پەيغەمبەرلىككە) تاللىدۇق. شەك- شۈبھىسىزكى، ئاخىرەتتە ئۇ ياخشىلار قاتارىدا بولىدۇ. (130) ئۆز ۋاقتىدا پەرۋەردىگارى ئۇنىڭغا: «(پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئەمرىگە) ئىتائەت قىلغىن» دېدى. ئۇ: «ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىغا ئىتائەت قىلدىم» دېدى. (131) ئىبراھىم ۋە يەئقۇب ئۆز ئوغۇللىرىغا ۋەسىيەت قىلىپ: «ئى ئوغۇللىرىم!

ئاللاھ سىلەرگە مۇشۇ دىنىنى (يەنى ئىسلام دىنىنى) تاللىدى، پەقەت مۇسۇلمان پېتىڭلارچە ئۆلۈڭلار (يەنى ئىمانىڭلاردا مەھكەم تۇرۇڭلار، تاكى ئىمان بىلەن كېتىڭلار)» دېدى. (132) يەئقۇب جان ئۈزۈۋاتقان ۋاقىتتا سىلەر يېنىدا بارمىدىڭلار؟ شۇ چاغدا يەئقۇب ئوغۇللىرىدىن: «مەن ئۆلگەندىن كېيىن سىلەر كىمگە ئىبادەت قىلىسىلەر؟» دەپ سورىدى. ئۇلار: «سېنىڭ ئىلاھىڭ ۋە ئاتا - بوۋىلىرىڭ _ ئىبراھىم، ئىسمائىل، ئىسھاقلارنىڭ ئىلاھى بولغان بىر ئاللاھقا ئىبادەت قىلىمىز، بىز ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلغۇچىمىز» دېدى. (133) ئۇلار ئۆتكەن بىر ئۈممەتتۇر، ئۇلارنىڭ ئەمەللىرى (نىڭ ساۋابى) ئۆزلىرى ئۈچۈندۇر، سىلەرنىڭ ئەمەلىڭلار (نىڭمۇ ساۋابى) ئۆزەڭلار ئۈچۈندۇر، ئۇلارنىڭ قىلمىشىغا سىلەر جاۋابكار ئەمەس . (134) ئۇلار: «يەھۇدىي ياكى ناسارا بولۇڭلار، توغرا يول تاپىسىلەر» دەيدۇ. «ئۇنداق ئەمەس، بىز ئىبراھىمنىڭ ئىسلامغا ئويغۇن دىنىغا ئەگىشىمىز، ئۇ مۇشرىكلاردىن ئەمەس ئىدى» دېگىن. (135) ئېيتىڭلاركى، «ئاللاھقا ئىمان ئېيتتۇق، بىزگە نازىل قىلىنغان ۋەھيگە، ئىبراھىمغا، ئىسمائىلغا، ئىسھاققا، يەئقۇبقا ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىغا نازىل قىلىنغان ۋەھيگە، مۇساغا بېرىلگەن (تەۋراتقا)، ئىساغا بېرىلگەن (ئىنجىلغا) ۋە پەيغەمبەرلەرگە پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن بېرىلگەن (كىتابلارغا) ئىمان ئېيتتۇق، ئۇلاردىن ھېچبىرىنى ئايرىۋەتمەيمىز (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالارغا ئوخشاش، ئۇلارنىڭ بەزىسىگە ئىمان ئېيتىپ، بەزىسىنى ئىنكار قىلمايمىز)، بىز ئاللاھقا بويسۇنغۇچىلارمىز». (136) ئەگەر ئۇلار (يەنى ئەھلى كىتاب) سىلەر ئىمان ئېيتقاندەك ئىمان ئېيتسا، ئەلۋەتتە، توغرا يول تاپقان بولىدۇ. ئەگەر ئۇلار (ئىماندىن) يۈز ئۆرۈسە، (سەن بىلگىنكى) ئاداۋەتتە بولغان بولىدۇ، ئۇلارغا قارشى ئاللاھ ساڭا كۇپايىدۇر. ئاللاھ ئۇلارنىڭ (سۆزلىرىنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، (ھىيلە - مىكرىنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر. (137) ئاللاھنىڭ دىنىدا چىڭ تۇرۇڭلار، ئاللاھنىڭ دىنىدىن ياخشى كىمنىڭ دىنى بار؟ بىز ئاللاھقا ئىبادەت قىلغۇچىلارمىز. (138) «بىز بىلەن ئاللاھ توغرۇلۇق مۇنازىرىلىشەمسىلەر؟ ھالبۇكى، ئۇ ھەم بىزنىڭ پەرۋەردىگارىمىز، ھەم سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلاردۇر. بىزنىڭ ئەمەللىرىمىز ئۆزىمىز ئۈچۈندۇر، سىلەرنىڭ ئەمەللىرىڭلارمۇ ئۆزەڭلار ئۈچۈندۇر، بىز ئاللاھقا سادىقمىز» دېگىن. (139) «ياكى ئىبراھىم، ئىسمائىل، ئىسھاق، يەئقۇب ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادى يەھۇدىي ئىدى ياكى ناسارا ئىدى» دەمسىلەر؟ ئېيتقىنكى، «(ئۇلارنىڭ قايسى دىندا ئىكەنلىكىنى) سىلەر ئوبدان بىلەمسىلەر؟ ياكى ئاللاھ ئوبدان بىلەمدۇ؟ قولىدا ئاللاھ نازىل قىلغان دەلىل - ئىسپات تۇرۇپ ئۇنى يوشۇرغان ئادەمدىن زالىم كىم بار؟ ئاللاھ سىلەرنىڭ قىلمىشىڭلاردىن غاپىل ئەمەستۇر». (140) ئۇلار ئۆتكەن بىر ئۈممەتتۇر، ئۇلارنىڭ ئەمەللىرى ئۆزلىرى ئۈچۈندۇر. سىلەرنىڭ ئەمەللىرىڭلارمۇ ئۆزەڭلار ئۈچۈندۇر، ئۇلارنىڭ قىلمىشىغا سىلەر جاۋابكار ئەمەس. (141)

سۈرىنىڭ ئالدىنقى بۆلۈملىرىدە ئومۇمەن يەھۇدىيلار، ئاز مىقداردا خرىستىئانلار تىلغا ئېلىنىش بىلەن بىرگە، مۇسا ئەلەيھىسسالامدىن تارتىپ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا قەدەر بولغان بەنى ئىسرائىل پەيغەمبەرلىرىنىڭ قىلغان ئەھدىلىرىگە ۋە بەرگەن شەرئىي ھۆكۈملىرىگە نىسبەتەن يەھۇدىيلارنىڭ تۇتۇپ كەلگەن پوزىتسىيىلىرى ۋە ئەمەل تەرزلىرى ئۈستىدە توختالغان ئىدى، ھەمدە يەنە ئەھلى كىتابلار بىلەن بولغان مۇناقىشەلەرنىڭ جەريان شەكلىمۇ ئىزاھلاپ بېرىلگەن بولۇپ، بۇ جەرياندا مۇشرىكلارنىڭمۇ نۇرغۇن جەھەتلەردە ئەھلى كىتابلار بىلەن ئورتاق ھەرىكەت قىلىشقانلىقى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بېرىلگەن ئىدى. ئەمدىلىكتە ئايەت كەرىمەنىڭ يۆنىلىشى مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدىنمۇ ئىلگىرىكى دەۋرلەرگە، يەنى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىگە يۆتكىلىدۇ. ئايەتنىڭ جەريانى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام قىسسىسىنىڭ زور ئەھمىيىتىنى نامايەن قىلىپ بېرىدۇ. چۈنكى مەدىنىدىكى مۇسۇلمانلار

بىلەن يەھۇدىيلارنىڭ ئارىسىدىكى خىلمۇخىل مۇنازىرە، ئىختىلاپلارنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىسى ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدۇ.

ئەھلى كىتابلار نەسەب ئېتىبارى بىلەن ئىسھاق ئەلەيھىسسالام ئارقىلىق ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا تۇتىشاتتى. ئۇلار ئۆز نەسىبىنىڭ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا تۇتىشىدىغانلىقىنى ۋە ئاللاھنىڭ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئەۋلاتلىرىغا رەھمەت بىلەن بەرىكەتنى ۋەدە قىلغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈپ پەخىرلىنەتتى. شۇڭا ئۆزلىرىنىلا ھىدايەت ئۈستىدە ھېسابلاپ، جەننەتنىڭ ھۆددىگەرلىرى بولۇۋېلىشقان ئىدى. ئەمەلىنىڭ قانداق بولۇشىغا قارىماي، پۈتۈن پەزىلەتنى ئۆزىگىلا تەئەللۇق سانايتتى.

قۇرەيش قەبىلىسىنىڭ يىلتىزىمۇ ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام ئارقىلىق ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا تۇتىشاتتى. ئۇلارمۇ ئۆز نەسىبىنىڭ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا تۇتىشىدىغانلىقى بىلەن پەخىرلىنەتتى. چۈنكى ئۇلار ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋارىسى بولغانلىقىدىن بەيتۇللاھقا قاراش ۋە ئۇنىڭ رىمۇنت ئىشلىرىغا مەسئۇل بولۇش شەرىپىگە سازاۋەر بولغان ئىدى. ھەمدە شۇ ۋەجىدىنلا پۈتۈن ئەرەبلەردىن دىنىي جەھەتتە ئىمتىيازلىق، ئۈستۈن، شەرەپلىك ئورۇندا تۇراتتى.

بۇنىڭدىن ئىلگىرى قۇرئان كەرىم يەھۇدىيلار بىلەن ناسارالارنىڭ جەننەت ھەققىدىكى دەۋالىرى ئۈستىدە توختىلىپ، ئۇلارنىڭ ھەتتا: «يەھۇدىي ياكى خرىستىئان بولمىغانلار جەننەتكە قەتئىي كىرمەيدۇ» دەپ يۈرىشىدىغانلىقىنى بايان قىلغان ئىدى. ھەمدە يەنە بىر جايدا مۇسۇلمانلارنى يەھۇدىي ياكى خرىستىئان قىلىشقا ئۇرۇنۇشلىرىنىمۇ تىلغا ئېلىپ: «يەھۇدىي ياكى ناسارا بولساڭلار ھىدايەت تاپىسىلەر» دېگەن سۆزلىرىنى نەقىل كەلتۈرگەن بولۇپ، بۇنىڭدىن باشقا يەنە بەزىلەرنىڭ مەسجىدلەردە ئاللاھنىڭ نامىنىڭ ياد قىلىنىشىنى توسىدىغانلىقىنى ۋە مەسجىدلەرنى خاراب قىلىشقا ئۇرۇنىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بەرگەن ئىدى. شۇ جايدا بىز بۇ ئىشلارنىڭ قىبلە ئۆزگىرىش ۋەقەسىگە مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى، چۈنكى يەھۇدىيلارنىڭ دەل شۇ چاغدا ئىسلام جامائىتىگە قارشى رەزىل سۈيىقەستلىك ھوجۇملارنى قىلىشقا باشلىغانلىقىنى ئېيتىپ ئۆتكەن ئىدۇق. ئەمدىلىكتە بولسا، ئىنتايىن مۇناسىپ بىر شەكىلدە ھەزرەتى ئىبراھىم، ئىسھاق ۋە ئىسمائىل ئەلەيھىسسالاملار، شۇنداقلا بەيتۇللاھنىڭ بىنا قىلىنىشى ۋە ئۇنىڭ ئىسلامنىڭ سىمۇولى ئىكەنلىكى ھەققىدە سۆز قىلىنماقتا. بۇ ئارقىلىق يەھۇدىيلار بىلەن خرىستىئانلارنىڭ پەيغەمبەرلەرنىڭ نەسەب شەجەرىسى ھەققىدىكى ئاساسسىز دەۋالىرىنى ئېچىپ تاشلاپ، ئەسلى ھەقىقەتنى كىشىلەرنىڭ زېھنىگە يەرلەشتۈرۈش ھەمدە قىبلىنىڭ ئۆزگىرىشىگە دائىر مەسىلىلەرگە ھۆكۈم چىقىرىش كۆزدە تۇتۇلماقتا.

بۇ يەردە يەنە، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ خالىس تەۋھىد دىنىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇپ بېرىلىدۇ. ئەھلى كىتابلار بىلەن مۇشرىكلار ئويدۇرۇپ چىققان ناچار ئەقىدە، خاتا يوللارنىڭ ئىسلامنىڭ تەۋھىد ئەقىدىسى بىلەن قىلچە مۇناسىۋىتى يوقلىقىنى، بەلكى دەل ئەكسىچە ھەزرىتى ئىبراھىم، ئىسھاق، ئىسمائىل ۋە ياقۇب (يەنى ئىسرائىل) ئەلەيھىسسالاملارنىڭ

دىنى بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ ئېتىقادى ئوتتۇرىسىدا، جۈملىدىن بۇ ئاخىرقى دىنى ئوتتۇرىسىدا ھېچبىر پەرق يوقلىقىنى ئېيتىپ بېرىدۇ. چۈنكى ئاللاھنىڭ دىنى ھەردائىم بىرلا بولۇپ كەلگەن، پۈتۈن پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋەزىپىسىمۇ ئوخشاشلا بىرلا بولۇپ، قانداقتۇر بىرەر قەۋم ياكى جەمەتكە خاس ئەمەس، دىننى ھېچ كىشى مونوپۇل قىلىۋالالمايدۇ. بۇ دېگەن بىر ئېتىقاد، مۆئمىن قەلبىنىڭ بىردىنبىر بايلىقى. قارىغۇ ئەسەبىيەتلەر بىلەن ئۇنىڭ ھېچقانداق ئالاقىسى يوق. بۇ شۇنداق قىممەتلىك مىراسكى، ھەرگىزمۇ قان ۋە نەسەب رىشتىسىگە كۆرە بۆلۈپ بېرىلمەيدۇ. بەلكى ئىمان ۋە ئېتىقادنىڭ رىشتىسى ئۈستىگە تىكلىنىپ تۇرىدۇ. شۇڭا قانداقلا كىشى بۇ دىننى قوبۇل قىلىپ، ئۇنى مەھكەم ئاسرايدىكەن، مەيلى ئۇ قايسى جەمەت، قايسى مىللەتكە تەئەللۇق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بۇ دەۋانىڭ ئەڭ ھەقلىق ساھىبى ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى دىن پەقەتلا ئاللاھنىڭدۇر، ئاللاھ بىلەن ھېچ بىر بەندىنىڭ قان ـ قېرىنداشلىق، قەۋم، نەسەبداشلىق رىشتىسى بولمايدۇ.

ئىسلام ئېتىقاد تەسەۋۋۇرىنىڭ ئەڭ مۇھىم ئاساسلىرىنىڭ بىر قىسمى بولغان بۇ ھەقىقەتلەرنى قۇرئان كەرىم ئۆزگىچە ئاجايىپ ئىپادە ئۇسلۇبى بىلەن ئوچۇق بايان قىلىپ بېرىدۇ. بۇ يەردىكى بايان ئۇسلۇبى ئۆزگىچە بەدىئىي، پاساھەتلىك بولۇش بىلەن بىرگە، سۆز ۋە مەزمۇن تەرتىپى بىلەن ناھايىتىمۇ باغلىنىشلىق.

ئايەت كەرىمە بىزگە دەسلەپتە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھ تەرىپىدىن سىنالغانلىقىنى ۋە سىناقتىن ئۆتكەندىن كېيىن شۇنىڭ نەتىجىسى سۈپىتىدە ئالەمنىڭ پېشۋاسى بولۇپ تاللانغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىدۇ.  ئاندىن ئىسلام ئۈممىتىنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكى ئاستىدا مەيدانغا كېلىشىنى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بىلەن ئىسمائىل ئەلەيھىسسالاملارنىڭ بەيتۇللاھنى بىنا قىلىش جەريانىدا قىلغان دۇئاسىنىڭ ئىجابەت بولغانلىقىغا باغلايدۇ. شۇڭا بۇ ئىلاھىي ئامانەتكە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ پۈتۈن ئەۋلاتلىرى ئەمەس، بەلكى شۇلاردىن مەلۇم بىر قىسمىنىڭلا ھەقلىق بولغانلىقى، ئېتىقاد مىراسىغا ۋارىس بولۇش ئۇچۇن پەيغەمبەرگە پۈختا ئىمان كەلتۈرۈپ، ھۆكمىگە قەتئىي بويسۇنۇش شەرت ئىكەنلىكى چۈشەندۈرۈلىدۇ.

بۇ تارىخى ھەقىقەتلەرنى بايان قىلىش جەريانىدىكى ئىپادە ئۇسلۇبىدىن ئىسلامنىڭ ئۇقۇم ئېتىبارى بىلەن ئاللاھ تائالانىڭ ئالدىدا باش ئېگىش ئىكەنلىكى، ئەڭ دەسلەپكى پەيغەمبەردىن تارتىپ تاكى ئەڭ ئاخىرقى پەيغەمبەرگە قەدەر ھەممەيلەننىڭ ئەشۇ بىرلا ئىشقا دەۋەت قىلىپ كەلگەنلىكى ئېيتىپ بېرىلىدۇ. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئېتىقاد نەزەرىيەسىمۇ دەل شۇ بولۇپ، ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئىسمائىل، ئىسھاق ۋە باشقا پەيغەمبەرلەرنىڭ ئېتىقاد ھەرىكىتىمۇ دەل شۇنىڭدىن ئىبارەت ئىدى. ئۇلار بۇ ئېتىقادىي ئامانەتنى مۇسا ۋە ئەيسا ئەلەيھىسسالاملارغا تاپشۇرغان بولۇپ، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ مىراسىغا ئاخىرىدا ئىسلام ئۈممىتى ۋارىسلىق قىلدى. كىم بۇ ئېتىقاد ـ ئەقىدىدە مەھكەم بولىدىكەن، دەل ئەشۇ كىشى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ روھانىي ۋارىسى بولغان بولىدۇ.

دەل ئەشۇنداق كىشىلەر ئاللاھ تەرىپىدىن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا قىلىنغان ۋەدىگە ھەقلىق ۋە خۇشخەۋەرلەرگە لايىق بولغان بولىدۇ. قانداقكى كىشى ئىسلامغا بويسۇنتاۋلىق قىلىپ، ئۆزىنى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىدىن يىراق تۇتىدىكەن، ئۇ ئاللاھنىڭ ۋەدىسىگە ھەقلىق بولمىغان، شۇنداقلا ئالدىن بېرىلگەن بېشارەت ۋە خۇشخەۋەرلەرگە لايىق بولمىغان بولىدۇ.

مانا بۇ يەرگە كەلگەندە، يەھۇدىيلار بىلەن ناسارالار: «بىز ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلاتلىرى ۋە ئۇنىڭ خەلىپىلىرى بولغاچقا، ئاللاھقا يېقىن، ئەڭ سۆيۈملۈك قەۋملەرمىز» دېگەن دەۋاسى پۈتۈنلەي كۆچتىن قالىدۇ. چۈنكى ئۇلار تەۋھىد ئەقىدىسىنى يوقىتىپ قويۇش بىلەن تەڭلا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋارىسلىقىدىن مەھرۇم بولۇپ بولغان.

بۇ يەردە يەنە قۇرەيش قەبىلىسىنىڭ: «بەيتۇللاھقا قاراش ۋە رىمۇنت قىلىش ھوقۇقىغا بىز ئىگە» دەيدىغان دەۋالىرىمۇ بىتچىت بولىدۇ. چۈنكى ئۇلارمۇ بۇ مۇقەددەس جاينىڭ ئەڭ دەسلەپكى پېشۋاسى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ روھانىي مىراسىغا ئاسىيلىق قىلغان.

شۇنىڭدەك، يەھۇدىيلارنىڭمۇ: «بىز بەيتۇل مۇقەددەستىن ئىبارەت قىبلىنىڭ خوجايىنلىرى، مۇسۇلمانلارمۇ بەيتۇل مۇقەددەسنى قىبلە قىلىپ ناماز ئوقۇشى لازىم» دېگەن دەۋالىرى يوققا چىقىدۇ. چۈنكى بەيتۇللاھ ئۇلارنىڭ بوۋىسى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ قىبلىسى بولغانلىقى يۈزىسىدىن ئۇلارنىڭمۇ قىبلىسى ھېسابلىنىشى لازىم.

بۇ بارلىق مەزمۇنلار ئىنتايىن گۈزەل، ھەيران قالارلىق شەكىلدە نۇرغۇنلىغان بەدىئىي ئىشارىلەرگە، شۇنداقلا مەنىسى ئىنتايىن چوڭقۇر، ئادەمنى تەپەككۇرگە ئۈندەيدىغان، ئاجايىپ تەسىرلىك چۈشەندۈرۈشلەرگە تولغان بولۇپ، ئەمدى بىز بۇ ئاجايىپ بەدىئىي، پاساھەتلىك كالام ئۇسلۇبىغا تۈۋەندىكى ئىشارىلەر ئارقىلىق تەپسىلى قاراپ چىقىمىز.

## ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ سىنىلىشى

وَإِذِ ٱبْتَلَىٰٓ إِبْرَٰهِـۧمَ رَبُّهُۥ بِكَلِمَـٰتٍ فَأَتَمَّهُنَّ ۖ قَالَ إِنِّى جَاعِلُكَ لِلنَّاسِ إِمَامًا ۖ قَالَ وَمِن ذُرِّيَّتِى ۖ قَالَ لَا يَنَالُ عَهْدِى ٱلظَّـٰلِمِينَ ﴿١٢٤﴾

*ئەسلىگىن، ئۆز ۋاقتىدا ئىبراھىمنى پەرۋەردىگارى بىر قانچە ئىش بىلەن سىنىدى، ئىبراھىم ئۇلارنى بەجا كەلتۈردى، ئاللاھ (ئۇنىڭغا): «سېنى چوقۇم پۈتۈن كىشىلەرگە پېشۋا قىلىمەن» دېدى، ئىبراھىم: «مېنىڭ ئەۋلادلىرىمنىمۇ شۇنداق قىلغىن» دېدى. ئاللاھ: «مېنىڭ ئەھدىم زالىملارغا تېگىشلىك ئەمەس» دېدى[124].*

خىتاب مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە قىلىنىۋاتقان بولۇپ، «ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر قانچە پەرمان بىلەن سىنالغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭ مۇكەممەل ۋاپادارلىق بىلەن پەرمانلارنى تولۇق بەجا كەلتۈرگەنلىكىنى ئەسلىگىن» دېيىلمەكتە. ئاللاھ تائالا يەنە

بىر جايدا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپادارلىقىنى تەرىپلەپ: «وَإِبْرَاهِيمَ الَّذِي وَفَّى» «ئىبراھىم ھەقىقەتەن ۋاپادار كىشى ئىدى» (يەنى ئەھكاملارنى تولۇق بەجا كەلتۈرگەن كىشى ئىدى) دەيدۇ. مانا بۇ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام يەتكەن يۈكسەك ماقام... ئۇنىڭ ۋاپادارلىقىغا ۋە ئىتائەتمەنلىكىگە ئاللاھ تائالا ئۆزى گۇۋاھلىق بېرىۋاتقان ئىتائەت ماقامى... ھالبۇكى، ئىنسان شۇ قەدەر ئاجىز، خاتاكار مەخلۇق ئىكەنكى، ئۇنىڭ ۋاپادار بولالىشى، يەنى مۇكەممەل ئىتائەتمەن بولالىشى ناھايىتى قىيىن.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئەنە شۇنداق ئۇلۇغ ماقامغا يېتەلىگەنلىكى ئۈچۈن ئىشەنچكە ۋە سائادەتكە ھەقلىق بولغان. ئاللاھ ئۇنىڭغا: «إِنِّي جَاعِلُكَ لِلنَّاسِ إِمَامًا» «سېنى جىمىي ئىنسانلارغا پىشۋا قىلىمەن» يەنى، كىشىلەرگە ئۈلگە ۋە باشلامچى بولىدىغان پېشۋا... كىشىلەرنى ئاللاھقا يېتەكلەيدىغان، ياخشى ئىشتا ھەممىنىڭ ئالدىدا تۇرىدىغان پېشۋا... باشقىلار ئارقىسىدىن ئەگىشىدىغان، شۇنداقلا كىشىلەرنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈك رەھبىرى ۋە داھىسى بولىدىغان پېشۋا... قىلىمەن دەيدۇ.

مانا بۇ يەرگە كەلگەندە، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىنسانلىق تەبىئىتى ئۆزىنى كۆرسىتىشكە باشلايدۇ. ئەشۇ ئۇلۇغ سۆيەتنىڭ بالىلىرى ۋە نەۋرىلىرى ئارقىلىق ئۈزۈلمەي داۋام قىلىشىنى ئارزۇ قىلىدۇ. بۇ ئىنساننىڭ چوڭقۇر تەبىئىتىدىن ئورۇن ئالغان پىسخىكىلىق ئاڭ بولۇپ، ئاللاھ تائالا ئۇنى ئىنسان ھاياتىنىڭ تەرەققىياتى، بەلگىلەنگەن يولدا مېڭىشى، ئالدىنقى ئەجدادلار باشلىغان تەرققىياتنى كېيىنكى ئەۋلادلارنىڭ ئۈزۈلدۈرمەي داۋاملاشتۇرۇشى، شۇنداق قىلىپ، پۈتۈن نەسىللەرنىڭ ماس ھەمكارلىقىنى ئىشقا ئاشۇرغان ھالدا ئالغا ئىلگىرىلىشى ئۈچۈن ئىنسان تەبىئىتىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلىمىغا يەرلەشتۈرگەن.

توغرا، بەزىلەرنىڭ پارچىلاپ، يوقاتماقچى بولۇۋاتقىنىمۇ دەل مانا مۇشۇ مىراسخورلۇق ئېڭىدۇر. ۋەھالەنكى، بۇ ئاڭ ئىنتايىن ئۇزاق غايىلەرنىمۇ ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئىنسان تەبىئىتىنىڭ ئەسلىگە مەركەزلەشتۈرۈلگەن. ئىسلام دىنى ئەۋلادلارنىڭ ياخشىلىقى يولىدا ئىنسانلارنىڭ تېخىمۇ بەكرەك تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى ۋە پائالىيەت سۈرئىتىنى تېزلىتىشى ئۈچۈن دەل ئەشۇ ئاڭغا بىنائەن مىراس قانۇنى ھەققىدە تەپسىلى بەلگىلىمىلەرنى تۈزۈپ چىققان. بۇ تەبىئىي ئاڭنى نابۇت قىلىش يولىدا بۇگۈنكى دۇنيادىكى ئىنسانلار تەرىپىدىن كۆرسىتىلىۋاتقان تۈزكورلارچە تىرىشچانلىقلار ئەسلىدە ئىنسان تەبىئىتىنى نابۇت قىلىش ھەرىكىتىدىنلا ئىبارەتتۇر.

دەرۋەقە، ئىجتىمائىي ھاياتتا بەزى بۇزۇقچىلىقلارنىڭ كۆرۈلۈشى تەبىئىي، بىراق بۇنى ساقايتىمەن دەپ، ئىنسان تەبىئىتىنى ۋە ئىنساننىڭ كىشىلىكىنى نابۇت قىلىپ تاشلاش بولسا، ئىنتايىن ئاساسسىز ۋە ۋەھىمە خورلۇقتۇر، شۇنداقلا تەبىئەتكە خىلاپ داۋالاش ئۇسۇلىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. شۇنىسى ئېنىقكى، ئىجتىمائىي بۇزۇقچىلىقنى داۋالاش ئۈچۈن تەبىئەتكە خىلاپ قوللىنىلغان ھېچبىر چارە ھېچقاچان غەلىبە قىلالمىغان، مەنپەئەتلىك بولۇپ باقمىغان

ھەم مەڭگۈ بولالمايدۇ. ئەمەلىيەتتە، ھەم بۇ بۇزۇقچىلىقلارنى يوقىتالايدىغان ھەم ئىنسان تەبىئىتى بىلەن قارشىلىشىپمۇ قالمايدىغان يول مەۋجۇت. لېكىن بۇ يولغا ئېرىشىش ئۈچۈن ئىمان ۋە ھىدايەتنىڭ بولۇشى شۇنداقلا داۋالغۇچىدا ئىنساننىڭ تەبىئىتىگە دائىر چوڭقۇر ئاڭ ۋە مۇكەممەل تونۇش بولۇشى ئىنتايىن زۆرۈر. ئۇنىڭ پىكرى ئىنساننىڭ يارىتىلىش تەبىئىتىنىڭ چوڭقۇر تەكتىگىچە چۈشىنىپ يېتەلىگەن، ئىسلاھات ئېھتىياجى ئىرقلار ۋە پىرقىلەر ئارا ھالاكەتلىك ئۆچ - ئاداۋەتلەردىن پاك بولغان، ئوي - پىكرىدە تەرەپۋاز تۇيغۇلارنىڭ ئورنىغا پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ ئىسلاھات، تەرەققىيات، قۇرۇلۇش تۇيغۇسى مەۋجۇت بولغان بولۇشى ئىنتايىن زۆرۈر.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ: «قَالَ وَمِن ذُرِّيَّتِي» «مېنىڭ ئەۋلادلىرىمغىمۇ شۇنداق ۋەدە بارمۇ؟» دەپ سورىغان ئىدى. بۇ سوئالغا ئۇنى سىناپ، تاللىغان پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن رەددىيە بىلەن جاۋاب بېرىلىدۇ. بۇ جاۋاب بىز ئىلگىرى تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن مۇھىم پرىنسىپنىڭ ئاساسىنى (يەنى، «ئىماملىق بىلەن رەھبەرلىك، ئۆز ئېھتىياجى، ئەمەل تەرزى، سالاھىيىتى ۋە ئىمانى ئارقىلىق شۇنىڭغا ھەقلىق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرەلىگەن كىشىلەرنىڭلا ھەققىدۇر» دېگەن پرىنسىپنىڭ ئاساسىنى) تىكلەپ بېرىدۇ. بۇ قانداقتۇر ئىرقىي مىراس ياكى دادىدىن بالىغا يۆتكىلىدىغان ئىرسىيەتلىك مەرتىۋە، سالاھىيەت ئەمەس. شۇنداقلا قان، رىشتە، نەسىل، مىللەتنى ئاساس قىلمايدۇ. بەلكى دىن ۋە ئىمان رىشتىسىنى چۆرىدەيدۇ. رەھبەرلىك مەسىلىسىدە، قان، نەسىل مىللەت شۇئارلىرىنى تووۋلاش، جاھىلىيەتنىڭ ئادىتى بولۇپ، بۇ ئوچۇق ھالدا ئىنسان ھاياتىغا بولغان ئىنسانىي نۇقتىئىنەزەرگە زىت.

شۇڭا ئاللاھ: «قَالَ لَا يَنَالُ عَهۡدِي ٱلظَّٰلِمِينَ» «مېنىڭ ئەھدەم زالىملارغا تەگمەيدۇ» دېدى.

زۇلۇمنىڭمۇ قانچىلىغان تۈرى ۋە رەڭگى بولىدۇ. ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش ئۆز نەپسىگە زۇلۇم بولغاندەك، كىشىلەرنىڭ ئاللاھقا ئىتائەت قىلماسلىقىمۇ بىر زۇلۇمدۇر. ئايەتتە زالىملار ئۈچۈن چەكلىنىۋاتقان ئىمامەت (يەنى رەھبەرلىك) ۋەزىپىسىمۇ ھەر تۈرلۈك بولۇپ، پەيغەمبەرلىك ئىمامىتى... خەلىپىلىك ئىمامىتى... نامازدىكى ئىماملىق... قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى رەھبەرلىكنىڭ پۈتۈن تۈرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇڭلاشقا ئەدل - ئىنساپ ئۆزىنىڭ كەڭ مەنىسى نۇقتىسىدىن ھەرقانداق تۈردىكى رەھبەرلىككە لاياقەتلىك بولۇشنىڭ بىرىنچى شەرتىدۇر. كىشى مەيلى قانداقكى بىر زۇلۇمنى سادىر قىلىپ سالىدىكەن، شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ئۆزىنى ئىماملىق ۋە رەھبەرلىك سالاھىيىتىدىن مەھرۇم قىلغان بولىدۇ.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا دېيىلىۋاتقان سۆزلەر بىلەن ئوچۇق ئىپادىلىنىۋاتقان بۇ ئەھدە شۇنىڭ كەسكىن قارارىدۇركى، يەھۇدىيلار دائىم رەھبەرلىك ۋەزىپىسىدىن يىراق ھەم مەھرۇم قىلىنىدۇ. چۈنكى ئۇلار زۇلۇم قىلىشقان، بۇزۇقچىلىققا مۇبتىلا بولۇشقان، ئاللاھقا

ئىتائەتسىزلىك قىلىپ، ئۆز بوۋىسى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئېتىقادىدىن ۋە نەزەرىيىسىدىن يۈز ئۆرۈشكەن.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا دېيىلىۋاتقان سۆزلەر بىلەن بۇ چۈشىنىشلىك ئەھدە ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ئۆزىنى مۇسۇلمان دەپ ئاتىۋالغان، شۇنداقتىمۇ زۇلۇم ۋە بۇزۇقچىلىققا مۇبتىلا بولۇپ، ئاللاھ بەلگىلەپ بەرگەن يولدىن چەتنەپ كېتىشكەن كىشىلەرنىمۇ ئىمامىلىق (يەنى رەھبەرلىك) ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلايدۇ. چۈنكى ئۇلار ئاللاھنىڭ شەرىئىتىنى ئارقىغا چۆرۈپ قويىدۇ. گەرچە پۈتۈن رېئال ھاياتىدىن ئاللاھنىڭ شەرىئىتىنى چىقىرىپ تاشلىغان بولسىمۇ، يەنىلا ئىسلامنى دەۋا قىلىدۇ. بۇ، پۈتۈنلەي يالغانچىلىق ۋە ئاللاھنىڭ ئەھدىسىنى ئاساس قىلمىغان ساختا دەۋادىنلا ئىبارەتتۇر.

ئىسلام ئېتىقادى پىكىر ۋە نەزەرىيەنى ياكى ئەمەل بىرلىكىنى ئاساس قىلمىغان ھەرقانداق رىشتە، مۇناسىۋەتلەرنى كېسىپ تاشلايدۇ. ئۇ پەقەت ئەقىدە بىلەن ئەمەل بىرلىكىنى ئاساس قىلغان رىشتە، مۇناسىۋەتلەرنىلا ئېتىراپ قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا مۇناسىۋەتلەرنىڭ ھەممىسى ئىسلامنىڭ نەزىرىدە قىممەتسىز ھېسابلىنىدۇ.

ناۋادا بىر مىللەتنىڭ ئىككى نەسلى ئېتىقاد جەھەتتىن زىددىيەتلەشسە، ئوتتۇرىدىكى پۈتۈن رىشتىلەر ئۈزۈلىدۇ. ھەتتا ئېتىقاد رىشتىسى ئۈزۈلۈش بىلەن تەڭ ئەر بىلەن ئايال، دادا بىلەن بالا ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتمۇ ئۈزۈلگەن بولىدۇ. شۇڭا مۇشرىك ئەرەبلەر ئايرىم، مۇسۇلمان ئەرەبلەر ئايرىمدۇر. شېرىكچىلىك دەۋرىدىكى ئەرەبلەر باشقا بولغان بولسا، ئىسلام دەۋرىدىكى ئەرەبلەر باشقىدۇر. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا نە بىر رىشتە، نە تۇغقانچىلىق، نە باشقا مۇناسىۋەت بولمايدۇ. شۇنىڭدەك، ئەھلى كىتابلار ئىچىدىمۇ ئىمان ئېيتقانلار باشقا ۋە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بىلەن مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىدىن چىققانلار باشقا بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىمۇ ھېچقانداق رىشتە، مۇناسىۋەت يوق.

ئائىلە قانداقتۇر پەقەتلا دادىلاردىن ۋە ئەۋلادلاردىن ئىبارەت ئەمەس، بۇلارنىڭ ئارىسىدا ئورتاق بىر ئېتىقاد باغلىنىشلىقى بولغاندا ئاندىن توغرا بىر ئائىلە بولغان بولىدۇ. ئىسلام ئۇممىتىمۇ قانداقتۇر مۇئەييەن بىر ئىرقنىڭ بىر - بىرىگە ئۇلىشىپ داۋام قىلغان نەسىللىرىدىن ئىبارەت ئەمەس، بەلكى مىللىتى، ئىرقى، رەڭگى، نەسلى مەيلى نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۆزئارا بىرلەشكەن مۆئمىنلەر جامائىتىدىنلا ئىبارەتتۇر.

مانا... كەرەملىك ئاللاھنىڭ رەببانىي بايانىدىن ئۇرغۇپ تۇرغان ئىمانىي تەسەۋۋۇر، ئىمانىي ھېس، ئىمانىي ئاڭ، ئىمانىي چۈشەنچە مۇشۇنىڭدىن ئىبارەتتۇر.

**********

## ئەقىدە رىشتىسى

وَإِذۡ جَعَلۡنَا ٱلۡبَيۡتَ مَثَابَةٗ لِّلنَّاسِ وَأَمۡنٗا وَٱتَّخِذُواْ مِن مَّقَامِ إِبۡرَٰهِـۧمَ مُصَلّٗىۖ وَعَهِدۡنَآ إِلَىٰٓ إِبۡرَٰهِـۧمَ وَإِسۡمَٰعِيلَ أَن طَهِّرَا بَيۡتِيَ لِلطَّآئِفِينَ وَٱلۡعَٰكِفِينَ وَٱلرُّكَّعِ ٱلسُّجُودِ ﴿١٢٥﴾

*بىز بۇ ئۆينى (يەنى كەئبىنى) كىشىلەر ئۈچۈن جەم بولىدىغان (مەركەز) ۋە ئامان جاي قىلىپ بەردۇق ھەممە كىشىلەرگە ھۆكۈم قىلىپ: «ئىبراھىم ئىبادەت ئۈچۈن تۇرغان جاينى (يەنى ماقامى ئىبراھىمنى) داۋاملىق نامازگاھ قىلىڭلار» دېدۇق. ئىبراھىم بىلەن ئىسمائىلغا، ئۆيۈمنى (يەنى كەئبەمنى) تاۋاپ قىلغۇچىلار ئۈچۈن، ئېتىكاپتا ئولتۇرغۇچىلار ئۈچۈن، رۇكۇ قىلغۇچىلار ئۈچۈن ۋە سەجدە قىلغۇچىلار ئۈچۈن پاك تۇتۇشنى بۇيرۇدۇق* [125].

مانا بۇ، ئاللاھنىڭ ئۆيىگە ئەمدىلىكتە قۇرەيشلەر مۇتەۋەللىلىك قىلماقتا، مۇسۇلمانلارغا تەھدىت سېلىپ، ھەر خىل قىيىن - قىستاقلار بىلەن زۇلۇم قىلماقتا ئىدى، پەقەت دىنى ۋە ئىمانى يۈزىسىدىنلا ھەر خىل ئازابلارغا دۇچار قىلىپ، مۇسۇلمانلارنى بەيتۇل ھەرەمنى تاشلاپ ھىجرەت قىلىشقا مەجبۇر قىلىۋاتماقتا ئىدى. ۋەھالەنكى، ئاللاھ ئۇ ئۆينى ئىنسانلارنىڭ جەم بولىدىغان ۋە ئۆزىنى ئامانلىق ئىچىدە ھېس قىلىدىغان مەركىزى قىلىشنى، ھەممەيلەن ئۇنىڭدىن تىنچلىق ۋە خاتىرجەملىك ھاسىل قىلىدىغان ئامانلىق سارىيى قىلىشنى خالىغان ئىدى.

ئاللاھ تائالا ماقامى ئىبراھىمنى ئىنسانلارنىڭ نامازگاھى قىلىشى ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈرگەن بولۇپ، ‹‹ماقامى ئىبراھىم›› دېگەن سۆزدە پۈتۈن يەيتۇللاھ كۆزدە تۇتۇلماقتا. بىز بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرىدە بۇ قاراشنى تېخىمۇ ئۈيغۇن كۆرىمىز. شۇڭلاشقا بۇ ئۆينىڭ ئىسلامنىڭ قىبلىسى بولۇشى ئىنتايىن مەنتىقىلىق بولۇپ، بۇنىڭغا ھېچ كىشى ئېتىراز بىلدۈرەلمەيدۇ. مۇسۇلمانلارغا نىسبەتەن ئەڭ مۇناسىپ قىبلە مۇشۇدۇر، چۈنكى ئىمان ۋە تەۋھىد مۇناسىۋىتى بىلەن پەقەت مۇسۇلمانلارلا ھەزرىتى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتى ۋە بىردىنبىر ۋارىسىدۇر. خانە كەبە پەقەتلا ئاللاھنىڭ ئۆيى بولۇپ، قانداقتۇر بىرەر ئىنساننىڭ ئۆيى ئەمەس. ئۇنىڭ خوجايىنى پەقەتلا ئاللاھ تائالادۇر. ئۇ ئۆز بەندىلىرىدىن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بىلەن ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنى تاللاپ، بەيتۇللاھنى رۇكۇ ۋە سەجدە قىلىش ئۈچۈن كېلىدىغان ياكى ئۇنىڭدا پاناھلىنىش ئۈچۈن ئامان جاي ئىزدەپ كېلىدىغان ياكى ھەج، ئۆمرە نىيىتى بىلەن كېلىدىغان ۋەياكى ئۆزى شۇ يەرگە يەرلىك ۋە ئۇنىڭدا ئېتىكاپ قىلىش مەقسىتىدە كېلىدىغان كىشىلەر ئۈچۈن پاك تۇتۇش ۋەزىپىسىنى تاپشۇرغان. بۇ ئۆي قانداقتۇر قۇرەيش خەلقىگە مىراس قالدىغانغا ئۇلارنىڭ ئەجدادى ئىبراھىم ۋە ئىسمائىل ئەلەيھىسسالاملارنىڭ شەخسىي مۈلكى ئەمەس. ئىبراھىم ۋە ئىسمائىل ئەلەيھىسسالاملار ئاللاھنىڭ ھۆكمىگە ئۇيغۇن شەكىلدە ئاللاھنى ئىزدەپ كەلگۈچى مۆئمىن بەندىلەرگە ھازىرلاش ئۈچۈن ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن شۇ يەرنىڭ خىزمەتچىلىرى بولۇپ بەلگىلەنگەن.

وَإِذۡ قَالَ إِبۡرَٰهِـۧمُ رَبِّ ٱجۡعَلۡ هَـٰذَا بَلَدًا ءَامِنٗا وَٱرۡزُقۡ أَهۡلَهُۥ مِنَ ٱلثَّمَرَٰتِ مَنۡ ءَامَنَ مِنۡهُم بِٱللَّهِ وَٱلۡيَوۡمِ ٱلۡأٓخِرِۖ قَالَ وَمَن كَفَرَ فَأُمَتِّعُهُۥ قَلِيلٗا ثُمَّ أَضۡطَرُّهُۥٓ إِلَىٰ عَذَابِ ٱلنَّارِۖ وَبِئۡسَ ٱلۡمَصِيرُ ﴿١٢٦﴾

*ئۆز ۋاقتىدا ئىبراھىم دۇئا قىلىپ: «پەرۋەردىگارىم! بۇ شەھەرنى ئامانلىق شەھىرى قىلىپ بەرگىن، ئاھالىسىدىن ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتقانلارنى تۈرلۈك مېۋىلەر بىلەن رىزىقلاندۇرغىن» دېدى. پەرۋەردىگارى ئۇنىڭغا جاۋابەن: «ئىمان ئېيتمىغانلارنىمۇ دۇنيادىكى بىر قانچە كۈنلۈك ھاياتنىڭ مەنپەئەتلىرىدىن بەھرىمەن قىلىمەن، ئەمما ئاخىرى ئۇلارنى دوزاخ ئازابى تەرەپكە سۆرەيمەن. ئۇ ناھايىتى يامان قارارگاھتۇر» دېدى*[126].

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ دۇئاسى بەيتۇللاھنىڭ ئامانلىق ماكانى ئىكەنلىكىنى قايتا يەنە بىر قېتىم تەكىتلىمەكتە. ئىسلامدا ۋارىسلىقنىڭ ياخشىلىقنى ۋە ئەخلاقىي پەزىلەتنى ئاساس قىلىدىغانلىقىنى قايتىدىن ئوچۇق چۈشەندۈرمەكتە. بۇ يەردە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بۇنىڭدىن ئىلگىرى ئۆزىگە قىلىنغان تەۋسىيەلەردىن تولۇق پايدىلانغان بولۇپ، ئاللاھنىڭ: «لَا يَنَالُ عَهۡدِي ٱلظَّـٰلِمِينَ» «*مېنىڭ ئەھدەم زالىملارغا تېگىشلىك ئەمەس*» دېگەن سۆزىنى قۇلىقىدا مەھكەم تۇتقان ئىدى. شۇڭا بۇ يەردە بۇ شەھەر ئاھالىسىنى تۈرلۈك مېۋىلەر بىلەن رىزىقلاندۇرۇش توغرۇلۇق ئاللاھقا قىلغان دۇئاسىدا ئالاھىدە دىققەت بىلەن مۇئامىلە قىلىپ، ئۆزىنىڭ كىملەرگە دۇئا قىلىۋاتقانلىقىنى ۋە ئاللاھتىن كىملەرنىڭ رىزىقلاندۇرۇلۇشىنى تىلەۋاتقانلىقىنى: «مَنۡ ءَامَنَ مِنۡهُم» «*ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتقانلارنى*» دېيىش ئارقىلىق ئوچۇق تىلغا ئالماقتا ۋە لاياقەتسىز كىشىلەرنى بۇ دۇئادىن مۇستەسنا تۇتماقتا.

شۈبھىسىزكى، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئىنتايىن ئاقكۆڭۈل، مېھرىبان، ئاللاھ سۆيەر كىشى بولۇپ، ئۇ ھەممە تەرەپتىن بۈرۈلۈپ، سىراتەل مۇستەقىمدە مۇستەھكەم ماڭىدىغان زات ئىدى. ئاللاھنىڭ بەرگەن ھەرقانداق بۇيرۇقىنى دەرھال ئىجرا قىلاتتى. دۇئا قىلغاندىمۇ ئاللاھ ئۆگەتكەن ئەدەپ - قائىدىلەرگە قاتتىق ئەھمىيەت بېرەتتى. بۇ يەردە ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ دۇئاسىغا جاۋاب قايتۇرۇپ، ئۇ دۇئادا تىلغا ئالمىغان كىشىلەر (يەنى كاپىرلار) ۋە ئۇلارنىڭ جەھەننەمگە ھەقلىق بولىدىغانلىقى ھەققىدە توختىلىپ: «وَمَن كَفَرَ فَأُمَتِّعُهُۥ قَلِيلٗا ثُمَّ أَضۡطَرُّهُۥٓ إِلَىٰ عَذَابِ ٱلنَّارِۖ وَبِئۡسَ ٱلۡمَصِيرُ» «*ئىمان ئېيتمىغانلارنىمۇ دۇنيادىكى بىر قانچە كۈنلۈك ھاياتنىڭ مەنپەئەتلىرىدىن بەھرىمەن قىلىمەن، ئەمما ئاخىرى ئۇلارنى دوزاخ ئازابى تەرەپكە سۆرەيمەن. ئۇ ناھايىتى يامان قارارگاھتۇر*» دەيدۇ.

**********

## بەيتۇللاھنىڭ ئاساسى

بۇنىڭدىن كېيىنكى ئايەت كەرىملەر ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بىلەن ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ بەيتۇللاھنى پاكلاپ، تاۋاپ قىلغۇچىلار، رۇكۇ قىلغۇچىلار ۋە سەجدە قىلغۇچىلار ئۈچۈن ھازىرلىشى ھەققىدىكى ئىلاھىي پەرمانىنى قانداق ئىجرا قىلىۋاتقانلىقىنى جانلىق بىر مەنزىرە شەكلىدە تەسۋىرلەپ بېرىدۇ. گويا كۆزلەر كۆرۈپ، قۇلاقلار ئاڭلاۋاتقاندەك بىر جانلىق مەنزىرىنى ئالدىمىزغا سۇنىدۇ. ئايەتتىكى ئىپادە ھېكايە شەكلىدە بولۇپ: «وَإِذْ يَرْفَعُ إِبْرَاهِيمُ الْقَوَاعِدَ مِنَ الْبَيْتِ وَإِسْمَاعِيلُ» «*ئېسلىگىلاركى، ئۆز ۋاقتىدا ئىبراھىم بىلەن ئىسمائىل كەبىنىڭ تېمىنى قوپۇرۇۋېتىپ*» دەپ ئۈچىنچى شەخس باش كېلىش بىلەن باشلىنىدۇ. بىز ھېكايىنىڭ داۋامىنى كۈتۈپ تۇرغىنىمىزدا، تۇيۇقسىزدىن بىزنىڭ تەسەۋۋۇر ئېكرانىمىزدا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بىلەن ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام كۆرۈنىۋاتقاندەك بىر ئەمەلىي تەسۋىر جانلىنىدۇ. بىز تەسەۋۋۇر ئەمەس، بەلكى ئەمەلى مەنزىرىنى كۆرىۋاتقاندەك، ئۇلار خۇددى كۆز ئالدىمىزدىلا تۇرغاندەك، ئۇلارنىڭ قەلبلەرنى زىلزىلىگە سالغۇچى دۇئالىرىنىڭ جاراڭلىق ساداسىنى قۇلىقىمىز بىلەن ئاڭلاۋاتقاندەك تۇيغۇغا كېلىمىز.

رَبَّنَا تَقَبَّلْ مِنَّا إِنَّكَ أَنتَ السَّمِيعُ الْعَلِيمُ ﴿١٢٧﴾ رَبَّنَا وَاجْعَلْنَا مُسْلِمَيْنِ لَكَ وَمِن ذُرِّيَّتِنَا أُمَّةً مُّسْلِمَةً لَّكَ وَأَرِنَا مَنَاسِكَنَا وَتُبْ عَلَيْنَا إِنَّكَ أَنتَ التَّوَّابُ الرَّحِيمُ ﴿١٢٨﴾

*ئى پەرۋەردىگارىمىز! بىزنىڭ بۇ خىزمىتىمىزنى قوبۇل قىلغىن، سەن ھەقىقەتەن (دۇئالارنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىسەن، ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىسەن. ئى پەرۋەردىگارىمىز! ئىككىمىزنى ئۆزۈڭگە مۇسۇلمان (ئىتائەتمەن) قىلغىن، بىزنىڭ ئەۋلادلىرىمىزدىنمۇ ئۆزۈڭگە مۇسۇلمان (ئىتائەتمەن) ئۈممەت چىقارغىن، بىزگە ھەججىمىزنىڭ قائىدىلىرىنى بىلدۈرگىن، يېتەرسىزلىكلىرىمىزنى ئەپۇ قىلغىن، چۈنكى سەن تەۋبىنى ناھايىتى قوبۇل قىلغۇچىسەن، ناھايىتى مېھرىبانسەن.*

دۇئا نەغمىسى، ئىلتىجا تەرەننۇمى، تىلەك ئاتموسفىراسى... بۇلارنىڭ ھەممىسى گويا ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا ئەمەلى بولۇۋاتقان ئىشتەك مۇئەييەن بىر شەكىلدە كۆز ئالدىمىزدا پەيدا بولىدۇ. مانا بۇ، قۇرئان كەرىمنىڭ ئۆزىگە خاس گۈزەل ئىپادىلىرىدىن بىرسى... قۇرئان كەرىم ئۆتۈپ كەتكەن ھەرقانداق ۋەقەلەرنى گويا نەخ كۆز ئالدىمىزدا كۆرىنىۋاتقاندەك، ھازىرنىڭ ئۆزىدە قۇلىقىمىزغا ئاڭلىنىپ تۇرىۋاتقاندەك، كىشىلەر بىلەن بىرلىكتە ھەرىكەت قىلىۋاتقاندەك جانلىق بىر مەنزىرە شەكلىدە ئوتتۇرىغا سۇنىدۇ. مانا بۇ، ئەڭ توغرا مەنىسى بىلەن ئېيتقاندا، مەڭگۈلۈك بولغان كىتابقا يارىشىملىق ئۆزگىچە ئەدەبىي تەسۋىر...

-- بۇ دۇئادا نېمىلەر بار؟

**- بۇ، پەيغەمبەرانە يالۋۇرۇش ئاداسى... پەيغەمبەرانە ئىمان... مەۋجۇدىيەت ئالەمىدىكى پەيغەمبىرانە ئاڭ، ئېتىقادنىڭ ئىپادىسى... قۇرئان كەرىم پەيغەمبەرنىڭ ۋارىسلىرىغا ئۆگىتىشنى خالايدىغان ئاڭ، ئىمان، ئەدەپلەردىن ئىبارەتتۇر... قۇرئان كەرىم قەلبلەرنىڭ تەكتىگە، ئىدىيىلەرنىڭ تەپەككۇر خەزىنىسىگە يەرلەشتۇرۇشنى خالايدىغان ئاساس، ئەركانلاردۇر.**

«رَبَّنَا تَقَبَّلْ مِنَّآ ۖ إِنَّكَ أَنتَ ٱلسَّمِيعُ ٱلْعَلِيمُ» *«ئى پەرۋەردىگارىمىز! بىزنىڭ بۇ خىزمىتىمىزنى قوبۇل قىلغىن، سەن ھەقىقەتەن (دۇئالارنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىسەن، ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىسەن»*.

**بۇ قوبۇللۇق ئىستىكى بولۇپ، ئۇقتىلىق غايىمۇ مۇشىنىڭدىنلا ئىبارەتتۇر... چۈنكى بۇ ئاللاھقىلا خالىس ئەمەل بولۇپ، ئەستايىدىللىق بىلەن ئاللاھقىلا مۇراجىئەت قىلىپ، بۇ ئارقىلىق پەقەتلا ئاللاھنىڭ رىزاسىنى ۋە قوبۇل قىلىشنى تىلىمەكتۇر... ئۇمىد شۇكى، ئاللاھ تائالا ھەر بىر دۇئا قىلغۇچىنىڭ دۇئاسىنى قوبۇل قىلىدۇ ھەمدە دۇئا قىلغۇچىنىڭ نىيىتىنى ۋە دۇئا قىلغان چاغدىكى پۈتۈن ھېسسىياتىنى بىلىپ تۇرىدۇ.**

«رَبَّنَا وَٱجْعَلْنَا مُسْلِمَيْنِ لَكَ وَمِن ذُرِّيَّتِنَآ أُمَّةً مُّسْلِمَةً لَّكَ وَأَرِنَا مَنَاسِكَنَا وَتُبْ عَلَيْنَآ ۖ إِنَّكَ أَنتَ ٱلتَّوَّابُ ٱلرَّحِيمُ»

*«ئى پەرۋەردىگارىمىز! ئىككىمىزنى ئۆزۈڭگە مۇسۇلمان (ئىتائەتمەن) قىلغىن، بىزنىڭ ئەۋلادلىرىمىزدىنمۇ ئۆزۈڭگە مۇسۇلمان (ئىتائەتمەن) ئۈممەت چىقارغىن، بىزگە ھەججىمىزنىڭ قائىدىلىرىنى بىلدۈرگىن، يېتەرسىزلىكلىرىمىزنى ئەپۇ قىلغىن، چۈنكى سەن تەۋبىنى ناھايىتى قوبۇل قىلغۇچىسەن، ناھايىتى مېھرىبانسەن»*.

**بۇ، ئىسلامنىڭ ھىدايىتىگە ئېرىشىش ئۈچۈن پەرۋەردىگارىدىن ئۇمىد قىلىۋاتقان ياردەم تىلىكىدۇر. بۇ، قەلبلىرىنىڭ ئاللاھنىڭ ئىككى بارمىقى ئارىسىدا ئىكەنلىكىنى بىلىش ئېڭىدۇر. بۇ، ھىدايەتنىڭ پەقەتلا ئاللاھنىڭ قولىدا ئىكەنلىكىنى، ئۇ تەۋپىق قىلمىسا، ھېچ كىشىنىڭ ھىدايەت تاپالمايدىغانلىقىنى تونۇشتۇر. شۇڭا ھەر ئىككەيلەن ئاللاھقىلا يۈزلەنگەن... ئاللاھقىلا مايىل بولۇپ، ئاللاھتىنلا تىلىگەن.... شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ئەڭ ياخشى مەدەتكاردۇر.**

**بۇ دۇئا يەنە ئىسلام ئۈممىتىنىڭ ئۆزگىچە خاراكتېرلىرىنىمۇ نامايەن قىلىپ بېرىدۇ. ئۆزئارا ھەمكارلىقنى، يەنى ئېتىقادىي ھەمكارلىقنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.** «وَمِن ذُرِّيَّتِنَآ أُمَّةً مُّسْلِمَةً لَّكَ» *«بىزنىڭ ئەۋلادلىرىمىزدىنمۇ ئۆزۈڭگە مۇسۇلمان (ئىتائەتمەن) ئۈممەت چىقارغىن»*.

**بۇ شۇنداق دۇئاكى، ئۇ مۆمىننىڭ قەلبىدىكى خەۋپسىرەش تۇيغۇسىنى يوققا چىقىرىدۇ. ئەقىدە، ئېتىقادنىڭ مۆئمىنگە نىسبەتەن ھەممىدىن سۆيۈملۈك، بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان پائالىيەت ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. دەرۋەقە، ئىبراھىم ۋە ئىسمائىل**

ئەلەيھىسسالاملارغا ئۆزلىرىگە بېرىلگەن ئىمان، ئېتىقاد بايلىقىنىڭ نەقەدەر قىممەتلىك ئىكەنلىكى ئايدىڭ ئىدى. بۇ مۇھىم بايلىققا بولغان ئىستەك ئۇلارنى ئۆزىنىڭ كەلگۈسى ئەۋلاتلىرى ئۈچۈنمۇ شۇنى تىلەشكە مەجبۇر قىلغان ئىدى. شۇڭا ئۇلار ئۆز پەرۋەردىگارىغا دۇئا قىلىپ، ئەۋلاتلىرىغا مول رىزىق بېرىشنى، شۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە، ئىمان بايلىقىدىنمۇ مەھرۇم قىلماسلىقنى تىلىگەن ئىدى. ھەمدە يەنە ئۆز ئەۋلاتلىرىغا ھەج قائىدىلىرىنىڭ تەلىم بېرىلىشىنىمۇ، ئىبادەت ئەركانلىرىنىڭ ئۆگىتىلىشىنىمۇ تىلىگەن ئىدى. چۈنكى تەۋبىلەرنى قوبۇل قىلغۇچى ۋە ئەڭ مەغپىرەتلىك رەھىم قىلغۇچى دەل ئاللاھ تائالادۇر.

ئاندىن ئۇلار يەنە يىراق كەلگۈسىگە قەدەر ئەۋلاتلىرىنىڭ ھىدايەت تېپىشىغا ئاللاھنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇش قىلىپ بېرىشىنىمۇ تىلەپ: رَبَّنَا وَٱبۡعَثۡ فِيهِمۡ رَسُولاً مِّنۡهُمۡ يَتۡلُواْ عَلَيۡهِمۡ ءَايَـٰتِكَ وَيُعَلِّمُهُمُ ٱلۡكِتَـٰبَ وَٱلۡحِكۡمَةَ وَيُزَكِّيهِمۡ ۚ إِنَّكَ أَنتَ ٱلۡعَزِيزُ ٱلۡحَكِيمُ ﴿١٢٩﴾ «*ئى پەرۋەردىگارىمىز! ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ئايەتلىرىڭنى ئۇلارغا تىلاۋەت قىلىپ بېرىدىغان، كىتاب ۋە ھېكمەتتىن تەلىم بېرىدىغان ئۇلارنىڭ ھاياتىنى پاكلايدىغان بىر پەيغەمبەر ئەۋەتكىن، سەن ھەقىقەتەن قۇدرەتلىك، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىسەن*» دەپ دۇئا قىلىدۇ.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بىلەن ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ دۇئاسىنىڭ قوبۇل قىلىنىشى نەتىجىسىدە، شۇنىڭدىن ئەسىرلەر كېيىن، ئۇلارنىڭ نەسلىدىن مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى تىلاۋەت قىلىپ بېرىدىغان، كىتابتىن ۋە ھېكمەتتىن دەرس بېرىدىغان، ھەر تۈرلۈك ناپاكلىقلاردىن پاكلايدىغان پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلىدۇ. شەكسىزكى، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا خالىس قىلىنغان دۇئالار ھەرقانداق چاغدا قوبۇل بولىدۇ. بىراق ئۇنىڭ نامايەن بولىدىغان ۋاقتى ئاللاھ تائالانىڭ مۇتلەق ھېكمىتىگە باغلىق بولىدۇ. كۆپىنچە كىشىلەر ئالدىراڭغۇلۇققا ئادەتلىنىپ قالغان بولۇپ، ھەممە ئىشنىڭ دەرھال بولۇشىنى ئارزۇ قىلىدۇ، ئاندىن مەقسىتىگە يېتەلمەي ئۈمىتسىزلىنىشكە باشلايدۇ.

سۈرە بەقەرەدىكى بۇ دۇئا نازىل بولۇۋاتقان چاغلاردا، يەھۇدىيلار بىلەن مۇسۇلمانلار ئارىسىدا كەڭ كۆلەملىك كەسكىن كۈرەش داۋام قىلىۋاتقان بولۇپ، دەل شۇنداق ۋەزىيەتتە بۇ دۇئانىڭ ئىچىدە ئىنتايىن مۇھىم ئىشارىلەر يەر ئالغان. ئۇ بولسىمۇ، بەيتۇللاھنى ئىبادەتگويلار ئۈچۈن، زىيارەت قىلغۇچىلار ئۈچۈن ۋە شۇ يەردە تۇرغۇچىلار ئۈچۈن پاكىز، ئاسايىشلىق قىلىشقا بۇيرۇلغان ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بىلەن ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەسلىدە كەبىنىڭ ھازىرقى مۇتەۋەللىيلىكىنى قىلىۋاتقان قۇرەيش قەبىلىسىنىڭ ئەجدادى ئىكەنلىكىدۇر. ئۇلار ئۆز دۇئالىرىدا: «رَبَّنَا وَٱبۡعَثۡ فِيهِمۡ رَسُولاً مِّنۡهُمۡ يَتۡلُواْ عَلَيۡهِمۡ ءَايَـٰتِكَ وَيُعَلِّمُهُمُ ٱلۡكِتَـٰبَ وَٱلۡحِكۡمَةَ وَيُزَكِّيهِمۡ ۚ إِنَّكَ أَنتَ ٱلۡعَزِيزُ ٱلۡحَكِيمُ ﴿١٢٩﴾» «*ئى پەرۋەردىگارىمىز! ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ئايەتلىرىڭنى ئۇلارغا تىلاۋەت قىلىپ بېرىدىغان، كىتاب ۋە ھېكمەتتىن تەلىم بېرىدىغان ئۇلارنىڭ ھاياتىنى*

*باكلايدىغان بىر پەيغەمبەر ئەۋەتكىن، سەن ھەقىقەتەن قۇدرەتلىك، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىسەن»* دېگەن بولۇپ، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بىلەن ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ دۇئاسىدا بەيتۇللاھنىڭ خىزمىتىگە ۋە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋارىسلىقىغا ئىسلام ئۇممىتىنىڭ تاللىنىشى تىلەنمەكتە ئىدى. شۇڭا ئىسلام ئۇممىتىنىڭ قىبلىسى بولغان بەيتۇللاھ مۇشرىكلاردىنمۇ بەك ئىمان ئەھلىگە لايىق بولۇپ، يەھۇدىيلار بىلەن خىرىستىئانلارنىڭ قىبلىسىگە يۈز كەلتۈرگەندىن كۆرە كەبىگە يۈز كەلتۈرۈش تېخىمۇ مۇناسىپ بولغان بولاتتى.

ئەمدى يەھۇدىيلار بىلەن خىرىستىئانلاردىن ئۆزىنىڭ ھىدايەتتە ئىكەنلىكىنى دەۋا قىلىدىغانلار ۋە ئۆز دىنىنى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىغا چېتىۋېلىپ: «بىز ئىبراھىم ئۇممىتىنىڭ ۋارىسلىرى ۋە ئىزباسارلىرىمىز» دەۋالىدىغانلار، شۇنداقلا قۇرەيش قەبىلىسىدىنمۇ ئۆز نەسەبىنى ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامغا مەنسۇپ قىلىۋالىدىغانلار شۇنى ياخشى ئاڭلاپ قويۇشى لازىمكى، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بۇ پېشۋالىق ئامانىتىنى، بۇ رەھبەرلىك سەلتەنىتىنى ئۆز ئەۋلاتلىرى ئۈچۈنمۇ تىلىگەن چاغدا، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا: «لَا يَنَالُ عَهۡدِي ٱلظَّٰلِمِينَ» *«مېنىڭ ئەھدەم زالىملارغا تېگىشلىك ئەمەس»* دەپ جاۋاب قايتۇردى. ئاندىن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام مەككە ئەھلىنىڭ رىزقىنىڭ مول بولۇشىغا دۇئا قىلغان چاغدا بولسا: «مَنۡ ءَامَنَ مِنۡهُم» *«ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتقانلارنى»* دەپ تىلىدى. ھەمدە يەنە كەبىنىڭ تېمىنى قوپۇرىۋاتقان ۋە ئۇ جاينى پاكىزلاۋاتقان چاغدا، ئۆزلىرىنىڭمۇ ئاللاھقا ئىتائەتمەن مۇسۇلمان بولۇشىنى ۋە كېيىنكى نەسىللىرىدىنمۇ مۇسۇلمان ئۇممەت چىقىرىشىنى، ئاللاھنىڭ ئۆيىگە ئىگىدارچىلىق قىلغۇچىلارنىڭ ئىچىگىمۇ بىر پەيغەمبەر ئەۋەتىلىشىنى تىلىدى. ئاللاھ ئۇلارنىڭ دۇئاسىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇلارنىڭ نەسلىدىن ۋە ئاللاھنىڭ ئۆيىگە ئىگىدارچىلىق قىلغۇچىلار ئارىسىدىن ئابدۇللاھنىڭ ئوغلى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى ئەۋەتىپ، بۇ كاتتا پەيغەمبەرنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئىسلام ئۇممىتىنى يېڭى باشتىن ۋۇجۇتقا كەلتۈردى ۋە بۇ ئېتىقادىي مىراسنىڭ ۋارىسلىقىنى داۋاملاشتۇردى.

## ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇممىتى

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام قىسسىسىنىڭ بۇ بۆلۈمدە ئايەتنىڭ يۆنىلىشى ئىسلام ئۇممىتىنىڭ ئامانەتكە ھەقلىق ئىكەنلىكىگە، رەھبەرلىكىگە ۋە ئۈستۈنلىكىگە قارشى تۇرۇۋاتقان ھەمدە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە جەڭ ئېلان قىلىۋاتقان،

شۇنداقلا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئىسلامنىڭ ئەسلى ماھىيىتى ۋە ھەقىقىتى ئۈستىدە بەس - مۇنازىرە قىلىشىۋاتقان كىشىلەرگە يۆتكىلىدۇ.

وَمَن يَرۡغَبُ عَن مِّلَّةِ إِبۡرَٰهِـۧمَ إِلَّا مَن سَفِهَ نَفۡسَهُۥۚ وَلَقَدِ ٱصۡطَفَيۡنَٰهُ فِي ٱلدُّنۡيَاۖ وَإِنَّهُۥ فِي ٱلۡأٓخِرَةِ لَمِنَ ٱلصَّٰلِحِينَ ﴿١٣٠﴾ إِذۡ قَالَ لَهُۥ رَبُّهُۥٓ أَسۡلِمۡۖ قَالَ أَسۡلَمۡتُ لِرَبِّ ٱلۡعَٰلَمِينَ ﴿١٣١﴾ وَوَصَّىٰ بِهَآ إِبۡرَٰهِـۧمُ بَنِيهِ وَيَعۡقُوبُ يَٰبَنِيَّ إِنَّ ٱللَّهَ ٱصۡطَفَىٰ لَكُمُ ٱلدِّينَ فَلَا تَمُوتُنَّ إِلَّا وَأَنتُم مُّسۡلِمُونَ ﴿١٣٢﴾

*ئۆزىنى جاھالەت ۋە ھاماقەتلىككە مۇپتىلا بولغانلاردىن باشقا كىمنىڭ ئىبراھىمنىڭ دىنىدىن يۈز ئۆرۈيدۇ؟ ئىبراھىم بولسا، بىز دۇنيادىكى ئىشلىرىمىز ئۈچۈن ئەلچىلىككە تاللىغان كىشىدۇر. ئۇ ئاخىرەتتە چوقۇم ياخشىلار قاتارىدا بولىدۇ[130]. ئۆز ۋاقتىدا پەرۋەردىگارى ئۇنىڭغا: «مۇسۇلمان (يەنى ئىتائەت قىلغۇچى) بول» دېگەندە، ئۇ دەرھال: «ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىغا مۇسۇلمان (ئىتائەتمەن) بولدۇم» دېدى[131]. ئۇ ئۆز ئەۋلادلىرىنى مۇشۇ يولغا مېڭىشقا بۇيرۇدى، يەنە ئۇ ۋە يەئقۇبمۇ ئۆز ئەۋلادلىرىغا شۇ ۋەسىيەتنى قىلدى. ئۇ: «ئى ئوغۇللىرىم! ئاللاھ سىلەرگە مۇشۇ دىننى تاللىدى، شۇڭا سىلەر ئۆلگەندىمۇ پەقەت مۇسۇلمان بولغان پېتى ئۆلۈڭلار» دېدى[132].*

مانا بۇ، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتىدۇر. مانا بۇ، خالىس دىن، روشەن ئىسلام، ئىتائەتمەنلىكتۇر. بۇنىڭدىن پەقەت ئۆز - ئۆزىگە زۇلۇم قىلىدىغان كىشىلا يىراقلىشىدۇ. ئۆز - ئۆزىنى ھالاك قىلماقچى بولغان ھاماقەت ئادەملا ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈيدۇ. ئاللاھ دۇنيادا پېشىۋا، ئاخىرەتتە سالىھ كىشىلەردىن قىلىپ تاللىغان ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام مۇشۇ دىننى سۆيگەن. ئاللاھ ئۇنىڭغا: «*مۇسۇلمان (يەنى ئىتائەت قىلغۇچى) بول*» دېگەندە، ئۇ ھېچ تەمتىرىمەستىن ياكى قىلچە ئىككىلەنمەستىن: «أَسۡلَمۡتُ لِرَبِّ ٱلۡعَٰلَمِينَ» «*ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىغا مۇسۇلمان (ئىتائەتمەن) بولدۇم*» دېگەن.

مانا بۇ، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ يولى، خالىس ئىسلامى ۋە روشەن دىنى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بۇ دىننى يالغۇز ئۆزى ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن ئەۋلادلىرى ئۈچۈن تاللىغان ھەم ئۆز ئەۋلادلىرىغىمۇ ئۇنى قوبۇل قىلىشنى نەسىھەت قىلغان. ياقۇب ئەلەيھىسسالاممۇ ئۆز ئەۋلادلىرىغا ئەشۇ دىننى ۋەسىيەت قىلغان. بۇ يەردە شۇنى ئەستىن چىقارماسلىق لازىمكى، ياقۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ يەنە بىر ئىسمى ئىسرائىل بولۇپ، يەھۇدىيلار ئۆز نەسەبىنى ئۇنىڭغا مەنسۇپ قىلىدۇ، بىراق ئۇنىڭ ۋەسىيىتىگە ئۇنىمايدۇ. ئۆزىنىڭ ئەڭ كاتتا بوۋىسىنىڭ ۋەسىيىتىنى ئىشقا ئاشۇرمايدۇ. ھالبۇكى، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالاممۇ، ياقۇب ئەلەيھىسسالاممۇ ئاللاھنىڭ مۇشۇ دىننى ياقتۇرغانلىقىنى ئۆز ئەۋلادلىرىغا ئوخشاشلا ئالاھىدە ئەسكەرتىپ: «يَٰبَنِيَّ إِنَّ ٱللَّهَ ٱصۡطَفَىٰ لَكُمُ ٱلدِّينَ» «*ئى ئوغۇللىرىم! ئاللاھ سىلەرگە مۇشۇ دىننى تاللىدى*» دېگەن ئىدى.

مانا بۇ، ئاللاھنىڭ ياقتۇرغىنى بولۇپ، ئاللاھنىڭ ياقتۇرۇشىدىن كېيىن دىن ئىشىدا ئىنسانلارنىڭ ياقتۇرۇش ۋە ياللاش ھوقۇقى بولمايدۇ. ئاللاھنىڭ ئاتا قىلغان پەزىلىتى ۋە نېمىتىگە جاۋابەن بەندىلەرنىڭ ئادا قىلىدىغان ۋەزىپىسى ئاللاھنىڭ ئۇلارنى بۇ نېمەتكە لايىق كۆرگىنى ئۈچۈن چەكسىز شۈكرى قىلىش ھەمدە ئۇنىڭ ھۆكمىگە قەتئىي رىئايە قىلىپ، ئاللاھنىڭ زېمىنىنىڭ ئىسلام ئۇممىتىدىن خالى بولماسلىقى ئۈچۈن ۋە يەر يۈزىدە ھەردائىم ئاللاھ سۆيەرلىك ھەرىكىتىنىڭ داۋام قىلىشى ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى لازىم.

«فَلَا تَمُوتُنَّ إِلَّا وَأَنتُم مُّسۡلِمُونَ» «سىلەر ئۆلگەندىمۇ، پەقەت مۇسۇلمان بولغان پېتى ئۆلۈڭلار»

مانا بۇ، شۇنچە ئەسىرلەردىن كېيىنكى تەييار پۇرسەت. ئەمدى سىلەرنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىدىغان ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىمۇ كېلىپ بولدى. ئۇنىڭ كېلىشى سىلەرنىڭ ئۇلۇغ بوۋاڭلار ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ قىلغان دۇئاسىنىڭ ئىجابەت بولغانلىقىدۇر.

مانا بۇ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋە ياقۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆز ئەۋلاتلىرىغا قىلغان ۋەسىيىتى بولۇپ، ياقۇب ئەلەيھىسسالام ئۇنى ھەتتا ھاياتىنىڭ ئاخىرقى مىنۇتلىرىغا قەدەر بالىلىرىغا تەكىتلەپ تۇرغان ئىدى. ئۇنىڭغا بولغان قىزغىنلىقى شۇ دەرىجىگە يەتكەنكى، ھەتتا سەكراتتىكى چاغدىمۇ ئۇنى ئەستىن چىقارمىغان ئىدى. بەنى ئىسرائىل قەۋمى بۇ ھەقتە تۈزۈك ئويلىنىپ كۆرۈشى لازىم.

أَمۡ كُنتُمۡ شُهَدَآءَ إِذۡ حَضَرَ يَعۡقُوبَ ٱلۡمَوۡتُ إِذۡ قَالَ لِبَنِيهِ مَا تَعۡبُدُونَ مِنۢ بَعۡدِى قَالُواْ نَعۡبُدُ إِلَـٰهَكَ وَإِلَـٰهَ ءَابَآئِكَ إِبۡرَٰهِـۧمَ وَإِسۡمَـٰعِيلَ وَإِسۡحَـٰقَ إِلَـٰهًا وَٲحِدًا وَنَحۡنُ لَهُۥ مُسۡلِمُونَ ﴿١٣٣﴾

*ئەجەبا يەئقۇب جان ئۈزۈۋاتقان ۋاقىتتا سىلەر يېنىدا بارمىدىڭلار؟ شۇ چاغدا يەئقۇب ئوغۇللىرىدىن: «مەن ئۆلگەندىن كېيىن سىلەر كىمگە بەندىچىلىك قىلىسىلەر؟» دەپ سورىدى. ئۇلار: «سېنىڭ ئىلاھىڭ بولغان ۋە ئاتا-بوۋىلىرىڭ ــ ئىبراھىم، ئىسمائىل، ئىسھاقلارنىڭمۇ ئىلاھى بولغان بىر ئاللاھقىلا بەندىچىلىك قىلىمىز، بىز ئۇنىڭغىلا مۇسۇلمان (ئىتائەتمەن) بولىمىز» دېدى*[133].

سەكراتتىكى ياقۇب ئەلەيھىسسالام بىلەن ئوغۇللىرىنىڭ سۆھبەتلىرىنى ئەينەن كۆرسىتىپ بېرىۋاتقان بۇ مەنزىرە، ئىنتايىن ئېسىل نەسىھەت، ساۋاقلارغا تولغان تەسىرلىك كۆرۈنۈش بولۇپ، ئۇنىڭ ئۆلۈم ئالدىدىكى ئىددىيىۋىي تۈيغۇلىرىنى ئىپادىلەپ بەرمەكتە. گەرچە ھاياتىنىڭ ئاخىرقى مىنۇتلىرىدا تۇرىۋاتقان بولسىمۇ، يەنىلا ئۇنىڭ قەلب - ئىددىيىسىدە قانداق سۆيگۈنىڭ جەۋلان قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىپ بەرمەكتە.

-- ئۆلۈم ئالدىدا ئۇنى شۇنچە جىددىيلەشتۈرىۋاتقىنى زادى قانداق چوڭ مەسىلە ئىدى؟ ئۆزىدىن كېيىنكى ئەۋلاتلىرىغا قالدۇرىۋاتقىنى ۋە قاتتىق تاپىلاۋاتقىنى زادى قانداق ئامانەت ئىدى؟ ھەممەيلەننىڭ ئالدىدا تەپسىلى توختىلىپ، ئامانەت قالدۇرىۋاتقان مىراسى نېمىلەردىن ئىبارەت ئىدى؟

-- بۇ دەل ئېتىقاد ئامانىتىدۇر. قالدۇرغان مىراسى ۋە تاپشۇرغان ئامانىتى دىنىدىنلا ئىبارەتتۇر. ئەڭ ئۇلۇغ مەنبە... ئەڭ بۈيۈك خەزىنە... ئەڭ مۇھىم مەسىلە... شۇنچە پەۋقۇلئاددە شارائىتتىمۇ ئۇنى ئەڭ كۆپ مەشغۇل قىلىۋاتقان نەرسە... مانا بۇ، ئۆلۈم ھالىسىزلىقى بىلەن ئۆلۈم بېھۇشلىقىمۇ توسالغۇ بولالمىغان ئەڭ كاتتا مىراس...

«مَا تَعْبُدُونَ مِنْ بَعْدِى» «مەن ئۆلگەندىن كېيىن سىلەر كىمگە ئىبادەت قىلىسىلەر؟» مەن سىلەرنى مانا بۇ ئۇلۇغ مەسىلىنى سوراش ئۈچۈن چاقىردىم. بۇ مۇھىم مەسىلىدە سىلەردىن كۆڭلۈم تىنىغۇدەك جاۋاب ئېلىشنى خالايمەن. مانا بۇ، مېنىڭ سىلەرگە قالدۇرغان ئۇلۇغ مىراسىم... مۇقەددەس ئامانىتىم... تۈگىمەس خەزىنەم....

«قَالُواْ نَعْبُدُ إِلَـٰهَكَ وَإِلَـٰهَ ءَابَآئِكَ إِبْرَٰهِـۧمَ وَإِسْمَـٰعِيلَ وَإِسْحَـٰقَ إِلَـٰهًا وَٰحِدًا وَنَحْنُ لَهُۥ مُسْلِمُونَ» «ئۇلار: "سېنىڭ ئىلاھىڭ بولغان ۋە ئاتا- بوۋىلىرىڭ ـ ئىبراھىم، ئىسمائىل، ئىسھاقلارنىڭمۇ ئىلاھى بولغان بىر ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىمىز، بىز ئۇنىڭغىلا مۇسۇلمان (ئىتائەتمەن) بولىمىز" دېدى».

ئۇلار ئۆز دىنىنى ئەسلىدىنلا بىلىپ يەتكەن ئىدى. تاپشۇرۇپ ئالغان مىراسنى مۇھاپىزەت قىلالايتتى. سەكراتتىكى دادىسىنى مەمنۇن قىلىپ، ئارام تاپقۇزىدىغان ۋەزىپىلىرىنى ئورۇنداشقا بەل باغلاپ بولغان ئىدى.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆز ئەۋلادلىرىغا قىلغان ۋەسىيىتى ياقۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادلىرى ئۈچۈنمۇ زور ئەھمىيەتلىك ئىدى. شۇڭا ئۇلار ھەردائىم ئۆزلىرىنىڭ مۇسۇلمان ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىپ كەلگەن ئىدى. قۇرئان كەرىم بۇ يەردە بەنى ئىسرائىل قەۋمىدىن: «أَمْ كُنتُمْ شُهَدَآءَ إِذْ حَضَرَ يَعْقُوبَ ٱلْمَوْتُ» «ئەجەبا يەئقۇب جان ئۈزۈۋاتقان ۋاقىتدا سىلەر يېنىدا بارمىدىڭلار؟» دەپ سورايدۇ.

قۇرئان كەرىم شۇنداق بىر ۋەقەنىڭ بولغانلىقىغا گۇۋاھلىق بېرىدۇ ۋە ئۇنى تەكىتلەيدۇ. شۇنداق قىلىپ، قۇرئان يەھۇدىيلارنىڭ پۈتۈن يالغان ھىلە - نەيرەڭلىرىنىڭ يۈزىدىكى پەردىنى ئېچىپ تاشلايدۇ. يەھۇدىيلارنىڭ ئەمدىلىكتە ئەڭ كاتتا بوۋىسى بولغان ئىسرائىل (يەنى ياقۇب) ئەلەيھىسسالام بىلەن ھېچ قانداق ئېتىقادى ۋە روھاني باغلىنىشلىقى قالمىغانلىقىنى قارارلاشتۇرىدۇ.

*************

## دىن بىرلىگى

بۇ ئىپادىنىڭ نۇرى ئاستىدا ئۆتمۈشتىكى ئۇ ئۇممەت بىلەن بۇ نەسىل ئارىسىدىكى قەتئىي چېگرىلارنىڭ پۈتۈن تەپسىلاتى ئوتتۇرىغا تۆكۈلىدۇ. بۇ ئىپادىدە ئۆتمۈشتىكىلەر بىلەن ھازىرقىلارنىڭ ھېچ قانداق باغلىنىشلىقى قالمىغانلىقى، ئوتتۇرىدا تۇغقانلىق ۋە ۋارىسلىق رىشتىسىنىڭ مەۋجۇت بولۇشى قەتئى مۇمكىن ئەمەسلىكى ئوچۇق بايان قىلىنىدۇ.

تِلۡكَ أُمَّةٞ قَدۡ خَلَتۡۖ لَهَا مَا كَسَبَتۡ وَلَكُم مَّا كَسَبۡتُمۡۖ وَلَا تُسۡـَٔلُونَ عَمَّا كَانُواْ يَعۡمَلُونَ ﴿١٣٤﴾

*ئۇلار ئىلگىرى ئۆتكەن كىشىلەر ئىدى، ئۇلارنىڭ تاپاۋەتلىرى ئۆزلىرى ئۈچۈندۇر، سىلەرنىڭ تاپاۋەتلىرىڭلارمۇ ئۆزەڭلار ئۈچۈندۇر، سىلەردىن ئۇلارنىڭ نېمە ئىش قىلغانلىقى سورۇلۇشتا قىلىنمايدۇ*[134].

ھەر ئادەم ئۆز ھېساۋىنى ئۆزى بېرىدۇ. ھەممە ئادەمنىڭ ئۆز يولى، ئۆز ئۇنۋانى، ئۆز خۇسۇسىيەتلىرى بولىدۇ. ئىلگىرىكىلەر بىر مۆئمىن جامائەت بولۇپ، كېيىنكى پاسىقلارنىڭ ئۇلار بىلەن ھېچقانداق باغلىنىشلىقى بولمايدۇ. كېيىنكى لاياقەتسىزلەر ھەرگىزمۇ ئىلگىرىكىلەرنىڭ داۋامى ئەمەس. ئۇلار ئايرىم تەبىقە، بۇلار ئايرىم تەبىقە. بۇلارنىڭ بايرىقى باشقا، ئۇلارنىڭمۇ بايرىقى باشقا. ئۇلارنىڭ ئىمانغا باغلانغان تەپەككۇر ئەندىزىسى باشقا، بۇلارنىڭ جاھالەتنى ئاساس قىلغان چۈشەنچە تەرزى باشقا. جاھىلىيەت چۈشەنچىسىدە، بىر جامائەت بىلەن يەنە بىر جامائەتنىڭ ۋە بىر دەۋر بىلەن يەنە بىر دەۋرنىڭ پەرقى ئايرىلمايدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ چۈشەنچىسىگە كۆرە، ناۋادا ئىككى جامائەت ئوتتۇرىسىدا ئىرقى رىشتە ۋە نەسەب بىرلىكى مەۋجۇت بولسىلا، ئىككىلىسى ئوخشاش بىرلا جامائەت، بىرلا جەمئىيەت ھېسابلىنىۋېرىدۇ. بىراق ئىسلام چۈشەنچىسىدە، مۆئمىنلەر جامائىتى بىلەن پاسىقلار جامائىتى چوقۇم بىر - بىرىدىن ئايرىلىپ تۇرىدۇ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھېچقانداق باغلىنىش، ھېچقانداق مۇناسىۋەت بولمايدۇ، نە ئۇلار بىرلىشىپ بىر ئۇممەتمۇ بولالمايدۇ. ئاللاھنىڭ ئۆلچىمىدىمۇ بۇ ھەرئىككىسى ئايرىم - ئايرىم ئۇممەت ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا مۆئمىننىڭ قىممەت قارىشىغا بىنائەن بۇ ئىككىسى پەرقلىق، بىر - بىرىگە زىت. ئىسلامنىڭ تەسەۋۋۇرىغا كۆرە، جىسمانىي نۇقتىدىن مەيلى قانداق رەڭ، قانداق رايون ۋە قانداق ئىرققا تەۋە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئوخشاش بىرلا ئېتىقاد، بىرلا ئەقىدىگە ئىمان كەلتۈرگەن كىشىلەر بىر ئۇممەتتۇر. ئىسلام جامائىتىنىڭ مۇناسىۋىتى بىرەر رايون، بىرەر مىللەت نەسلىگە باغلىنىشلىق ئەمەس. ئىسلام ئېتىقادى ئۆز ئاساسىنى يۈكسەك روھانىيەت ئۈستىگە قۇرۇپ چىقىدۇ. ھەرگىزمۇ پەسكەش ماددى مۇناسىۋەتلەرنى ئاساس قىلمايدۇ.

قۇرئان كەرىم ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام دەۋرىدىكى تارىخىي ۋەقەلەرنى، مۇسۇلمانلارنىڭ قىبلىسى ۋە كەبىنىڭ ھېكايىسىنى ھەمدە ئىسلام قانۇنىنىڭ ماھىيىتى ۋە ۋارىسلىق تەسەۋۋۇرىنىڭ ھەقىقىتىنى بايان قىلىش جەريانىدا ھازىرقى دەۋر ئەھلى كىتابلىرىنىڭ پۈچەك

دەۋالىرى ئۈستىدىمۇ توختىلىدۇ. ئۇلارنىڭ خاتا قاراشلىرى، ئاساسسىز دەلىللىرى ۋە مەنتىقسىز مۇنازىرىلىرىگە رەددىيە بېرىدۇ. ئۇلارنىڭ پۈتۈن تەسەۋۋۇرلىرىنىڭ پاكىت جەھەتتىن پۈتۈنلەي پۇچەكلىكىنى، پەقەتلا ئۆچ - ئاداۋەتنى ئاساس قىلغانلىقىنى، ئۆز مۇددىئالىرى توغرۇلۇق ھېچ بىر پاكىت كۆرسىتەلمەيدىغانلىقىنى ئاشكارىلاپ بېرىدۇ. شۇنداق قىلىپ، قۇرئان كەرىم ئىسلام ئېتىقادىنىڭ تېخىمۇ تەبىئىي، ئەقىلگە ئۇيغۇن ئېتىقاد ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭدىن پەقەت ھەسەتخور ئۆچمەن مىجەزلىك كىشىنىڭلا يۈز ئۆرۈيدىغانلىقىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بېرىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

وَقَالُواْ كُونُواْ هُودًا أَوْ نَصَـٰرَىٰ تَهْتَدُواْ ۗ قُلْ بَلْ مِلَّةَ إِبْرَٰهِـۧمَ حَنِيفًا ۖ وَمَا كَانَ مِنَ ٱلْمُشْرِكِينَ
﴿١٣٥﴾ قُولُوٓاْ ءَامَنَّا بِٱللَّهِ وَمَآ أُنزِلَ إِلَيْنَا وَمَآ أُنزِلَ إِلَىٰٓ إِبْرَٰهِـۧمَ وَإِسْمَـٰعِيلَ وَإِسْحَـٰقَ وَيَعْقُوبَ
وَٱلْأَسْبَاطِ وَمَآ أُوتِىَ مُوسَىٰ وَعِيسَىٰ وَمَآ أُوتِىَ ٱلنَّبِيُّونَ مِن رَّبِّهِمْ لَا نُفَرِّقُ بَيْنَ أَحَدٍ مِّنْهُمْ وَنَحْنُ
لَهُۥ مُسْلِمُونَ ﴿١٣٦﴾ فَإِنْ ءَامَنُواْ بِمِثْلِ مَآ ءَامَنتُم بِهِۦ فَقَدِ ٱهْتَدَواْ ۖ وَّإِن تَوَلَّوْاْ فَإِنَّمَا هُمْ فِى شِقَاقٍ ۖ
فَسَيَكْفِيكَهُمُ ٱللَّهُ ۚ وَهُوَ ٱلسَّمِيعُ ٱلْعَلِيمُ ﴿١٣٧﴾ صِبْغَةَ ٱللَّهِ ۖ وَمَنْ أَحْسَنُ مِنَ ٱللَّهِ صِبْغَةً ۖ وَنَحْنُ
لَهُۥ عَـٰبِدُونَ ﴿١٣٨﴾ قُلْ أَتُحَآجُّونَنَا فِى ٱللَّهِ وَهُوَ رَبُّنَا وَرَبُّكُمْ وَلَنَآ أَعْمَـٰلُنَا وَلَكُمْ أَعْمَـٰلُكُمْ وَنَحْنُ
لَهُۥ مُخْلِصُونَ ﴿١٣٩﴾ أَمْ تَقُولُونَ إِنَّ إِبْرَٰهِـۧمَ وَإِسْمَـٰعِيلَ وَإِسْحَـٰقَ وَيَعْقُوبَ وَٱلْأَسْبَاطَ كَانُواْ
هُودًا أَوْ نَصَـٰرَىٰ ۗ قُلْ ءَأَنتُمْ أَعْلَمُ أَمِ ٱللَّهُ ۗ وَمَنْ أَظْلَمُ مِمَّن كَتَمَ شَهَـٰدَةً عِندَهُۥ مِنَ ٱللَّهِ ۗ وَمَا ٱللَّهُ
بِغَـٰفِلٍ عَمَّا تَعْمَلُونَ ﴿١٤٠﴾

*ئەھلى كىتابلار: «يەھۇدىي ياكى ناسارا بولساڭلار ھىدايەت تاپىسىلەر» دەيدۇ. ئۇلارغا: «ئۇنداق ئەمەس، بىز ئىبراھىمنىڭ ئىسلامغا ئۇيغۇن دىنىغا ئەگىشىمىز، ئۇ مۇشرىكلاردىن ئەمەس ئىدى» دېگىن*[135].

*ئى مۇسۇلمانلار ئېيتىڭلاركى، «ئاللاھقا ئىمان ئېيتتۇق، بىزگە نازىل قىلىنغان ۋەھيگە، ئىبراھىمغا، ئىسمائىلغا، ئىسھاققا، يەئقۇبقا ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىغا نازىل قىلىنغان ۋەھيگە، مۇساغا بېرىلگەن، ئىساغا بېرىلگەن ۋە بارلىق پەيغەمبەرلەرگە پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن بېرىلگەن (كىتابلارغا) ئىمان ئېيتتۇق، ئۇلاردىن ھېچبىرىنى بىر - بىرىدىن ئايرىۋەتمەيمىز بىز ئاللاھقا مۇسۇلمانمىز (يەنى بويسۇنغۇچىلارمىز)»*[136].

*ئەگەر ئۇلار سىلەر ئىمان ئېيتقاندەك ئىمان ئېيتسا، ئەلۋەتتە، ھىدايەتتە بولغان بولىدۇ. ئەگەر ئۇلار (ئىماندىن) يۈز ئۆرۈسە، كاجلىق قىلغانلاردىن بولغان بولىدۇ، شۇڭا خاتىرجەم بولغىنكى، ئۇلارغا قارشى ئاللاھ سېنى ھىمايە قىلىشقا كۇپايىدۇر. ئاللاھ ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرىدۇ ۋە بىلىپ تۇرىدۇ*[137].

*ئېيتىڭلاركى، «ئاللاھنىڭ دىنىدا چىڭ تۇرۇڭلار، ئاللاھنىڭ دىنىدىن ياخشى كىمنىڭ دىنى بار؟ مانا بىز ئاللاھقىلا بەندىچىلىك قىلغۇچىلارمىز»*[138].

*ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا ئېيتقىنكى: «بىز بىلەن ئاللاھ توغرۇلۇق جېدەللىشەمسىلەر؟ ھالبۇكى، ئۇ ھەم بىزنىڭ پەرۋەردىگارىمىز، ھەم سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلاردۇر. بىزنىڭ ئەمەللىرىمىز ئۆزىمىز ئۈچۈن، سىلەرنىڭ ئەمەللىرىڭلارمۇ ئۆزەڭلار ئۈچۈندۇر، بىز ئۆز بەندىچىلىكىمىزنى ئاللاھقىلا خاسلاشتۇردۇق*[139].

*ياكى سىلەر «ئىبراھىم، ئىسمائىل، ئىسھاق، يەئقۇب ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى يەھۇدىي ئىدى ياكى ناسارا ئىدى» دەپ جاغلامسىلەر؟*

*ئېيتقىنكى، «سىلەر ئوبدان بىلەمسىلەر ياكى ئاللاھ ئوبدان بىلەمدۇ؟ قولىدا ئاللاھ تەرىپىدىن كەلگەن بىر دەلىل تۇرۇپ، ئۇنى يوشۇرغان ئادەمدىنمۇ ئارتۇق زالىم بارمۇ؟ ئاللاھ سىلەرنىڭ قىلمىشىڭلاردىن غاپىل ئەمەستۇر»*[140].

**يەھۇدىيلار: «ئەگەر يەھۇدى بولساڭلار، ھىدايەت تاپىسىلەر» دەيتتى. ناسارالارمۇ: «ئەگەر خرىستىئان بولساڭلار، ھىدايەت تاپىسىلەر» دېيىشەتتى. ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەر ئىككى پىرقىگە تەڭ جاۋاب بېرىشى ئۈچۈن ئىككى جاۋابنى بىر جۈملە سۆزگە يىغىنچاقلايدۇ.**

«قُلْ بَلْ مِلَّةَ إِبْرَٰهِـۧمَ حَنِيفًا ۖ وَمَا كَانَ مِنَ ٱلْمُشْرِكِينَ» *«ئۇلارغا: "ئۇنداق ئەمەس، بىز ئىبراھىمنىڭ ئىسلامغا ئۇيغۇن دىنىغا ئەگىشىمىز، ئۇ مۇشرىكلاردىن ئەمەس ئىدى" دېگىن»*.

**پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا چۈشەندۈرۈش بېرىپ: «ياق، بىز پۈتۈنلەي ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىغا، يەنى، سىلەرنىڭمۇ شۇنداقلا بىزنىڭمۇ بوۋىمىز بولغان ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىغا يۈزلىنىمىز. ئىسلامنىڭ ئاساسچىسى ۋە پەرۋەردىگارى بىلەن ئەھدە تۈزگەن كىشى دەل ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامدۇر.** "وَمَا كَانَ مِنَ ٱلْمُشْرِكِينَ" *"ئۇ مۇشرىكلاردىن ئەمەس ئىدى"* **بىراق سىلەر شېرىكچىلىككە مۇبتىلا بولۇشتۇڭلار» دېيىشكە بۇيرۇيدۇ.**

**ئاندىن قۇرئان كەرىم پۈتۈن مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىنىڭ ئەسلىدىنلا بىر ئىكەنلىكىنى جاكارلاشقا بۇيرۇيدۇ. پەيغەمبەرلەرنىڭ بوۋىسى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامدىن تارتىپ ئىسا ئەلەيھىسسالامغا قەدەر بولغان پۈتۈن دىنلارنىڭ ئاخىرقى ھالقىسى ئىسلام ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش بىلەن بىرگە، ئەھلى كىتابلارنى بۇ ئالەمشۇمۇل بىرلىك دىنىغا ئىمان ئېيتىشقا دەۋەت قىلىدۇ.**

قُولُوٓاْ ءَامَنَّا بِٱللَّهِ وَمَآ أُنزِلَ إِلَيْنَا وَمَآ أُنزِلَ إِلَىٰٓ إِبْرَٰهِـۧمَ وَإِسْمَـٰعِيلَ وَإِسْحَـٰقَ وَيَعْقُوبَ وَٱلْأَسْبَاطِ وَمَآ أُوتِىَ مُوسَىٰ وَعِيسَىٰ وَمَآ أُوتِىَ ٱلنَّبِيُّونَ مِن رَّبِّهِمْ لَا نُفَرِّقُ بَيْنَ أَحَدٍ مِّنْهُمْ وَنَحْنُ لَهُۥ مُسْلِمُونَ ﴿١٣٦﴾

*ئېيتىڭلاركى، «ئاللاھقا ئىمان ئېيتتۇق، بىزگە نازىل قىلىنغان ۋەھيگە، ئىبراھىمغا، ئىسمائىلغا، ئىسھاققا، يەئقۇبقا ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىغا نازىل قىلىنغان ۋەھيگە، مۇساغا بېرىلگەن، ئىساغا بېرىلگەن ۋە بارلىق پەيغەمبەرلەرگە*

*پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن بېرىلگەن (كىتابلارغا) ئىمان ئېيتتۇق، ئۇلاردىن ھېچبىرىنى بىر ـ بىرىدىن ئايرىۋەتمەيمىز. بىز ئاللاھقا مۇسۇلمانمىز (يەنى بويسۇنغۇچىلارمىز)»*[136].

مانا بۇ، پۈتۈن پەيغەمبەرلىكنىڭ بىرلىكى بولۇپ، پەيغەمبەرلەرنىڭ ئارىسىنى ئايرىماسلىق ئىسلامنىڭ ئەڭ بۈيۈك ئاساسىدۇر. مانا بۇ، مۇسۇلمانلارنى بىر ئۈممەت قىلىدىغان، ئاللاھنىڭ يەر يۈزىدىكى ئېتىقاد تۈزۈمىنىڭ ۋارىسىغا ئايلاندۇرىدىغان، ئېتىقاد ئاساسىنى ئاللاھنىڭ دىنىغا ۋە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىغا تۇتاشتۇرىدىغان، ئۇلارنى ئىنسانىيەت تارىخىدىكى بىردىنبىر ھىدايەت نۇرىنىڭ بايراقدارى قىلغان ئامىلدۇر. مانا بۇ ئاساس ئىسلام تۈزۈمىنى ھەرقانداق مۇتەئەسسىپلىكتىن پاك، ئالەمشۇمۇل تۈزۈمگە ئايلاندۇرىدىغان، ئىسلام ئىجتىمائىي جەمئىيىتىنى زۇلۇم، ناھەقچىلىكتىن پاك قىلىپ، ھەممەيلەنگە باغرى ئوچۇق ھالغا كەلتۈرىدىغان ئامىلدۇر. مانا بۇ، شەخس بىلەن جەمئىيەت ئوتتۇرىسىدا مۇكەممەل مېھرى - مۇھەببەت، كۆيۈم پەيدا قىلىدىغان ئامىلدۇر. شۇڭلاشقا قۇرئان كەرىم خىتاب داۋامىدا ئىنتايىن ھەل قىلغۇچ بىر مەسلىنى ئېيتىپ بېرىپ، مۇسۇلمانلارغا بۇ ئېتىقاد يولىدا قەتئىي سابىت قەدەم بولۇشى كېرەكلىكى ھەققىدە يوليورۇق بېرىدۇ.

ھەققەتەنمۇ بۇ ئېتىقاد ھىدايەتنىڭ ئۆزى بولۇپ، ئۇنى كىم ئۆزلەشتۈرسە، مۇرادىغا يەتكەن بولىدۇ. كىم بۇ ھەققەتتىن يۈز ئۆرۈيدىكەن، ئۇ ھېچ بىر مەھكەم ئاساسقا تايانمىغان بولىدۇ. دەل مۇشۇ ۋەجىدىنلا قۇرئان كەرىم بىرەر پرىنسىپال ئاساسقا تايانمىغان بارلىق پىرقىلەرگە رەددىيە بېرىدۇ. قۇرئان كەرىم بۇ ھەقتە:

«فَإِنْ ءَامَنُوا۟ بِمِثْلِ مَآ ءَامَنتُم بِهِۦ فَقَدِ ٱهْتَدَوا۟ ۖ وَّإِن تَوَلَّوْا۟ فَإِنَّمَا هُمْ فِى شِقَاقٍ» *«ئەگەر ئۇلار سىلەر ئىمان ئېيتقاندەك ئىمان ئېيتسا، ئەلۋەتتە، ھىدايەت تاپقان بولىدۇ. ناۋادا (ئىماندىن) يۈز ئۆرۈسە، كاجلىق قىلغانلاردىن بولغان بولىدۇ»* دەيدۇ.

مانا بۇ، ئاللاھنىڭ ئايىتى... مانا بۇ، ئاللاھنىڭ گۇۋاھلىقى... مۆئمىن قەلبىگە تەخداشسىز ئىززەت، مەرتىۋە تۇيغۇسىنى قەترىمۇ قەترە تامچىلىتىۋاتقان، ئۇلارنىڭ تاللىغان مەيدانىنى نەقەدەر پەخىرلىنىشكە تېگىشلىك ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىۋاتقان ئىلاھى ھۆكۈم... چۈنكى ھىدايەت تاپقۇچىلار پەقەت ئىمان ئېيتقۇچىلاردۇر. مۇسۇلمانلار ئىمان ئېيتقاندەك ئىمان ئېيتمىغانلار ھەقنىڭ ۋە ھىدايەتنىڭ دۈشمىنىدۇر. ھېچ بىر مۆئمىن ھىدايەت تاپمىغان، ئىمان ئېيتمىغان كىشىنى دوست تۇتمايدۇ، نە ئۇنداقلار بىلەن مۇنازىرىلىشىپ يۈرۈشنى زۆرۈر كۆرمەيدۇ، نە ئۇلارغا قارشى ھىلە - ئويۇنلارنى ئوينىمايدۇ، نە ئۇلار بىلەن جەڭگى - جېدەل، رىقابەت، مۇنازىرە قىلىشىپ يۈرۈشنى ھاجەت كۆرمەيدۇ. چۈنكى ئاللاھ تائالا ئۆزىلا ئىسلامغا ۋاكالىتەن ئۇلارغا تاقابىل تۇرۇشقا كۇپايە. ئۇلارنى ئاللاھ ئۆزى بىر تەرەپ قىلىدۇ. «

﴿فَسَيَكۡفِيكَهُمُ ٱللَّهُۚ وَهُوَ ٱلسَّمِيعُ ٱلۡعَلِيمُ﴾ «ئۇلارغا قارشى ئاللاھ سېنى ھېمايە قىلىشقا كۇپايىدۇر. ئاللاھ ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچى ۋە بىلىپ تۇرغۇچىدۇر».

مۆئمىننىڭ ۋەزىپىسى ئۆز يولىدا ئۇدۇل مېڭىۋېرىشتىن ۋە ئاللاھ تائالادىن بىۋاستە ھاسىل قىلغان بۇ ھەقىقەتكە مەھكەم ئېسىلىشتىن ئىبارەتتۇر. ئۇ ئاللاھنىڭ دوستلىرىنىڭ رېڭى بىلەن رەڭ ئالىدۇ. ئۇلار دۇنيادا ئۆزىگە خاس رېڭى بىلەن ئايرىم تونۇلىدۇ.

﴿صِبۡغَةَ ٱللَّهِۖ وَمَنۡ أَحۡسَنُ مِنَ ٱللَّهِ صِبۡغَةٗۖ وَنَحۡنُ لَهُۥ عَٰبِدُونَ﴾ «ئاللاھنىڭ دىنىدا چىڭ تۇرۇڭلار، ئاللاھنىڭ دىنىدىن ياخشى كىمنىڭ دىنى بار؟ مانا بىز ئاللاھقىلا بەندىچىلىك قىلغۇچىلارمىز».

﴿صِبۡغَةَ ٱللَّهِ﴾ «ئاللاھنىڭ دىنى»، ئاللاھنىڭ ئىنسانىيەتكە بەرگەن ئاخىرقى يوليورۇقى بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن ئىنسانىيەتنىڭ بۈيۈك بىر بۆلۈكىنىڭ رەڭ ئېلىشى، ئۆچ - ئاداۋەت، غۇم، ھەسەتلەردىن پاك، مىللەت ۋە رەڭ ئايرىمچىلىقىدىن خالى ناھايىتىمۇ كەڭ دائىرىلىك بىرلىك پرىنسىپىغا جەم بولۇشى مەقسەت قىلىنىدۇ.

بۇ يەردە قۇرئان كەرىمنىڭ ئىنتايىن چوڭقۇر مەنىگە ئىگە، باشقىچە بىر ئىپادىلەش ئۇسلۇبىنى ئۇچرىتىمىز. ئايەتنىڭ: ﴿صِبۡغَةَ ٱللَّهِۖ وَمَنۡ أَحۡسَنُ مِنَ ٱللَّهِ صِبۡغَةٗۖ﴾ «ئاللاھنىڭ دىنىدا چىڭ تۇرۇڭلار، ئاللاھنىڭ دىنىدىن ياخشى كىمنىڭ دىنى بار؟» دېگەن باشلانغۇچ قىسمى ئاللاھنىڭ، ئۇنىڭدىن كېيىنكى قىسمى مۆئمىنلەرنىڭ سۆزى بولۇپ، جۈملىنىڭ تەرتىپ جەريانىدا بۇ ئىككى سۆزنىڭ ئوتتۇرىسىنى ئايرىيدىغان ھېچ بىر پاسىل يوق. گەرچە ئايەتنىڭ ئىككىلى قىسمى ئاللاھنىڭ كالامى بولسىمۇ، ئەمما بىرىنچى قىسمىدىكى سۆز ئاللاھقا، ئىككىنچى قىسمىدىكى سۆز مۆئمىنلەرگە مەنسۇپ. مۇمىنلەرنىڭ قىلىدىغان سۆزىنى ئاللاھنىڭ ئۆز كالامىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلاندۇرۇشى ھەقىقەتەنمۇ سادىق مۆئمىنلەرگە بېغىشلىنىۋاتقان بۈيۈك ئىززەت - ئىكرامدىن ئىبارەتتۇر. بۇ ئارقىلىق مۆمىنلەرنىڭ ئۆز پەرۋەردىگارى بىلەن نەقەدەر چوڭقۇر مۇناسىۋەتتى بارلىقىنى ئىپادىلەش مەقسەت قىلىنىدۇ. قۇرئان كەرىمدە بۇ خىل بايانلارنىڭ نۇرغۇن مىساللىرى مەۋجۇت بولۇپ، ئۇلار ئىنتايىن زور ئەھمىيەتكە ئىگە.

بۇنىڭدىن كېيىنكى ئايەتلەرنىڭ يۆنىلىشى ئىنتايىن چوڭقۇر ۋە كەسكىن ھۆكۈم تەرەپكە يۆتكىلىدۇ.

﴿قُلۡ أَتُحَآجُّونَنَا فِي ٱللَّهِ وَهُوَ رَبُّنَا وَرَبُّكُمۡ وَلَنَآ أَعۡمَٰلُنَا وَلَكُمۡ أَعۡمَٰلُكُمۡ وَنَحۡنُ لَهُۥ مُخۡلِصُونَ ١٣٩﴾

ئى پەيغەمبەر! ئۇلارغا ئېيتقىنكى: «بىز بىلەن ئاللاھ توغرۇلۇق جېدەللىشەمسىلەر؟ ھالبۇكى، ئۇ ھەم بىزنىڭ پەرۋەردىگارىمىز، ھەم سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلاردۇر. بىزنىڭ ئەمەللىرىمىز ئۆزىمىز ئۈچۈن، سىلەرنىڭ ئەمەللىرىڭلارمۇ ئۆزەڭلار ئۈچۈندۇر، بىز ئۆز بەندىچىلىكىمىزنى ئاللاھقىلا خالىسلاشتۇردۇق»[139].

يەنى، ئاللاھنىڭ ۋەھدانىيىتى ۋە رەبۇبىيەت سۈپىتى ھەققىدە ھېچ بىر مۇناقىشىگە ئورۇن يوق. ئۇ ھەم بىزنىڭ ھەم سىلەرنىڭ رەببىڭلاردۇر. بىزمۇ ئۆز ئەمەللىرىمىزدىن، سىلەرمۇ ئۆز ئەمەللىرىڭلاردىن جاۋابكارسىلەر. بىز ئۆزىمىزنى پەقەت ئاللاھقىلا بېغىشلىدۇق. ئۇنىڭغا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەيمىز. ئاللاھتىن باشقا ھېچكىمدىن ياردەم تىلىمەيمىز.

بۇ ئىپادىدە ئاللاھ تائالا مۇسۇلمانلارنىڭ تىلى بىلەن ئۇلارنىڭ ئېتىقادىي مەيدانىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بېرىش بىلەن بىرگە، بۇ ھەقتە مۇنازىرە، مۇناقىشە قىلىپ يۈرۈشكىمۇ قىلچە ئورۇن قالدۇرمايدۇ. شۇڭا ئەمدىلىكتە ئايەتنىڭ يۆنىلىشى بۇ مۇنازىرىسىز مەسىلىنى قويۇپ، مەلۇم ئىختىلاپلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، ئەمما قىلىنىۋاتقان ئىختىلاپلار نامۇناسىپ ۋە غەيرى زۆرۈر بولغان باشقا بىر مەسىلە تەرەپكە يۆتكىلىدۇ.

«أَمۡ تَقُولُونَ إِنَّ إِبۡرَٰهِـۧمَ وَإِسۡمَٰعِيلَ وَإِسۡحَٰقَ وَيَعۡقُوبَ وَٱلۡأَسۡبَاطَ كَانُواْ هُودًا أَوۡ نَصَٰرَىٰۗ» «ياكى سىلەر ''ئىبراھىم، ئىسمائىل، ئىسھاق، يەئقۇب ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى يەھۇدىي ئىدى ياكى ناسارا ئىدى'' دەپ جاڭگالامسىلەر؟»

ئۇلار مۇسا ئەلەيھىسسالامدىنمۇ ۋە يەھۇدىزىم بىلەن خرىستىئانلىق پەيدا بولۇشتىنمۇ ئۇزۇن زامانلار ئىلگىرى ئۆتكەن زاتلاردۇر. ئۇلارنىڭ دىنىنىڭ ھەقىقىتى ۋە ئىسلام ئىكەنلىكى ئاللاھنىڭ گۇۋاھلىقى بىلەن ئاللىبۇرۇن بايان قىلىنىپ بولدى.

«قُلۡ ءَأَنتُمۡ أَعۡلَمُ أَمِ ٱللَّهُۗ» ئېيتقىنكى: ''سىلەر ئوبدان بىلەمسىلەر ياكى ئاللاھ ئوبدان بىلەمدۇ؟»

بۇ، جاۋابى يوق بىر سوئال بولۇپ، بۇ ئىپادىدە تىللارنى ھېچبىر جاۋاب بەرگۈزمەي تۇرۇپ، تۇۋۇدىن كېسىپ تاشلايدىغان تەنقىدىي ۋەزىن مەۋجۇت.

ئاندىن ئەھلى كىتابلارغا: «سىلەر ئۇ زاتلارنىڭ يەھۇدىزىم بىلەن خرىستىئانلىق ۋۇجۇتقا كېلىشتىن ناھايىتى ئۇزۇن زامانلار ئىلگىرى ئۆتكەن كىشىلەر ئىكەنلىكىنى ياخشى بىلىسىلەر، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئاللاھقا ھېچ بىر شېرىك قوشمىغان ''ئىبراھىم دىنى''دا ئىكەنلىكىنىمۇ پىششىق بىلىسىلەر. ئۇنىڭ ئۈستىگە، سىلەرنىڭ يېنىڭلاردىكى كىتابتىمۇ ئاخىر زاماندا ئەشۇ ''ئىبراھىم دىنى'' بىلەن بىر پەيغەمبەرنىڭ ئەۋەتىلىدىغانلىقى ئوچۇق بىلدۈرۈلگەن ئىدى. ئەجىبا، سىلەر ئۇ پاكىتلارنى تېخىچە يوشۇرامسىلەر؟

«وَمَنۡ أَظۡلَمُ مِمَّن كَتَمَ شَهَٰدَةً عِندَهُۥ مِنَ ٱللَّهِۗ» «قولىدا ئاللاھ تەرىپىدىن كەلگەن بىر دەلىل تۇرۇپ، ئۇنى يوشۇرغان ئادەمدىنمۇ ئارتۇق زالىم بارمۇ؟»

سىلەرنىڭ ئۆزىڭلارغا ئامانەت تاپشۇرۇلغان ئەشۇ پاكىتلارنى يوشۇرۇپ، مەخپىي ساقلاۋاتقانلىقىڭلارنى ئاللاھ بىلىپ تۇرىدۇ ۋە بۇ ھەقتە قىلغان جېدەللىرىڭلاردىنمۇ خەۋەرداردۇر.

«وَمَا ٱللَّهُ بِغَـٰفِلٍ عَمَّا تَعۡمَلُونَ» «ئاللاھ سىلەرنىڭ قىلمىشىڭلاردىن غاپىل ئەمەستۇر».

ئەمدىلىكتە سۆز ئۆزىنىڭ ئەڭ يۇكسەك دەرىجىسىگە چىقىدۇ. ئىبراھىم، ئىسمائىل، ئىسھاق، ياقۇب ئەلەيھىسسالاملارنىڭ ئەۋلادلىرى ئارىسىدىكى ۋە ئۇلارنىڭ ئاتالمىش ئەگەشكۈچىلىرى ئارىسىدىكى جىددى ئىختىلاپلار ھەققىدە كەسكىن قارار چىقىرىپ، ئۇلارنىڭ باشقا، بۇلارنىڭمۇ پۈتۈنلەي باشقا ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىدۇ. شۇڭا سۆزنىڭ خاتىمىسى: «تِلۡكَ أُمَّةٞ قَدۡ خَلَتۡۖ لَهَا مَا كَسَبَتۡ وَلَكُم مَّا كَسَبۡتُمۡۖ وَلَا تُسۡـَٔلُونَ عَمَّا كَانُواْ يَعۡمَلُونَ ﴿١٤١﴾ «ئۇلار بۇرۇن ئۆتكەن كىشىلەر ئىدى، ئۇلارنىڭ ئەمەللىرى ئۆزلىرى ئۈچۈندۇر. سىلەرنىڭ ئەمەللىرىڭلارمۇ ئۆزەڭلار ئۈچۈندۇر، ئۇلارنىڭ ئەمەللىرى ھەققىدە سىلەردىن سوئال سورالمايدۇ» دېيىش بىلەن تاماملىنىدۇ.

ھەق بىلەن باتىلنى بىر - بىرىدىن ئايرىغان كەسكىن قارار... جېدەل - ماجىرا، مۇنازىرىلەرنى تۈگەتكەن ھاكىم ئىپادە... ۋە ئەشۇ قۇرۇق دەۋالارنى يوققا چىقارغان ئاخىرقى سۆز .... مۇشۇ ئىپادىلەر بىلەن سۆزلەنگەن بولىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن، بىرىنچى پارىنىڭ تەپسىرى تۈگىدى.